


تۇرسۇنئاي يۇنۇس

# ۋەتەن سۆيگۈسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تۇرسۇنئاي يۇنۇس
ۋەتەن سۆيگۈسى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-16084-6
9 787228 160846 >
定价：43.00元

www.uyghurkitap.com

مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر

民 族 文 字 出 版 专 项 资 金 资 助 项 目

# ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار

## 1 — 20

## 维吾尔原创文学作品精选



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرسۇنئاي يۇنۇس

# ۋەتەن سۆيگۈسى

(رومان)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

乡思：维吾尔文／图尔逊娜依·尤努斯著．－2版
．－乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.11
ISBN 978-7-228-16084-6

Ⅰ．①乡… Ⅱ．①吐… Ⅲ．①长篇小说-中国-当代
-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ．①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第251727号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 古丽巴哈尔·艾海提 |
| 责任校对 | 再米拉·裴达依，热娜古丽·阿不力米提 |
| 特约校对 | 万力·再顿 |
| 封面设计 | 祖力喀尔广告公司 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 四川新华彩色印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 1/32 |
| 印　　张 | 17.25 |
| 版　　次 | 2012年11月第2版 |
| 印　　次 | 2012年11月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000 |
| 定　　价 | 43.00元 |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# مۇندەرىجە

بىرىنچى قىسىم  ئەنسىز يىللار ......................................... 1
ئىككىنچى قىسىم  ۋەتەن سۆيگۈسى ............................ 205
ئۈچىنچى قىسىم  تەشنالىقتا ئۆتكەن كۈنلەر ................ 369

www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى قىسىم

# ئەنسىز يىللار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 1

ناھىيە بازىرىنىڭ باغۇبوستانلىق كوچىسىغا جايلاشقان بۇ كاتتا قورۇنىڭ ئالدىدىن ئېرىقتا سۇ ئېقىپ ئۆتەتتى، دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى بۇكىدە ئۆسكەن سېدە دەرەخلىرى يوللارغىچە سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۇيغۇر مېمارچىلىقىنىڭ كاتتا ماھارىتى بىلەن قىزىل خىشتا گۈل چىقىرىلغان قورۇ تاملىرى، ئويما نەقىش قىلىنغان ياغاچ دەرۋازىسى ھەيۋەت بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ كاتتا قورۇ مۆتىۋەر سىيىت ھاجىنىڭ تۇرالغۇسى ئىدى.

ياز ئايلىرىنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق بىر كۈنى ئەتىگەن سائەت ئون بىلەن بۇ قورۇنىڭ ئالدىغا ئىككى كىشى كەلدى ــ دە، دەرۋازىنىڭ تۆمۈر ھالقىسىنى شىرىقلاتتى.

ــ كىم؟

ــ ھاجى، بىز كەلدۇق.

ــ قېنى مەرھەمەت، ــ دەپ ئۆي ئىگىسى سىيىت ھاجى دەرۋازىنى ئاچتى.

سىيىت ھاجى ئوتتۇرا بوي، يۇمىلاق بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن، ئۇچىسىغا ئاق چۇچۇنچىدىن ئۆرە ياقىلىق كۆڭلەك ۋە تامبال كىيگەن، ساقاللىرى ئۆزىگە خوي ياراشقان، ناھايىتى كېلىشكەن، سىپايە، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى كىشى ئىدى.

بۇ ئۆينىڭ نەقىشلەنگەن پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى، قاپقاقلىق دېرىزىلىرى سىرتتىن قورۇغا كىرگەن ھامانلا كۆزگە تاشلىناتتى. قورۇنىڭ بىر تەرىپى گۈللۈك بولۇپ، ئەتىرگۈل،

قامچىگۈل ۋە چىنىگۈللەر ئېچىلىپ، ھەشقىپىچەكلەر تام بويىنى يامىشىپ كەتكەنىدى. قورۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئۈزۈم بارىڭى ئۆگزە بويى كۆتۈرۈلگەن، قورۇ شۇنچىلىك ئازادە ھەم سالقىن ئىدى.

مېھمانلار ئىككى كىشى، ئالدىدا ماڭغىنى ناھىيەنىڭ قازىئاخۇنۇمى سەيدۇللا ئىدى. ئۇ بويى پاكار، يۈزى كىچىك، بۇرنى ئۇچلۇق، ئۆچكە ساقال، پىت كۆز، ياپما قاپاق كىشى بولۇپ، سەللىسىنىڭ يوغانلىقىدا خۇددى بېشى گىلدىڭلاپ قالغاندەكلا كۆرۈنەتتى. يەنە بىر مېھمان قاسىمبەگ بولۇپ، خەقلەر ئۇنى قاسىم تۆگە دەيتتى. دېمىسىمۇ شوتىدەك ئېگىز، ئورۇق، ياپىلاق يۈز، چاشقان بۇرۇت، چارا كۆز كىشى ئىدى.

ئىككىيلەن ئىلگىرى - ئاخىر مېڭىشىپ قورۇنىڭ ئىچىگە ئالا قويماي كۆز يۈگۈرتۈشكە ئۈلگۈردى. سىيىت ھاجى نەقىشلىك ئىشىكنى ئېچىپ:

— قېنى، ئۆيگە مەرھەمەت، — دېگەچ دېرىزىنىڭ قاپقاقلىرىنى ئېچىۋەتتى.

قازىئاخۇنۇم ئالدىدا، قاسىمبەگ كەينىدىن كىرىپ، مېھمانخانا ئۆينىڭ تۆرىگە سېلىنغان خاڭدەن كۆرپىلەردىن ئورۇن ئېلىشتى.

ئۆينىڭ ئىچى بەك سەرەمجان ئىدى، مەرەپلەرگە دۇخاۋا ياپقۇچ ئېسىلغان، تەكچىلەرگە چىرايلىق چىنە - تەخسىلەر، چەينەكلەر، لوڭقىلار، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى تەكچىلەرگە تېرىدىن تاشلانغان توم - توم كىتابلار تىزىلغانىدى.

— خۇش كېلىشىپلا، قېنى بەھۇزۇر ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى سىيىت ھاجى. مېھمانلار دۇئاغا قول كۆتۈرۈشۈپ:

— ئامىن، ئاللاھۇئەكبەر! تىنچ - ئامان تۇرۇشلىمۇ، ھاجى، — دېدى يۈزلىرىنى سىيپاپ.

— رەھمەت، مۇشۇنچىلىك تۇردۇم، ھەرقايسىلىرىمۇ تىنچ - ئامان تۇرۇشقانلا، — دېدى سىيىت ھاجى.

www.uygurkitap.com

مېھمانلار تەرلەپ كەتكەن يۈزلىرىنى ئېرتىشىپ، تونلىرىنى سېلىشتى.

ئاشخىچە بىر يىگىت ئاپتۇۋا - چىلاپچا كۆتۈرۈپ كىرىپ مېھمانلارنىڭ قوللىرىغا سۇ بەردى. ئارقىدىن داستىخان سېلىپ، نان، قېتىق، قايماق، مېۋە - چېۋىلەرنى ئۈستەلگە تولدۇرۇۋەتتى. ئاندىن جانان چىنىلەرگە چاي قۇيۇپ مېھمانلارغا خونچىدا تۇتتى ھەم چايغا پارقىراپ تۇرغان ئاپپاق ناۋاتلاردىن سېلىپ قويدى. ئۇلار چاي ئىچىشىپ تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغۇچە لېگەندە پولۇ، گۆشلەرمۇ كەلتۈرۈلدى. ئۇلار غىزالارنى تازا مەززە قىلىپ يېيىشتى، ئىسسىق بېسىپ چېكىلىرىدە تەر يالتىرىدى. پولۇ، گۆش تۈگەل يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، لۆڭگە بىلەن قوللىرىنى سۈرتۈشۈپ، قىزىق چاي ئىچىشتى، سېيىت ھاجى بۇلارنىڭ نېمە ۋەجىدىن خەۋەر بەرمەستىن تۇيۇقسىز كېلىشكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئاخىرىدا ھەربىر ئادەمگە بىر كاسىدىن قوغۇن - تاۋۇز كەلتۈرۈلدى، سۇيى چاچراپ تۇرىدىغان، تاتلىقلىقىدىن تىلنى يارىدىغان قوغۇن - تاۋۇزلار ئىشتىھا بىلەن يېيىلدى.

— بۈگۈن ھۇزۇرلىرىغا كېلىپ ياخشى مېھمان بولدۇق ھاجى، — دېدى قازىئاخۇنۇم باشلىرىنى گىلدىڭلىتىپ تۇرۇپ ئىنچىكە ئاۋازدا، — ئۆزلىرىگە كۆپ رەھمەت، قاسىمبەگ ئىككىمىز ئالدىلىرىغا بىر مەسلىھەتكە كېلىۋىدۇق.

— خوش تەخسىر، — دېدى سېيىت ھاجى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ.

— گەپنى ئوچۇق ئېيتساق، بىزگە تولىمۇ پايدىلىق پۇرسەت كەلدى. خوش، بۇ سۆزلەرنى قاسىمبەگنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايلى، — دېدى قازىئاخۇنۇم ھجىيىپ ئولتۇرغان قاسىمبەگكە قاراپ.

— بۇ مۇنداق ئىش، — دەپ گەپ باشلىدى قاسىمبەگ چاشقان بۇرۇتلىرىنى مۇغەمبەرلەرچە سىلاپ تۇرۇپ، — ھازىرقى ھۆكۈمەت يۇرت چوڭلىرىنى، بەگلەرنى، بايلارنى يۆلەپ، ئۇلارنىڭ

مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان، ئاۋام خەلقىنىڭ بىزگە بويۇنتاۋلىق قىلىشىنى، كۆز ئالايتىشىنى توسىدىغان بولدى. پېقىر خۇنەندە بىر مەزگىل تۇرۇپ تىجارەت قىلىش جەريانىدا ئانچە - مۇنچە تىل ئۆگىنىپ قالغاچقا، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتە تۇڭچىلىق قىلىدىغان بولدۇم. ھۆرمەتلىك قازىئاخۇنۇم باشچىلىقىدا بايلار، بەگلەر بىرلىكتە بۇ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، باج - سېلىق يىغىشتا كۆچ چىقىرىدىغان بولدۇق. شۇڭا، سىيىت ھاجى سىلىنىمۇ بىزنىڭ سېپىمىزگە قېتىلسا دېگەن ئۈمىدتە ئالدىلىرىغا كېلىشىمىز.

سىيىت ھاجى بۇ باش - ئايىغى يوق، تومتاق گەپتىن سەل ھەيران قالدى، شۇنداقتىمۇ دەرھال بىرنېمە دېيىشتىن تىلىنى تارتىپ:

— خانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىشقانلىرىغا رەھمەت، بىز مۇشۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ چوڭ بولغان، بۇ يۇرتتىكى خەلق بىلەن قان قېرىنداشتەك ئۆتتۇۋاتىمىز. خوش قاسىمبېگىم، سۆزلىرىنى تولۇقراق چۈشەندۈرۈپ قويسىلا، مەن كۇندە كىتاب كۆرۈپ، باللارغا دەرس ئۆگىتىپ، راستىنىلا يۇرتنىڭ گاھى ئىشلىرىدىن بىخەۋەرمەن، قارىغاندا ۋەزىيەت جىددىي ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— جىددىيمۇ دېگەنلىرى نېمىسى، ھازىر ۋاق - ۋەزىيەت ئاجايىپ جىددىي، بىرمۇنچە ئەسكەرلەر قوشۇن تارتىپ يۇرتىمىزغا كەلدى، ئۇلارنىڭ يەيدىغان، ئىچىدىغان، كىيىدىغانلىرىنى بىز ئۇستىمىزگە ئالىدىكەنمىز، شۇڭا ئۇلار ئالدى بىلەن باي، بەگ، قازىلارنى چاقىرىپ، بىزگە ۋەزىپە تاپشۇردى. ئۇلار يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە بايلار بىلەن بىرلىشىپ ئالۋان - ياساق يىغىدىكەن. ئەمما، سەمىلىرىدە بولسۇنكى، بايلارنىڭ بىر تال موييىغىمۇ تەگمەيدىكەن، ئالۋان - ياساقلارنىڭ تۇرى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، بىز ئۇلارنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولمىساق كۇنىمىز تەسكە چۈشىدىكەن.

سىيىت ھاجى شوكلەپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن قازىئاخۇنۇمغا قارىدى. ئۇ قاسىمبەگنىڭ سۆزىنى «بەرھەق، شۇنداق» دەپ تەستىقلاپ باش لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى.

«جاھان نىمە بولۇپ كەتتى، — دەپ ئويلىدى سىيىت ھاجى، — ئۆز قان قېرىنداشلىرىمىزغا زۇلۇم سېلىش ھېسابىغا ئۆزىمىزنى قوغداپ قالامدۇق؟ ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. ئاھ خۇدا، كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ دەردلەرگە ئۆزۈڭ بىرنىمە دەرسەن، ئۆزۈڭ ئۇلۇغ، سەندىن باشقا باشپاناھىمىز يوق، بىز ئاجىز بەندە، بىلىپ ـ بىلمەي نىمە گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن بولغىيدۇق؟ ياكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز گۇناھقا پاتقان بولغىيمىدى؟ خۇدا، مەن ھازىر ئىنتايىن قىيىن سوئالغا دۇچ كەلدىم، بىراق مەن ھېچقاچان قېرىنداشلىرىم، يۇرتلۇقلىرىمنىڭ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئىش قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، قىلغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن. مەن ئۆزۈمنى ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق بىر ئىنسان دەپ ياشىغانىكەنمەن، يەنە شۇ ۋىجدانىم ۋە غۇرۇرۇم بىلەن داۋاملىق ياشايمەن، بېشىمغا تاغ يىقىلغان تەقدىردىمۇ ئۆز يولۇمدىن باش تارتمايمەن. ياق، مەن ھەرگىزمۇ خەلقىمنىڭ زىيان تارتىشى، جاپا ـ مۇشەققەت، زۇلۇم ـ ستەمگە ئۇچرىشى ھېسابىغا ياشىمايمەن... »

— خوش سىيىت ھاجى، — دېدى قازىئاخۇنۇم، — ئۆزلىرى سۇغا چۈشكەن تاشتەك جىمىپ كەتتىلىغۇ، ھەرقاچان شۇ مال ـ مۈلۈك، ئۆي ـ زېمىنلىرىنىڭ غېمىدە قالدىلىغۇ دەيمەن. توغرا، بۇنى ئويلىمىغىلى بولامدۇ؟ بىزنى خۇدا مانا مۇشۇنداق ئابرۇيلۇق، ئەتىۋارلىق ياراتقانىكەن، شۇڭا ئۆزىمىزنى قوغداشنى، ھايات يولى تاللاشنى، پايدا ـ زىياننى ئويلاشنى بىلىشىمىز زۆرۈر. ئۆزىنى، ئۆز ئابرۇيىنى بىلمەسلىك نادانلىقتۇر، — دېدى ئۇ سىيىت ھاجىغا نەسىھەت قىلغاندەك.

— ھاجى، — دېدى قاسىم تۆگمۇ چارا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، — سىلى بۇ يۇرتتىكى مۆتىۋەر، ئابرۇيلۇق كىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى كۆرگەن، ئىلىملىرى بار تەقۋادار كىشى، شۇڭا ئۆزلىرىگە زىيان - زەخمەت يېتىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغانلىرى دۇرۇس، — دېدى نەسىھەتگۈيلۇق بىلەن.

— ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىرىگە ھەشقاللا، راستىنى ئېيتسام، مەن بەكلا قايمۇقۇپ قالدىم. خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى ناچار، بۇ يەردىكىلەر باشقا ئەل، باشقا يۇرتلارغا قارىغاندا تولىمۇ غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، يۇرتداشلىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكى بايلارغا، بەگلەرگە كۈنلۈك ئىشلەپ جان باقىدىغان، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر شۇ نەچچە مو يېرىگە تېرىغان دان ياكى بېقىۋاتقان چارۋىسى بىلەن كۈنىنى ئارانلا ئالىدىغان تۇرسا، سىلەر دېگەن ئالۋان - ياساق بەك كۆپمۇ، قانداق؟ — دېدى سېيىت ھاجى.

— مەنمۇ مۇشۇ يۇرتلۇق، — دېدى قاسىمبەگ سەل ئەندىكىپ تۇرۇپ، — سىلى دېگەننى مەنمۇ بەش قولدەك بىلىمەن، قانداق قىلىمىز، ياراتقان ئىگىمىز بىزنى ئەنە شۇنداق باي، كەمبەغەل، ئەقىللىق، ئەقىلسىز قىلىپ پەرقلىق يارىتىپتۇ، مانا شۇنىڭغا يارىشا ياشايدىغان گەپكەن. ھەممە ئادەم پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرمەي ئىلاجى يوق، ئەمدى خەقنىڭ پايدا - زىيىنىنى دېسەك، بىز قانداق قىلىمىز؟ ئەمەلىيەتتە بۇمۇ بىز ئۈچۈن بىر ياخشى پۇرسەت. قارىسىلا، مېنىڭ مىڭ مو يېرىم، نۇرغۇن چارۋام بار، ئۆيۈمدە ئاتمىش كىشى چاكار بولۇپ ئىشلەپ، ئۆزىنى، ئۆيىدىكىلىرىنىڭ جېنىنى باقىدۇ، ئەگەرچەندە مەن مۇشۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ يېرىمنى ئىككى مىڭ موغا يەتكۈزسەم، ئۇ چاغدا يۈزدىن ئوشۇق ئادەمنى بېقىپ ساۋابىنى ئالىمەن، شۇنداقمۇ قازىئاخۇنۇم؟

www.uyghurkitap.com

— بەرھەق، بەرھەق، — دېدى قازىئاخۇنۇم ئىتتىككىلا سىيىت ھاجىغا قاراپ، — شۇنداق بولىدۇ، بولمىسا ئۇلار نېمە بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ دەيلا. بەگلەرنىڭ كەمبەغەللەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى ساۋابلىق ئىش، قاسىمبەگ مانا مۇشۇنداق ساۋاب تېپىشۋاتقان باي جۇمۇ، — دېدى ـ دە، بىر ئىش ئېسىگە كەچكەندەك، — ھاجى، سىلى باللارغا ھېساب ـ كىتاب ئۆگىتىمەن دەپ باشقا دىندىكىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆگەتمىسىلە، ئېسىلىرىدە بولسۇن «قۇرئان كەرىم»دىن باشقىسى بىكار، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا ئىلىم، دىلىغا ئىمان سالسىلا ئىككى ئالەملىك ساۋاب تاپۇرلا. مەن بۇ توغرىسىدا يوچۇن سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالدىم، سىلى ھاجى بولغاندىكىن باشقا ئىشلار بىلەن كارىلىرى بولمىسۇن ـ دە ئاخىر، — دېدى ئېغىرراق تەلەپپۇزدا.

سىيىت ھاجى قازىئاخۇنۇمنىڭ بۇ سۆزلىرىدە باشقىچە مەنە بارلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلى غەش بولدى، بىراق كۆڭلىدىكىنى يوشۇرمىدى:

— قازىئاخۇنۇم، مېنىڭ بۇ نارەسىدىلەرگە ھېساب ئۆگىتىشىم پايدىلىق، ئۆزلىرىگە ئايان، پادىشاھلارغىمۇ خەزىنە باشقۇرغۇچى كېرەكقۇ. بايلارمۇ، قازىلارمۇ، ئاددىي كىشىلەرمۇ ھېساب بىلىشى كېرەك، ھېساب جاھان ئەھلىگە ئورتاق بىر ئىلىم، ئۇنى ئۆگەنسە ئادەمنىڭ زېھنى ئېچىلىدۇ.

قازىئاخۇنۇمنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى ـ دە:

— مېنىڭ سۆزۈم ۋاجىپتۇر، بۇ يۇرتنىڭ قازىسى مەن، باشقىلارنىڭ ئېغىز غېرىچلىشى ھاجەتسىزدۇر، — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

— يوقسۇ قازىئاخۇنۇم، پىكىرلىرىگە ھېچبىر قارشىلىق يوق. بىلمىدىم، ھېساب دەرسىنىڭ نېمىسى يامانكىن؟

بۇ گەپكە قاسىمبەگ قوشۇق سالدى:

— قازىئاخۇنۇمنىڭ سۆزى بۇيرۇقتۇر، ئۇنىڭغا ھېچبىر

سەۋەب كـەتمەيدۇ، سـىلـىـنـىـاڭ ئۆز مـەنـپەئەتـلـىرىـنى، مـال ـ مۈلۈكلىرىنى، جانلىرىنى، ئائىلىلىرىنى قوغدىغۇلىرى بارمۇ ياكى ...

سىيىت هاجى ئىنتايىن قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدى. دۇنيادا ئۆز مـەنپەئەتىنى، ئۆز جېنىنى، ئۆز مۈلكىنى ئەزىز بىلمەيدىغان قايسى ئادەم بار؟ بىراق، ئۆزىنى دەپلا باشقىلارنى گۆرگە ئىتتىرىش توغرىمۇ؟ ياق! بۇ مۇسۇلمانچىلىققىمۇ، ئادەمگەرچىلىككىمۇ ياتتۇر.

— سىيىت هاجى بۇ يەردىكى ئىشلاردىن خەۋەرسىزدەك سۆزلەۋاتىدۇ، قارىسام بەكلا قايمۇقۇپ قاپتۇ، — دېدى قاسىمبەگ يەنە، — هاجى، ئىنسان دېگەنگە بايلىق، بەخت، پۇرسەت دائىم كېلىۋەرمەيدۇ، مانا مۇشۇ پۇرسەتتە ئۆزىمىزنى چىڭداپ، يولىمىزنى تېپىپ، بىر ئۆمۈرلۈك ۋەج يىغىۋالمامدۇق، تاپقانلىرىمىز نەگە كېتەتتى دەيلا، يەنە مۇشۇ زېمىندا قالىدۇغۇ!

ئىككىيلەننىڭ كۆزى سىيىت هاجىغا تىكىلدى. سىيىت هاجى ئىنتايىن قىيىن ئەهۋالدا قالدى. ئۇ گويا جەننەت بىلەن دوزاخ ئوتتۇرىسىدا ۋە ياكى بەخت بىلەن ئازاب ئوتتۇرىسىدا پۇچىلاندى. ئۇ گويا ئۆلـمەي تۇرۇپلا پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈش يولىدا ئىدى. بىراق، ئۇ هەرگىزمۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مۇشۇ يۇرت خەلقى ئۈچۈن جېنىنى بېرىشكە رازى ئىدى. ئۇ دوزاخنى راۋا كۆرسە كۆرەتتىكى، هېچقاچان ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ يولىدا ماڭمايتتى. ئۇنىڭ يۈزى ئېسىلىپ، پېشانىسىدىن تەر تەپچىپ كەتتى. ئۇ چاقىرىلمىغان مېهمانلارنى تېزدىن ئۇزىتىۋېتىش مەقسىتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ قورۇغا قاراپ:

— تاماقنى تارتىڭلار، — دەپ توۋلىدى.

ئوخشىغان قىيمىلىق ئۇگرە ئاپقۇر چىنىلەردە كەلتۈرۈلدى، ئۇلار ئۇن ـ تىنسىز ئاشنى پۇۋلەپ تۇرۇپ ئىچىپ بولۇپ تەر ـ

لىرىنى سۈرتۈشتى.

— ئاشتىن يەنە ئەكىرسۇنمۇ؟ — سورىدى سىيىت ھاجىم.

— رەھمەت، ئوبدان ئىچتۇقۇلدۇق، — دېيىشتى ئۇلار خۇشخۇيلۇق بىلەن.

قازىئاخۇنۇم قاسىمبەگكە قارىدى، قاسىمبەگ بولسا «ئۆزلىرى بىرنېمە دېسىلە» دېگەندەك قاراپ تۇردى. ئاخىر قازىئاخۇنۇم گېلىنى قىرىپ قويۇپ گېپىنى باشلىدى:

— سىيىت ھاجى، سىلىگە بەرگەن مەسلىھەتىمىزنى ئاڭلىدىلا، بۇ ئىش بەك مۇھىم ھەم ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق. ئەمدى ئالدىلىرىغا كېلىشتىكى يەنە بىر سەۋەب، قاسىمبەگ بۇرادىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ بىر نەۋرە سىڭىللىرىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا سورايدىكەن.

— خوش، — دېدى سىيىت ھاجى ناخۇش بىر تەرزدە قاسىمبەگكە قاراپ، ئاندىن قازىئاخۇنۇمغا قارىدى، — بىلسەم، قاسىمبەگنىڭ ئۈچ خوتۇنى بارغۇ، يەنە...

سىيىت ھاجى گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى.

— شۇنداق، قاسىمبېگىمنىڭ ئۈچ خوتۇنى بار، بىراق بېگىم ئەمدىلا قىرىق ياشقا كىردى، مۇشۇنداق قاۋۇل، ھېچ نەرسىگە ھاجىتى يوق بېگىمگە تۆتىنچى خوتۇنمۇ ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ. سىلىنىڭ بىر نەۋرە سىڭىللىرىنى كۆرۈپ قېلىپ، بېگىمگە كۆيۈك ئوتى چۈشۈپتۇ، بېگىمنىڭ ھازىرمۇ يۈرىكىدە ئوتى بار دېسىلە...

بۇ گەپ بىلەن قازىئاخۇنۇممۇ، قاسىمبەگمۇ كۈلۈپ كەتتى. سىيىت ھاجىنىڭ بېشىدىن كىرگەن ئاچچىق ئايىغىدىن چىققۇچە يۈرىكى ئېچىشىپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. «ئاھ ناشۈكۈر بەندە، نائىنساب بەگ! ئۇنىڭ مەيلىچە بولسا پۈتۈن دۇنيانى يۇتۇۋالسا، پۈتۈن ئايال زاتىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا. تېخى نومۇس قىلماستىن تۆتىنچى خوتۇنىنىڭ گېپىنى

قىلىۋاتىدۇ، ماۋۇ قازىئاخۇنۇمىۇ ئۇنىڭ كەتمىنىنى چىپىۋاتىدۇ دېسە.»

— بۇ مۇنداق ئىش، — دېدى قاسىمبەگ، — تاغىلىرىنىڭ يەنە ئىككى ئوغلى بار ئەمەسمۇ، ئەگەر ئۇلارنى ئەسكەرلىككە تۇتمىسۇن دېسە، نەۋرە خېنىمنى ماڭا خوتۇنلۇققا بەرسۇن، مەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلاي.

— قاسىمبەگ، بۇ توي ئىشىمۇ ياكى سودا - سېتىقمۇ؟ — دېدى سىيىت ھاجى دوق قىلىپ.

— سىيىت ھاجى، ئەزەلدىن تارتىپ ھەممە ئىش، يەنە توي ئىشىمۇ سودا بىلەنغۇ، بۇ ئىشقا ھەيران قالمىسىلىمۇ بولىدۇ، مەن ئۇ خېنىمنىڭ يارىشىقىنى قىلىپ ئۆيگە ئەكىلىۋالىمەن، ئىككى ئاكىسى ئەسكەرلىككە تۇتۇلمايدۇ، ئىش تامام.

— بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىش، بۇنىڭدىنمۇ دانا مەسلىھەت بولماس. قېنى سىيىت ھاجى، سىلىمۇ ئەر كىشىغۇ، بۇنىڭغا بىرنېمە دېسىلە، — دېدى قازىئاخۇنۇم قىستاپ تۇرۇپ.

— ھۆرمەتلىك تەخسىر، — دېدى سىيىت ھاجى قازىئاخۇنۇمغا قاراپ، — تاغام تۈگەپ كەتكەن بىلەن ھامما ئاچام بار، شۇلار بىلەن مەسلىھەت قىلىشسىلا بولارمىكىن، مەنمۇ بۇ ئىشقا ئىگىدارچىلىق قىلالمايمەن، — دېدى ئېغىر ئۇھسىنىپ.

— سىلىنى چوڭ بىلىپ ئالدىلىرىغا كەپتۇق تېخى، بولمىسا ئۇ دېگەن بىر تۇل خوتۇنغۇ، ئۇنىڭغا گېپىم ئۆتمىگەن جاننى كۆتۈرۈپ يۈرمەيمەن دېسىلە، بۇ يۇرتتا گېپىم گەپ، قىلغىنىم قىلغان. بوپتۇ ئەمىسە، قالدى ئىشلارنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلاي، ئۇلار نەۋرە سىڭىللىرىنى قوش قوللاپ بېرىش بىلەن بىللە ئون مو يېرىنىمۇ قېتىپ بېرەمدۇ تېخى، بۇنىمۇ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ دېسىلە، — دېدى مەسخىرىلىك ئاۋازدا.

www.uyghurkitap.com

سېيىت ھاجىنىڭ يۈزى بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ، پۈتۈن ئەزايى تىترەپ كەتتى.

— تۇۋا، تۇۋا خۇدايىم، ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە يەر - زېمىن، چارۋا ماللىرى تۇرۇپ ئاشۇ تۇل خوتۇننىڭ يېرىگە كۆز تىكىۋاتاملا، بېگىم؟ ئىنساب، ئىنساب قىلسىلا، قارىغاندا سىلى نەۋرە سىڭلىمنىلا ئەمەس، بەلكى يېرىنىمۇ كۆزلەۋېتىپىلا تەخسىر، بۇ يۇرتتا باشقا ئادەممۇ ياشىسۇن، باشقا ئادەمنىمۇ خۇدا ياراتقان بەندە، ئۇنداق ناشۇكۇر بولمىسىلا...

— مېنى ئەيىبلەپ كەتكۇدەك سىلى كىمتىلە؟ — دېدى قاسىمبەگ دېۋىنىپ تۇرۇپ، — ئۆزلىرىنى كىم چاغلاپ قالدىلا، ھازىر بۇ يۇرتتا مانا مەن نوچى، خوتۇن ئالسام پۇلغا ئالىمەن، كۈچۈم، قۇدرىتىم بار، ئۇلارنى باقالايمەن، خوتۇن دېگەننىمۇ بېلىدە ماغدۇرى بار، يۇرىكىدە ئوتى بار، خوتۇن خەقنىڭ ھاجىتىدىن چىقالايدىغان ئوغۇل بالا ئالالايدۇ. بولدى، بۇ ئىشلارغا سىلى ئارىلاشمىسىلا، يا ياخشىلىقچە يېلىنىپ، يا يامانلىقچە چىرقىرىتىپ تۇرۇپ ئالارمەن، گېپىم گەپ، — دەپ ئورنىدىن دەس تۇردى.

بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلارنىڭ بىر چىرايلىق تائام يەپ، شۇنداق بەھۇزۇر مېھمان بولۇپ، ئاخىرىدا بۇنداق جېدەل قىلىشنى كۈتمىگەن سېيىت ھاجى ئۇن - تىنسىز تۇرۇۋەردى. ئوتتۇرىدا بىر قاسىمبەگكە، بىر سېيىت ھاجىغا قاراپ تۇرۇپ قالغان قازىئاخۇنۇم ئارىغا چۈشتى:

— قېنى قاسىمبەگ، جايلىرىغا ئولتۇرسىلا، بىزنىڭ سېيىت ھاجى بىلەن ھېچبىر ئاداۋىتىمىز يوق، ئۇنىڭ ئۆستىگە بۇ ئۆيدە بۇرۇندىن تارتىپ تۇز - تائام يەپ كېلىۋاتىمىز، خوش، قالدى ئىشلار قايسى تەرىقىدە ھەل بولسا شۇنى كۆرەرمىز، ئۇ خېنىمنى ئالمىسىلا باشقا بىرىنى ئالسىلىمۇ بولىدۇ، دۇنيادا خوتۇن خەق كۆپقۇ، قېنى داستىخاننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، —

دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى ـ دە، ـــ ئامىن، ئاللاتائالا ھەممەيلەن-
گە يورۇقلۇق، ئىنساب ـ تەۋپىق، ديانەت ئاتا قىلغايسەن،
ئىلاھىم ھاجىنىڭ داستىخىنىغا بەرىكەت، ئۆيىگە خاتىرجەملىك
ئاتا قىلغايسەن، ئاللاھۇئەكبەر، ـــ دەپ دۇئانى تۈگىتىپ ئورۇن-
لىرىدىن تۇردى.

سىيىت ھاجى ئۇلارنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ خامۇش
ھالەتتە تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئۆزىنى ئەھلى
مۇسۇلمان، بەگ، قازى دەۋالغان ماۋۇ يۇرت چوڭلىرى شۇنچىلىك
ئادەم ئىكەن ـ دە، توۋا، توۋا، بۇلار بىر توپ بۆرە ئىكەنغۇ، مەن
ئەجەب بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھىيلە ـ مىكىر، يامانلىقلىرىنى
بىلمەپتىكەنمەن دېسە، ئەمدى بۇ كاساپەتلەر نېمە ئىشلارنى
قىلىپ، خەلقنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەرنى سالار؟ يۇرت
ئامانلىقى، خەلقنىڭ تىنچلىقى بولارمۇ؟ بىچارە ھامما ئاچامنىڭ
ئائىلىسىگە نېمە كۈنلەر كېلەر؟ خۇدا، كۆپىنىڭ ئامانلىقىنى
بېرەرسەن، سەندىن باشقا باشپاناھىمىز يوق» دېدى. بىراق،
ئۆزى، ئۆز ئائىلىسى توغرىسىدا ھېچبىر خەۋپ ـ خەتەرنى
ئويلىمىدى.

قازىئاخۇنۇم بىلەن قاسىمبەگ بىللە مېڭىپ ئېرىق بويىغا
كەلگەندە، قاسىمبەگ:

ـــ خەپ، بۇ ئائىلىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتمىسەم
دەردىم چىقمايدۇ، ئەجەبمۇ چوڭچىلىق قىلدىيا بۇ سىيىت ھاجى
دېگەن، ـــ دېدى زەردە بىلەن.

ـــ ھاي، ھاي، ـــ دېدى قازىئاخۇنۇم، ـــ شەيتاننىڭ
كەينىگە كىرمىسىلە، بېگىم، يات قولنىڭ ئازابىمۇ خەلققە كۆپ
زۇلۇم بولۇۋاتىدۇ، سىلى بۇ يۇرتنىڭ ئاتىسى، ئۆزلىرىنى
تۇتۇۋالسىلا بولارمىكىن، سىيىت ھاجىمۇ ئوبدان ئادەم جۇمۇ.

قازىئاخۇنۇمغا بىر خىل ھىيلىگەرلىك بىلەن قارىغان
قاسىمبەگنىڭ چارا كۆزلىرىدە زەھەرخەندىلىك ئەكس ئەتتى ـ دە،
مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ئاچچىقىمغا پايلىماي دەپ قويۇۋاتىمەنغۇ ئەمدى.

— «ئوسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ، سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ» دېگەندەك بىر ئىش بېگىم، بىز نېمىلا بولسۇن بىر يۇرتنىڭ ئادىمى، بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچكەن دېسىلە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

## 2

بۇ 20 ــ ئەسىرنىڭ 30 ــ يىللىرى بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا تىنچسىز كۈنلەر باشلانغانىدى، بۇ يەرگە باستۇرۇپ كەلگەن تۇڭگان قوشۇنى يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە بىر تۈركۈم بايلار بىلەن بىرلىشىپ، شۇ يەردىكى خەلققە ئازاب ـ ئوقۇبەت سېلىش تەييارلىقىدا ئىدى. ئەينى يىللاردىكى يوقسۇزلۇق، ئاچارچىلىق، ئېزىلىش قوشۇلۇپ نۇرغۇن كىشىلەر چەكسىز ئازابتا ياشىماقتا ئىدى. سېيىت ھاجى بىرنەچچە كۈندىن بېرى سىرتقا چىقمىدى ھەم ھېلىقى تۇيۇقسىز كەلگەن ئىككى «مېھمان»نىڭ سۆزلىرىنى ئويلىغانسېرى ئىچى ئېچىشتى، يۈرىكىنى بىرنېمە تاتىلىغاندەك تىتىلداپ يۈردى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى، سىرتقا گۆش، كۆكتات، مېۋە ــ چېۋە ئالغىلى چىقىپ كەتكەن ئىشلەمچى يىگىت سىرتتىن كىرىپلا، مەيدىسىنى تۇتقىنىچە ھاسىراپ تۇرۇپ كەتتى ــ دە:

— ھاجىكا، يۇرتىمىز قالايمىقان بولۇپ كېتىپتۇ، ھەممىلا يەردە ئەرلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋاپتۇ، ئۇنىمىغانلارنى باغلاپ ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپتۇ، ئوغۇل باللار تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كېتىۋېتىپتۇ. قاچقانلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى تۇتۇپ، بالاڭنى تاپ، بولمىسا بېشىڭ بىلەن جاۋاب قىلىسەن، دەپ قىستاۋېتىپتۇ، مەن بەك قورقۇپ كەتتىم، ھەممە يەر پاتىپاراقچىلىق...

سېيىت ھاجى بۇ ئىشلارنىڭ شۇنچىۋالا تېز يۈز بېرىشىنى

ئويلىمىغانىدى، بىردىنلا يۈرەكئالدى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتىگەن چوڭ ئوغلى مامۇتقارى ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى ئېلىپ يېزىغا بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆلۈم ئىشى ئۈچۈن كەتكەنىدى. ئۇ دەرھال ئىشلەمچى يىگىتكە:

— ئات ھارۋىنى قېتىپ، قوشناچىم بىلەن مامۇتقارىكاڭلارنى ياندۇرۇپ كىرەمسەن؟ — دېدى.

— ھاجىكا، بۈگۈنچە چىقماي، ئەتە ئەتىگەن سەھەردە چىقىپ ئەكىرسەم بولارمىكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەھرا بۇ يەردىن تىنچمىكىن دەيمەن.

— بوپتۇ ئەمىسە، ئەتە سەھەردە چىقارسەن، — دەپ سىيىت ھاجى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۇ ئۆيدە ئولتۇرغىنى بىلەن كۆڭلى پاراكەندە ئىدى، ناماز ئوقۇۋېتىپمۇ ئايەتلەرنى خاتا ئوقۇپ سالدى. ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق ئەنسىزلىككە چۈشۈپ باقمىغانىدى، بىر چاغدا قىڭغىيىپ يېتىپلا كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى ـ دە، غەلىتە بىر چۈش كۆردى: ئۇلارنىڭ قورۇسىدا توي بولۇۋاتقانمىش، تويدا نۇرغۇن ئادەملەر بارمىش، كېلىنى، ئىككى نەۋرىسى، ئۆزى ناغرا ـ سۇناي ساداسىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناپ، قاقاقلاپ كۈلەرمىش، ئوينىغانسېرى ئوينىغۇسى كېلەرمىش، بىر توپ كىشىلەر خۇددى بارات ئاخشىمى بولغاندەك ياغلىق قاپاق كۆيدۈرۈپ، پۈتۈن مەھەللىدە يۈگۈرۈپ يۈرەرمىش، كۈلەرمىش...

ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە، بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئاھ خۇدايىم، بۇ چۈش نېمىدىن بېشارەت، ياخشىلىقمۇ ياكى شۇملۇقتىن بېشارەتمۇ؟ — دەۋەتتى ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— ھاجىكا، سىلىگە بىرەر ئىش بولدىمۇ، مىجەزلىرى يوقمۇ، چاي ئىچەملا؟ — دېدى ئىشلەمچى يىگىت كىرىپ.

— بالام، چاققان ئاتنى مىنىپ يېزىغا بارغىن، ئۇلار ئۆيگە كىرمەي تۇرسۇن.

— سىلىچۇ؟

— ماڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ، كېلىن ئاغىچا، ئىككى نەۋرەم بىلەن تۆتمىز بارغۇ، خۇدايىم بالا - قازادىن ساقلار. ئۇ يەرگە بېرىپ بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئېيتىپ ئۇلارنى پاراكەندە قىلما، بىراق ئەتراپقا ئوبدان سەپسېلىپ، سەگەك تۇرۇشنى ئېيتقىن، قايتىشىڭدا بىر تاغار ئۇن ئالغاچ كىرگىن، بولامدۇ؟

— ماقۇل، ھاجىكا، ئەمىسە ھازىرلا ماڭاي.

— خۇدايىمغا ئامانەت، يولدا قاراپ ماڭارسەن.

— ماقۇل، خوش ئەمىسە.

يىگىت ئىتتىك چىقىپ كەتتى، سىيىت ھاجى كەچلىك تاماقنىمۇ يېمەستىن ئۆيگە كىرىپ جاينامازدا ئولتۇرۇپ يۇرتقا، ئائىلىسىگە، پەرزەنتلىرىگە خۇدادىن تىنچلىق - ئامانلىق تىلىدى، تاڭ ئاتقۇچە كۆز يۇممىدى...

ئەتىسى چايدىن كېيىن كۆڭلى پاراكەندە بولۇۋاتقان بولسىمۇ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ھەم يامان خىياللارنى قىلماسلىق ئۈچۈن، ئالدىغا كىتابلارنى يېيىپ، ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى، قوش قاناتلىق دەرۋازا گۈمبۈرلەپ ئۇرۇلدى. چۆچۈپ تۇرۇپ كەتكەن سىيىت ھاجى ئۆيدىن چىقىپ بولغۇچە بېشىغا ئاق رومال سالغان كېلىنى دەرۋازا تۈۋىگە بېرىپ:

— كىم؟ — دېدى ئەنسىز ئاۋازدا. ئاڭغىچە ئىشىكنى ئۇرۇپ چېقىپ بىر توپ ئەسكەر ئېتىلىپ كىردى - دە، قارا مىلتىقلىرىنى بەتلەپ تۇردى. ئىككى ئەسكەر ئۆيگە يۈگۈردى، بىر قاراقچى كېلىپ، ھەيران بولۇپ تۇرغان سىيىت ھاجىغا ۋارقىرىدى:

— قىمىرلىما ! بولمىسا ئۆلىسەن...

ئۇلارنىڭ يېنىدا ئالدىنقى كۈنى مۇشۇ ئۆيدە مېھمان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسەتكەن قاسىمبەگ غادىيىپ تۇراتتى. ئۇ:

— قېنى ھاجى، ئۆيدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ مۈلۈك بولسا ياۋاشلىق بىلەن بۇلارغا بەرسىلە، بولمىسا بۇلارنىڭ مىلتىقى ئادەم تونۇمايدۇ جۇمۇ، — دېدى سەت ئالىيىپ تۇرۇپ.

تۇيۇقسىز يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشقا ھەيران قالغان سىيىت ھاجى:

— نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى ھودۇقۇش بىلەن.

— نېمە ئىش بولاتتى، تېخىچە خەۋەرلىرى يوقتەك گەپ قىلىدىغۇ، بۇلار يۇرتنى ئىگىلىدى، ھازىر بۇلارنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان، ئۇلارغا بويسۇنماي مۇمكىن ئەمەس، ھاجى.

شۇ ئارىلىقتا بىر ئەسكەر كەلگەن پېتى سىيىت ھاجىنىڭ بېلىگە مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن بىرنى قويۇپ يىقىتتى ـ دە:

— چاقىقان بول، ئۆيۈڭدە بار پۇل، ئالتۇن، تىللانى چىقار! چاقىقان بول ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئاغرىققا چىدىيالمىغان سىيىت ھاجى يەردە بېلىنى تۇزلىيەلمەي ياتقىنىچە ۋايجانلاپ كەتتى. بىرى بىرنېمە دەپ كالدىرلىۋىدى، ئىككى ئەسكەر سىيىت ھاجىنى قورۇدىكى لىم ياغاچقا باغلاپ قويدى.

ئۇلار ئۆيدىن ساندۇقتىكى ئېرىغ مال، زىلچا گىلەم ۋە رەختلەرنى ئاچىقىپ خالتا، تاغارلارغا سالدى. ياشقا چوڭراق بىرى:

— ئۇنىڭغا ئېيت، — دېدى قاسىمبەگكە قاراپ، — يەرگە كۆمۈلگەن ماللارنى دېسۇن !

— سىيىت ھاجى، يەرگە كۆمۈلگەن بايلىقلارنى چىقارسىلا.

سىيىت ھاجىنىڭ ھالى ئاران ـ ئاران قالغانىدى، ئۇ:

— بىساتىمدا بارى شۇ، ئەمدى ھېچ نەرسە قالمىدى، جېنىم ئامان قالسىلا مەن رازى، — دېدى. بىراق، ئۇلار ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى. قاسىمبەگ:

— ھەممە يەرنى چالا قويماي ئاختۇرۇڭلار، — دەپ بۇيرۇق

قىلدى.

بىرنەچچە ئەسكەر ئۆيدىن ئالتۇنغا تېگەشكۈسىز توم ـ توم كىتابلارنى ئاچىقتى ـ دە، بىر تەرەپتىن يىرتىپ، بىر تەرەپتىن ئوت قويغىلى تۇردى. بۇنداق ئەشەددىي قىلمىشقا چىدىيالمىغان سىيىت ھاجى:

— بۇنداق قىلماڭلار، كىتابلارنى كۆيدۈرمەڭلار، — دېيىشىگە، قاسىمبەگ:

— ياخشى مەسلىھەت قۇلاقلىرىغا مۈشت ئۇرغاندەك ئاڭلانغاندى، ئەمدى كۆرەر كۈنلىرى مۇشۇ، — دەپ ئارقىدىن ئەسكەرلەر باشلىقىغا قاراپ بىرنېمىلەرنى كالدىرلىدى.

غەزەپلەنگەن باشلىق شۇئان تاپانچىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ سىيىت ھاجىنى ئېتىۋەتتى. ئارقىدىن سىيىت ھاجىنىڭ كېلىنىنى ۋە ئىككى نەۋرىسىنى قورۇغا ئاچىقىپ قورقۇتتى. ئۇچەيلەننىڭ چىرايىدا قان قالمىدى، سىيىت ھاجىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىگە قاراپ يىغلاشتى.

— ھەي خوتۇن، ئېيتە، ئۆيدە ئالتۇن ـ كۈمۈش بارمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى قاسىمبەگ.

كېلىن ئاغىچا قورققىنىدىن تىللىرى كالۋالىشىپ گەپ قىلالماي بىر خىلدا يىغلايتتى. يەنە بىر قاراقچى ئۇنىڭ يەتتە ياشلاردىكى ئوغلىنى قامالاپ ئەكېلىپ:

— ئېيت، بايلىقنى بىزگە دەپ بەرمىسەڭ بالاڭنى ئۆلتۈرىمەن، — دېدى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ. بىچارە ئانا قولىدىكى ئالتۇن بىلەزۈكنى چىقىرىپ:

— بالامغا تەگمەڭلار، مەندە بارى مۇشۇ، بۇ بىچارە نارەسىدەنى قورقۇتماڭلار، — دەپ يېلىندى. بىراق، چىشلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرغان، تەلەتى سۇرۇن ئەسكەر قورقۇنچتىن قارا كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تارام ـ تارام ياش ئېقىپ تۇرغان بالىنى مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن بىرنى ئۇرۇپ مېڭىسىنى چۇۋۇۋەتتى.

— ۋايجان ! — دەپ چىرقىرىغان ئانا بىرھازا ھوشىنى بىلمىدى، ئارقىدىن، — ۋاي بالام، جېنىم بالام، — دەپ بالىنىڭ جەسىتىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يىغلاپ، جېنىدىن تويغاندەك ۋارقىراپ، — ھۇ نائىنسابلار، بۇ بالىدا نېمە گۇناھ، نېمە قىلساڭ مېنى قىلساڭ بولماسمىدى، — دەپ يىغلىغىنىچە قاراقچىلارنى قار - يامغۇر تىللاپ داد - پەرياد كۆتۈردى.

— ئانا، ئانا، — دەپ كىچىك بالىسى ئانىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ، كەينىدە ھومىيىپ تۇرغان ئېگىز بوي، ھىڭگاڭ چىش، قىسماق كۆز ئەسكەرگە ئېتىلىپ بېرىپ قولىنى چىشلەپ ئىككى بارمىقىنى ئۈزۈۋالدى. ئۇ ئىپلاسنىڭ بىر ئۇنى يەردە، بىر ئۇنى ئاسماندا چىرقىراپ كەتتى. بالا يۈگۈرگەن پېتى ئانىسىنى يەنە قۇچاقلىۋالدى.

— جېنىم بالام، سېنى قورقۇتۇۋەتتى بۇ زالىملار!

— ئانا، سېنى جېنىم چىققۇچە قوغدايمەن، مەن دېگەن ئوغۇل بالا، ئانا...

ئىككى ئەسكەرنىڭ مىلتىقىدىن چىققان ئوق ئانا - بالىنىڭ جېنىنى ئالدى، قورۇغا قىپقىزىل قان يېيىلدى. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلمىغان قاراقچىلار ئۆيگە ئوت قويۇۋەتتى، بىر كېچە - كۈندۈز يالقۇنجىغان ئوت ئاخىر ئۆچۈپ، ئۆي ئورنى خارابىگە ئايلاندى.

* *

سىيىت ھاجىنىڭ خوتۇنى، ئوغلى ۋە قىزى ئۆچەيلەن ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن جابدۇنۇۋاتقاندا، ئىشلەمچى يىگىت ئالدىراش كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ، لەۋلىرى گەز باغلاپ كەتكەن بولۇپ، ھازىرلا خۇدىنى يوقىتىپ قويىدىغاندەك ئىدى...

ئىشلەمچى يىگىت ئاخشام سىيىت ھاجى بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ، ئات مىنىپ كېتىۋېتىپ بىر توپ ئەسكەرنىڭ كوچىدا

چىپىشىپ يۈرۈپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى تۇتۇۋېلىپ، گاھىلىرىنى ئۇرۇپ، گاھىلىرىنىڭ ئىپتىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. دوقمۇش ـ دوقمۇشلاردا تۇرۇپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى كۆرگەن يىگىت قورقۇپ كەتتى، يا سىيىت ھاجىنىڭ قېشىغا كېتىش، يا يېزىغا چىقىپ كېتىشكە ئەسلا بولمىدى. ئۇنىڭغا ئەنسىزچىلىك بىلەن بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈش شۇنچە تەس كەلدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ياتقان ئۆيدىكى ئېغىلدا تازا خىللانغان ئات، بورداۋاتقان كالا، قويلار بار ئىدى، تىترەپ تۇرۇپ كېچىنى مىڭ تەستە تاڭغا ئۇلىۋالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە يوللاردا ئەسكەرلەر تۇرغان بولغاچقا، ئۇ يېزىغا ئەمەس، بەلكى سىيىت ھاجىنىڭ ئۆيىگە بارغانىدى. ئاھ، ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى رېئاللىقتىكى پاجىئە بولسىمۇ، ئۇ كۆرگەنلىرىنىڭ راست ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا ئىتتىز ئارىلاپ يۈگۈرۈپ يېزىغا چىققانىدى.

سىيىت ھاجىنىڭ خوتۇنى ئاياللارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن:

— نېمە بولدى، بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەنسىرەپ.

— خان ئانا، خان ئانا، مەن بەك قورقۇپ كەتتىم، ئېيتىشقا تىلىم بارمايۋاتىدۇ، — دەپ كۆز يېشىنى توختىتىۋالالماي كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتتى يىگىت.

— جېنىم بالام، يىغلىماي گەپ قىله، زادى نېمە ئىش بولدى؟

— خان ئانا، ھاجى دادام، خان ئاچام ۋە ئىككى نەۋرىلىرىنى باستۇرۇپ كەلگەن ئەسكەرلەر ئېتىۋەتتى، ئۆيىنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋەتتى.

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ — مامۇتقارى ئەندىكىپ كەتتى. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى چەكچىيىپ، قىسقا قويۇۋالغان يارىشىملىق ساقاللىرى تىترىدى، لەۋلىرىنى چىدام ـ غەيرەت بىلەن

چىشلىدى.

— قارىكا، ئىش بەك چاتاق، ھاجىكامنى ئۇ قانخورلار ئېتىۋەتتى. خان ئاچام بىلەن ئىككى ئوغۇللىرىنى ئۇلار دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈپ، ئۆيگە ئوت قويۇۋەتتى.

تىللاخان ئانا لاغىلداپ تىترىگەن پېتى يەرگە لاسسىدە چۆشۈپ ئولتۇرۇپ قالدى، مامۇتقارى ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى ئۇرۇپ، كاچاتلاپ داد ـ پەرياد كۆتۈردى:

— بۇ قانداق زامان بولۇپ كەتتى، بىز يا بىر ئادەمگە يامانلىق قىلمىساق، يا بىر ئادەمنى بوزەك قىلمىساق، نېمىدەپ ئۇ قانخورلار بىزگە زۇلۇم سالىدۇ؟ ۋاي جېنىم دادام، ۋاي مۇرەببىم، ۋاي يۈرەك پارىلىرىم. ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن، قانداق ياشايمەن...

ئۇ بىر تەرەپتىن يىغلايتتى، قاقشايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن غەزەپكە كېلەتتى، شۇ ئارىلىقتا قولۇم ـ قوشنىلار يىغىلىشتى.

ئەتىسى ئۇلار ئۆيگە قايتىپ بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرىمىز دەپ يولغا چىقماقچى بولىۋىدى، تۇغقانلار:

— ئۇنداق قىلمايلى، ئۆزىمىزنى بىكاردىن ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەمدۇق، مامۇتقارى، سىلى خان ئانامغا گەپ قىلسىلا، ئۇنىڭ ھالى بەك بوش تۇرىدۇ، — دەپ تەسەللى ئېيتتى.

ئۇلارنىڭ ئاچچىقى بېسىلمىدى، چۈنكى مالنىمۇ ئېلىڭ، جاننىمۇ ئېلىڭ، ئەر ـ ئايال، نارەسىدە بالا دېمەي ھەممىسىنى ئوخشاشلا ۋەھشىيلەرچە قىرىۋېتىڭ، بۇ قانداق زالىملىق، بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك ئىش ـ ھە!

مامۇتقارىنىڭ ئانىسى تىللا خېنىم بىھوش بولۇپ بىرنەچچە كۈن سۇ چاغلىق نەرسىمۇ ئىچمەستىن ياتتى. ئۇلار سەھرادا يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى.

— زادى نېمىشقا مۇنداق بولىدۇ؟ — دەپ يىغلىدى ئانا، — بىز بىرەر ئادەمگە ئەمەس، بىرەر تال كۆمۈتىغىمۇ ئازار

بەرمىگەن، بىرەر كىشىنى بوزەك قىلمىغان، ئەكسىچە ياخشىلىق بولسا قىلىپ، ھالال ياشىغان ئائىلە ئىدۇق، بۇ شۇملۇق نەدىن كەلدى؟

— بىز ئەسكى ئەمەس، بەلكى ئۇلار ۋەھشىي، ئەمما ئۇلارنى قۇتراتقان، بۇ ئۆينى سورۇشقا دەۋەت قىلغان مۇناپىقلار بار. بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىچىدىكىلەرنىڭ ئىشى، — دېدى ئىشلەمچى يىگىت.

— نېمە دېدىڭ بالام، گەپنى ئېنىق قىل، — دېدى تىللا خېنىم.

— قاسىم تۆگىنى بىلىلا، ئۇنىڭ بىلەن ھاجىكامنىڭ پۇرچىقى پىشمايتتى، قاسىم تۆگە بەگ بولغىنى ئۇچۇن يۇرتقا پاتماي، خەلقنى بەك بوزەك قىلغاچقا، ھاجىكام ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: «ئاجىزلارنى بوزەك قىلمايلى، ئىگىسى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دەپتىكەن. شۇ قاسىمبەگ سىلىنىڭ ئۆيگە ئۇ قاراقچىلارنى باشلاپ كېلىپ: «بۇ ئۆيدە ئالتۇن - كۈمۈش، بايلىق، دۇنيا - دەپىنە كۆپ، قىينىساڭلار كۆپ بايلىق چىقىدۇ» دېگەنمىش. ھازىر شۇ ئىپلاس ئۇلار بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرۈۋېتىپتۇ.

— ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ — دېدى تىللا خېنىم بىردىن ئۇھ تارتىپ، — بىر تەرەپتىن جاندىن ئەزىز مېھرىبانلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز يۇرتىمىزدا ئۆيسىز، ماكانسىز غېرىب بولۇپ قالدۇق. ئەمدى قانداق تۇرمۇش كەچۈرىمىز؟ ئاھ خۇدا...

— ئانا، يىغلىمىسىلا، — دېدى مامۇتقارى، — «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن، خۇدايىم بۇيرۇسا جان تەندە ئامان بولسا تىرىكچىلىك قىلىمىز، لېكىن بېشىمىزغا كەلگەن دەردلەر يۈرىكىمىزنى پۇچۇلدۇردى، بۇ ئەشەددىي ۋەقە يۈرىكىمىزگە مۆھۈردەك بېسىلدى، يادىمىزدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ. ئانا، سىلى بىزگە باشپاناھ ئىدىلە، سىلى ھەم بولسا ئۆيىمىزنىڭ

تۆرىدە ئۆلتۈرۈپ بەرسىلە، قالدى ئىشلارغا مەن، سىڭلىم بار.

شۇنداق دەۋاتقان بىلەن مامۇتقارىمۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ قان ـ قان يىغلاپ يۈرەتتى.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتتى، مانا شۇ كۈنلەردىن تارتىپ بۇ زالىملار خەلقنىڭ بېشىغا زۇلۇم سېلىپ، قاتمۇقات باج ـ سېلىق بىلەن خەلققە تىنغۇدەك ئارامچىلىق بەرمىدى، كىشى بېشىغا ئون چارەك ئاشلىق، ئات، ئېشەك، كالا، توخۇ، ئۆردەك، تۇخۇم، ئوتۇن ـ سامان، كىگىز ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپىدىن تارتىپ ئون سەككىز خىل ئالۋان سالدى.

قاسىم تۆگە بۇ ماللارنى ئوتتۇز ـ قىرىقتەك كۈچتۈڭگۈر، غالجىر، لۈكچەك دورغىلارغا يىغدۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆي ـ زېمىنى، مال ـ دۇنيالىرى كۆپ بولسىمۇ، شۇنىڭغا قانائەت قىلماي، خەقنى ئۇرۇپ ـ قىيناپ مال ـ دۇنيا ئۇندۇرۇپ، قان ـ يىلىكىنى شوراۋاتاتتى.

بىر كۈنى ئىشلەمچى يىگىت يەنە تىللا خېنىم، مامۇتقارىلارنى يوقلاپ چىقتى، ئۇنىڭ چىرايى شۇنچىلىك يامان ئىدىكى، خۇددى ئېسى چىقىپ كەتكەندەك، ئېلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— بالام، نېمە بولدۇڭ، گەپ قىلە، — دېدى تىللا خېنىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ.

ئۇ يىگىت بىرھازا ئولتۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى.

— مەن قاسىمبەگنىڭ هويلىسىغا كىرگەنىدىم، — دېدى ئۇ گەپ باشلاپ، — ئۇنىڭ هويلىسى ئادەم قىينايدىغان سولاقخانىغا ئوخشاپ قاپتۇ، بىرنەچچەيلەننى دەرەخكە باغلاپتۇ، بىرلىرىنى دەرەخكە ئېسىپتۇ، يەنە بىرنەچچە كىشىنى قورۇدا ئاپتاپتا يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. بۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇ هويلىدىن قېچىپ چىقىپ ئارقىدىكى

قوناقلىقتا ئىككى كۈن ياتتىم، ئۈچىنچى كۈنى بىر ئەر كىشى قوناقلىققا كىرىپ، شۇنداق قاتتىق يىغلاپ كەتتى. بىر هازادىن كېيىن مېنى كۆرۈپ:

— ئۇكام، قورقۇپ مۇشۇ يەردە تۇردۇڭمۇ، — دېدى. مەن «ھەئە» دەپ بېشىمنى ئارانلا لىڭشىتتىم.

— ئولتۇرە ئۇكام، ئولتۇرغىن، هازىر يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەي دەۋاتىدۇ، مېنىڭ ئاكام قاسىم تۆگىنىڭ ئۆيىدە مەدىكار ئىدى، ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئىشلەمچى ئېتىزدا ئىشلەيتتى، بىرنەچچىسى ئۇنىڭ چارۋىسىنى باقاتتى، ئۇ بىچارىلەرنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيتتى. بىر كۈنى ئاكام نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ، قورۇغا كىرىپ تۇرۇپ قاپتۇ، قورۇدا ئەرلەر قوللىرىدا كەتمەن، گۈرجەك، پالتا، كەكە دېگەندەك سايمانلارنى تۇتقان پېتى قاسىمبەگنىڭ ئالدىدا دېۋەيلىشىپ تۇرغانىكەن.

— قاسىمبەگ، بۇ نېمە قىلغانلىرى، بىز سىلىگە ئىشلەپ بېرىۋاتىمىز، نېمە ۋەجىدىن بىزنىڭ خوتۇنلىرىمىز — باللىرىمىزنىڭ ئانىسىنى ئۇلارغا سولاپ بېرىدىلا، — دەپتۇ بىر دېھقان كەتمەن سېپىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ.

بىراق، قاسىمبەگنىڭ بۇرۇتىمۇ تەۋرىمەپتۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى شۇنداق يوغىناپ كېتىپتۇ دېگىنە، نېمە دەپتۇ دېمەمسەن؟

— نېمە دېمەكچىسەن، تېخى باي ئاكاڭغا گەپ قىلغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ — دەپ گۈركىرەپتۇ.

— توغرا، سىلى باي، سىلىنىڭ گەپلىرى ئوك، بىز كەمبەغەلنىڭ گېپىمىز توك. ئەر - خوتۇن كېچە - كۈندۈز سىلىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ ناھايىتى شۇ بىر قاچا تاماق يەيمىز، شۇنىڭغىمۇ شۈكۈر قىلىمىز، ھەرقانچە بولسىمۇ سىلى بىر مۇسۇلمان تۇرۇپ، ئاياللارنى ئۇلارنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا تاشلاپ بېرەمدىلا، بىزمۇ خۇدا ياراتقان بەندە،

كەمبەغەل بولساقمۇ ئەر كىشى ـ دە، ـــ دەپتۇ.

قاسىم توّگە ئورنىدىن تۇرغانچە كېلىپ، ھېلىقى دېھقاننىڭ ئاغزىنى قان قىلىۋېتىپ:

ـــ يەنە نېمە گېپىڭ بار، بولسا دېمەمسەن؟ ـــ دەپتۇ.

ـــ دەيمەن، ۋاي شورۋا گەدەن، شورۋا ئىچىپ تويمىغان شورۋىچى. ئىگەكىم ئۇ دۇنياغا بارغاندا دوزىخى بولارسەن، ـــ دەپ قارغاپتۇ.

قالغان ئەرلەر بىرلەپ ـ ئىككىلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەپتۇ، ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى بىلگەن قاسىم توّگە ئاستا ئارقىسىغا داجىپ:

ـــ بۇ، بۇ... ـــ دەپ دۇدۇقلاپتۇ.

ـــ قېنى، سوّزلىسىلە بېگىم، ـــ دەپتۇ بىرەيلەن. قاسىم توّگە:

ـــ مەن، مەن ... ـــ دېگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بەدەر قېچىپتۇ ـ دە، بىر كۈن يوقاپ كېتىپتۇ. ئەتىسى يەنە شۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـــ مەندىن خاتالىق ئوّتتى، مەن گۇناھكار، يۇرۇتلار، مەن سىلەرگە ئامباردىن ئاشلىق، ياغ ئېلىپ بېرەي، ـــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئۇلار:

ـــ ۋاي شورۋا گەدەن، سەن بىزنىڭ ئاغزىمىزنى مايلىماقچىمۇ، دوزاخ ئوتىدا كوّيىدىغان ئالۋاستى، بىز سەندىن قىساس ئالماي قويمايمىز، ـــ دەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا قوراللىق ئەسكەرلەر كېلىپ ئوتتۇز كىشىنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. كېيىن باشقىلاردىن ئاڭلىسام، ئۇلارنى يول بويى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرۇپ ـ قوغلاپ سايلىقتىكى شورلۇققا ئەكەپتۇ ـ دە، بىر ـ بىرلەپ چېپىپ تاشلاپتۇ. قاسىم توّگە نېمە دەپتۇ دېمەمسەن، «سەنلەرگە ئوق زايە كېتىدۇ، قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولۇش » دەپتۇ ئۇلارنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەن جەسىتىگە قاراپ.

مانا بۇ مۇشتۇمزورلار بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا خەلقنى ئىچىنىشلىق كۈنگە قويدى. ئۆلتۈرۈش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئوت قويۇشتەك قاباھەتلىك ئىشلار ناھىيەدىن يېزىلارغىچە كېڭەيدى، ئەمدى بۇ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تىللا خېنىم، ماموتقارىلار ئامالسىز يېزىدا يوشۇرۇنۇپ ياتتى. بۇ يەتتىنچى ئاي، بۇغداي پىششىقى مەزگىلى بولۇپ، جان قايغۇسىدا قالغان خەلق تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كېتىپ، بۇغدايلار شۇ جايىدىلا قالدى، شۇنىڭ بىلەن ماموتقارى يېزىدا باشاق تېرىپ جان ساقلىدى. مانا مۇشۇنداق ئۆرتۈپە بولغان بۇ يۇرتتا قىز - چوكانلار تالاغا چىقالمىدى، چۈنكى ئۇلار ھەر ۋاقىت ئەسكەرلەرنىڭ ھۇجۇمىغا، ئاياغ ئاستى قىلىنىشىغا ئۇچراشتىن قورقاتتى.

## 3

بىر كۈنى نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن ماموتقارى كۆل بويىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى، بىردىنلا يىراقتىن كېلىۋاتقان ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرەخلىك ئىچىگە مۆكۈندى - دە، تىنىقمۇ چىقارماستىن جىم تۇرۇۋالدى. ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن ئاتلىق بىر يىگىت كۆل بويىدا ئاتتىن چۈشتى.

ماموتقارى ئۇ يىگىتنى تونۇپ دەرھال دەرەخلىكتىن چىقتى - دە:

— ئۇكام ھەسەنجانمۇ سەن؟ — دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى.

— ماموتقارىكا، تىنچلىقمۇ؟ — دېدى ھەسەنجان ماموتقارىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

ماموٗتقارى ھەسەنجان بىلەن قايتا ـ قايتا ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، ھەسەنجانغا زوقلىنىپ قاراپ كەتتى. ھەسەنجان يىگىرمە تۆت ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بوي، ئاق يۈز، قوشۇما قاش، كىچىككىنە بۇرۇت قويۇۋالغان پالۋان سۈپەت يىگىت ئىدى.

— ئۇكام، سىزنى كۆرمىگىلى خېلى يىللار بولدى، ئائىلە بويىچە بۇ يۇرتتىن كېتىپ قاپسىلەر، قانداقراق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ماموٗتقارى.

— دادام بۇ يۇرتتا بەك قىينىلىپ كەتكەن چېغى، — دەپ گەپ باشلىدى ھەسەنجان، — شۇڭا بىزنى يۇرتتىن ئاچىقىپ كەتكەنىدى، مانا سىلەر بىلەن كۆرۈشمىگىلى سەككىز يىل بوپتۇ، بىراق سىلەرنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمىدىم، دائىم سېغىنىپ تۇردۇم. ئوبدان تۇردىلىمۇ؟

— يامان ئەمەس، ئۇكام، سەن كىچىككىنە بىر بالا ئىدىڭ، مانا ئەمدى شۇنداق بەستلىك، كېلىشكەن يىگىت بولۇپ كېتىپسەن، تاس قاپتىمەن تونۇماي قالغىلى، كېلە ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى.

ئىككىيلەن كۆل بويىدىكى دەرەخلىكتە ئولتۇرۇشتى. بۇ يەر سالقىن ھەم جانغا راھەت ئىدى، كۆل بويى ناھايىتى كەڭرى بولۇپ، سۆۋادان تېرەكلەر بىر ـ بىرى بىلەن بوي تالاشقاندەك ئۆسۈپ سايە تاشلىغان، مەجنۇنتاللارنىڭ شاخلىرى قىزلارنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىدەك يەلپۈنۈپ تۇرغانىدى. ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ تولىسى باشقا جايغا كەتكەن بولغاچقا كۆل بويى تىپتىنچ بولۇپ كەتكەنىدى.

— ھەسەنجان، قېنى ئېيتقىنا يۇرتتىن ئايرىلىپ نەلەردە يۈردۈڭلار؟ — دەپ سورىدى ماموٗتقارى.

— ماموٗتقارىكا، — دېدى ھەسەنجان گەپ باشلاپ، — بىزنىڭ بارغان يېرىمىز چۆل يەر ئىدى، بازارغا كىرىش ئۈچۈنمۇ كۆپ ئاۋارە بولاتتۇق، چاتقاللار ئارىسىدىكى چىغىر يوللاردىن تەستە

ماڭاتتۇق. تۇرمۇشىمىز بەك غورىگىل بولغاچقا، خاس قوناق نېنى يەپ، قوناق ئېشى ئىچىپ كۈن ئالدۇق. دادام ئۇرتاقچىلىق قىلىپ يېرىنى تېرىيدىغان باي مېنى جاڭگالغا مال باققىلى ئەۋەتتى. مېنى بىرى باشلاپ بېرىپ، مالچىغا تاشلاپ قويۇپ كەتتى. مەن بۇرۇن ئۆيدىن ئايرىلىپ باقمىغاچقا، جاڭگال بەكمۇ سۈرلۈك تۇيۇلدى. دەسلەپتە قورقۇپ ساتمىدىنىمۇ چىقمىدىم، مالچى ئاكام نەگە بارسا كەينىدىن دىڭلداپ سايىسىدەك ئەگىشىپ يۈردۈم. شۇنداق قىلىپ، بەش ـ ئالتە يىلنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزدۈم، ئۆچكە ـ ئىنەك سېغىشنى ئۆگىنىۋالدىم، ياۋا توخۇلارنى كاۋاپ قىلىپ يېدۇق، تۇخۇمىدىن ئايرىلمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان يولۋاستەك بولۇپ كەتتىم. كېيىن مالچى ئاكام بوراندا قېلىپ ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنى يەرلىككە ئۆزۈم قويۇپ، بىلگەن ئايەتلىرىمنى ئوقۇپ ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلدىم. ئۆزۈم يالغۇز قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا چىدىماي نەچچە كۈنگىچە كۆز يېشىم قۇرۇمىدى، پۈتۈن جاڭگالدا ئۆزۈم يالغۇز مال ـ چارۋا ۋە بىر ئىت بىلەن قالغاندىم.

ــــ تاماقنى قانداق قىلاتتىڭلار؟

ــــ مالچى ئاكام بىلەن كۆمەچ پىشۇراتتۇق، ئۇماچ چېلىپ ئىچەتتۇق، ئۆزلىرىمۇ بىلىلا، جاڭگال دېگەندە، بولۇپمۇ بىز بار جاڭگالدا بىزدىن باشقا ئادەم يوق، بار بولغاندىمۇ نەچچە سائەتلەپ يول ماڭساق ئاران ئۇچرىتالايمىز، شۇڭا ئوچاقتا ئوتنى زادىلا ئۆچۈرمىدۇق، قىشۇياز ئوت ئۆچۈرۈشكە بولمىغاچقا، قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالغان توغراق ياغىچىنى توپىغا كۆمۈپ، بىر ئۇچىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ قويىمىز، توغراق يا كۆيۈپ كەتمەي، يا ئۆچۈپ قالماي بىر باشتىن ئاستا كۆيۈپ، چوغ بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ تۈگەي دېگەندە يەنە بىر توغراق ياغىچىنى ئۇلاپ قويىمىز، ئوت لازىم بولغاندا كۆيۈۋاتقان ئۇچىنى كولاپ

چوغ ئېلىپ ئىشلىتىمىز، كۆمەچكە خېمىر يۇغۇرۇپ، كالا يېغى ياكى قوي يېغىنى توغراپ خېمىر بىلەن بىللە كۆمسەك بەك تاتلىق پىشىدۇ ھەم تەنگە قۇۋۋەت قىلىدىكەن. قىش ۋاقتىدا ساتمىدىكى ئوچاقتا ئوت كۆيۈپ تۇرىدۇ، شۇ يەردە چاي قايىنىتىپ ئىچىمىز، قىشلىقى شۇ ئوتنىڭ ئىسسىقىدا راھەتلىنىمىز. مالچى ئاكام قوي بوغۇزلاپ كاۋاپ قىلاتتى، جىگەرنى دورا ـ دەرمان بىلەن كاۋاپ قىلىپ بەرسە يەپ تويمايتتىم. يىللاپ كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە يېيەلمىگەچكە ئىسسىقىمىز ئېشىپ لەۋلىرىمىز چاك ـ چاك يېرىلىپ كېتەتتى، نېمە ئىلاج، شۇنداق قىلىپ، بايىنىڭ مەن بىلەن ياكى ئاتا ـ ئانام بىلەن كارى بولمىدى. بىر كۈنلەردە قانداق بولدىكىن، مېنىڭ ئورنۇمغا بىر كەمبەغەلنىڭ بالىسىنى يەنە بىر مالچىغا قېتىپ جاڭگالغا ئەۋەتىپ قالدى. مەن ئۆيگە قايتىدىغان بولدۇم دەپ بەك خۇش بولغانىدىم، بۇنىڭ كەينىدە بىر ئويۇن بارلىقىنى كىم بىلسۇن، بەك بالدۇر خۇش بولۇپ كېتىپتىمەن. ئەسلىدە بىزنىڭ يېزىغا يۇز ئەسكەر ئېلىش ۋەزىپىسى چۈشۈپتىكەن، باي مېنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بېرىپتۇ. ئاتا ـ ئانام بايغا بىر ئۆكۈز، ئون قوي بېرىپ مېنى ئەسكەرلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچى بوپتۇ، بىراق مېنى مالچى قىلىۋەتكەن، جاڭگالدا ياۋايى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە قويغان مەتسايىتباي تۇڭگان قاراقچىلارنىڭ غالچىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سايىسىدا مال ـ دۇنيا يىغىۋاتقان قانخور ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۈچ ئەر كىشى بىلەن ئۇ يۇرتتىن بىر كېچىدىلا قېچىپ چىقتىم، ئۈچىنچى كۈنى ئالدىمىزغا بىر توپ كىشى ئۇچرىدى، بىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىشىمىزگىلا بىزگە قوراللىرىنى بەتلەپ ھەممەيلەننى دۇم ياتقۇزدى، قوللىرىمىزنى باغلىدى، مەن باغلاقتا چۈشكەن قويدەك تېپىرلىدىم، ئەسلىدە ئۇلار پۇقراچە كىيىنىپ بىزنى قوغلاپ چىققان غالچىلار ئىكەن. بىزنى باغلاپ

قويۇپ ئارام تاپتى بولغاي، ئاچ قالغان بۆرىدەك ئېغىلغا كىرىپ سىمىز بىر قوينى سۆرەپ چىقىپ سويدى ـ دە، گۆلخان يېقىپ كاۋاپ قىلىپ يېيىشتى، ئاندىن بىزنى باغلاپ ئەكەلگەنچە ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بەردى.

مەتسايىتباي مېنى ئۆلارغا مالچى دەپتىكەن، قوي بېقىشتىن قۇتۇلغىنىم بىلەن، ئات بېقىشقا تۇتۇلدۇم. بىر كۈنى ئاجايىپ بىر ئىش بولدى دېسىلە، ما لىيەنجاڭنىڭ ئېتىغا قارايدىغان يەنە بىر كىشى بولۇپ، پاكار، بىر پۇتى سەل ئاقسايتتى، بەك ياۋاش بىچارە ئىدى. بىر كۈنى ئايغىر بوشىنىپ بايتالنىڭ يېنىغا بېرىپ قاپتۇ، ئىككى ئات تېپىشىپ، چىشلىشىپ، بىر ـ بىرىنى زېدە قىلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن لىيەنجاڭ، نېمىشقا ئىككى ئاتنى ئايرىم قويمىدىڭ، دەپ ئۇ كىشىنىڭ گەجگىسىگە مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن بىرنى قويۇۋىدى، دوم چۈشۈپ ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇ ۋەھشىي هايۋان يەنە:

ــــ نېمىشقا گەپ قىلمايسەن، سېنى زۇۋانغا كەلتۈرمەيدىغان بولسام، ــــ دەپ ئۇ كىشىنى ئۇچاق ئالدىغا سۆرەپ ئاپىرىپ، قىزىق چوغنى ئېلىپ پۇتىغا يېقىۋىدى، ئۇنىڭ پاچىقى ئوتتا كۆيۈپ پىژىلداپ كەتتى. ئۇ بىچارە گەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، هوشسىزلىنىپ يەرگە دوم چۈشتى. هېلىقى قانخور بىر پاي ئوق بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى ـ دە، ماڭا قاراپ:

ــــ كۆردۈڭمۇ ھەسەن، بىخەستەلىك قىلساڭ مۇشۇنداق كۈنگە قالىسەن. ئۇنى دەرھال ئېغىلنىڭ كەينىگە كۆمۈۋېتىڭلار، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن، ئەگەر كىم باشقىلارغا دەيدىكەن، كۆرگۈلۈكىنى كۆرىدۇ، ــــ دېدى.

مېنىڭ يۈرىكىم لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتتى، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىغان بولسام، ئۇنى شۇ يەردىلا بوغۇپ تاشلايتتىم. ئەمما، ئىچىمدە بىر كۈنى ئۇنى ئۆلتۈرىمەن، دەپ قەسەم ئىچتىم. بۇ ئىش ماڭا قاباھەتلىك چۈشتەك بىلىندى، بىرنەچچە

كۆن كېچىلىرى جۆيلۈپ تۇرۇپ كەتتىم، بىرنەچچە كۈنگىچە ھېلىقى بىچارىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى كۆز ئالدىمدىن كەتمەي يۈرىكىم ئېزىلدى، گېلىمدىن نان، سۇ چاغلىق نەرسە ئۆتمىدى، كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى، مېنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر ۋەھىمە قاپلىۋالدى.

ھەسەنجان بىرھازا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ئېسەدەپ يىغلاپ ئاران ـ ئاران ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ماموتقارىكا، مېنىڭ بۇ ئىشلارغا ئەقلىم يەتمەيدۇ، يەنە بىر ئويلىسام بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر كۈنلەرگە قالغۇدەكمىز، — دېدى.

— شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، ئۆيدىكىلەر ھازىر نەدە؟

— بىز بىر ئامال قىلىپ يۇرتقا قايتىپ كەلدۇق، بىراق ئاتا ـ ئانام ئادەمسىز بىر جايدا قالدى. سىلىنىڭ باشلىرىغىمۇ ئېغىر كۈن كەپتۇ ئاكا، سىلىدىن ھال سوراي دەپ ئىزدەپ چىقىشىم ئىدى، — دېدى ماموتقارىغا قاراپ.

ھەسەنجان ماموتقارى ئائىلىسىگە كەلگەن پاجىئەنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ، كېچىدە ئاتلىق ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، ياقىسىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالغانىدى. ئادەم قېلىپىدىن چىققان بۇ ۋەھشىيلىك كىشىلەرنىڭ جېنىنى تىترەتكەن، بۇ خىل رەزىللىك ھەممە كىشىنى قورقۇنچقا سالغانىدى. شۇنداق چىرايلىق قورۇ ـ جاي بىر دۆۋە كۈلگە ئايلانغان، تېخى كۆيۈپ بولالماي تۇرۇم ـ تۇرۇم چىقىۋاتقان ئاچچىق ئىس كىشىنى تولىمۇ بىئارام قىلاتتى. ھەسەنجان ئۆزى كۆرگەن ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى ئالدىراپ تىلغا ئېلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى.

ماموتقارىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، كۆز يېشى ئىختىيارسىز قارىقۇمچاق مەڭزىدىن ئېقىپ چۈشتى، ئۇ ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇۋېلىپ:

— ئۇكام ھەسەنجان، بېشىمىزغا كەلگەن كۈنلەر

باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلمىسۇن، ئىلاھىم، يۈرىكىم لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتتى. مەن دادام، خوتۇنۇم، ئالتۇندەك ئىككى پەرزەنتىمدىن ئايرىلدىم، تېخى ئۆز ئۆيۈمگە بېرىپ، دادام، خوتۇنۇم، پەرزەنتلىرىمنىڭ كۆيۈپ كۇل بولغان جەسىتىنى بىر تەرەپ قىلالمىدىم. بۇمۇ كۇنمۇ؟ مەن بىر ئوغۇل بالا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى قىلالمىسام، ئۇلارنى ئۆز قولۇم بىلەن يەرلىككە قويالمىسام، مەنمۇ ئادەم بولدۇممۇ؟ ھاياتلىقىدا ھېچكىمگە ئازار بەرمىگەن، مېھرىبان ئائىلە كىشىلىرىم بىر دۆۋە كۇل ئىچىدە ياتىدۇ، شۇڭا ھەسرىتىم بەك كۆپ، يۈرىكىم ھەرە چېقىۋالغاندەك ئېچىشىدۇ. بۇ يەردىكى تۇغقانلىرىم مېنى ئۆيگە بارغىلى قويمىدى، مەن قاچانغىچە مۇشۇكتەك كۆزۈمنى يۇمۇپ ياتىمەن، بۇ بىر ئوغۇل بالىغا لايىق كۇنمۇ، ئۇكام، ئېيتە، مەن زادى قانداق قىلاي؟ ــ دېدى.

ــ مامۇتقارىكا، بۇ ھەقىقەتەن قاباھەتلىك ئىش بوپتۇ، مەن ئىشىك ئالدىلىرىغا بېرىپ ئۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، يۈرىكىم يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىدىلا؟

ــ بۇ يەردە ئانام بىلەن سىڭلىمنى قوغداپ تۇرۇۋاتىمەن...

مامۇتقارى ئائىلە پاجىئەسىنى سۆزلەۋېتىپ، يۈرەكلىرىنى تۇتتى. غەزەپتىن ئۆزىنى تۇختىتىۋالالمىدى، ئاخىرىدا ھەسەنجانغا ئېسىلىپ، يىغانلىق يىغىسىنى بىراقلا تۆكتى. ھەسەنجان بارلىق مېھرى بىلەن مامۇتقارىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئۆزىمۇ يىغىسىنى توختىتىۋالالمىدى. چۈنكى، ھەسەنجان بىلەن مامۇتقارىنىڭ ئون ياش پەرقى بولسىمۇ، ئىككىيلەن بەك يېقىن ئۆتەتتى. سېيىت ھاجى ئائىلىسى ئىلگىرى ھەسەنجانلارنىڭ ئائىلىسىگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەرگەنىدى. شۇ ۋەجىدىن ھەسەنجان مامۇتقارىنىڭ بۇ يەردىلىكىنى بىلىپ ئاتايىن يوقلاپ

كەلگەندى.

— ماموتقاريكا، — دېدى ھەسەنجانمۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — بىز دېگەن ئەركەك، ئادەتتىكى چاغلاردا بىز خاتىرجەم ئىشلەپ، جېنىمىزنى جان ئەتكەن، ئاتا - ئانىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغانىدۇق، ئەمدى يۇرتىمىزنىڭ ھالى خاراب بولۇپ، بىر توپ قاراقچىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراۋاتىمىز، يىغلىمىسىلا، يىغلاش ئەرلەرگە ياراشمايدۇ، مەن مىلتىق تۇتۇپ باقتىم، بۇنىڭدىن كېيىن دائىم تۇتماقچىمەن، گەپ مىلتىقنى قانداق ئىشلىتىشتە قالدى...

بۇ يۇرتتىكى ياش ئەرلەر ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ مۆكۈپ يۈرۈشەتتى، ئاتا - ئانىلىرىمۇ بارلىق مال - مۈلكى، بىساتىنى بېرىپ ئوغۇللىرىنى ئەسكەرلىكتىن قاچۇراتتى، شۇڭا بىر قىسىم كىشىلەر بۇ يەردىن قېچىپ كەتسە، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر چاشقان ئۆۋىسىغا كىرگەندەك قېچىپ يوشۇرۇناتتى، گاھى كىشىلەرنىڭ قاچقىنى سېزىلىپ قالسا، ئۆلۈكلىرى قاغا - قۇزغۇنغا يەم بولاتتى...

— ئۇكام ھەسەنجان، سەن...

— ماموتقاريكا، مەن ھازىر ئات باقىدىغان ئەسكەر، مەن بار يەردە مىلتىق، ئوق - دورا بار، مەن بۇرۇن كەڭ زېمىندا پادا باقتىم، ئات چاپتۇرۇپ يۈردۈم، رەگەتكە بىلەن قۇشلارنى ئۇۋلىدىم، كالتەك بىلەن توشقان تۇتتۇم، ئىشىنىمەنكى، قولۇمغا قورال چىقسا، نىشانغا تەگكۈزەلەيمەن، بۇگۈن سىلىنى ئاتايىتەن يوقلاپ چىقىشىم، ئاللا بۇيرۇسا بىز يەنە كۆرۈشىمىز، كىم بىلىدۇ، كېيىنكى كۈنلەردە بىللە مىلتىق تۇتۇپ قالامدۇق، — دېدى.

— ئۇكام ھەسەنجان، بىز راستتىنلا بۇلارغا قارشىلىق قىلالامدۇق؟ — دەپ سورىدى ماموتقارى ئۇنىڭغا ئۈمىدلىك قاراپ.

— بىز جۈرئەت قىلىپ ئەقلىمىز بىلەن ئىش قىلساقلا چوقۇم بۇلارغا بوزەك بولمايمىز، ھېچبولمىغاندا ئۆچ ئېلىش پۇرسىتىنى تاپالايمىز. مەن ئالدىراش كەلگەنىدىم، سىلىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى، يەنە بىللە بولۇپ قالساق ئەجەب ئەمەس، ھەممىمىزنى خاتىرجەم قىلىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ، ئاكا، شۇڭا غەيرەتلىك بولايلى، خۇدايىمغا ئامانەت، — دەپ يەنە بىر قېتىم قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

ماموتقارى ھەسەنجاننىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، ئەمدى يەنە كۆرۈشەلەرمىزمۇ، دەپ ئويلاپ تۇرۇپ قالدى.

## 4

ماموتقارىنىڭ غەزىپى تېشىپ، ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولغان بولسىمۇ، ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى بۇ كۈنلەردىن ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، كېچە - كۈندۈز ئۇلارنىڭ غېمىنى يېدى، بىرەر شەپىنى ئاڭلىغان ھامان ئۇلارنى گەمىگە كىرگۈزۈۋەتتى.

چىڭقىچۈش ۋاقتى، پۈتۈن يېزا جىمجىتلىقتا چۆمگەن، ھاۋا تىنچىق ئىسسىق ئىدى. ئۇ ھويلىدا شاپاق دوپپىسى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇراتتى، بىردىنلا تام تۆپىسىدە تۇرغان بىر توپ قۇشقاچ گۇررىدە قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ قولاق سېلىۋىدى، بىرنەچچە ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ دەرھال ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى گەمىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدى.

ھويلىغا ھەيۋە بىلەن كىرگەن بىرنەچچە قوراللىق ئەسكەر ئۇنىڭغا قاراپ:

— تۈز ئورنۇڭدىن ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇ خۇشياقمىغاندەك ئورنىدىن تولىمۇ ئاستا تۇردى.

— ئاناڭ بىلەن سىڭلىڭ نەدە؟ — ئارىدىن بىرى ھەيۋە بىلەن ۋارقىرىدى.

— مەن ئانام بىلەن سىڭلىمنى ئىزدەپ كەلسەم، ئۇلار بۇ يەردە يوق ئىكەن، ئارىلىمىغان يېرىم، سورىمىغان ئادەملىرىم قالمىدى، بىراق ئۇلارنى تاپالمىدىم، ھازىرغىچە ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنى بىلمىدىم، — دېدى ماموتقارى يىغلىغان بولۇپ.

— كىمىڭنى ئالدايمەن دەيسەن، ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەي قالامتىڭ، راستىڭنى ئېيت !

— خۇدا ھەققى، مانا بار ـ يوقى ئىككى ئېغىز ئۆي، بىر ئېغىل، ئىشەنمىسەڭلار ئاختۇرۇپ بېقىڭلار، كۆنلىرىم شۇلارنى ئىزدەش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ.

— كىم بىلىدۇ، — دېدى ئۆزى بىلەن بىر مەھەللىدە ئولتۇرىدىغان بىر يالاقچى ئەسكەر، — سەن بۇ يەردە بىزگە قارشى ئادەم توپلاۋاتامسەن تېخى، راستىڭنى ئېيت، بولمىسا...

ماموتقارىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ سەۋر قاچىسى تاشتى.

— سەن بىلەن مەن بىر مەھەللىدە ئولتۇرغان، بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن تۇرۇقلۇق بۇنداق دېيىشىپ كەتمەيلى، بىزنىڭ ئائىلىنىڭ بېشىغا كەلگەن شۇنچە دەھشەتلىك كۈن، دادام، خوتۇنۇم، جاندىن ئەزىز پەرزەنتلىرىمنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىۋاتىمەن، بىر ئىنساننىڭ بېشىغا بۇنىڭدىن ئوشۇق ئېغىر كۈنمۇ كەلمەس، يەنە تېخى...

— باغلا بۇ ئەبلەخنى، — دەپ ۋارقىرىدى ئەسكەر باشلىقى.

ئۇلار ماموتقارىنى ھويلىدىكى ئۈجمە دەرىخىگە چەمبەرچاس باغلىۋەتتى.

— راستىڭنى ئېيت ! بۇ يەردە نېمىش قىلىۋاتىسەن؟ ئۆيدىكىلىرىڭنى نەگە قاچۇرۇۋەتتىڭ؟

— ئۇ ئىككى ئاجىزەنى نەگە قاچۇرالايمەن، ھەممە يەر ئوخشاشلا دوزاخ بولۇۋاتسا، بىلمەيمەن دېدىمغۇ، بىلمەيمەن، مەن ئۇلارنى تاپالماي غەم قىلىۋاتسام، ئاھ خۇدا، بۇ نېمە كۈندۇ ئەمدى؟

— ھەي زۇۋانداراز، گەپ بەرمەي نوچىلىق قىلىسىنا، ھېلى بىكار... — دەپ مۇشت كۆتۈردى ھېلىقى مەھەللىدىشى.

— ئۇنى يېشىڭلار، — دېدى ئەسكەر باشلىقى، — بارىدىغان جايىغا بېرىپ جاجىسىنى بىر يېسۇن !

ئۇلار ئۇنى باغلاقتىن يېشىپ ئاتقا سۆرىتىپ ئېلىپ ماڭدى. يول بويى كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلىپ، يۈز - كۆزلىرى، پۇت - قوللىرى سىيرىلىپ، تېرىلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر يەردە توختاپ، قوللىرىنى يېشىۋەتتى. ئۇ داق يەردىلا بىر كېچە ياتتى، ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ ئەسكەرلىككە تۇتۇلدى.

ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلار ئىچىدە ئون بەش ياشتىن ئەللىك ياشقىچە بولغانلار بار ئىدى. ئۇ مانا شۇ كۈندىن باشلاپ بىر زۇلمەتلىك دۇنيانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاشقا باشلىدى. ئۇ يەردىكى زۇلۇم، ئۆلتۈرۈش، چېپىش، قىيناشلار ئاتتەك كۈچلۈك، قاپ يۈرەك ئادەمنىمۇ تۇگەشتۇرۇۋېتەتتى.

بىر كۈنى ئۇ قازىخانىغا مۇھاپىزەتكە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئىشلارنى كۆرۈپ ئىخمۇ چۆچۈپ كەتتى. بىر ئەسكەر ئوغرى دەپ مەيدانغا ئېلىپ چىقىلغانىدى، ئۇ ئوتتۇرا بوي، قارامتۇل، قاپقارا بۇرۇت - ساقاللىرى ئۆزىگە ياراشقان قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى كىشى ئىدى.

جازا باشلاندى، ئىككى ئەسكەر ئۇنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ تەييار قىلدى.

— بۇ ئوغرى، شۇڭا ئۇنىڭ بارماقلىرىنى كېسىپ تاشلاش كېرەك، — دېدى قازىئاخۇنۇم.

— مەن ئوغرى ئەمەس، ھېچكىمنىڭ بىر تىيىنلىق نەرسىسىنى ئالغىنىم يوق، پەقەت كوچىدىن بىر چەندازا تېپىۋالدىم شۇ، ئۇنى ئېچىپ تۇرۇشۇمغا مېنى ئۇلار ئوغرى دەپ ۋارقىرىدى.

— ئەمىسە نېمىشقا ئۇنى ئوڭ قولۇڭ بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، بۇنى تېپىۋالدىم، بۇ كىمنىڭ، دەپ ۋارقىرىمىدىڭ؟ — دېدى قازىئاخۇنۇم.

— ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگۈرمىدىم، قازىئاخۇنۇم، ماڭا رەھىم قىلسىلا، ئوغرىلىق بىلەن بىر نەرسە تېپىۋېلىشنىڭ پەرقى بار.

— ھەي ئوغرى، — دېدى قازىئاخۇنۇم غەزەپ بىلەن، — سەن تېخى ھالال بىلەن ھارامنى بىلمەيدىكەنسەن، شۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن جازاغا تارتىلىسەن، بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، قازىئاخۇنۇم، بايلار خەقنى ئېزىپ، قان شوراپ شۇنچە بايلىققا ئىگە بولىدۇ، يەيدىغانغا ئاغزى، كىيىدىغانغا ئۇستى يوق، نەچچە يۈز مولاپ يېرى، مىڭلاپ ماللىرى بار تېخى. بۇلار ساپ - دىيانەتلىكمۇ؟ ئۆزلىرىچۇ قازىئاخۇنۇم، ئېرى تالاق قىلىۋەتكەن قانچىلىك قىز - چوكانلارنى ئاقلاپ بېرىمەن دەپ يوتقانلىرىغا ئەكىردىلە؟ ھەر كۈنى چەندازىلىرىغا قانچىلىك پۇل كىرىپ تۇرىدۇ؟ تېخى ھە دېسە ئاشۇ بايلارنىڭ، پۇلدارلارنىڭ سۆزىنى قىلىدىلا. ئەجەبا سىلى پاك - دىيانەتلىكمۇ؟ مەن شۇ چەندازىنى ئېچىپلا باققانغا ئوغرى بولۇپ قالامدىم؟

— ئۇر بۇ ئەبلەخنىڭ ئاغزىغا، — دەپ ۋارقىرىدى قازىئاخۇنۇم ئاچچىقى بىلەن تىترەپ، ئۇنىڭ ئاپپاق ساقاللىرى تىترەپ، پېشانىسىدىن مونچاق - مونچاق تەر چىقىپ كەتتى. ئىككى ئەسكەر كېلىپ ئوغرىنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇپ قان قىلىۋەتتى، بىراق «ئوغرى» قورقۇپ قالمىدى.

— سىلىنىڭ قوللىرىدا زاكون تايىقى بار، سىلى بۈگۈن مېنى ئۇرالايدىلا، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىشلىرى مۇمكىن، بىراق ئۇ ئالەمدىمۇ سوراق بار، بۇنى ئويلىشىپ قويسىلا...

قازىنىڭ تاقىتى تاق بولغانىدى.

— ئۇنىڭ بەش بارمىقىنى ئۈزۈۋېتىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى خىرقىراق ئاۋازدا.

ئىككى ئەسكەر ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ، قولىنىڭ بېغىشى ئۈستىدىن زەي شوينا بىلەن بوغۇپ، سول قولىنىڭ بەش بارمىقىنى كېسىپ تاشلىدى، ئۇ شۇ هامان هوشىدىن كەتتى، قان بۇلدۇقلاپ ئاقتى، قولىنىڭ كېسىلگەن جايى ۋاراقشىپ قايناپ تۇرغان مايغا تىقىلدى.

مامۇتقارى بۇنداق دەهشەتلىك جازالاشنى كۆرۈپ ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، يىغىسى بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالدى. بۇ ياۋۇزلۇققا قاراپ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى.

قازىئاخۇنۇم ئۇ بىچارىنىڭ بارمىقىنى شەهەر دەرۋازىسىغا مىخلاپ قويۇشقا بۇيرۇق قىلدى.

قازىخانىدىن چىققاندىن كېيىن بىر كىشى مامۇتقارىغا ئەهۋالنى ئېيتىپ بەردى:

— بۇ ئىشمۇ بىر بايغا يان بېسىش سەۋەبىدىن بولغان، — دېدى ئۇ كىشى ناهايىتى پەس ئاۋازدا سۆزلەپ، — قاسىم تۆگىنىڭ بىر يېقىنىنىڭ يېرى هازىر جازاغا تارتىلغان كىشىنىڭ بەش مو يېرى بىلەن تۇتاش ئىكەن، ئۇ بەش مو يېرىنى قاسىم تۆگىنىڭ يېقىنىغا بېرىشكە ئۇنىماپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭغان بولۇپ، چەندازىنى يەرگە تاشلاپ قويۇپ، ئۇ كىشى ئېڭىشىپ قولىغا ئېلىشىغىلا: «ۋاي ئوغرى، ئوغرىنى تۇتۇڭلار» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئىش مانا مۇشۇنداق، بىچارىگە بەك ئۇۋال بولدى، — دېدى ئېچىنغان هالدا.

بىر كۈنى مامۇتقارى يەنە قازىخانىغا تەرتىپ ساقلاشقا باردى، ئۇ كۈنى مۇنداق ئىش بولدى. شۇ يېزىدىكى بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنى «زىنا قىلىشتى» دەپ قازىخانىغا يالاپ

كىلىشكەندى. ئەرنى نەق مەيداندىلا قىرىق بىر دەررە ئۇرۇپ جازالىدى، يالىڭاچ بەدەنگە تېگىۋاتقان دەررىنىڭ زەربىسى بىلەن ئەرنىڭ دۈمبىسى تىتىلىپ، پۈتۈن يېرى قانغا بويالدى. بىچارە دەسلەپتە ۋارقىراپ، كېيىن ئىنجىقلاپ، ئاخىرىدا جىمىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن باشقىلارنىڭمۇ چىرايى تاتىرىپ، يۈزلىرى لىپىلداپ تىترەپ كېتىشتى.

بىچارە ئايالنى بولسا ياغاچ كۆشەككە سولاپ، كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا شاپاق، تۇخۇم، تاش ئاتتى، توپا چاچتى، بىچارە ئايال بۇ ئالەمدىلا دوزاخ ئازابىنى يەتكۈچە تارتتى.

بىر كۈنى ئالۋان ـ ياساق يىغىدىغان بىرى مامۇتقارىغا ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ سالامەت تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بىراق مامۇتقارىدىن ئەنسىرەپ كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ كەلدى. مامۇتقارىنىڭ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنى كۆرگۈسى، قۇچاقلىشىپ راسا يىغلىغۇسى كەلسىمۇ ئۇنداق قىلالمىدى. ئۇ بۇ يەردە بولۇۋاتقان جازا، ئۆلۈم ۋە ھەر خىل ئازابلار تۈپەيلى ئاچچىقتىن تولغىناتتى، بۇ ئىپلاسلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەم قىلاتتى، بىراق سەۋر ـ تاقەت قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلەتتى.

بىر كۈنى زاپاس ئەسكەرلەر قوراللىرىنى گازارمىدا قويۇپ، ئاتلىرىنى مىنىپ دەريا بويىغا مەشىق قىلىشقا كەتكەندى. ئەسكەرلىككە مەجبۇري تۇتۇلغان، بۇ يەردىكى زۇلۇمغا چىدىمىغان بىر ياش ئەسكەر قورال ئىچىدىن بەشئاتار مىلتىقنى ئېلىپ: «ھەي، مۇشۇنداق ئېسىل قوراللار قولىمىزدا بولغان بولسا، بۇ زالىملارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەسمىدۇق» دەپ مىلتىقنى ئوينىتىشىغا قولى تەپكىگە تېگىپ كېتىپ، تۇيۇقسىز بىر پاي ئوق چىقىپ كەتتى. ئۇ بىچارە قورقۇپ غالىلداپ تىترەپ كەتتى. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىككى ئەسكەر يۈگۈرۈپ كىرىشىگە، ئۇ كۆزىنى يۇمۇپلا

ئىككىسىنى ئېتىۋەتتى ـ دە، چەبدەسلىك بىلەن جاڭگالغا قاچتى. ئارقىدىن يۈگۈرۈپ كىرگەن بىر توپ ئەسكەر ئۇنى قېچىۋاتقان يېرىدىن تۇتۇپ كەلدى، ئاندىن ئاستىغا كۆتەك قويۇپ، ئىككى پۇتىنى تىزىنىڭ ئاستىدىن كالتەكلەپ ئۇستىخانلىرىنى چۇل ـ چۇل قىلىۋەتتى، پاچىقىنىڭ ئۇستىخانلىرى گۆشىنى تېشىپ چىقتى. ئۇ ھوشىدىن كەتكەندە توغراق تۇۋىگە سۆرەپ ئاپىرىپ تىرىك كۆمۈۋەتتى.

مامۇتقارىلارنىڭ ئارىسىدا ئاشۇ يىگىتكە ئوخشاش جىگەرلىك، قىساس ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن يىگىتلەرمۇ بار ئىدى، لېكىن ئىشنى ھەرقايىسى ئۆز ئالدىغا قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق قىلىش ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشەتتى. مامۇتقارى بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان سايىم فۇگۇەن دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ ئەسكەرلەرگە باش بولاتتى، بىر كۈنى مامۇتقارىغا مۇنداق دېدى:

— بۇلار بىزنى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋېلىپ، تۇرپاندىن بۇ يەرگە كەلگۈچە نۇرغۇن ئۇرۇشقا قاتناشتۇق، مەن بىلەن بىللە يولغا چىققانلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ جەستى چۆل ـ جەزىرىلەردە قالدى، ئۇرۇشتا مېيىپ بولغان، پۇت ـ قولى ۋە كۆزىدىن ئايرىلغانلارمۇ قاغا ـ قۇزغۇنغا يەم بولدى. ئۇكا، ۋاقتى كەلگەندە بىزنىڭ جەسىتىمىزمۇ ھامان چۆلدە قالىدۇ دېگىنە، مەن بۇ گۇيلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇشنى ئويلاپ قالدىم، ماڭا ئۈچ كۈندە بىر قېتىم چارلاش نۆۋىتى كېلىدۇ، شۇ چاغدا ئىككىمىز بىللە بارايلى ـ دە، ئىككى كۈن ماڭساقلا باشقا يۇرتقا كىرىپ كېتىمىز، — دېدى.

— قانداق قاچىمىز، تۇتۇلۇپ قالساق بېشىمىز كېتىدۇ، — دېدى مامۇتقارى ئەنسىرەپ تۇرۇپ.

— ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

— قانداق توغرىلايدىلا؟

— چارلاشقا چىققاندا ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قاچىمىز.

— ئىش ئۇنداق ئاسان ئەمەستۇ؟
— ئۇلار ئىككى، بىز ئىككى، بىرگە بىر دېگەن سۆز، قورقۇۋاتامسەنيا؟
— ياق، سايىم فۇگۇەن، مەن قورقمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ گۇيلاردىن قىساس ئېلىشىم كېرەك. ئۇلار دادام، خوتۇنۇم، ئىككى بالامنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلكىمىزنى بۇلاپ، تېخى ئۆيىمىزگە ئوت قويۇۋەتتى، بۇلارنى ئويلىسام، هازىرلا ئۇلار بىلەن ئېلىشقۇم بار. بىراق، ئانام بىلەن سىڭلىمنى ئويلايمەن، يەنە كېلىپ بىز قېچىپ كەتسەك قالغانلار قانداق قىلىدۇ؟ ئۇلار قالغان بىگۇناهلارنى قىرىپ تاشلايدۇ دېسىلە.
— دېگىنىڭ راست، ئۇكا، بىراق بۇ يۇرتتا بىزگە ئارامچىلىق يوق ئەمدى، شۇڭا كەتمەي بولمايدۇ.
— چۈشەنمىدىم، ئاكا، نەگە كېتىمىز؟
— ئەركەشتامدىن ئۆتۈپ كەتسەكلا، بىز ئەركىن ئادەم، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دېدى سايىم مامۇتقارىغا سىنچىلاپ قاراپ.
— دادام ئۇچۇن بۇ يول قوغۇنلۇقنىڭ يولىدەك ئىدى، رەھمەتلىك دائىم شۇ يول بىلەن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ تۇراتتى، سودىسىنى پۈتكۈزۈپلا يېنىپ كېلەتتى، بىراق بىز...
— نېمىگە ئىككىلىنىسەن يەنە؟
— ياق، بىزغۇ ئۆتۈپ كېتەرمىز، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار قانداق قىلىدۇ؟
— ئۇلارنى ئەكېتىمىز دېسەك بۇ ئىش بەك قىيىنغا توختايدۇ، بولۇپمۇ ئاياللار، بۇ بىر باش قېتىنچىلىقى دېگىنە.
— ئاكا، — دېدى مامۇتقارى، — مېنىڭ ئانام، سىڭلىم ماڭا قاراشلىق، ئۇلارنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن.
— قېنى بىر ئامالىنى قىلارمىز، — دېدى سايىم فۇگۇەن.
ئىككىيلەن شۇ گەپلەرنى دېيىشىپ گەمىگە قايتىشتى، بىراق مامۇتقارى كېچىچە زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ھەر كۈنى جاپالىق ئىشلىسىمۇ، شۇنچە چىدىغۇسىز ئىشلارنى كۆرۈپ

تۇرسىمۇ، بىراق قىچىشىنىڭ ئىشىدا زادىلا بىر ئويغا كېلەلمىدى.

— ئۇكام، — دېدى بىر كۈنى سايىم فۇگۇەن، — بىز بۈگۈندىن باشلاپ يۈك توشۇيدىغانلارغا قوشۇلۇپ بىرىمىز بىللە بارايلى، سىنىڭ ئاناڭ بىلەن سىڭلىڭنى، يەنە باشقىلارنىڭ ئەڭ يېقىنلىرىنى ئەكېلىپ، مۇشۇ يەردىكى بىر ئائىلىلىك قىرغىز چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويايلى، ئۇ يەر بىر جىلغا، ئادەم كۆپ ئەمەس، ئۇلار قىرغىزنىڭ ئۆيىدە جان ساقلاپ تۇرسۇن، ۋاقىتنى كەينىگە سوزۇۋەتمەيلى، — دېدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ مامۇتقارىنىڭ يۈرىكى يوغىنىدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر ئارزۇ — بۇ ئىسپلاسلاردىن ئۆچ ئېلىش، قېرىنداشلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئوتى ئۇنىڭغا كۈچ بېرىۋاتاتتى.

بىر كۈنى قاسىم تۆگە مۇشۇ يەردىكى تۇڭگان ئەسكەرلىرىگە سوۋغات ئاچىققانىدى. ئۇلار چارلاشقا كەتكەندە، سايىم فۇگۇەن بىلەن مامۇتقارى ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى.

قاسىم تۆگە خۇددى چوڭ ئىش قىلىۋەتكەندەك ئۇلارنىڭ ئالدىدا كېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆستەڭ بويىدا هاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ قانمىغانمۇ قانداق، يەنە هاراق بۇيرۇدى.

سايىم فۇگۇەن ئىككى شىشە هاراق ئاپىرىپ بەردى، بۇ چاغدا مامۇتقارى تېپىرلاپ قالغانىدى. بۇنى سەزگەن سايىم فۇگۇەن:

— ئۇكام، نېمە ئويلاۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن، قانداق قىلماقچىسەن؟ — دېدى. مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ، غەزەپكە كەلگەن مامۇتقارى:

— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ، — دېدى غەزەپتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

— ئۇنىڭدا كۆپ كىشىنىڭ قان قەرزى بار، بىراق بىز ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قولىمىزنى قان قىلىپ يۈرمەيلى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟
— ئۇ ھاراقنى بولۇشىغا ئىچسۇن، خۇدىنى بىلمىگۇدەك بولغاندا ئۇنى ئۆستەڭگە ئىتتىرىۋېتىپلا ئىشنى پۈتكۈزەيلى.
ئىككىيلەن ئۆستەڭ تەرەپكە قاراپ ماڭدى، قاسىم تۆگە ھاراق بوتۇلكىسىنى كۆتۈرۈپ، ئالجوقا ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، ئۆزىنى بىلمىگۇدەك دەرىجىدە مەست ئىدى. شۇ ئارىلىقتا بىرى چىلىم كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا تۇتتى. ئۇ چىلىمنى قولىغا ئېلىپ خور - خور قىلىپ تارتقانىدى، چىلىمنىڭ سەيخانىسىدىن چىققان ئۇچقۇن قىپقىزىل بولۇپ كۆرۈندى، ئۇ چىلىمنى بولۇشىغا تارتىپ، ئارقا - ئارقىدىن تۈتۈننى ھاۋاغا پۈۋلىدى - دە، «پوك» قىلىپ يەرگە يىقىلدى.
ماۋتقارى بىلەن سايىم فۇگوەن ئۇنى يۆلىگەن بولۇپ، ھېلىقى ئادەمگە ۋارقىرىدى:
— چىلىمنى ئەكەت.
ئۇ ئادەمنىڭ قارىسى يىتىشىگە، ئىككىيلەن قاسىم تۆگىنى كۆتۈرۈپ ئۆستەڭنىڭ چوڭقۇر يېرىگە تاشلىۋەتتى - دە:
— خوش تۆگە، سۇنى قانغۇچە ئىچىپ، ئۆزۈڭنى دوزاختا كۆرگىن، — دېيىشتى كۈلۈشۈپ.
ئەتىسى سايىم فۇگوەن ماۋتقارىغا:
— بىزنىڭ سېپىمىزگە بىر ياش ئەزىمەت قېتىلىدىغان بولدى، ئۇ بەك باتۇر، گېپىدە تۇرىدىغان يىگىت، ئۇنى مەن تالىشىپ ئارىمىزغا ئەكەلدىم، — دېدى.
ماۋتقارى كۆڭلىدە ھەسەنجان بىلەن قاچان ئۇچرىشارمەن، دەپ يۈرگەچكە تەقەززالىق بىلەن سورىدى:
— كېلىدىغان يىگىتنىڭ ياخشى تەرىپىنى بەك قىلدىڭىز، ئۇنى قاچان كۆرىمىز؟
— ئۇ زادى بىر كۆرۈشكە تېگىشلىك پالۋان، ئۆزى كەم سۆز، بىراق گېپىنىڭ ئورانى بار، چىقىشقاق ھەم كېلىشكەن يىگىت.

ئۇ شۇنداق چەۋەندازكى، ئاتنى قوشتەك چاپتۇرىدۇ، كەلگەندە كۆرسەن، ئۇنى چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىسەن، — دېدى.

دېگەندەك، ئەتىسى ئەتىگەندە ھەسەنجان ئات چاپتۇرغىلى چە بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. سايىم فوگوەن بىلەن ماموتقارى ئۇنى كۈتۈۋالدى. مانا شۇ كۈندىن تارتىپ ئىككىيلەن بىللە بولۇپ، بىر - بىرىگە يار - يۆلەكتە بولۇشتى.

ماموتقارى بىلەن ھەسەنجان ئىككى كۈندە بىر قېتىم چارلاشقا چىقاتتى، جاڭگال تەرەپكە بېرىپ كەلگۈچە بىللە بولاتتى، بىراق باشقىلار ئالدىدا يېقىنلىقىنى چاندۇرمايتتى.

## 5

ماموتقارىلار تۇرۇۋاتقان بۇ جاي بوك - باراقسان يېشىللىق، بەئەينى سۈرەتتەك چىرايلىق جاي ئىدى. ماموتقارى دەريا تەرەپكە كېتىۋاتاتتى، ئۇيۇقتىن ھىلال ئاي شەكىللىك قىلىچتەك يىلىنجاپ چىقىۋاتقان قوياشنىڭ ئۈستۈنكى ئەگىمىسى قوم يۈزىگە كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ بۇنداق مەنزىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى بولغاچقا، قوياش كۆتۈرۈلۈپ بولغۇچە تاماشا قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجان بىلەن سوقتى، قوياش بارا - بارا كۆتۈرۈلۈپ كۈچلۈك نۇرىنى يەر يۈزىگە تەكشى سەپكەندە، ھارارەتلىك نۇر ئۇنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇردى.

— ئاھ، — دېدى ئۇ ھەسرەتلىنىپ ئۆز - ئۆزىگە، — بۇ ئاجايىپ بىر جاي ئىدىغۇ، مۇشۇنداق تىلسىمات زېمىنمۇ ھازىر تىنچ ئەمەس، بۇ يەردىمۇ ئوق ئاۋازى تىنچلىقىنى بۇزۇۋاتىدۇ، ئاھ خۇدا، بۇ زېمىننى بۇلغاۋاتقان مۇناپىقلار قاچان يوقىلار؟

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئەسكەرلەر تۇرغان جايغا قايتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ھەسەنجان بىلەن ماموتقارى بىللە

چارلاشقا چىقتى. مامۇتقارى يېڭىلا ئەسكەرلىككە كىرگەچكە بەك ئېھتىياتچان ئىدى، مامۇتقارى ئۆزىگە قاياقتىندۇر بىر غايىۋانە ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ئەنسىرەيتتى. چۈنكى، ئۇ ئانىسى بىلەن سىڭلىسى ئۈچۈن بولسىمۇ ساق تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

— ئۇكام ھەسەنجان، ئەسكەرلىككە تۇتۇلغاننىڭىياقى بېشىڭدىن كۆپ ئىشلار ئۆتكەندۇ - ھە؟ — دەپ سورىدى مامۇتقارى بىر خىل ئەنسىزلىك بىلەن ئەتراپقا قارىۋېتىپ.

— مامۇتقارىكا، بىز مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلدۇق، خەلققە زىيان سالمىساق، ئوقنى جايىغا ئاتساق يەنىلا ئوغۇل بالىدەك ياشىغان بولىمىز. ئەمما، ئەسكەرلىكنىڭ خەتىرى بار، كىمنى ئات دەپ بۇيرۇق قىلسا شۇنى ئېتىش كېرەك، بولمىسا بۇيرۇققا بويسۇنمىدىڭ دەپ بىزنى ئاتىدۇ. بۇ ئىككى كېمىگە دەسسىگەندەك ئىش ئىكەن، سىلى دېگەندەك خېلى ئىشلارنى كۆردۇم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ھەسەنجان، — يۇرتىمىزغا كەلگەن بۇلاڭچىلار بارغانلا يېرىدە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، مال - مۈلۈك بۇلاپ، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، ھېسابسىز ئالۋان - ياساق سېلىپ خەلقنى ياشىغىلى قويمىدى. ھەممە يەردە ئادەمنىڭ ئۆلۈكى، يىغا - زار، ئۇر - يىقىت بولۇپ تۇردى. ئادەملەرنىڭ باشلىرى تاملارغا، دەرۋازىلارغا، كوچىلارغا مىخلاندى. مەن بىللە تۇرغان ياشقا چوڭراق سەپدىشىم بۇ ئىشلارغا چىدىماي ماڭا قېچىپ كېتىش يولىنى كۆرسەتتى.

بىر كۈنى ماڭا پوستتا تۇرۇش نۆۋىتى كەلگەندە بىز قاچتۇق، قاچقاندىمۇ ئۆلەر - تىرىلىشىمىزگە قارىماي تەكلىماكان قۇملۇقىغا كىرىپ كەتتۇق. ھېرىپ كەتكەچكە كىچىككىنە بىر ئېقىننىڭ بويىغا كېلىپ، راسا قانغۇچە سۇ ئىچىپ ئۇخلاپ قاپتۇق. ئۇشتۇمتۇت ئاتنىڭ كىشنىشى ۋە ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، كۆزىمىزنى ئۇۋۇلاپ قاراپ بولغۇچە بىر ئاتلىق تۇڭگان ئەسكەر بىزگە قورالىنى

تەڭلەپ:

— سەن قاچقۇنلار، كەينىڭگە يېنىش، — دېدى. بىز:

— بىز ئۇتۇن كەسكىلى ماڭغانىدۇق، يولدىن ئېزىپ قالدۇق، — دېدۇق.

بىراق، ئۇ بىزنى ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ، يۈگۈرتۈپ ماڭدى. ئالاھازەل ئىككى سائەت ماڭغاندىن كېيىن ئۇ كىچىك تەرەت قىلماقچى بولۇپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى بىزگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، مىلتىقىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، ئۆرە تۇرۇپ سىيگىلى تۇردى. يېنىمدىكى سەپدىشىم كۆپ ئىش كۆرگەن، ئېگىز، قاۋۇل ئادەم ئىدى، ئۇ ماڭا كۆز ئىشارىتى قىلىپ قويۇپلا، ئېتىلىپ بارغان پېتى تۇڭگان ئەسكەرنى كەينىدىن قۇچاقلاپ كۆتۈرۈۋالدى. ئەسكەر ۋارقىرىغىنىچە پۇتى يەرگە تەگمەي تېپىرلاپ كەتتى. ئۇ ماڭا:

— چاققان بول، ئاتنىڭ ئارغامچىسىنى ئەكەل، — دېدى. مەن چەبدەسلىك بىلەن ئاتنىڭ ئارغامچىسىنى ئەكېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ يەرگە ياتقۇزدۇم ـ دە:

— بۇ ئەبلەخنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، — دېدىم. ئۇ:

— بىز بۇ خەق قىلغان ئىشنى قىلساق بولمايدۇ، — دېدى.

— نېمىشقا بولمايدىكەن، بىز ئىنتىقام ئالايلى، — دېدىم ئاچچىق بىلەن.

— بۇنى مۇشۇنداق تاشلاپ قويايلى.

— ياق ! — دەپ ۋارقىرىدىم جان ـ جەھلىم بىلەن، — ئۇمۇ ئازابنىڭ تەمىنى تېتىسۇن !

مەن ئاچچىقىمغا پايلىماي يوغان بىر تال بادرا بىلەن ئۇنىڭ يوتىسىغا كۈچەپ ئۇردۇم، ئۇنىڭ بىر ئۇنى ئاسماندا، بىر ئۇنى يەردە قالدى.

— ئۆل ئەبلەخ، مۇشۇ جاڭگالدا قاغا ـ قۇزغۇنغا يەم بول، — دېدىم ئۆزۈمنى باسالماي. ئۇ گۇي:

— ياق، مېنى يالغۇز قويما، ئېتىۋەت، — دەپ يېلىندى.

ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماستىن يولىمىزغا ماڭدۇق. بۇ چاغدا سەپدىشىم ماڭا:
— بولدى، مەن سىنى، سەن مىنى كۆرمىگەن بولايلى، — دەپ ئۇمۇ ئۆز يولىغا ماڭدى. «يولدا قوشۇلغان ھەمراھ ئەمەس» دېگەن سۆز راست ئىكەن. مەن بىر كىچە يول مېڭىپ قاراڭغۇدا ئەمدىلا ئىشىك ئالدىغا كېلىشىمگە، تۆت دورغا مېنى يەرگە بېسىپ، پۇت ـ قوللۇمنى باغلاپ ئېلىپ ماڭدى. مەن يەنە ئەسكەرلىككە تۇتۇلدۇم.
— قانداق، نوچى، ئۇ يەردىن نېمىشقا قېچىپ كەتتىڭ، ئاسمانغا چىقساڭ پۇتۇڭدىن، يەرگە كىرسەڭ كوكۇلاڭدىن تارتىپ چىقىرىمىز، بىلەمسەن، ئەمدى سەن تۇتۇلغان ئەمەلدارلىرىنىڭ ئوقىدا ئۆلىسەن، باشقا ئامالىڭ يوق، ئەگەرچەندە باشقا يۇرتقا قېچىپ كەتكەن بولساڭ، ئاناڭنى، سىڭلىڭنى سولاپ قىينايتتۇق، — دېدى بىر دورغا.
مەن شۇ ۋاقىتتا ئالدىمدا تۇرغان بۇ غالچىلارنى ئۇرۇپ قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىشنى ئويلىدىم، بىراق ئانامنى، سىڭلىمنى ئويلاپ ئېغىر بىر تىنىق بىلەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.
— ماڭ، ئاۋۇ ئۆيدىكى ئادەمنى ئاچىق، — دېدى دورغىلاردىن بىرى. ئۆيگە كىرسەم، قاراڭغۇ ئۆيدە قولى باغلاقلىق بىر كىشى يەردە يېتىپتۇ، ئۇنى سىرتقا ئاچىقىشىمغا، دورغا بىر جاللاتقا، «ئۇنىڭ بېشىنى چاپ» دەپ بۇيرۇق قىلدى.
قولىغا يوغان قىڭراق تۇتقان، چار ساقال، قوش بۇرۇن، دېۋدەك بەستلىك بىرى ئۇ كىشىنى يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزدى. شۇ ۋاقىتتا ھېلىقى كىشى:
— ئۆلۈمگە رازىلىق بېرەي، ماڭا رەھىم قىلىڭلار، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇۋالاي، سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالاي، — دېدى.
دورغا ماقۇل بولدى. ئۇ كىشى تەرەت ئالغىلى ئېرىق بويىغا كەتتى. مەن ئىچىمدە ناماز ئوقۇيمەن دەپ قېچىپ كەتسە

بولاتتىغۇ، نىمىشقا ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ، دەپ ئويلىدىم. شۇ ئارىلىقتا دورغىنى بىرى چاقىرىۋىدى، ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، جاللات بولسا قولىدىكى كاللا كېسىدىغان يوغان قىڭراقنى يېنىغا قويۇپ بەخىرامان ئۇگدەپ ئولتۇردى. بىر چاغدا ھېلىقى ئادەم ئېرىق بويىدىن شەپە چىقارماي كەلگىنىچە، جاللاتنىڭ بويىنىغا قىڭراق بىلەن چاپتى، ئۇنىڭ بېشى تېنىدىن ئاجراپ يەرگە دومىلاپ چۈشتى، كۆزى ئوچۇق كاللا شۇنچىلىك سۈرلۈك ئىدىكى، ئۇنى كۆرۈپ تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ ئادەم ئىشىكنى تېشىدىن تاقىۋېتىپ، ئاتقا مىندى ـ دە، مېنى كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئاتنى چاپتۇرۇپ كەتتى. ئۇ مېنى خېلى كۆپ ئادەم بار جايغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئاتنى چاپتۇرغىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ ـ دە، ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەن، — دېدى مامۇتقارى.

— ئۇ باتۇر ھەم ئەقىللىق، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەم ئىكەن.

— شۇنداق قىلىپ، سەن ئۇ يەردە قالدىڭ.

— ھەئە، مەن ناتونۇش ئادەملەر ئارىسىدا ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، سىپىلىنى قوغداش ئەترىتىگە تۇتۇلۇپ قالدىم. بۇ يەردە ئات كۈندۈرۈش، يېڭى ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇش، قوماندانلىق ئىشتابىنى قوغداش، ئۇشتۇمتۇت ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىنى قىلىدىكەنمىز.

ئۇلار ماڭا بىر ئات بېرىپ بىرنەچچە كۈن مەشىق قىلدۇردى، ھەرنىمە دېگەنبىلەن كىچىكىمدىن ئات بېقىپ، ئات مىنىپ چوڭ بولغاچقا ماھارەتنى ئاسانلا ئىگىلىدىم. ئات چاپتۇرۇپ قارىغا ئېتىش، چۇۋق چېپىش، باشنى تۆۋەن قىلىپ تىك تۇرۇش، يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئاتقا سەكرەپ چىقىش، قارىغا ئېتىش ماھارەتلىرىنى ئۆگەندىم. بىر ئاي بولاي دېگەندە ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان مەرگەن بولۇپ قالدىم.

www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى مەرگەنلەرنى يىغىپ مۇسابىقىگە سالدى. مۇسابىقە مەيدانىغا ئادەم بويى ئېگىزلىكتە قاتىرىغا قوزۇق قېقىلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇ تولدۇرۇلغان چىنە قويۇپ نىشان قىلىندى. قىسىملاردىن خەنزۇ، تۇڭگان، ئۇيغۇر، موڭغۇل بولۇپ ئىككى يۈزدەك مەرگەن قاتناشتى. ھەربىرىمىزگە بەش پاي ئوق بېرىلدى.

مۇسابىقە باشلاندى. مۇسابىقىدە ئوقنى نىشانغا تەگكۈزۈشتىن باشقا، يەنە چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ تېزلىكى، ئوق ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن زاتورنى تارتىپ، مىشەكنى چىقىرىۋېتىپ قايتا ئوق قاچىلاشقا كەتكەن ۋاقىت ھېسابلىناتتى. مۇسابىقىدە پېشانەم ئوڭدىن كەلدىمۇ ياكى تېخنىكام ياخشى بولدىمۇ، بەش پاي ئوقنىڭ ھەممىسىنى دەل جايىغا تەگكۈزۈپ بىرىنچىلىككە ئېرىشتىم. مەيداندا ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. بىراق، مەن بۇنىڭدىن مەغرۇرلانماستىن ئەكسىچە ۋىجدان ئازابى تارتتىم. ھەر مىللەت جەڭچىلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، بۇ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ ئەسكەرلىرىنى بىر - بىرلەپ يوقىتىپ، خەلقنى زۇلۇمدىن، ئالۋان - ياساقتىن قۇتۇلدۇرغان بولسام، ئەل تىنچلىنىپ، يۇرتىمىز باياشات، مولچىلىق بولسا قانداق ياخشى بولاتتى دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ، ئالدىمدىكى ئەسكەرلەرگىمۇ لەنەت بىلەن قارىدىم، غەزىپىم تاشتى. قېنىم قىزىپ كېتىپ يەنە بىرەرنى ئۆلتۈرۈپ سېلىپ جېنىمدىن ئايرىلماي، دەپ ئويلاپ دەريا بويىغا ماڭدىم. ئۇ يەرگە بېرىشىمغا بىرى ماڭا قاراپ زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجىيىپ:

— سەن چانتۇ بىرىنچىلىكنى ئېلىپ كاتتا ئادەم بولۇپ كەتتىڭ، بىزنىڭ كۆزىمىز قىزاردى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دېدى قاقاقلاپ كۈلگىنىچە.

مەن ئۆزۈمنى زورىمغا بېسىۋالدىم، ئۇنىڭغا گەپمۇ قىلماستىن دەريا بويلاپ تۆۋەنگە ماڭدىم، مۇشتۇملىرىم چىڭ تۈگۈلدى، زادى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم بولمايدۇ، دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە

خىتاب قىلدىم ـ دە، ئارقامغا ياندىم. ئۇنىڭ قولىدا هاراق بوتۇلكىسى، سۇغا چۇشۇپ تازا مەززە قىلىۋاتقانىكەن، مېنى كۆرۈپ:

— هەي هەسەن، ماڭا يەنە بىر بوتۇلكا هاراق سۇنۇۋەتكىنە، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر بوتۇلكا هاراقنى كۆتۈرۈپ كەلدىم ـ دە، ئۇنىڭ قولىدىكى قۇرۇق بوتۇلكىنى ئېلىش ئارىلىقىدا هاراق بوتۇلكىسى بىلەن بېشىغا ئارقا ـ ئارقىدىن نەچچىنى سالدىم، ئۇ ئاۋاز چىقىرىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي سۇغا غەرق بولدى، «ئۆل ئېپلاس» دېگىنىمچە ياتاققا قايتتىم.

— ئۇنىڭ سورىقى بولمىدىمۇ، ئۇكام، — دېدى مامۇتقارى.

— ئەتىسى ئۇ ئېپلاسنىڭ تېنى تۆۋەنكى ئېقىن قىرغاققا چىقىپ قاپتۇ. هەممەيلەن ئۇنى هاراق ئىچىپ ئۆلۈپتۇ، دېيىشتى.

— ئۇ يەردىن قېچىشىڭغا پۇرسەت چىقمىدىمۇ؟

— ئۇ يەرنىڭ ئىنتىزامى بەك قاتتىق ئىدى، ئەسكەرلەردىن ئازراق سەۋەنلىك ئۆتۈلسە ئۇرۇش، باغلاش، ئېسىش، ئاپتاپقا قاقلاش، يالىڭاچلاپ مۇزدا ياتقۇزۇش، دېگەندەك هەر خىل تەن جازاسى بېرىلەتتى، بەزىدە قېچىپ كەتمەكچى بولغان ياكى قاچقانلارنى دەرهال ئېتىپ ئۆلتۈرەتتى.

مەهەللە دوقمۇشلىرىدا، يول ئېغىزلىرىدىلا چارلاش پونكىتلىرى بار ئىدى، بىر قېتىم ئاتمىشتەك ئۇيغۇر ئەسكەر هىندىستانغا كېتىش ئۈچۈن قېچىپتۇ، بۇ چاغدا مەرگەنلەرنى ئۇلارنى قوغلاشقا چىقاردى، بۇلارنىڭ قاتارىدا مەنمۇ بار ئىدىم. قاچقانلارمۇ قوراللانغان بولغاچقا، بىزگە قارىتىپ ئوق چىقاردى، مەن ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىنى خالايتتىم، بىراق قاراپ تۇرسام بولمايدۇ ـ دە، شۇڭا قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئەسكەرلەرنىڭ بىرنەچچىسىنى يەر چىشلەتتىم. ئاخىر ئۇلاردىن يىگىرمىدەك ئادەم ساق قېچىپ كەتتى، ئوندەك ئادەم ئوق يەپ

ئۆلۈپ كەتتى، ئوتتۇزدەك ئادەمنى ساق تۇتۇپ، ئاتقا سۆرىتىپ ئەكېلىپ، قاتار ئولتۇرغۇزۇپ چېپىپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ كاللىسى تام، دەرۋازا، دەرەخلەرگە مىخلاندى. شەھەر ئىچىدە نەگە قارىسا ئادەم كاللىسى، ئاۋامنى قورقۇنچ، ۋەھىمە قاپلىدى. ئۇلارغا يا بۇ يەردە كۈن يوق، قېچىپ كېتەي دېسە تېخى، شۇڭا ئۆيدىن سىرتقا چىقالماي، قانداق قىلىپ جان ساقلاشنى بىلەلمەي، بۇرۇقتۇرما بولۇپ، ئاچ ـ زېرىن ياشىدى، ئاكا.

— دېگەنلىرىڭ راست، ئۇكا، — دېدى مامۇتقارى، — زۇلۇم ئادەمنى قارام، قارا كۆڭۈل قىلىۋېتەمدىكىن دەيمەن. مانا سەن، مەن چوڭ بولۇپ بىر ئادەم تۇگۇل بىرەر پاشىغىمۇ ئازار بەرمىگەنىدۇق، مانا بۈگۈن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمىز، سەن ئۇنى ئۆلتۈرمىسەڭ، ئۇ كېلىپ سېنى ئۆلتۈرىدىكەن.

— شۇ ئەمەسمۇ ئاكا، ئاتا ـ ئانىلار بەك قېينالدى، ئۇلار بالىلىرىمىزنى ئەسكەرلىككە بەرمەيمىز دەپ پۇل ـ ماللىرىنى ئۇ گۇيلارغا بەردى، بىراق ئۇلار مالنى، پۇلنى ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئوخشاشلا بالىلىرىنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ ماڭدى. قالايمىقانچىلىقتا ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ، تىرىك قالغانلار بۇ ئالەمدە دوزاخنى كۆرۈۋاتىدۇ، ئاشۇ غالچىلار، بايلار بولسا مانا مۇشۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەلقنىڭ قېنى، جېنى ھېسابىغا باي بولۇپ، مال ـ مۈلۈك توپلاۋاتىدۇ. بىچارە ئانام بىلەن سىڭلىم مېنىڭ يولۇمغا قاراپ كۆزى تېشىلەي دېدى، ئۇلاردىنمۇ بەك ئەنسىرەپ تۇرىمەن. بۈگۈن ـ ئەتە ئىچىدە ئاشۇ تەرەپكە ئۆتۈپ ئۇلارنى كۆرۈپ كېلەيمىكىن دەيمەن.

— شۇنداق قىل، ئۇكا، ئۇلارنى بىر كۈن بولسىمۇ خاتىرجەم قىلساڭ بەك ياخشى بولىدۇ.

— سىلىچۇ ئاكا؟

— مەنمۇ ساڭا ئوخشاش، سىڭلىم بىلەن ئانامنىڭ غېمىدە، ئۇلارمۇ تولا يولۇمغا قاراپ كۆزى تېشىلدى بولغاي.

ئىككىيلەن ئاتلىق قايتماقتا، كۈن تېخىچىلا كۈچلۈك نۇرىنى زېمىنغا سېپىپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى كۆيدۈرمەكتە، زېمىن كۆيمەكتە، ئىككىيلەننىڭ يۈرىكىمۇ سىقىلىپ، ئوت ـ ئاتەش بولۇپ كۆيمەكتە ئىدى.

قۇرغاق توپا ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان ھاۋا، ياپيېشىل كۆكىرىپ تۇرغان توغراق، قىپقىزىل گۈللىرى بىلەن ئوت يالقۇنلىرىنى ئەسلىتىپ تەكلىماكاننى بېزەپ تۇرىدىغان يۇلغۇن كۆچەتلىرى ۋە ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى قىلىن بىر قەۋەت چاڭ ـ توزان قاپلىغانىدى.

ئىككىيلەن ئۆز خىياللىرى بىلەن جىمىپ كەتتى. شۇ تاپتا يۈرەكلىرى ھىجران ئوتلىرىدا ئۆرتىنىپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتىشاتتى، ئاتلىرىمۇ ئۇلارنىڭ دەردلىرىگە يەتكەندەك ئېغىر پۇشقۇرۇپ ماڭماقتا ئىدى.

## 6

مامۇتقارى، سايىم فۇگۇەن، ھەسەنجان ئۈچەيلەن ۋاقىت تاپسىلا قېچىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈشتى. ئۇلار ئالدى بىلەن بۇ يەردىكى مالچىلاردىن بىرەرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يول باشلىغۇچى قىلىش، قايسى يول يېقىن ۋە بىخەتەر بولسا، شۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىشنى پىلانلاشتى.

— ئۈچىمىزدىن باشقا ھېچكىم ئۇقمىسۇن، — دېدى سايىم فۇگۇەن، — بۇ باش كېتىدىغان ئىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا ئۆزىمىزنى، ئۆيدىكىلىرىمىزنى قۇتۇلدۇرماقتا يوق، بىزنىڭ جەسىتىمىزمۇ چۆلدە قالدۇ، مەن ئالدى بىلەن مالچى قىرغىزنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقاي.

— بۇ بەك توغرا گەپ بولدى، — دېدى ھەسەنجان سايىم

فۇگۇەنناڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئۆتكەندە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ھىندىستان تەرەپكە ماڭغانلارنى تۇتۇۋېلىپ بىر - بىرلەپ چېپىپ تاشلىدى. بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس، شۇڭا ئۇچىمىزمۇ تۇزۇم بېكىتەيلى، ئارىمىزدىن كىم ئىشنى چاندۇرۇپ قويسا ياكى باشقىلارغا ئېيتسا بىز ئاۋۋال شۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز.

ئۇچەيلەن بىر - بىرىگە قول بېرىشىپ:

— چوقۇم مەخپىيەتلىكنى ساقلايمىز، — دەپ قەسەم قىلىشتى.

ھەسەنجان يېمەك - ئىچمەك ئەكىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ يۇرتقا بېرىپ ئانىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

— ئانا، جېنىم ئانا، — دەپ ئۆزىنى ئانىسىنىڭ باغرىغا ئاتتى ھەسەنجان يىغلاپ تۇرۇپ، — ئەر كىشى تۇرۇپ سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالالمىدىم، سىزنى يالغۇز تاشلاپ كېتىپ قالدىم. قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز؟ سىڭلىمچۇ؟ قىزىمچۇ؟

— بالام، جېنىم بالام، مانا مەن بىر ئوبدان تۇرمامدىمەن، — دېدى ئانا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — سېنىڭ بېشىڭ ئامان بولسىلا مەن خاتىرجەم بولىمەن، ھەرگىز ئۇنداق دېمىگىن، ماقۇلمۇ؟ قىزىڭ رەيھان ماڭا ھەمراھ، ئۇ سېنى بەك سېغىنىدى.

ھەسەنجان ئانىسىنىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە قارىدى، ئانا ئاق رومالىنىڭ ئۇچى بىلەن ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئوغلىغا ھەۋەس بىلەن باقتى ۋە خىيالغا پاتتى: ئوغلۇم كۈچتۈڭگۈر، ئاجايىپ قامەتلىك يىگىت بولۇپ كېتىپتۇ، تىنچ زامان بولغان بولسا ئۇنى ھەرگىز يېنىمدىن ئايرىمىغان بولار ئىدىم، ئامال قانچە، ئوغلۇمنىڭ زەبەردەس چاغلىرى بۇ قالايمىقانچىلىق، ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ...

— ئانا، نېمە ئويلاۋاتىسىز؟

— بالام، سىلەردىن باشقا نېمىنىمۇ ئويلايتتىم، ساڭا

ھەۋەسىم كېلىۋاتىدۇ، خۇدايىم سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن.
ھە راست، ساڭا بىر ئىشنى ئېيتماقچىدىم.
ھەسەنجان ئانىسىغا سوئال نەزىرىدە قارىدى.
— سېنىڭ يوقۇڭدا بىر ئىش قىلىپ قويدۇم، بالام، سېنى خاپا بولمىسۇن دەۋاتىمەن، شۇڭا...
— ئانا، نېمە ئىشتى ئۇ؟ راست، ئەمدى سوراي، سىڭلىمنى كۆرمەيمەنغۇ؟
ئانا كۆز يېشىنى چاندۇرماستىن ئاستا سۈرتۈۋېتىپ، ئېغىر بىر تىنىدى.
— يېقىندىن بېرى قىزلارغا زادىلا ئارامچىلىق بولمىدى، ھە دېسە تۇڭگان ئەسكەرلىرى كېچىسى كېلىپ قىز ـ چوكانلارنى ئەپقېچىپ ئەسكىلىك قىلدى، شۇڭا سىڭلىڭنى ئاچامنىڭ ئوغلىغا نىكاھ قىلىپ چىتىپ قويدۇم.
— ئۇ ھازىر خاتىرجەم تۇرۇۋاتامدۇ؟
— شۇنداق، بالام، مەنمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالدىم، سېنى ئاڭلىسا رەنجىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم.
— ئانا، مەن ئەتە كەچتە سىلەرنى ئېلىپ ماڭىمەن، سىڭلىم بىلەن ئېرىمۇ بىز بىلەن بىللە ماڭسۇن.
ئانا ئوغلىنىڭ باش ـ ئايىغى يوق گېپىگە ھەيران بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى.
— بالام، بىز يىراققا كەتمەكچىمۇ؟
— شۇنداقراق، ئانا، بولمىسا...
— ئاچام ئېرى بىلەن قىزىنى ئېلىپ يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن، خەۋەر تاپساق، ئۇلار ئاۋۋال ھىندىستانغا، ئارقىدىن كەشمىرگە بېرىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ، يېقىندا سىڭلىڭ بىلەن ئېرى يەنە شۇ يول بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىغا كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ.
— ئانا، بۇ بەك خەتەرلىكقۇ؟
— شۇنداقكەن، بالام، ئۇلار مالچى سىياقىدا كىيىنىپ، مال

ھەيدەپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى، بۇرۇنقىلارمۇ شۇنداق قىپتىكەن، ئادەم بەك كۆپ بولۇپ كەتسە ئىش بۇزۇلىدىكەن، شۇڭا ئاز - ئازدىن يوشۇرۇن ئۆتمەكچى، ئۇلارنى ئۆتكۈزۈپ قويىدىغانلارغا پۇل، ئېرىغ مال بېرىدىكەنمىز، تېخى چېگرا ئېغىزىغا كەلگەندە ئاندىن ئالىدىكەن، بۇ ئىش بەك ئىشەنچلىكمىش.

— ئانا، ئۇنداقتا سىزنى مەن ئەكېتەي، مەن سىزدىن ئايرىلالمايمەن، — دېدى ھەسەنجان ئانىسىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

— بالام، بۇ يەرنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا بىز كۆنۈك، سىلەرنىڭ بېشىڭلار ئامان بولسىلا مەن مىڭ مەرتەم رازى. مەن بۇ يېشىمدا يۇرتتىن ئايرىلالمايمەن. سەن قىزىڭنى ئېلىپ ماڭغىن، سىلەر زادى قەيەرگە بارماقچى؟

— ھازىر ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن، بىز خېلى يىراق جايغا بېرىشىمىز مۇمكىن، سىز زادى ماڭمايمەن دېسىڭىز، قىزىم سىزگە ھەمراھ بولسۇن، جاھان سەل ئوڭشالغاندا سىلەرنى يوقلاپ كېلىمەن. ئانا، ماڭا دۇئا بېرىڭ.

ئانا بىلەن ھەسەنجان ئۇزاق مۇڭداشتى، ئۇلار كەچقۇرۇن نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن ئايرىلماقچى بولۇشتى. دەل شۇ چاغدا ھەسەنجاننىڭ ئوغلاپ ياتقان قىزى رەيھان يۇگۇرۇپ چىقىپ ھەسەنجاننىڭ بويىنىغا گىرە سالدى - دە:

— مەنمۇ سەن بىلەن بىللە كېتىمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى.

ئانا بىلەن ھەسەنجان بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى.

— نەگە كېتىسەن، قىزىم؟ — دېدى ھەسەنجان ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— سەن ھازىر بىر يەرگە كېتىمەن دېدىڭ، مەنمۇ بارىمەن.

— ئانام يالغۇز قالمامدۇ؟

— چوڭ ئانام يالغۇز قالمايدۇ، ئاچام، ئاكاملار بىلەن بىللە

كېتىدۇ. مەن سېنىڭ بالاڭ تۇرسام، ماقۇل دېگىنە دادا، — دەپ رەيھان يىغىنى سالدى.

ھەسەنجان نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ تاغدىكى مالچى بىلەن بىللە تۇرغاندا، مالچى قىزى بىلەن ئىككىيلەننى نىكاھلاپ قويغاندى. قىزى رەيھان تۇغۇلۇپ ئىككى ياشقا كىرگەندە خوتۇنى ئۆلۈپ كەتتى، شۇنىڭدىن بېرى رەيھاننى ھەسەنجاننىڭ ئانىسى بېقىپ ئۆستۈرگەندى. قىزىنى ئەكەتسە ئانىسى قانداق قىلار؟

رەيھان يىغلىغان پېتى ھەسەنجانغا چىڭ ئېسىلىۋالدى، ھەسەنجان قىزىنى بىر ھازا بەزلەپ، ئاندىن ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئانا ئوغلىنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ، ئۇنى باغرىغا باستى ـ دە، دۇئاغا قول كۆتۈردى.

ھەسەنجان ئانىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— كىرەملىك ئاللا، مۇشۇ بىر تال ئوغلۇمنىڭ تېنىنى سالامەت قىلغايسەن، ئۆزى يەتمەكچى بولغان يەرگە تىنچ ـ ئامان يەتكۈزگەيسەن، ئامىن، — دەپ ئانا ئوغلىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم قۇچاقلىدى. ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ تەنلىرى تىترىدى، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقتى، ياشلىرى يامغۇر كەبى تۆكۈلدى. ئايرىلىش ھەر ئىككىيلەننى چىدىغۇسىز ئازابقا سالدى.

— ئانا، خۇدايىم بۇيرۇسا سىلىنى كۆرگىلى كېلىمەن.

— ئاللا نىيەتلىرىڭگە يەتكۈزسۇن بالام، ساق ـ سالامەت كۆرۈشكىلى نېسىپ بولسۇن، — دەپ ئانا ئوغلىنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

ھەسەنجان قىزى رەيھاننى باغرىغا بېسىپ، ئۇنىڭ يۇمران، قىپقىزىل مەڭزىگە، پېشانىسىغا سۆيۈپ ئاندىن يەرگە قويدى.

— قىزىم، بارغان يېرىمدىن قايتىپ كەلگەندە سېنى ئەكېتەي، قارا، چوڭ ئاناڭ يالغۇز قالمىسۇن، بولامدۇ؟ —

دېدى. بىراق، قىزى قەتئىي باش چايقاپ:
— ياق، مەن سەن بىلەن كېتىمەن، سېنى بەك سېغىنىپ كېتىدىكەنمەن، بالىلارنىڭ دادىسى بار، پەقەت مېنىڭلا دادام يوق بولۇپ قالىدىكەن، — دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى.

ئانا توختىماي يىغلاۋاتقان نەۋرىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇۋالدى. ھەسەنجان ئاتقا مىنىشىگە، چوڭ ئانىسىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىققان رەيھان قولىنى سانىڭ قانىتىدەك كېرىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋالدى، ئاندىن ۋارقىراپ يىغلاپ، تېپچەكلەپ ئانىنىمۇ، ھەسەنجاننىمۇ يىغلىتىۋەتتى. قىزنىڭ نالىسىگە چىدىيالمىغان ھەسەنجان:

— ئانا، يالغۇز قالىلا، مېنى ئەپۇ قىلىسىلا، قىزىمنىڭ ھالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالاي، — دېگىنىچە قىزىنى ئالدىغا ئېلىپ ئاتنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

ئانا تۇياق ئاۋازى يىراقلاپ، تاكى ئاڭلانمىغانغا قەدەر ئىشىك ئالدىدا كۆز يېشى قىلىپ قاراپ تۇردى.

ھەسەنجان قايتىپ كېلىپ، كېچىسى سايىم فۇگۇەن بىلەن دەريا بويىدا مۇڭداشتى، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ، ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى، پەقەت دەريانىڭ شاۋقۇنى بىلەن ئانچە - مۇنچە ئىتنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

— شۇنداق قىلىپ، قىزىمنىمۇ ئەكەلدىم، ئانام ماڭا دۇئا بەردى، — دېدى ئۇ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — سىڭلىم ھىندىستان ئارقىلىق كەشمىر تەرەپكە ماڭىدىكەن، مەنمۇ كەتسەم بىچارە ئانام يالغۇز قالىدىغان بولدى.

— قانداق قىلىمىز، گاھىلار ئەزىزلىرىدىن ھايات ئايرىلىدۇ، گاھىلار ئۆلۈپ ئايرىلىدىكەن، بىز ھايات ئايرىلىشنى قارار قىلدۇق، بۇ ياشاش ئۈچۈن ئۇكام، ئامان بولساڭ ئاناڭ بىلەن چوقۇم كۆرۈشەلەيسەن.

— مېنىڭ تىلەيدىغىنىممۇ شۇ، ئاكا. ئىشلار قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

www.uyghurkitap.com

— ئىشلار جايىدا، — دېدى سايىم فۇگۇەن خۇشخۇيلۇق بىلەن، — بىر كۈنى مالچى قىرغىزنى ئىزدەپ ئاق ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىشىمگە، ئۆيئىچىدىن بىر قىزنىڭ يىغىسى ئاڭلاندى، كىگىز ئىشىكنى قايرىپ ئۆيگە شۇنداق كىرسەم، ئىش چاتاق، بىزنىڭ مالچى يىگىت قىزغا چېقىلماقچى بولۇپ ئاستىغا بېسىۋاپتۇ، ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، ئۇنى گەدىنىدىن تۇتۇپ تۇرغۇزدۇم ـ دە، يۈزىگە كېلىشتۈرۈپ ئىككى شاپىلاق ئۇرۇپ:

— ئەبلەخ، بۇ نېمە قىلىق ـ ھە؟ سېنىڭ ئاچاڭ، سىڭلىڭ يوقمۇ گۇي، نان بەرگەن ئادەمگە مۇشۇنداق جاۋاب بەرگەن بارمۇ ـ ھە؟ گەپ قىلە، — دېدىم. ئۇ ئالدىمدا لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ:

— مەن توۋا قىلاي، مېنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ باشلىق، سىز مېنى نېمە قىل دېسىڭىز قىلاي، مېنى... — دەپ تۇرۇشىغا قىزنىڭ ئاكىسى ئۆيگە كىرىپ كەلدى ـ دە، ھاڭ ـ تاڭ قالدى. مەن بىزنىڭ مالچى يىگىتكە قاراپ:

— قېنى، بۇ دوستىمىزدىن ئەپۇ سورا، گۇناھىڭنى تىلە، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن، — دېدىم ۋارقىراپ تۇرۇپ. قىرغىز يىگىت سىڭلىسىدىن سورىۋىدى:

— ھېچ ئىش يوق، ئۇ ئادەم ماڭا ئېسىلغانىدى، مۇنۇ باشلىق ئۇنى ئۇردى، — دېدى.

شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى قىزنىڭ ئاكىسىدىن ئەپۇ سوراشقا بۇيرۇدۇم.

— مەن ئۆلەي، گۇناھىمدىن كەچكىن، سىڭلىڭ بىلەن ئوينىشىپ قوپاللىق قىلىپ قويدۇم، بۇگۈن كەچتە قوي ئەكېلەي، سويۇپ يېگىن، — دېدى.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن قىزنىڭ ئاكىسى مېنى بەك چوڭ كۆرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، شۇ كۈنى ئۇنىڭ ئاق ئۆيىدە مېھمان بولدۇق. مەن ئۇنىڭدىن:

— سەن مال ھەيدەپ يۈرۈپ ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ باقتىڭمۇ، — دەپ كوچىلاپ سورىدىم.

— بۇ دېگەن ئەركىن يولغۇ، گاھى شۇ تەرەپلەرگە قوي ھەيدەپ بارىمەن، گاھى يانىمەن شۇ، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلا.

— ئۇ يولنى پىششىق بىلەمسەن؟

— بىزنىڭ بىرنەچچە ئاۋۇلداش قوي باققاچ شۇ يول بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇ يولنى كۆزۈمنى تېڭىپ قويسىمۇ تاپالايمەن، قانداق ئاغاي، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— ياق، ھېچ ئىش يوق، سەن نېمىشقا ئۇلار بىلەن ئۇ ياقلارغا كەتمىدىڭ؟ — دەپ سورىدىم.

— مەن تۇغۇلغاندىن بېرى مۇشۇ يەردە تۇرغاچقا باشقا جايغا بېرىشتىن قورقتۇم، — دېدى ئۇ .

— ئەگەر ۋەزىيەت چىقىپ قالسا يول باشلاپ بېرەمسەن؟

— ئەلۋەتتە، سىز نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلىمەن.

— راست گېپىڭنى قىل، ئەگەر مېنى ئالدايمەن دېسەڭ، جاجاڭ بىر پاي ئوق، ئاۋۇلۇڭغا ئوت قويۇۋېتىمەن، — دەپ ئۇنى قورقۇتتۇم. ئۇ:

— سادىغاڭ كېتەي، جان ئاغاي، مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، مەن خائىنلارغا بەك ئۆچ. ئەگەر كېرەك بولسا مال ـ جانىمنى ئېلىپ، چارۋىلىرىمنى ھەيدەپ سېنى ئاشۇ جايدا كۈتىمەن، ئەگەر خاتىرجەم بولالمىساڭ سېنى دېگەن جايىڭغا يەتكۈزۈپ قويىمەن، — دېدى.

مامۇتقارى ھەسەنجاندىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەم خۇشال بولدى، ھەم سەل ئەنسىرەپ قالدى.

— ئۇ قىرغىز ئىشەنچلىكتۇ ـ ھە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەرھالدا ئېھتىياتچان بولغانغا يەتمەيدۇ، ئىشلارنى يەنىمۇ ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرىمىزغۇ، بىراق بۇ گەپ ئىككىنچى بىرەيلەننىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالمىسۇن، سايىم فۇگۇەنمۇ ياخشى ئادەم، پېشانىمىز ئوڭ كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، مامۇتقارى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پۇرسەت كۈتمەكچى، ۋاقتى كەلسە بىر كېچىدىلا بۇ يەردىن كەتمەكچى بولدى.

ئاردىن خېلى كۈنلەر ئۆتتۈپ كەتتى، مامۇتقارى ئانىسى بىلەن ئۈن بەش ياشلىق سىڭلىسىنى ئەكەلدى. ھەسەنجان ئالتە ياشلىق قىزىنى قوشۇپ ئۈلارنى قىرغىز مالچىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، ئۈلارنى سىرتقا چىقماسلىقا، بۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن تولا پاراڭلىشىپ كەتمەسلىككە، گەپ ـ سۆزگە دىققەت قىلىشقا قايتا ـ قايتا تاپىلىدى.

ئاۋغۇست ئېيى، كۆز كىرەي دەپ قالغىنىغا قارىماي بۇ يەرلەر خۇددى تونۇردەك قىزىپ، قۇمدا تۇخۇم قويسا پىشقۇدەك، چۆگۈندە چاي قويسا قاينىغۇدەك بولۇپ كەتكەندى. كىچىكىدىن مۇشۇ قۇملۇقلاردا يالاڭ ئاياغ مېڭىپ ئۆگەنگەن بالىلارمۇ بۇ ئىسسىققا چىدىيالمىدى. ھۆپ ـ ھۆپ ئىسسىقتا ئادەمنىڭ نەپىسى قىسىلىپ، يۈرەكلەر كۆيمەكتە ئىدى. تومۇز ئاسمىنىدا بىرەر پارچە بۇلۇتمۇ يوق، قۇشلار ئاپتاپتىن قاچقان بالىلاردەك ئۆۋىلىرىغا كىرىپ كېتىشكەنىدى. ئاسماندا ئۇچار قانات، يەردە قۇرت ـ قوڭغۇزلارمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ئەسكەرلەر ئانىدىن تۇغما بولۇشقا ئاز قالغان، چىپ ـ چىپ تەرلەپ كەتكەن بەدەنلىرىنى ھۆل لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ، بۇ يەرنى «دوزاخ» دەپ تىللىشاتتى.

بىر كۈنى كۆتەكتەك سېمىز تۆڭگان باشلىق سايىم فۇگۇەننى چاقىرىپ ئايرىم پاراڭلاشتى. ئۇ:

— سايىم فۇگۇەن، سىز ئوبدان ئىشلەۋاتىسىز، بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. يېقىندا يۇقىرىدىن بىرنەچچە باشلىق خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلمەكچى، تازا ياخشى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلايلى، ئۇلارغا كاتتا زىياپەت بېرەيلى، — دېدى.

— قېنى ئېيتىڭ، نېمىلەرنى تەييارلايمىز، — دېدى سايىم فۇگۇەن.

— تەكشۈرۈشكە كېلىدىغان بەش كىشى بولغان بىلەن ئۇلارنى قوغداپ يىگىرمىدەك ئادەم بىللە كېلىدۇ. ئىككى كالا، ئون قوي، ھاراق، يەنە نازۇنېمەتلەر، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇستا

ئاشپەز كېرەك.

— بولىدۇ، باشلىق، يۇقىرىدىن كەلگەنلەرگە ئەلۋەتتە ياخشى تەييارلىق قىلىمىزغۇ.

— ئۇلار چوڭ باشلىقنىڭ قول ئاستىدىكىلەر، ئۇلارنى ئوبدان كۈتسەك، بىزگە مۇكاپات بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا بىز يىغقان ئاق تەڭگىلەرمۇ، سېرىق ئالتۇنلارمۇ كېرەك، راستىنى ئېيتقاندا، ھەممە ئادەم شۇ پۇل ئۈچۈن جان بېرىۋاتامدۇ، مەنمۇ شۇ، بىراق تارتقان جاپايىمغا قارىغاندا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدىغاندەك قىلىمەن. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئەتىدىن باشلاپ جىددىي تەييارلىق قىلىڭ.

— خوپ، باشلىق، ھەممىنى دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن.

سايىم فۇگۇەن، مامۇتقارى، ھەسەنجان ئۈچەيلەن جىددىي تەييارلىققا چۈشۈپ كەتتى، ھەر كۈنى تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەڭ مۇھىم تەييارلىق كىشىلەرنى تەشكىللەش، شۇ كۈنى كېچىسى ياكى ئەتىسى قولايلىق پەيت تاللاش ئىدى.

ئۇ كۈنى بىرنەچچە ئاشپەز بىلەن مامۇتقارى ھۈنىرىنى كۆرسەتتى. مامۇتقارى نان يېقىش، سامسا، گۆشگىردە، گۆشنانلارنى پىشۇرۇشقا ئۇستا ئىدى، ئۇ تونۇر بېشىدىن چۈشمەي ئىشلەپ كەتتى.

— مامۇتقارىكا، قورساقتا ھۈنەرلىرى جىقكەن - ھە؟ — دېدى ھەسەنجان ھەيران بولۇپ.

— شۇنداق، ھەسەنجان، مېنىڭ نېمىشقىدۇر نان يېقىشقا ھەۋىسىم بار دېسە، ئۆيدىمۇ ناننى ئۆزۈم ياقاتتىم، سامسىلارنىغۇ ئاجايىپ ئوخشىتىپ پىشۇراتتىم، مۇشۇنداق قوي گۆشى، كالا گۆشى ۋە ياغلارنى كۆرگەندە جېنىم راھەتلىنىپ كېتىدۇ، شۇڭا بۇگۇن ئۆز ئىختىيارىم ئەمەسلا كۈچەپ كەتتىم. بىر ئامال قىلىپ ھېلىقى قىرغىزنىڭ ئۆيىگىمۇ ئانچە - مۇنچە سوڭگۇتۇپ بېرەيلى.

www.uyghurkitap.com

— ئەلۋەتتە، تونۇر كاۋاپمۇ قىلامدىلا؟

— ھەئە، ھېلى پېشقاندا تازا تويغۇچە يەۋېلىپ ماغدۇرىمىزغا كېلىلى. ئۆزىمىزگە باشقىچىرەك قىلىمىز، ئۇ گۇيلارغا دورا ـ دەرمانىنى ئۆلگۇدەك سېپىۋېتىمىز.

ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قاراپ مەقسەتلىك كۇلۇپ قويدى.

مېھمانلارنى ياخشى كۇتۇۋېلىش ئۇچۇن ئۆستەڭ بويى تەرەپتىكى كەڭرى جايغا ئورۇن راسلاندى. داستىخانغا نان، مېۋە ـ چېۋە، قوغۇن ـ تاۋۇزلار لىق تىزىلدى. قوي، كالىلار سويۇلۇپ، تونۇر كاۋىپى، سامسىلار پىشۇرۇلدى. چۈشتە باشلانغان زىياپەت تاكى ئاخشامغىچە داۋاملاشتى. ئۇلار قول ـ قولىغا، پۇت ـ پۇتىغا تەگمەي يۈگۈرۈپ يۈرۈپ مېھمانلارنى رازى قىلدى. كاۋاپ، سامسىلارنى قارىمۇچ بىلەن مەجۇن ئارىلاشتۇرۇپ شۇنداق تەملىك پىشۇرۇشتىكى، ئۇ ئاچ قالغانلار كاۋاپلارنى يەپ تويمىدى، كەچكىچە قارنى يېرىلغۇدەك يەپ، ھاراقلارنى ئۆلگۇدەك ئىچىپ، ھەممىنى ئۇنتۇپ شادلىنىپ، كەچ بولغاندا مەلەق ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئىشىك ئالدىدا قالغان تۇڭگان، خەنزۇ، موڭغۇل ئەسكەرلەرگىمۇ ھاراق، گۆش، سامسا بېرىلدى. يېرىم كېچىدە پۇتۇن ئەتراپ تىمتاس بولۇپ كەتتى. بۇ يەردىكى كۆزەتچىلەرمۇ مىلتىقىنى تۇتقىنىچە غەرق ئۇيقۇغا كېتىشتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى تاماقتا سېلىنغان مەجۇننىڭ كارامىتىدىن ئىدى.

ئۇلار ئالدى بىلەن ئوق ـ دورا، مىلتىقلارنى بىر ھارۋىغا بېسىپ يولغا سالدى، ئاندىن قىرغىز مالچىنىڭ يول باشلىشى بىلەن جەمئىي يىگىرمىدەك ئادەم يولغا چىقتى. يول باشلىغۇچى قىرغىز ئۇلارنى قويۇق جىغانلىق چىغىر يوللار بىلەن تاڭ سەھەرگىچە چېگراغا يېقىن جايغا ئەكەلدى. ئۇ يەردىمۇ ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئازراق ئارام ئالغاچ قورال ـ ياراغلارنى بىر ئازگالغا تاشلىۋېتىپ، ئاندىن داۋاملىق ماڭدى، ھەممە كىشى

ناھايىتى جىددىي، ئۇن ـ تىنسىز كېتىۋاتاتتى. سايىم فۇگۇەن بىلەن مامۇتقارى بىردەم ـ بىردەم كەينىگە قارايتتى، چۈنكى ھەسەنجان ئەسكەرلەر بار جايغا ئوت قويۇۋېتىپ ئاندىن ئۇلارغا يېتىشىۋالماقچى بولغانىدى. ناماز دىگەر ۋاقتى بىلەن ئۇلار ئۆستەڭ بويىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرغاندا ھەسەنجان ئاتلىق يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ چىرايىغا ئاجايىپ بىر خۇشاللىق تەپكەنىدى. ئۇ:

— گەمە، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ، ئوق ـ دورا، كىرسىنلارنى تۆكۈپ ئۇ يەرنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋەتتىم، ئىشقىلىپ، ئۇ يەردىن ساق چىقىدىغانلار يوق، كېلىۋېتىپ ئارقامغا قارايمەن، ئوت يالقۇنى كېچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى، — دېدى قاتتىق ھاياجانلىنىپ.

— باتۇر يىگىتقۇ سەن، ئۇكا، ئىلاھىم، ئۇلارنىڭ ئاشۇ سېسىق تېنى كۆيۈپ كۇلگە ئايلانغاي، خەلققە سالغان زۇلمى ئۈچۈن بۇ دۇنيادا دوزاخ ئوتىدا كۆيگەي، — دېدى سايىم فۇگۇەن ھەسەنجاننى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

— قوراللارچۇ ئاكا؟

— ئازگالغا تاشلىۋەتتۇق.

## 7

تۇن نىسپى، ھىلال ئاي يەر يۈزىگە سۈتتەك ئاپپاق نۇرىنى سەپكەن، ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان، ھاۋا خېلى سالقىن بولغاچقا ساپ ۋە راھەتبەخش ئىدى. سايىم فۇگۇەن بىلەن قىرغىز مالچى يىگىت يول باشلاپ ماڭدى، ئەر ـ ئايال ھەممىسى ئېھتىيات بىلەن شەپە چىقارماي ئىتتىك كېتىۋاتاتتى. ئەتراپ ئاجايىپ تىمتاس، جىمجىت، پەقەت ئاياغ ئاستىدىكى قۇرۇق ئوتلارنىڭ غىرسىلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ

تۇراتتى. قورقۇنچ ۋە ئەندىشە بىلەن كېتىۋاتقان بۇ بىر توپ كىشىنىڭ يۈرىكى ئېگىز ـ پەس سالاتتى، ھالسىرايتتى. ئۇلار ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قوغلاپ كېلىپ تۇتۇۋېلىشىدىن، ئۇرۇپ ياردار قىلىشىدىن ئەمەس، بەلكى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈش ئەندىشىسىدىن يۈرەكزەدە ئىدى.

— توختاڭلار، — دېدى يول باشلىغۇچى قىرغىز يىگىت، — ئاۋازىڭلار چىقمىسۇن، يۆتەلمەڭلار، چۈشكۈرمەڭلار، تۆت ـ بەشتىن بولۇپ ئولتۇرۇپ دەم ئېلىڭلار، مەن سايىم فۇگۇەن بىلەن يولنى كۆرۈپ كېلەي.

ئىككىيلەن يېتىلىۋالغان ئاتنى مىنىپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ يەردە قالغانلار تىنىق چىقىرىشتىنمۇ قورقۇپ، چۆپ ئۈستىدە ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇشتى. خۇددى ھاياتلىق بىردىنلا توختاپ قالغاندەك، ئەتراپ گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەن، مىنۇت ـ سېكۇنت شۇنداق تەستە ئۆتمەكتە، ئىككىيلەننىڭ يولىغا تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرمەكتە ئىدى.

ئالاھازەل يېرىم سائەتتىن كېيىن ئىككىيلەن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى. ئۇلاردىكى بىر خىل ئۈمىدسىزلىك كىشىلەرنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— يولدا نۇرغۇن ئەسكەرلەر بار ئىكەن، چازا قۇرۇپ يول ئېغىزىنى ساقلاۋېتىپتۇ، شۇڭا يەنە بىر يول بىلەن ماڭىدىغان بولدۇق، — دېدى قىرغىز يىگىت. مامۇتقارى سايىم فۇگۇەننىڭ قولىقىغا:

— باشقا ئىش يوقتۇر ـ ھە؟ — دېدى گۇمان بىلەن.

— ياق، بىز بىللە ھەممە ئەھۋالنى كۆردۇق، ئەمدى يەنە بىر يولغا تەۋەككۇل قىلماي ئىلاجىمىز يوق.

يول داۋاملاشتى، ھەسەنجان ئالتە ياشلىق قىزى رەيھاننى يۈدۈۋالغانىدى. ئۇلار تىكەنلىك، جىغانلىق ۋە بۇك ئورمانلىقلار ئارىسىدا ناھايىتى تەسلىكتە كېتىۋاتاتتى، ھېچكىم چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. بىر چاغدا يۇلغۇنلۇق بىلەن

توغراقلىق ئارىسىدا پاسىل تام ھاسىل قىلغان كۆرۈمسىز دۆڭ كۆرۈندى. قىرغىز يىگىت:

— ئازراق غەيرەت قىلايلى، مۇشۇ دۆڭدىن ئۆتسەكلا دەريا بويىغا بارىمىز، بىراق يول خېلى بار، تېزرەك ماڭساق بولاتتى، — دېدى.

— بىزنىڭ كېلىشىمىزنى كىمنىڭچى بىلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى ھەسەنجان.

— بىلىدۇ، ئۇ ياخشى ئادەم، ماڭا ۋەدە بەرگەن، تاكى بىز كەلگۈچە ساقلىماقچى بولغان.

— ئىلاھىم دېگىنىڭ كەلسۇن، يىگىت.

— قورقماڭ، ھەسەنجان، ئۇ ئادەم ناھايىتى ئىشەنچلىك، ئۇ مەندىن مال ئالىدۇ، بۇ قېتىم مەن ئۇنىڭغا مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بەش قوي بەردىم.

— ئۇنداقتا ياخشى، تۇغقانلار، سەل تېزرەك ماڭايلى، — دېدى ھەسەنجان كىشىلەرنى ئالدىرىتىپ.

ئۇلار بىردىنلا غەيرەتكە كېلىپ، مەنزىلگە تېزرەك يېتىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك مېڭىشتى، چۈنكى تاڭ يورۇشقا ئاز قالغان، يەنە ئىككى سائەتلىك يول باسىدىغان ئىش ئىدى.

ئاياللار ئالدىراپ ماڭغانلىقتىن ھاسىرايتتى، دېمى يېتىشمەيتتى. ئەرلەر بولسا دولىسىدىكى تاغار، خۇرجۇنلىرىنى بىردەم - بىردەم ئۇستۇن قىلىپ، تېخىمۇ ئىلدام مېڭىشقا ئالدىرايتتى.

ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق، يۈرەكنى سىقىدىغان بۇ كېچە ئاخىر ئاياغلاشتى. ئۇلار سۈبھى بىلەن تەڭ مەنزىلگە يېتىپ كېلىشتى. دېگەندەك، دەريا لېۋىدە بىر كېمىچى بۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار كېمىگە چىقىپ ئۇ قاتقا ئۆتۈۋالسىلا ئىش ئاسان بولاتتى، شۇڭا ھەممەيلەننىڭ چېھرىدە ئۈمىدتىن پەيدا بولغان شادلىق غىل - پال ئەكس ئېتىپ قالدى.

ئالدى بىلەن سايىم فۇگۇەن كېمىگە چىقتى، ئاندىن ئەرلەر ئاياللارنى ۋە بالىلارنى بىر ـ بىرلەپ كېمىگە چىقىرىپ بولۇپ ئارقىدىن ئۆزلىرى چىقتى. بىراق، جىددىيلىك تېخى بېسىلمىغان، يۈرەكلەر يەنىلا ئەنسىز سوقاتتى، كېمىنىڭ ھەربىر چايقىلىشىمۇ ئۇلارنى يۈرەكئالدى قىلاتتى، ئىشتىن چاتاق چىقسىلا ئۇلارنىڭ تۇگەشكىنى شۇ ئىدى. مانا بۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت، ھايات ـ ماماتلىق جېڭى ئىدى. ئەگەر كېمە ئۆرۈلۈپ كەتسە سۇغا غەرق بولاتتى، ئەگەر دۈشمەنگە تۇتۇلۇپ قالسا ئوق زەربىسىدە بۇ دۇنيادىن كېتەتتى. بىراق، ھاياتلىق، ياشاش ئارزۇسى ئۇلارنى جان تىكىشكە مەجبۇرلىماقتا ئىدى.

ئەھۋال ئەنە شۇنداق. يۇرتتىكى قىرغىنچىلىق، زۇلۇم دەستىدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشكەن، بۆرىگە ئۇچرىغان قوزىدەك ئۈركۈپ كەتكەن سان ـ ساناقسىز كىشىلەر جان قايغۇسىدا تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشقا مەجبۇر بولغانىدى. بەزىلىرى ئۆڭكۈرلەرگە يوشۇرۇنسا، بەزىلىرى چۆللەردىن ئورۇن ئالغانىدى، يەنە بەزىلىرى ئۇزاق سەپەرلەرگە ئاتلىنىپ ھېرىش، چارچاش، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن جەسىتى چۆل ـ جەزىرىلەردە قالغانىدى. ئىگىسىز قالغان خەلقنىڭ ئۆي ـ ماكان، مال ـ دۇنيالىرى تالان ـ تاراج قىلىنىپ، ھاياتىمۇ ئاخىرلاشتى. قىسقىسى، قاتتىق زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق جان قايغۇسىدا تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتمەكتە ئىدى. ئۇلارغا ھەر دائىم خەۋپ ـ خەتەر ھەمراھ ئىدى...

كېمە قىرغاققا يېقىنلىشىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق، خاتىرجەملىك ئەكس ئەتتى. خۇددى بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەت، زۇلۇم ـ سىتەمدىن بىراقلا قۇتۇلغاندەك يۈرەكلىرى جايىغا چۈشتى. گەرچە يۈز ـ كۆزلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى توپا باسقان، ئاياغلىرى لاي ـ پاتقاق بولسىمۇ، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.

ئاخىر كېمە چايقىلىپ قارشى قىرغاقتا توختىدى. ئۇلار بىر ـ بىرلەپ كېمىدىن چۈشۈپ ئىككى يۈز قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن ھارغىن تېنىنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن يەرگە ئولتۇرۇشتى. ئەنە شۇ چاغدا مامۇتقارىنىڭ ئانىسى:

— بالام، بىز قايسى يۇرتقا كەلدۇق؟ — دەپ سورىدى گۇمانسىراپ.

— ئانا، بىز سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىغا كىردۇق.

— ھېلىقى لېنىن، ستالىن دېگەن باشلىقى بار دۆلەتمۇ، دېمەك، بۇ بىزنىڭ يۇرتىمىز ئەمەسكەن ـ دە؟

— ئانا، يۇرتىمىز ئارقىدا قالدى، بۇ يەردە بىزنى ئەمدى بايلار، بۆلاڭچىلار، قانخور ئەسكەرلەر بوزەك قىلالمايدۇ.

ئانا ئوغلىغا شۇنداق ئاچچىق بىلەن قارىۋېتىپ:

— بىز باشقا دۆلەتكە قېچىپ چىقتۇق دېگىن، ۋاي ئەخمەق، ۋىجداننى ئىت يەپ كەتكەنلەر، داداڭ دۇنيانى نەچچە ئايلىنىپ، مەككە، مەدىنىگە بېرىپمۇ ھەرگىز باشقا يۇرتتا قالمىغانىدى، ئەمدىزە مەن ياقا يۇرتتا قالامدىم، ئانام كۆرمىگەن، ئاتام كۆرمىگەن يۇرتتا بىزگە نېمە بار؟ — دېدى تەئەددى بىلەن.

— ئانا، ئۆزلىرىمۇ بىلىدىلا، بىز بەك جاپا تارتتۇق، جاندىن ئەزىز مېھرىبانلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق، ئەمدى بۇ يۇرتقا بېرىپ تىنچ ـ ئامان ياشىساق بولىدۇغۇ.

— ھەي جېنىم بالام، نەگە بارساق قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، جاھاندا پەقەت بىزلا رىيازەت چېكىۋاتامدۇق؟ بىزلا زۇلۇمغا ئۇچرىدۇقمۇ؟ خەق نېمە بولسا بىزمۇ شۇ بولار ئىدۇق. تىرىكلىكمۇ، ئۆلۈممۇ ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش، بالام...

— ئانا، مېنىڭمۇ يۇرتتىن ئايرىلغۇم يوق ئىدى، لېكىن ھېچبىر ئىلاج قىلالمىدۇق. دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئىنساننىڭ رىزقى ـ نېسىۋىسى بار، بۇ يەرگە كېلىپ بولدۇق، ئەمدى

بىرنەچچە ۋاقىت تۇرۇپ باقايلى، كۆنەلمىسەك يەنە قايتىپ كەتسەك بولىدۇغۇ. مەن سىلىنى ئۆمۈرۋايەت يېنىمدىن ئايرىماي خىزمەتلىرىدە بولىمەن، ئانا، خۇدالىق ئۈچۈن مۇشۇ بىر قېتىم مېنىڭ لەۋزىمنى ئىلىك ئالغان بولسىلا، جېنىم ئانا، ماقۇل دېسىلە بولامدۇ؟

ماموتقارى ئانىسىغا ئۈمىد، ئارزۇ ۋە ئاجايىپ بىر تەشۋىشلىقتا قارىدى. ئانىنىڭ ئوغلىغا ئىچى ئاغرىدى، ئۇ بىردىنلا بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ ئەندىكىپ كەتتى.

— ماقۇل، بالام، يېنىڭدىن ئايرىلماي سەن بىلەن بىللە ياشايمەن، جېنىم بالام، يۆلەنچۈكۈم، باققۇچۇم بالام، — دەپ ماموتقارىنى قۇچاقلاپ، قۇلىقىغا شىۋىرلىدى.

— ئانا، نېمە دېدىلە؟

— بالام، پاختىلىق كەنجەرىم كېمىدە قاپتۇ، ياقا يۇرتقا قۇرۇق قول چىققان بىلەن جاپادا قالىمىز، كەنجەرىمنىڭ ئىچىدە خېلى يىللار يەتكۈدەك دۇنيا-دەپىنە بار ئىدى، مەن كەينىمگە يېنىپ شۇنى ئەكىلىۋالاي، — دېدى شىۋىرلاپ تۇرۇپ.

— جېنىم ئانا، خوش بولۇپ كېتەي، جان تەندە بولسا پۇلنىمۇ تاپارمىز، كەينىلىرىگە يانمىسىلا، بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالمايلى، زادى ئۇنىمىسىلا مەن باراي، بولامدۇ؟

— بولدى، بالام، كېمە كۆرۈنۈپ تۇرامدۇ، ئۇنچىۋالا مالنى تاشلاپ كەتسەك بولمايدۇ، ئەنسىرىمىگىن، ئالدىمچە بېرىپ، كەينىمچە يانىمەن، هازىرلا كېلىمەن...

ئانا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ شامالدەك تېزلىكتە يۈگۈرۈپ كەتتى، ئەللىك ياشقا كىرگەن ئانا خۇددى كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان ياش جۇۋاندەك يۈگۈرۈيتتى. هەممەيلەننىڭ كۆزى ئانىدا، هەربىر سېكۇنت، هەربىر مىنۇت شۇنداق تەستە، ناهايىتى ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى، بىچارە ماموتقارى دەككە-دۈككىدە پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تۇرالماي قالدى.

ئاھ، ئۇ، ئانىنىڭ بۇياققا قاراپ يۈگۈرگەنلىكىنى كۆردى ـ ده، چىرايى يامغۇردىن كېيىنكى قۇياش نۇرىدەك پارلىدى.

ئانىنىڭ قولىدىكى قارا پاختىلىق كەنجەر توختىماي پۇلاڭلايتتى. ھەممەيلەننىڭ خۇشلۇقى چىرايىغا تەپتى، ئانىنىڭ يۈگۈرۈشلىرىگە مەستلىكى كېلىپ قاراشتى. توساتتىن قۇلاقنى يارغۇدەك «پاڭ» قىلغان ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ ئانا كېتىۋاتقان يېرىدىن قاڭقىپ كۆتۈرۈلۈپ يەرگە پاختىدەك يەڭگىل چۈشتى.

«ئانا!» دېگەن ئاۋاز كۈچلۈك ئەكس سادا قايتۇرۇپ يەر ـ جاھاننى لەرزىگە سالدى.

دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۈچ ئاتلىق چارلىغۇچى كۆرۈندى.

مامۇتقارى ئانىسىنىڭ يېنىغا قاراپ يۈگۈرمەكچى بولىۋىدى، بىرنەچچەيلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى. بىردىنلا ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ، يامغۇر شارقىراپ يېغىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى چۆپ سۇزمە، كۆز ياشلىرى بىلەن يامغۇر سۈيى قوشۇلۇپ كەتتى.

بىرئازدىن كېيىن ئانىنى كۆتۈرۈپ مامۇتقارى كەلدى، ئانىنىڭ ئاپپاق مىسقال داكا رومالى، ئاق چۈچۈنچە كۆڭلىكى قانغا بويالغانىدى.

بىرنەچچە ئەر دۆڭدىكى توپىنى كولاپ، ئانىنى يەرلىكىگە قويدى ـ ده، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق دۇئا قىلىشتى.

— مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي!

— مەرھۇمنىڭ يەرلىكى مۇشۇ يەرگە نېسىپ بوپتىكەن.

— ئاللانىڭ ھەممە يېرى ئوخشاش.

— مەرھۇمنىڭ روھى ئەمىن تاپقاي!

ھەممەيلەن قاتار يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. ئەمدى بۇ يەردە تۇرىۋېرىشكە بولمايتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئاكا، — دېدى قىرغىز يىگىت ماموتقارىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، — تەقدىر شۇنداق ئىكەن، تەقدىرگە تەن بەرمەي ئىلاجىمىز يوق، مەنزىلگە يېتىش كېرەك.

ماموتقارى بىلەن سىڭلىسى ئايىمنىڭ يىغىسى يۈرەكلەرنى ئەزدى. بۇ ئائىلىگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. ماموتقارى دادىسى، خوتۇنى، جاندىن ئەزىز ئىككى ئوغلى، مانا ئەمدى ئانىسى بىلەن قوشقاندا بەش مېھرىبانىدىن ئايرىلدى، ئۇنىڭ يۈرىكى ھىجران ئازابىدىن لەختە ـ لەختە قان بولدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى، روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بىھوش بولاتتى.

— ئاكا، جېنىم ئاكا!

— سىڭلىم، سىڭلىم!

ئىككىيلەن بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ ياش تۆكەتتى، كۆز ياشلىرى توختىمايتتى.

— قانداق قىلىمىز، قازاغا رىزا دەپتىكەن، سەۋر قىلايلى.

— بىز دېگەن بەندە، ئاللاتائالا ئۆزى بەردى، ئۆزى ئېلىپ كەتتى، مەرھۇمغا دۇئا قىلايلى.

كىشىلەر كۆپ تەسەللى قىلدى. ئۇلار كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتتى — ئەركەشتامدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىغا قەدەم قويدى.

بۇ بىچارىلەر قورقۇش، تىترەش، گۇمانسىراش بىلەن جاننى قولىغا ئېلىپ كىشىنىڭ يۇرتىغا كەلگەنىدى. ئۇلاردىكى جىددىيچىلىك، ئەنسىزلىك، ئاچلىق، ھېرىش ـ چارچاش ئەمدىلىكتە ئۇلارنى بىراقلا يەرگە يىقىتقانىدى. ئۇلار ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلىنىپ، يەرنى سېلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى. سايىنىڭ تېشىدەك ياتقان بۇ ئادەملەر شۇنچە بەخىرامان، شۇنچە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. قايسىدۇر بىرى چۈشەكەپ كۈلسە، يەنە قايسىدۇر بىرى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ

ئۇنىسىز يىغلايتتى. تاڭ سەھەردە بەس ـ بەستە سايرىغان قۇشلارنىڭ ئاۋازىمۇ بۇلارنى ئويغىتالمىدى. بىر چاغدا ئۇلار ئۇنلۇك ۋارقىرىغان ئاۋازدىن ئۆندەرەپ تۇرۇپ كېتىشتى. ئالدىدا بويلىرى ئېگىز، ئاق سېرىق، كۆك كۆز، ھەربىيچە كىيىنگەن بىرنەچچە ئادەم تۇراتتى. بۇلار بىرنېمىلەرنى دېدى، ئۇلاردىن گەپ سورىدى، بىراق ئۇلار ھەربىيلەرنىڭ بىر ئېغىز سۆزىنىمۇ ئۇقالمىدى.

ھەربىيلەر قايتىپ كېتىپ، بىرەر سائەتتىن كېيىن پاكار، دوغىلاق كەلگەن، بېشىدا بادام دوپپا، ئۇچىسىدا ئاق كۆڭلەك، قارا تامبال، پۇتىدا كالاچ كىيگەن بىرىنى باشلاپ كەلدى.

— سىلەر نەدىن كەلدىڭلار، نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىدى ئۇ كىشى.

— بىز جەنۇبىي شىنجاڭدىن قېچىپ كەلدۇق، يۇرتىمىزدا ئۇرۇش، قالايمىقانچىلىق بولۇپ كەتتى، — دېيىشتى ئۇلار.

ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ گېپىنى ھەربىيلەرگە ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— سىلەر نېمە كەسىپ قىلىسىلەر؟

— ئارىمىزدا تىككۈچى، موزدۇز، تۇماقچى، ئاشپەز، ناۋاي، چارۋىچى، دېھقان بار.

ئۇ كىشى بىر ئانكېتقا ئۇلارنىڭ ئىسىم ۋە ئەھۋاللىرىنى تولدۇرۇپ بولۇپ، چۈشتىن كېيىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، باشقىلار بىلەن قايتىپ كېتىشتى. چۈشتىن كېيىن بىر ماشىنىدا بولكا، سۈت، نان ئەكېلىپ بېرىپ، ئەتە كۆرۈشەيلى، دەپ يەنە قايتىپ كېتىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە شۇلار كېلىپ:

— نەگە بېرىشنى خالايسىلەر، ئىختىيارىي تىزىمغا ئالدۇرۇڭلار، — دېدى.

— ئەنجانغا بارساق، — دېيىشتى بىرنەچچەيلەن.

— مەن خوتۇنۇم بىلەن قىرغىزىستانغا باراي، — دېدى

قىرغىز يىگىت. قالغانلار بىردەك:

— قەيەرگە بارساق مەيلى، مۇمكىن بولسا بىز تىلىنى ئۇقمىدىغان مۇسۇلمانلار بار جايغا بارساق، بۇنىڭدىن باشقا تەلىپىمىز يوق، — دېيىشتى.

ئۇلار يەنە بىر كۈن ساقلىدى، ئەتىسى ھەربىر كىشىنىڭ ئىسمى چاقىرىلىپ، بارماقچى بولغان جايلىرىغا ئېلىپ مېڭىلدى. ئۇلار مېڭىش ئالدىدا قايتا ـ قايتا قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ، بىر ـ بىرىگە تىنچ ـ ئامانلىق، خاتىرجەملىك تىلىشىپ خوشلاشتى.

مامۇتقارى، سىڭلىسى ئايىم، ھەسەنجان ۋە قىزى رەيھان قاتارلىق ئون كىشى سىر دەرياسى بويىغا ماڭدى.

ئۇلار ئۆزلىرىنى نېمە قىسمەت، نېمە تەقدىر كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى، پەقەت تىنچ ـ ئامان ياشايدىغان بولدۇق، دېگەن بىرلا مەقسەتتە شادلىنىۋاتاتتى.

## 8

ئۇلار ئۇستى ئوچۇق ئاپتوموبىلغا چىقىپ بىر كېچە مېڭىپ، بىر يەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ كەڭرى كەتكەن، يەرلىرى مۇنبەت، سۇلىرى ئەلۋەك جاي ئىدى، ئۇلار بۇ يەرنى سىر دەريا بويلىرى دەپ تونۇشتۇردى. ئۇلار ۋاقىتلىق گەممىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ھەربىر ئائىلىگە قورۇلۇق جاي كېسىپ بېرىلدى.

— كېسەكنى ئۆزۈڭلار قۇيۇپ تەييار قىلىسىلەر، ئۆيلەر ئوخشاش لايىھەلەندى، دېرىزە، ئىشىك ياغاچلىرى تەمىنلىنىدۇ، — دەپ ئۇقتۇرۇلدى.

بۇ يەردە ئۇلاردىن ئىلگىرى كەلگەن كىشىلەرمۇ بار ئىدى.

شۇ ئەتراپتىكى كولخوز ئەزالىرى بىر - بىرلەپ كېلىپ يېڭى كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشتى. بىر موماي كېلىپ ياش تۆكۈپ تۇرۇپ:

— ئاڭلىدۇق، سىلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەپسىلەر، مېنىڭ دادامۇ شۇ يەردىن كەلگەن، — دېسە، يەنە بىرلىرى كېلىپ:

— بىز قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئەركەشتامدىن ئۆتۈپ قەشقەر، خوتەنگە بېرىپ شۇ يەردە تۇرغان، ئۇ يەردىكى خەلق، هۆكۈمەت بىزگە قېرىنداشلىقنى يەتكۈزگەنىدى، تۇرمۇشتىن غەم قىلماڭلار، بىز بىللە ئىشلەپ، بىللە ياشايمىز، — دېيىشتى.

ئەتىسىدىن تارتىپ ئاش - نان، هەتتا كىيىم - كېچەك ئېلىپ يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، ياش يىگىتلەر ئۆي سېلىشقا ياردەملەشتى. بۇ يەردىكى خاتىرجەملىك، تەشكىلنىڭ ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشى، كىشىلەرنىڭ غەمخورلۇقى ۋە مېهرىبانلىقى بىلەن يېڭى كەلگەنلەرنىڭ كۆز يېشى قۇرۇپ، يۈرەكلىرى جايىغا چۈشۈپ قالدى.

يېڭى تۇرمۇش مانا مۇشۇ يەردىن باشلاندى. ئەر - ئايال، قېرى - ياش دېمەستىن هەممەيلەن كېسەك قۇيۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئايىم ئوتۇن تېرىپ چاي قايناتسا، كىچىككىنە رەيهان ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىپ، ئۇ نېمە قىلسا شۇنى قىلىمەن دەپ، هەتتا كېچىلىرىمۇ: «مەن ئاچام بىلەن ئۇخلايمەن» دەپ تۇرۇۋالاتتى. هەسەنجان بولسا ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئىشتاننىڭ پۇچاقلىرىنى تۈرۈپ، كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىنى شىمايلاپ توپا ئىتتىرىپ چۈشۈرەتتى، لاي ئېتەتتى، بىردەممۇ ئارام ئالمايتتى، مامۇتقارى ۋاقىتلىق تونۇر سېلىپ، نان - سامسا ياقسا، ئاياللار چالما ئوچاقتا قازان قاينىتىشاتتى. ئالاهازەل يېرىم ئاي مانا مۇشۇنداق توپا - چاڭ ۋە لاي - پاتقاق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى يېپىلىۋاتاتتى، هەسەنجان ئاشخانىنىڭ ئۈستىنى يېپىۋاتقاندا،

قانداق بولدى، بالا ياغاچ «قاراس» قىلىپ سۇنۇپ، ھەسەنجان ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىن چۈشۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى ئوشۇقىدىن سۇنغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئايىم كۈندە تاماق ئېتىپ دوختۇرخانىغا توشۇغاچ، رەيھانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

بىر كۈنى رەيھان دادىسىنىڭ يېنىدا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ھەسەنجان قىزغا ئىچى كۆيۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە «خۇدايىم ساقا ياخشى بىر ئانا بەرسە ئىكەن» دەپ پىچىرلىدى. دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ئايىم تاماق ئەكىردى.

— تاماق ئۇسۇپ بېرەيمۇ؟ — دېدى ئۇ تارتىنىپقىنا.

— مەيلى، ئىسسىقىدا ئىچەي.

ئايىم پىيالىگە ئۇگرىنى بۆلۈپ ھەسەنجانغا سۇندى، بىراق قولى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ كەتتى، ئاڭغىچە رەيھان كۆزىنى ئېچىپ «ئاچا» دەپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى.

— ياخشى ئۇخلىدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، دادامنىڭ يېنىدا ئۇخلىۋالدىم، كەچتە سىز بىلەن ئۇخلايمەن، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل.

ھەسەنجانىنىڭ كۆڭلى بىردىنلا ئېلىلىپ كەتتى ۋە ئىككىسىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

ھەسەنجان دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن رەيھان پات ـ پاتلا:

— دادا، ئاچام نېمىشقا بىز بىلەن تۇرمايدۇ، ئۇنى چاقىرىپ كېلەيمۇ؟ — دەيدىغان بولدى.

ھەسەنجان گەرچە ئايىمنى كۆرمىسە كۆرگۈسى كېلىدىغان، كۆزلىرىدە ئىزدەيدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە، مەن يىگىرمە بەش ياشتىن ئاشتىم، قىزىم يەتتە ياشقا كىردى، ئايىم بولسا ئەمدىلا ئون يەتتە ياشتا، قىزىمدىن ئاران ئون ياش چوڭ، يەنە كېلىپ توي قىلمىغان قىز، مەن بولسام توي قىلغان،

ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچسام، ئۇ قانداق ئويلاپ قالار، دەپ ئويلايتتى.

ئۇ قىزىنىڭ سۆزىنى جاۋابسىز قالدۇردى، قىزى يۈگۈرگەن پېتى ئايىمىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. كەچقۇرۇن مامۇتقارى بىلەن ھەسەنجان ئۆيگە كىرگەندە، ئايىم بىلەن رەيھان بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالغانىدى. ھەسەنجاننىڭ يۈرىكى «شۇررىدە» قىلىپ ئېرىپ كەتكەندەك بولدى، بۇ نەقەدەر يېقىنچىلىق، نەقەدەر مېھرىبانلىق - ھە!

— خۇددى ئانا - بالىدەك ئۇخلاپ قاپتۇ، — دېدى مامۇتقارى پەس ئاۋازدا.

ھەسەنجان ئىتتىك مامۇتقارىغا مەنىلىك قارىدى - دە:

— قىزىمغا ئانا قەدرى ئۆتۈلۈپ كەتتى، بىچارە ئىككى ياشتىلا ئانىسىز قالغان. قالايمىقانچىلىق، تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن مانا بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭغا ئەمدى ئانا بولمىسا بولمايدۇ دېسىلە، قىز بالىغا ئانا تەربىيە قىلمىسا قىزلىق نازاكىتى يوق، ئەركەك مىجەز بولۇپ قالىدۇ، ھەي بىچارە قىزىم، — دېدى بېشىنى چايقاپ.

مامۇتقارى دەماللىققا بىرنېمە دېمىدى، چۈنكى ئۇمۇ ئالدىراپ بىرنېمە دېيەلمەيتتى، ئەمما ھەسەنجاندەك يارامىلىق، ئىشچان يىگىتكە سىڭلىسىنى بەرگۈسى، سىڭلىسىنىڭ بەختلىك ياشىشىنى كۆرگۈسى كېلەتتى.

كۈنلەر ئالدىراش ئۆتمەكتە، مامۇتقارى دېھقانچىلىققا ئېپى كەلمەي، كولخوزنىڭ ئاشخانىسىغا چىقىۋالدى. ئۇ خىلمۇخىل نانلارنى، بېدە سامسا، كاۋا سامسا، قىزىل بۇغداش سامسىلىرىنى يېقىپ، ھەممەيلەننىڭ ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ بىردىنلا نامى چىقىپ كەتتى.

بىر كۈنى كولخوز رەئىسى باباجانوف ئاشخانىغا كېلىپ، مامۇتقارى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن:

— ئۇستام، ئۈچ كۈندىن كېيىن سىر دەريا ئوبلاستى بويىچە ئېچىلىدىغان يىغىن بىزنىڭ كولخوزغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يەنە

www.uyghurkitap.com

قانداق ھۈنىرىڭىز بار، ئېيتىپ بېقىڭ، — دېدى.

— رەئىس ئاتا، — دېدى مامۇتقارى، — پېقىرنىڭ قورسىقىدىكى ھەممىسى ھۈنەر، بىراق ئۇ سىلىنىڭ بەرگەن ماللىرىغا قاراشلىق، سىلى ماڭا قانچىلىك قوي، كالا، ياغ، كۆكتات بېرىدىلا، شۇنىڭ ھېسابىنى قىلىسىلا.

— قېنى ئاۋۋال سىز ئېيتىڭ، نېمە تاماق چىقىرالايسىز؟ — دېدى باباجانوف كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— خوش، تونۇر كاۋىپى، ياغ سامسا، قاتلىما، توخۇ كاۋىپى، قورداق، پولۇ، شورپا يەنە...

— مۇشۇ تاماقلارنىڭ ھەممىنى ئېيتەلەمسىز؟

— شۇنداق، ھەممىيلەننىڭ ئاغزىدا قالغۇدەك قىلىپ ئېتىمەن، خاتىرجەم بولسىلا.

— بەش قوي، بىر موزاي، ئۇن، گۈرۈچ، ياغلارنى ئەتە يەتكۈزۈپ بېرىمەن، ھەممىگە ئۆزىڭىز باش بولىسىز، تاماققا داخىل بولىدىغانلار ئاتمىشقا يېتىدۇ.

— بىزمۇ يەيمىزمۇ؟ — دەپ ئېيتىشتى مامۇتقارى.

— ئەلۋەتتە يەيسىز، شۇنچە تاماقنى تېتىمىغۇچىمۇ قورسىقىڭىز تويار، — دېدى رەئىس قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— ھە راست، ئاياللارنى تەشكىللەپ ئۆپكە ـ ھېسىپ قۇيدۇرايلى، تونۇر كاۋىپى قىلايلى...

— يولداش مامۇتقارى، بۇ ھوقۇقنى سىزگە بەردۇق، نېمىنى خالىسىڭىز شۇنى قىلىڭ، مېھمانلار ياخشى ئۇزىتىسىلا بولدى، خەير، مەن كەتتىم.

— خاتىرجەم بولسىلا، سىلىنى ھەرگىز يەرگە قاراتمايمەن.

— ماقۇل، شۇنداق بولسۇن.

ئەتىسىدىن باشلاپ كولخوز ئاشخانىسى تاراقشىپ كەتتى، دائىم بىرنەچچە خىل تاماق ئېتىپ ئۆگىنىپ قالغان مامۇتقارى بۇ تاماقلار ئۈچۈن باش قاتۇردى، ياخشى پىلانلىدى. ئۇ خۇددى ئەسكەرلەرنى ئىشقا سالغان قوماندانىدەك ھەممەيلەننى پايپېتەك

قىلىۋەتتى.
مانا كۈتكەن كۈن يېتىپ كەلدى. كولخوزنىڭ چوڭ ئاشخانىسىغا قاتار ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلار قويۇلۇپ، ئاق داستىخانلار سېلىندى، نان ـ توقاچ، كاۋا سامسا، گۆشگىردە، قاتلىمىلار ئىسسىق كەلتۈرۈلدى، ئارقىدىن بېشىغا لېنتىلار باغلىنىپ، بوينىغا يۇمغاقسۈتلەر ئېسىلغان ئۈچ قوينىڭ تونۇر كاۋىپى كەلتۈرۈلگەندە، ھەممەيلەن ئاغزىلىرىنى ئېچىپلا قېلىشتى. رەئىس باباجانوف:
— يولداشلار، بىزنىڭ كولخوزنىڭ داڭلىق ئاشپىزى يولداش مامۇتقارى پىشۇرغان تونۇر كاۋىپى، قېنى ئېغىز تېگىڭلار، — دەپ پىچاق بىلەن ۋىلكىنى ئېلىپ ئوبلاست باشلىقىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، — قېنى، ئۆزىڭىز قول سېلىپ بېرىڭ، — دېدى.
سېمىز، دوغىلاق كەلگەن ئوبلاست باشلىقى قولىدىكى پىچاق بىلەن تونۇر كاۋىپىدىن بىر پارچە كەستى ـ دە، تېتىپ كۆرۈپ رازىمەنلىك بىلەن:
— قېنى دوستلار، ئېغىز تېگىڭلار، تونۇر كاۋىپى كارامەت ئوخشاپتۇ، — دېدى.
پىچاقلار، ۋىلكىلار بەس ـ بەستە ھەربىكەتكە كەلدى، بىردەمدە ئۈچ قوينىڭ كاۋىپى بۇردا ـ بۇردا يېيىلىپ تۈگىدى. ئارقىدىن يەنە پولۇ، قورداق، ئۆپكە ـ ھېسىپلار ئۇزۇلدۇرمەي كەلتۈرۈلدى. مېھمانلار تاماقلاردىن بەھرىلەنگەچ بىرنەچچە قەدەھتىن ئىچىشتى، شۇ ئارىلىقتا بىر ئايال مۇخبىر مامۇتقارىنىڭ قېشىغا كېلىپ:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئۇستام، بۇ خەۋەرنى رادىيودا بەرمەكچىمەن، بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەپ بېرىڭ، — دەپ زىيارىتىنى باشلىدى. كەينىدىن گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ مۇخبىرلىرى كېلىپ مامۇتقارىنى زىيارەت قىلىشتى، سۈرەتلەرگە تارتىشتى.

مېھمانلار ئاشپەز ئۇستامغا ئاپىرىنلارنى ئوقۇپ، شۇنداق خۇشال ئۇزاشتى.

بىرنەچچە كۈنگىچە رادىيودا بۇ خەۋەر سۆزلەندى، مامۇتقارىنىڭ ئالاھىدە تاماقلىرى ماختالدى، ھەتتا گېزىتلەر مامۇتقارىنى سۈرىتى بىلەن قوشۇپ خەۋەر قىلدى. مامۇتقارى بۇ كولخوزدىكى ئالاھىدە كىشى بولۇپ قالدى. كولخوز رەئىسلىرى، ھەتتا ئوبلاست باشلىقلىرىمۇ ئۇنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىدا مېھمان ئۇزىتىدىغان بولۇشتى.

بىر كۈنى ھەسەنجان مامۇتقارىنى ئىزدەپ كەلدى.

— ئۆزلىرىگە ئازراق مەسلىھەتىم بار ئىدى، — دېدى ئۇ.

— خوش، ئىنىم، قانداق مەسلىھەت ئىدى، قولىقىم سىندە، — دېدى مامۇتقارى خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— ئاغزىمدىن چىقىرالمايۋاتىمەن، ئەمما كۆڭلۈمدە بولسا كۈندە شۇ خىيال، — دەپ ھەسەنجان قىزىرىپ - تاتىرىپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى، — قىزىم رەيھان كۈندە كەچتە، ئايىم ئاچامنى كۆرگۈم كېلىپ كەتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇخلايمەن دەپ خەقش قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، قىزىم ئىككىسى بىر - بىرىگە ئىچەركىشىپ كېتىپتۇ، يەنە كېلىپ ئۆزۈممۇ ئايىمنى بەك ياقتۇرۇپ قالدىم. بىراق، مەن ئۆيلەنگەن، بالام بار ئادەم، ئايىم بولسا تېخى غۇنچىدەك قىز، ئۇ قانداق ئويلايدۇ بۇنى بىلمەيمەن، شۇڭا بېشىم قېتىپ كەتتى، سىلىگە دېمەي ئىلاجىم بولمىدى، — دېدى يەر بېقىپ تۇرۇپ.

— راست گېپىڭنى قىل، ئۇكام، ئايىمغا ئۆزۈڭنىڭ كۆڭلى بارمۇ؟

— مامۇتقارىكا، ئەگەر ئايىم مېنى ياراتسىلا مەن جان دەپ خۇش بولاتتىم.

— گېپىڭ راست بولسا، مېنىڭ قارشى پىكرىم يوق، ئۆزۈڭ ئۇنىڭغا ئېغىز ئېچىپ باققىن، — دېدى مامۇتقارى.

ئايىم بىلەن كىچىك رەيھاننىڭ مۇناسىۋىتى شۇنداق يېقىن

بولۇپ كەتتىكى، ئۇلار بىرى بولمىسا بىر پىيالە چايمۇ گېلىدىن ئۆتمەس بولۇپ كەتتى. ماموتقارى بۇ ئىككىيلەنگە قاراپلا «ئۇزۇم پىشىپتۇ» دەپ ئويلىدى.

بىر كۈنى كەچتە ئايىم بىلەن رەيھان ھەسەنجاننىڭ ئۆيىدە ئوينىشىپ ھە دەپ بىر ـ بىرىنى قىچىقلىشىپ كۈلۈشەتتى. بىر چاغدا ئايىم كەچ بولۇپ كېتىپتۇ دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى، رەيھان يىغلاپ ئۇنىڭ قوچىقىدىن چۇشكىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئايىم قىزنى قوچىقىدا ياتقۇزۇپ تەۋرەتكەندەك تۇتۇپ ئولتۇرۇۋىدى، قىز ئۇخلاپ قالدى. ئايىم ئۇنى ئاستا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئىشىك تۈۋىگە بېرىشىغا ھەسەنجان ئۇنىڭ بىلىكىدىن كاپپىدە تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى. ئايىمنىڭ كۆزلىرى پىلدىرلاپ كەتتى:

— ئايىم، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، رەيھانىمۇ، مەنمۇ سىزدىن ئايرىلالمايمىز، رەيھاننى يالغۇز قويماڭ، بولامدۇ؟ — دېدى ھەسەنجان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ.

— مەن ... مەن ...

ھەسەنجان ئۇنى قۇچاقلاپ باغرىغا باستى، ئاندىن ئۆزىگە قارىتىپ تۇرۇپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ دېدى:

— راستىنى ئېيتقە، ماڭا تېگىشنى خالامسىز؟

— ئاكامدىن سوراڭ، — دېدى ئايىم تىترەك ئاۋازدا.

— ياق، ئاۋۋال سىز ماڭا جاۋاب بېرىڭ، ئاندىن ماموتقارىكامنىڭ ئالدىغا ئەلچى بولۇپ ئۆزۈم بارىمەن. سىزگە قانچىلىك كۆيىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟

— مەنمۇ سىزنى كۆرۈپلا...

ھەسەنجان يىگىتلىك بەستى بىلەن قىزنى يۈرىكىگە تاڭدى، قىز بوش تىترەيتتى، ھالسىرايتتى، قىزنىڭ قىيا قارىشى بىلەن ھەسەنجاننىڭ يۈرىكى ئاتەشتەك قىزىغان بولسا، لەۋلىرىنى لېۋىگە يېقىش بىلەن دىل مەشئىلى لاۋۇلداپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبى بۇ چىرايلىق غۇنچىنى ئۆزىگە قاراتقانلىقىدىن ئالەمچە

شادلاندى، ئۆزىنى رۇستەمدەك كۈچلۈك سەزدى، بەش يىلدىن بېرى ئايال زاتىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتماي ئۆتكىنى ئەلەم بولغاندەك يۈرىكى ھالسىرىدى. ھازىر ئۇنىڭ مەيلىچە بولسا بۇ بەرنا قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىدىن، شېرىن مۇھەببىتىدىن چاڭقىغان دىللىرىنى يەتكۈچە سۇغارغۇسى بار ئىدى، بىراق گۈلنى سۆيگەن يىگىت غۇنچىنى بۇرۇن توزۇتۇۋەتمەسلىكى، قىز قەدرىنى قىلىشى كېرەكلىكىنى ئويلاپ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالدى ـ دە، قىزنى باغرىدىن بوشىتىپ، بۇلاقتەك كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— ماقۇل دەۋېتىڭە.

قىزنىڭ چېھرىدە قىزىللىق پەيدا بولۇپ، لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە يىگىتكە كۈلۈپ قارىدى ـ دە:

— ئادەمنى خىجىل قىلماڭە، مەن كېتەي، — دەپ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتتى. ھەسەنجان ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى.

بۈگۈن خۇشاللىقتىنمۇ ياكى ھاياجاندىنمۇ ھەسەنجانىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يۈرتىدىكى ئۆستەڭ سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان مەھەللىسى، يول چېتىدىكى ئېگىز ئۆسكەن ئۈجمىلەر كەلدى. ئاشۇ ئۈجمىلەرنى داستىخانغا ئىرغىتىپ ئۆيگە ئەكىرىپ ئانىسى، سىڭلىسى بىلەن ئولتۇرۇپ يېگەنلىرى يادىغا يەتتى. سىڭلىم بىلەن ئېرى كەشمىرگە كەتمەكچىدى، ئۇلار قانداقراق ياشاۋاتقاندۇ؟ ئانام بىچارە ھەممىمىزنى ھەر تەرەپكە ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يولغا قاراپ ئولتۇرغانمىدۇ؟ ياكى سىڭلىم ئۇنى بىللە ئەكەتكەنمىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئانا پەرزەنتلىرى ئۈچۈن، قىسقىسى پەرزەنتلىرىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. ئۇ قانچە يالغۇزچىلىق تارتىۋاتقاندۇ ـ ھە؟ جاھان دېگەن شۇ ئىكەن، ھەممە ئادەمنىڭ تۇرمۇشى تەل بولمايدىكەن، بۇ يەرگە

كېلىپ بىز خاتىرجەم بولدۇق، قورسىقىمىز تويدى، زۇلۇم ـ ستەمدىن قۇتۇلدۇق، بىراق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، ئانىمىزنىڭ مېھرـ مۇھەببىتىدىن ئايرىلدۇق.

«ئانا، مەن توي قىلاي دەۋاتىمەن، سەن بىلمەيسەن، ئۇ قىز بەك چىرايلىق ھەم رايىش، خۇدايىم بۇيرۇسا جاھان كەڭچىلىك بولغاندا سېنى ئىزدەپ بېرىپ، بۇ يەرگە ئەكېلىمەن، سېنى سېغىندىم، سېنى بەك سېغىندىم، — ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترىدى، ئۇمچەيدى، كۆزلىرىدە سىمابتەك پىلدىرلاپ تۇرغان ياشلىرىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۇرتۇۋەتتى، — كېلىنىڭنى بىللە ئېلىپ بارىمەن، رەيھاننىڭ بويلىرى تارتىپ قويغاندەك لەڭڭىدە ئۆسۈپ قالدى، ئۇ سېنى بەك سېغىندى...»

شۇنداق قىلىپ، پاختا تېرىش ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن ھەسەنجان بىلەن ئايىم نىكاھ ئوقۇتۇپ، بىر تەكىيەگە باش قويدى. ھەسەنجاننىڭ خۇشلۇقى بىر بولسا، رەيھاننىڭ خۇشلۇقى ئىككى بولدى، ئۇ ئەمدى ئايىمنى ئاچا دېمەستىن «ئاپا» دەپ چاقىرىدىغان بولدى.

## 9

«لېنىنئابات» كولخوزىنىڭ رەئىسى ھەبىبۇللا باباجانوف ئاچچىقى يامان، مىجەزى چۇس، ھاكاۋۇر ئادەم ئىدى. ئۇ ئېتىزلارنى ئارىلاپ، پاختىكارلار ئالدىدا بىرلىرىگە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ھەيۋە كۆرسىتىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىراق، قوللىرىنى قاداق باسقان، ئەمگەككە پىشىپ كەتكەن پاختىكارلار بۇنىڭغا كۆنۈك بولۇپ، ئۇنىڭدىن رەنجىمەي كەتمەيتتى، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنە چاقچاقلىشىپ يۈرەتتى. بۇنداق بولۇشى باباجانوف ھەممىگە قابىل، ئىش ـ ئەمگەككە كەلگەندە

تاشتەك چىڭ ئادەم ئىدى.

«نۇقسانى يوق پەرۋەردىگار» دەپتىكەن كونىلار. ئۇ ئوبلاست بويىچە نامى بار كولخوز رەئىسى، قابىل رەھبەر بولسىمۇ، بىراق قوپاللىقى، خوتۇنپەرەسلىكى بىلەن ئابرۇيىنى چۈشۈرۈۋالغان يەرلىرىمۇ بار ئىدى.

ئۇ جىپ ماشىنا بىلەن چۆلگە كېتىۋاتاتتى. ئۇ كېچىدىكى سىم ـ سىم يامغۇردىن ياشناپ كەتكەن تۇتاش باغلار، شەبنەم بىلەن يۇيۇلغان ياپيېشىل بىدىلىكلەر، كېۋەزلىكلەرنى ئارقىدا قالدۇردى. ئەنە ئالدىدا ـــ ئاسمان بىلەن ئۇپۇق تۇتاشقان جاي قىزىرىپ تۇراتتى، بۇ جايلار بەرپا بولۇش ئالدىدىكى شەھەرنىڭ بىنالىرى بىلەن يېپيېڭى بىر مەنزىرە ھاسىل قىلغان، قۇرۇلۇشلار قىزىپ كەتكەندى.

بىر ئازدىن كېيىن ئاسفالت يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا خۇددى ئەسكەرلەردەك رەتلىك سەپ تارتىپ ئۆسۈۋاتقان كۆچەتلەر كۆرۈندى. بىر ـ ئىككى يىلدا باراقسان بولۇش ئالدىدا تۇرغان بۇ تال، تېرەك ۋە چىنار كۆچەتلىرىنىڭ كەينىدە ياپيېشىل تېرىلغۇ مەيدانلىرى، مەيدانلاردا قوڭغۇزدەك ئۆمىلەپ يۈرگەن تىراكتورلار، كەتمەنلىرىنى قۇياش نۇرىدا يالت ـ يۇلت چاقنىتىپ يەر چېپىۋاتقان قىز ـ يىگىتلەر كۆرۈندى.

ھەسەنجان باشلىق بىرمۇنچە كىشىلەر چۆلنى ئۆزلەشتۈرۈش، قۇرۇلۇش قىلىش، باغباراڭ، ئورمان بىنا قىلىش ئۈچۈن چۆلگە سەپەر قىلىنىشقانىدى.

بۇ يەردە ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە تىراكتورلارنىڭ ئاۋازى، توپا ئۇسۇش ماشىنىلىرىنىڭ غارقىراشلىرى، قىمىرلاپ ئىشلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ كەتمەن، گۈرجەكلىرىنىڭ تاراڭ ـ تۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەسەنجان بىلەن بىللە ئىشلىگەنلەر ئۇنىڭ كۈچ ـ غەيرىتىگە ھەيران قالاتتى. ئۇ ئۇچىسىغا ئاق كالتە كۆڭلەك، كەڭ تامبال كىيىپ، بېلىنى پوتا بىلەن چىڭ باغلاپ، بۇ يەردىكى خەلققە ئوخشاش گۈللۈك

ياغلىقنى پېشانىسىدىن تارتىپ چىگىۋالاتتى. چۆلدىكى هۆپ ـ هۆپ ئىسسىق، تىنچىق هاۋا كىشىنى قىينايتتى، لېكىن هەربىر كولخوز ئەزاسى كەچكىچە ئۆز نورمىسىنى تولدۇرۇشى، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئىشقا چىقىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئىشتىن چۈشۈشى كېرەك ئىدى. بۇلار ئۆز يۇرتىدا ئۆز ئىختىيارىچە ئىشلەپ ئۆگىنىپ قالغان بولغاچقا، هازىر ئۆزىنى خۇددى ئەسكەردەك ھېس قىلىشماقتا ئىدى.

رەئىس باباجانوف ئۇدۇل قۇرۇلۇش ئورنىغا كەلدى. بىچارە دېھقانلار بۇ سەھرايى قىيامەتتە ئىسسىقنى دېمەي كېۋەز ئۆستۈرۈۋاتسا، چۆلنى باغۇبوستان قىلىمىز دەپ ئۆلۈپ ـ تىرىلىشىگە قارىماي جان پىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتسا، ئۆزى بولسا بۇلارغا ئۆي سېلىپ بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش غېمىدە يۈرسە، بىراق قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى كۈچ بەرمەي يۈرسە قانداق بولغىنى؟ ئۇ بۇ خىيالدا ماشىنىنى شاققىدە بۇراپ رايونغا بارماقچى، كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ ياردەم تەلەپ قىلماقچى بولدى ـ يۇ، يەنە چاقماق تېزلىكىدە بۇ پىكرىدىن ياندى، چۈنكى قۇرۇلۇش قىلىۋاتقىنى يالغۇز بۇ كولخوز ئەمەسقۇ ئاخىر. ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيۋاتىدۇ، ئۇلارمۇ تىرىشىۋاتىدۇ.

ئۇ رايونغا بېرىشتىن يالتىيىپ، ئۇدۇل ئىشتابقا كەلدى. ئۇ ئەمدىلا تېلېفونغا قول سوزۇشىغا، تۇيۇقسىز ئىشىك ـ دېرىزىلەر جالداقشىپ كەتتى.

— بوران باشلاندى، رەئىس ئاكا، قارا بوران، — دېدى كاتىپ يۈگۈرۈپ كىرىپ.

باباجانوف ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپلا تاشقىرىغا ئېتىلدى. چاقناپ تۇرغان قۇياشنى ئۇپۇقتا كۆتۈرۈلگەن مۇدھىش چاڭ ـ توزان توسۇۋالغانىدى، ئاسمان ـ پەلەككە يەتكەن قارا بوران پۈتۈن كولخوزنى قاپلاپ، شەپقەتسىزلىك بىلەن باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.

— ئىشتابتا كىم بار؟ بىرىگادىر قاياقتا؟ تېز مەيدانغا

چېپىپ ئادەملەرنى سۈرۈشتۈرۈڭلار، ھېچكىم قۇمدا قالمىسۇن، ھەممە كىشى گەمىگە كىرىپ كەتسۇن.

رەئىس كاتىپنى دەرھال مەيدانغا چاپتۇردى. ئاز ئۆتمەستىن ئاسمان ـ پەلەكنى قاپلىغان قارا بوران پۈتۈن قەھرى بىلەن ئىشتابقا يوپۇرۇلۇپ كەلدى، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى جالداقشىپ ئېچىلىپ، دېرىزە ئەينەكلىرى تاراسلاپ سۇنۇپ، ئەينەك پارچىلىرى ۋە قۇم ـ توپىلار يۈزلەرگە تىكەندەك سانجىلدى، چىراغلار ئۆچۈپ ھەممە ياقنى بىردىنلا تۈن قاراڭغۇلۇقى قاپلىدى.

قاياقتىندۇر پەنەركە تېپىپ كەلگەن قۇرۇلۇشچىلار ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى، بىرلىرى لامپا ياقتى. بوران بارغانسېرى قۇتراپ، سەھرا مۇدھىش بىر قاينامغا ئايلانغاندى. بۇ قاينامنىڭ ئارىسىدا قالغان ئىشتاب گويا رەھىمسىز بوراندا قالغان ئېچىنىشلىق كېمىدەك چايقىلاتتى، ئىشىكلەر غىچىرلايتتى، ياغاچ تاملار غىرسىلاپ خۇددى ھازىرلا غۇلاپ چۈشۈپ قايناملغا غەرق بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى...

بىرەر سائەتتىن كېيىن بىرنەچچە كىشى كىرىپ كەلدى، ئۇلار يۈز ـ كۆزلىرىنى ئورىۋالغان ياغلىقلىرىنى يېشىپ قۇم تۆكۈرۈشۈپ دوكلات قىلىشتى.

— دوكلات رەئىس، دالىدا قالغان ئادەم يوق، ھەممە كىشى گەمىگە كىردى.

باباجانوف سەل يېنىكلىشىپ، ئاز ـ تولا خاتىرجەم بولدى. بۇ بوران بىرىنچى قېتىم چىقىۋاتقىنى يوق، بۇلتۇر ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدىمۇ شۇنداق قاتتىق قارا بوران چىقىپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۆستۈرۈلگەن كېۋەزلەر يىلتىز ـ يىلتىزى بىلەن كۆككە سورۇلۇپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە زەيكەشلىكلەرنى تىندۇرۇۋەتكەندى. شۇ چاغدىمۇ كولخوز ئەزالىرى بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كىرپىك قاقماي ۋەيران بولغان مەيدانلارنى قايتا رەتلەپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى قۇمدىن

تازىلاپ، كېۋەزلەرنى قايتىدىن تېرىپ چىققانىدى.

«ھەي، ئۆزىمىزدىن ئۆتتى ـ دە، — دەپ ئويلىدى باباجانوف ئىچى ئېچىشىپ، — ئاۋۋال ئىھاتە بەلبېغىنى ياخشى ئايىنتىپ، ئىھاتىلەرنى مۇستەھكەملەپ، ئاندىن كېۋەز تېرىساق بولماسمىدى؟ ئەمدى ئىشنى يەنە باشتىن باشلايمىزمۇ؟»

بوران قۇترايتتى، ياغاچ ئۆينى تىترىتىپ، ئىشىك ـ دېرىزىلەرگە قۇم ئۇرۇپ تىنىمسىز گۈركىرەيتتى، ھازىرلا زېمىننى يۇتۇپ كېتىدىغاندەك ئۇشقىرتاتتى. باباجانوف جەينەكلىرىنى ئۇستەلگە تىرەپ، بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇراتتى. شۇنداق، بۇلتۇر كۈزدىن باشلاپ قىلغان ئىشى بىكار كەتتى، تەبىئەت بىرلا زەربىسى بىلەن ھەممىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. ئۇستى ئوچۇق زەيكەشلەر بۇگۈنى قېزىلسا ئەتىسى قۇم باسىدۇ، ئىسىت ئەمگەك، ئىسىت! بىچارە كولخوزچىلار...

كېچە بوران خېلى بېسىقتى، بىراق باباجانوفنىڭ كۆزىدە ئۇيقۇ دىدارى يوق ئىدى. ئىشخانىدا ئولتۇرغان يىگىتلەرنىڭمۇ ئىچى سىقىلىپ:

— رەئىس ئاتا، بەربىر بىزگە ئۇيقۇ يوق، ئېتىزلار نېمە بولۇپ كەتتى، زادى نېمە قالدى، بىر كۆرەيلۇقمۇ؟ — دېدى.

بۇ گەپ رەئىسكە خوپ ياقتى.

— بەربىر ئۇيقۇ يوق، يۈرۈڭلار، يىگىتلەر.

ئۇلار قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، ئاسفالت يولدا دۆۋە ـ دۆۋە يىغىلىپ قالغان قۇم دۆڭلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، قولچىراغلىرىنىڭ يورۇقىدا زەيكەشلەردىن، ئېرىقلاردىن ئۆتتۇشتى. رەئىسنىڭ پەرىزى توغرا چىقتى، ھەممە ياقنى قۇم باسقان، زەيكەش ۋە ئېرىقلارنىڭ كۆپ جايى توسۇلۇپ قالغان، تۇنۇگۈنلا ياشناپ تۇرغان كېۋەزلىكلەرنى تونۇغىلى بولمايتتى...

— ئاھ خۇدا، — دەپ زارلاندى رەئىس ئىچ ـ ئىچىدىن پۇچىلىنىپ.

بىرئازدىن كېيىن سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ، ئاسمان گۇمبىزى

ئاقىرىشقا باشلىدى. ئاخشامقى قارا بوراننىڭ قەبىھ قىلمىشى، پۈتۈن كېۋەزلىكنى ۋەيران قىلغانلىقى ئېنىق بولدى، ئاران ئىككى يۈز گېكتار كېۋەز ئامان قالغان بولۇپ، غوزىلارنىلا ئەمەس، بەلكى نەيزە بويى كېلىدىغان باراقسان كۆچەتلەرنىمۇ قۇم باسقانىدى، ئەگەر ئاشۇ كۆچەتلەر بولمىغىنىدا ئىدى، ئېھتىمال ھېچ نەرسە قالمىغان بولاتتى.

رەئىس تۈنۈگۈنلا ياپيېشىل كۆكىرىپ تۇرغان، ھازىر پۈتۈنلەي نابۇت بولغان ئېكىنزارلىقتىن، قۇم باسقان كۆچەتلەردىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى، قۇمنىڭ ئاستىدىن ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆچەتلەرگە ئۈمىد بىلەن قارايتتى. كولخوز ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ مېھنەت ـ تەرگە ئېچىناتتى، پىلانلىرىنىڭ بەربات بولغىنىغا ئۆكۈنەتتى.

رەئىس بىلەن كېتىۋاتقانلار ئۇنىڭ يولىيورۇق بېرىشىنى، بىرەر ئېغىز سۆز قىلىشىنى كۈتەتتى، بىراق ئۇمۇ ناھايىتى جىددىيلەشكەن، بېشىنىڭ ئىچى ـ تېشى قاتقانىدى.

— ئەمدى نېمە ئىش قىلىمىز؟ — دېدى يېنىدا كېتىۋاتقان يىگىت.

— نېمىمۇ قىلالايسەن؟ — دېدى رەئىس تەئەددى بىلەن.

— ئادەم باشلاپ كېلىپ كېۋەزنى قايتا تېرىيمىزمۇ قانداق؟

باباجانوف بۇ يىگىتنىڭ سۆزىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، قۇم كېچىپ يولغا چىقتى.

— قېنى، ئاۋۋال ئىشتابقا بارايلۇق.

ئىشتابقا يېقىن كەلگەن رەئىس ھەيران قالدى، كىشىلەر ئاللىقاچان ئىشقا چۈشكەن بولۇپ، قول ـ قولىغا تەگمەي قۇم تازىلىماقتا ئىدى. ئۇلار بىرەرسىنىڭ يولىيورۇق بېرىشىنى كۈتمەستىنلا، ئادەتتىكىدەك جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتاتتى، رەئىس كولخوز ئەزالىرىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشىنى چاڭ ـ توزان باسقان، كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن ئېلىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ

ئىشلىمەكتە ئىدى. رەئىس ئۆزىنىڭ چۆلدە يېگانە ئەمەس، بەلكى غايەت زور قوشۇن بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى، بۇ قوشۇننىڭ تەشكىللىچانلىقىنىڭ ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى ـ دە، چىرايىغا قان يۈگۈردى.

— سالام رەئىس، قارىغاندا سىزمۇ ئۇخلىماپسىز ـ دە، — دېدى ھەسەنجان.

— قانداقمۇ ئۇيقۇ كەلسۇن، ئۆزۈڭمۇ ئۇخلىماپسەن، تېخى تاڭ سەھەردىلا ئەزالارغا باش بولۇپ ئىشلەۋېتىپسەن، رەھمەت ساڭا.

— ئۆزىمىزنىڭ يېرى، ئۆزىمىزنىڭ ئەجرى بىكار كەتمىسۇن ـ دە ئاخىر، كېۋەزنى باشقىدىن تېرامدۇق؟

— شۇنداق، ئەھۋالغا قاراپ ئۆلمىگەنلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ، قالغىنىنى باشقىدىن تېرىيمىز، — دېدى كولخوز رەئىسى، ئاندىن ئادەملەرنى سەپەرۋەر قىلدى، — قېنى كۈرەشكە ئاتلىنايلى. ھەي يىگىت، سىز چىگىتكە بېرىڭ، سىز ئادەم تەشكىللەڭ، يىگىتلەر، سىلەر بار، مەن خاتىرجەم.

— رەئىس ئاكا، — دېدى بۇرۇت قويۇۋالغان سېمىز بىر يىگىت، — قارا بوران زىرائەتلىرىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق بىزنىڭ بۇرۇتىمىزنى تەۋرىتەلمەيدۇ جۇمۇ.

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشتى.

رەئىسنىڭمۇ چىرايىنى كۈلكە قاپلىدى ـ دە، يەردىلا پۈتىنى سوزۇپ ئولتۇردى، قالغانلار بىر ـ بىرلەپ قومغا ئولتۇرۇشتى.

— ياشاڭ، يىگىت، مۇشۇنداق ئەڭ قىيىن، جىددىي پەيتتە قىزىقچىلىق قىلىپ ھەممىنى كۈلدۈرگىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە مۇكاپات بېرىمەن.

— بىرەر قىز بېرەمسىز، رەئىس ئاكا؟

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سىزگە قىز دېگەن كولخوزدا كۆپقۇ، ئەڭ ياخشىسى كۆزلىرىگە سۈرمە سۈرگەن، قاشلىرىغا ئوسما قويغان تاغاردەك

سىمىز بىر خوتۇننى بىرەي.

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن كۆزلىرىدىن ياش چىققۇدەك كۈلۈشتى.

— قۇللۇق، قۇللۇق، رەئىس ئاكا، — دېدى ئۇ يىگىت كۆز جىيەكلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپ، — ئۇنداق سىمىز چوكان راستتىنلا ماڭا نېسىپ بولسا، ئاستىمغا كۆرپىنىڭ، ئۈستۈمگە يوتقاننىڭ، بېشىمغا ياستۇقنىڭ كېرىكى قالمايدۇ دەڭە. ئاھ، ئۇنىڭ سىمىزلىكىنى ئويلىسام خۇددى پورژىنىلىق كارىۋاتتا ياتقاندەك راھەت ھېس قىلىۋاتىمەن، لۆم - لۆم - لۆم...

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن قورساقلىرىنى تۇتۇپ راسا كۈلۈشتى.

— رەئىس ئاكا، ھەممىمىز چارچىدۇق، دوستىمىز ھەسەنجان بىر - ئىككى پەدە راۋاب چېلىپ بەرسە جانغا جان قوشۇلاتتى، قېنى يولداشلار چاۋاك.

ھەسەنجان بىردىنلا تۇرۇپ قالدى - دە:

— ھە راست، راۋابىم نەدىدۇ؟ — دېدى بېشىنى قاشلاپ.

— راۋابىڭنى مەن قومنىڭ ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتىم دوستۇم، — دېدى ھېلىقى يىگىت راۋابنى كۆتۈرۈپ كېلىپ.

ھەسەنجان راۋابنى قولىغا ئېلىپ سازلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قوللىرى زەخمەككە ئۇرۇلۇشى بىلەن راۋاب تارىسىدىن زەپ يېقىملىق ئاھاڭلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. يۈزلىگەن بۇلبۇللار بەس - بەستە خەندان ئۇرۇپ سايرىغاندەك تۆكۈلۈۋاتقان شادىيانە كۈيلەر يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالدى. ئۇ ناخشىنى باشلىدى:

لاچىن سوققان توشقاننىڭ،
جاڭگالدا ئۇۋاسى بار.
بىز غېرىب مۇساپىرنىڭ،
بۇ شەھەدە نېمەسى بار؟

هاۋادىكى لاچىنلار،
ناخشا ئېيتاي ئاڭلاڭلار.
ئانام سورىسا مېنى،
چۆللەردە ئامان دەڭلار.

راۋابىڭنى ئال يارىم،
بېرىپ چۆللەردە چال يارىم.
سەن مۇساپىر، مەن غېرىب،
مېنى باغرىڭغا ئال يارىم.

ئۇ ناخشىنى شۇنچە ھېسسىياتلىق، شۇنچە زوق بىلەن ئوقۇدىكى، ھەممەيلەن ئىختىيارسىز ناخشىغا كىرىشىپلا كەتتى، رەئىس ئۇنىڭ ساز ناخشىلىرىدىن ئاجايىپ خۇشال بولۇپ:

— رەھمەت، ئۇكا، ئاجايىپ چىرايلىق ئاھاڭ، مېغىزدەك تاتلىق قوشاقلىرىڭ بىلەن بىزنى خۇش قىلدىڭ، قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن، ياشاپ كەت، — دېدى ئۇنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ.

— ياشاپ كەت، ھەسەنجان، سەن بىلەن بىللە بولساق چۆلمۇ بىزگە بوستاندەك، — دېيىشتى كۆپچىلىكمۇ.

*　　*

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتتى. ھەسەنجان ۋە باشقىلار جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان بىلەن، رەئىسنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى تازا يېتەرلىك بولماي قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر ھەممەيلەننىڭ نارازىلىقى تۇتۇپ تۇرغان چاغدا، رەئىس يېتىپ كېلىپ:

— قانداق ھەسەنجان، ياخشى تۇرۇۋاتقانسىلەر؟ ئىشلار جايىدىدۇ؟ — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

— قانداق تۇراتتۇق رەئىس، دۆلىتىڭىز سايىسىدا ساناتورىيەدە دەم ئالغاندەك يايراۋاتىمىزغۇ، — دېدى ھەسەنجان

كىنايە بىلەن.

— گەپلىرىڭ نىمانچە سىپسىق، يىگىت، يەنە قاقشاۋاتامسەن؟

— قاقشىمىدىم، رەئىس، بەلكى خۇشلۇقۇمنى ئېيتتىمغۇ.

— تەنە قىلمىغىن، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى تەرەپ ــ تەرەپكە چېپىۋاتىمەن.

— سىز ھە دېسىلا ماڭا دوق قىلماڭ، رەئىس، شۇ...

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— نىمە، كولخوزدا ئادەم كەملەپ قالىدۇ دەپ ئويلامسەن، بۇ يۇرتقا كەلگەندە جەننەتكە كەلدىم، دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ جاھاندا ئۇنداق تەييار جەننەت يوق، جەننەتنى سەن ئۆز مېھنىتىڭدىن تاپىسەن، يىگىت، بىلدىڭمۇ؟

ھەسەنجاننىڭ يۈزى قىزىرىپ، چىشلىرى كىرىشتى:

— دېگەنلىرىڭىز توغرا، رەئىس، بۇ دۇنيادا جەننەت يوقلۇقىنى بىلەتتىم، ئۇ دۇنيادا جەننەت بار دەيدۇ، بىراق ئۇنى سىز ۋە مەن كۆرگىنىم يوق. ئەمما، بىزگە بەرگەن ۋەدىلىرىڭىز قېنى؟ مانا بۇ چۆلگە كەلگىنىمىزگە ئۈچ يىل بولدى، بىز تېخى گەمىدە تۇرۇۋاتىمىز، بىزگە رەھمىڭىز كەلمىسىمۇ، ئاشۇ بىچارە قىزلارغا رەھمىڭىز كەلمەمدۇ؟ ئۇلارغا بولسىمۇ رەھىم قىلىڭ ئاخىر...

رەئىس ھەسەنجاندىن بۇ گەپلەرنى كۈتمىگەنىدى، بىراق ئۇنىڭ سۆزلىرىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. شۇنداق، رەئىسمۇ ئادەم، ئۇمۇ نۇرغۇن جاپا ــ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، كېچە ــ كۈندۈز ھاردىم ــ تالدىم دېمەي ئىشلەپ رەئىس بولدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى يامان بولغىنى بىلەن كۆڭلى تۈز، بۇلارغىمۇ ئىچ ئاغرىتىدۇ، يۈرىكى ئېچىشىدۇ، دېمىسىمۇ كولخوزنىڭ كۆچەتلىرىنى، غوزىلىرىنى، بۇغداي، قوناقلىرىنى شۇلار تېرىۋاتامدۇ؟ ئەنە شۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە جاپالىق مېھنىتى بىلەن بو كولخوز راۋاجلىنىپ، ئوبلاست بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى كولخوزغا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايلىنىۋاتامدۇ؟ باباجانوف « مەن نېمىشقا بۇلارغا قاتتىق تېگىمەن، ھەي، مېنىڭ بۇ مىجەزىم... » دەپ ئويلىنىپ قالدى ـ دە، بىردىنلا تىترەك ئاۋازدا سۆزىنى باشلىدى:

— مەن بىلىمەن، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، سىلەرگە ئېغىر كېلىۋاتىدۇ، سىلەرگە ۋەدە بېرەي، ئەتە ئىشتابقا بېرىپ سۆزلىشەي، ئۆتكەندىمۇ ئۇلار بىلەن ياقا سىقىشىپ كەلدىم، خۇدا خالىسا بۇ يىل كۈزدە ئۆي سېلىش باشلىنىدۇ.

— ئېسىڭىزدىمۇ رەئىس، سىز بۇلتۇرمۇ شۇنداق دېگەنىدىڭىز.

— ئېسىمدە، ۋەدەمنى ئۇنتۇمىدىم، بىراق قانداق قىلاي، قۇرۇلۇش چوڭ، بۇ چۆللەر گۈللىنىشكە موھتاج، ھەممە يەردە قىيىنچىلىق، بىراق بۇ نۆۋەت ئۆلسەممۇ گېپىمدە تۇرىمەن.

— دېگەنلىرىڭىز كەلسۇن، رەئىس.

رەئىس ئالدىراپ ئىشتابقا ماڭدى.

ھەسەنجان ئاق كۆڭۈل، باغرى كەڭ، مەردانە، تۈز يىگىت ئىدى. ئۇ ھەممە كىشىنىڭ راستچىل، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل بولۇشىنى ئىستەيتتى، بۇنى ئانىسى ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن، دادىسى كىچىكىدىن تولا سۆزلەپ مېڭىسىگە مىخ قاققاندەك قېقىپ كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىردىنلا يىراقتىكى ئانىسىنى سېغىنىش ھېسسىياتى ھازىرقى رېئاللىق — تۇرمۇش ئارىسىدا كەزدى. كۆز ئالدىغا ئاشۇ يىراقتا قالغان يۇرتى بىلەن ئانىسى كەلدى. ئۇ ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن بۇيان، ۋەتىنىنىڭ ھەربىر تۇپىسى كۆز ئالدىدىن كەتمەيدىغان، ھەدى بۇرنىغا پۇرايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ۋەتەن چۈشى ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك چۈشى ئىدى، ھەربىر ئىشقا يولۇققاندا ئىختىيارسىز ۋەتەنىدىن ئايرىلمىغان بولسام بوپتىكەن، دەپ ئويلايتتى.

ھازىر ئانىسىنىڭ ھال ـ ئەھۋالى قانداقتۇ؟ پەرزەنتلىرىنى ئۇچۇرما بولغان قۇشلاردەك تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچۇرۇۋېتىپ، ئۆزى يېگانە قىياقتەك قالغانمىدۇ؟ بەلكىم ئانىسىنىڭ

ھەسرەتلىك يېشىمۇ يامغۇر بولۇپ تامچىلاپ، بۇ چەكسىز ئالەمنىڭ ئۆزى تۇرغان تەرىپىگە قاراپ ئېقىۋاتقاندۇ؟
«ئانا، سېنى سېغىندىم، مېنىڭ سېغىنىشلىرىم يۈرىكىمنىڭ قات ـ قېتىدىن ئېتىلىپ چىققان مۆڭگۈلۈك ھەسرەتلىك ياشلىرىم بىلەن سېنى ياد ئېتىۋاتىدۇ. بىلىمەن، سېنىڭ مېھىرلىك تىلەكلىرىڭ، قايتا ـ قايتا سۆيۈشلىرىڭ، ئەنسىرەشلىرىڭ كۆز ئالدىمغا كېلىۋاتىدۇ. مانا مېنىڭ كۆزلىرىممۇ نەملەشتى، ياشتىن كىرپىكلىرىم جۈپلەشتى، ئەمدى ياشلىرىم قىياندەك تۆكۈلۈۋاتىدۇ. سېنى، سىڭلىمنى، يۇرتنى، ۋەتەننى سېغىنىپلا قالماي، يەنە روھىيىتىمنى، ئەسلىمنى سېغىندىم. ئانا، مەن ۋەتەندىن ئايرىلغىنىم بىلەن يەنىلا سېنىڭ ئوغلۇڭ، ئاشۇ يۇرتنىڭ، تەكلىماكاننىڭ ئوغلى، مېنىڭ ئۈچۈن شۇ ئەڭ قىممەتلىك ...
ئانا، سەن يول تۆپىسىگە چىقىپ كۈتە ـ كۈتە ئاخىر كۈتۈپ بولالماي، رومىلىڭنىڭ ئۈچى بىلەن كۆز يېشىڭنى سۈرتۈۋاتقانسەن؟ مەنمۇ سېنى چەكسىز سېغىندىم، ساڭا ئىنسانلار جەننەتكە تەلپۈنگەندەك تەلپۈنۈۋاتىمەن، بۇ خىيالىي چۈش ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتىكى ۋەتەنگە، ئانىغا بولغان تەلپۈنۈش. ‹ھەر جايدا بولساڭلار ئامان بولۇڭلار› دېگەنىدىڭ، مانا ھازىرغىچە ئامان تۇرۇۋاتىمەن، سېنىڭ تىلەكلىرىڭ، ئارزۇلىرىڭ ئەمەلگە ئاشتى. مېنىڭ ئەمدىكى ئارزۇيۇم سېنى كۆرۈش، ھىدىڭنى پۇراش، باغرىم قانغۇچە قۇچاقلاش، جېنىم ئانا !»

## 10

چۆلدىكى ئەمگەك ھەققەتەن بەك ئېغىر ئىدى، كولخوزچىلار تاڭ ئاتقاندىن تارتىپ كۈن پاتقۇچە خۇددى

چۈمۈلىدەك قىمىرلىشاتتى، بىرىگادىر بولسا كىشىلەرنى ئىشقا ھەيدەپ، ئىش نورمىسىنى تولدۇرۇشتىن باشقا ھېچبىر ئىش بىلەن كارى يوق ئىدى.

بۇ يەر ئىسسىق تەپتىدىن تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان ئەرلەرنىڭ ئۈچىسىدا ئاق ياكى قارا كۆڭلەك ۋە تامبال، بېلىدە بەلباغ، بېشىدا بادام دوپپا ياكى شاپاق دوپپا، گاھىلىرى ياغلىقلىرىنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ چىگىۋالغانىدى، ئۆتكۈر قۇياش نۇرى ئۇلارنىڭ يۈزىنى كۆيدۈرۈپ ئېچىشتۇراتتى. قىز - چوكانلار بولسا ھەر خىل گۈللۈك رەختلەردىن تامبال، ئۇزۇن كۆڭلەك، پۇتىغا شىۋەك ياكى كالاچ كىيىشكەن، بېشىدا پەرەڭ ياغلىق، گۈللۈك رومالىلىرى بولۇپ، قاش - كۆزلىرىگە قېنىق ئوسما قويغان ياكى سۈرمە سۈرۈۋالغانىدى. دائىم كولخوزچىلارغا غادىيىپ قاپىقىنى ئاچمايدىغان، سامان تىققان تاغاردەك سېمىز، دىقماق ياسىن بىرىگادىر ئۈستىگە ئاپپاق كۆڭلەك كىيىپ، چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ، ھازىرلا مۇنچىدىن چىققاندەك پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇ كىشىلەرنى بىردەممۇ ئارام ئېلىشقا قويماي «چاپسان - چاپسان» دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇ بىر چاغدا:

— قېنى يولداشلار، تاماقتا چىقايلى، — دېدى.

چارچىغان، ئۇسسۇغان، قىزىق ئاپتاپ تەپتىدە كۆيۈپ ھالسىزلانغان كىشىلەر كۈنگە قاراشتى - دە:

— سادىغاڭ كېتەي، ئەتىگەن سائەت يەتتە بىلەن ئىشقا چىققانىدۇق، سائەت ئىككى بولاي دەپتۇ، يەتتە سائەت ئىشلەپتۇق، ئاھ، نېمىدېگەن ئېغىر كۈن بۇ، بۇنداق ئىشقا ئات، ئېشەكمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ جۇمۇ، — دېيىشتى زارلىنىپ.

ئۇلار دەرەخ سايىسىغا بېرىپ، تەرلەپ - تەپچىرەپ ماشخوردا ئىچىپ، بىرەر كېسىمدىن نان يېيىشتى. دەل شۇ چاغدا رەئىس باباجانوف ئوبلاستتىن ۋە باش ئىشتابتىن كەلگەن بىرنەچچە كىشىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

بىرىگادىر خۇشامەتگۆيلۈق بىلەن ھىجىيىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە:

— ئۆزرە، ئۆزرە، بىرقەدەم كېچىكىپ قاپتىمەن، قېنى ـ قېنى شىپاڭغا مەرھەمەت، — دېدى.

تەكشۈرۈشكە كەلگەن ئۈچ كىشى بولۇپ، بىرى ئوبلاستتىن كەلگەن باشلىق، قالغان ئىككىيلەن باشقا كولخوزدىن ئىدى. ئۇلارمۇ:

— خوش، خوش، — دېيىشىپ شىپاڭغا كىرىشتى ـ دە، — رەھمەت، بىرىگادىر، بىز بۈگۈن ئاپەتتىن كېيىنكى قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى بىر كۆرەيلى دەپ كېلىشىمىز، ئاڭلىساق، بەك جاپالىق ئىشلەۋېتىپسىلەر، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى بىرىگادىر ھىجىيىپ تۇرۇپ، — بۇ ئادەملىرىمىزنى ئالتۇنغا تەڭ قىلمايمىز. ئۇلار كۈن چىقماستىن بۇرۇن ئىشقا چۈشۈپ تاكى قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئىشلەيدۇ. چىگىت ۋاقتى يېتىپ كەلگەچكە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز دەم ئالماي ئىشلەپ، ئۈچىنچى كۈنى قاش قارايغانغا قەدەر چىگىت تېرىلىپ بولدى، يەنە ئىككى كۈن تولۇقلاپ تېرىلدى. بۇ ئادەملىرىمىزنىڭ جېنى تۆمۈردىن چىڭ ئىكەن، شۇڭا قاتتىق ئىشلەپ كەتتى. رەئىس باباجانوفمۇ ھەر ۋاقىت بىز بىلەن بىللە بولدى، ئىشقا قالتىس قوماندانلىق قىلدى، بىزنىڭ رەئىس ئېسىل ئادەم جۇمۇ! — دېدى خۇشامەت قىلىپ.

— سىزچۇ بىرىگادىر، ئۈچىڭىزغا ئازراقمۇ توپا قونمىغىنىغا قارىغاندا ئوبدان دەم ئېلىپ كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ — دېدى ئوبلاستتىن كەلگەن باشلىق.

بىرىگادىر بېشىدىكى دوپپىسىنى يانتۇ قىلىۋېلىپ، مۇغەمبەرلەرچە كۈلدى:

— يوقسۇ ئەپەندى، پېقىر قولۇمغا كەتمەن ئالمىغان بىلەن كۈنبويى ئېتىز بويىنى پىرقىراپ يۈرىمەن، بۇلارنىڭ غېمىنى يەيمەن، چۈشتە قورسىقىمغا ئىسسىق تاماق...

— بۇ قېتىمقى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جېڭى ھەممە كولخوزلاردا شۇنداق جىددىي بولدى. ئادەتتە قانداق ئىشلەيتتىڭلار؟

— بۇلار ئادەتتىمۇ كۈن چىقماستىنلا ئىشقا چىقىپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئىشلەيدۇ، ئىشلە دېسە خۇددى ئېشەكتەك كۈچىنى ئايىمايدۇ.

— سىلەردە ئىش تەرتىپى، ۋاقىت - سائەت دېگەن ئۇقۇم يوقمۇ؟ كولخوز ئېغىر ئاقىۋەتكە قالغاندىغۇ كېچە - كۈندۈز ئىشلىسۇن، ئەمما ئادەتتىمۇ شۇنداق ئىشلىسە، خوش، ئاجايىپ ئادەملەر ئىكەن بۇ، — دېدى باشلىق بېشىنى چايقاپ، — ئۇنداقتا ئۇلار قاچان دەم ئالىدۇ؟

— ھە، بۇ ... بۇ مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مانا ھازىر چۈشلۈك تاماق يېگەچ دەم ئېلىۋاتىدۇغۇ.

— سىزدىن سوراپ باقسام، بىرىگادىر، چۈشلۈك دەم ئېلىش دېگەنغۇ تاماق يېيىش ۋاقتىنى كۆرسەتسۇن، دېمەكچى شەنبە، يەكشەنبىلەردىكى دەم ئېلىشچۇ؟

— شۇنداق، بىز ئايدا بىر كۈن دەم ئېلىش بېرىمىز.

— ئەر - ئاياللار ئوخشاشمۇ؟

— ئوخشاش، ئايرىم دەم ئېلىش يوق.

— باشقا كولخوزلاردا جىددىي ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا ھەپتىدە بىر كۈن دەم ئېلىش چوقۇم بەلگىلەنگەن، ئاياللارغا كەلسەك، ئىككىقات، تۇغۇتلۇق ئاياللار يېرىم كۈن ئىشلەيدۇ، بىر يىلغىچە بالا ئېمىتىش ۋاقتى بولىدۇ. ئۇلارغا ئۇۋال قىپسىز بىرىگادىر. بۇ سىز بەلگىلىۋالغان تۈزۈممۇ؟

بىرىگادىر ئەپسىز بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا بوي بەرمەستىن:

— كولخوز دېگەن دېھقانىنىڭ ئۆيى، ئىشلىسە نېمە بولماقچى، — دېدى.

— ئادەملەرنى ئازراق ئىشلىتىپ، تېخنىكىلىق ئىشلارنى

www.uyghurkitap.com

كۆپرەك قىلساڭلار بولمامدۇ؟ تىراكتور، كومباينىلار تۇرۇپتۇغۇ.

— باشلىق، — دېدى ئۇ ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاپ، — مەن چالا ساۋات ئادەممەن، ئۆزۈممۇ بەش جىلڭ كەتمەن چېپىپ ئۆگەنگەن، تىراكتور، كومباينىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسام بېشىم ئاغرىيدۇ، بۇنداق ياۋاش ئادەملەر تۇرغان يەردە...

— بەس! — دەپ ۋارقىرىدى باشلىق غەزەپ بىلەن، — توغرا، سىز بۇ ئادەملەرگە ھەيدەكچىلىك قىلالايسىز، خۇشىڭىز تۇتسا ئالداپ، ئاچچىقىڭىز كەلسە ۋارقىرىيالايسىز، بىراق ماشىنا دېگەن كاساپەت — تىراكتور، كومباين سىزگە بويسۇنمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

بىرىگادىر بېشىنى قاشلاپ يەرگە قارىدى.

— دۆلىتىمىز سانائەتلەشكەن دۆلەت، تېخنىكا تەرەققىياتىدىن نۇرغۇن ئەمگەك كۈچلىرى تېجىلىۋاتىدۇ. تىراكتور بۇزۇلسا تۈزىگىلى، يېڭىلىغىلى بولىدۇ، بىراق ئادەمنىڭ كۈچ - مادارى چەكلىك. سوراپ باقسام، سىزمۇ مۇشۇلار بىلەن ئىشلەپ باقتىڭىزمۇ؟

— مەن دېگەن ئىش بېشى تۇرسام، ئادەتتە بىرىگادىر ئىش قىلمايدۇغۇ، شۇنداقمۇ كولخوز رەئىسى؟ مەن بۇلارنى باشقۇرىمەن شۇ.

— ياھ - ياھ، بۇ كولخوزدا ئاجايىپ كاتتا ئادەملەر بار ئىكەنۇ، بىز بىلمەي يۈرۈپتىمىز، — دېدى باشلىق مەسخىرىلىك كۈلۈپ.

— توغرا ئېيتتىڭىز باشلىق، — دېدى بىرىگادىر ياسىن تەپ تارتماستىن، — مەنمۇ ئەتىگەندىن - كەچكىچە بۇلارنى ئىشقا سالىمەن دەپ پالاقشىپ يۈرىمەن، بۇمۇ ئاسان ئەمەس - دە.

— يۈزىڭىز قىزارمامدۇ؟

— نېمىشقا، باشلىق، ھېلى ئېيتقاندەك بىرىگادىر، رەئىسلەر ئىش قىلمايدۇغۇ؟

ئۇ گەپنى دەپ بولۇپ پۇشايمان قىلىپ قالدى.

— قاراڭچۇ رەئىس باباجانوف، — دېدى ئوبلاست باشلىقى ئاچچىقتىن يېرىلاي دەپ، — بىرىگادىر تېخى ئۆزىنى سىز بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدىكەن، بۇ كىشىنى بەك ئەركە قىلىۋەتتىڭىزمۇ قانداق؟

باباجانوف بىرىگادىرغا شۇنداق سەت ئالىيىۋېتىپ «خەپ» دېگەندەك بېشىنى تولغاپ كەتتى. باشلىق يەنىلا رەئىس باباجانوفنى ئايىدى، ئۇ بىرىگادىرغا:

— ئەتىدىن باشلاپ كولخوز ئەزالىرىغا ئوخشاش ئۇلار بىلەن بىللە ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئەمگەك قىلىسىز، توختىماي ئىشلەيسىز، قالغان ئىشنى كېيىن سۆزلىشىمىز، — دېدى ۋە ئۇزاپ كېتىش ئالدىدا كولخوزچىلارغا، — سىلەرنىڭ غەيرىتىڭلارغا، كوممۇنىستلارچە ئىلغار روھىڭلارغا رەھمەت، — دەپ ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.

رەئىس باباجانوفنىڭ كەيپىياتىمۇ بۇزۇلدى، ئۇ بىرىگادىر ئىشنى بۇزۇپ، ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكتى دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇراتتى، ئاڭغىچە ھەسەنجان كېلىپ دەرد ئېيتتى:

— كۆرۈپ تۇرۇپسىز رەئىس، ئۈچ يىلدىن بېرى ئۆينىڭ راھىتىنى كۆرگىنىم يوق، مەنمۇ بىر ئەركەك، خوتۇنۇم بىلەن قىزىم مەھەللىدە غېرىبسىنىپ يۈرۈپتۇ، رۇخسەت بەرسىڭىز...

— سەن تېخى ياش، يولداش ھەسەنجان، ئىش - ئەمگەكتە ئوتتەك بولۇشۇڭ كېرەك، ئوت، چۈشەندىڭمۇ؟

ھەسەنجاننىڭ يۈرىكى كۆيگەندەك بولۇپ، لەۋلىرى يىمىرىلدى:

— ئاھ، ئوتتەك دەۋرلىرىم ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، رەئىس، مۇشۇ چۆل - باياۋاندا ئىشلەۋاتىمىزغۇ ئاخىر...

— شۇنداق، ئەمگەكسىز ھاياتنى ھايات دېگىلى بولامدۇ! بېلىڭنى چىڭ باغلىغىن.

— كۆردىڭىزغۇ، بېلىم پوتىدا باغلاقلىق، مەن بۇ يەرگە

سۈرگۈن قىلىنمىغانغۇ دېيمەن، باشقىلار ئايدا بىر قېتىم ئۆيگە بارسا، مەن ئۈچ ئاي ياكى تۆت ئايدا ئاران بىر قېتىم ئۆيگە بارالايمەن، بۇ تەڭسىزلىك ئەمەسمۇ؟

— سەن تېخى ياش، ئوبدان ئىشلەپ ئۆزىنى كۆرسەتسۇن دەپتىمەن.

— رەھمەت، كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت، رەئىس، — دېدى ھەسەنجان مەسخىرە ئارىلاش، — سىزنىڭ شاپائىتىڭىزنى بىلمەي نادانلارچە ئويلاپتىمەن، مېنى ئۆستۈرۈپ بىرىگادىر ياكى رەئىس قىلىپ قويماقچىمىدىڭىز؟ مەن مۇشۇ كۈنلىرىمدىن رازى، بۇنىڭدىنمۇ يامان كۈنلەرگە قالمىسام دەيمەن...

رەئىس ئاچچىقتىن تىترەپ كەتتى:

— ھەسەنجان، بېشىڭدىكى دوپپا، بېلىڭدىكى بەلباغدۇ ـ ھە؟ سەن دېگەن ئەركەك، ھازىر يولۋاستەك كۈچتۈڭگۈر چاغلىرىڭ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن سۇغىمۇ، ئوتقىمۇ كىرىسەن، بىلەمسەن؟ سېنى بىرىگادىر قىلىپ تەيىنلىسەمغۇ خۇش بولارسەن؟

ھەسەنجاننىڭ ئەمگەكتە قارىيىپ، قاداقلىشىپ كەتكەن گۆشلۈك مۇشتى تۈگۈلدى، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىدى.

— كۆپ رەھمەت، رەئىس، دېھقان بولۇپ كۆرگەن كۈنۈم شۇ بولسا...

— مەن سېنى مۆمىن، كەڭ قورساق يىگىت دەپ ئويلىسام...

— شۇنداق، — دېدى ھەسەنجان شاقىقىدە گەپنى تارتىۋېلىپ، — مەن خۇدانىڭ مۆمىنى ئىدىم، بىراق دەرد سۆزلىتىدىكەن.

— ئۇنداق بولسا ئۈستۈمدىن ئەرز قىل، شىكايەت قىل، مەرھەمەت.

— يوقسۇ تەخسىر، مەن بىر ئەركەك، ئۇنداق پەسكەشلىك



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلمايمەن، ھەقىقەت كۈن نۇرىدەك بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى نۇر چاچىدۇ، ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا ئون بەشى يورۇق، مەن پەقەت سىز بىلەن ئەركەكلەرچە سۆزلىشىۋاتىمەن، خوپ رەئىس، دېگەنلىرىڭىزنى بەجا كەلتۈرەي.

رەئىس بىردە ساددا، بىردە جۇشقۇن، بىردە ھوشيار كۆرۈنىدىغان ھەسەنجانغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، بىردىنلا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ھەسەنجان رۇخسەتمۇ ئالماستىن، ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن قىزىل قاشقا ئېتىغا مىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يېزا باغلىرىغا، دەريا بويىدىكى تۈگمەنلەرگە، تۈگمەن ئەتراپىدىكى ئاق تېرەكلەرگە ئۇۋۋا سالغان قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاپ ئۇچۇشلىرىغا قاراپ بىرپەس تۇرۇپ قالدى.

ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر خىيال بىلەن كېتىۋاتقانىدى. مانا تۆت تەرىپى تال، تېرەك، قارىياغاچ، ئارچا ۋە جىگدىلەر بىلەن ئورالغان، ئىچىدە بۇلاقلار ـــ ئەينەكتەك سۈزۈك تىنىق چەشمىلەر قايناپ تۇرغان بۇلاق بېشىغا كەلدى. مانا مۇشۇ جايدا خوتۇنى ئايىم بىلەن بۇلاق سۈلىرىنى ئىچىشىپ، ئۇ ئەكەلگەن تاماقنى ھۇزۇرلىنىپ يېگەن، ئۇنىڭغا قاراپ مىننەتدارلىق بىلەن كۈلۈپ قويغانىدى. تۇرۇپلا قۇلىقىغا «تاماق سوۋۇپ قالدى» دېگەن سادا ئاڭلانغاندەك بولۇپ، ئۆزىچە كۈلۈپ ئەتراپىغا قاراپ قويدى.

ئاسماندا قىپقىزىل لېگەندەك ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش تېخىچىلا نۇر چاچماقتا ئىدى. بىردىنلا بۇلاق بېشىدىكى قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ئۇنى ئۆزىگە تارتتى، ئاھ، بۇلاق بېشى ئەتراپىدىكى تېرەكلەرگە ئۇۋۇلىغان لەگلەكلەر، پىچانلىقتىكى ھېسابسىز بۆدۈنىلەر، جىگدە ۋە تاللارغا يوشۇرۇنغان بۇلبۇللار، ئەڭ خىلۋەت جايلاردىن، قومۇشلۇقلار ئارىسىدىن پۇرۇلداپ ئۇچۇپ چىققان ئۆردەكلەر، غازلار، ئېدىرلاردىن، شىۋاقلىقلاردىن ئۇسساپ چىقىدىغان قىرغاۋۇللار... بۇ يەرگە جاھاندىكى

قۇشلارنىڭ ئۇۋا سالمىغىنى يوق دېيەرلىك ئىدى. «جەننەت ماكانغۇ بۇ» دېدى ھەسەنجان ھاياجىنىنى باسالماستىن.

جىگدىلەرنىڭ پۇرىقىچۇ تېخى؟ ئۇنىڭ ھېچبىر ئۆسۈملۈك، گۈل ھىدىغا ئوخشىمايدىغان خۇش پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى.

ئاھ تەڭرىم، مانا بۇ يەردە بۇلاقلاردىن گۈپۈلدىتىپ سۇ ئىچمىگەن، جىگدە پۇرىقىدىن مەست بولۇپ ھۇزۇرلانمىغان، قۇشلار نەغمىسىدىن زوقلانمىغان بىرەر جانمۇ يوق بولسا كېرەك.

ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئالدىرىماستىن، يول بويى ھەر خىل خىياللار بىلەن ئۆيىگە قاراڭغۇ چۈشكەندە يېتىپ كەلدى، دەرۋازىغا ئاز قالغاندا ھويلىغا غىپپلا قىلىپ كىرىپ كەتكەن بىر سايىنى كۆرۈپ قېلىپ، كۆڭلى قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولۇپ ھاسىراپ كەتتى.

ئايسىز يۇلتۇزلۇق كېچە، يېزا چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمگەن، پەقەت باغنىڭ نېرىسىدا پاقىلار كۇركىرايتتى، چېكەتكىلەر چىرىلدايتتى، ناگان ـ ناگاندا ئىتلار قاۋايتتى، باغ تەرەپتىن ھېچقانداق شەپە يوق. ئۇ دەرۋازىغا يېقىن كېلىپ ھويلىغا قۇلاق سالدى. ئۆينىڭ ئىشىكى چېكىلىش بىلەن ئىچىدىن ئايىمىنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ كىم؟

ــ كىم بولاتتى، مەن، رەئىس، ئىشىكنى ئاچ.

ــ كەچ بولۇپ كەتتى، رەئىس، رەنجىمەي قايتىپ كېتىڭ.

ــ سەن كىمگە بۇيرۇق قىلىۋاتىسەن، ئۇنۇڭنى ئۆچۈرگىن ـ دە، دەرھال ئىشىكنى ئاچ.

ــ بولمايدۇ، بۇ دېگەن كېچە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەسەنجان ئۆيدە يوق.

ــ بىلىمەن، شۇڭا ئۇ يوق چاغدا كېلىمەنغۇ.

— رەئىس، ئۇنداق قىلماڭ، قايتىپ كېتىڭ، — ئايىمنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇئان ھەسەنجان شەپە چىقارماستىن يېقىن كېلىپ:

— خوش كەپسىز، رەئىس، قارشى ئالىمەن، مەرھەمەت، — دېدى توساتتىن، ئاندىن تەنە قىلىپ، — پاھ، پاھ، خېلى يۈز - ئابرۇيىمىز باركەن - ھە بىزنىڭ، ئۇلۇغ كولخوز رەئىسى بىزنى يوقلاپ كەلگىنىگە قارىغاندا؟! — دېدى تەئەددى بىلەن.

ھەسەنجاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئايىم قورقىنىدىن غالىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ ئېرىنىڭ ئۆزىنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىشىدىن ئەمەس، بەلكى رەئىس بىلەن ئۇرۇشۇپ، ۋەقە تۇغدۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. رەئىس ئۇدۇق - بۇدۇق بولۇپ كەتتى - دە، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ:

— ھە، ھەسەنجان، سىنى ئۆيىگە كېلەلمىدى دەپ، ئۆيۈڭدىكىلەرنى يېسۇن دەپ ئازراق گۆش - پوش ئالغاچ كەلگەنىدىم، — دېدى قولىدىكى قارا سومكىسىنى كۆرسىتىپ. ھەسەنجاننىڭ مەيلىچە بولغاندا، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا رەئىسنى ئۇرۇپ قىيما - چىيما قىلىۋەتكۈسى بار ئىدى، بىراق ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالدى - دە:

— بۇگۈن كەچ بولۇپ كەتتى، سەھەر تۇرۇپ يەنە چۆلگە قايتىمىسام بولمايدۇ، — دېدى.

— سەن تېخى ھېلىلا كەپسەنغۇ؟ ئەتە بىر كۈن دەم ئالغىن، مەن رۇخسەت بېرەي... مەن قايتاي.

رەئىس شۇنداق دەپ ئالدىراپ ھويلىدىن چىقىشىغا، ھەسەنجان يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى - دە:

— رەئىس، سىزنىڭ كېچىلىرى ئادەم يوقلايدىغان ئادىتىڭىز بارلىقىنى بىلەتتىم، بولۇپمۇ ئايالالارنى، بۈگۈن ئۈستىڭىزدىن چۈشۈپ قالدىم - دە، — دېدى چىشلىرىنى

غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ.

— ياقامنى قويۇۋەت، مەن بۈگۈن راستىنلا سېنىڭ بىلەن مۇڭداشقىلى كەلگەنىدىم، ياخشىلىقتا يامانلىق بولۇپ قالمىسۇن.

ھەسەنجان ناھايىتى ئاچچىق بىلەن ئېغىر تىنىۋېتىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى، رەئىسنىڭ ئاياغ تىۋىشى بارا - بارا ئۇزاپ كەتتى.

غەزەپ بىلەن ئۆيگە كىرگەن ھەسەنجان ئايىمنى كۆتۈرگەن پېتى سۇپىغا تاشلاپ، باش - كۆزى دېمەستىن ئۇرۇپ ئاچچىقىنى چىقاردى - دە، چىققان پېتى ئېتىغا مىنىپ رەئىسنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى. ئۇ رەئىسنى ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختىتىۋالدى.

— توختا! — دېدى ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ، — مېنى سۆزلىگىلى قوي، سەن مەرتىۋىلىك، شۇنچە زور ئەمەلگە ئىگە ئادەمسەن، بىراق سېنىڭ گاھى ئىشلىرىڭ ئادەمنى يىرگەندۈرىدۇ. بۇ دۇنيادا يەۋالدىم، ئىچىۋالدىم، ئويناۋالدىم دەپ خۇش بولۇپ كەتمە، ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا ئون بەشى يورۇق، ئاخىر بارىدىغان جايىمىز بىرلا، تاڭلا مەھشەردە — ئۇ دۇنيادا ئۇچرىشىمىز، پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە تىترەپ، دوزاخ ئوتىغا چۈشۈپ كۆل بولىسەن تېخى.

— ھەي قاشقالىق، كونا سەپسەتىچى، سەن تېخى مېنى قورقۇتۇۋاتامسەن، كىم كۆرۈپتۇ ئۇ دوزاخ بىلەن جەننەتنى، ماڭا مۇشۇ دۇنيانىڭ جەننىتى كېرەك، سەن ئەخمەقلەر ئۇ ئالەمدىكى جەننەت ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جاپا تارتىپ، يىلىكىڭ قۇرۇيدۇ، ئۇ ئالەمگە بارغاندا ئۇستىخانلىرىڭنى قۇرت - قوڭغۇزلار يەپ تۈگىتىدۇ، بىلەمسەن؟ ئەخمەق...

— شۇنداق، مەن ئەخمەق، بۇمۇ سېنىڭ ئۆز كاللاڭدىكى گەپلەر، رەئىس، بىراق ھازىر مەن دېگەندەك قىل، قىلغان - ئەتكەنلىرىڭنى سۆزلە، بولمىسا ھايات قالىمەن دەپ ئويلىما!

رەئىس پېشانىسىدىن چىققان تەرلەرنى سۈرتۈپ، ئۆزىنى تەمكىن كۆرسىتىش ئۈچۈن زورمۇزور كۈلۈمسىرىدى:

— بولدى ھەسەنجان ئۇكام، نېمىشقىمۇ مۇنداق سۆزلەرنى قىلىدىغانسەن، مەن ھېچبىر گۇناھ قىلغىنىم يوق، ئادەم يوقلاشمۇ گۇناھمۇ ئاخىر... ساڭا بىر ھەپتىلىك دەم ئېلىش بېرەي، ئوبدان دەم ئېلىۋال، بولامدۇ؟

— كۆتۈر ئۇنداق دەم ئېلىشىڭنى، بۇنىڭلىق بىلەن گۇناھىڭنى يۇيماي دەمسەن؟ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. خەير، كۈنلەر ئۆزاق، ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭنى بىلىۋال، بولمىسا بۇ قېتىم ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمەن.

رەئىس ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ:

— ماقۇل، ئۇكا، رەنجىمىگىن، خوش، — دېگىنىچە ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى.

ھەسەنجاننىڭ مېڭىسى قوچۇلۇپ كەتتى، بۇ ئىشتا زادى كىم ئەيىبلىك؟ زادى گۇناھ رەئىستىمۇ ياكى ئايىمدىمۇ؟ ئۇنىڭ تۇرۇپلا ئايىمغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ بىچارە نە ھالدا ياتىدىغاندۇ؟ تاياقتا بىرەر يېرى سۇنۇپ كەتكەنمىدۇ؟

ئۇ ئۆيىگە خۇددى مەست ئادەمدەك ئەلەڭلەپ، سالپىيىپ كىرىپ كەلدى. بىچارە ئايىمنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈپ تۇرغان، پېشانىسىدىن ئېقىپ چىققان قان يۈزىدە ئۇيۇپ قالغان، چىرايىدا ئېچىنىش، كۆزلىرى كىمگىدۇر تەلمۈرگەندەك، يەنە كىمدىندۇر شەپقەت تىلىگەندەك بىچارە ھالەتتە مۆلدۈرلەپ تۇراتتى. ھەسەنجاننىڭ خوتۇنىغا ئىچى ئاغرىدى، ئۇنى پەپىلەپ، تەسەللى ئېيتماقچى بولسىمۇ، دەماللىققا كۆڭلى كۆتۈرمىدى — دە، ئىشىكنى زەردە بىلەن ئېچىپ ئۆيدىن قويۇنىدەك چىقىپ كەتتى.

ئايىم ئىنتايىن مۇلايىم، ئېرىگە سادىق ئاياللاردىن ئىدى، بىراق ئۇ بەكمۇ ئەنسىز بولغاچقا، رەئىسنىڭ ئىشلىرىنى ئېرىگە

ئېيتسا، ئېرىنىڭ رەئىس بىلەن ئۇرۇشۇپ بىرەر ۋەقە تۇغدۇرۇپ قويۇشىدىن قورقۇپ بۇ توغرىسىدا تىنمىغانىدى. ئەقىللىق كىشى ئۆزىنى ئەيىبلەپ، گۇناھىنى بىلىدۇ، ئەقىلسىز كىشى خەقنى ئەيىبلەپ، ئۆزىنى گۇناھتىن ساقىت قىلغاندەك يۈرۈۋېرىدۇ. دېمىسىمۇ قايسى ئەر ئۆز خوتۇنىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىشىنى توغرا چۈشىنىدۇ؟ ئۇلار بارلىق گۇناھنى ئاشۇ ئاجىز، بىچارە خوتۇنىغا قويىدۇ، ئۇنى ئەيىبلەيدۇ. بۈگۈنمۇ شۇنداق ئىش بولدى، شۇڭا ئۇ ئېرىدىن قاتتىق تاياق يېدى. بىراق، ئۇ يېگەن تايىقىنى ھەقلىق دەپ قارىدى، چۈنكى ھەسەنجانمۇ رەئىسنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىدى، ئۇمۇ ئادەم، ئۇنىڭمۇ ئەركەكلەرچە قارىشى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرى بار - دە!

ھەسەنجان شۇ كېچىدە جان ئاچچىقىدا چۆلگە قايتىپ كەتتى.

«بىچارە چۆلدىن شۇنچە ئارزۇ بىلەن كېلىپ، بىر پىيالە ئىسسىق چاي ئىچمەي، مېنىڭ بىلەن بىردەم ئولتۇرالماي كەتتى، ئىسىت! — دەپ يىغلىدى ئايىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئېسەدەپ تۇرۇپ، — توۋا، ئادەمنى لايدىن يارالغان دەيدىكەن، ئۇ يالغان گەپ ئىكەن، قارىغاندا ئادەم تاشتىن يارالغان بولسا كېرەك، مانا بىز بېشىمىزغا كەلگەن شۇنچە قىيىنچىلىق، كۈلپەت ۋە خارلىنىشلارغا چىداپ ياشاۋاتامدۇق؟ تېشىمىز پۈتۈن، ئىچىمىز تۇتۇن بولۇپ بۇ ئۆمۈرنى ئۆتكۈزۈۋاتامدۇق؟ ھەرنېمە بولسا قىزىم رەيھان بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر ئۇخلاۋاتىدۇ، ئەگەر ئۇ بىلگەن بولسا قانچىلىك نومۇسلۇق، سەتچىلىك بولغان بولاتتى؟ خۇدا بىر ساقلاپتۇ، مېنى مۇشۇ كۈنلەرگە دۇچار قىلغان رەئىس بېشىنى يەر ئىلاھىم.»

ئۇ ئەنە شۇنداق يىغلاپ، يەنە كىمنىدۇر قارغاپ، يەنە كىمگىدۇر ئىچ ئاغرىتىپ، ھېلى كۆزى يۇمۇلۇپ ئۇگدەپ، ھېلى چۆچۈپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى.

## 11

كولخوزغا «ئۇرۇش باشلاندى» دېگەن قايغۇلۇق خەۋەر يېتىپ كەلگەندە پۈتۈن خەلق ھاڭ ـ تاڭ قالدى، جىددىيلەشتى، يۈرەكزەدە بولۇشتى.

1941 ـ يىلى 21 ـ ئىيۇن يېرىم كېچىدە گىتلېر 1938 ـ يىلى تۈزۈلگەن «سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى»نى بۇزۇپ تاشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلدى. ستالىن رادىيو نۇتقى سۆزلەپ پۈتۈن سەپ، پۈتۈن خەلقنى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى، سىر دەريا بويىدىمۇ ئەسكەرلىككە تىزىملىتىش، ئۇرۇشقا بارىدىغانلارنى سەپەرۋەر قىلىش باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئون سەككىز ياشتىن يۇقىرى ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ھەتتا كۈچ ـ قۇدرىتى بار ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشقا بېرىشقا تىزىملىتىلدى. كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشى بۇزۇلۇپ، جىددي تەييارلىققا چۈشۈپ كېتىشتى.

يازلىق تېرىلغۇلار يىغىلىش ئالدىدا ئىدى. كۈچتۈڭگۈر، ياش ئەمگەك كۈچلىرى ئۇرۇشقا كېتىپ قالسا، ئېغىر ئەمگەك يۈكى ئاياللارغا قالاتتى.

مول ھوسۇل پەسلى يېتىپ كەلگەندە، بۇ جاي جەننەتتەك گۈزەل تۈسكە كىردى. كۈز ئايلىرى بولۇشىغا قارىماي، دەرەخلەرنىڭ بىر قىسمى ياپيېشىل، بىر قىسمى قىزارغان، بىر قىسمى سارغايغان، ساپسېرىق غازاڭلار يوللارغا سېرىق پاياندازسېلىپ قويغاندەك تەكشى تۆكۈلگەن بولۇپ، كۆزنىڭ بۇ مەنزىرىسى ئادەمگە ئاجايىپ زوق بېغىشلايتتى.

ھەسەنجان ئېتىزلارنى ئارىلاپ، بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى

www.uyghurkitap.com

كەلمىگەندەك ئەتراپقا تويماي نەزەر سالدى، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە، باغچىلاردا ئەتىرگۈل، لالە، قىزىل قالداق، رەيھانگۈللىرى بەس - بەستە ئېچىلىپ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى، قارىسا بۇ يەر خۇددى گۈل شەھىرىگە ئوخشايتتى، مانا مۇشۇ يەرلەر ئەمگەكچى خەلقنىڭ مېھنىتى بىلەن جەننەت تۇسىگە كىرگەندى.

ھەسەنجان ئۆز يۇرتىدىكى ئەنسىز كۈنلەر، ۋەيران بولۇۋاتقان تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ ھاياتلىق ئىزدەپ بۇ زېمىنغا كەلگىلىمۇ يەتتە يىل بولۇپ قالدى. ئۇلار كەلمىدىن ئۆيلەرگە كۆچۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن كولخوز ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ئەمدىلا تىنچلىق، ئاسايىشلىق كۈنلەرگە ئېرىشكەن، تېخىمۇ تىرىشىپ ئادەمدەك ياشاش، روناق تېپىشنى كۆڭلىگە پۈككەندە، ئويلىمىغان يەردىن ئۇرۇش ئوتى يامرىدى. مانا ئۇمۇ تىزىملىتىۋىدى، بىرىنچى قېتىمدىلا ئۇرۇشقا بارىدىغانلار سېپىگە كىردى. ئۇ كەتسە ئايىم قانداق قىلار؟ تېنى ئاجىز، ياۋاش بىچارە ئۆزىنى قوغدىيالامدۇ؟ قىزى رەيھانچۇ؟ ئۇمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، ئۇ نېمە كۈنلەرنى كۆرەر؟

بىر كۈنى رەيھان دوستلىرى بىلەن بىللە رايونغا باردى، ئۇ يەردە ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە بارىدىغان قىزلارمۇ، ئوغۇللارمۇ، ھەتتا ياشتا چوڭلارمۇ بار ئىدى. رەيھانمۇ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇراي دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، بىرى ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن، يەنە بىرى ئاپىسى ئايىم يالغۇز قالسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ توختاپ قالدى. ئۇلار رايوندىن قايتقۇچە ئاپتوبۇسقا چىقتى، ئۇنىڭدا ئالدىنقى سەپكە بارىدىغان يىگىتلەر بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەن قىزلارمۇ بار ئىدى، شوپۇر يىگىت بىردەم - بىردەم كەينىگە قاراپ، رەيھاندىن كۆز ئۈزەلمەي قالدى، رەيھاننىڭ يېنىدىكى دوستى:

— جېنىم، قارىغىنا شوپۇر يىگىتكە، سەندىن كۆز ئۈزەلمەي قالدىغۇ، — دېدى ۋىلىقىدە كۈلۈپ.

— قويغىنا دوستۇم، ئۇ مېنى، مەن ئۇنى تونۇمىساق، مۇنداقلا قاراپ قويغاندۇ، — دېدى رەيھان قىزىرىپ.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەن بىر كۈنى رەيھان ئۆيىنىڭ كەينىدىكى باغقا چىقىشى بىلەن بىرى تامدىن ئارتىلىپ چۈشتى، رەيھان ئۇنىڭ شوپۇر يىگىت ئىكەنلىكىنى تونۇۋالمىغان بولسا قورققىنىدىن ۋارقىرىۋەتكەن بولاتتى.

— رەيھان، مەنمۇ ھەسەنجان ئاكام بىلەن ئالدىنقى سەپكە بارىمەن، سىزنى بىر كۆرۈپلا ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم، شۇڭا...

رەيھان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئىتتىك ئۆي تەرەپكە ماڭدى.

— رەيھان، جېنىم دەپ كېتەي، مەن ئاخىر ئۇرۇشقا كېتىۋاتىمەنغۇ، ئۇرۇش قىلسام سىز ئۈچۈن ئۇرۇشىمەن، پاتلا قايتىپ كېلىشكە، سىز بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ياشاشقا تىرىشىمەن، ئەگەر ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتسەم ئارماندا كېتىمەن، مېنى ئازابلىماڭ. شۇ تاپتا سىزنى نېمىشقا كۆردۈم، نېمىشقا كۆزلىرىم كور بولۇپ قالمىدى، دەپ ئازابلىنىۋاتىمەن.

يىگىت كۆپ سۆزلىدى، بىراق رەيھان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەستىن:

— مەن بىرنېمە دېيەلمەيمەن، دادامدىن سوراڭ، — دەپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندە بۇ يېزىدا ئون جۈپ قىز - يىگىت توي قىلماقچى بولۇپ پۈتۈشتى، رەيھانمۇ شۇ قاتاردا شوپۇر يىگىت بىلەن توي قىلماقچى بولدى، ھەسەنجان بۇ تويغا رازىلىق بەرگەندى. قىزلار:

— بىز چىن نىيەت بىلەن توي قىلماقچى، يىگىتلىرىمىز ساق - سالامەت قايتىپ كەلسە بۇ بىزنىڭ بەخت - تەلىيىمىز، يارىدار بولۇپ قايتسا ئۇلارنى مەڭگۈ باقىمىز، ئەگەر قۇربان بولۇپ كەتسە پېشانىمىزغا پۈتۈلگىنى شۇ، ھەممىگە بەرداشلىق بېرىشكە تىرىشىمىز، — دەپ قەسەم قىلىشتى.

ئەتىسى توي بولىدىغان كۈنى كەچتە شوپۇر يىگىت دېرىزىگە چالما ئېتىپ قىزنى سىرتقا چىللىدى. ئۇ قىزنى كۆرۈپ:

— گۈلۈم، سىز مېنى تاللىدىڭىز، مەن بەختلىك ئىكەنمەن، سىزگە بېرىدىغان بىر تىزىق مارجىنىم بار، — دەپ ئۇنى قىزنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويۇپ، قىزنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

ئۇ دوغىلاق، بەدەنلىرى مىختا، قارا كۆز، قارا قاش، چىرايلىق ۋە خۇشخۇي يىگىت ئىدى. ئىككىسى بىللە تۇرسا قىز يىگىتتىن بىر غېرىچ ئېگىز تۇراتتى، رەيھاننىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك سىن ـ سىپاتى، بولاقتەك قارا كۆزلىرى، ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىرى ئۇنى پەرىلەردەك كۆرسىتەتتى.

شۇنداق قىلىپ، يۇرت ئەھلى بارىنى ئوتتۇرىغا تۆكۈپ، ئون جۈپ قىز ـ يىگىتنىڭ توينى قىلىپ قويدى. شۇ كېچىسى داپنىڭ داراڭلىغان ئاۋازى، قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ناخشىلىرى، ئانىلارنىڭ مۇڭ ـ زارى قېتىلىپ يېزىنىڭ كېچىسى لەرزىگە كەلدى. توي بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئائىلىلەردە ئۇرۇشقا ماڭىدىغانلارنى ئۇزىتىش بىلەن يىغا ـ زار باشلاندى.

رەيھان تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا ئۆزىگە ناتونۇش بولغان، يۇرتى ئەنجاندىن بولغان بۇ ئېرى بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ خوشلاشتى.

— گۈلۈم، رەيھان گۈلۈم، مېنى تاللىغانلىقىڭىز مېنىڭ زور بەختىم، ساق ـ سالامەت قايتىپ كېلەلىسەم سىزنى بېشىمدا كۆتۈرۈپ ئۆتىمەن، سىزدىن ئۆتۈنەي، مېنى كۈتۈڭ.

— سىزنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە كۈتىمەن.

— ئەگەر يارىدار بولۇپ سىزگە يۈك بولۇپ قالسامچۇ؟

— سىزنى باقىمەن، ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن.

— ئەگەر قۇربان بولۇپ كەتسەمچۇ؟

قىز يىگىتنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىۋالدى:

— ئۇنداق دېمەڭ، سىز چوقۇم قايتىپ كېلىسىز.

— مەن سىزگە خەت يازىمەن، ماڭىمۇ خەت يازامسىز؟

— ئەخمەق، سىزگە خەت تېگەمدۇ؟

— راست، مەن ئەخمەق، ساراڭ بولدۇم، سىز ئۈچۈن نېمە بولسام مەيلى ... — بىر - بىرىنىڭ جامالىغا، مۇھەببىتىگە قېنىشمىغان يېڭى ئەر - خوتۇنلارنىڭ سۆزى تۈگەيدىغاندەك قىلمايتتى.

— ئابدۇراخمان، چاققان بول!

يىراقتىن بىر يىگىت بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى.

قىز يىگىتكە تاشلىنىپ كۆز يېشى قىلدى، ئۇنىڭ باغرىغا تېخىمۇ چىڭ يېپىشتى.

يىگىت لاغ - لاغ تىترەيتتى، ئۇنىڭ مەڭزىلىرىگە سۆيەتتى...

— بول! چاققان بول، پويىزغا ئۈلگۈرەلمەي قالىمىز.

— مانا ھازىر...

— بىر مىنۇت، پەقەت بىر مىنۇتلا، — دەپ قىز يانچۇقىدىن چىرايلىق بىر قول ياغلىق بىلەن بىر جۈپ پايپاقنى ئېلىپ يىگىتكە بەردى - دە، ئۇنى بار كۈچى بىلەن قۇچاقلىدى، كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلدى.

— يىغلىماڭ، مەن سىزنى سۆيىمەن، جېنىم.

— مەنمۇ شۇ، سىزنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن، سىزگە چىدىمايۋاتىمەن، — دەيتتى قىز يىغلاپ تۇرۇپ.

— بۇنداق يىغلاۋەرسىڭىز مەن قانداق كېتىمەن، — دېدى ئابدۇراخمان ۋە قىزنى ئاخىرقى قېتىم باغرىغا بېسىپ، ئاندىن قوللىرىنى ئاجرىتىۋېتىپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى بارا - بارا يىراقلاپ ئاڭلانماي قالدى.

بىچارە رەيھان قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭغا كېيىنكى تۇرمۇشى نامەلۇم، ئۇ ساق كېلەمدۇ ياكى يارىدار بولۇپ كېلەمدۇ؟ ئاھ تەڭرىم، ئۇ ياكى... ئۇ ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت

www.uyghurkitap.com

قىلالمىدى.

ئەتىسى تاڭ قۇياشى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تۇمان ئاستا ـ ئاستا تارىدى. چوڭ يولدا ئالدىنقى سەپكە ماڭىدىغان ئەسكەرلەرنى ئۇزىتىشقا ماڭغانلار كۆپ ئىدى. ئەسكەرلەر ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئالدىنقى سەپكە ماڭماقتا ئىدى.

ھەسەنجان ئۆزلىرى بىلەن بىللە ماڭىدىغانلار بىلەن ئاپتوموبىلغا چىقتى. رەيھان بىلەن ئانىسى ئايىم گەپمۇ قىلماستىن، يۈم ـ يۈم يىغلاپ مېڭىۋاتاتتى. ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە ئالدىنقى سەپكە ماڭغان كىشىلىرى ئۇرۇشتا قۇربان بولۇپ كېتەرمۇ ياكى مېيىپ بولۇپ بىر ئۆمۈر ئازابتا ياشارمۇ ۋە ياكى جەسىتى چۆل ـ جەزىرىلەردە قالارمۇ، دېگەن ئەندىشە ئەگىيتتى.

بىر ئاي ئۆتۈپ رەيھاننىڭ قورسىقىدا قالغانلىقى مەلۇم بولدى. ئايىم بىلەن رەيھان ئەرسىز ئۆيدە غېرىبسىنىپ ئۆتۈۋاتاتتى. ئاخشاملىرى تىرىققىدە قىلغان ئاۋاز ئاڭلانسا ئىككىسى تەڭ ئويغىنىپ كېتەتتى ـ دە، بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئۇرۇش ۋەھىمىسى قاپلىغان بۇ يۇرت ئۇرۇش مەيدانىدىن ناھايىتى يىراقتا بولسىمۇ، خەلق ئاجايىپ قىيىن كۈنلەرگە قالدى. بىچارە ئاياللار ئېتىز ـ ئېرىق ئىشىنى قىلىپ بولۇپلا، ئالدىنقى سەپكە پاختىلىق جىلىتكە، پەلەي تىكەتتى، شۇ ئىشلار ھەلەكچىلىكىدە گاھى تاڭ ئېتىپ كېتەتتى.

سىر دەريا بويلىرى قىش كۈنى ئاچچىق سوغۇق بولمىسىمۇ، ھاۋا تولاراق تۇمانلىق بولغاچقا، بىر خىل نەم سوغۇق جاننى قىيناپتتى. ئاياللارغا ھەر كۈنى سىر دەريا بويىدىن قىسقۇچپاقا سۈزۈپ تاپشۇرۇش ۋەزىپىسى بار ئىدى. سۇ شۇنچىلىك سوغۇق، ئاياللارنىڭ قورسىقىغا يېگىنىنىڭ تايىنى بولمىغاچقا، سوغۇق ئۆتۈپ، ئۆپكىسىگە كېسەل تەگكەنلەر كۆپەيدى. ئايىم بىر كۈنى كەچقۇرۇن پۇتلىرىنى سۆرەپ ناھايىتى

تەستە ئۆيگە كەلدى ـ دە، سوپىنىڭ لېۋىگە ئولتۇرۇپلا ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. رەيھان قورقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلمەستىن:

— ئاپا، جېنىم ئاپا، نېمە بولدى، مېنى قورقۇتمىغىن، — دەپ ئاپىسىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، چېكىلىرىنى ئۇۋۇلاپ، يۈزلىرىنى سىلاپ يىغلىدى. ئاپىسى ھوشىغا كەلگەن بولسىمۇ، بېشىنى كۆتۈرگۈدەك ھالى يوق يېتىپ كەتتى، رەيھانمۇ ئۇنىڭ يېنىدا يىغلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى چۈشتە ئۇلارنى ئىشقا چاقىرغىلى كەلگەن ئايال ئۆيگە كىرىپلا:

— سادىغاڭ كېتەي جېنىملار، سىلەرگە نېمە كەلگۈلۈك كەلدى، ۋاي قانداق قىلارمىز؟ — دېدى رەيھانغا قاراپ.

ئانا شۇ ياتقانچە ئۈچ كۈن مىدىرلىماي، تۆتىنچى كۈنى يەرگە چۈشۈپلا ئىلاجى يوق يەنە دەريا بويىغا كەلدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن كولخوز رەئىسى باباجانوف تۇساتتىن ئۆيگە ئىشىكنى ئېچىپلا كىرىپ كەلدى. ئانا ـ بالا ئىككىيلەن رەئىسنى ھۆرمەتلەپ دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ:

— خۇش كەپسىز، رەئىس، قېنى تۆرگە مەرھەمەت، — دېدى.

ئۇ ئىككى تەرەپكە ئىرغاڭلاپ ماڭغان پېتى پۇتىدىكى كالاچنى سېلىپ، ئىنچىكە يوللۇق بەقەسەم تونىنى يېشىپ، تۆردىكى ئاددىي چىت كۆرپىدىن ئورۇن ئالدى، ئاندىن:

— ئاڭلىسام، ئاغرىپ قاپسەن ئايىم، شۇڭا ساڭا قۇۋۋەت بولغۇدەك يېمەكلىك ئەكەلدىم، پاتراق ساقايغىن، — دېدى سومكىدىن نەرسىلەرنى چىقىرىپ.

— رەھمەت، جۇۋاپسىز، — دېدى ئايىم ئۇنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپ.

ئۇ ئوچاقتا ئوت يېقىپ چاي قاينىتىشقا تۇتۇش قىلىۋىدى، رەئىس:

www.uyghurkitap.com

— بولدى، چاينى باشقا كۈنى ئىچەرمەن، ئوبدان دەم ئالغىن، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن بۇنداق ئىلتىپاتتىن ھەقىقەتەن خۇشال بولۇشتى. بىر پۈت گۆش، قەنت، بەش دانە سىڭىپ پىشقان نان ئۇلارنىڭ بىرنەچچە كۈن ياخشى غىزالىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن رەئىس يەنە كەلدى. ئۇ كۈنمۇ قۇرۇق قول كەلمىگەنىدى.

— نېرىن قىلغىن ئايىم، تازا مەززە قىلىپ يەيلى، — دېدى رەئىس سومكىسىدىن گۆش ئېلىپ.

ئايىم رەئىسنىڭ ئالدىغا نان، قەنتلەرنى تىزىپ چاي قويۇپ قويدى ـ دە، ئالدىراش نېرىنغا تۇتۇش قىلدى. ئۇ نېرىننى تازا ئوخشىتىپ ئېتىپ، رەئىسنىڭ ئالدىغا لىق بىر لېگەندە قويدى. ئۇ تەرلەپ ـ تەپچىرەپ ئولتۇرۇپ نېرىننىڭ يۇدى ـ يۇقىنى قويماي يەۋەتتى ـ دە، يېرىم كېچە بولاي دېسىمۇ جايىدىن مىدىرلىمىدى.

بىچارە ئايىم نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىپ يۈردى، شۇ ئارىلىقتا رەيھان رەئىسنى قايتارمىكىن دەپ بىر بۇلۇڭغا بېرىپ، كۆرپىنىڭ چېتىگە بېشىنى قويۇپ يېتىۋىدى، بىردەمدىلا ئۇيقۇ كارۋىنى ئۇنى سۆرەپ كەتتى.

رەئىس ئايىمنىڭ ئاق، سۈزۈك يۈزىگە، چىرايلىق لەۋلىرىگە، ئۇزۇن چاچلىرىغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارىۋېتىپ:

— نېمىشقا ئۆز ئۆيۈڭدىمۇ يامغۇر ياغقاندەك ئۆرە تۇرسەن، كەل، يېنىمدا ئولتۇرغىن، — دېدى.

ئايىم بولسا ئۇنىڭ يېنىدا ئەمەس، بەلكى قىزىنىڭ قېشىغا بېرىپ پۇتلىرىنى يىغىپ ئولتۇردى.

— ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ئايىم، مەن بويتاق ھەم ئەركىن ئادەممەن، سەنمۇ ھازىر بويتاق ئايال. سەن ھەم ياش، ھەم

چىرايلىق، بىز نىمىشقا ياشلىقىمىزنى زايە قىلىمىز، سىنى زېرىكىپ قالدىمىكىن، كۆڭلىنى ئىچىپ قويايمىكىن دەپ كېلىشىم، — دېدى رەئىس گەپنى ئۇچۇقلا قىلىپ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئايىمنىڭ يۈزلىرىنى ئوت ئېلىپ كەتتى، بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ تۇرۇپ قالدى.

— نېمە بالا بولدى ساڭا، — دېدى رەئىس قوپاللىق بىلەن.

— رەئىس، سىز ھەممىمىزنىڭ باشپاناھىغۇ، مەن تۇل ئايال ئەمەس، ئېرىم بار، ئۇ ۋەتەن ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتىدۇ، ئۇنداق سۆزلەرنى قىلغۇچى بولماڭ، مەن ئۇ ئىشلارنى خالىمايمەن، — دېدى ئايىم.

رەئىس قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە:

— خالىمايمىش تېخى، كولخوزدا كەينىمدىن جان دەپ يۈگۈرىدىغان ئايال كۆرمىدىڭ، بىراق مېنىڭ كۆڭلۈم پەقەتلا سەندە، كىم سېنى ئۇنداق چىرايلىق بولسۇن دەپتۇ، تولا نازلانما، بىردەمدىلا تاڭ ئاتىدۇ، — دەپ ئورنىدىن قوزغىلىشىغا، ئايىمۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، ھويلىغا چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ئۇنى قوغلاپ چىققان رەئىس «خەپ توختاپ تۇر» دېدى ـ دە، ئېتىغا مىنىپ غەزەپ بىلەن قامچا سالدى. شۇ كېچە ئايىم كۆز يۇممای چىقتى. ئەتىسى ئىش مەيدانىدا رەئىس ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ:

— سەن بۇگۇن قىسقۇچپاقىدىن بىر ھەسسە كۆپ تاپشۇرىسەن، — دېدى.

— ئىنساپ قىلىڭ، رەئىس، كۈندىلىك نورمىنى ئاران تەستە تاپشۇرۇۋاتىمەن، بىز ئاياللار ئاجىزغۇ ئاخىر، — دېدى ئايىم يېلىنغاندەك قىلىپ.

— سەن ئاجىز ئەمەس، ئايىم، يۈرىكىڭ قاپتەك بار ئىكەن، —

uyghurkitap.com

دېدى رەئىس زەردە بىلەن.
مانا شۇنىڭدىن كېيىن رەئىس خۇددى جىن چاپلاشقاندەك ئايىمغا چاپلىشىپ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ بىر كۈنى كەچقۇرۇن پىشۇرۇلغان گۆش، نان، هاراق كۆتۈرۈپ كىردى - دە، گۆشنى قەلەمتىراش بىلەن پارچىلاپ، ئۈستىگە پىياز توغراپ:
— قېنى يەڭلار، — دېگەچ، ئۆزىمۇ چوڭ - چوڭ لوقما ئالدى، ئاندىن پىيالىگە هاراق قۇيۇپ ئىچتى - دە، بىردەمدىلا بوتۇلكىنى بىكارلاپ، كۆرپە ئۈستىدە قىڭغىيىپ يېتىۋالدى. ئايىم ئاستا ئىشكنى يېپىپ قويۇپ، رەيھاننىڭ قېشىغا چىقىپ يېتىشىغا، رەئىس كەينىدىنلا ئىشكنى ئېچىپ كىرىپ ئايىمنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بىر قولىدا ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ مېهمانخانىغا ئاچىقتى.
بىچارە ئايىم رەيھاننى ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ ئۈنىنى چىقىرالمىدى. پىچىرلاپ دېگۈدەك يالۋۇرۇپ - يېلىندى، يىغلىدى، بىراق رەئىس مەستلىكىگە ئېلىپ، ئۇنى زادىلا ئۆزىدىن ئاجراتمىدى.
بۇ ئىشلار ئايدا بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىدىغان بولدى، بىر كۈنى كېچىسى ئاپىسىنىڭ يىغلاپ يالۋۇرغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەن رەيھان ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ بولۇۋاتقان ئىشلارغا قاراپ غال - غال تىترەپ كەتتى ...
— رەئىس، ئۇنداق قىلما، كولخوزدا شۇنچە ئايال بارغۇ، نېمىشقا ماڭا ئېسىلىۋالىسەن، مېنىڭ سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، مەن سېنىڭدىن بىزار، ماڭا رەھىم قىل، قىزىم ئىككىمىزگە ئۇۋال قىلما، خۇدا هەققى سەندىن تىلەي، ئۆتۈنەي، — دېدى ئايىم يىغلاپ تۇرۇپ.
بىراق، رەئىس ئاياللارنىڭ ھەممىسى ناز قىلىدۇ، ئايىممۇ ناز قىلىۋاتىدۇ، بۇنداق ئىشنى خالىمايدىغان ئايال بارمۇ، دەپ

ئويلاپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالماستىن:

— بولدى ئايىم، سەن قىز بالا ئەمەس، چوكانغۇ، ساڭا ئېيتسام، سەن تۇغمىغان ئايال بولغاچقا خۇددى قىز بالىغا ئوخشايسەن، سەن بىلەن بىللە بولسام بەك راھەتلىنىپ كېتىمەن، تولا كەيپىمنى ئۇچۇرما، ياۋاش بول، — دېدى تەھدىت بىلەن.

بىراق، ئايىم ئۇنىڭ بىلەن تىركىشىپ، ئۇنىڭغا بوي بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن غەزىپى كەلگەن رەئىس ئايىمنىڭ تەستىكىگە ئىككىنى سېلىپ، پۇرلاپ ئاستىغا باستى. ئايىمنىڭ توختىماي يىغلاشلىرى، زارلىنىشلىرى، ئۇنىڭ ئەكسىچە رەئىسنىڭ ھاسىراپ - ھۆمۈدەشلىرى ئاڭلاندى. ئايىم ئازابتىن تولغىنىپ ھالسىرىدى، رەئىس بولسا كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى...

بۇنداق ناشايان ئىشلار بىچارە رەيھاننىڭ يۈرىكىدە ئازابنى ئۇلغايتىپ، ئاپىسىغا بولغان ئۆچمەنلىك تامغىسىنى بېسىۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ، جاپا - مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، يوقسۇزلۇق بىلەن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. رەيھانمۇ ئوماققىنا قىزدىن بىرنى تۇغۇۋالدى. بۇ يىللاردا ئالدىنقى سەپتىن ئۈزۈلمەي قارا خەت كېلىپ تۇردى، كىشىلەر يىغا - زار قىلىشتى، قايغۇ - ئەلەمنى كۆتۈرەلمىگەنلىرى ئاغرىپ يېتىپ قالدى. دورا كەمچىل، يېمەك - ئىچمەك يوق دېگۈدەك بولغاچقا، ئاجىز، ئاغرىقلار تۈگەپ كەتتى، بۇ مۇنبەت تۇپراقمۇ خۇددى ئۇرۇش خارابىسىگە ئوخشاپ قالدى. شۇ يىلى نويابىرغىچە كېۋەزلىكتە ئىشلىگەن ئايىمنىڭ ئون جېنىنىڭ بىرى قالمىدى، ئۇنىڭسىزمۇ كۆتۈرۈۋالغۇسىز روھىي ئازاب ئىچىدە ياشاۋاتاتتى.

قىزى رەيھان ئانىسىغا يەنىلا غۇم ساقلاپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن نەپرەت ئاربلاش غەزەپ ئۇچقۇنلايتتى.

— ساڭا نېمە بولدى، قىزىم، — دېدى ئانا بىر كۈنى.

www.uyghurkitap.com

— نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟

ئايىم ئايالـلارغا خاس نازۇك بىر تۇيغۇ بىلەن قىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە، بىردىنلا رەڭگى ئۆچۈپ، مىڭ تەستە:

— مەن نېمە قىلدىم، — دېيەلىدى.

— بىلىپ تۇرۇپ سورايسىزغۇ، مەن كىچىك بالا ئەمەس، ئۇ ھەرقانچە ئىپلاس بولغان تەقدىردىمۇ سىز چىڭ بولۇشىڭىز كېرەك ئىدى، شۇ چاغدا دادامغا ۋاپاسىزلىق قىلمىغان بولاتتىڭىز.

رەيھان ياشلىقتا خاس بىر رەھىمسىزلىك بىلەن دەيدىغاننى دەۋېلىپ، ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قارىۋەتتى.

ئانا تىلىنىڭ قىسقىلىقىنى بىلدى. ئۇ قىزىنىڭ كۆزىگە ناھايىتى تەستە تىكىلدى، بىراق قىزىدا شەپقەت نېمە قىلسۇن، قىزىنىڭ يۈزىدە ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇن ئانىنى يەرگە قاراتتى.

ئۆي ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمدى، ئانا بىردىنلا ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن يىغىسىنى قويۇۋەتتى، بىراق رەيھان ئاپىسىغا تەسەللى بېرىشتە يوق:

— يىغلاڭ، بۇ تېخى سىزگە ئازلىق قىلىدۇ، ئۆزىڭىز بوشاڭ، قورقۇنچاق، شۇڭا خەققە بوزەك بولىسىز، بۇنىڭ ھېسابىغا دادامنى ھەسرەتكە قويىسىز، شۇنداقمۇ؟ — دەپ دوق قىلدى.

ئايىمنىڭ ئۈنى ئىنچىكە چۈشۈپ كەتتى، ئۇ دەردىنى كىمگىمۇ ئېيتالىسۇن؟ كىممۇ ئۇنىڭ ھالىغا يەتسۇن؟ ئۇ دەردىنى ئىنچىكە يۇتۇپ كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ، غەمدىن ئۆزىنى كۆتۈرەلمەيلا قالدى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرۈپ تەگكەن، بۇ ئائىلىنى جېنىدەك ئەزىز بىلىدىغان ئېرى ئۇرۇش مەيدانىدىن قايتىپ كەلسە، ئۇنىڭ

يۈزىگە قانداق قارايدۇ؟ رەئىس تەرىپىدىن بۇلغانغان، ئىپلاس، مەينەت تېنىنى ئۇنىڭغا بېرەمدۇ؟ دەرد ـ ئەلەم دەردىدە كۆيگەن، داغ چۈشكەن، پارە ـ پارە بولغان يۈرىكى بىلەن يەنە شۇ ئېرىنى سۆيەلەمدۇ؟ ياق ! ياق !

«ئاھ تەڭرىم، ماڭا ئەمدى بۇ جاننىڭ كېرىكى يوق، مۇشۇنچىلىك ۋاقتىمدا ئامانىتىڭنى ئېلىپ، مېنى ۋىجدان ئازابىدىن خالاس قىلغىن، دوزاخ ئوتىدا كۆيدۈرۈپ، ئۇستىخانلىرىمنى كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتكىن. سەندىن تىلەي، ئەزرائىلنى ئەۋەتكىن، مەن رازى...»

ئۇ قانچىلىغان كۈنلەر يىغلاپ تۇرۇپ ئاللاغا تېۋىنندى، كۈن ـ تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى، ئاخىر قەتئىي ئىرادىگە كەلدى. بۇ كولخوزدا ئەرلىرىدىن نارازى بولغان ياكى باشقىلارنىڭ جىنسىي پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان ۋە ياكى ئۆزلىرىنى جىنايەتكار دەپ قارىغان ئاياللار ئۆزىگە بېنزىن چېچىپ ئۆلۈۋالدىغۇ؟ ئۇلار نەقەدەر قەيسەر ئاياللار ـ ھە؟ ئۇ بۇ ئالەمدە خار بولغۇچە، دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپلا تۈگەشمەمدۇ؟

ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بىر پارچە خەت يازدى.

*سىر دەريا رايونلۇق ھۆكۈمەتكە:*

*مەن كولخوز ئەزاسى ئايىم، ئېرىم ھەسەنجان ئالدىنقى سەپكە كەتكەن، مەن بىرنەچچە يىلدىن بېرى رەئىس باباجانوف تەرىپىدىن خارلىنىپ، نومۇسلۇق كۈنلەرگە قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىپ قالسام، ماڭا پاختا تېرىش، سىر دەرياسىدىن قىسقۇچپاقا تېرىش ۋەزىپىسىنى بىر ھەسسە كۆپەيتىپ جازالىدى، ئۇنىڭغىمۇ بوپتۇ دەپ چىداپ كەلدىم، بىراق ئۇ مېنى بوزەك قىلىشنى زادىلا توختاتمىدى. مەن ۋىجدان ئازابىدا پۇچىلاندىم، ئېرىم ھەسەنجان ئالدىنقى سەپتە قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتسا، ئۇ قايتىپ كەلسە مەن ئۇنىڭ يۈزىگە قانداق*

*قارايمەن؟ قىزىم رەيھانمۇ ھەممە ئىشنى بىلىدى، ھەتتا كۆردى، بۇ مەن ئۇچۇن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىش ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ مۇشۇنداق سەتچىلىككە قېلىپ ياشىغىنىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ئەمدى قىزىم ئالدىدا، ئىرىم ئالدىدا، جامائەت ئالدىدا گۇناھلىق ئايال بولۇپ، ساپ ئانىلىق ئوبرازىمغا قارا سۈركەپ يۈرۈشۈمنى ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ. ئىنسان ھاياتىنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك، قانچىلىك ئەزىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمەن، بىراق مەن تارتىشىدىغان ئاشۇ ئەزىز ئادەملىرىمنىڭ ئالدىدا بۇ گۇناھلىرىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيمەن. شۇڭا، ئۇ ئالەمگە بېرىپ دوزاخ ئوتىدا كۆيگۈچە، مۇشۇ ئالەمدىلا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ، روھىمنى پاكلاپ، باقىي ئالەمگە كېتەي. ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، ھەركىم ئۆز قىلمىشىغا لايىق جازاغا تارتىلىشى كېرەك.*

*ئەلۋىدا، ھەسەنجان!*
*ئەلۋىدا، قىزىم رەيھان!*
*ئەلۋىدا، ئەزىزلىرىم!*
*ئەلۋىدا، ئەلۋىدا !*

ئۇ خەتنى قاتلاپ پاختىلىق جىلىتكىسىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا سېلىپ قويىدى ـ دە، خۇددى كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بۇرۇنلا ئورنىغا كىرىپ يېتىۋالدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئويغانغان رەيھان ئاپىسى ياتقان ئۆيگە كىرىپ قارىۋىدى، ئۇنىڭ ئورنى بوش كۆرۈندى، ھويلىغا چىقىپ قاراپ بېقىۋىدى، ئۇ يەردىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ تۈرۈپلا ئاخشام ئاپىسىنى قاتتىق رەنجىتكەنلىكىنى ئويلاپ ئېغىر تىنىدى ـ دە، ئۆزىدىن باتناپ سەھەردىلا ئېتىزغا كەتكەن بولسا كېرەك دەپ

ئويلىدى. ئۇ ساماۋارغا ئوت يېقىپ چاي قاينىتىپ، داستىخاننى تەييار قىلدى. نېمە ئۈچۈندۇر بىردىنلا يۈرىكى ئېغىپ، قوللىرىمۇ تىترەپ تۇراتتى. ئۇ چاي قۇيماقچى بولۇپ چىنە چەينەكنى قولىغا ئېلىشىغا چەينەك يەرگە چۈشۈپ پارە - پارە بولۇپ كەتتى. ئۇنى ئەنە شۇنداق بىر ئەندىشە، قورقۇنچ ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغاندا، هويلىغا بىر توپ قىزلار يۈگۈرگەن پېتى كىرىپ كەلدى - دە، ئىزىدا توختاپ قېلىشتى، هېچقايسىسىنىڭ تىلى گەپكە قولاشمايۋاتاتتى. رەيهان:

— جېنىملار، نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى جىددىيلىشىپ.

— ئايىم ئاپام...

— ئاپامغا نېمە بوپتۇ؟ بىر يەردىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇمۇ ياكى هوشىدىن كېتىپتۇمۇ؟ چاققان ئېيتىڭلارچۇ؟

— ئايىم ئاپام... ئۇ... ئۇ ئۆزىنى ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋاپتۇ، پاختا ئېتىزىدا كۆردۇق، بەك قورقۇنچلۇق...

رەيهاننىڭ قۇلىقىغا كەينىدىكى گەپلەر كىرمىدى، ئۇنىڭ كاللىسىدا چاقماق چېقىلدى.

— ياق، ياق، ئاپام ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇ ئىنتايىن قەيسەر، جاپاغا چىدايدىغان ئانا، ئۇ مېنى هەرگىز تاشلاپ كەتمەيدۇ، ياق! ياق!

ئۇ ۋارقىرىغىنىچە ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى...

جامائەت كۆيۈپ كۆلگە ئايلانغان ئايىمنىڭ ئۇستىخانلىرىنى يىغىپ بىر خالتىغا سېلىپ، يەرلىكىگە قويۇشتى.

— بىچارە ئاپام، — دەپ ياش تۆكتى رەيهان هەسرەت بىلەن تۇپراق بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، — جان ئاپا، نېمىشقا مۇنداق قىلدىڭىز؟ نېمىشقا بىزنى تاشلاپ كېتىسىز...

ئاپا، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلگەندە يەتتە ياش، سىز بولسىڭىز ئاران ئون يەتتە ياشتا ئىدىڭىز، لېكىن سىز مېنى

قىزىم دېدىڭىز، مەن بۇ سۆزىڭىزدىن چەكسىز سۆيۈندۈم، سىزگە شۇنداق ئامراق ئىدىم، مەنمۇ كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولدۇم، ئائىلىدىكى بەزى ئىشلارنى چۈشىنىدىغان بولۇپ قالدىم. غەيرىي، ناتوغرا مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بولسامسۇ، بىراق دادامغا دېيىشكە تىلىم بارمىدى. ئاپا، سىز بەك بىچارە ھەم ياۋاش ئىدىڭىز، شۇڭا بوزەك قىلىندىڭىز، خورلۇققا ئۇچرىدىڭىز، دادامسۇ مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئازابلىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى، ئاخىر بۇ خىل روھىي ئازابقا چىديالماستىن رەئىس بىلەن قاتتىق تۇتۇشتى. مەنمۇ توي قىلدىم، كۆپرەك كۈنلىرىم مامۇتقارى دادام بىلەن بىللە ئۆتتى، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشتىنمۇ قاچمىدىم. قىزىم تۇغۇلدى، قىزىمنىڭ دادىسىمۇ ئالدىنقى سەپتە بولغاچقا، سىز بالام ھەم مەن ئۈچۈن كۆپ جاپا تارتتىڭىز، بۇنىڭ ئۈچۈن تېخى سىزگە رەھمەت ئېيتمىغاندىمغۇ، ئاپا...

مەندە دادام ھەسەنجانغا ئوخشاش قارشىلىق كۈچى بار، ياماندىن قورقمايدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان ئىرادە بىلەن ياشاشنى خالايمەن. سىزنى بوزەك قىلغان، ۋىجدان ئازابىدا قىينىلغان ئادەمگە مەن ئەمدى بوش كەلمەيمەن، ئۆۋىتى كەلسە قىساس ئېلىشتىنمۇ يانمايمەن. ئاپا، روھىڭىز قورۇنمىسۇن، مەندىن غەم قىلماڭ، ئاللانىڭ شەپقىتى چەكسىزدۇر، ئۇ سىزنىڭ گۇناھلىرىڭىزنى كەچۈرىدۇ، روھىڭىز ئەمىن تاپقاي...

ئۇ ئاپىسىنىڭ تۈپراق بېشىدا ئىچ ـ قارنىدىكىنى تۆكۈپ، يىغلىغان پېتى ياندى، يول بويى كۆز يېشىنى توختىتالمىدى.

ئۇ شۇنداق قايغۇلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى، خەتتە دادىسىنىڭ ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلىقى يېزىلغانىدى. ئۇنىڭ بىر دەردى ئىككى بولدى، ئاپىسى ئۆلۈۋالسا، دادىسى ئۇرۇشتا قۇربان بولسا، ئەمدى ئېرى قايتىپ كېلەلەرمۇ؟ قاچان كېلىدۇ؟ ئەگەر ئۇمۇ ئۇرۇشتا قۇربان

بولىسچۇ؟... ئۇ ئۇست ـ ئۇستىلەپ كەلگەن ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، تەنلىرى بوشاپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

## 12

ھەر قېتىم ئالدىنقى سەپتىن جەڭچىلەر قايتىپ كەلسە، يېزىدىكىلەر ئالا قالماي ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقاتتى. بىرلىرىنىڭ بالىلىرى، ئەرلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قايتىپ كېلەتتى، يەنە بىرلىرى شۇلار ئارقىلىق ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئاز ـ تولا خەۋىرىگە ئىگە بولاتتى.

رەيھانمۇ ئەتىگەندىلا تەييارلىق قىلىپ، ئالدىنقى سەپتىن قايتقانلارنى كۈتۈۋېلىشقا ماڭدى. ئۇ ئىنقىلابىي جەڭچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ھەم خۇشاللىق، ھەم قايغۇلۇق ئىش بولسىمۇ بېرىشىم كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى.

ئۇ بىرنەچچە تال تۇخۇم پىشۇرۇپ، ئىككى ئاق نان بىلەن ياغلىققا چىگىپ يولغا چىقتى. ئۇ مەيدانغا كېلىپ ئايروپىلاندىن چۈشۈۋاتقان جەڭچىلەرگە تەقەززالىق بىلەن قارىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يارىدارلار، ئېغىر كېسەللەر ۋە مېيىپلەر بار ئىدى. ئۇ توساتتىن دادىسى ھەسەنجاننىڭ ھاسىغا تايىنىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەستىن، ئىككى قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋالدى. ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باراي دېسىمۇ ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن بارالمىدى. ھەسەنجان يۇرتىغا بىرىنچى قەدەمنى ئېلىپلا غايەت زور كۈچ ـ قۇدرەتكە تولدى. ئۇلارنىڭ يۇرتقا چۈشۈپلا قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى تۇپراق سۆيۈش ئىدى. ئۇ ناھايىتى تەستە بىر پۇتىنى سۇنۇپ، بىر پۇتىدا تىزلىنىپ تۇپراقنى سۆيدى، يۈزىگە يېپىشقان توپا بىلەن كۆز ياشلىرى لاي بولۇپ ئاقتى. بىراق، ھازىر دۇنيادا

ئۇنىڭدىنمۇ بەختلىك ئادەم بولمىسا كېرەك، لاي يۇقى يۈزلىرىنى سۈرتۈشنىمۇ خالىمىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپتىن تونۇش چىرايلارنى ئىزدەشتۈردى.

ئوركېستىرنىڭ ئۇنلۇك ساداسى، قارشى ئېلىشقا چىققانلارنىڭ ئالقىشلىرى بۇ يەرنى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدۈرگەنىدى. ھەسەنجاننىڭ تەلمۈرگەن كۆزلىرى بىرىنچى بولۇپ قىزى رەيھاننى كۆردى، قىزى كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىپ چىقىپ لەپپىدە كۆرۈنۈپ، يەنە كىشىلەر ئارىسىدا قالاتتى، ئارقىدىن كىشىلەر ئارىسىدىن بويۇنداپ قاراپ ئۇنى ئىزدەيتتى، كۆز ياشلىرىنى سۈرتەتتى.

— رەيھان، قىزىم!

— دادا، دادا!

رەيھان قىستا ـ قىستاڭچىلىقتىن مىڭ تەستە شۇڭغۇپ چىقىپ دادىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇلار چىڭ قۇچاقلاشتى، خۇشاللىق ياشلىرىنى توختىتالمىدى. ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە تويماي قارىشاتتى، يەنە بىردىنلا پۈتۈن مېھرى بىلەن قۇچاقلىشاتتى، بىر ـ بىرىنىڭ ھىدىدىن مەستخۇش بولۇشاتتى.

— دادا، دادا، سىزنى يەنە كۆرىمەن دەپ... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

— سىزگە قارا خەت كەلگەنمۇ، قىزىم؟

— شۇنداق، ئۇ قارا خەتنى ئوقۇپ كېچە ـ كېچىلەر يۇم ـ يۇم يىغلاپ ياش تۆككەنىدىم. بۈگۈن سىزنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قېلىۋاتىمەن، دادا، بىز يەنە كۆرۈشتۇق، بىزگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بارمۇ؟ ئاھ تەڭرىم، ھايات ئاجايىپ قىسمەتلەرگە تولغانىكەن ـ ھە، تەڭرىگە مىڭ مەرتەم شۈكۈر...

ئىككىيلەنگە قاراپ تۇرغان يار ـ بۇرادەرلىرى، دوستلىرى ھەسەنجاننى نۆۋەت بىلەن قۇچاقلاپ، سۆيۈپ، باغرىغا باستى، ئۇنىڭ ھايات قايتىپ كەلگەنلىكىدىن بەكلا سۆيۈندى. توغرا، رەيھان ئەمدى دادىسىغا سەپسېلىپ قارىدى، دادىسىنىڭ ئۇستىدە

ئاجايىپ ئىسسىق سوكنادىن تىكىلگەن پەلتو، ئۈستىدە پاگونلار ۋە مەيدىسىدە مېدال پارقىراپ تۇراتتى. ياش قىزلار ئۇلارغا گۈللەرنى تۇتتى، پىيونىرلار قاتار تىزىلىپ تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى. بەزى ئاياللار مېيىپ ئەرلىرىنى، ئوغۇللىرىنى يېتىلەپ ھارۋىلارغا سېلىپ ئەكەتمەكچى بولاتتى، بەزى ئانىلار مېيىپ بولۇپ كەلگەن ئوغۇللىرىغا قاراپ يىغلىشاتتى. مانا ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا بىر پۇتى كېسىلگەن مېيىپ ئىرىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ، يىغلىغان پېتى سۆزلەۋاتقان ياش چوكان تۇراتتى. ئۇ:

— ئاخىر كەلدىڭ، سەن كەلمىسەڭ مەن قانداق ياشايتتىم، — دەپ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ئۆزىمۇ بىلىپ - بىلمەيلا ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ، ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تويماي قارايتتى. بۇ مەيدان يىغا - زارىغا تولغان، شادلىق بىلەن قايغۇ - ھەسرەت بىرلىشىپ كەتكەن قاينام - تاشقىنلىققا تولغانىدى، ھەركىم ئۆز مېھرىبانى، يۈرەك پارىلىرى ئۈچۈن پايپېتەك ئىدى.

ھەسەنجان خۇشاللىق، ھاياجان ۋە بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمگەن بولسىمۇ، يۈرىكىنىڭ بىر يېرى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆزىدە ئاجايىپ بىر تەشنالىق، ئىنتىزارلىق ۋە سۆيگۈ ئېقىنلىرى يامرايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆزى سېغىنغان، كۆرۈشنى ئىستىگەن، جەڭلەردە بولسۇن زادىلا ئۇنتۇمىغان بىر سىيمانى ئىزدەيتتى. قىزى ۋە باشقا بۇرادەرلىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئاشۇ سىيمانىڭ كۆز ئالدىدا لوڭڭىدە پەيدا بولۇشنى ئىستەيتتى. شۇنداق، ئاشۇ چىرايلىق، مۇلايىم، كەم سۆز خوتۇننى كۆرۈش ئىستىكى يۈرىكىدە بىر پارچە چوغدەك يېلىنجايتتى. ئۇ كۆڭلىدە، ئايىم ئاغرىپ قالغان بولسا كېرەك، شۇڭا ئالدىمغا چىقالمىغان گەپ، دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

ئۇ ئۆيگە بارغۇچە تۇمانلىق يوللارغا، قىشنىڭ سوغۇقىدا

يالڭاچلىنىپ قالغان باغلارغا قارايتتى، ئۆيگە يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ ئالدىغا خوتۇنى يۈگۈرۈپ چىقىدىغاندەك، كۆز ياشلىرىنى ئاقتۇرۇپ ئۇنى قۇچاقلايدىغاندەك ھېسسىيات ئۇنى ئارامىدا قويمىدى. بىراق، يول بويى ھېچكىممۇ خوتۇنى توغرىسىدا بىرەر ئېغىز سۆز قىلمىدى. شۇنداق، ئۇ ئىشىك ئالدىغىمۇ كەلدى، بىراق ئۇ كۆرۈنمەيتتى.

ئۇلار ئۆيگە كىردى. ھەسەنجاننىڭ كۆزىگە ئۆي چۆلدەرەپ قالغاندەكلا كۆرۈندى، ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئەنسىز سوقۇپ كەتتى، ھەر خىياللار كاللىسىنى چىرمىۋالدى.

رەيھان داستىخان سېلىپ، پىيالىگە قىزىق چاي قۇيۇپ، پەتنۇس بىلەن تۇتتى ـ دە:

— قېنى دادا، چاي ئىچىڭ، — دېدى تىترەڭگۈ ئاۋازدا دادىسىغا تىكىلىپمۇ قارىيالماستىن.

ھەسەنجان قىزىغا لەپپىدە قارىدى، پىيالىنى قولىغا ئالغان ئارىلىقتا كۆزلىرىدىن «ئانىڭىز قېنى، ئۇ نەدە؟» دېگەندەك بىر مەنىلىك قاراش ئەكس ئەتتى. رەيھاننىڭ لەۋلىرى ئۇمچىيىپ، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش ئاقتى، ئاندىن ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە دادىسىغا ئېسىلىپ ھازا ئاچتى. ھەسەنجاننىڭ روھى سۇنۇپ، يۈرەك باغرى ئېزىلىپ كەتتى. ئۇ چاقماق تېزلىكىدە بىچارە، مۇلايىم، ۋاپادار خوتۇنۇم كېسەل بولۇپ تۈگەپ كېتىپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىدى. ئايىمىنىڭ ئۆزىنى ئۇزىتىپ چىققان ۋاقىتتىكى سىياقى كۆز ئالدىغا كەلدى. بۇ كۈز ۋاقتى بولغاچقا، ئۇ ئۈچىسىغا گۈللۈك كۆڭلەك، ئۈستىگە پوپايكا كىيىپ، بېشىغا يېشىل گۈللۈك ياغلىق چىگىۋالغانىدى. ئۇ بىردەم ـ بىردەم كالتە يۆتىلەتتى، ئېرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىمەكچى بولاتتى ـ يۇ، خۇددى كۈن چىقىپ تۇرغاندا يامغۇر تامچىلىغاندەك ياشلىرى ئىختىيارسىز تۆكۈلەتتى. ئۇ ئېرىگە يېقىن كېلىپ:

— خۇدايىمدىن ساق ـ سالامەت قايتىپ كېلىشىڭىزنى

تىلەيمەن، — دېگەندى تۆۋەن ئاۋازدا.

ھەسەنجان خوتۇنىغا قىيالماي قايتا - قايتا قاراپ، ئۇنىڭ غولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ، مەن ئۈچۈن سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ، قىزىم ئىككىڭلارنى سالامەت كۆرۈشنى تىلەيمەن، خەير - خوش، ئامان بولۇڭ، — دېگەندى.

نۇرغۇن قىز - چوكانلار ئەرلىرىگە ئۆزلىرىنى تاشلاپ قۇچاقلىشىپ خوشلاشقان بولسىمۇ، بىچارە يۇزى تۆۋەن ئايىم يۇم - يۇم يىغلاپ قالغانىدى.

— قىزىم، ئانىڭىز...

ھەسەنجان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى - دە، ئىختىيارسىز ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتتى، يۈرىكى قاتتىق ئاغرىپ، كۆزىنى چىڭ يۇمدى.

— دادا، بىلىمەن، سىز بەكمۇ بىئارام بولۇۋاتىسىز، بىراق سەۋر قىلماي ئامال يوق. قېنى، جىندەك تۇرۇپ تۇرۇڭ، سىزگە بىرىنى كۆرسىتىمەن، — دەپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ، چىرايى ئۆزىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بۇدرۇققىنا، قاپقارا چاچلىرى بۇدۇر - بۇدۇر، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان ئىككى ياشلار چامىسىدىكى ئوماققىنا قىزنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ھەسەنجان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ چىرايىغا بىردىنلا ئۈمىد يۈگۈردى:

— بۇ مېنىڭ نەۋرەممۇ؟

— شۇنداق، بۇ مېنىڭ قىزىم زۇلفىيە، سىزنىڭ نەۋرىڭىز، دادا.

ھەسەنجان زۇلفىيەنى قولىغا ئېلىپ باغرىغا باستى، يۈزلىرىگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى، ئارقىدىن ھاردۇقلىرى بىراقلا چىقىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. بىراق، ئوماق نەۋرىسىنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ كارىۋىتىغا ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى - دە، يەنە ئېگىشىپ تۇرۇپ تويماستىن

پېشانىلىرىغا سۆيدى.

— بەك چارچاپ كەتتىڭىز، دادا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىرلا قوشنا - قولۇملار يېتىپ كىرىدۇ، بىز كەچتە ئالدىرىماي پاراڭلىشىۋالىمىز. ئاپام شۇ ساقسىز بولۇپ قېلىپ ياخشى بولالمىدى...

ھەسەنجان بىرھازا خۇدىنى يوقىتىپ، خۇددى ناھەق ئازار يېگەن بالىدەك ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— ئايىم، ئايىم، سىز مېنىڭ جاپايىمنى تارتىپ، راھىتىمنى كۆرمىگەن بىر جاپاكەش ئايال ئىدىڭىزغۇ، مەن سىزنى ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۈرىمەن دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدىمغۇ، نېمىشقا مېنى ساقلىماي كەتتىڭىز، سىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالسام مەيلى ئىدىغۇ، سىز بۇ ئالەمدىن كۆز يۇمغۇچە مېنى قانچە قېتىملاپ چاقىرغانسىز - ھە؟ بىراق مەن يېنىڭىزدا بولالمىدىم، جېنىم ئايىم...

— دادا، جېنىم دادا.

دەل شۇ ۋاقىتتا مامۇتقارى كىرىپ كەلدى، ئۇلار يەنە ھازا ئېچىپ، قىرائەت قىلىشقاندىن كېيىن، بىرھازا ئەھۋال سوراپ ئولتۇرۇشتى. ئاڭغىچە بىر توپ ئەر - ئايال، قېرى - ياش قوشنىلار كىرىپ كېلىپ، ھەسەنجانغا ئېسىلىشىپ ھازا ئېچىشتى. ئەرلەر بىر - بىرلەپ قول بېرىپ كۆرۈشتى، ئاياللار ياشلىق كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، ئېغىر ئۇھ تارتىشىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشتى، ئارقىدىن:

— ھەسەنجان بالام، مېنىڭ ئوغلۇمنى كۆردۈڭمۇ؟

— ھەسەنجان ئۇكام، مېنىڭ ئېرىمنى كۆردۈڭمۇ؟

— ھەسەنجان ئاكا، مېنىڭ دادامنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ بەس - بەستە سوراشتى.

كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ ئۇرۇشقا كەتكەن مېھرىبانلىرى توغرىسىدا خەۋەر ئاڭلاشقا تەشنا، ئۇلارنىڭ تىرىكلىكىنى بىلىشكە ئىنتىزار ئىدى. ھەسەنجان بىرھازا

كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇرۇپ كېتىپ:

— قېرىنداشلىرىم، بىللە ئويناپ، بىر ناننى تەڭ يەپ ئۆتكەن تۇغقانلىرىم، — دېدى كۆزلىرىنى ئېچىپ، — بۇ ئۇرۇش مەيدانى بەك چوڭ، قاتناشقان ئادەم بەك كۆپ بولغاچقا، سىر دەريا بويىدىن بارغان سالداتلار تېرىقتەك چېچىلىپ كەتتۇق، بىر - بىرىمىزنى كۆرۈش ئەمەس، بىرەر ئۇيغۇر ياكى ئۆزبېكنى، قىسقىسى تىل ئۇقىدىغان كىشىنى كۆرۈشمۇ بەك تەس، شۇڭا ئۇلارنى كۆرەلمىدىم، بىراق ئۇلار هايات بولسىلا بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى قايتىپ كېلىدۇ.

بىرپەس ھەممەيلەن جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى، ئاردىن مامۇتقارى:

— ھەسەنجان ئۇكام، ئۇرۇش دېگەن راست بەك دەھشەتلىكمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، ئۇرۇش دېگەندە دۈشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز تىركىشىدىغان گەپكەن، ئۇرۇشنىڭ دەھشىتىنى ئۇرۇشقا بارغاندا ئاندىن بىلگىلى بولىدىكەن.

— سىز قايسى قىسىمدا ئۇرۇش قىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى بىرەيلەن.

— مەن سەپنىڭ ئالدىدا ئاتلىق رازۋېدكىچى بولۇپ چارلاش ئېلىپ باردىم. ئاستىمدا ئات، ئوڭ دولامدا بەشئاتار مىلتىق، سول دولامدا خالتا، قولىمىزدا دۇربۇن، يول بويى چارلاپ ماڭىمىز، گاھى ۋاقىتلاردا پىيادە مېڭىپ يوللاردىكى ئوت - چۆپ، ئىزلارغا قارايمىز، ئىشىمىز ئېغىر ئەمەس، بىراق ناھايىتى ھوشيارلىق، جەسۇرلۇقنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، بىز دۈشمەن قايسى يۆنىلىشتە، قايسى تەرەپكە ماڭدى، قاياقتىن كېلىدۇ، دېگەنلەرنى دوكلات قىلىمىز. بولۇپمۇ قەھرىتان سوغۇقتا جەڭ قىلىش تەسكە توختايدىكەن، سوغۇق، ئاچلىق ئادەمنى قىينايدىكەن، ئۇرۇشتا نېمىسلار ھاۋادىن، قۇرۇقلۇقتىن بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتكەچكە بىزدىن كۆپ سالدات چىقىم بولۇپ

كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېمەك ـ ئىچمەك، ئوق ـ دورىمۇ يېتىشمىدى. بىراق، قەھرىمان جەڭچىلەر جان تىكىپ ئۇرۇش قىلدۇق، ۋىژىلداپ ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ئارىسىدىن ساق چىقىش بىر تەلەي بولسىمۇ، ئۇرۇش ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىدىكەن. دەسلەپتە ئادەم قورقىدىكەن، كېيىن يۈرەك يوغىناپ قورقماس بولۇپ كېتىدىكەن، چۈنكى سەن ئۇنى ئۆلتۈرمىسەڭ، ئۇ سېنى ئۆلتۈرىدۇ ـ دە! ئۇرۇش دېگەن ئادەملەر ئۆز ـ ئۆزىنى قىرىدىغان، جاھاننى بۇزىدىغان ئاپەت ئىكەن. ئويلاپ باقسام، نۇرغۇن جەڭچىلىرىمىزنىڭ جەسەتلىرى ئاشۇ كەڭ داللاردا، قارلىق چوققىلاردا، كۆللەردە، زەيكەشلىكلەردە قالدى، ئۇلارنى دەپنە قىلىشقىمۇ، ھەتتا تەزىيە بىلدۈرۈشكىمۇ ۋاقىت يەتمىگەن چاغلار بار. قايسىمىزغا ئۆلگەنلەر ئۇچرىسا ئۇلارنىڭ بويىنىدىكى مېداليونلىرىنى، تۇمارلىرىنى ياكى يانچۇق سائەتلىرىنى ئېلىپ كوماندىرغا تاپشۇردۇق، تېخى ئۆلۈكلەرنىڭ ئۈستىدىكى پەلتو، قولاقچا، ئۆتۈكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ ئۇچىمىزغا كىيىپ، يەنە يېشىمىزنى سۈرتۈپ جەڭگە ئاتلاندۇق، نەدىمۇ يىغلاپ ئولتۇرۇپ ئۇلار بىلەن ۋىدالىشىدىغانغا ۋاقىت بولسۇن دەيسىلەر. ئىشىنىمەنكى، ئۇ قەھرىمانلىرىمىز تارىخنىڭ سەھىپىلىرىگە يېزىلىدۇ، ئۇلارنىڭ نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. قېرىنداشلىرىم، سىلەرمۇ ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن ئاز جاپا چەكمىدىڭلار ھەرقاچان؟

ھەممەيلەن جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىشتى، ئۆيئىچىدە ئېغىر تىنىش، ئاچچىق يۆتىلىشلەر ھۆكۈم سۈرەتتى.

— ئوكا، — دېدى ئاق ساقال بىر كىشى، — دۆلەتتە ئۇرۇش بولسا خەلققە ئوخشاشلا جاپا ئىكەن. بىزنىڭ كۆزىمىزمۇ ئالدىنقى سەپتە، قولىمىزمۇ زادىلا ئىشتىن بوشىمىدى. بۇ يەردىمۇ ئالدىنقى سەپكە جىلىتكە، پەلەي تىكىش، قىسقۇچپاقا سۈزۈش، ئاشلىق، يېمەك ـ ئىچمەك غەملەش بىلەن ئۆتۈۋاتىمىز، بىزنىڭمۇ يىلىكىمىز ئۈزۈلۈپ قالاي دېدى.

كېسەللەرگە بۇ يەردىمۇ دورا يوق، گاھى ئويلاپ كېتىمەن، نېمانچە تەتۈر پېشانە بىز، يۇرتىمىزدىكى ئۇرۇش ـ تالاش، ئۆلتۈرۈش، قىيناش، بۇلاڭ ـ تالاڭدىن قېچىپ چىقىپ بۇ يەردىكى ئۇرۇشقا تۇتۇلدۇق، كۆڭلىرىمىز ياخشى بولۇپ كېتەر دېگەن ئۈمىدتە ئۆتۈۋاتىمىز. ھە راست، بىر ئىشنى سورىسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كىشى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئاڭلىسام، ھېلىقى راۋابىڭنى ئېلىۋاپسەنغۇ، راستما؟

— ئۇ راۋابنى كىچىككىمدە دادام ئېلىپ بەرگەنىدى، پادا باققان چاغلىرىمدا شۇ راۋابنى چېلىپ يۈرەتتىم، زادىلا يېنىمدىن ئايرىمايتتىم، ئۇرۇشقا ماڭغاندىمۇ نان سالغان خالتىغا سېلىۋالغانىدىم، ئويلىمىغان يەردىن راۋابىم تازا ئەسقېتىپ قالدى دېسە. مەن چارلاش ئەترىتىدە بولغاچقا گاھى بەقەسەم تون، بادام دوپپا كىيىپ، دېھقان ياكى پادىچى سىياقىدا ياسىناتتىم. بىز باشقىلاردىن ئىككى ياكى ئۈچ كۈن ئالدىدا مېڭىپ چارلاش ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ يوشۇرۇنغان جايى، قايسى يۆنىلىشكە ماڭغانلىقى توغرىسىدا دوكىلات قىلاتتۇق، ھەربىر قەدەم يول، ھەربىر تىنىقىمىزدا ھوشيارلىق ۋە چەبدەسلىك بولمىسا بولمايتتى. بىر كۈنى ئاجايىپ بىر ئىش بولدى، بىز ئاتتىن چۈشۈپ دەرەخ سايىسىدا دەم ئېلىپ ئولتۇراتتۇق، بىر رۇس قىز ئۇدۇل بىز تەرەپكە قاراپ كەلدى ـ دە، بىزگە سالام قىلدى، ئاندىن رۇس سالداتقا بىرنېمىلەرنى دېۋىدى، ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ قىز دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ كېتىشىگە، ھەمراھىمىز بىزگە:

— ئىش چاتاق، ئۇ قىزنىڭ ئۆيىدە بەش نېمىس ئوفىتسېرى بار ئىكەن، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى. بىز ئۇنى ـ بۇنى دېيىشىپ ياخشى چارە تاپالمىدۇق، ئاخىر رازۋېدكىچىلار باشلىقى ماڭا قاراپ:

— سەن دېگىنە قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى. مەن سەل ئويلىنىۋېلىپ:

— سلەر مۇشۇ يەردە مېنى ساقلاڭلار، مېنىڭ سومكامدا يالاڭ بەقەسەم تون بار، ئۇنى كىيىپ، راۋابىمنى چېلىپ، ئادەتتىكى دېھقانلارنىڭ سىياقىدا قوروۇغا كىرەي، ئاندىن قىز مېنى ئۆيگە باشلىسۇن، — دېدىم.

— ئاندىنچۇ؟

— قېنى كىرگەندىن كېيىن بىر ئىش قىلمامدۇق، — دېدىم. شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى رۇس قىز يۇگۇرۇپ چىقىپ، بىرنېمىلەرنى دەپ، ئالدىراپ چېلىككە سۇ ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

— ئىش پۈتتى، — دېدى رۇس سالدات، — سەن راۋابىنى چېلىپ ئۆيگە كىرىپ، ئۆيدە قالغان بىرىنى جايلايسەن، قالغان تۆت دۈشمەننى قىز باغقا باشلاپ چىقىدىغان بولدى، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن راۋابىمنى سازلاپ، خۇددى جاڭگالدا ناخشا ئېيتقاندەك ناخشا توۋلاپ ماڭدىم. شۇ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىشىم بىلەن بىر نېمىس ئوپۇر - توپۇر بولۇپ يۈگۈرۈپ چىقتى، قىزمۇ كەينىدىن چىقىپ بىرنېمىلەرنى دېدى - دە، مېنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. نېمىس:

— راۋابىڭنى چال، — دېدى ماڭا ئىشارەت بىلەن.

مەن راۋاب چېلىپ ناخشا ئېيتىپ، كەينىدىن راۋابنى تاشلاپ ئۇسسۇل ئويناپ، ساراڭدەك قىلىقلارنى قىلدىم.

ئۇلار بىرنېمىلەرنى دەپ كالدىرلىشىپ كۈلۈشتى، ئاندىن قىز ماڭا بىر ئىستاكان سۈت تەڭلەپ:

— بولكا بىلەن يېگىن، — دېدى.

ئارقىدىن ئۇ تۆت نېمىسنى باشلاپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. مەن بىلەن قالغان نېمىس ناھايىتى بەخىرامان سىگارت چېكىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ بېشى پايىنەك، چىرايى سېرىق ئىدى، يېشىل كۆزى ماڭا تىكىلگەنىدى. ئۇ بىر ۋاقىتتا ماڭا قاراپ:

— تۈرك؟ — دېدى.

مەن بىشىمنى لىڭشىتتىم.

ئۇ نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى، بىراق مەن چۈشەنمىگەندىكىن بىشىمنى كۆتۈرمەستىن بىر خىيالدا بولكىنى سۈتكە چىلاپ يەپ ئولتۇردۇم. ئۇ مەن بىلەن مۇڭداشماقچى بولۇپ يېنىمغا كېلىۋىدى، شارتتىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

— ھاجەتخانا نەدە؟ — دەپ شەرەت بىلەن سورىدىم. ئۇ ياندىكى ئۆينى كۆرسەتتى. مەن ھاجەتخانىغا كىرىپ بىرھازاغىچە چىقماي ئولتۇرۇۋالدىم، ئۇ ئىشىكنى ئېچىشىغا مۇشت بىلەن بىرنى سېلىۋىدىم، ئارقىسىغا داجىپ كەتتى . بىراق، ئۇمۇ يامانكەن دەرھال ئۆزىنى رۇسلىۋېلىپ، كەلگەن پېتى مەيدەمگە بازغاندەك مۇشتى بىلەن نەچچىنى سېلىپ، مېنى يەرگە ياتقۇزۇۋەتتى. ئۇ بىر پۇتى بىلەن غولۇمغا دەسسەپ تۇرۇپ، تاپانچىسىنى ئالماقچى بولغان ئارىلىقتا بىر كۈچىنىپلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، پىچاقنى ئۇنىڭ بوينىغا تىقتىم، ئۇمۇ بوش كەلمەي ماڭا ئوق ئاتماقچى بولدى ـ دە، بىردىنلا يەرگە دۈم چۈشتى. ئۇنىڭدىن چىققان بىردەمدىلا يەرنى بىر ئالدى، گۆرەن تومۇرى كېسىلگەچكە، بىردەمدىلا تىنىقتىن قالدى. مەن سىرتقا چىقسام، ئۇلارمۇ تۆت نېمىسنى يەر چىشلىتىپتۇ.

— كېيىنچۇ؟

— بىز داۋاملىق يولىمىزغا ماڭدۇق.

— راست دەۋاتامسەن يا پو ئېتىۋاتامسەن؟

ھەسەنجان بۇ گەپكە سەممىمىي كۈلكىسى بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئارقىدىن ئۆيدە بىرپەس كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ئۇرۇش قاچان تۈگەيدىكەن؟ — دەپ سورىدى بىر ئايال.

— ئۇرۇش باشلانغىلى ئۈچ يىل بولدى، ھازىرچە بۇنىڭغا بىرنېمە دېيىش تەس. گېرمانىيە فاشىستلىرى ھاۋادىن، قۇرۇقلۇقتىن ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن شەھەرلەرنى، زاۋۇت ـ كانلارنى ۋەيران قىلىۋەتتى، بېسىپ كىرگەنلىكى شەھەر،

يېزىلاردىكى بىگۇناھ كىشىلەرنى قىرىپ، شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، بارغانسېرى سەپنى كېڭەيتىپ موسكۋاغا يۈزلىنىۋاتىدۇ. بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغداپ، دۈشمەن بېسىۋالغان جايلارنى قايتۇرۇۋالغۇچە جەڭ قىلىمىز، ئۇرۇشنىڭ ۋاقتىنى ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالى بەلگىلەيدۇ، دۈشمەن ھەرقانچە كۈچلۈك، قوراللىرى ھەرقانچە خىل بولسىمۇ، قەھرىمان سوۋېت خەلقى قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ، ئۇلارنى يوقىتىدۇ، ئۇلار ئاخىر يېڭىلىدۇ، بىز مانا مۇشۇنداق ئىرادە بىلەن جەڭ قىلىۋاتىمىز، — ئۇ سۆزىدىن توختاپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

— ئۇكام، دەم ئېلىپ بولۇپ يەنە ئالدىنقى سەپكە بارامسەن؟ — دېدى ئاپپاق ساقاللىق بوۋاي.

— شۇنداق، بۇ قېتىم يارىدار بولۇپ ساقايدىم، ماڭا ئىككى ھەپتىلىك دەم ئېلىش بەردى، سىلەرنى كۆرۈشكە ئالدىرىغانىدىم، مانا كۆردۈم. مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئۇرۇشقا قاتنىشىپ نېمىسلارنىڭ تەسلىم بولغان ۋاقتىتىكى ھالىتىنى، سوۋېت خەلقىنىڭ غەلىبە تەنتەنىسىگە چۆمگەنلىكىنى، ستالىننىڭ خۇشاللىقتىن كۈلگەن چىرايىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن، شۇڭا ئاللادىن ئۆمرۈمنى تىلەۋاتىمەن.

— ھەسەنجان بالام، سەن قالتىس ئىكەنسەن، سەن چىن ئەقىدەڭ بىلەن خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانىكەنسەن، ئاللا ساڭا رەھمەت ئاتا قىلىدۇ، بىزمۇ سېنىڭ ئۆمرۈڭنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى، ئاشۇ كۈنلەرنى كۆرۈشۈڭنى، يەنە بىرنەچچە مېدال تاقاپ كېلىشىڭنى تىلەيمىز.

— رەھمەت، ھەممىڭلارنىڭ كۆڭلى ماڭا يەتتى. بىراق، نېمىشقا مەندىن ئەھۋال سورىمايسىلەر، نېمىشقا خوتۇنۇم ئۈستىدە گەپ قىلمايسىلەر؟ ئۇ بۇ جاھاندىن قانداق كۆز يۇمدى؟ سىلەر نېمىشقا بۇنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلمايسىلەر؟ ئۇ زادى نېمە كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى؟

— ئۇكام ھەسەنجان، — دېدى ئاق رومال ئارتىۋالغان ياشانغان ئايال، — رەھمەتلىكنىڭ تەقدىر پېشانىسى شۇنداق بولۇپ قالدى، بىچارە ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، ئىشچان، كۆيۈمچان ئىدى. ئۇ كەتتى، قايتىپ كەلمەيدۇ، قازاغا رىزا دەپتىكەن، ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلايلى، قېنى ئامىن...

ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىدىن چارە ئايالنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى تىلغا ئېلىشتىن قېچىپ، دۇئا - تەكبىردىن كېيىن خوشلىشىپ ئۇزاپ كېتىشتى. ھەسەنجان ئۈچۈن ئۇ بىر سىر بولۇپ قالدى.

## 13

ھەسەنجان زور ئارزۇ - ئۈمىدلەر بىلەن ئۆيىگە قايتقانىدى، ئۇنىڭ كۈتكىنى چىرايلىق، مۇلايىم خوتۇنى ۋە قىزى بىلەن بىرنەچچە كۈننى گۇڭگۇر - مۇڭگۇر بىللە ئۆتكۈزۈش ئىدى، ئەپسۇس ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ئۇ دەم ئېلىشنى چۆرۈپ قويۇپ، پۇتىدىكى گىپىسنىمۇ ئېلىۋەتتى. بىچارە خوتۇنىنى ئويلىسىلا يۈرەكلىرى تىلىنغاندەك ئېچىشاتتى، نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلىدە بىر گۇمان ئۇنى قىينايتتى، شۇ گۇماننى يېشىشكە ئالدىرايتتى. كېچە قاراڭغۇسىدا ئۇ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ ئاخىرىدا رەئىسنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختاپ ئويلىنىپ قالدى... بۇرۇن رەئىسنىڭ ئۇنى ھەر خىل ئىشلارغا بۇيرۇۋېتىپ ئايىمغا چېقىلماقچى بولغانلىقى، ئۆزىنى قىلچە كۆزگە ئىلمىغانلىقى ئۇنى قاتتىق غەزەپلەندۈرگەنىدى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەسەنجان چۆپ ئورۇۋېدىغان چالغىنى راسا بىلەپ، ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرۇپ چالغىنى بوينىغا سالغانىدى، ئەگەر بىرلا ئالدىغا تارتسا ئۇ جان تەسلىم قىلاتتى،

www.uyghurkitap.com

بىراق ھەسەنجان ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىپ ئۇنى سوراق قىلغانىدى، ئاشخىچە بىر توپ ئادەم يىغىلىپ، رەئىسنى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئوروپ يەرگە ياتقۇزۇۋەتكەنىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ تېخى ئون بەش كۈن قامالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ خوتۇنى...

توساتتىن بىر قول ئۇنىڭ غولىغا تەگدى، بۇ قول ئۇنى ئاستا يېتىلەپ مېڭىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى.

ئۇ كىشى رەھمەتلىكنىڭ ئاكىسى، ئۆزگە دادا ئورنىدىكى ماموتقارى ئىدى. ئۇ ھەسەنجاننى ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ:

— ئوكام، ئوغول بالا دېگەننىڭ بېشىغا ھەر خىل ئىشلار كېلىدۇ، — دېدى ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — بىز سېنىڭ سەل ھاردۇقۇڭ چىققاندا ئاندىن ئۇ گەپنى ئېيتايلى دېگەنىدۇق، خەير، بۇنى ساڭا دېمەي بولمىدى. سىڭلىم شۇنداق تۇيۇقسىزلا ئارىمىزدىن كەتتى، ھەممەيلەن ئۇنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن ئېچىندۇق، بىراق بىزنى بەك ئازابتا قويغىنى...

— زادى نېمە ئىش، قېنى ئېيتسىلا، قارىكا.

— ئۇ بىچارىگە نېمە دەرد كەلگىنى بىزگە قاراڭغۇ، خۇددى مۇشۇ يۇرتتىكى بەزى يەرلىك ئاياللارغا ئوخشاش ئۇمۇ بىنىزنىن چېچىپ ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋالدى، بىز ئۇنى ئەتىسى چۈشتە ئېتىزدا كۆردۇق. بۇنداق ئۆلۈم بەك دەھشەتلىك بولىدىكەن. دېمەك، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى دەردىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— ئاھ خۇدا، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ھەسەنجان، — ئۇ بىر مۇسۇلمان قىزىغۇ، ئۇ ھىندى بولمىسا ئوتتا كۆيۈپ ئۆلىدىغان، بۇ نېمە ئىش؟ مەن ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن؟

ئەمدى ھەسەنجاننىڭ يىغىسىنى توختاتقىلى بولمىدى، ئۇ قاتتىق ئەلەم بىلەن يىغلاپ كەتتى...

— غەيرەت قىل، ئوكام، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن بىر پادىچى ئەمەس، بەلكى قىزىل ئارمىيە قىسمىدىكى سالدات، چىشىڭنى چىشلىگىن.

— ماقۇل، سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاي، بىراق بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتسىلا، سىلى چوقۇم بىلىدىلا، بولمىسا مەن قاراملىق بىلەن بىرەرىنىڭ بېشىغا چىقىپ قالىمەن. ماڭا ياردەم قىلسىلا...

ئۇ ئۆز ئاتىسىغا يېلىنغاندەك ئۇنىڭغا يېلىندى.

— قارا، گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ دېگەن گەپ بار، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، رەئىس بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. رەھمەتلىك سىڭلىم ئۇ ئالەمدە دوزاخ ئازابى تارتقۇچە، بۇ ئالەمدە دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ ئۆزۈمنى پاكلاپ كېتەي دېگەنمىش. بىلىمەن، ئۇ سېنى جېنىدىن ئەزىز بىلەتتى، ئۇ سېنى ئاجايىپ ياخشى كۆرەتتى، بۇنىڭ ئۆزىلا ساڭا بولغان ساداقەت، سەن ئۇنىڭدىن رازى بول.

ھەسەنجان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئوقتەك ئېتىلىپ تالاغا چىقماقچى بولدى، ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ھازىرلا بېرىپ رەئىسنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىدىغاندەك ئىدى.

— توختا! — دېدى مامۇتقارى.

ھەسەنجان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، دۇشمەنگە ئەسىرگە چۈشكەن سالداتتەك ئېچكى ئازاب، ھارغىن، روھسىز بىر قىياپەتتە ئۇنىڭغا قارىدى - دە، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ قاتتىق ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

— قارا ئۇكام، يىغلىسام مانا مەن يىغلايمەن، مېنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا بىرەرمۇ قېرىندىشىم يوق، مەن بىر قورساق سىڭلىمدىن ئايرىلىپ قېلىپ، دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز قالدىم، — دېگىنىچە مامۇتقارى ھەسەنجانغا ئېسىلىپ بىرھازا قاتتىق يىغلاپ كەتتى - دە، ئارقىدىن ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — بولدى، كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، قەلبىڭ يارىلىنىپ، غۇرۇرۇڭ سۇندى، چىققان كۆزنى ئورنىغا چۈشۈرگىلى بولمىغاندەك، بۇ ئىشنىمۇ ئىزىغا چۈشۈرگىلى بولمايدۇ، ئەگەر پۇل، بايلىق بىلەن ئۇنى قايتا تىرىلدۈرگىلى بولسىدى، بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ

نەرسىمىزنى ئايىمىغان بولاتتۇق، بىراق بۇنىڭغا ئامالىمىز يوق. سەن ئۆزۈڭ دېدىڭ، ئۇرۇشتا قانچىلىك سەپداشلىرىڭدىن ئايرىلدىڭ، قانچىلىك سالداتلار مېيىپ بولدى، خۇداغا شۈكۈر سەن تېخى ھايات، بۇنى بىر قېتىملىق قاباھەتلىك چۈش دەپ ئويلىغىن، سەن تېخى قىسىمغا قايتىپ دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىسەن. بۇ ئىشنىڭ مەخپىيىتى ئاخىر ئاشكارىلىنىدۇ، ماڭا ئىشەنگىن، — دېدى نەسىھەتگۈيلۈق بىلەن.

— قارىكا، — دېدى ھەسەنجان جىددىيلىكىنى بېسىپ تۇرۇپ، — مېنىڭچە ئۆچ ئېلىش، قىساس ئېلىش دۈشمەنلىك ئەمەس، بەلكى ئوغۇل بالىچىلىق. ئوغۇل بالا دېگەن ئۆز غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرسا بولمايدۇ، مەن بۇ يۇرتقا كېلىپ كۆپ قېتىم غۇرۇرۇم يەرگە ئۇرۇلدى، مەن يەنە قاچانغىچە ناھەقچىلىككە چىداپ ئۆتىمەن؟ سىلى گەپ قىلمىسىلا، مەن ھەم گەپ قىلمىسام، ئۇلارنىڭ خورلىقى ئۆسۈپ كەتمەمدۇ؟ بىز قۇلىقىمىز تۇرۇپ ئاڭلىمىغانغا سالساق، كۆزىمىز تۇرۇپ كۆرمىگەنگە سالساق، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟

— ئۇكام، دېگەنلىرىڭ توغرا، باباجانوف ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، بەلكى ئوبلاست بويىچە يۈز - ئابرۇيى بار ئادەم، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى كېيىن بىرىبىر ئاشكارا بولىدۇ، ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ بېشىدا كۆيۈۋاتقان ئۇرۇش ئوتى ھەممىدىن مۇھىم، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تىنچ كۈنلەرگە ئېرىشكەندە ئۇلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسى ئېچىلىدۇ، بىز ئاڭغىچە تاقەت قىلايلى. شۇڭا ھېسسىياتقا، ئاچچىققا تايىنىپ ئىش قىلمايلى، بولامدۇ؟

— قانۇن ئورۇنلىرىچۇ؟ — ھەسەنجان ئۈمىد بىلەن تىكىلدى.

— قانۇن ھەممىنى ھەل قىلىشقا قادىر ئەمەس، ئىنىم، ئۇنىڭمۇ مىڭبىر پۇتىقى بار. چۈنكى، قانۇنمۇ ئادەمنىڭ قولىدا، ھازىر كىشىلەر ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە، قورساق غېمىدە يۈرگەندە

بۇ ئىشلارزە... دەرۋەقە، كىشىلەر نۇرغۇن ئىشنى بىلىسىمۇ ئېيتمايدۇ، رەئىستىن قورقىدۇ، ھوقۇق دېگەن شۇنداق نەرسە، ئەگەر باشقا بىر ئادەتتىكى ئادەم بولغىنىدا ئىدى، ئىش باشقىچە بولاتتى. راستىنى ئېيتسام ئۇكام، ھەرقانداق بىر يۇرتتا يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ھۆكۈمەت ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيمىز دەپ قانۇن تۈزگەنغۇ. ئاز سانلىق ئادەملەرنىڭ ئەخلاقسىزلىقى، بيۇروكراتلىقى بۇ ئەلنىڭ قانۇنىنى بۇزالمايدۇ، ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روھى ھەممىمىزدە بار، سەنمۇ شۇ يولدا سوۋېت ئىستىپاقىنىڭ تىنچلىقى، ئەلنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتىسەنغۇ، لېكىن ھەق - ناھەقنى ئايرىش، ئادالەتكە يەتمەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس، «بەگكە يەتكۈچە، بىلىك سۇنار» دېگەن ماقال بار ئەمەسمۇ، بىز ھازىر زېھنىمىزنى يىغىپ ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن ئىش قىلايلى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىشلار چوقۇم بىر تەرەپ بولىدۇ.

— قارىكا، شۇنداق كۈنلەرمۇ بولارمۇ؟

— ئادالەت دېگەن غالىبلىقنىڭ ئۆزى، ئۇكام، شۇڭا بىزدە سەۋر - تاقەت، چىدام - غەيرەت بولسۇن.

— رەھمەت، قارىكا، دادام ئورنىدا نەسىھەت قىلدىلا.

— ھەرنېمە بولسا سۆزۈمنى ئىلىك ئالدىڭ، ئۇكام، بىز بەزىبىر ئىشلارنى خام ئويلايمىز، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — كولخوزدا بۇنداق ئىش تۇنجى رەت بولۇۋاتقىنى يوق، ئەخمەتجاننىڭ خوتۇنى مۇشۇنداق زورلۇققا ئۇچراپ ئۆزىگە كىرىسىن چېچىپ ئۆلۈۋالدى، ئىككى بالىسى بىلەن قالغان ئەخمەتجان نېمە بولۇپ كەتتى؟ ئۇ مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ، بىر كېچىسى رەئىسنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپ دەرەخ تۈۋىدە ماراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا پىچاق تەڭلىگەنىدى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ نېمە بولدى؟ تاغدىن دومىلاپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتتى. ئىككى نەۋرىسىنى قۇچاقلاپ، زار - زار قاقشىغان بىچارە ئانا كوچىدا

سۆزلەپ، يىغلاپ يۇرۇپ ئىپلىشىپ قالدى. بىچارە مەزلۇم كۆرگەنلا ئادەمدىن، ھەتتا دەل ـ دەرەخ، توخۇ ـ قويلاردىن «بالامنى كۆردۇڭلارمۇ» دەپ سورايدۇ. بولدى، گەپ تامام. بىرنەچچە كۈننى بولسىمۇ خۇشال ئۆتكۈزگىن.

سۇبھى كۆتۈرۈلگۈچە ئىككىيلەننىڭ سۆھبىتى داۋاملاشتى. ھەسەنجان تاڭ سەھەردە بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ قەبرىستانلىققا بىرىپ، قەبرىنى قۇچاقلاپ شۇنداق قاتتىق ياش تۆكتىكى، يىغىسىدىن زىمىن سىلكىنگەندەك بولۇپ كەتتى.

بىر چاغدا يىنىدىكى قەبرە بىشىدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقان بىر كىشى ئۇنىڭ يىنىغا كىلىپ:

— تۇرۇڭ ئاغىنە، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدىكەن. بىز توي قىلغىلى بىرنەچچە ئاي بولغانىدى، ئۇ تۇگەپ كەتتى، مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ھەسرەت ئوتىدا پۇچىلاندىم. بىزگە سەۋر ـ تاقەتتىن باشقا چارە يوق، چۈنكى بىز ھاياتلار يەنە ياشايمىز، ئىش قىلمىساق ھاياتنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ، سەۋر ـ تاقەت قىلىڭ، — دەپ ئۇنى يۆلەپ ئىپلىپ ماڭدى.

ھەسەنجان يىگىتنىڭ سۆزلىرى، غەيرىتىدىن قايىل بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۆزى ئۇنداق قىلالمىدى. ئۇ خۇددى روھى چىققىپ كەتكەن ئادەمدەك پەرىشان يۇردى. ئۇ ئايغا قاراپ «ئايىمنى كۆردۇڭمۇ» دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئاستىلا بۇلۇتلار ئارىسىغا مۆكۈندى، يۇلتۇزلارمۇ جىم تۇرۇۋالدى. ئۇ ھەتتا ھەربىر گۈل ـ گىياھ، باغلارغا قاراپ تەلمۈردى، بىراق پۈتۈن ئەتراپ خۇددى ماتەم تۇتۇۋاتقاندەك جىمجىت ئىدى. ئۇ ئاخىر كۆل بويىغا كەلدى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا «سىز بەك كىچىكىپ كەلدىڭىز، يولىڭىزغا شۇنچىلىك تەشنا بولغانىدىم، ئاخىر پاكلىنىپ، ئۇ دۇنيادا سىزنى كۈتەي دىدىم...» دىگەن ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ، ئەندىكىپ كەتتى. توساتتىن كۆل بويىنى تۇمان قاپلاپ، يىگىتنىڭ ئۇچىدەك ئىنچىكە يامغۇر تامچىلاشقا

باشلىدى، سان ـ ساناقسىز يامغۇر تامچىلىرى كۆل يۈزىگە مارجاندەك چۈشۈپ، بىردەمدىلا كۆل سۈيىگە قېتىلىپ كەتتى.

— دادا، نەگە كەتتىڭىز، كېچىچە سىزدىن ئەنسىرەپ كۆز يۇمماي چىقتىم، — دېدى قىزى رەيھان ئۇنى كەينىدىن قۇچاقلاپ.

— مامۇتقارىكام بىلەن مۇڭداشتۇق، قىزىم، ھەممە ئىشنى بىلدىم، يۈرىكىم پارە ـ پارە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— دادا، بولغۇلۇق بولدى، ئانىدىن ئايرىلدىم، ماڭا يەنە سىز كېرەك. سىز بىلەن بىرنەچچە كۈننى گۈڭگۈر ـ مۇڭگۇر ئۆتكۈزۈۋالاي، ئانامدىن ئايرىلىپ بەكمۇ غېرىبسىنىپ كەتتىم، سىز يېنىمدا بولسىڭىز يۈرىكىم توق بولۇپ قالىدىكەن، يۈرۈڭ، ئۆيگە قايتايلى، — دېدى رەيھان دادىسىنى يۆلەپ مېڭىپ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ھەسەنجان ئاتقا مىنىپ ئېتىزلارنى ئارىلاپ ماڭدى، ئەتراپنى تۇمان قاپلىغان بولۇپ، ئون مېتىر يىراقلىقتىكى نەرسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. بىرەر سائەتتىن كېيىن قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، تۇمانلار تارقالدى. ھەسەنجان يانچۇقىدىن خوتۇنى گۈل كەشتىلەپ بەرگەن قول ياغلىقىنى ئېلىپ پۇراپ، ئاندىن يۈرىكىگە ياقتى، شۇئان گويا خوتۇنى بىلەن ئۆزىنىڭ يۈرىكى بىللە سوققاندەك ھېسسىياتقا كەلدى. «مانا بۇ يەرلەردە — ئېتىزلاردا، قىرلاردا، ئورمانلاردا، كۆللەردە، فېرمىلاردا ئۇنىڭ باسقان ئىزى بار. بەلكىم ئۇمۇ مېنى سېغىنغان چاغلىرىدا مۇشۇ يەرلەرگە كەلگەن بولغىيدى... ئۇنىڭ ئىزىنى ھىدلاپ باسىمەن، ئۇنىڭ ئاياللىق خىسلىتى، ئوتلۇق مۇھەببىتى، ماڭا بولغان ساداقىتىنى ئەبەدىي ياد ئېتىمەن...»

ھەسەنجان خوتۇنىنى ئويلىغانسېرى بىئارام بولۇپ ھالسىراپ كەتتى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ نەمخۇش، ياپيېشىل چىملىقتا ئۆزىنى تاشلىدى. ئاسماندا توپ ـ توپ ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق پاختىدەك بۇلۇتلار ئۇنىڭ خىيالىنى يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى ... بىر چاغدا ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازى ئۇنى خىيالدىن

ياندۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىتتىغا مىنىشكە، ئاق قاشقا ئىتتىنى مىنىپ كىلىۋاتقان رەئىسنى كۆردى. رەئىس ناھايىتى خاتىرجەم، تەمكىن كۆرۈنەتتى. ئۇ يىراقتىنلا كۈلۈمسىرەپ:

— ھە، ھەسەنجان، ياخشى كەپسەن، نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— سىزمىدىڭىز رەئىس، يېزىنى ئايلىنىپ يۈرىمەن، — دېدى ھەسەنجان ئۆزىنى بىمالال كۆرسىتىشكە تىرىشىپ.

— تولا ياخشى بوپتۇ، — دېدى رەئىس، ئارقىدىن ئىتنى دېۋىتىپ كىتىپ قالدى.

بىراق، شۇ كۈنى ئىككىيلەن ئۈچ قېتىم ئۇچراشتى. ھەسەنجان خۇددى جىن چاپلىشىۋالغاندەك ئۇ نەگە بارسا كەينىدىن باراتتى، تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالاتتى. رەئىس ئۇنى كۆرسە ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ئالاقزادە بولىدىغان بولۇپ قالدى. ئەتىسى ئۇلار يەنە ئۇچراشتى. رەئىس ئاتتىن چۈشتى، ھەسەنجانمۇ ئاتتىن چۈشتى، رەئىس ھەسەنجانغا قاراپ كەلدى، ھەسەنجان ئۆز ئىزىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇردى، رەئىس كۈمۈش ساپلىق قامچىسىنى قولىدا ئويناتقاچ، خۇددى ئۇنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ، چىرايى سەل جىددىيلەشتى - دە:

— نېمە بولدۇڭ سالدات، — دېدى، — ساڭا نېمە بالا تەگدى، نېمىشقا كۈنبويى مېنى ئەگىپ يۈرىسەن؟

— قەيەردە يۈرگۈم كەلسە ئۆزۈمنىڭ ئىشى، — دېدى ھەسەنجان ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ گېپىنى بوغۇپ، راست سۆزلەتكۈسى بار ئىدى - يۇ، بىراق لېۋىنى چىڭ چىشلەپ، ئۆزىگە ھاي بەردى. ئەكسىچە رەئىسنىڭ بىردىنلا غەزىپى تاشتى - دە، ۋارقىرىدى:

— ھەي بىغەرەز، زادى نېمىشقا مېنى ئىزلاپ يۈرىسەن؟

— ئۆزىڭىز بىلەرسىز؟

ھەسەنجان مەسخىرىلىك كۆلۈۋەتتى، چۈنكى ئۇ رەئىسنىڭ تىتىلداپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالدى. رەئىسنىڭ جان - ئىمانى چىقىپ تۇرسىمۇ، پەسكويغا چۈشۈپ تۇرۇپ ئۇنى شىلىماقچى بولدى.

— ھەسەنجان، سەن يارامىلىق ئادەم، مەنمۇ قېرىپ قالدىم، بۇ قېتىم ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەلسەڭ سېنى ئىزباسار قىلىپ تەيىنلەيمەن، سېنىڭچە قانداق؟

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ساڭا بىر ياخشىلىق قىلاي دەيمىنا.

ھەسەنجان سەن ئەمەس مەن دەپ دۇنيادا ئۆزىنى بىر چاغلايدىغان رەئىسنىڭ تۇيۇقسىز ئېيتىۋاتقان سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى. ئىچىگە كىرىپ چىقسا، ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ، تىلىنىڭ تېگىدە تىل بار ئىدى.

— رەئىس، سىزدە يەر - زېمىن، قورۇ - جاي، باغىبارىڭ ھەممە نەرسە بار، مۇنداقچە ئېيتقاندا توققۇزىڭىز تەلغۇ، بۇنداق تۇرمۇشتىن بىراقلا كەچمەكچىمۇسىز؟ كەچۈرۈڭ، رەئىس، خۇدا خالىسا تەندۇرۇسمەن، ئەمگەك قىلالايمەن، ئۆز ھالىمدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالالايمەن، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئېتىغا مىندى.

— توختا، توختا دەيمەن! — دەپ ۋارقىرىدى رەئىس. بىراق، ھەسەنجان ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي، ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ «توختا، ئىتنىڭ بالىسى» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىماسقا سالدى. ھەسەنجان بىردەمدىن كېيىن ئارقىسىغا قارىۋىدى، رەئىسنىڭ ئاتنى يېتىلەپ ھارغىن قەدەم بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭغا رەئىس بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ھەسەنجان رەئىسنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئۆتىدىغان ۋاقتىنى توغرىلاپ دەريا بويىغا باردى - دە، ئېتىنى يېتىلەپ دەرەخ ئارىسىغا مۆكۈندى. ئاز ئۆتمەي رەئىس ئاتلىق

كۆرۈندى. ھەسەنجان تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ رەئىسكە توغرىلىدى، شۇ تاپتا بىر پاي ئوق ئۈزسە رەئىس ئۈن ـ تىنسىز جان بېرەتتى. «ئۇنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرسەم، خوتۇنۇم ئۈچۈن، بىگۇناھ قىز ـ چوكانلار ئۈچۈن قىساس ئالغان بولىمەن، نېمىشقا قىساس ئالمىغۇدەكمەن؟ چوقۇم قىساس ئالاي» دېگەن خىيال كاللىسىدىن كەچتى ـ يۇ، يەنە قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچ ئۇنى توسۇپ قالدى. بۇ ئادەمگەرچىلىكمۇ؟ مېھرىبانلىقمۇ؟ ئىنسانپەرۋەرلىكمۇ؟ قورقۇنچاقلىقمۇ؟ ياق! ياق! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ قەلبىدىكى پاكلىق تۇيغۇسى ئۇنى ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن توسۇپ قالدى. «مەن نېمە ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرىمەن؟ قانلىق ئۇرۇشلاردا قانچىلىغان بىگۇناھ ئادەملەر قىرغىن قىلىنىۋاتىدۇ، قانچىلىغان گۈزەل شەھەرلەر ۋەيران بولۇۋاتىدۇ، قانچىلىغان نارەسىدىلەر ياش تۆكۈۋاتىدۇ، قانچىلىغان ئاق باش ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئوت ـ پىراقىدا پۇچىلىنىپ، ھىجران ئازابى تارتىۋاتىدۇ؟ دۇنيادا قانچىلىغان كىشىلەر ئۇرۇش دەردىدىن مېيىپ، مۇساپىر بولۇپ ۋەيران بولۇۋاتىدۇ؟ ئاچلىق، كېسەل سەۋەبىدىن جان تەسلىم قىلىۋاتىدۇ؟ بۇ خىل ئۇرۇشلار، دۈشمەنلىشىشلەر بىر ئەمەس، بىرنەچچە ئەۋلادنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى بۇزۇۋاتىدۇ، ئۆچ ئېلىش، قىساس ئېلىش ئوتى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى مۇزلىتىۋاتىدۇ؟ ياق! ياق! مەن ئۇرۇش بولۇشىنى، ئادەم ئۆلۈشىنى خالىمايمەن، تىنچلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمەن، مەڭگۈ كۈرەش قىلىمەن.» بىردىنلا جەڭ مەيدانىدىكى شىددەتلىك ئوق ئاۋازى، پارتلاشتىن چىققان يالقۇن، ئىس ـ تۈتەك، ۋەيران بولغان شەھەرلەر، ئۆرۈلگەن ئۆيلەر، كۆيدۈرۈلگەن يېزا ـ قىشلاقلار، نابۇت بولغان ئېتىز ـ ئېرىق، ئانا تۇپراق، نالە ـ پەرياد چېكىپ ھاياتلىق ئۈچۈن جان تالىشىۋاتقان ياردارلار، ئىڭراپ ياتقان مېيىپلەر، سان ـ ساناقسىز جەسەتلەر ئارىسىدىن ئۆمىلەپ چىققان نارەسىدىلەر،

ئېسىنى يوقىتىپ ھاڭۋېقىپ قالغان مومايلار، ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ، ئەسكى ـ تۇسكىلەر ئارىسىدىن يېمەكلىك ئىزدەپ يۈرگەن بوۋايلار كۆز ئالدىغا كەلدى.

ئۇ ئېسىگە كېلىپ تاپانچىسىنى قېپىغا سالدى، لېكىن رەئىس بىلەن بىر قېتىم ئېلىشىپ، ئۇنىڭ گۇناھىنى ئىقرار قىلدۇرۇش خىيالىدىن ۋاز كەچمىدى.

راستىنى ئېيتقاندا، ھەسەنجان ئۇچۇن رەئىسنى ئۆلتۈرۈش قىيىنغا چۈشمەيتتى، كىچىكىدە پادىچى بولغان بۇ يىگىت دائىم دېگۈدەك قۇشلارنى ئاتاتتى، ئاتلىق يۈرەتتى، ئۇنى چەۋەنداز دېيىشمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ بىردىنلا پادىچىلىق ۋاقتىدىكى بىر ھۈنىرى ئېسىگە كېلىپ قالدى ـ دە، ئارقانىنى ئېلىپ رەئىس تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن رەئىس پەرۋا قىلمىدى. ھەسەنجان ئارقانىنى سالما قىلىپ تاشلاپلا، ئاتنى چاپتۇردى، رەئىس ۋارقىرىۋەتتى. ئۇ رەئىسكە يېقىن كېلىپ مىختەك قادالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى دىڭ تۇرۇپ كەتكەنىدى.

ــ نېمە؟ ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى رەئىس.

ــ شۇنداق، سىزنىڭ زۇلمىڭىزدا ساراڭ بولاي دەپ قالدىم. قېنى، بۈگۈن بىر ۋىجدانىڭىز بىلەن سۆزلەڭ، گۇناھىڭىزنى تونۇڭ.

ــ گۇناھسىز ئادەم بولمايدۇ، ھەسەنجان، ــ دېدى ئۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، ــ بىراق سېنىڭ مېنى سوتلاش ھوقۇقۇڭ يوق.

ــ شۇنداق، مەن سودىيە ئەمەس، بىراق يامان ئىش قىلغانلارنى سوتلىسام تامامەن بولىدۇ، چۈنكى خەلق ئادىل سوتچى.

ــ راستىنى ئېيتسام، خوتۇنۇڭنى كۆرگەن كۈنۈمدىن تارتىپلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، بىراق ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىدىم، ئۇ ئۆز جېنىنى ئۆزى نابۇت قىلدى، ئۇ...

رەئىسنىڭ تىلى كالۋالىشىپ قالدى، پېشانىسىدىن پۇرقىراپ تەر چىقىپ كەتتى.

— سىز ئۆلتۈرمىدىڭىز، بىراق سىز ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

ھەسەنجان رەئىسنىڭ قولىنى كەينىگە باغلاپ يەرگە يۈكۈندۈردى ـ دە، بىر مېتىر نېرىسىدىكى يوغان كۆتەكتە ئولتۇرۇۋېلىپ، سوراقنى باشلىۋەتتى.

— سۆزلەڭ، رەئىس، مۇشۇ كولخوزدىكى ئاچا ـ سىڭىللار كېچە ـ كۈندۈز دېمەي كېۋەزلىكتە ئىشلەيدۇ، ۋەزىپە ئورۇنلايدۇ، باللىرىنى ئېتىز بېشىدا باقىدۇ، سىز ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىش، ئۇلارنى ئاسراش ئورنىغا خالىغان ۋاقتىڭىزدا ئۇلارنى خورلىدىڭىز، سىزنىڭ ئۇلارنى ئاياغ ئاستى قىلىشىڭىزمۇ قانۇنلۇقمۇ؟ بۇنداق ھوقۇقنى سىزگە كىم بەرگەن؟

— ھېچكىم.

— نېمىشقا خوتۇن ئېلىپ ئۆيىڭىزنى تۇتمايسىز؟

— بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى، سەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. مەن ئاياللارغا ئېسىلىۋالمايمەن، بەلكى ئۇلار ئۆزى ماڭا يېپىشىدۇ، بىلەمسەن، چۈنكى مەندە ئاياللارغا كېرەكلىك نەرسىنىڭ ھەممىسى بار. ئېيتە، سەندە بارمۇ؟

ھەسەنجاننىڭ نېرۋىلىرى بۇزۇلۇپ چاچقۇن بولۇپ كەتتى ـ دە، قامچىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ كەلگەن يېرىگە ساۋاشقا باشلىدى، ھەربىر سوئال سوراپ نەچچىنى سالدى، رەئىس ئاۋۋال جىم تۇرۇپ باقتى، كەينىدىن ئاللا ـ توۋا كۆتۈردى.

— قېنى، سۆزلىمەمسەن؟

— مەن سۆزلەي، سەن ئۇرۇشقا كەتكەندىن كېيىن مەن ئايىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدىم ھەم ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا خوتۇن قىلدىم... كېيىن ئۇ ئۆزىگە بېنزىن چېچىپ ئۆلۈۋاپتۇ.

ھەسەنجاننىڭ مېڭىسى قوچۇلۇپ، قۇلاقلىرى ۋىڭىلداپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، قولىدىن قامچا چۈشۈپ كەتتى، كۆزى ئوچۇق تۇرغان بولسىمۇ، ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمەي قالدى. رەئىس ئۇنىڭ قېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇ سالدات مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، مېنى قۇتقۇلدۇرۇڭلار، بۇنى تۇتۇڭلار! — دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى. ئاڭغىچە ئەتراپقا بىرنەچچەيلەن يىغىلدى.

— بولدى رەئىس، بۇ ئاچچىقتا بولغان ئىش، ئىككىڭلار ئەركەكلەرچە يۈزلىشىپسىلەر، بۇ ئىش مۇشۇ يەردە تۈگىسۇن، — دېيىشتى ئۇلار ئارىغا چۈشۈپ.

ھەسەنجان ئولتۇرغان جايىدا مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇرىۋەردى. ئۇلار رەئىسنى يولغا سېلىۋېتىپ، ھەسەنجانغا تەسەللىلەر ئېيتىپ ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويدى.

ھەسەنجاننىڭ بۇ قېتىمقى دەم ئېلىشى مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەر ئىچىدە ئۆتتى.

ھەسەنجان ئالدىنقى سەپكە قايتىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغدا، ئوبلاست بويىچە ئالدىنقى سەپتىن كەلگەن كوماندىر، جەڭچىلەرنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدى. ئەتىسى ھەسەنجان ئاپتوموبىل بىلەن سىر دەريا ئوبلاستىغا باردى، ئۇ يەردە مىڭلىغان خەلق ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ھەر خىل يېمەكلىك، قىزلارنىڭ قوللىرىدا گۈل، كەشتىلەنگەن قول ياغلىق، ئەتلەس بەلباغ، پەلەي، تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملار بار ئىدى. خەلق ئۇلارنى تەنتەنىلىك كۈتۈۋېلىشتى.

ئوبلاست كۇلۇبىدا چوڭ يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە پىداكارانە كۈرەش قىلغان ئۇرۇش قەھرىمانلىرىغا مېدال، ئوردېن تارقىتىلدى. مانا شۇ قاتاردا ھەسەنجانغىمۇ «ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن»لىك

ئوردېنى بېرىلدى.

ھەسەنجان سەھنىدە مەغرۇرانە تۇراتتى. گەۋدىلىك كەلگەن، ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك ھەربىي باشلىق سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— لېنىنئابات كولخوزىنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى، چەۋەنداز، ئالدىنقى سەپتە ئىنتايىن جاپالىق خىزمەت ئىشلەپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن تۆھپە ياراتقان ھەسەنجاننى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ قەھرىمان، قورقماس جەڭچى، ئۇنىڭ رازۋېدكا ماھارىتى، چارلاش خىزمىتىدىكى ئالاھىدە تۆھپىسى، قىش - زىمىستاننىڭ سوغۇقىدا كېچە - كۈندۈز تىنماي كۈرەش قىلىش روھى ھەممىمىزگە ئۈلگە بولالايدۇ. ئۇ مەيلى ساق، مەيلى ياريدار ۋە ياكى قاتتىق ئاغرىپ قالسۇن، ۋەتىنىمىزنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن مىنۇت توختىماي كۈرەش قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوردېن بېرىلدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا ئۇنىڭ زور تۆھپىسى ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇنى قەدىرلەيدۇ، يۇقىرى خىزمەت بىلەن تارتۇقلايدۇ، بىز مۇشۇنداق قەھرىمانلىرىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز...

ئالقىش سادالىرى زالنى تىترىتىۋەتتى. گېزىت - ژۇرناللارنىڭ مۇخبىرلىرى ئۇنى بەس - بەس بىلەن زىيارەت قىلدى، سۈرەتكە تارتتى. يىغىن تۈگىگەندە سىرتتىكى خەلق ئۇنى بېشىدا كۆتۈردى.

— ياشاپ كېتىڭ يىگىت، ئاللا سىزگە كۈچ ئاتا قىلسۇن!

— تۇغقان ئاناڭغا رەھمەت، بالام!

— بىز قەھرىمانلىرىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز!

— ئەگەرچەندە قىزىم بولسا سىزگە بېرەتتىم، ئوغلۇم!

ئەنە شۇنداق مەدھىيە - تىلەكلەر بىلەن كىشىلەر ئۇنى قۇچاقلىدى، ئاتىلار پېشانىسىدىن سۆيدى، قىزلار ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ھەربىر كىشى ئۆزى تاپقان

سوۋغىسىنى بېرىپ، ئۇنى ئاجايىپ قىزغىن ئۇزىتىپ قويىدى. ئەتىسى «لېنىنئاباد» كولخوزىدىمۇ شۇنداق تەنتەنىلىك تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئوبلاست باشلىقلىرى، ھەربىي ئەمەلدارلار ھەسەنجاننى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. كىشىلەر:

— ھەسەنجان بىزنىڭ پەخرىمىز، بىزنىڭ قەھرىمانىمىز.

— ھەسەنجانغا ئالىي شەرەپلەر يار بولسۇن! — دەپ تولاشتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھەسەنجان توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئوبلاستلىق، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىك گېزىتلەرنىڭ باش ئىستونىغا بېرىلدى. ھەسەنجاننىڭ نامى ھەممە جايغا تارالدى. ماقتاش ۋە رەيھانلارنىڭ بېشى كۆككە يەتتى. ھەسەنجان ماڭغان كۈنى خەلق ئۇنى يەنە شۇنداق تەنتەنىلىك ئۇزىتىپ قويدى.

## 14

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى. ھەسەنجانمۇ ئۇرۇشتا قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ئاپىسىدىن ھەم دادىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان رەيھان ئۆزىنى شامالدا قالغان ئاجىز ياپراقتەك ھېس قىلدى. ئۇ بەزىدە تۇپراق بېشىغا چىقىپ دەردىنى تۆكۈپ كەلسە، بەزىدە تۈگىمەس خىياللارغا غەرق بولاتتى:

... ئايال زاتى نېمىدېگەن بىچارە ـ ھە؟ ئاجىز ئاپام يوقسۇزلۇق، كېسەللىك ئازابى تارتتى، بوزەك قىلىندى، ھاياتىدا ھېچقانداق خوشلۇق، راھەت ـ پاراغەت كۆرمىدى. توغرا، ئاپام دادام بىلەن ئىناق ئۆتكەنىدى، دادام بىچارە بىزگە بەك ئامراق، ئاپامغا كۆيۈمچان ئەر ئىدىغۇ، بىراق رەئىس دادامنى بىزدىن ئايرىپ، يىراق قىرلارغا ئەۋەتىۋەتتى، دادام ئۆيگە كەلگەندە ئاپام

بىچارە خۇشلۇقىدا قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالاتتى، ئۇنىڭغا مېھرىنى بېرىپ ئۇلگۇرمەيتتى. دادام ئۇرۇشقا كەتكەندە مەن ئاپامنى قوغدىيالمىدىم، ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمىدىم، بىراق ئاپامچۇ؟ ئاپام مېنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆردى، يات كۆزلەردىن مېنى قۇش بالىسىنى قانىتى ئاستىغا ئالغاندەك قوغدىدى. ئەمدى شۇ مېھرىبان ئانام، قەدىردان دادام بولمىسا، مېنى، قىزىمنى كىم قوغدايدۇ؟ بېشىمنى كىم سىلايدۇ؟ جېنىم ئاپا، دادا، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ قاراڭلار، مانا يەنە باھار كەلدى، بۇ زېمىننىڭ ھەممە يېرى يېشىللىققا پۈركەندى، دەل ـ دەرەخلەر باراقسان بولۇپ كەتتى، قارلىغاچلارمۇ سەپ تارتىپ قايتىپ كەلدى، بىراق سىلەرلا يوق. مەن قارلىغاچلارغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ سۈكۈت قىلىمەن، كېچىلىرى قورقۇنچتىن تىترەپ يىغلايمەن، سىلەرنى سېغىنىمەن، قىزىمنى باغرىمغا چىڭ يېقىپ، قورقۇنچ بىلەن تاڭ ئاتقۇچە كۆزۈمنى يۇمماي چىقىمەن...

*   *

بىر كۈنى كولخوزدىكى ئىش بېجىرگۈچى يىگىت ئىشىك قاقتى. رەيھان ئىشىكنى ئېچىپلا:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام رەيھان، — دېدى يىگىت.

— بىرەر ئىش بارمىدى؟

— شۇنداق، رەئىس سىزنى چاقىرىپ كېلىشىمنى ئېيتقانىدى.

رەيھان سەل ھەيران قېلىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە:

— نېمە ئىشى بار ئىكەن، — دەپ سورىدى.

— بىلمىدىم، سىزنى ئىشخانىغا باشلاپ كېلىشىمنى ئېيتقانىدى.

— ھازىرلا بارامدىكەنمەن؟
— شۇنداق، ھازىرلا.
— سەل ساقلاپ تۇرۇڭ ئەمىسە، — دەپ رەيھان ئۆيئىچىگە كىرىپ كەتتى ـ دە، كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ، قىزىنى يېتىلەپ سىرتقا چىقتى.
ئۇلار كولخوز رەئىسىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەندە، رەئىس يالغۇز ئولتۇرغانىدى.
— قېنى ئولتۇرغىن، — دېدى رەئىس ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ.
رەيھان قىزىنى قۇچاققا ئېلىپ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.
— قانداق تۇرۇۋاتىسەن؟ يالغۇزچىلىقتا قىينىلىپ قېلىۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن.
رەيھاننىڭ كۆزلىرىگە يىغا ئولاشتى. يۈرىكى ئاچچىق ھەسرەت، مۇسىبەت دەردىدە زەرداب بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ ئادەمگە دەرد ئېيتىشنى، زارلىنىشنى، ئۇنىڭ ئالدىدا يىغلاشنى راۋا كۆرمىدى ـ دە، دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:
— قەدىر ئەھۋال كېتىۋاتىمەن، — دېدى، بىراق كۆز ياشلىرى ئۇنىڭغا بوي بەرمەستىن تارام ـ تارام ئاقتى.
— بىلىمەن، — دېدى رەئىس كۆيۈنگەندەك قىلىپ، — ھەر كىشى ئۆز ھاياتىنى قەدىرلىشى، ئاسرىشى، جاپاغا چىداپ ياشىشى كېرەك. سەن بولساڭ ئەقىللىق، تېخى ياش، شۇڭا ساڭا يول كۆرسىتىش، سېنى تەربىيەلەش مېنىڭ بۇرچۇم. سېنىڭ غېمىڭنى تولا قىلىپ ئاخىر سېنى كولخوزنىڭ كاتىپلىقىغا كۆرسەتكەنىدىم، يۇقىرى تەستىقلاپتۇ.
«مەن كولخوزنىڭ كاتىپى؟» رەيھاننىڭ بىر تۇرۇپ كۈلگۈسى كەلسە، بىر تۇرۇپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى.
— ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ مانا ھۆججەت، مەن قول قويغان.
— سىزگە ئىشىنىمەن، — دېدى رەيھان ھۆججەتكىمۇ

قارىماستىن، كۆڭلىدە رەئىس ئاپامغا قىلىپ قويغان گۇناھىنى يۇيۇش ئۇچۇن ماڭا ياخشىلىق قىلىشىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.
— ئۇنداقتا بەك ياخشى، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئىشقا چۈشكىن.
رەيھان بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بەك چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىدى، ئۇ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ قىزىنى ئوبدان بېقىپ چوڭ قىلماقچى بولدى. چۈنكى، بۇ قىيىنچىلىق دەۋرىدە جان ساقلاشمۇ بىر مەسىلە ئىدى. قىيىنچىلىق تارتماي ياشاشمۇ، ئېغىر ئەمگەكتىن ساقلىنىشمۇ ياخشى ئىشقۇ؟ ئەنە ئاپىسى ئېغىر ئەمگەك ئازابىدىن كېسەل بولۇپ، ئاران ـ ئاران جان ساقلاپ يۈرگەنىدى، كۆڭۈل ئاغرىقى، باشقىلارنىڭ — قىسقىسى پاھىشىۋاز رەئىسنىڭ دەردىگە چىدىيالماي، ئار ـ نومۇسىنى ساقلىيالمىغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋالدىغۇ. ئاھ تەڭرىم، ھەركىم بولسا بۇنداق كۈنگە قالمىسۇن، دەپ ئويلىدى ئۇ.
شۇنداق قىلىپ، رەيھان ھەر كۈنى قىزىنى قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە قويۇپ كولخوز ئىشخانىسىغا ئىشقا باردى. ئۇ بىرنەچچە ئايغىچە ماشىنىكىدا خەت ئۇرۇشنى، شاپىگرافتا كۆپەيتىشنى ئۆگەندى. رەئىس ئۇنىڭغا ئۆز قىزىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنەتتى، ئۇ بالىسى بار ئايال بولسىمۇ، ئۇنى ھەر دائىم «ھەي قىز» دەپ چاقىراتتى. گاھى كۈنلىرى ئىش بولسۇن ـ بولمىسۇن ئۇنى چاقىرتۇۋېلىپ، توك چەينىكىدە چاي قاينىتىپ، ئىسسىق چايغا قەنت سېلىپ بېرەتتى. گاھى كۈنلىرى جىپ ماشىنىسىغا سېلىپ خىزمەت تەكشۈرۈشكە، مەجلىسكە بىللە ئېلىپ باراتتى. بىر يىل بولاي دېگەندە رەيھان ھەرقانداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، مۇستەقىل ئىش بېجىرەلەيدىغان بولدى. بۇنداق چاغدا رەئىس:
— سەن قالتىس جۇمۇ قىزچاق، مانا بىر ياخشى مۇستەقىل ئىش قىلالايدىغان بولدۇڭ، مەن يىغىنغا بارىمەن، ئىشخانا ساڭا قالدى، — دەپ ماختاپ قويۇپ چىقىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى ئوبلاستقا خىزمەتكە بېرىپ قايتىپ كەلگۈچە يولدا ماشىنا بۇزۇلۇپ قېلىشۇدى، ئۇلار ئامالسىز يولدا قونماقچى بولۇشتى. شۇ ئەتراپتىن قونغۇدەك ئۆي تېپىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى چۈشۈرۈپ قويدى. شوپۇر ماشىنىنى رېمونت قىلىشقا ئەكەتتى، رەئىس ئەتراپنى ئايلىنىپ كېلەي دەپ چىقىپ كەتتى. كەچقۇرۇن رەيھان كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى، رەئىس ئىشىكنىمۇ چەكمەي ئۇسۇپلا كىردى، رەيھان ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، رەئىسنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، رەئىسنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى ئېلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تۇرقىدىن هاراقنى خېلى كۆپ ئىچىۋالغاندەك قىلاتتى.

رەئىس ئۇستىدىكى كاستۇمىنى سېلىۋېتىپ، ئازادە ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن تاغدىن ـ باغدىن پاراڭ سېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ياتاقتىن چىقىپ كېتىش پۈتۈنلەي خىيالىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك قىلاتتى، بىر چاغدا ئاستا ـ ئاستا سۈرۈلۈپ رەيھاننىڭ يېنىغا كەلدى.

— هەي قىز، تەگرىم سېنى نېمانچە گۈزەل يارىتىپ قويغاندۇ دەيمەن، خۇددى ئاسماندىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن ئايدەكلا، قارىغىنا، كۆزلىرىڭ خۇددى گۆھەر، چاچلىرىڭ قۇندۇزدەك پارقىراق، ئاھ گىلاستەك لەۋلىرىڭ، ئۈنچىدەك چىشلىرىڭ...

— رەئىس ئاتا، نەدىكى گۈزەللىك ئۇ دەيسىز، بىزدىن چىرايلىق قىزلار كۆپقۇ، — دېدى رەيھان ئۆزىنى چەتكە تارتىپ.

— راست ئېيتىسەن هەي قىز، بىزدە چىرايلىق قىزلار كۆپ، بىراق ساڭا يەتمەيدۇ، — دېدى رەئىس ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، — «جاهاندا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى» دېگەن گەپ بار، قىزچاق.

رەيھان لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ جۇدۇنى تۇتقاندى.

— كەچ بولۇپ كەتتى، رەئىس ئاتا، ياتىقىڭىزغا چىقىپ كېتىڭ.

www.uyghurkitap.com

— بۈگۈن زادىلا ئۈيقۇم كەلمەيۋاتىدۇغۇ، بىردەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرايلى، نېمىدەپ ئورنۇڭدىن تۇرۇۋالىسەن، ئولتۇرە، — دېدى رەئىس قولى بىلەن كارىۋاتنى شەرەت قىلىپ.

— كەيىپ بولۇپ قاپسىز، رەنجىمەستىن چىقىپ كېتىڭ، سىزدىن ئۆتۈنەي.

رەيھان سىلىق ـ سىپايە سۆزلەشكە تىرىشقان بولسىمۇ، ئاۋازى خېلىلا قوپال چىقىپ كەتتى.

— ئەخمەق قىز، بۈگۈنكىدەك پۇرسەت دائىم كېلىۋەرمەيدۇ، سەنمۇ يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىسەنغۇ، نېمانچە ئۆزۈڭنى تارتىسەن؟

رەيھاننىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتى چاقنىدى.

— ئاچچىقىڭدىن يان، قىزچاق، — دېدى رەئىس ھىجىيىپ تۇرۇپ.

— ئۆتۈنەي، رەئىس ئاتا، چىقىپ كېتىڭ.

— نېمانچە قىلىسەن، ھەي قىز، ئابرۇيۇڭنى قىلغىنىمنى بىل جۇمۇ، — دېدى ئۇ تەھدىت ئارىلاش.

— شۇنداق، — دېدى رەيھان رەنجىش ئاھاڭىدا، — گاھىلار بۇنى ھەقىقەتەن ئابرۇي دەپ بىلىدىغاندۇ، لېكىن مەن بۇنداق دەپ بىلمەيمەن، ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، مېنىڭ ئېرىم ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتىدۇ، تېخى قىزىممۇ بار. مەن بىر ئۆمۈر ئېرىمگە سادىق بولىمەن، ئۇنى ياخشى كۆرىمەن ھەم كۈتىمەن.

رەئىس بۇ گەپلەرنى چۈشىنىغىمۇ ئالماستىن دېدى:

— بىلىمەن، ئۇرۇش دېگەن شۇ، ئۇ ساق كېلەمدۇ، مېيىپ بولۇپ كېلەمدۇ، بۇنى بىلىش تەس، ئۇنى كۈتىۋەر. بىراق، ئاندا ـ مۇندا كۆڭۈل ئېچىپ تۇرۇشنىڭ زىيىنى يوق. بۇ ئىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئاياللار ماڭا يېلىنىدۇ تېخى، بۇنى بىلەمسەن؟

— كەچۈرۈڭ، ئۇنداق ئىشلارنى بىلگۈممۇ يوق، مەن پەقەت ئۆزۈمگىلا ئىگە بولاي دەيمەن، — دېدى رەيھان ئاچچىق بىلەن،

ئاندىن مەسخىرىلىك كۈلدى، — كۆڭۈل ئېچىشمىش تېخى، مۇشۇنداق كۆڭۈل ئېچىشنى دەپ ئاياللار ئۆزلىرىگە... — گەپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىشقا تىلى بارمىدى - دە، بىردىنلا رەئىسكە نەشتەردەك قادالدى.

— قۇرۇسۇن، ئۆلسۇن، — دەپ ۋارقىرىدى رەئىس، — ھەركىمنىڭ جېنى ئۆز قولىدا، جاننى ئاسراشمۇ، نابۇت قىلىشمۇ شۇ كىشىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش. سەنمۇ شۇ قىزچاق، كاللاڭنى ئىشلىتىپ ياشا، نى - نى يىگىتلىرىمىز جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ، نى - نى ئاياللار تۇل قېلىۋاتىدۇ، بۇ ئەلەم كىمنىڭ بېشىغا كەلسە تارتماي ئىلاجى يوق. سەن تېخى ياش، ھازىر تازا ئوينايدىغان، كۈلىدىغان ۋاقتىڭ، ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەركىشىنىڭ ئۆز ئىشى، بوپتۇ، بىلىپ قوي، ياشلىقىڭ قايتىپ كەلمەيدۇ، — دېدى - دە، گۈرس - گۈرس دەسسەپ ئىشىكنى جاڭگىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى.

رەيھان ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى، ئۇ ئېرىنى خىيال قىلدى، شۇ تاپتا ئېرى يېنىدا بولغان بولسا، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىسسىق باغرىغا تاشلاپ، ئۇنى قۇچاقلاپ تاڭ ئاتقۇزغان بولسا... ئۇ ئېرىنى ئەسلىگەندە نازۇك كۆڭلىگە باھارنىڭ ھاياتلىق بەرگۈچى ئىللىق ھاۋاسى تەگكەندەك بولۇپ ھۇزۇرلاندى، كېچىچە ئېرى بىلەن غايىبانە مۇڭدىشىپ، سىردىشىپ، ئۇنىڭغا ئەركىلەپ، ئۇنى قۇچاقلاپ چىقتى...

ئۇ ئەتىسى سۈبھى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزىنى ئۇلۇغ ئېچىشى بىلەن يازنىڭ ئىللىق شامىلى دىماققا ئۇرۇلدى. ئاھ يېشىللىق، سۇۋادان تېرەكلەر، مەجنۇنتاللار، بوككىدە شاخلاپ كەتكەن چىنار دەرەخلىرى بۇ زېمىننى ئاجايىپ گۈزەل قىلىۋەتكەنىدى، كۆپكۆك تىنىق ئاسمان زۇمرەتتەك كۆل يۈزىدە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ئۇ سىرتقا چىقىپ ساپ ھاۋادىن قانغۇچە نەپەسلىنىپ خېلى

ماڭدى، نەمخۇش ھاۋا قىزنىڭ پۇچىلانغان يۈرەكلىرىنى سەگىتتى. ئەتراپ جىمجىت، ھايات شۇنچە خاتىرجەم، تىنچ كۆرۈنەتتى.

ماشىنىنىڭ قاتتىق سىگنال بېرىشى بىلەن رەيھان ئارقىسىغا قاراپ رەئىسنى كۆردى ــ دە، ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، رەئىس ئاتا، تىنچ تۇرۇپسىزمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېدى رەئىس كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ ماشىنىغا چىققىن.

رەئىس كۆڭلىدە رەيھاننى كېچىچە ئويلىنىپ خېلى ئېرىپ قالغان چېغى دەپ ئويلىدى. رەيھان بولسا، رەئىس ئاخشام كەيپىچىلىكتە شۇنداق قىلىپ ھەرقاچان ئۆزىمۇ خىجىل بولۇپ قالدى، ئەمدى ئۇنداق خىيالدا بولماس، دەپ ئويلىدى.

رەيھان ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇرۇشىغا، شوپۇر بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن دەپ ماشىنىدىن ئالدىراپ چۈشۈپ كەتتى.

ــ رەئىس ئاتا، ــ دېدى رەيھان رەئىسكە قاراپ كۈلۈمسىرەپ، ــ سىز كولخوزنىڭ كاتتا ئادىمى، ھەممىمىز سىزنىڭ پەرزەنتىڭىز، مەن سىزنىڭ چاقچاقلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ كەتتىم، نېمە خىزمەت بولسا بۇيرۇڭ، بەجانىدىل بېجىرىمەن.

ــ تولا ياخشى گەپ، سېنىڭ شۇنداق دېيىشىڭنى بىلەتتىم، ھەي قىز، ــ دېدى رەئىس ئۇنىڭ قولىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ بۈگۈن ياكى ئەتە كولخوزنىڭ زىرائەتلىرىنى تەكشۈرۈش، پىلاننى بىلىش، ھېساب-تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرىمىز، كېرەكلىك ماتېرىياللارنى تەييارلاپ قويغىن.

ــ ماقۇل، قايتىپلا تۇتۇش قىلاي.

مانا شۇ ئىشتىن كېيىن رەيھان ناھايىتى ھوشيار بولۇپ كەتتى، بۇ تۈلكىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆزىنى

قاچۇرۇپ يۈردى. ئۇلار قايتىپ بىرىپلا خىزمەت تەكشۈرۈش ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. فېرمىدىكى خىزمەتلىرىنى تۈگەتكەن كۈنى شۇ يەردە كونسېرت قويۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، رەئىس بىلەن شوپۇر كونسېرت كۆرگىلى كەتتى، رەيھان ياتاقتا يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ بولۇپ، تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. بىر چاغدا ئۇ چۈش كۆرۈۋاتامدىكىن ياكى خىيالىمۇ ئەيتاۋۇر بىر ئەر كىشىنىڭ ئۆزىگە يېقىندىن تۇرۇپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇپ چۆچۈپ كۆزىنى يوغان ئاچتى ـ دە، ۋارقىرىماقچى بولۇپ ئاغزىنى چىڭ تۇتۇۋالدى، دېگەندەك، كارىۋاتنىڭ يېنىدا رەئىس تۇراتتى. ئۇ ئاپپاق رۇباشكىسى ئۈستىگە كەشمىر رومالىنى ئارتىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىشىككە يۈگۈردى، ئىشىك چىڭ ئېتىلگەنىدى، دېرىزىگە باردى، دېرىزىدە بىرنەچچە تەشتەك گۈل تۇراتتى، ئۇ گۈللەرنى غەزەپ بىلەن يەرگە ئېتىپ، دېرىزىگە چىقىشىغا رەئىس ئۇنىڭ ئالدىدا مەغرۇرانە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇۋالدى. رەيھان ھازىر بۆرە ئالدىدىكى قوزىچاقتەك ئۆزىنى تولىمۇ ئاجىز سەزدى، ئۇ ھېچقاچان ئۆزىنى بۇنچىلىك ئاجىز، بىچارە ھېس قىلمىغانىدى، قىزنىڭ ئالدىدا رەئىس گويا قىيا تاشتەك مەغرۇر تۇراتتى، ئۇ ئىككى قولىنى ساردەك كېرىپ، قىزغا قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى.

بىرپەس كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان رەيھان دېرىزىدىن بىر تەشتەكنى ئېلىپ رەئىسكە قارىتىپ ئاتتى ـ دە، دېرىزىنى ئېچىپلا ئارتىلىپ چۈشۈپ كېچە قوينىدا غايىب بولدى. ئۇ يالاڭ ئاياغ ئېتىزلارنى ئارىلاپ، ئېرىقلاردىن ئاتلاپ، دەل ـ دەرەخلىك ئېدىرلاردىن ئۆتۈپ، ئاخىر چوڭ يولغا چىقتى.

تەلىيىگە بىر يۈك ماشىنىسى كېلىشىگە، ئۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ توستى، شوپۇر ياشانغان بىر رۇس كىشى ئىدى، ئۇنى كابىنكىغا سېلىۋالدى.

ئۇ يول بويى تىترەيتتى، يىغلايتتى، ئازابتىن تولغىناتتى.

ئۇ بىلەتتى، قىز ـ چوكانلار مانا مۇشۇنداق كىيىنىشمەسلىك تۆپەيلى بىر ئۆمۈر ئازاب ئىچىدە ياشايدۇ ياكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئازابلىنىدۇ. مۇھەببەت بىلەن نەپرەت، مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ ئىنتايىن كەسكىن، زىل ئىكەنلىكىنى ئۇ ئانىسىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى ۋە پاجىئەسىدىن چوڭقۇر چۈشەنگەنىدى. باشقىلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان جىسمىنى قانداقمۇ ئۆزىنىڭ سادىق يارىغا تەگكۈزگىلى بولسۇن؟

ئۇ تاڭ ئاتاي دېگەندە ئۆيگە كىلىپ ئازراق كۆز يۇمۇۋالدى. ئورنىدىن تۇرغاندا بولسا سىرتقا چىقمىشتىن، باشقىلارغا قاراشتىن ئۇيالدى.

ئۇ ئۈچ كۈن ئىشقىمۇ بارماي، سىرتقىمۇ چىقماستىن قىزى بىلەن بىللە بولدى، ئۆزى ئۆيدە ئولتۇرغان بىلەن خىيالدىن باش كۆتۈرەلمىدى. ئۇنىڭ راستىنلا يۈرىكى ئاغرىغان، دىلى سۇنغان، روھى چۈشكەنىدى. شۇنداق ھالەتتە يۈرگەندە ئۇ ئېرىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ خەتنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ باغرىغا باستى، لېۋىگە تەگكۈزدى ـ دە، ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. خەت يېرىم ۋاراق پۈرلەش قەغەزگە ئالدىراپ يېزىلغاندەك قىلاتتى.

*سۆيۈملۈكۈم رەيھان، سالامەت تۇرامسىز؟ سىزنى بەكمۇ سېغىندىم. ئۇرۇش ئىنتايىن جاپالىق ھەم دەھشەتلىك بولۇۋاتىدۇ، ھەر كۈنى سەپداشلىرىمىزدىن، جەڭچى ـ كوماندىرلاردىن ئايرىلىۋاتىمىز... مېنىڭ پۈتۈن ئارزۇيۇم سىلەرنى سالامەت كۆرۈش، سىلەر بىلەن دىدارلىشىش. سىلەرنى سۆيىمەن، سىلەرنى سېغىنىپ...*

خەتكە رەيھاننىڭ كۆز ياشلىرى يېپىدىن ئۈزۈلگەن

مارجاندەك دومىلاپ چۈشتى. ئۇ مېنى ئۇنتۇماپتۇ، دەپ دىلى سۆيۈندى، قىزىنى قۇچاقلاپ، دادىڭىز ساق ـ سالامەت ئىكەن، دەپ مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ كەتتى.

— ئاپا، دادام قاچان كېلىدۇ، — دەپ سورىدى قىزى چۈچۈك تىلى بىلەن.

— ئۇرۇش تۈگىسىلا قايتىپ كېلىدۇ.

— راستما؟

— راست، قىزىم، راست.

— دادام مېنى كۆتۈرۈپ بازارغا ئاپىرىپ قورچاق ئېلىپ بېرەمدۇ؟ ماڭا يەنە بولكا ئېلىپ بەرسۇن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ قىزىم، چوقۇم ئېلىپ بېرىدۇ.

رەيھانىنىڭ خىياللىرى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئازاب، قورقۇنچ، غەزەپ ـ نەپرەت ئارىلاش بىر خىل ھېسسىيات ئويغاندى. ئەگەر ئۇنىڭ قانىتى بولغان بولسا ئۇچۇپ بېرىپ ئېرىنى كۆرۈۋېلىپ، ئاندىن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشىسىمۇ ئارمىنى يوق ئىدى. ھازىر ئۇنىڭغا سائەتلەر يىلدەك، كۈنلەر ئەسىردەك ئۇزاق بىلىنىۋاتاتتى، ئويلا ـ ئويلا ئاخىر خىياللىرىنىڭ چېكى كۆرۈنمەي، بىر قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى ـ دە، دۇم يېتىپلا يىغلاپ كەتتى...

— ياق! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، — تۇر ئورنۇڭدىن رەيھان، دەس تۇر...

ئۇنىڭ كاللىسىدا قىساس ئېلىش دېگەن پىكىر غالىب كەلدى ـ دە، يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ، چىرايلىق كىيىندى. چېچىنى تاراش ئۈچۈن قولىغا ئەينەكنى ئالدى ـ دە، ۋارقىرىغىنىچە يەرگە ئېتىۋەتتى. ئاھ، ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچكەن، چىرايى سامانىدەك سارغايغان، لەۋلىرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن

www.uyghurkitap.com

ئەينەك پارچىلىرىغا قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بىراقلا تۇگىشىپ كېتىشىنى ئويلىمىغانىدى.

ئەتىسى ئۇ ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ يۇيۇنۇپ ـ تاراندى، بىلىگە چۈشىدىغان چاچلىرىنى ئىگىز تۈرمەكلەپ، قارا يوپكا، قىزىل كوپتا ۋە ئىگىز پاشنىلىق تۇپلىيىنى كىيىپ شۇنداق تېتىك ياساندى. ئۇنىڭ ئىگىز بويىغا ياراشقان تۇپلىيى بىلەن ئۆرە ياقىلىق كوپتىسى ئۇنى تېخىمۇ كۆركەم، سۇلكەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ئۇ تاقىلداپ مېڭىپ ئىشخانىغا كىرگەندە، گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان رەئىس ئاۋۋال بىر جۈپ قارا ئاياغقا، كاپرون پايپاق تارتىلغان چىرايلىق پاچاققا، قارا تار يوپكىغا، ئاندىن قىزىل كوپتا كىيىپ، چېچىنى تۈرمەكلىۋالغان رەيھانىغا قاراپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

— ئەسسالام، رەئىس ئاتا، — دېدى ئۇ ئاردا ھېچ ئىش ئۆتۈلمىگەندەك.

— قېنى، ئولتۇرغىن، — دېدى رەئىس ناھايىتى زور ئېلتىپات بىلەن، بىراق ئاۋازى سەل بوغۇلۇپ چىقتى.

— نەچچە كۈندىن بېرى مىجەزىم يوق ئىشقا كېلەلمىدىم، كەچۈرۈڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىش تەرتىپىگە چوقۇم دىققەت قىلىمەن.

— كېرەك... كېرەك يوق، سالامەتلىك مۇھىمغۇ ئاخىر، ئەگەر دەم ئالىمەن دېسەڭ بىر ئايلىق رۇخسەت بېرەي ياكى بىرەر جايغا ساياھەتكە ئاپىرىپ كېلەيمۇ؟

رەئىس بۇ گەپلەرنى ناھايىتى سىلىق، تەكەللۇپ بىلەن ئېيتتى. ئۇنىڭ ئادەتتىكى قوپاللىقلىرى، چوڭچىلىقى ئاللىقاياقلارغا كەتكەنىدى.

— رەھمەت، رەئىس ئاتا، دۆلىتىڭىز سايىسىدا ياخشى ياشاۋاتىمەن، قىزىمنىمۇ بىر ئوبدان بېقىۋاتىمەن، شۈكۈر، —

دېدى رەيھان تاتلىققىنا كۈلۈپ قويۇپ.

رەئىس رەيھاننى زادىلا چۈشىنەلمەيۋاتاتتى، ئۇ ئىچىدە ئويلىدى، ئايال زاتى نېمانداق سىرلىقتۇ، ئاۋۇ كۆڭلىرى خۇددى مەن ئۇنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغاندەك قىلمىغان قىلىقلىرى قالماي، تاس قالدى تەشتەك بىلەن بېشىمنى يېرىۋەتكىلى، ئەمدى بولسا خۇددى پىلىكتەك يۇمشاپ ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا مۇھەببەتمۇ، ئادەملەرمۇ ئاجايىپ سىرلىق ئوخشايدۇ. خۇدايا توۋا، نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۆزىنى شۇنچە تەمكىن تۇتۇپ، سىلىق ـ سىپايە بولۇپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان. ئاجايىپ بىر قىزدە بۇ ئاخىر، مەيلى ئۇ رازى بولىدىغان ئىش بولسا، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ۋە بارلىقىمنى بېرىۋېتىشكە رازى مەن...

رەئىس شۇ خىيال بىلەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ رەيھاننىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ ياقىسىنى تۈزىگەن بولۇپ، قىزنىڭ يۈزىنى چىمداپ قويدى.

— بىلمىدىم، سېنى نېمانچە...

— رەئىس ئاتا، بۇ دېگەن ئىشخانا جۇمۇ، بىرەرى كۆرۈپ قالسا يۈزىڭىزگە سەت.

— راست ئېيتىسەن، ئۇنداق بولسا بىز قاچان كۆرۈشىمىز؟

— سىز خالىغان چاغدا، ئەمدىغۇ رازى بولغانسىز؟

رەئىسنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپلا قالدى.

— مەن سىزگە ئاجايىپ چىرايلىق ئۈزۈك ۋە بىلەزۈك بېرىمەن. ئەتە كەچتە كۆل بويىدا كۆرۈشەيلى، ئۇ يەر بەك تىنچ.

— ماقۇل.

— راست ـ ھە؟

— ھەئە.

www.uyghurkitap.com

# 15

يازنىڭ ئاجايىپ سالقىن كېچىسى، ئەتراپ كۈمۈش رەڭ تۇسكە كىرگەن بولۇپ، كېچە ئاسمىنىدا توپ - توپ بۇلۇتلار ئەگىپ يۈرەتتى، ئۇن تۆت كۈنلۈك ئاي گاھى بۇلۇتلار ئارىسىغا شۇڭغۇسا، تۇرۇپلا يەنە ئۆز جامالىنى كۆرسىتىپ، ئالەمنى كېچە گۈزەللىكىگە ئەسىر قىلاتتى.

رەيھان ئۈچ ياشلىق قىزى زۇلفىيەنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئىشىكنى پەم بىلەن يېپىپ ئاستا سىرتقا چىقتى.

ئۇ شامالدەك تېزلىك بىلەن كېتىۋاتقان بولسىمۇ، خىلمۇخىل ئوي - خىيال بىلەن يۈرىكى ئەنسىز سوقۇۋاتاتتى. ئۈچىسىدىكى رەڭلىك گىرىپ ئەتلەس كۆڭلىكى ۋە ئەتلەس تامبىلى ئۆزىگە شۇنچە ياراشقانىدى، كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى كېچىنىڭ سالقىن شامىلىدا ئۈچۈپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى غەيرەت بېرىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتكەن ئاچچىق بىر ھەسرەت دائىم ئۇنى قىينايتتى، ئانىسىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمىنى ئويلىغىنىدا ئىچى زەھەر يۇتقاندەك ئېچىشىپ، تولغىنىپ كېتەتتى - دە، ئاچچىق ياشلىرى چىرايلىق مەڭزىنى بويلاپ تۆكۈلەتتى...

ئۇ كەڭ كەتكەن تەبىئىي ئوتلاقنىڭ چېتىدىكى بۇك - باراقسانلىق يول بىلەن كېتىۋاتاتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ بىرەر كىشىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ يۈرىكى ئەنسىز سىلىپ كېتەتتى. ئۇ ئالاھازەل يېرىم سائەتكە يېقىن ماڭغاندىن كېيىن، ئۇنى دەريا بويىدىكى چىملىقتا تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان رەئىس باباجانوفنىڭ قارىسىنى يىراقتىنلا كۆردى - دە، قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. رەئىس باباجانوف ئۇ يېقىن

كەلگەندە:

— كاساپەت، ئەجەب ساقلاتتىڭغۇ مېنى، نېمانچە كەچ قالدىڭ، — دەپ غودۇڭشىدى نارازى بولغاندەك قىلىپ.

— كەچۈرۈڭ، رەئىس ئاتا، قىزىم ئۇخلىماي ئازراق هايال بولۇپ قالدىم، بەربىر كەلدىمغۇ مانا، — دەپ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى.

رەئىس باباجانوف ئالدىغا كىچىككىنە ئاپپاق داستىخان سېلىپ، ئۇستىگە نان، مېۋە - چېۋە تىزىپ قويغان بولۇپ، بىر بوتۇلكا «ۋوتكا» هارىقىنى ئىچىپ بولۇپ ئىككىنچى بوتۇلكىنى ئىچىۋاتاتتى.

دەريا سۈيى كېچە قوينىدا شاۋقۇنلۇق ئاقماقتا ئىدى، سالقىن شامال جانغا هۇزۇر بېغىشلاپ رەيهاننىڭ يۇزلىرىنى سىيپاپ ئۆتەتتى، بىراق ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قورقۇنچ يۈرىكىنى دەككە - دۈككىگە سالماقتا ئىدى.

باباجانوف ئۇستىدىكى بەقەسەم توننى سېلىپ، يەرگە يايدى - دە، ئۆتۈكىنى يېشىپ، ئۆتۈكنىڭ قونچىدىكى پىچاقنى داستىخاننىڭ يېنىغا قويۇپ، يەنە بىر پاي ئۆتۈكىنى قامچىسى بىلەنلا يەرگە تاشلاپ قويدى، ئاندىن رەيهانغا تەقەززالىق بىلەن كۆز تاشلىدى. رەيهان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئون قەدەم نېرىدىكى دەرەخنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئەتلەس كۆڭلىكى بىلەن تامبىلىنى سېلىپ شاخقا ئىلىپ قويدى - دە، ئاپپاق رۇباشكىسى بىلەن رەئىس تەرەپكە قاراپ كەلدى.

كۈمۈش رەڭ ئاي يورۇقىدا رەيهاننىڭ خۇش پىچىم تېنى ئۇقاردەك كۆرۈندى، قوش ئالمىدەك چىرايلىق كۆكسى، ئىنچىكە بەللىرى، ئۇزۇن قويۇۋەتكەن چاچلىرى ئۇنى پەرىشتە سۈپەت قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ قاشتېشىدەك ئاپپاق پۇتلىرى بىلەن چىملىق ئۇستىدە يەڭگىل دەسسەپ كېلىۋاتقىنىدا رەئىسنىڭ تاقىتى تاق بولدى.

رەيهان كېچىدىكى ئاشۇ چىرايلىق سۇلكىتى بىلەن

رەئىسنى مەستخۇش قىلىپ، شۇنداق سىلىق مېڭىپ كېلىپ ئاستىلا تونىنىڭ ئۇستىگە ئولتۇردى. رەئىس ئۇنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئاپپاق رۇباشكىسىنى تارتىپلا يىرتىۋەتتى، بىچارە رەيھان خىجىل بولغىنىدىن ئىككى كۆكسىنى قوللىرى بىلەن يوشۇرماقچى بولۇپ تۇسۇشىغا، رەئىس:

— ھەي قىز، ئەرلەر مانا مۇشۇنداق چىرايلىق تەنگە تەشنامىز، ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ جەلپكار يېرىڭنى مەندىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاتتىڭ، ماڭا ئەڭ ھۇزۇر بېغىشلايدىغىنى، يۈرىكىمنى ياشارتىدىغىنى مانا مۇشۇ گۈزەل تەن، بولۇپمۇ سېنىڭ گۈزەل بويلىرىڭ، كۆزۈم ساڭا تويسۇن، سېنى باغرىمغا باساي، يۈرىكىم قانسۇن، — دەپ ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ، يۈزلىرىنى سىلاپ ئەركىلىتىشكە باشلىدى. رەيھاننىڭ يۈرىكى ئازابتىن تولغىنىپ، پۈتۈن جىسمى تىترەپ كەتتى.

رەئىس ئۇنى كۆتۈرۈپ تونىنىڭ ئۇستىگە ياتقۇزۇپ، خۇددى ئەتىۋارلىق بىر بۇيۇمنى كۆرگەندەك تويماي قارىغىنىچە تىللىرىنى چاكىلداتتى.

بىچارە رەيھاننىڭ يۈرىكى غەزەپتىن لەرزىگە كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ، ئاخىرقى چىدام ـ غەيرىتىنى ئىشقا سېلىپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى ۋە ئۆزىنى تۇتۇپ بەرمەكچى بولغاندەك خۇمارلىق كۈلۈپ قارىدى. رەئىس ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىنلا ئۆزىنى يوقىتىپ بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى... سېكۇنت ئارىلىقىدا رەيھاننىڭ كۆز ئالدىغا ئاشۇ قاراڭغۇ كېچە، يىلىنىپ يىغلاۋاتقان ئاپىسى، ئۇنىڭغا چاپلىشىپ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەۋاتقان رەئىس كەلدى... ئاھ، نەقەدەر ئېچىنىشلىق، نەقەدەر زۇلمەتلىك كېچە... « رەئىس، ئۇنداق قىلما، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن» دېگەن يىلىنىش ـ يالۋۇرۇش سادالىرى... سەندىن قىساس ئالىمەن، ئىپلاس، ھايۋان... ئۇ خىياللىرىنى يىراققا چۆرۈۋەتتى ـ دە، رەئىسنىڭ بويىنىدىن چىڭ تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى، رەئىس مايلىشىپ، تەرلەپ كەتكەن

يۈزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىپ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە سۆيدى. رەيھان سول قولى بىلەن ئۇنىڭ بېلىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوڭ قولى بىلەن بېشىنى قاماللاپ ئۇنىڭ سۆيۈشىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. رەئىسنىڭ تېنى بۇ سۆيۈشتىن سىمابتەك ئېرىدى، نەپەسلىرى تېزلەشتى، تامبىلىنى سېلىشقا ئالدىرىدى، قوللىرى تىترەيتتى، دېمى كېسىلەتتى، رەيھان ئوڭ قولى بىلەن چەكمەنىنىڭ ئاستىدىكى پىچاقنى چاندۇرماي ئېلىپ:

— بۈگۈن سىزگە ئۆزۈمنى تاپشۇردۇم، سىزنى رازى قىلىمەن، — دېدى تىترىگەن ئاۋازدا.

رەئىس ئۇنىڭ سۆزىدىن خۇش بولۇپ ھاياجانلاندى ـ دە:

— ئاخىر بويسۇندۇڭ ـ ھە، قىز، مېنى ئىشىق ئوتىغا سېلىپ ساراڭ قىلىۋېتەي دېگەنىدىڭ، بۈگۈن تېخى ئۆز ئايىغىڭ بىلەن ئالدىمغا كەلدىڭ. قېنى ماڭا جەننەت ھۆزۇرىنى كۆرسەتكىن، — دېدى ـ دە، ئارقىدىنلا، — ھەي قىز، سەل توختاپ تۇرغىن، يۈرىكىم كۆيۈپ ئوت بولۇپ ياندى، سۇ، سۇدىن قېنىپ ئىچىۋالاي، — دېدى.

شۇ تاپتا رەئىسكە پىچاق سېلىپ، ئۇنى جېنىدىن جۇدا قىلماقچى بولغان رەيھاننىڭ قوللىرى تىترىدى، پىچاق ئاستا يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— سۇ ئىچەمسىز؟ — دېدى رەيھان تىترەپ تۇرۇپ.

— ھەئە، دەريادىن يۈرىكىم قانغۇدەك سۇ ئىچىۋالاي. يۈرىكىم ئاۋۋال سۇغا قانسۇن، ئاندىن ساڭا قانسۇن، — دېگىنىچە رەئىس رەيھاننىڭ قولىدىن تۇتۇپ دەريا بويىغا كەلدى ـ دە، دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بىر ئوچۇم سۇنى ئېلىپ ئىچىپ، ئىككىنچى ئوچۇم سۇنى ئالماقچى بولۇپ سۇغا ئېڭىشتى ـ دە، ئۆزىنى تەڭشىيەلمەي سامان تىققان ئەسكى تاغاردەك سۇغا پولتۇڭڭىدە چۈشۈپ كەتتى. رەيھان ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۇ بىر ـ ئىككى قېتىم سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقتى، ئارقىدىن سۇ ئۇنى پاك ـ پاكىز يۇتۇپ كەتتى. بىراق، رەيھان

تازا ئىشەنچ قىلالماي خېلى ئۇزاققىچە دەريا ياقىلاپ ماڭدى، رەئىسنىڭ تېنى قايتا كۆرۈنمىگەندىلا، ئاندىن كەينىگە ياندى.

ئۇ قورقۇپ كەتكىنىدىن ئۇن سېلىپ يىغلىدى، قوللىرىنى چىشلىدى، ئەمدى بىلدىكى، ئىككى بوتۇلكا هاراق شىپشىسى داستىخان يېنىدا تۇراتتى.

«ئۆزىگە ئۆزى قىلدى، مېنىڭ قولۇمنى بۇلغىنىشتىن ساقلىدى، ئەبلەخ» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى ئۇمۇ بىلەلمىدى، ئۇ شۇنچە كەڭ زېمىندا يالغۇز تىترەپ يۈرەتتى. مانا داستىخاندا گۆش، هاراق، نان جاي - جايىدا تۇرغان، بەقەسەم تون يېنىدا پىچاق يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىدىن سەۋەنلىك ئۆتمىگەن بولسىمۇ، قورقۇنچ بىلەن يىغلىدى، ئاخىر بېرىپ دەرەخ شېخىغا ئېلىپ قويغان كىيىملىرىنى كىيدى - دە، بۇ يەردىن كەتمەكچى بولدى. بىردىنلا قارا بۇلۇتلار توپ - توپى بىلەن سۈرۈلۈپ كېلىپ هەممە ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان ئاينى توسۇۋالدى، بۇ ئەلپازدىن هازىرلا يامغۇر قۇيۇۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆي تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، بىردىنلا تاراسلاپ تۆكۈلگەن ئۆتكۈنچى يامغۇر يەر يۈزىنى كۆلدەك قىلىۋەتتى. بۇ هالدا سۇغا چىلىشىپ ئۆيگە بېرىشنىڭ تەسلىكىنى بىلگەن رەيھان چۆپلۈكتە بەخىرامان ئوتلاپ يۈرگەن ئاتنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئاتقا مىندى - دە، كېچە قويىندا مەھەللە تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى قورقۇش ھەم ئىپتىقۇسىز بىر غەلىبە تۇيغۇسىدا تېز - تېز سالاتتى. ئۇ رەئىستىن ئۆچ ئالماقچى بولغان، گەرچە قولىنىڭ قانغا بويىلىشىدىن، ئۆز قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن قورققان بولسىمۇ، ئاشۇ ئىرادىسى بويىچە پىچاقنى قولىغا ئالغانىدى. دەرۋەقە، رەئىس ئۆز بېشىنى ئۆزى يېدى، تەڭرى ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى، ئۇنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ساقلاپ قالدى.

ئۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنىڭ

كاسسىغا ئىككى شاپىلاق ئۇرۇپ ئۇنى كېتىشكە ئۈندىدى. ئات ئۆز ئىگىسىنى تاپماقچى بولغاندەك ئارقىسىغا قاراپ چاپتى.

ئۇ ئۆيگە قانداق كىرگىنىنى، قانداق ياتقىنىنى بىلەلمىدى. بىر چاغدا ئۇ ئۆزىنى ئۇخلاۋاتقان قىزى زۇلفىيەنىڭ قېشىدا كۆردى. ئۇ غالىلداپ تىترەپ، بىردەم توڭلىغاندەك، بىردەم قىزىغاندەك بولۇپ ئارامسىزلىنىپ كەتتى. ئەتىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى، قىزى يېنىدا يوق، ئۇ ئورنىدىن تۇراي دەپ تۇرالمىدى، شۇ ئەسنادا ئىشىكتە قوشنىسى كۆرۈندى ــ دە:

ــــ ۋىيەي رەيھان، كىيىم بىلەنلا يېتىپ قاپسىز، ئېغىر ئاغرىدىڭىزمۇ نېمە، زۇلفىيە ئاپام ئويغانمىدى دەپ يىغلاپ بىزنىڭ ئۆيگە چىقىپتۇ، شۇڭا ئەنسىرەپ كىرىشىم، ــــ دېدى.

ــــ بەكلا مىجەزىم يوق تۇرىدۇ.

ــــ شۇ، چىرايىڭىز سارغىيىپ، ئاغزىڭىزغا قوقاق چىقىپ كېتىپتۇ. راست قارالڭ، بىزنىڭ كولخوزدا ئاجايىپ ئىشلار بوپتۇ، ــــ دېدى قوشنىسى ياقىسىنى چىشلەپ تۇرۇپ.

ــــ نېمە ئىش بوپتۇ، ئېيتىڭە، ــــ دەپ ئالدىراپ سورىدى رەيھان. ئۇنىڭ يۈرىكى قايتىدىن دۈپۈلدەپ سېلىپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالدى.

ــــ ۋاي جېنىم دوستەك، نېمە ئىش بولاتتى دەيسىز، رەئىس باباجانوف بۈگۈن ئىشقا چىقماپتۇ، ئۇنى ئىزدەپ يا ئىشخانىسىدىن، يا ئۆيىدىن تاپالماپتۇ، ئوبلاستقا ياكى باشقا جايغا يىغىنغا بارسا ئۆزى يالغۇز بارمايدۇغۇ، ھېچبولمىغاندا ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ كېتەتتىغۇ، شۇڭا كىشىلەر بۇ ئىشتىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىشىپتۇ، شۇ ئارىلىقتا ئەتىگەن سائەت ئون بىلەن ئىشخانىنىڭ تېلېفونى قاتتىق جىرىڭلاپتۇ، تېلېفوننى ئالغان ئىشخانا خادىمى تېلېفوننى تۇتقان پېتى تۇرۇپ قاپتۇ، نېمە بوپتۇ دېمەمسىز، رەئىس باباجانوفنىڭ جەسىتى دەريانىڭ تور سىم بىلەن توسۇلغان يېرىدىن تېپىلىپتۇ.

— كىشىلەر ھەيران قالغاندۇ ھەرقاچان.

— شۇنداق بولمايچۇ، ئۇ دېگەن داڭلىق شەخس، كولخوز رەئىسى تۇرسا. ھەي، ئۆلدى كەتتى، ئۇ ئەمدى يوق. بولدى دوستەك، ئورنىڭىزدىن قىمىرلىماي يېتىڭ، مەن تاماق ئېتىپ كىرەي، قىزىڭىزغا يەنە مەن قاراپ قويىمەن، — دېگىنىچە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، — غەم قىلماڭ، مەن ھايال بولمايلا كىرىمەن، — دەپ چىقىپ كەتتى.

رەيھاننىڭ قورقۇنچى تېخىمۇ ئېشىپ كەتتى. بىر تۇرۇپ قوشنىسىنىڭ سۆزلىرىدە بىر گۇمان باردەكمۇ بىلىندى. قوشنىسىنىڭ «مەن ھايال بولمايلا كىرىمەن» دېگىنى نېمە گەپ ئۆزى؟ توغرا، رەئىسنى ئۇ ئۆلتۈرمىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ رەئىس بىلەن بىللە ئولتۇرغىنى ئۇچۇنلا ئۇ كۆپ سوراققا تارتىلىشى، بەلكى گۇماندار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. دەرۋەقە، ئۇ ئۆچ ئېلىش ئۇچۇن ئاشۇ ئادەم سۈرەتلىك ھايۋاننىڭ يېنىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن بارغان تۇرسا.

توغرا، رەھمەتلىك ئاپىسى شۇ كاززاپ سەۋەبلىك دادىسىدىن تاياق يېيىشكە، ئازابلىنىشقا دۇچار بولغانىدى. زادى گۇناھ كىمدە؟ ئۇ بىر ھايۋان قىلمىغان ئەسكىلىكلەرنى قىلدىغۇ؟ ئەنە شۇ چاغلاردا ئۇ ئاپىسىنىڭ دەردىگە چىدىماي يىغلىغان، كېيىن بارا ـ بارا ئاپىسىغا ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى...

«بىچارە ئاپام ۋىجدان ئازابى تارتىپ دەھشەتلىك ئۆلۈم يولىنى تاللىدىغۇ، دادام ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپ قانچىلىك ئازابلاندى، قانچىلىك دەرد تارتتى؟ دادام ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ يەنىلا كەڭ قورساقلىق قىلدى، بىراق ئاپامنى، ئاپامنىڭ تارتقان جاپاسىنى، ئۆزىنىڭ تارتقان كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇيالمىدى. توغرا، ئۇمۇ شۇنچىۋالا خاپىلىق، دىل ئازابى چېكىپ، ئۇرۇش ئازابلىرىنى تارتىپ باتۇرلارچە قۇربان بولدى. ئاخىر مەن ئاپامنىڭ، دادامنىڭ، مۇشۇ كولخوزدىكى قىز ـ ئاياللارنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۇچۇن شۇنداق قىلماقچى

بولدۇم، ئۇ ياۋۇز، رەھىمسىز، پاھىشىۋاز كاساپەت زادى ئۆلۈمگە مەھكۇم بولماقچىدى... ئاپام بىچارە ئار ـ نومۇسقا چىدىماي ئۆلۈپ كەتتى. مەنچۇ؟ مەن بۇ دۇنيادا ياشىشىم، ئىرىم بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشۈم، قىزىمنى بېقىشىم كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز سۇنغىنىممۇ بىكار ئىدى، چۈنكى ئۇ كولخوز رەئىسى بولغىنى ئۈچۈن بەرىبىر گۇناھ ماڭا ئارتىلاتتى، بىر ئۆمۈر گەپكە كۆمۈلۈپ كېتەتتىم. ياق! بىز ئاياللار بۇنداق ئىشلاردا ئۈتتۈرۈۋېتىمىز...

ياشاش نېمىدېگەن قىيىن، ئادەمگە توسالغۇ نېمىدېگەن كۆپ، قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىكەنغۇ ئاخىر. توغرا، ئاشۇنداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ياشاش كېرەك، بولمىسا قولدەك ياشاشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى، مەن تېخى ئاپامنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭغا لەنەت تاشلىرىنى ياغدۇرغاندىمغۇ؟ ئاپام بىچارە قانچىلىك ئازابلانغان بولغىيدى؟ مەن نېمىشقىمۇ ئۇنى سەتلەپ ئازار بەرگەندىمەن؟ ئۇ مېنىڭ تاپا ـ تەنىلىرىمگە چىدىماي ئۆلۈۋالدىغۇ ئاخىر...»

ئۇنىڭ كاللىسى خىياللار بىلەن قوچۇلۇپ كەتتى، ئاخىر ئۇ كاللىسىنى سىلكىپ، ئۇ ئىشلارنى تاشلاپ يەنە رەئىسنىڭ ئىشىغا، بۇگۈنكى گەپكە قايتىپ كەلدى ـ دە، كۆزى ئىشىكتە قالدى.

قوشنىسى بىر كورىدا ماشخوردا كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ، پىيالىگە ئاش بۆلگەچ سۆزىنى باشلىدى:

— ھازىر ئاڭلاپ كىرگەن گېپىمنى دەپ بېرەي، قانۇن دوختۇرى رەئىسنىڭ جەسىتىنى تەكشۈرۈپ، ھاراقنى كۆپ ئىچىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلگەن، دەپ دىياگنوز قويۇپتۇ، — دېدى پەرۋا قىلماستىن.

— نېمىشقا ئۇنداق بولغاندۇ؟ — دېدى رەيھان ئېھتىيات بىلەن.

— ئۆلۈم دېگەن ھەممە كىشىنىڭ بېشىدا بار، ئادەم دېگەن

www.uyghurkitap.com

ھەر خىل سەۋەب بىلەن ئۆلىدۇغۇ، مەسىلەن، بىرى ئوتتا، بىرى سۇدا، يەنە بىرى ئاۋارىيەدە دېگەندەك. ھەربىر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇپ بۇ دۇنياغا كېلىشى، ئۆلۈشى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر دېيىشىدىكەنغۇ، توغرىمۇ دوستەك؟

رەيھان ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ باش لىڭشىتتى. قوشنىسى ئۇنىڭغا ئاشنى ئىچۈرۈۋېتىپ، ئۇنى يېتىپ ئارام ئېلىشقا قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ئەمدى ئۇنىڭ خىياللىرى ئۇرۇشقا كەتكەن ئېرىگە قانات قاقتى. ئۇ ئېرىنىڭ بىر كۈنلەردە غەلىبىلەر قۇچۇپ ساق ـ سالامەت قايتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى. گاھى ئېرى بىر پۇتى يوق، ھاسا تايانغان قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كەلسە، گاھى بىر قولى يوق، چاپىنىنىڭ يېڭى ساڭگىلاپ تۇرغان قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كېلەتتى. خېلىدىن بېرى ئۇنىڭدىن ھېچ خەۋەر يوق ئىدى.

رەيھاننىڭ ئەمدى بۇ يەرگە تارتىشقۇدەك ھېچ نەرسىسى قالمىغانىدى، بۇ ئۆيدە تۇرسىلا ئاپىسىنىڭ تارتقان ئازابلىق كۈنلىرى، ئاھ ـ زارلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرسا، يەنە بىر جەھەتتىن رەئىسنىڭ ئۆلۈمىنى ئويلىسا تېنى شۈركۈنۈپ، قورقۇپ كېچىلىرى جۆيلۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ قاباھەتلىك چۈشنى ئۇنتۇغۇسى، بۇ يەردىن كەتكۈسى، ھەممە ئىشنى ئۇنتۇپ بىر كۈن بولسىمۇ خاتىرجەم ياشىغۇسى، بۇ مۇھىتتىن قۇتۇلغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئاخىر تاغىسى ماموتقارىنىڭ قېشىغا كېتىشنى ئويلىدى. ئۇ ئۆز دادىسى ئورنىدىكى مېھرىبان، مۇلايىم، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، چىقىشقاق ئادەم. بەلكىم ئۇ بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرىنى، كەچمىشلىرىنى شۇ يەردە ئۇنتۇپ قالار. بىراق، ئۇنىڭغا ئۆيىنى يىغىشتۇرغاچ يەنە بۇ ئۆيىنىڭمۇ ئۆزگىچە مېھرىدىن ۋاز كېچىش تەس كەلدى، چۈنكى دادىسى ھەسەنجان، ئاپىسى ئايىم ۋە تاغىسى بىلەن بۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ، ئۆيىنىڭ ھەربىر تال كېسەكلىرىگىچە ئۇلارنىڭ

ئەمگىكى سىڭگەندى. ئۇ ساندۇقنى ئاختۇرۇپ ئاپىسىنىڭ كۆڭلىكىنى ئېلىپ كۆزلىرىگە سۈرتۈپ يىغلىدى. ئۇ ئۆيدىكى ھەربىر تال نەرسىنى كۆرگەندە نۇرغۇن ئىشلار كۆز ئالدىغا كەلدى، توغرا، ئۇ يىگىتنى بىلەن دەسلەپتە مۇشۇ باغدا كۆرۈشكەندى، ئۇنى ئاپىسى چاقىرغاندا يىگىتنى كۆتۈرۈپلا دېرىزىگە چىقىرىپ قويغانىدى. شۇنچىلىك كۈچتۈڭگۈر يىگىت — قىزىنىڭ دادىسى ھازىر نەدىدۇ؟ نېمىشقا خەۋىرى كەلمەيدۇ؟...

ئۇ شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي، قىزىنى كۆتۈرۈپ، بەقەسەم تونغا ئورىلىپ، بوغچىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ، تېرەك ئاستىدا سۇغا چىلىشىپ ماشىنا كۈتۈپ تۇردى. بىر چاغدا بىر قارا ماشىنا كېلىپ تېزدىن تورمۇز قىلىپ توختىدى. رەيھان شوپۇرغا قاراپ:

— يولداش، ياردەم قىلغان بولسىڭىز، تاشكەنتكە بارماقچىدىم، — دېدى.

يامغۇردا بالىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ ياش چوكانغا ئىچى ئاغرىغان شوپۇر يىگىت ئۇنى ماشىنىسىغا سېلىۋالدى.

— تاشكەنتنىڭ قەيىرىگە بارىسىز؟

— قەشقەر كوچىسىغا بارىمەن.

— ئاتا - ئانىڭىز شۇ يەردىمىدى؟

— تاغام بار ئىدى، ئۇ كىشى شۇ يەردە ناۋايلىق قىلىدۇ.

— ئەمىسە كەتتۇق، — دەپ شوپۇر يىگىت ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى.

يامغۇر تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى، يامغۇر سۈرتكۈچ توختىماي ئىككى تەرەپكە ھەرىكەتلىنىپ تۇراتتى.

— بالىڭىزنىڭ دادىسى...

شوپۇر يىگىت گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمىدى.

— قىزىمنىڭ دادىسى ئۇرۇشقا كەتكەن، ھازىرغىچە خەۋىرى يوق.

شوپۇر يىگىت ئېغىر ئۇھ تارتىپ، رەيھانغا ئىچ ئاغرىتىپ

www.uyghurkitap.com

قارىدى.

— لەنىتى ئۇرۇش قانچىلىغان يىگىتلەرنى يەپ كەتتى، قانچىلىغان يىگىتلەرنى مېيىپ قىلىپ، يۈرەكلەرنى خۇن قىلدى، ھەممە يەردە ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، دورىمۇ تېپىلمايدۇ. بىچارە كېلىنچەك، ياش تۇرۇپلا قىيىن كۈنگە قاپسىز.

رەيھان ئارتۇق گەپ قىلمىدى. شوپۇر يىگىت ماشىنىنى توختىتىپ، پەسكە چۈشۈپ چاقنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، سومكىدىن بىر بولكىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

— قورسىقىڭلار ئاچقاندۇ، بۇنى يېگەچ تۇرۇڭلار.

رەيھاننىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. ئۇ بولكىدىن بىر پارچىنى ئاغزىغا سېلىۋىدى، گېلى غىققىدە بولۇپ قېلىپ يۇتالمىدى.

— نېمە بولدى، نېمىشقا يېمەيسىز؟

— قىزىمغا ئېلىپ قوياي، بىچارە مۇشۇنداق بولكا يەيمەن دەپ خەقنى قىلغانىدى.

شوپۇر يىگىتنىڭمۇ گېلىغا بىرنېمە تۇرۇپ قالغاندەك قېقىلىپ كەتتى.

— بۇنى سىز يەۋېلىڭ، سومكامدا يەنە بار، قىزىڭىز ئويغانغاندا ئېلىپ بېرىمەن.

رەيھان بولكىنى شۇنچە تېز يەۋەتكىنىگە بىردىنلا خىجىل بولۇپ كەتتى.

— سۇ ئىچىڭ، — دېدى يىگىت ئەينەك بوتۇلكىدىن ئىستاكانغا سۇ قۇيۇپ بېرىپ.

— رەھمەت، — دەپ رەيھان ئىستاكاندىكى سۇنى بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىۋەتتى.

تاڭ سەھەردە شوپۇر يىگىت ئانا ـ بالا ئىككىيلەننى مەنزىلگە چۈشۈرۈپ قويۇپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ كەتتى. رەيھان بۇ ئاق كۆڭۈل يىگىتكە رەھمىتىنى ئېيتىپ، ماشىنىنىڭ قارىسى

يىتكۈچە قاراپ تۇردى.
رەيھان قىزنى كۆتۈرۈپ يولدا كېتىۋاتقىنىنى بىلەن ئۇي - خىياللىرى چۆل بورىنىدەك چېچىلىپ، بىردىنلا يەنە رەئىسنىڭ ئۆلۈمى خىيالىغا كېلىپ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. يامغۇر شارقىراپ ياغماقتا، رەيھان قىزنى تونىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ، چىلىق - چىلىق سۇ كېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى گۇناھكار دەپ دېسە، رەئىسنىڭ گۇناھلىرى كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن ئۆزىگە تەسەللى تاپاتتى. ھۆرمەتكە سازاۋەر، يۇرت ئاتىسى بولغان كىشىمۇ ئاشۇنداق ئىپلاس بولامدۇ؟ ئۇ ئۆز ئىشىنى گۇناھ دەپ تونۇغىنى يوق، بىراق شۇ گۇناھى ئۈچۈن تەڭرى ئۇنى جازالىدى. شۇنداق، ئۇنداق ئىپلاسلار بۇ دۇنيادىن قانچە تېز كەتسە شۇنچە ياخشى...
ئۇ شۇ خىياللار بىلەن يامغۇرغا چىلىشىپ، ئون جىنىنىڭ بىرى قالغاندا تاغىسى مامۇتقارىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى.

## 16

رەيھان مامۇتقارىنىڭ ئۆيىگە كەلگىلى بىر ھەپتە بولدى، ئۇ ئەتىگىنى سەھەر تۇرۇپ ھويلا - ئارانلارنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ چىنىدەك قىلىۋەتتى. ئۇ كەلگەنىنىڭ ئىياقى بۇ ئۆيمۇ باشقىچە ئىللىقلىققا چۆمدى. ئۇ بۇ ئۆينىڭ ئاش - تامىقى، ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىن سىرت، گاھى نان سېتىش ئىشلىرىغىمۇ قاراشتى.
ھەر كۈنى بۇ يەرگە نان ئالغىلى ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي، كۆزەينەك تاقىغان، چېكە چاچلىرى ئاقارغان مويسىپىت سۆپەت ئورۇقتىنا بىر كىشى كېلەتتى. بۈگۈنمۇ بۇ كىشى كېلىشىگە:

www.uyghurkitap.com

— كەلدىڭىزمۇ تاغا، — دەپ رەيھان ئىللىق چىراي
كۆتۈۋالدى.
— ھەئە، كۆندىكى ئادىتىم بويىچە ئىككى نان ئالاي، —
دېدى ئۇ كىچىكرەك ئاق داستىخاننى پەشخۇنغا قويۇپ.
رەيھان تازا قىزىرىپ پىشقان پوم ناننى تاللاپ داستىخانغا
ئوراپ ئۇ كىشىگە سۇندى.
— قىزىم، سىزنى ئىلگىرى كۆرگەندەك قىلمىغاندىمغۇ؟ —
دەپ سورىدى ئۇ كىشى داستىخاننى ئالغاچ.
— شۇنداق، دۇكان ئىگىسى مېنىڭ تاغام بولىدۇ، مەن
قىزىم بىلەن يالغۇز قالغاچقا مۇشۇ ئۆيگە كېلىۋالدىم.
— تولا ياخشى بوپتۇ، خۇدا خالىسا كۆرۈشۈپ تۇرىمىز، —
دەپ قايتتى ئۇ كىشى.
خېلى كۈنلەردىن كېيىن مامۇتقارى چاي ئىچىپ ئولتۇرغاچ
رەيھانغا:
— مۇنداق بىر ئىشتى قىزىم، ھېلىقى نان ئالغىلى
كېلىدىغان مويسىپىت كىشى ئېسىڭىزدىمۇ؟ — دېدى.
— ھەئە، كۈندە كۆرۈۋاتىمەنغۇ، — دېدى رەيھان جاۋابەن.
— شۇنداق، ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى مەۋلان خوجايوف، يېزا
ئىگىلىك پەنلىرى ئالىمى، بۇرۇن موسكۋادا تۇراتتىكەن،
خوتۇنىنىڭ پۇتى ئاغرىپ ماڭالماي قالغاندىن بۇيان تاشكەنتكە
قايتىپ كېلىۋاپتۇ، ئىلگىرى خوتۇنىمۇ ئالىي مەكتەپتە
ئوقۇتقۇچى ئىكەن.
رەيھان تاغىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇ كىشى توغرىسىدا
سۆزلەۋاتقانلىقىنى تازا چۈشىنەلمەي، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ
ئولتۇراتتى.
— ئالىم بىرنەچچە كۈن بولدى سېنى ئۆيىمىزگە قارىشىپ
بەرسىكەن دەۋاتقىلى.
— سىز نېمە دېدىڭىز؟
— مەن ئۇنىڭ ئۈچ ياشلىق قىزى بار، ئۇنى مەن

تەربىيەمگە ئالغان، بىراق سىزنىڭ پىكرىڭىزنى قىزىمغا ئېيتىپ باقاي، دېدىم. قىزىم، سېنى ئۆز قىزىمدەكلا كۆرىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن داداڭ ھەسەنجاندىن، ئاناڭ ئايىمدىن ئايرىلدىڭ، زۇلفىيەنىڭ دادىسىنىڭ خەۋىرى يوق، مەن ساڭا باشپاناھ، سېنى ھەرگىز يېنىمدىن ئايرىمايمەن، بېشىمىزغا ھەرقانچە قىيىن كۈن كەلسىمۇ، ئۆزۈم يېمىسەممۇ، ئۆزۈم كىيمىسەممۇ ئانا ـ بالا ئىككىڭلارنى باقىمەن. ئاناڭ رەھمەتلىك مېنىڭ جانجىگەر سىڭلىم ئىدى، ئەمدى سەن شۇ سىڭلىمنىڭ ئورنىدا...

مامۇتقارى كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى، رەيھاننىڭ ياشلىرىمۇ تامچىلاپ ئاقتى، ئۆينى جىمجىتلىق قاپلىدى.

— ئۇ ئۆزى بەك ئېسىل كىشى، — دېدى مامۇتقارى يېڭى بىلەن ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — تۇرمۇشىمۇ باياشاتچىلىق، ئەمدى بۇ ئىشقا ئۆزۈڭ بىرنېمە دېگىن، قىزىم.

— تاغا، مەن سىزنى پاناھ تارتىپ يېنىڭىزغا كەلدىم، سىز ماڭا ئاتا يوللۇق، سىز نېمە دېسىڭىز مەن شۇنى قىلىمەن. مەن تېخى ياش، كۈچۈممۇ بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ پۇلغا، يېمەك ـ ئىچمەككە موھتاج، مەيلى نەدىلا بولسۇن بالام ئىككىمىز ياخشى تۇرمۇش كەچۈرسەكلا بولىدى. ئەگەر سىز مۇۋاپىق كۆرسىڭىز مەن ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا رازى. ئۇلارمۇ ياخشى ئادەملەر ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مەھەللىدە تۇرساق، سىزلا ماقۇل دېسىڭىز مەن رازى.

— قىزىم، — دېدى مامۇتقارى گەدىنىنى قاشلاپ سەل خىجىل بولغان تەرزدە، — سېنى رەنجىپ قالامدىكىن دەيمەن، مېنىڭغۇ سېنى ۋە قىزىڭنى باققۇچىلىكىم بار، ئەمدى ئالىم ئېغىز ئېچىپ قالدى، بەك ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى بولغاچقا رەت قىلىشنى ئەپسىز كۆردۈم.

— تاغا، سىز تەڭقىسلىقتا قالماڭ، شۇنداق بولسۇن.

ئەتىسى مامۇتقارى رەيھاننى ئېلىپ مەۋلان خوجايوفنىڭ يوغان تۆمۈر دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قوڭغۇراقنى باستى.

دەرۋازا ھايال بولمايلا ئېچىلدى ـ دە، مەۋلان خوجايوف كۆرۈندى. ئۇ:
— قېنى مەرھەمەت، — دەپ ئۇلارنى قورۇغا باشلىدى.
قورۇ بىر مو كەلگۈدەك باغ بولۇپ، دەرۋازىدىن كىرگەندە سول تەرەپتە ئىككى قەۋەتلىك ئاپپاق ھاكلانغان، دېرىزىلىرى پارقىراپ تۇرغان ئۆي قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، قورۇ يولىغا مەرمەر تاش يېيىتىلغان بولۇپ، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى.
ئۇلار دالانغا كىرىپ ئايغىنى سېلىپ، گىلەم سېلىنغان تاختايلىق مېھمانخانىدىكى يوغان شىرەنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان نەقىشلىك چىلان رەڭ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، دۇئادىن كېيىن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى. ئارقىدىن مەۋلان ئەپەندى پىيالىگە چاي قۇيۇپ پەتنۇستا ئېلىپ كىردى.
— رەھمەت، ئالىم ئەپەندى، — دېدى مامۇتقارى پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، — بۇ قىزنىڭ ئىسمى رەيھان، قىزىم دېسەممۇ بولىدۇ. بۇ قىز كىچىك ۋاقتىدا بىز بۇ يۇرتقا چىقىپ ئورۇنلاشقان، ئانىسىنىڭ تېنى ئاجىز ئىدى، كۆپ جاپا تارتتى ھەم كېسەل بولۇپ تۈگەپ كەتتى، دادىسى ناھايىتى كۆچلۈك، قەيسەر ئەزىمەت ئىدى، كولخوزنىڭ ئىشلىرىغا جىق ھەسسە قوشقان، كېيىن ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ئالدىنقى سەپتە قۇربان بولۇپ كەتتى، كەتكەندىمۇ ئوغۇل بالىدەك باتۇرلۇق بىلەن كەتتى...
مامۇتقارىنىڭ ئاۋازى تىترەپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى، ئۇ پىيالىنى قولىغا ئېلىپ چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىۋېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— قىزىمىز رەيھاننىڭ ئېرىمۇ ۋەتەننىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئالدىنقى سەپكە كەتكەن، بىراق يېقىندىن بېرى ئېنىق خەۋىرى يوق، بۇ قىزىم يالغۇز قىزى بىلەن قانداق ياشايدۇ دەيلا، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ قېشىمغا كەلدى. ئەمدى مەقسەت ـ مۇددىئاغا كەلسەك، سىلى بىلەن بىز ياخشى قوشنىلاردىن بولۇپ

ئۆتۈۋاتىمىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلى بىلىم ئىگىسى، شۆھرەتلىك ئالىم، سىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىشىمۇ ئوخشاشلا شەرەپلىك دېسىلە، قىزىم ئىككىمىز كېلىشتۇق، سىلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۇچۇن ھەرقانداق ئىش بولسا بىز تەييار، قورۇنىڭ، سىرتىنىڭ ئىشى بولسا بىزگە بۇيرۇسىلا، بىرنەچچە كۈن بولدى ناۋايخانىغا ئۈچ نەپەر شاگىرت تاپتىم دېسىلە.

— بەك ياخشى بوپتۇ مامۇتقارى، — دېدى مەۋلان خوجايوف خۇشاللىقىنى يوشۇرماستىن سەمىمىي كۈلۈپ، — بىز خەقتىكى باشقىلارنىڭ ئىشىنى ئۆز ئىشىمىز دەپ بىلىدىغان ئەخلاق - پەزىلەت زادىلا ئۇلۇغلىنىشقا ئەرزىيدۇ. رەھمەت سىزگە، رەھمەت بۇ قىزىمغا، خوتۇنۇمدىن خاتىرجەم بولسىلا تەتقىقات ئىشلىرىمنى يەنە يۇرۇشتۇرۇۋالالايمەن.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى مامۇتقارى، — سىلىنىڭ ئىشلىرى چوقۇم ساۋابلىق ئىشلار، دېھقانىنىڭ كۈنى ياخشى بولسا، جاپاسى يېنىكلىسە ھەممىگە ياخشى بولىدۇ - دە. دېھقان بولۇشىمۇ ئاسان ئىش ئەمەسكەن، ياپىرىم، مەن ئۆمرۈمدە دېھقانچىلىق قىلمىغانىدىم، كولخوزغا كەلگەندە بىرنەچچە ۋاقىت ئېتىزدا ئىشلەپ «ۋاك» دېدىم، شۇنىڭ بىلەن ناۋايلىقنى قولۇمغا ئېلىپ «ئۇھ» دېدىم، — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى.

— رەھمەت قوشنام، — دېدى مەۋلان خوجايوف، — ماڭا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردىڭلار، مەن بەك خۇشال، راست، بۇ قىزنىڭ پەرزەنتى بار دېدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، ئۈچ ياشقا كىرگەن بىر قىزىم بار، — دېدى رەيھان.

— تولا ئوبدان گەپ، ئۇ قىزىمۇ مۇشۇ ئۆيدە تۇرسۇن.

— بۇ ... بۇ قانداق بولار؟ — دېدى مامۇتقارى تەڭلىكتە قېلىپ.

— قاراڭ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن جىمجىتلىقتىن زېرىكتۇق، ئاشۇ كىچىككىنە قىز بەلكى بىزگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلەر، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ئۇ قىزغا ئانچە ـ مۇنچە نەرسە ئۆگىتىمەن، ئۇ قىز بىزگە ئەرمەك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن رەيھانمۇ تۇرمۇشتىن خاتىرجەم بولىدۇ، قانداق دېدىم؟

مەۋلان خوجايوف سوئال تەرىقىسىدە ئىككىيلەنگە قارىدى، رەيھاننىڭ چىرايى ۋىللىدە ئېچىلىپ كەتتى.

— قىزىم زۇلفىيەنى مەن ئېلىپ قالاي، بىزنىڭ قورۇدا ئادەم كۆپ بولغاندىكىن بېقىلىپ كېتىدۇ، سىلىنىڭ ئىشلىرىغا تىنچلىق لازىم، — دېدى مامۇتقارى تەكەللۇپ قىلىپ.

— ياق، ئۇنداق بولمايدۇ، مېنىڭ دېگىنىمدەك بولسۇن.

مەۋلان خوجايوف رەيھاننى خوتۇنى ماھىدىل خانىم ياتقان ئۆيگە باشلاپ كىردى ـ دە:

— خانىم، مانا سىزگە بىر قىز كەلدى، — دېدى خۇشلۇقىنى باسالماي.

چوڭ سىم كارىۋاتتا، ئاپپاق كىرلىك، پەي ياستۇقتا ياتقان، قۇيغان ئۆپكىدەك سېمىز، ئاق يۈزلۈك، قارا قاش، قارا كۆز خانىم:

— كېلىڭ، قىزىم، — دېدى خۇشال تەرزدە.

— ئەسسالام خانىم، تىنچلىقمۇ؟ — دېدى رەيھان سەل تارتىنىپقىنا تۇرۇپ.

— خۇداغا شۈكۈر، قىزىم، قېنى يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇڭ، — دەپ رەيھاننى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، — مەنمۇ تەندۇرۇس، ناھايىتى ئىشچان ئايال ئىدىم، كېسەل سەۋەبلىك كارىۋاتقا بەند بولۇپ قېلىپ بەك قىينالدىم، ئەمدى ئېغىرچىلىقنى سىزگە سالىدىغان بولدۇم، — دېدى.

— خۇدا خالىسا ساقىيىپ تەندۇرۇس بولۇپ قالىسىز ئەجەب ئەمەس، مەن كۈچۈمنى ئايىمايمەن، ئالىم تاغامنىڭ،

سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىشنى بەكمۇ خالايمەن، — دېدى رەيھان كىچىك پېئىللىق بىلەن.

— رەھمەت، ئەمما شۇنداق بولسۇن، كىچىك مەلىكەمنىمۇ ئەكېلىڭ، ئۇنىڭ تەربىيەسى بىزدىن بولسۇن.

— كۆپ رەھمەت، بىراق كىچىك بالا غەلۋە قىلىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— ياق، ئۇنداق بولمايدۇ، شۇنچە چوڭ قورۇ ـ ئۆيگە شۇ قىزىم پاتماسمۇ ئەمدى، شۇنداق بولسۇن.

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ رەيھان بۇ ئۆينى قولىغا ئالدى. ئۇمۇ ئوقۇغان، نۇرغۇن كىتابلارنى كۆرگەن بولغاچقا، بۇ ئۆي ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى.

رەيھان ئەتىگەندىلا قورۇلارنى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ، چوڭ ساماۋارغا چاي قۇيۇپ، داستىخان راسلايتتى. ماھىدىل خانىم ناھايىتى تەستە كارىۋاتتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ھاجەتكە كىرىپ، يۈز ـ كۆزىنى يۇياتتى، ئاندىن ئۈستەلگە ئولتۇراتتى. تاماق ئۈستىلىدە مۇراببا، سۈت ـ قايماق، سېرىق ماي، چاقماق قەنت، بولكا، ئاق نان ئۈزۈلمەيتتى. ئاشۇ قىيىن يىللاردا بۇنداق باياشات ياشاش ھەقىقەتەن تەس ئىدى.

رەيھان چۈشتىن كېيىن ماھىدىل خانىم ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۇتىنى ئادراسمان، قۇرۇتۇلغان ئەتىرگۈل ۋە كاۋاۋىچىنىنى قايىنىتىپ تەييارلانغان ئىسسىق سۇغا چىلاپ، يوتىسىدىن تارتىپ تاپىنىغىچە يۇيۇپ ئۇۋۇلاپ تۇتاتتى. دەسلەپتە ماھىدىل خانىم پۇتۇم ئاغرىپ كەتتى دەپ ۋايسايتتى، ئارقىدىن چىدايدىغان بولدى. كېيىنچە رەيھان ئۇنى ئاستا يېتىلەپ ماڭدۇرىدىغان، تازا قىزىق ئاپتاپ چۈشكەندە يوتىسىدىن تارتىپ ئوشۇقىغىچە غاز مېيى، قوي مېيى بىلەن مايلاپ ئاپتاپقا سالىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، ماھىدىل خانىم يېرىم يىل ئىچىدە خېلى ئورۇقلاپ، ئۆزى تامنى تۇتۇپ قورۇغا چىقالايدىغان

بولدى.

بىر كۈنى رەيھان قورۇدا كىر يۇيۇۋاتاتتى، ماھىدىل خانىم ئاستا ـ ئاستا تامنى تۇتۇپ بىردىنلا مېڭىپ كەتتى، رەيھان خۇشاللىقىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ ماھىدىل خانىم بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن مېڭىپ ئاخىر ئۆز ھاجىتىدىن چىقىدىغان بولغاندا، مەۋلان خوجايوف خاتىرجەم بولۇپ موسكۋاغا ماڭىدىغانغا تۇتۇش قىلدى. شۇنداق قىلىپ، رەيھان بۇ ئائىلىنىڭ ئۆز قىزى، زۇلفىيە ئۇلارنىڭ ئۆز نەۋرىسىدەك بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى كېچىسى ئالىم رەيھاننى كۈتۈپخانىسىغا چاقىرىپ كىرىپ:

— قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

رەيھان قورۇنۇپقىنا كېلىپ ئولتۇردى.

— قىزىم، — دەپ گەپ باشلىدى مەۋلان خوجايوف، — بىر يىلدىن بېرى سىزنىڭ ياردىمىڭىزدە مەن نۇرغۇن ئىش قىلىۋالدىم، سىزنىڭ ئايىغىڭىز يارىشىپ ھەم خانىمنى ئوبدان كۈتۈپ ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ، ئائىلىمىزگە خاتىرجەملىك بولدى. بۇ سىزنىڭ ئەجرىڭىز، جاپايىڭىزدىن بولغان ئۆزگىرىش. سىزگە قانچىلىك رەھمەت ئېيتساممۇ ئەجرىڭىزگە جاۋاب قايتۇرالمايمەن. ئەمدى سىزنىڭ ھالىڭىزغا يېتەي، ئېرىڭىز توغرىسىدا خەۋەر ئۇقالماپسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، مەيلى يامان، مەيلى ياخشى بولسۇن خەۋەر كېلىشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇنى كىمدىن سورايمەن، ماڭا كىم جاۋاب بېرىدۇ؟ ئاڭلىسام، «قارا خەت» كەلگەنلەردىنمۇ ساق قالغانلار بار ئىكەن، فرونتقا كەتكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ خەۋىرى كەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا بۇ سەپەر موسكۋاغا بارغىنىمدا مۇشۇ ئىشقا مەسئۇل كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي، ئۇلار ئارخىپلارنى

ئاختۇرۇپ باقسۇن، بىراق بەك ئۈمىدلىنىپ كەتمەي تۇرۇڭ، — دېدى مەۋلان خوجايوف.

قانداقلىكىن بولسۇن، بۇ ئىشتىن رەيھاننىڭ دىلىدا ئازراق ئۈمىد ئۇچقۇنى پەيدا بولدى.

ماھىدىل خانىم رۇسچە ئېلىپبە سېتىۋېلىپ، زۇلفىيەگە ھەرپلەرنى ئۆگىتىپ ساۋاتىنى چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن زۇلفىيەنىڭ چۇچۇك تىلىدا سۆزلەشلىرى، كۈلكىلىرى، ئەركىلەشلىرى، ئويناشلىرى بىلەن بۇ ئۆي تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتتى، رەيھاننىڭ قەلبىمۇ شادلىققا تولدى.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە رەيھان بىر چۈش كۆردى. رەيھاننىڭ سىر دەريا بويىدىكى ئۆيىمىش، ئۇ قولىغا بىر باغلام ئوتۇننى ئېلىپ ئوچاققا ئوت ياقاي دەپ مېڭىشىغا ئىشىك قېقىلىپتۇمىش، ئۇ ئوتۇننى قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچارمىش، ئاھ، ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى قۇياشتەك بىر نۇر چاقناپ، ئاشۇ نۇرنىڭ ئىچىدە ھەربىي فورما كىيگەن، مەيدىسىدە قەھرىمانلىق ئوردېنلىرى چاقناپ تۇرغان ئېرى تۇرارمىش، ئۇ قولىنى رەيھانغا ئۇزارتارمىش، رەيھان قولىدىكى ئوتۇننى تاشلاپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ، بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتەرمىش...

— رەيھان، قىزىم، نېمە بولدىڭىز؟

ماھىدىل خانىم ئۇنى ئويغىتىۋەتتى، رەيھان كۆزىنى ئۇۋۇلاپ، كۆزىگە تولۇپ كەتكەن ياشنى سۈرتۈۋېتىپ:

— ئاجايىپ چۈش كۆرۈپتىمەن، — دېدى.

— قانداق چۈش كۆرۈپسىز، قىزىم؟

— خانىم، توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال دېگەندەك، قىزىمنىڭ دادىسىنى چۈشەپتىمەن.

— چۈشىڭىز ئوڭ كېلەمدۇ تېخى.

— چۈشكىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇغۇ.

— ياق، گاھى چۈشلەر توپتوغرا چىقىدۇ، قىبىنى دەپ بىقىڭە.

رەيھان چۈشىنى سۆزلەپ بەردى.

— پات ئارىدا كۆرۈشۈپ قالامسىلەر تېخى، ئالىم ئاكىڭىز بۇ نۆۋەت موسكۋاغا بارغاندا خەۋىرىنى ئەكېلىشى مۇمكىن، قىبىنى ئىشلار ئاز كۈنگە قالماي ئېنىق بولىدۇغۇ، — دېدى ماھىدىل خانىم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

## 17

كۈنلەر، ئايلار بىر - بىرىنى قوغلىغاندەك ئۆتۈپ يەنە كۈز كەلدى. مەۋلان خوجايوفنىڭ قورۇلىرىدىكى رەڭگارەڭ گۈللەر بەسلەشكەندەك ھۇپپىدە ئېچىلىشىپ، مېۋىلىك دەرەخلىرى مەي باغلاپ كەتكەن مېۋىلىرى بىلەن شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي بەئەينى جەننەت تۇسىگە كىرگەنىدى. قورۇنىڭ سول تەرىپىگە رەيھان بىلەن زۇلفىيەگە ئاتاپ سېلىنغان ئىككى ئېغىز ئۆيمۇ پۈتكەنىدى، بۇ ئۆينىڭ دېرىزىسى ئالدىدىكى بىر تۇپ تاش ئالما كۈن نۇرىدا كەھرىۋادەك يالتىراپ تۇراتتى.

نامازدىگەردىن كېيىن ئۆيگە مامۇتقارى كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ قولىدا ھېلىلا تونۇردىن سويۇلغان، قىزىرىپ پىشقان توقاچ ھەم كاكچا نان بار ئىدى. گۈللۈكتە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان مەۋلان خوجايوف ئۇنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئالىم ئەپەندى، — دېدى مامۇتقارى قول باغلاپ تۇرۇپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قېنى مەرھەمەت، — دەپ ئىلتىپات كۆرسەتتى مەۋلان خوجايوف.

ئارىلىقتا رەيھان يۇگۇرگەندەك كېلىپ تاغىسى بىلەن

كۆرۈشۈپ نان، توقاچلارنى قولىدىن ئالدى.
— قىزىم، مۇشۇ يەرگە چاي تەييارلاپ ئاچىقىسىڭىز، — دېدى مەۋلان خوجايوف.
— ماقۇل، هازىرلا.
رەيهان بىردەمدىلا ئاق داستىخاننى سېلىپ، ئۈستىنى نان ـ پان، قەنت ـ گېزەكلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى، ئىككىيلەن ئىسسىق چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتى.
— ئاڭلىسام، موسكۋاغا ماڭىدۇ دەيدۇ، خېلى تۇرۇپ قالامدىلا؟ — دەپ سورىدى مامۇتقارى.
— شۇ يەردىكى ئىشلىرىمغا باغلىق، تېزرەك تۈگىتىپ قايتىشقا تىرىشىمەن.
— ئۆيىنىڭ ئىشلىرىغا بىز بولغاندىكىن خاتىرجەم بولسىلا.
— هېلىمۇ خۇدايىم سىلەرنى ماڭا ئۇچرىتىپتىكەن، سىلەردىن بەك رازى مەن، بىراق ئىككىمىز شۇنچە يېقىن تۇرۇپمۇ تازا مۇڭداشقىلى پۇرسەت بولماپتۇ، — دېدى مەۋلان خوجايوف كۆزەينىكىنى ئېلىپ قېپىغا سالغاچ، — بۈگۈن بىر ئوبدان مۇڭدىشىۋالايلى. ئاڭلىسام، قەشقەردىن ئىكەنسىز ـ هە؟
— شۇنداق، ئەپەندى، — دېدى مامۇتقارى كۈلۈپ تۇرۇپ، — بېشىمىزغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم تۇپەيلى يۇرتنى تاشلاپ چىقتۇق دېسىلە، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولساقمۇ، ئۇ قاباھەتلىك كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قالمىدۇق. دادىمىز سىيىت هاجى ئوقۇمۇشلۇق، جاهان كۆرگەن، ئىنسابلىق، مەرىپەتپەرۋەر هاجى ئىدى، شۇڭا كىچىكىمىزدىن تارتىپ ھەممىمىزنى ئوقۇتۇپ ساۋاتلىق قىلغان ھەم سودا ئىشلىرىدا تەربىيەلەپ چىققانىدى، تۇرمۇشىمىزمۇ ئاجايىپ خاتىرجەم ئىدى، كېيىن يۇرتقا كەلگەن ئېغىر كۈنلەردە، بىز مانا مۇشۇنداق سەرسان بولۇپ كەتتۇق. دەسلەپتە سىر دەريا بويىدىكى «لېنىنئابات» كولخوزىغا ئورۇنلاشتۇق، دېھقانچىلىق قىلىپ كولخوزدا ئىشلىدۇق،

www.uyghurkitap.com

بىرقەدەر خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشىۋىدۇق، يەنە شۇ يۇرتىمىزنى، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى سېغىنىدۇق. ئادەم ئادەمگە ئوخشايدىكەن، بىراق يۇرتى ئوخشىمايدىكەن، ئاشۇ يۇرتتىكى كىشىلەر كۆز ئالدىمغا كەلسە يۇم - يۇم يىغلاپ كېتىمەن. مۇشۇ تاپتا ئاشۇ يۇرتتىكى بىرەر ئادەمنى كۆرۈپ قالسام، ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇچاقلىۋالغۇدەك، ئەگەر يۇرتۇمدىكى بىرەر كالا تېزىكى ئۇچراپ قالسا، ئۇنى قولۇم بىلەن ئېلىپ بېغىمغا كۆمۈپ قويغۇدەك بولدۇم. ئانام رەھمەتلىك چېگرادىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزگە يۇرتقا كېتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ، بىزنى تىللاپ - قاقشاپ ئارقىسىغا يانماقچى بولىۋىدى، سۆزلەپ مىڭ تەستە قايىل قىلغانىدىم، ئاشۇ جايدىلا ئوق يەپ ئۆلۈشىنى كىم ئويلىغان دەيدىلا، ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا، ئانام شامالدەك يېنىك يۈگۈرۈيتتى، ۋىژىلداپ كەلگەن دۈشمەن ئوقى ئۇنى يىقىتتى، ئاپپاق روملى قىپقىزىل قانغا بويالدى...

— كەچۈرۈڭ، مامۇتقارى، كۆڭۈل يارىڭىزنى تاتىلاپ قويۇپتىمەن. ئانىڭىز ھەقىقەتەن بەك ئېچىنىشلىق ھالدا تۈگەپ كېتىپتۇ، ئەمدى قانداق قىلىمىز، رەھمەتلىكنىڭ روھى تىنچلانغاي، ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلىڭ، سىزگە سەۋر - تاقەت تىلەشتىن باشقا چارە يوق، ئانا ئۇلۇغ، ئانا مۇقەددەس. ئەمدى بولدى، ئازابلانماڭ، باشقا ھەممە ئىشقا چارە بارۇ، بىرگىنە ئۆلۈمگە چارە يوق. مەن ئەنجاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، دادام قەشقەرلىك، ئانام خوتەنلىك ئىكەن. ئەنە دادام، ئانىملار ئاشۇ ئەزىز يۇرتتىن چىققان، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىردۇر، بىز بىلەن سىز بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىمىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سىزنى ئۇيغۇر، مېنى ئۆزبېك دېسە ھەم دەۋەرسۇن، بىز ئىككى مىللەتنىڭ تىلى، ئۆرپ - ئادىتى، مەدەنىيىتى، كىيىم - كېچىكى، يېمەك - ئىچمىكى، دىنىي ئېتىقادى ئوخشاشلا، ئېيتايلۇق، بىز بىر دەرەخنىڭ ئىككى شېخى

بولساقمۇ، يەنىلا شۇ بىر دەرەختىن. مەن بوۋام، ئاتا ـ ئانام ياشىغان ئاشۇ ئەزىز تۇپراقنى كۆرگىنىم يوق، لېكىن قان ـ قېنىمدا بىرلا نەرسە، — ئاتا ـ ئانامنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىغا، يەنى سىز ئېيتىۋاتقان تەكلىماكانغا بولغان مۇھەببەت ئۇرغۇيدۇ. مېنىڭمۇ ئۇ يەرنى بىر كۆرۈش، ئاشۇ مۇقەددەس تۇپراقنى تۇتىيادىنمۇ ئەزىز بىلىپ كۆزۈمگە سۈرتۈش ئارزۇيۇم بار. خەير، تىنچ ـ ئاسايىشلىق كۈنلەر كەلگۈچە شۇ ئارزۇ بىلەن ياشايمەن، سىزگە ئېيتىدىغىنىم، ئەگەرچەندە شۇ زېمىندىن بىرەر كىشى كېلىپ قالسا ماڭا بىر سىقىم توپا ئالغاچ كەلسۇن، مەن ئۇنى پۇرايمەن، تۇپراقنىڭ ھىدىنى ھىدلايمەن، ئۇنى يېنىمدىن ئايرىمايمەن.

مەۋلان خوجايوفنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش قۇيۇلدى، مامۇتقارى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

لېگەندە پولۇ كۆتۈرۈپ كەلگەن رەيھان ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى، بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشتىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىمۇ ياش ئەگىدى.

— قىزىم، ئىككىمىز كۆڭۈل تېپىشىپ قېلىپ ھېسسىياتقا بېرىلدۇق، — دېدى مەۋلان خوجايوف ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — تاماقنى داستىخانغا قويۇڭ، قېنى مامۇتقارى، تاماققا باقايلى.

— ئاشۇ يۇرت ھەققىدە يەنە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى مەۋلان خوجايوف تاماق يېيىلىپ دۇئادىن كېيىن.

مامۇتقارى بېشىدىكى بادام دوپپىنى ئېلىپ تازا بىر ئولتۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنى رۇسلىۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى:

— ئالىم ئەپەندى، بىزنىڭ يېرىمىز — تەكلىماكان دۇنيادا بىرلا، تەكلىماكان قۇملۇقىغا نۇرغۇن تارىخ ئابىدىلىرى كۆمۈلگەن، دۇنيانىڭ سىرى ئەنە شۇ يەردە، بىزدە ئەڭ چوڭ

ئىچكى قۇرۇقلۇق تارىم دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، ئىلى دەرياسى، سايرام كۆلى، باغراش كۆلى، ھەتتا تاغ ئۈستىدە ئاز ئۇچرايدىغان مۆجىزە ــ بوغدا كۆلى بار. بۇ كۆل ـ دەريالار بىزنىڭ يەرلىرىمىزنىڭ جان تومۇرىغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئۇ يەنە ھاياتىمىزنىڭ كاپالىتىدۇر.

سىلى نۇرغۇن كىتاب ئوقۇغان كاتتا ئالىم، بىز ئېپتىخارلىق بىلەن تىلغا ئالىدىغان ھېيتگاھ جامەسىنى چوقۇم بىلىدىلا، بۇ يەردىن نۇرغۇنلىغان ئۆلىمالار بۇخارا، سەمەرقەنتكە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلسا، ئۇ جايلاردىن ئۆلىمالارمۇ قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئىلىم بىرنەچچە دۆلەت خەلقلىرىنى ئەمەس، بەلكى دۇنيانى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك ئىكەن.

مېنىڭ بوۋام، داداممۇ دەل بۇخارا، سەمەرقەنتتە ئىلىم تەھسىل قىلغان، مەككە، مەدىنىگە بېرىپ ھەج قىلىپ، يول بويى كارۋانلار بىلەن تىجارەت قىلىپ، تاپقان ئالتۇن ـ تىللالىرىغا شۇ جايلاردىن مۇقەددەس كىتابلارنى ئەكېلىپ كىشىلەرنىڭ كۆزىنى ئاچقان ھاجىلار ئىدى. بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ ئىلىمگە شۇنچىۋالا تەشنالىق بىلەن بېرىلگەن، شۇڭا بىزدىمۇ يېتۈك ئالىملار ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ ئاجايىپ بۈيۈك ئەسەرلىرى ساقلانغان.

خەلقىمىز ئارىسىدا ئاجايىپ ئۇستا تېۋىپلار بار، ئۇلار ئۆزگىچە رېتسېپلىرى بىلەن كېسەل داۋالاپ، توم ـ توم تېبابەت دەستۇرلىرىنى قالدۇرغان. ئەپسۇس، خەلقىمىز ئارىسىدا ساۋاتسىز، نادان كىشىلەر كۆپ بولغاچقا، پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە توسالغۇ كۆپ. بىزدە چەت ئەللەرنى كۆرگەن، چەت ئەللەردە ئوقۇپ كەلگەن كىشىلەر خەلقنىڭ كۆزىنى ئېچىش، خەلقنى پەن بىلەن قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن تەشۋىق ـ تەرغىبات ئېلىپ بارغان، مەكتەپ ئاچقان بولسىمۇ، نادان كىشىلەر

دەستىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتتى. قەيەردە نادانلىق ئاشسا، شۇ يەردە زورلۇق ـ زومبۇلۇق ئەۋج ئېلىپ كېتىدىكەن، ئاخىر كېلىپ ئېزىلىدىغىنى يەنە شۇ نادان خەلق بولىدىكەن.

— راست ئېيتىسىز، مامۇتقارى، خەلق نادانلىقتىن باش كۆتۈرمىگۈچە يۇرتتا ئاسايىشلىق بولمايدۇ. ھېلى ھېيتگاھ جامەسىنى تىلغا ئالدىڭىز، ماڭا شۇ ئىمارەتلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە نېسىپ بولارمۇ؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا نېسىپ بولىدۇ، بىزنىڭ ھېيتگاھ جامەسىدىن باشقا يەنە ئاپپاق خوجا مازارى، تۇرپان مۇنارى دېگەندەك ئاجايىپ سەلتەنەتلىك قۇرۇلۇشلىرىمىز بار. جاھان بۇنداق كېتىۋەرمەيدۇ، ياخشى كۈنلەر كەلگەندە بۇلارنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ كېلەرلا.

— دېمەك، شۇنداق گۈزەل يۇرتنى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلىشكە زۇلۇم مەجبۇر ئەتتىمۇ؟

— توغرا، ئەنە شۇنداق ھەممە بايلىقى، يېرى، سۈيى، ساپ ھاۋاسى بىلەن خەلقنى ياشاش شارائىتى بىلەن تەمىن ئېتىۋاتقان ياخشى جايدا قانۇن ـ قائىدىلەر بۇزۇلدى، قايسىسى باستۇرۇپ كەلسە شۇ ھۆكۈمران بولۇپ خەلقنى خالىغانچە ئەزدى، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى.

— مانا قولىڭىزدا بىر ئوبدان ھۈنىرىڭىز بار ئىكەن، مانا ئۆزگە يۇرتتىمۇ گۈلدەك ياشاۋاتىسىزغۇ.

— باشقا جايلار قانداقكىن دەپ ئويلاپ بۇ يەرگە كەلگەنىدۇق، ھەر ھالدا خاتىرجەم كۈنلەرگە ئېرىشتۇق. بىراقىزە يۇرتىمىزدا خەت ـ ساۋاتىمىز، مەلۇماتىمىز بار ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن ئىدۇق، بۇ يەرگە چىقىپ بۇ دۆلەتنىڭ خەت ـ يېزىقىنى بىلمىگەچكە كۆزىمىز ئوچۇق قارىغۇ بولۇپ قالدۇق دېسىلە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرتتىكىلەر بىلەنمۇ خەت ـ ئالاقە قىلالمىدۇق، ئۇلار بىزنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىمىزنى

بىلمەيدۇ. ھەي، ئۇرنىمىز ئىسسىغان بىلەن يەنىلا غېمىمىز بار دېسىلە.

— توغرا، بىزنىڭ پۈتۈن رېسپۇبلىكىلاردا رۇس تىلى ئومۇملاشقان، شۇڭا تىل بىلمىسىڭىز بۇ يەرنىڭ شارائىتىغا ماسلىشىشمۇ بىر مەسىلە. ئەگەردە ياش بولغان بولسىڭىز بۇ باشقا گەپ ئىدى، توغرىمۇ؟

— تازا ھەق سۆز قىلدىلا جۇما، شۇڭا ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىر ئەرگە يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ دەپ بىكار ئېيتمىغان.

— شۇ، ئىنسان بۇ ئالەمگە كېلىپ، يەنە باقىي ئالەمگە كەتكۈچە قانچە قېتىملاپ يىقىلىپ - قوپۇپ، بىردە باي، بىردە كەمبەغەل بولۇپ، ئاغرىپ - ساقىيىپ ياشايدۇغۇ. ئاتايىتقى گېپىم چالا قاپتۇ، ياش بولغان تەقدىردىمۇ بىر زەرگەرنى تۆمۈرچى قىلىپ، تۆمۈرچىنى زەرگەر بول دېسە بومۇ تەسقۇ.

— ھۈششەرە، تازا بەلەن گەپ بولدى جۇما بۇ، ماڭا قايىلسىلا، ئالىم ئەپەندى، بىزگە قارىغاندا قۇش - جانىۋارلار ئەركىن ئوخشىمامدۇ؟

— قانداق دەيسىز؟

— مەسىلەن، يۇرتىمىزغا ئەتىيازدا قارلىغاچلار سەپ تارتىپ ئۇچۇپ كېلىدۇ، كۈزدە توپلىشىپ ئىسسىق جايلارغا ئۇچۇپ كېتىدۇ، ھەرنىمە بولسا ئاسماندا چېگرا، ساقچى يوق ئىكەن دېسىلە.

مەۋلان خوجايوف بۇ گەپكە تازا كۈلۈپ كەتتى - دە:

— سىزمۇ قالتىس كىشى ئىكەنسىز، قۇشلاردا خالىغان جايغا بېرىپ، تۇخۇم تۇغۇپ، بالىلاپ، بالىلىرىنى ئۇچۇرما قىلىدىغان ئادەت بار، بىراق ئىنسانلاردا تۇغۇلغان جاي، ئانا يۇرت دېگەن ئۇقۇم، مېھىر - مۇھەببەت بار. قۇشلارغا كۆكتە چېگرا يوق، شۇڭا ئۇلار خالىغان يېرىگە بارالايدۇ، ئىنسانلارچۇ؟



www.uygurkitap.com

ئىنسانلار دۇنيانى پارچىلاپ قۇراق كۆرپىدەك قىلىپ قويىدى، شۇڭا ئۇ يەردىن كەلگەن، بۇ يەردىن كەلگەن دەپ ئاتىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە دۇنيادا ھەممە كىشىنىڭ رىزىق ـ نېسىۋىسى بار، — دېدى.

— راست دەيدىلا، بەرھەق بىز ئۆزىمىزنى خۇددى بۇ يەرگە كەلسەك بولمايدىغاندەك ھېس قىلىپ قالدۇق دېسىلە، چۈنكى بىر قىسىم كىشىلەر ئەنە شۇنداق بىر خىل قاراشتا بولىدىكەن.

مەۋلان خوجايوف سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە:

— مامۇتقارى، ۋەتەن ئىنسانلارنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى، بولۇپمۇ تۇغۇلغان جايى، ئۇ يەرگە كىندىك قېنى تۆكۈلگەچكە شۇنداق مېھرى بولىدۇ، بىراق دۇنيانىڭ نەرىدە ياشىساقمۇ ئوخشاشلا يەر، تەبىئەت ئىنسانلارغا ئورتاق، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئالساق، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مىللەت، ئىرقتىكى كىشىلەر بار، بىز ئاخىرقى ھېسابتا بىر ئائىلە كىشىلىرى، — دېدى.

— رەھمەت، تولا بەلەن گەپ بولدى، ھەممە ئادەم شۇنداق قارىغان بولسا ـ ھە؟

— ئۇ كىچىك ئىشلار، مامۇتقارى، ئىنسان ئۆزى ياخشى بولسا جاھان شۇ كىشىنىڭ، توغرىمۇ؟

— توغرا، ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپ تۇرمۇشىمىز رەتكە چۈشۈپ، يەرلىرىمىز ھوسۇل بېرىپ، يېمەك ـ ئىچمىكىمىز، كىيىمىمىز، ماللىرىمىز تەل بولۇپ، قولىمىز خېلى كەڭرىپ قالغانىدى، بىزمۇ ئەل قاتارى ياشايدىغان بولدۇق دەپ، نى ـ نى ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن تىرىشىپ كېتىۋاتاتتۇق، بىردىنلا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى. ئويلىمىغان يەردىن يەنە ئوت ئىچىگە كىرىپ قىيىن كۈنلەرگە قالدۇق.

— ئۇرۇش ھەممە ئادەمنىڭ بېشىغا بىر ئاپەتقۇ، بولۇپمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ

www.uyghurkitap.com

زور، قاتناشقان ئادەم سانى ئەڭ جىق، چىقىلغان دۆلەتلەر ئەڭ كۆپ، چىقىم ئەڭ ئېغىر بولغان ئۇرۇش بولدى. يۇرت ئامانچىلىقى خەلقنىڭ بەختى، ئەگەر سىلەرنىڭ يۇرتتا ئۇنداق قالايمىقانچىلىقلار، ئۇرۇش ـ تالاش، ئوت قويۇش، ئۆلتۈرۈش، چېپىشلار بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە خەلق تىنچ ـ ئامان، ھەممە ئادەم ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ياشىغان بولاتتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بولمىغان بولسا، بەلكىم خاتىرجەم ياشايتتۇق. بۇ ئۇرۇشتا ئۆزبېك، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق كۆپ مىللەت جەڭچىلىرى ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتتىۋاتىدۇ. مەن بىر گېزىتتىن مۇنداق بىر خەۋەرنى ئوقۇدۇم، ئىككى يۈز مىڭ ئۇيغۇر ئوغۇل ـ قىزلىرى جەڭگە ئاتلىنىپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك شەرەپلەرگە ئېرىشكەن، بەش نەپەر ئۇيغۇر جەڭچىگە «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن نام بېرىلگەن. ئۇيغۇر دېھقانلىرى پىلاننى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ تۆھپە قوشقان. دېمەك، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزلىرىنىڭ مىليونلىغان ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى ئاقتۇرۇشى ۋە قۇربان بېرىشى ھېسابىغا چوقۇم ھۆرلۈكنى قولغا كەلتۈرىدۇ. دەرۋەقە ئۇرۇش شۇنداق دەھشەتلىك، پاجىئەلىك بولىدىكەن، ئانىلارنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلار دەريا بولۇپ ئاقتى. ئەمما، بۇ ئۇرۇشتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ئەزىمەتلەرمۇ كۆپ، سىلەرمۇ، ئائىلەڭلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، قېرىنداشىم، سىلەر گەرچە بۇ يەرگە كېيىن كەلگەن بولساڭلارمۇ، بۇ يەرنىڭ سىلەرگە بەرگەن يەر، سۇ، نېمەتلىرى ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىدىڭلار، ئۇلارنىڭ ئاققان قانلىرى، قۇربان بولغان جانلىرى ھەرگىزمۇ بىكار كەتمەيدۇ، بەلكى تارىخ سەھىپىسىدە مەڭگۈ قالىدۇ.

— ئالىم ئەپەندى، «قارا خەت» كەلگەنلەر توغرىسىدا كېيىن ئېنىق بىر جاۋاب بولارمۇ؟ ئۇلار ۋەتەن ئۈچۈن كۆرەش قىلدى ـ دە.

— شۇنداق، مامۇتقارى، جەڭگە قاتناشقان ئەزىمەتلەر ۋەتەن

ئۇچۇن باتۇرانە كۇرەش قىلدى، ۋەتەندىن باشقا مۇقەددەس، ئۇلۇغ نەرسە يوق. ۋەتەننىڭ تىنچلىقى ھەممىدىن مۇھىم. ئەنە شۇ جەڭگىۋارلارنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن روھى ھامان ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ، بۇ روھ كۇندىن ـ كۇنگە كۇچىيىپ، ئۇلغىيىپ يېڭى ئەۋلادلارنىڭ تومۇرىدىكى قان بىلەن بىللە ئاقىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۆلەتنى قايتا قۇرۇش، كەتكەن چىقىملارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش، دۆلەتنى گۇللەندۇرۇش، خەلقنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۇرۇش ئۇچۇن ئۇرۇشتىن كۆپرەك كۇچ چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ، توغرىمۇ؟

— توغرا بولمامدىغان، بىر ئۆيگە سۇ كىرىپ كەتسە، ئوت كەتسە شۇنى تۇزەش ئۇچۇن قانچىلىك چىقىم كېتىدۇ، پۇتۇن بىر دۆلەت نەچچە يىل ئۇرۇش قىلسا، ئۇنى تۇزەش ئۇچۇنمۇ زور كۇچ كېرەك ـ دە. كارامەت گەپ قىلدىلا جۇما، مەن ئۇرۇشنىڭ كېيىنى ئاڭلىغان بولسامۇ، كۆپ ئىش كۆرمەپتىمەن دېسىلە، ئەمدى ئۇرۇش ئاياغلىشاي دېدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش بولماس ـ ھە؟

مەۋلان خوجايوف بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۇلۇپ كەتتى ـ دە:

— يولداش مامۇتقارى، ئۇرۇش دېگەن شۇنداق دەھشەتلىك نەرسە، ئۇرۇشنى بىرى قوزغىمىسا يەنە بىرى قوزغايدۇ، ئىلاھىم دۆلىتىمىزدە تىنچلىق بولار، — دېدى.

— توغرا دېدىلە، جىم تۇرغانغا بىرى كېلىپ مۇشت ئاتسا، قاش ـ قاپىقىنى يارسا، ئۇمۇ قاراپ تۇرماي مۇشت ئاتىدۇ ـ دە، ئويلاپ باقسام، دۇنيانىڭ ئىشلىرىمۇ خۇددى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىشلارغا ئوخشايدىكەن.

مەۋلان خوجايوف ئالدىدىكى چەينەكتىن بىر پىيالە چاي قۇيۇپ مامۇتقارىغا تۇتتى. ئۆزىمۇ بىر پىيالە چاي قۇيۇپ ئىچكەچ دېدى:

— رەيھانمۇ ئىرىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاشقا بەك تەقەززا بولۇۋاتىدۇ.

— شۇنداق بولمامدىغان. قانداق بولۇپ ئۇنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكى مەلۇم بولمىغاندۇ دەيمەن، دىمىسىمۇ ئادەم كۆپ ـ دە، پۈرسەت تېپىپ ئۇقۇشقىلى بولارمۇ؟

— ئىشلار تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق، بۇ چوقۇم ئېنىقلىنىدۇ، شۇنىڭغىچە تەخىر قىلماقتىن باشقا چارە يوق. سىزگە، رەيھانغا كۆپ رەھمەت، سىلەر ياردەم قىلمىغان بولساڭلار مەن بۇنداق خاتىرجەم بولالمايتتىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە خانىممۇ بىر ياخشى بولۇپ قالدى، ياخشىلىقىڭلارنى خۇدا خالىسا بىر كۈنى قايتۇرارمەن، — دېدى مەۋلان ئەپەندى مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن.

— بۇ قانچىلىك ئىش دەيدىلا، بىز سىلى بىلەن بىر تۇغقاندەك بولۇپ قالدۇق، رەيھانمۇ بەك خۇشال، زۇلفىيەنىڭ خۇشلۇقى ئۇنىڭدىن ئارتۇق، ئۇ «خانىم ئاپام» دەپ ماھىدىل خانىمنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، بىز سىلىگە رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ تېخى.

— بەك تۈزۈت قىلىدىكەنسىز، مامۇتقارى، مەن نۇرغۇن ئاگرونوم، تەتقىقاتچىلارنى تەربىيەلىدىم، بىراق بىرەر ئۇيغۇر بالىسىنى تەربىيەلەشكە نېسىپ بولمىغانىدى، مانا بىزنىڭ زۇلفىيە كىچىك پەرىشتەم ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، ھاياتلا بولسام ئۇنى ئاگرونوم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىمەن، چۈنكى ئۆزبېكىستان پاختا ماكانى، مېۋە ماكانى، دۇنياغا داڭلىق ئەزىز جاي. خۇدا خالىسا، ئۆمرۈم يار بەرسە مانا مېنىڭ بىساتىمدىكى بارلىق نەرسە، پۈتۈن ئۆمرۈمدە يىغقان كىتابلىرىم ئاشۇ قىزىمغا قالىدۇ، ئۇنى ئىزباسارىم قىلىپ چىقىمەن!

مەۋلان خوجايوف ئاجايىپ ھاياجان بىلەن سۆزلىدى.

— رەھمەت، ئالىم ئەپەندى، سىلىگە نېمەدەپ رەھمەت

ئېيتىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ياخشى كۆڭۈللىرىگە ھەشقاللا، دېگەنلىرى كەلسۇن، ئىلاھىم، بىزنىڭ ئەۋلادىمىزدىنمۇ ئالىم چىقسۇن. ھە راست، موسكۋاغا قاچان ماڭىدىلا؟

— كېلەر ھەپتە ماڭىمەن.

— خاتىرجەم ماڭسىلا، باغنىڭ، قورۇنىڭ ئىشىغا مەن بار، خانىمنىڭ ئىشلىرىغىمۇ بىز بار، ھېچبىر غەم قىلمىسىلا.

— ياردىمىڭىزگە رەھمەت، قېنى چايغا باقايلى.

— رەھمەت. يائاللا، ئەجەبمۇ كۆڭۈللۈك مۇڭدىشىۋالدۇق، يېرىم كېچە بولۇپ كەتتىمۇ نېمە؟

— شۇنداق، تاڭ سۈزۈلەي دېدى، ئەتىگەن قانچىدە تۇراتتىڭىز؟

— سائەت ئۈچتە، ئەپەندى.

— مانا سائەت ئۈچ بولاي دەپتۇ، پاراڭلىشىمىز دەپ سىزنى ئۇيقۇدىن قويۇپتىمەن - دە.

— ئۇيقۇ دېگەننى ئۇخلىۋالىمىز، بىراق سىلى بىلەنزە مۇنداق مۇڭدىشىش پۇرستى دائىم يوق - دە. خەلقىمىزدە مۇنداق بىر قوشاق بار:

قارلىغاچ تۇڭلۇككە كەلدى،
ئەي خېنىم ئۇيقۇڭنى ئاچ.
ئۇيقۇدىن نېمە كېلەدۇر،
ئولتۇرۇپ كۆڭلۇڭنى ئاچ.

— قالتىس قوشاقكەن بۇ، كېيىن يېزىۋالاي - ھە.

— بولىدۇ، بىزدىكى خەلق قوشاقلىرى شۇنداق كۆپ، شۇنداق چىرايلىق. ئۇ قوشاقلارنىڭ تىلى يېنىك، خۇددى مېغىزدەك تاتلىق، مەزمۇنلۇق، يۈرەكلەرنى ئوينىتىدۇ. بىزنىڭ يۇرتتا مانا مۇشۇنداق قوشاقلارنى مۇقام، مەشرەپلەردە ئوقۇيدىغان بولسا يۈرەكلەر ئويناپ كېتىدۇ، توي - تۆكۈنلەردە

ئېيتىلىدىغان ناخشىلارنىڭ كۆپلۈكچۇ تېخى. ئىنسانلار بار بولسىلا سەنئەت دەرىخى ياشىرىپ تۇرىدىكەن، بۇ ناخشا ـ قوشاقلارنى ئويلىسام تومۇر ـ تومۇردىكى قانلىرىم ئۇرغۇپ كېتىدۇ.

— سەنئەت، ئەدەبىيات زور بايلىق، ئۇ بايلىقتا ئەجدادلارنىڭ روھى، مېھنىتى بار، شۇڭا ئۇ بىزگە مىراس، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سۆيۈش بىز ئىككى مىللەتتىكى ئورتاق بىر روھىي كەيپىياتتۇر. ھەممىمىز ناخشا ـ قوشاقتا ئامراق، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇنىڭغىمۇ پۇرسەت بولۇپ قالار.

— ئوبدان مۇڭدىشىۋالدۇق، ئەمىسە خۇداغا ئامانەت، مەن قايتاي.

— خۇدايىمغا ئامانەت، كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭ، — دەپ مەۋلان ئەپەندى ئۇنى دەرۋازا سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

ماۇتقارى ئۆيىگە كېتىۋېتىپ: «جاھاندا ئاجايىپ ئادەملەر بار ئىكەنا، يا ھەزرەت، بۇ ئالىمنىڭ سۆزلىرىنى قانداقمۇ ئۇنتاي، خۇدا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن» دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ.

## 18

مەۋلان خوجايوف موسكۋادىكى خىزمىتى شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ، رەيھاننىڭ دادىسى بىلەن ئېرىنىڭ ئىشى ئۈچۈن بۇ ئىشقا مەسئۇل ھەربىي كومىتېتقا كۆپ قېتىم بېرىپ، ئارخىپلارنى ئىزدەپ تېپىشقا دالالەت قىلدى، تېلېفونلىشىپ تۇردى.

ئۇرۇش ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ھەرقايسى فىرونتلاردىكى جەڭچىلەرنىڭ ئارخىپلىرىنى ئاختۇرۇش ۋە ئەھۋالىنى ئىگىلەش

قول تۇتىدىغان، كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدىغان خىزمەت بولغاچقا، ئۇ ئون بەش كۈن بولغاندا ئاندىن ھەسەنجان بىلەن ئابدۇراخمان ئوسمانوفنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە مۇيەسسەر بولدى. ئۇلارنىڭ كىنىشكا، مېداللىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

ئاتمىش ياشلاردىكى ئېگىز بوي، چېقىر كۆز، قوش بۇرۇن پولكوۋنىك چەكسىز مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا دېدى:

— مەن ئۇرۇش مەيدانلىرىدىمۇ ئۇيغۇر، ئۆزبېك جەڭچىلەرنى كۆرگەن، ئۇلاردا بىر خىل باتۇرلۇق بىلەن قارامىلىقمۇ بار ئىكەن، مەن بۇ قېتىم ئارخىپلارنى كۆرۈش جەريانىدا ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇقىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدىم. دۆلىتىمىزدە كۆپ مىللەتنىڭ ئاجايىپ باتۇر ئەزىمەتلىرى توپلانغانىكەن. ئۇيغۇر دېھقانلىرىمۇ زور كۈچ بىلەن ئالدىنقى سەپكە ئىئانە توپلاپ ئەۋەتتى، ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ستالىنغا خەت يازدى. ۋەتەن، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئۇنتۇمايدۇ، ئۇرۇش ئاخىرلاشقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار يەنە ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتىدۇ.

— سىزگە كۆپ رەھمەت، پولكوۋنىك، — دېدى مەۋلان خوجايوف ئۇنىڭغا قول بېرىپ، — مەن ئىككى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بولدۇم، ئۇلار مېنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ.

— سىز بۈگۈنلا موسكۋادىن قايتماقچىمۇ؟

— شۇنداق، ئۇلارغا خەۋەرنى قانچە تېز يەتكۈزسەم شۇنچە ياخشى، گەرچە بىرى خۇش خەۋەر، يەنە بىرى كۆڭۈلسىز خەۋەر بولسىمۇ.

— شۇنداق، بىزنىڭ قەھرىمان جەڭچىلىرىمىز غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەزىز جانلىرىنى قۇربان قىلدى. بىز پەخىرلىنىدىغان، ۋەتەن ئۈچۈن جان بەرگەن بۇ

www.uyghurkitap.com

جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئىش ئىزلىرى تارىخ بېتىگە يېزىلىدۇ. بىز ۋەتەن ئۇرۇشى تارىخىنى ئەسلىسەك، ئۇنىڭ ئىپتىخارلىق بەتلىرىمۇ، قان ـ ياشلىق بەتلىرىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بىز تارىخنى ئۇنتۇمايمىز، قىسقىسى موسكۋا بوسۇغىسىدا نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى ئاققانلىقى پاكىت، ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىغا سالامىمنى يەتكۈزۈڭ، يولداش مەۋلان خوجايوف.

— سىزگە كۆپ رەھمەت، پولكوۋنىك. سىزنىڭ سۆزىڭىز ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، شەرەپ تۇيغۇسى، قىسقىسى شان ـ شەرەپلىك تارىخ ئاتا قىلىدۇ. مېنىڭچە، ئۇلار سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن چوقۇم رازى بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق باتۇر قەھرىمانلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. سالامەت بولۇڭ، ئەپەندى.

— ئاقيول بولسۇن، سەپىرىڭىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن.

— رەھمەت.

مەۋلان خوجايوف بۇنداق زور ئىشنى پۈتكۈزۈپ چىققانلىقى ئۈچۈن تولىمۇ خۇشال بولدى، پولكوۋنىكتىنمۇ چەكسىز رازى بولدى. ئۇ خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك كەيپى چاغ چىقتى ـ دە، ئىشخانىسىغا بېرىپ سومكىسىنى ئېلىپلا ئايرودۇرۇمغا قاراپ ماڭدى.

موسكۋا كوچىلىرى ھەقىقەتەن رەتلىك، ئازادە، بىنالىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا سېلىنغان، ئادەملىرى روھلۇق ۋە تېتىك ئىدى. چاچلىرىنى چىرايلىق ياساتقان قىز ـ ئاياللار، كالتە، كەڭ كۆڭلەك ياكى كوپتا ـ يوپكا، ئېگىز پاشنىلىق باسنۇشكا ـ توپلەيلەرنى كىيىپ، شۇنداق چەبدەس مېڭىشاتتى. ئەرلەر بولسا كالتە يەڭ كۆڭلەك، بۇرۇلكا كىيىشىپ، ئاياغلىرىنى پارقىرىتىپ، قولىدا ھۆججەت سومكىلارنى كۆتۈرۈشۈپ مەغرۇر يۈرۈشەتتى. كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بۈككىدە دەل ـ دەرەخ ھەم رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر شەھەر مۇھىتىغا

ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

يېمەكلىك ۋە كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا كىشىلەر قاتار ئۆچىرەتتە تۇرۇشاتتى. «ئۇرۇش ھەممىگە سەۋەبچى بولدى، ھازىر نەرسە ـ كېرەكلەر قىس بولغىنى بىلەن، — دەپ ئويلىدى مەۋلان خوجايوف ئايرودورۇمغا كېتىۋېتىپ، — رۇسلار تەشكىللىچانلىقى، ئەستايىدىللىقى، ئىشنى پۇختا قىلىدىغانلىقى بىلەن تېز سۈرئەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇدرەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. موسكۋا، مەن سېنى سۆيىمەن، سەن دۇنيادىكى ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ چوڭ شەھەر، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۈرىكى...»

ئايروپىلان موسكۋادىن قوزغىلىپ تاشكەنت ئايرودورۇمغا چۈشكەندە ئەتىگەن سائەت سەككىز بولغانىدى. ئۇ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە زۇلفىيە قورۇدا ئويناپ يۈرەتتى. ئۇ ئۇستىگە ئاق كوپتا، قارا ساراپان، پۇتىغا ئاق پايپاق ھەم يېڭىلىك خۇرۇم ئاياغ كىيگەن بولۇپ ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ مەۋلان خوجايوفنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ ئالدىغا كەلدى ـ دە:

— بوۋا، مەن مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولدۇم، — دېدى قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ. مەۋلان خوجايوف:

— سىزنى تەبرىكلەيمەن، قىزىم، — دەپ ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈشكە، قىز:

— خانىم ئاپا، بوۋام كەلدى، — دەپ ۋارقىرىدى.

— سالامەت كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ رەيھان يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ سومكىسىنى قولىدىن ئالدى. دەل شۇ چاغدا ئىشىكتە ماھىدىل خانىممۇ پەيدا بولدى ـ دە:

— خۇش كەلدىڭىز ئەپەندى، سىزنى سېغىندۇق، بىزنى ئەجەب يولغا قاراتتىڭىز، — دېگىنىچە ئۇنى قۇچاقلاپ قويدى. ئىككىيلەن ئۇزاق يىل كۆرۈشمىگەن قەدىردانلاردەك قايتا ـ قايتا ئەھۋال سورىشىپ ئۆيگە كىردى.

— بوۋا، قاراڭ، — دېدى زۇلفىيە خۇشاللىقتىن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، — خانىم ئاپام ماڭا مەكتەپ فورمىسى، دەپتەر، قەلەم ئېلىپ بەردى.

— بەك ياخشى بوپتۇ، قىزىم، سىز چوقۇم ياخشى ئوقۇيسىز، پىيونېر بولالايسىز، شۇنداقمۇ؟

زۇلفىيە كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ھەممەيلەن داستىخانغا كېلىپ، ئىسسىق چۆچۈرە ئىچىشتى.

مەۋلان خوجايوف:

— قىزىم رەيھان، مەن سىز ئەتكەن تاماقتا كۆنۈپ قالغاچقا، باشقا تاماقلار تىلىمغا تېتىمايدىغان بولدى، ئۆيگە كەلگۈچە تاماقلىرىڭىز كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كەتتى، — دېدى.

— رەھمەت، مەن شۇ سەھرا پەدىسىدە تاماق ئېتەتتىم، خانىمدىن ئۆگىنىپ مۇشۇنچىلىك تاماق ئېتەلەيدىغان بولدۇم، خانىم ئۆزى ئەتكەن بولسا بۇ چۆچۈرە تېخىمۇ ئوخشايتتى، — دېدى خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— ئۇ دېگىنىڭىز راست، بىزنىڭ خانىمنىڭ ئۆي تۇتۇشى، تاماقتا ئۇستىلىقى، نازاكەتلىكلىكى تاشكەنتكە بىر كەتكەن دەڭە. كىشىلەر ئۇنىڭ تامىقىنى بىر قېتىم يېدىمۇ، بولدى، ئاغزىدىن شۇ تاماقنىڭ تەمى كەتمەيتتى، شۇڭا كۆز تەگكەن ـ دە، بۇ خانىمغا. بىراق، سىز ئەتكەن لەڭمەن، چۆچۈرىمۇ ئۆزگىچە ئېسىل، شۇنداقمۇ خانىم، — دېدى ئۇ خوتۇنىغا قاراپ كۈلۈپ.

— سۆزلىرىڭىزدىن ئۆرگۈلەي خوجايىن، مېنى ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتتىڭىزغۇ.

— شۇنداق ئەمەسمۇ، مەن سىزدىن پەخىرلىنىمەن، مانا ئوتتۇز يىل بىللە ياشاپ كەپتۇق، ئۆيۈم خۇددى جەننەت، سىز شۇ جەننەتنىڭ پەرىزاتى...

ماھىدىل خانىم قارا قاشلىرىنى، سۈرمە سۈرگەن كۆزلىرىنى پۇرۇپ تازا كۈلۈپ كەتتى. رەيھان ئۇلارغا چاي دەملەپ بېرىپ

ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

— قانداق خوجايىن، بۇ قېتىمقى سەپىرىڭىز كۆڭۈللۈك بولغاندۇ؟ تەتقىقات ئىشلىرىڭىزچۇ؟ — دەپ سورىدى ماھىدىل خانىم چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ.

مەۋلان خوجايوف ئالدىدىكى پىيالىنى ئېلىپ، چايدىن بىر - ئىككى ئوتلاپ دېدى:

— بۇ قېتىمقى يىغىن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، خانىم، مەن كېۋەز كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى، ئۇنى يوقىتىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا ماقالە يازغانىدىم. ماقالەمگە يىغىن تەشكىلىي ھەيئىتى يۇقىرى باھا بەردى. ئەمەلىيىتىنى ئۆزبېكىستاندىكى كېۋەزچىلىكتە سىناق قىلىش، تەجرىبە قىلىش ئىشى تەستىقلاندى.

— بەك ئوبدان بوپتۇ، سىزنى تەبرىكلەيمەن، خوجايىن، سىز ئاجايىپ بىلىملىك كىشى جۇمۇ، — دېدى ئۇ ئېرىنى ماختاپ.

مەۋلان خوجايوف خوتۇنى بىلەن بىرھازا پاراڭلىشىپ بولغاندىن كېيىن:

— خانىم، بۇ قېتىم رەيھانغا خەۋەر ئەكەلدىم، — دېدى.

— قانداق خەۋەر، تېز ئېيتىڭە خۇش خەۋەرمۇ؟ — دەپ سورىدى ماھىدىل خانىم ئالدىراپ.

— رەيھان كىرسۇن ئاندىن ئېيتاي، — دېدى - دە، — قىزىم، بۇ يەرگە كىرىڭ، — دەپ چاقىردى.

— مانا مەن، — دەپ قوللىرىنى پەشتامىغا سۈرتكىنىچە رەيھان كىرىپ كەلدى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ.

رەيھان بىرنېمىنى تۇيغاندەك بولۇپ مەۋلان خوجايوفقا قاراپ قويۇپ ئولتۇردى.

مەۋلان خوجايوف سومكىسىدىن بىر پارچە سۈرەتنى ئېلىپ

رەيھانغا سۇندى.

رەيھان تىترىگەن قوللىرى بىلەن سۈرەتنى قولىغا ئالدى. بىردىنلا لەۋلىرى تىترەپ، يۈز مۇسكۇللىرى لىپىلداپ، كۆز ياشلىرى قۇيۇلدى، سۈرەتنى يۈزىگە ياقتى، سۆيدى، كۆزىگە سۈرتتى، قايتا ـ قايتا كۆرگەندىن كېيىن كۆزىنى بىرپەس يۇمۇۋېلىپ پىچىرلىدى:

ـــ نەق شۇ، دادامنىڭ سۈرىتى.

ـــ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، گەرچە ئۇ قۇربان بولغان بىلەن ناھايىتى شەرەپلىك نام قالدۇرۇپ كېتىپتۇ. مەن موسكۋادا چىقىدىغان «ھەقىقەت گېزىتى»دىن مۇنداق بىر ماقالىنى ئوقۇدۇم. بۇ بىر رازۋېدكىچى توغرىسىدا، يەنى بىر ئۇيغۇر رازۋېدكىچى توغرىسىدا يېزىلغان ماقالە ئىكەن. ئۇ ياش يىگىت ئەمەس، بەلكى خوتۇنى ۋە بىر بالىسى بار كىشى ئىكەن. ئۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن رازۋېدكىچى بولۇپ يول باشلاشقا قاتنىشىپتۇ، قىزىق يېرى، ئۇ ئوڭ دولىسىغا قورال ئېلىپ، سول مۈرىسىدىكى لاتا خالتىغا راۋابىنى سېلىۋاپتۇ، يول ماڭغاندا مەيلى پىيادە، مەيلى ئاتلىق بولسۇن ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭىدىكەن، چېكىنىدىغاندا ھەممىدىن كېيىن چېكىنىدىكەن، تېخى گاھىدا بەقەسەم تون، تۇماق كىيىپ پۇقراچە ياسىنىدىكەن، ئارام ئېلىش ۋاقتىدا راۋاب چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ جەڭچىلەرگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىكەن، ئات مىنسە ئاتنى ئۇچقاندەك چاپتۇرىدىكەن. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە يۈرگەن رازۋېدكىچىلار بىلەن كۆپ جەڭلەرگە قاتنىشىپتۇ. ئۇ گىتلېر تۈرۈشلۈق بىناغا ھۇجۇم قىلغاندا ئەڭ ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى، گىتلېرنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى پۈتكۈل دۇنياغا جاكارلىنىش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى جەڭدە قۇربان بوپتۇ. قىسقىسى، ئۇ ئىسسىق قېنى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەم ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى

تىكلىدى. بۇ كىم؟ مانا بۇ كىشى سىزنىڭ دادىڭىز، زۇلفىيەنىڭ بوۋىسى، ئۇرۇش قەھرىمانى ھەسەنجان تاھىروف.

رەيھان بىلەن ماھىدىل خانىم ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى.

— مانا قىزىم، بۇ مەرھۇم دادىڭىزغا بېرىلگەن ئەڭ ئالىي شەرەپ «قىزىلبايراق» ئوردېنى. سىز ئۇرۇش قەھرىمانىنىڭ قىزى، مانا بۇ زۇلفىيە قىزىم ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ نەۋرىسى.

ئۇلار ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى، بىراق پولاتتەك پاكىت بولغان مېدال، كىنىشكىلار كۆز ئالدىدا تۇراتتى.

— رەيھان، ئۇنىڭ تۆكۈلگەن قېنى ھەرگىزمۇ بىكار كەتمەيدۇ. ھاياتلىق تارىخ دېمەكتۇر، ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇنداق قايغۇلۇق ۋە خۇشاللىق كۈنلەردە ئاجايىپ تۆھپىلىرى بىلەن تارىخ ياراتقان، بىز ئۆز دەۋرىمىز بىلەن تارىخ يارىتىۋاتىمىز، دادىڭىزمۇ ئۆزىنىڭ شەرەپلىك تارىخىنى ئۆز ھاياتى، قېنى، جېنى بەدىلىگە ياراتتى. ئۇنى بىز قەدىرلەيمىز، مەڭگۈ ياد ئېتىمىز.

رەيھانىنىڭ ئاق سۈزۈك مەڭزىگە مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى ئەگىپ چۈشتى.

— دادام راستىنلا ئاجايىپ ئادەم ئىدى، ئۇ ھېچنېمىدىن، ھېچكىمدىن قورقمايتتى، ئۇ ئۇرۇشقا كېتىپ بىر يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلگەندىلا مەيدىسىگە ئوردېنلارنى تاقاپ شەرەپ بىلەن قايتىپ كەلگەنىدى. بىراق، ئۇ قايتىپ كېلىپ خۇشاللىق تاپالمىغانلىقتىن ئىككىنچى قېتىم ئۆزى تەلەپ قىلىپ يەنە ئۇرۇشقا كەتكەنىدى، بۇ كېتىشىنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇپ قېلىشىنى پەقەتلا ئويلىماپتىكەنمەن.

مەۋلان خوجايوف رەيھانغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمىدى، «بوپتۇلا، يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالسۇن» دەپ ئويلىدى. بىرپەستىن كېيىن:

— قىزىم، ئۇرۇش دېگەن شەپقەتسىز، ئۇ ئىنسانلارغا

خانىۋەيرانچىلىق، بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ، بىراق ھەربىر دۆلەت ئۆز زېمىنىنى، خەلقىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزىنى قوغداش ئۇرۇشى قىلىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ شۇنداق قىلدى، شۇڭا بۇ ئۇرۇش «ۋەتەن ئۇرۇشى» دەپ ئاتالدى. بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇنلىغان جەڭچىلەر قۇربان بولدى، قەھرىمانلىق كۆرسەتتى، سىلەرمۇ، سىلەرنىڭ ئائىلەڭلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. قېرىندىشىم، سىلەر گەرچە بۇ يەرگە كېيىن كەلگەن بولساڭلارمۇ، بۇ يەرنىڭ سىلەرگە بەرگەن يەر، ئاش، سۇ، نېمەتلىرى ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىدىڭلار، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاققان قانلىرى، قۇربان بولغان جانلىرى ئاجايىپ زور شەرەپكە ئىگە، ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۇنتۇمايدۇ، خەلق ئۇنتۇمايدۇ...

بىرپەس ئۆينى جىمجىتلىق قاپلىدى، مەۋلان خوجايوف پىيالىگە چاي قۇيۇپ رەيھانغا سۇندى:

— قېنى چاي ئىچىڭ، ھايات ئىكەنمىز ئەمەلىيەتكە ئىشەنچكە تولۇپ ياشايمىز. ھاياتلىقتا خاپىلىق بىلەن خۇشاللىق ھەمراھ، بەختسىزلىك ئىچىدە بەخت نۇرى كۆرۈنىدۇ. بۇ ئىشلارغا سەۋر قىلىڭ، دادىڭىزنىڭ ئۆلۈمى شەرەپلىك، تارىختا ئىزى قالغان ئۆلۈم. سىزگە يەنە بىر نەرسە كۆرسىتەي، — دەپ سومكىدىن قىزىل كىنىشكىنى ئېلىپ سۇندى، — ئەمدى زادىلا يىغلىماڭ، بۇنداق شەرەپكە ناھايىتى ئازلا كىشى نائىل بولالايدۇ. مەن ھەربىي كومىتېتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بۇنى سىزگە تاپشۇرىمەن، سىزگە شەرەپلەر بولسۇن. يېقىندا ئۆزبېكىستان رېسپۇبلىكىسى بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىلىدۇ، شۇ يىغىندا سەھنىگە چىقىپ، كۆپچىلىك ئالدىدا بۇ مېدال بىلەن كىنىشكىنى رەسمىي تاپشۇرۇۋالىسىز، — دېدى ـ دە، رەيھانىنى ئاتىلارچە قۇچاقلاپ، تەسەللى ئېيتتى.

رەيھاننىڭ كۆڭلىمۇ تەسكىن تاپتى، دادىسىنىڭ بۇنداق شەرەپكە ئىگە بولغىنىنى ئۇچۇن مەغرۇرلاندى. «راست، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، — ئەگەر دادام بىر پاي ئوقتا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، قايسى ئورەكتە ياكى بىنا ئاستىدا قالغان بولاتتى؟ ئۇ دېگەنبىلەن ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنىنى بىلەن بۇ شەرەپكە ئېرىشىپتۇ. دادام ياخشى ئەر، ياخشى دادا، ياخشى ئىنقىلابچى.»

مەۋلان خوجايوف رەيھاننىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ قايىل بولغانلىقىنى، دادىسى ئۇچۇن پەخىرلەنگەنلىكىنى چۈشەندى ــ دە:

— قىزىم، ئەمدى ئىككىنچى خەۋەرنى ئېيتايمۇ؟ — دېدى ھاياجانلىق ئىلكىدە.

— بۇ خۇش خەۋەرمۇ ياكى...

— ئىنسان ئۇچۇن ھاياتلىق ئەڭ ئەۋزەل، قىزىم بۇنى خۇش خەۋەر دېيىشكە بولىدۇ، ئېرىڭىز ئالدىنقى سەپتە بىر يىل ئۇرۇشقا قاتنىشىپتۇ، ئارقىدىن ئېغىر يارىدار بولۇپ يۇرتىغا قايتۇرۇلدى، دەپ يېزىلىپتۇ.

رەيھان ھاڭ ــ تاڭ قالدى، ئەگەر يۇرتىغا قايتۇرۇلغان بولسا نېمىشقا ئۆيگە قايتمايدۇ؟ ئۇنىڭ پىكرى چېچىلىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

مەۋلان خوجايوف سومكىدىن بىر پارچە سۈرەتنى ئېلىپ رەيھانغا بەردى ــ دە:

— مۇشۇ يىگىت شۇمۇ؟ — دەپ سورىدى.

رەيھان سۈرەتكە قارىدى. ئۆزىگە قالدۇرۇلغان، ئۇنى نەچچە قېتىم باغرىغا باسقان، كېچىلىرى ئۇنىڭغا قاراپ يىغلىغان، باغرىغا تېڭىپ سۆيگەن سۈرەت دەل مۇشۇ سۈرەتتىن ئىدى.

— نەق ئۆزى، — دېدى ئۇ گەپىنىڭ ئاخىرىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ، كۆزىگە تولۇۋاتقان ياشنى دەرھال سۈرتۈۋېتىپ.

— خوش، — دېدى مەۋلان خوجايوف، — مەن ئانكىتنى كۆردۈم، بۇ يىگىت — سىزنىڭ يولدىشىڭىز ئەنجانغا

www.uyghurkitap.com

قايتۇرۇلۇپتۇ.

— نېمە، ئەنجانغا؟

— قىزىم، بۇ دېگەن ئۇرۇش، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلەر ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن تونۇشۇپ توي قىلىپ بىرنەچچە كۈن بىللە ياشاپسىلەر، ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلمەيسىز. ھازىر يېشىلمىگەن سىرلار بار، مېنىڭچە، ئۇنىڭ ھايات قالغىنىنىڭ ئۆزىلا خۇشاللىق ئىش. بىزدە «تاغ بىلەن تاغ ئۇچراشمايدۇ، ئادەم ھايات بولسا بىر كۈنى ئۇچرىشىدۇ» دېگەن ماقال بار. بىز بۈگۈن ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدۇق، بۇ بىر خۇشاللىق، قالدى ئىشلار بىر ـ بىرلەپ ھەل بولۇپ كېتىدۇ، قانداق دېدىم.

رەيھاننىڭ تېنى جۇت ـ شۇۋىرغاندا قالغان ياپراقتەك تىترەپ كەتتى، ئارقىدىن مېڭىسى پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ، ئېسىنى يوقاتقان ئادەمدەك جايىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى ـ دە، دوختۇر چاقىردى. دوختۇر ئۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

— ئۇنىڭغا بىر ئىش بەك قاتتىق تەسىر قىپتۇ، ياخشى دەم ئالسۇن، — دەپ دورا بېرىپ چىقىپ كەتتى.

ئاخشىمى ماھىدىل خانىم ئېرىگە:

— ئۇرۇش مەيدانىدىن خاتا خەۋەرلەرمۇ كېلىدىكەن، رەيھاننىڭ دادىسى ھايات بولۇپ قالامدۇ تېخى، — دېدى بىر ئاز ئۈمىد بىلەن.

— خانىم، — دېدى مەۋلان خوجايوف تەمكىنلىك بىلەن، — گاھى خەۋەرلەر يالغان بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، بىرمۇنچە كىشىلەرنى «قۇربان بولدى» دەپ قارا خەت كېلىپ، كېيىن ئۇ كىشىلەر يۇرتىغا سالامەت كەلگەن ئىشلارمۇ بار. يەنە بىرى، گاھىلار قاتتىق ياردار بولۇپ ھوشىنى ئۇقماي نەچچە يىللاپ

يېتىپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ قېلىشى، گاھىلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ئالمىشىپ قالغان ئەھۋاللارمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئۇرۇشنىڭ دەھشىتىدىن بىر قىسىم جەڭچىلەرنىڭ نېرۋىسى بۇزۇلۇپ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، ئىسمىنىمۇ بىلمەي قالىدىكەن. موسكۋادىكى دوختۇرخانا، ساناتورىيەلەردە كېسەللەر كۆپ، گاھى ئۇرۇش سەپلىرىدە يارىدار بولۇپ يىراق يېزىلاردا ھوشسىز قالغانلارنى خەلق ئۆيىگە ئەكىرىپ بېقىپ، ساقايتىدىغان ئىشلارمۇ بار، مەنمۇ ھازىرقى جاۋابىنىڭ يالغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، بىراق ھەسەنجاننىڭ پاكىتى راۋابى ئىكەن.

— لېكىن، بۇنىمۇ تولۇق پاكىت دېگىلى بولمايدۇغۇ؟

— شۇنداق، خانىم، يەنە نەچچە يىلغىچە نۇرغۇن سىرلار يېشىلىدۇ تېخى.

— خۇدايىم ئاسانلىق بەرسۇن.

ئىككىيلەن خېلى بىر ۋاققىچە سۆزلىشىپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم

# ۋەتەن سۆيگۈسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 19

كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلاپ ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتۈپ كەتتى، مەۋلان خوجايوف خانىمى ماھىدىل بىلەن موسكۋاغا كەتتى. ئۇلار يىلدا بىرنەچچە ئايلا بۇ يەردە، يەنى نويابىردىن يانۋارنىڭ ئاخىرىغىچە موسكۋانىڭ ئەڭ سوغۇق چاغلىرىدىلا تاشكەنتتە بولاتتى. ماھىدىل خانىم رەيھاننى باللار كىيىم - كېچەكلىرى فابرىكىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، زۇلفىيە بولسا مەكتەپ قوينىدا ئەركىن - ئازادە ئوقۇپ، بويىمۇ ئوبدانلا ئۆسۈپ قالدى.

فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرى، تاشكەنت شەھىرىدە بىرنەچچە كۈن ئۇدا يامغۇر يېغىپ، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار ياشىرىپ بىخ سۈرۈشكە باشلىغان، يېشىللىق بۇ شەھەرنى ئۆز قوينىغا ئېلىشقا ئازلا قالغانىدى.

مامۇتقارى ئۇدا نەچچە كۈن رەيھاننىڭ يېنىغا كىرىپ تاماق يەپ، مۆڭدىشىپ چىقىپ كەتتى. بىراق، بىر گەپنى ئېيتقۇسى بار - يۇ، ئېغىز ئاچالماي قىينىلىپ چىقىپ كېتەتتى. رەيھان تاغىسىنىڭ چىرايىدىن ئېنىق بىرنېمىگە ئېرىشەلمىسىمۇ، ئەمما كاللىسىدا بىر خىيال بارلىقىنى سېزىپ، ئۇ بۈگۈن كەلگەندە ئوبدانراق مۆڭدىشىپ ئېغىز ئاچۇرماقچى بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنە، تاغام يالغۇزچىلىق تارتىپ قېلىۋاتقانمىدۇ ياكى بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغانمىدۇ، دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ قالدى.

ئۇ تاماقنى تەييار قىلىپ تۇراتتى، مامۇتقارى ئۆيگە كىرىپ

كەلدى.

— ئەجەب ۋاقتىدا كەلدىڭىز، تاغا، قېنى يۇقىرى ئۆتۈڭ، — دېدى رەيھان ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، — بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، ئاشنى سېلىپ كىرەي.

— لەڭمەن بەك ئوخشاپ كەتكەندەك قىلىدۇ، قورۇ بەك مەززىلىك پۇراۋاتىدۇ، بولسا ياپىلاق بېسىپ سېلىپ بەرگىنە.

— ماقۇل.

ئىككىيلەن لەڭمەننى يەپ بولۇپ، ئاش سۈيىدىن ئوبدان ئىچىشتى. مامۇتقارى گېلىنى قىرىپ، سەل - پەل قىسىلغان بىر تەرزدە سۆزىنى باشلىدى:

— قىزىم، نەچچە كۈندىن بېرى بۇ گەپنى ئېيتاي دەپ تىلىمنىڭ ئۇچىغا كەلسىمۇ زادى ئېيتالمىدىم، ئەمدى ئېيتمىسام بولمايدىغان يەرگە كەلدى.

— تاغا، نېمە ئىش ئىدى، ئادەمنى تەقەززا قىلماي تېز ئېيتىڭە، — دېدى رەيھان جىددىيلىشىپ.

— ئۆز ۋاقتىدا بىز بىللە بۇ يۇرتقا كەلگەنىدۇق، ئانام رەھمەتلىكنىڭ قار - يامغۇر يىغلاپ، قاقشاپ ئېيتقان سۆزلىرىگىمۇ پىسەنت قىلماي، زورلاپ دېگۈدەك ئېلىپ ماڭدۇق، بىراق رەھمەتلىكنىڭ جەسىتى ئاشۇ يات بىر يەردە قالدى. ئانىمىزنىڭ بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن بولغاچقا، بىزنى ياقا يۇرتقا چىقىشتىن توسقانىكەن، مەيلىغۇ، نەدە ياشايلى ھەممىسى ئوخشاشلا ئاللانىڭ زېمىنى. ئويلاپ باقسام، مېنىڭ يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، مانا شۇنچە يىلدىن بېرى بويتاق ياشاۋاتىمەن، كۈلخوزدىن سۈرۈلۈپ تاشكەنتكە كەلدىم، ئەمما مېنىڭ بۇ يەردە يىلتىز تارتىپ قالغۇم بولمىغاچقا، ئايال زاتىدىن بىرەرسىنىمۇ ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلمىدىم. ساڭا قارىسام، بىر ئوبدان خىزمەتكە ئورۇنلاشتىڭ، قىزىڭمۇ بىر بەلەن ئوقۇۋاتىدۇ، ئوقۇش، خىراجەت، دەپتەر -

قەلەم، تاماق غېمى يوق، شارائىتى بەك ياخشى، ئۇنىڭ كەلگۈسىمۇ ياخشى بولىدۇ، سەنمۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە سىبىخ باشلىقى بولىدۇڭ، ئۆيۈڭمۇ تەييار، مۇشۇلارنى ئويلاپ ئاخىر سېنى مەن بىلەن بىللە كەتكىن دېمەيمەن، ئەمما مەن ۋەتەنگە ــ يۇرتقا قايتماقچى. تىڭتىڭلاپ كۆرسەم، يۇرت ئىچى ئامانچىلىق بوپتۇ، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، مەن مۇشۇ ئىككى قولۇمغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئادەم، دۇنيانىڭ قەيەرىگە بارسام ئوخشاشلا، مامۇتقارى تونۇر ۋە ناندىن ئايرىلالمايدۇ، مېنىڭ بۇ يەردە سەندىن، زۇلفىيەدىن باشقا تارتىنشقۇدەك ئادىمىم يوق ئىكەن، شۇڭا يۇرتقا بېرىپ، ئۆيىمىزنىڭ ئورنىغا ئۆي سېلىپ، يەر ئېلىپ دېھقانچىلىق قىلغاچ ناۋايلىق قىلسام، ئەل ـ مەھەللە، ئەل ـ يۇرت بىلەن بىللە كۆكلەپ كېتەرمەن دەپ ئويلىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەھمەتلىك دادام، ئانام، خوتۇن ـ بالىلىرىم چۈشۈمدىن چىقمايۋاتىدۇ، ئۆزۈم بۇ يەردە تۇرغان بىلەن كۆڭلۈم ئاشۇ يۇرتقا تارتىپ تۇرىدۇ. بىلىمەن، سەن چوقۇم مېنى تاشلاپ قويۇپ كېتەمسىز، دەپ ئويلايسەن، دېمىسىمۇ داداڭ ھەسەنجان يوق، مەن بولسامۇ سەندىن بىر كۈنمۇ ئايرىلماي ياشىسام بولاتتى. بىراق، تۇرمۇش دېگەندە بىزگە قايسى يول ئوڭ بولسا شۇ يولنى تاللىغىنىمىز تۈزۈك، مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا تاللاش يولۇم يوق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرت قەدرى، ئاشۇ بىز ئۆسكەن يەرلەر بۇرنۇمغا چىلگە پۇرىغاندەك پۇراپ كېتىۋاتىدۇ. بىلمىدىم، مېنى يەنە نېمە قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، جەزمەن يۇرتقا كېتىمەن. مەنمۇ بارا ـ بارا قېرىيمەن، كۈچۈمدىن قالىمەن، شۇنىڭغىچە ئاز ـ تولا بىرنېمە يىغىپ، قېرىغاندا خىراجەت قىلىدىغانغا تەييار قىلىپ قويمىسام بولماس. قىزىم، مېنى شۇكۇر قىلمىدى، ئاچ كۆزلۈك قىلدى دەپ ئويلاپ قالمىغىن، ئاتا ـ ئانام تۇرغان يەردە ئۆلەرنىڭ

چىرىغىنى ياندۇراي، دادىمىز سىيىت ھاجىنىڭ نامى ئۆچۈپ كەتمىسۇن. مېنى تاشلاپ كەتتى دەپ رەنجىمىگىن، بىز قەيەردە بولساق تىنچ ـ ئامان ياشىساق بولىدۇغۇ، سەنمۇ كۆڭلۈمنى چۈشەنگىن، بولامدۇ؟

رەيھان تاغىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ شۇنداق ئازابلىنىپ كەتتىكى، خۇددى ھازىرلا يالغۇز قالغاندەك، تاغىسىدىن ئايرىلسا ياشىيالمايدىغاندەك كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، تىلى كالۋالاشتى. ئۇ پەقەت:

— تاغا، تاغا... — دېيەلىدى.

مامۇتقارى بىر پىيالە چاي قۇيۇپ رەيھانغا تۇتتى ھەم ئۇنىڭ ئازابلىق تۇرقىغا قاراپ ئىچى مۇچ قويغاندەك ئېچىشىپ كەتتى، بىراق ئۇ نىيىتىدىن يانالمايتتى.

— سىڭلىم، جېنىم قىزىم دەپ كېتەي، بىز نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزدىن، جاندىن ئەزىز مېھرىبانلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق ھەم شۇنچە يىللاردىن بېرى ئاز بولمىغان جاپالارنى تارتتۇق، ئەمدى كۈننىڭ سېرىقىنى كۆردۇق، ئۆتمۈش كەتتى، ئەمدى ئالدىمىزغا قارىماساق، ئۆزىمىزگە يول تاپمىساق، ئادەمدەك ياشىمىساق بولمايدۇ. مېنىڭ ئۆز يۇرتۇمغا بېرىپ مەيدەمنى كېرىپ ياشىغۇم، ئاشۇ زېمىنغا چىڭ ـ چىڭ دەسسىگۈم، بۇ مېنىڭ، بىزنىڭ زېمىن دېگۈم بار. دەرۋەقە، بۇ يەرلەرگە كېلىپ كۆڭۈل ئاغرىقى، زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇق، بىراق يەنە نۇرغۇن قۇربانلىق بەردۇق، داداڭ ھەسەنجانمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ئۇلارنىڭ باسقان ئىزىدىن گۈللەر ئۇنسۇن دېدۇق، ئۇلار تارىخقا ئايلىنىپ كەتتى، بىز تېخى ھايات ئىكەنمىز، بۈگۈنكى تارىخ، بۈگۈنكى كۈن بىزگە قاراشلىق، بىز ھاياتلىق سەپىرىدىكى بۈگۈنگە مەنسۇپ، مەن سۆزۈمدىن يانمايمەن، مەن بەكمۇ ئۇزاق ئويلىنىپ شۇ قارارغا كەلدىم...

رەيھان تاغىسىنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولدى، ئىچىدە

سۆزلىدى: «يۇرتنى سېغىنمايدىغان، ۋەتەننى سېغىنمايدىغان كىم بار؟ ھېچكىم، ھېچكىم يوق. ئۆزگە يۇرتتا پادىشاھ بولغان ئادەممۇ يەنە شۇ ئانا يۇرتنى سېغىنىدۇ، شۇ يۇرتنىڭ سۈيىنى، توپىسىنى، ھەربىر غېرىچ يېرىنى سېغىنىدۇ. شۇڭا، گاھى كىشىلەر باشقا يۇرتتا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان بولسىمۇ ئاشۇ پادىشاھلىقتىن، ئالتۇن تەختتىن كېچىپ، ئۆز يۇرتىغا بېرىپ ئاددىي خەلق قاتارىدا ياشاشنى مەنزىل قىلىدۇ، مانا بۇ ۋەتەن مۇھەببىتى، يۇرت مۇھەببىتى، ۋەتەن قەسىدىسىدۇر. توغرا، تاغام توغرا دەيدۇ. مەن ئۇنىڭدىن بىر ئۆمۈر رازى بولسام، ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويسام بولىدۇ، چۈنكى بىزنىڭ ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتىمىز يوق تۇرۇقلۇق، مېنى ئۆز قىزىدىن چارە كۆرۈپ، زۇلفىيەنى ئۆز نەۋرىسىدەك كۆرۈپ بېشىمىزنى سىلىدى. مېھىر ـ مۇھەببەت يالغۇز ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردا بولمايدىكەن، مانا مۇشۇنداق ياتلار ئارىسىدىمۇ بولىدىكەن. قارىغاندا ئۇنىڭ خېلى بۇرۇنلا يۇرتقا كەتكۈسى بولسىمۇ، بىزنى غېرىبسىنىپ قالمىسۇن دەپ ماڭماپتىكەن. بىزگە غېرىبلىقنىڭ دەردىنى تارتقۇزماي دەپتۇ بىچارە، بىراق ئۆزى بېگانە، يالغۇز قانچىلىك غېرىبلىق تارتقاندۇ؟ ئۆيدە ئايال زاتى يوق، بوران ئۇچۇپ تۇرغان بولسىمۇ بىزنى پاناھىغا ئېلىپ، بىز ئۆزىمىزنى باقالىغۇدەك بولغۇچە ساقلاپتۇ. تېخى ماڭا، قىزىمغا باشپاناھ بولغۇدەك يۆلەنچۈك تېپىپ، تۇرمۇشتىن خاتىرجەم قىلدى. راست، ئۇنىڭدەك ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، باشقىلار ئۈچۈن جان بېرىدىغان، ئۆزگىنىڭ ئىشىنى ئۆز ئىشىم دەپ بىلىدىغان مۇنداق ئادەمدىن قانچىسى بار؟ خۇدايىم، مەن بەك تەلەيلىك ئىكەنمەن، ماڭا مۇشۇنداق كەم تېپىلىدىغان خىسلەت ئىگىسىنى ئۇچراشتۇرغىنىڭغا رەھمەت، مىڭ رەھمەت.»

ـــ تاغا، سىز دادام ئورنىدىكى ئادەم، مېنىڭ ئەڭ جان



www.uyghurkitap.com

كۆيەر، مېھرىبانىم سىز، سىز بولمىغان بولسىڭىز مەن ئاشۇ ئېغىر كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزەتتىم، بۇ ھاياتنى قانداق داۋاملاشتۇراتتىم؟ بۇ كۈنلىرىمنىمۇ سىز ماڭا بەردىڭىز، مېنىڭ ئۈچۈن ئون ئاتىنىڭ مېھرىنى، ئون ئانىنىڭ سۆيگۈسىنى بەردىڭىز، شۇڭا سىزدىن ھەرگىز، بىردەممۇ ئايرىلغۇم يوق ئىدى، بىراق يۇرتقا كېتەي دېسەم ئاشۇ بىر تال قىزىمنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاپ قېلىۋاتىمەن، راستىنى ئېيتسام، بىز بىر - بىرىمىزگە شۇنچە ئىچەركىشىپ كېتىپتىكەنمىز، ماڭا ئازراق ۋاقىت بېرىڭ، بولامدۇ؟

ئۇ تاغىسىغا يىغلامسىراپ قارىدى، مامۇتقارىنىڭمۇ يۈرىكى ئېزىلدى. رەھمەتلىك سىڭلىسىنىڭ بېقىپ چوڭ قىلغان قىزى بىلەن نەۋرىسى بۇ يەردە قېلىپ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەلەرمۇ؟ ئاغرىق - سىلاق بولۇپ قالغىنىدا كىم ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلار؟ ئۇلار يىغلىغاندا كۆز يېشىنى كىم سۈرتەر؟ ئاھ تەڭرىم، ئىنساننىڭ بۇ دۇنياغا كېلىپ ياشىمىقى نەقەدەر مۈشكۈل؟ ئىنسان دېگەن شۇ، كېچىسى ئۇخلاپ يېتىپ تاڭ ئېتىشىنى، قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى كۈتىدۇ، ھېرىپ - چارچىغاندا بولسا كۈننىڭ ئولتۇرۇشىنى، كەچ بولۇشىنى، پاتراق ئۇخلاشنى كۈتىدۇ، ئۇسسىغاندا سۇ ئىچىشنى، توڭلىغاندا ئوتسىنىشنى ئويلايدۇ، بىراق ھەممە ئىش ئۆزى ئويلىغاندەك ئۇنچە ئاسان بولمايدۇ.

تۇرمۇش تاسادىپىيلىقلاردىن خالىي ئەمەس، كۈتۈلمىگەن ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، ئەمما مامۇتقارى ئۈشتۈمتۈت بۇ ئويغا كەلگەن ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ ۋەتىنىدە تالاي يىللارنىڭ خاتىرىسى، ھاياتلىقتىكى باسقان ئىزى، سۆيگۈ ھارارىتى ۋە شۇ يىللارنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ ياشىغان ئۈزۈلمەس رىشتە ئۇنى ئۆزىگە باغلاپ تۇراتتى.

مامۇتقارىنىڭ ئۇزاق يىللىق ھىجران يۈكلىرى ئاستىدا

كۆمۈلۈپ قالغان ئوتلۇق ھېسسىياتى قايتىدىن چوغلىنىشقا باشلىدى ھەم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ لەرزىگە سالدى. ئۇ ۋەتىنىنىڭ بولۇتلۇق ئاسمىنىدىكى پارلىغان قۇياشنى، ئۆزىگە تونۇش ياكى ناتونۇش چىرايلارنى كۆرۈشكە ئالدىرىدى. ئۇ ئۆزىگە ئەڭ يېقىن، ئەڭ سادىق ئۆتكەن دوستلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە تىغ تەڭلىگەن، ئاشۇ ئەزىز ماكاندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلغان دۈشمەنلىرىنىمۇ كۆرگۈسى كەلدى. يۈرەكتىكى بۇ ئوت ئۆچۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى كۈندىن - كۈنگە لاۋۇلداپ كەتتى، شۇڭا ئۇ ئىشنى پاتراق ھەل قىلىشقا، ۋەتەنگە قايتىپ، ئانا تۇپراق قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشقا ئالدىرىدى.

ماي ئېيىدا تاشكەنت شەھىرى خىيالىي جەننەتتەك گۈزەل بولۇپ كەتتى. تېرەك، مەجنۇنتال، چىنار دەرەخلىرى كوچىلارغا سايە تاشلىغان، يول بويلىرىدا ئەتىرگۈل، لەيلى، قىز قالداقلار ئېچىلىپ خۇش پۇراق چاچقان، شەھەرمۇ، قىز - چوكانلارمۇ تەبىئەتتەك گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. ئاھ تاشكەنت، جەننەتتەك شەھەر!

مامۇتقارى پاسپورتىغا مۆھۈر باستۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق جۇڭگو پۇقراسى سۈپىتى بىلەن ۋەتەنگە قايتىش ئىجازەتنامىسى ئالدى. شۇنىڭدىلا ئۇ خىيالىي دۇنيادىن قايتقاندەك بولدى، چىرايى پارلىغان قۇياشتەك ئېچىلىپ كەتتى ۋە بىردىنلا خۇشلۇقىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈشنىمۇ ئۇنتۇپ ئۆيىگە قايتتى. ئۆيدە ئۇ كۆتۈرۈپ ماڭغۇدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى، ئۇ پۇتىغا ئۆتۈكىنى كىيىپ، ئۈستىگە شىم، كۆڭلەك، چاپان، بېشىغا تۇمىقىنى كىيىپ ئۆيدىن چىقتى. ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇغان خۇشاللىق ئۇنى پەيدەك يەڭگىل قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ رەيھان بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردى. رەيھان تاغىسىغا قاراپ لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە تۇرۇپ قالدى. مامۇتقارى:

— رەيھان، مەن كۈتكەن سائەت يېتىپ كەلدى، ئاپتوبۇس مېنى ساقلاۋاتىدۇ، خۇدايىمغا ئامانەت، كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭ، — دەپ قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى.

رەيھان ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى مامۇتقارىغا تىكىپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى ـ دە، بىردىنلا ئۆزىنى ئۇنىڭ قوينىغا ئاتتى.

— تاغا، سىز راستتىنلا ماڭماقچىمۇ؟

— شۇنداق، ھازىرلا مېڭىشىم زۆرۈر، ئۇلار مېنى ساقلاپ قالدى.

— تاغا...

— رەيھان، بولدى، كۆڭلۈڭنى بۇزما، بىز يەنە كۆرۈشىمىز.

— خۇدايىمغا ئامانەت، ئاقىۋول بولسۇن. ھاي، توختاپ تۇرۇڭ، — دەپ رەيھان يېنىدىن پۇل ئېلىپ ئۇنىڭ يانچۇقىغا ئالدىراپ سالماقچى بولدى، بىراق مامۇتقارى ئۇنى رەت قىلدى ۋە:

— مەندىن ئەنسىرىمەي، ئۆزۈڭلارنىڭ كۈنىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈڭلار، خۇدايىمغا ئامانەت، — دەپلا ئارقىسىغا يېنىپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

— تاغا، تاغا...

رەيھان ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كوچىغا چىقتى، مامۇتقارىمۇ يىغلىغاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ گەۋدىسىنىڭ يېنىك تىترىگەنلىكىنى كۆرگەن رەيھان تاكى ئۇنىڭ قارىسى يېتكۈچە يىغلىغان پېتى قاراپ قالدى.

مامۇتقارى بېكەتكە يېتىپ كەلگەندە ئاپتوبۇسقا ئەر ـ ئايال، ئۇششاق باللار لىق تولغانىدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى، بۇ يەردىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلىرىغا چىدىماي ياش تۆكمەكتە ئىدى. ئاپتوبۇس قوزغىلىپ بىرئازدىن كېيىن كىشىلەر گۇڭگۇر ـ مۇڭغۇر پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

ئاپتوبۇس ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن دەل مامۇتقارىلار كېمە

بىلەن ئۆتكەن جايغا كەلگەندە، ئۇنىڭ يۈرىكى ئاجايىپ شىددەت بىلەن سىيلىپ، كۆز ياشلىرىنى توختىتىشۋاللماي قالدى، ئۇ دەرھال شوپۇرغا:

— ئۇستام، مۇشۇ يەردە بەش مىنۇت توختاشقا مۇمكىن بولارمۇ؟ — دېدى.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ، ئەپەندى؟ — دەپ سورىدى شوپۇر ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بىر قىسما بولۇپ قالغىنىغا قاراپ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئەنە ئاشۇ دۆڭدە ئانامنىڭ قەبرىسى بار ئىدى، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ قالدى، مۇمكىن بولسا قەبرىگە بېرىپ خەتمىقۇرئان قىلىپ قويغان بولسام.

— قانداق بولۇپ ئاپىڭىزنىڭ قەبرىسى بۇ يەردە بولۇپ قالىدۇ؟ — دەپ سورىدى شوپۇر ھەيرانلىقىنى باسالماي.

— ئون بەش يىل بۇرۇن بىز مانا مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئانام غايىبتىن كەلگەن بىر پاي ئوق بىلەن جان ئۈزگەندى، ئامالسىز مۇشۇ يەرگە كۆمۈپ قويغاندۇق.

شوپۇر ئاپتوبۇسنى توختاتتى ـ دە، ئۆزىمۇ كابىنكىدىن چۈشۈپ مامۇتقارى بىلەن دۆڭگە قاراپ ماڭدى، باشقىلارمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى. دېگەندەك، بۇ يەردە يالغۇز بىر قەبرە تۇپىسى ئۇزاق يىللار يامغۇر، شامالدا قالغان بولسىمۇ ئېنىقلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھەممەيلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى، مامۇتقارى شۇنداق ئالدىرىماي، ئۇرغۇلۇق ئاۋازدا خەتمىقۇرئان قىلدى. ئەرلەر ئەگەشتى، ئاياللار ئىچىدە ئوقۇدى.

مامۇتقارى ھېچقاچان بۇ قەبرىنى مۇنچىۋالا كۆپ ئادەم بىلەن زىيارەت قىلىپ قالارمەن دەپ خىيال قىلمىغانىدى، بۇنداق تاسادىپىي كەلگەن پۇرسەتتىن چەكسىز شادلاندى ـ دە:

— رەھمەت، ئۇستام، رەھمەت، قېرىنداشلار، — دېدى تەسىرلىنىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uygurkitap.com

شۇنداق قىلىپ، قالغان ھېكايىلەر ئاپتوبۇستا ئېيتىلدى، ئۇلار چېگرادىكى تەكشۈرۈش پونكىتىدىن چىقتى، ئۇلارنى بىر ئاپتوبۇس كۈتۈپ تۇراتتى، شۇ ئاپتوبۇسقا چىققاندىن كېيىن يەنە سەپەر داۋاملاشتى. ئەتىسى كەچتە ئاپتوبۇس ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلدى، ئۇلار كىچىككىنە بىر مېھمانخانىغا چۈشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە مامۇتقارى بىر ھارۋىنى كىرا قىلىپ ئۆز ئۆيى تەرەپكە يول ئالدى.

ناھىيە بازىرىدا ئۆزگىرىش ئانچە چوڭ ئەمەس، ئۆزى بار ۋاقىتتىكى كونىراپ قالغان مەسچىت يېڭىلانغان، رەستە كوچىسى سەل - پەل كېڭەيگەن ھەم يوللىرى ئاز - پاز تۈزلەنگەن، يول بويلىرىغا دۇكانلار سېلىنغان، ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئۈگدەپ ئولتۇرۇشقان، ئاشپەز، ناۋايلار ئۆز ئوقىتى بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان، بورا توسقان ئاشخانا، ناۋايخانىلارنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىۋاتقان، كاۋاپدانلاردىن كاۋاپنىڭ پۇرىقى تارقاۋاتقان، دوغچىلار، لەڭپۇڭ ساتىدىغانلار قاتار ئولتۇرۇشقانىدى.

ھارۋا ئۆز قورۇسى بار كوچىغا كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى شىددەتلىك سوقۇپ كەتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆيلەر، ھويلىلارغا قارىدى، ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرغان مومايلار - بوۋايلار ئۇنىڭغا قارايتتى، ئۇ ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى سېدە دەرىخىنى كۆرۈش بىلەن كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، پۈتۈن بەدىنى ھالسىرىدى، ھارۋىكەش بالىغا ئارانلا «توختاڭ» دېيەلىدى.

ھارۋىكەش بالا ھارۋىسىنى توختىتىپ سەكرەپ يەرگە چۈشتى.

مامۇتقارى ئۆي ئورنىغا قارىدى، كۆۋرۈك كونىراپ چۈشۈپ كېتەي دەپ قالغان، سېدە دەرىخىنىڭ ئۇچى تەرىپىگە ناھايىتى نۇرغۇن قۇش چاڭگىلىرى تىزىلغان، دەرۋازا يوق، قورۇدىكى بىر كېسەك ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ، ئاپپاق ساقال بوۋاي

www.uyghurkitap.com

بىلەن ياش يىگىت ئات تاقىسى ياساۋاتاتتى. ئۇ بىر بىسىپ - ئىككى بىسىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ قورۇغا كىردى. بوۋاي مامۇتقارىغا سىنچىلاپ قارىدى - دە، بولقىنى تاشلاپ:

— سىلى، سىلى، مامۇتقارى، شۇنداقمۇ؟ — دېدى كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك.

— شۇ مەن، سىلى تالىپ ئاكاممۇ نېمە؟ سالامەت تۇرامدىلا؟ — دېدى مامۇتقارى بوۋاي بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشۈپ.

بوۋاي بىردىنلا مامۇتقارىنى قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىلدى، لەۋلىرى ئۇمچەيدى، يېگىنىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ:

— كەلسىلە، ئولتۇرسىلا، — دەپ كونىراپ كەتكەن ياغاچ ئورۇندۇقنى ئەكېلىپ بېرىپ، ئۆزى بىر كۆتەككە ئولتۇردى، — ئادەم هايات بولسىلا بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشىدىكەن، مانا شۇنچە يىل بوپتۇ، سىلىنىڭ خەت - خەۋەرلىرىنى ئالالمىغاندۇق، شۇنداق قىلىپ سىلىنى نەدىن سورايمىز، ئىنىم؟

— سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستاندىن كېلىشىم، ئاكا.

— مۇنداق دېسىلە، قالغانلارچۇ؟

— ھەي نېمىسىنى دەيدىلا تالىپ ئاكا، دادام، خوتۇنۇم، ئىككى بالام نائەھلى گۇيلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، مانا بۇ ئۆي كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن بۇ دەردلەرگە چىدىيالماي باش ئېلىپ يىراقلارغا كەتكەندۇق، ئانامنىڭ جەسىتىمۇ يولدا قالدى. بىز ئۇ يەردىغۇ ئوبدان كۈنگە ئېرىشكەندۇق، بىراق يۇرتنى، قېرىنداشلارنى سېغىنىپ قايتىپ كەلدىم. سىلى بىر ئوبدان تۇرۇپتىلا، قانداق، يۇرت ئىچى تىنچلىقمۇ؟

— بۇ يۇرتنى مالىمان قىلىپ، بۇلاپ - تالاپ، كۆيدۈرۈپ - ئۆلتۈرۈپ يۈرگەن بۇلاڭچى، قانخورلار بىر كۈندىلا كۆزدىن

غايىب بولغانىدەك يوقالدى. ھازىر كومپارتىيە كېلىپ، يۇرت ئىچى تىنچلىنىپ، كىشىلەر خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشتى. باي، زومىگەرلەر كۇرەشكە تارتىلىپ، ئاتىدىغانلىرى ئېتىلىپ، قالغانلىرىنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى سۇندى. تازا ياخشى ۋاقىتتا كەپتىلا، ھەممە ئىشلار ئوڭشالدى، رەھمەتلىك ھاجى بەك ئوبدان، خەلقنى ھىمايە قىلىدىغان، ياماندىن قورقمايدىغان بىلىملىك كىشى ئىدى، ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي، ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ، مۇشۇ كىچىككىنە دۇكاننى ئېچىپ، ھاجىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ ئولتۇردۇم، ئىنىم، سىلىنى كۆرۈپ بىر تۇغقان قېرىندىشىم مەككە ـ مەدىنىدىن كەلگەندەك خۇشال بولدۇم، مانا ئەمدى ھاجىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرىدىغان ئوغلان كەلدى، بۇ بەك ياخشى بوپتۇ. يۇرسىلە ئىنىم، دۇكاننى تاقاپ ئۆيگە بارىلى، بىر پىيالە چاي ئىچكەچ قالدى گەپنى شۇ يەردە قىلىشايلى.

تالىپئاخۇن ئىلگىرى سىيىت ھاجىنىڭ يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدىغان، ئايىغى چاققان، گەپ ـ سۆزلىرى جايىدا، لەۋزى ھالال بىر كىشى ئىدى. ھاجى ھەرگىز ئۇنى خىزمەتچى قاتارىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ياخشى بۇرادىرىدەك كۆرەتتى. ئۇلار ئانچە ياسىداق بولمىسىمۇ پاكىز بىر قورۇغا كىردى، ئۈچ ئېغىزلىق كېسەك ئۆي، پېشايۋانلارمۇ رەتلىك، تال بارائ ئاستىدىكى يوغان كاتقا كىگىزلەر سېلىنغانىدى.

— ھوي ئانىسى، قايسىڭلار بار، قېنى كۆرپە ئاچىقىڭلار، — دېدى بوۋاي ئۆيئىچىگە قاراپ ۋارقىراپ، — ئەزىز مېھمان كەلدى.

ياشقىنا بىر چوكان چىقىپ، ئۇلارغا تەزىم قىلدى ـ دە، قولىدىكى كۆرپىنى كاتقا سالدى، ئارقىدىن داستىخان سېلىپ، نان، مەززە ئېلىپ چىقتى. بۇ تالىپئاخۇننىڭ قىزى ئىدى، بىردەمدە بۇ ئۆيگە ياش، قېرى، ئوتتۇرا ياش ئەرلەر كىرىپ،

بىر ـ بىرلەپ ماموٗتقارى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ گاھىلار بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى، گاھىلار بىلەن چاقچاقلاشتى. تالىپئاخۇن قوي سويۇپ شورپا، كاۋاپ قىلىپ بىر كېچە ماموٗتقارىنى مېھمان قىلدى. قانچىلىك ھېكايە، قانچىلىك ۋەقەلەر سۆزلەندىكىن، ئۇلار تاكى تاڭ ئاتقۇچە كۆز يۇممىدى.

## 20

ماموٗتقارى كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە بۇرۇنقى ئۆي ئورنىغا قوشۇپ بەش مو يەر كېسىپ بەردى. ئۇنىڭ كۆڭلىرىنىڭ شۇنداق خاتىرجەم، ئوبدان ئۆتۈشكە ئەگىشىپ، ئەمدى ئورنىمۇ، يۇرتىمۇ ئىسسىشقا باشلىدى. ئۇ رەيھانىغا خەت يېزىپ ئەۋەتىۋېتىپ كۆڭلى رەسمىي تىندى.

بىر بازار كۈنلۈكى ئۇ بىرقانچە تەڭتۇشلىرى بىلەن سامسىخانىدا ئولتۇراتتى، بىر چاغدا ئىشىك تۈۋىدە بىر ئادەم پەيدا بولدى. ئۇ ئېگىز بوي، ئورۇقلۇقىدىن ئىسكىلىتقا ئوخشاپ قالغان، بېشى تاقىر، قاش ـ كىرپىك دېگەن يوق، ئاغزى كالچايغان، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرى ئېچىلىپ قالغان ھالەتتە ئىدى.

ـــ ماڭ، نېرى كەت، دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىۋالماي، ـــ دەپ قوغلىدى دۇكان ئىگىسى، بىراق ئۇ ئادەم ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك تۇرىۋەردى، دۇكان خوجايىنى يوغان بىر تاياقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ:

ـــ ھېلى بىر سالىمەن، ـــ دەپ ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلدى. ئۇ پۇتىنى سۆرەپ مىڭ تەسلىكتە قېچىپ كەتتى.

دۇكاندىكى خېرىدارلارنىڭ بىرلىرى ياقىسىنى تۇتۇپ «تۇۋا» دېيىشسە، بىرلىرى «بۇ ئىپلاس ئەجەب ئۆلمىدى جاھانىنى سېسىتىپ» دېيىشتى.

مامۇتقارى يېنىدا ئولتۇرغان تالىپئاخۇنغا سوئال نەزىرىدە قارىدى.

— مامۇتقارى، سىلى ئۇ ئىپلاسنى تونۇمىدىلا ـ ھە؟ — دېدى تالىپئاخۇنمۇ ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ.

— ھەئە، راستىنىلا تونۇمىدىم، ئۇ ئادەم...

— ۋاي ئۇ ھېلىقى يالاقچى، پايلاقچى، چېقىمچى، ئاچ كۆز قاسىم تۆگە شۇ، — دېيىشىگە ماموتقارى ياقىسىنى تۇتۇپ، ھەيران ـ ھەس بولۇپ قالدى. ئۇ ئىچىدە، بۇ ئەبگار، ئادەم سىياقى يوق رەزگى قانداقسىگە ھېلىقى ھاكاۋۇر قاسىم تۆگە بولسۇن، دەپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى.

— تالىپ ئاكا، مەن چۈش كۆرۈۋاتامدىغاندىمەن، ئۇ ئاشۇ ئىپلاس شۇما؟

— ھەئە، نەق ئۆزى شۇ.

— ئۇنى ھاراق ئىچىپ، سۇغا چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، بۇ قانداق بولغىنى؟ — دېدى ماموتقارى گەپ ئېلىپ.

— توغرا، ئۇ گەپمۇ بار، شۇ كۈنى ئۇ ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ خۇدىنى ئۇقماي سۇغا چۈشۈپ كېتىپتىكەن، سۇغا چىققان ئىككى ئەسكەر ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ، ئۇ شۇ ياتقانچە بىر ئاي ئورنىدىن تۇرالماپتۇ. ئەسكىنىڭ جېنى چىقمىقى تەس، دېگەن سۆز راست ئىكەن، يەنە قانداق بولغان ئۇ بۇرۇنقىدەك ياخشى بولۇپ قاپتۇ، — دېدى.

ماموتقارى بىلەن ھەسەنجان ئۇ ئىپلاسنى سۇغا ئىتتىرىۋەتكەن ھەم: «خوش تۆگە، سۇنى بولۇشىغا ئىچىپ، كېيىن چۆلگە چىقارسەن» دەپ چاقچاق قىلغىنىنىمۇ ئېسىدە.

«توۋا، ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ.» ئۇ دەرھال خىيالىنى كاللىسىدىن نېرى قىلىپ:

— ئەمىسە كېيىن ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— قىساس ئوتى يامان، ئادەم ھەرقانچە پەس، ھەرقانچە ئەسكى بولار ئۇنىڭدەك بولماس، ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى پۈتۈن يۇرتقا بەش قولدەك ئايان دېسىلە، ئۇنى خۇدا ئۇردى.

تالىپئاخۇن ئالدىدىكى ناۋات سالغان چايدىن ئىككى پىيالە ئىچىۋېلىپ ھېكايىسىنى باشلىدى:

— ئەل - يۇرت ئېغىر كۈنلەردە قالغاندا، ئۇ زالىملار بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، يۇرتتىكى بايلارنى، قول ئىلكىدە بارلارنى پاش قىلىپ، ئۆزىمۇ زور مال - مۈلۈك، پۇل توپلىغانىدى، سىلىنىڭ ئۆيگىمۇ ئەسكەرلەرنى مۇشۇ ئەبلەخ باشلاپ كىرىپتىكەن. سىلەر ئۇياقلارغا باش ئېلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. ئاخىر ھېلىقى بۇلاڭچى، ئوغرىلار يۇرتىغا كەتمەكچى بولۇش ئالدىدا قاچاق ئەسكەردىن بىرقانچىسى قاسىم تۆگىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ - دە:

— بىز ئەتە - ئۆگۈن كېتىمىز، بىزنى ئوبدان مېھمان قىلىڭلار، — دەپتۇ. قاسىم تۆگە بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— سىلەر كەتسەڭلار مەن قانداق قىلىمەن، بۇ يەردىكى خەلق مېنىڭ تېرەمنى تەتۈر سويمامدۇ؟ — دەپتۇ. ئۇلارنىڭ باشلىقى ھىڭگاڭ چىشلىرىنى چىقىرىپ:

— سەن بىز بىلەن كېتەمسەن تېخى؟ — دەپتۇ سەت ھىجىيىپ ھەيۋە بىلەن، — بىز توپلىغان بايلىقلارنى باشلىقلىرىمىز يۆتكەپ كەتتى، ئەمدى شەھەر بىزگە قالدى، شۇڭا بىزمۇ ئاز - تولا مال - دۇنياغا ئىگە بولمىساق بولمايدۇ، سەنمۇ ئاز پۇلغا ئىگە بولمىدىڭ، ئەمدى شۇنى بىزگە بېرىسەن.

— مەن سىلەر ئۈچۈن شۇنچىلىك جان تىكىپ ئىشلىدىم، ئەمدى سىلەر مېنى بۇلايمەن دەمسىلەر؟ — دېيىشىگە، ئۇلار ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلىۋېتىپتۇ - دە:

— سىپىنىڭدەك ئۆز مىللىتىگە، ئۆز يۇرتلۇقلىرىغا ياخشىلىقى كەلمىگەن نائەھلىدىن بىزگە ياخشىلىق تېگەمتى؟ سەن دېگەن بىر ئىپلاس، خائىن. ھازىرلا ساندۇقلارنى ئېچىپ، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى چىقار، — دەپتۇ. قاسىم تۆگە تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— باشلىق، ماڭا رەھىم قىلسىلا، سىلىدىن ئۆتۈنەي، — دەپ يېلىنىپتۇ. دەل شۇ چاغدا قاسىم تۆگىنىڭ كىچىك خوتۇنى بىلەن تۆگىنىڭ ئون بەش ۋە ئون ئۈچ ياشلىق قىزى كىرىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ، ئۈچەيلەننى قۇشنى مۇجۇغاندەك مۇجۇپ ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىپتۇ. قاسىم تۆگە ئۇلارغا ۋارقىرىغانىكەن، بىرى كېلىپ ئۇنى ھويلىدىكى پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە باغلاپ قويۇپتۇ، ئۆيدە ئۈچ قىز - چوكاننىڭ نالە - پەريادى كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇ ئىپلاسلار بىر - بىرلەپ كىرىپ ئۇلارنى دەپسەندە قىلغاندىن كېيىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، ئاندىن ئۆيدىكى پۇل، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى خالتىلارغا قاچىلاپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. قانداق بولغان، بىر يىگىت قاسىم تۆگىنىڭ قورۇسىغا كىرىپ قېلىپ قارىسا ئۇ ھوشسىز ياتقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قولىنى بوشىتىپ، يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا ھوشىغا كەلگەن قاسىم تۆگە ئۆيگە كىرىپ چىرقىراپ يېنىپ چىققانچە ئېلىشىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، خەلق ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، قانۇندا «ساراڭغا سوت يوق» ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئىتتەك سۆرۈلۈپ يۈرىدۇ شۇ.

ئەسلىدە مامۇتقارى ئۇ ئىپلاستىن بەكمۇ نەپرەتلىنەتتى، بىراق نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى، ئۇنى ئىككىنچى كۆرمىسەم ئىكەن دېگەن نىيەتكە كەلدى، بىراق كوچىغا چىقسىلا ئۇ ئۇچراپ قالاتتى. گاھىلار ئۇنىڭغا چالما

ئاتسا، گاھىلار شاپاق ئاتاتتى، ئۇنى كۆرگەنلا يەردە سۇر ــ توقاي قىلاتتى.

ماموتقارى بەش مو يەرنىڭ ئەتراپىنى جىگدە كۆچىتى بىلەن شامالمۇ كىرەلمەيدىغان قىلىپ توراپ، سوۋادان تېرەك جىرىمى تىكتى، دۇكاننى مىدىرلاتماي تالىپئاخۇنغا بېرىپ، كۆڭلىدە باشقا جايغا بېرىش پىلانىنى پۈكتى ــ دە:

ــــ تالىپكا، مانا بۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچى، سىلى تاقىچىلىق بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىۋەرسىلە، مەن سوۋادان تېرەكلىرىم پۇلغا يارىغۇدەك بولغۇچە يەنە ئازراق جاھان كېزىپ كېلەي، ئاندىن بۇ يەرگە ئۆي سېلىپ ئىككىمىز قوشنا ئولتۇرارمىز، — دەپ جىرىم سوغىرىش ئىشى ئۆزلىرىگە قالدى، ئاكا، ــ دەپ يېنىدىن بىر باغلام پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭغا بېرىپ خوشلىشىپ ماڭدى.

ماموتقارىنىڭ بىر ئاغىنىسى ئۈرۈمچىدە ئىدى. ئۇ ماموتقارىغا ئۈرۈمچىدە ناۋايخانا ئاچسا پۇل تېپىش ئاسان بولىدىغانلىقى ھەققىدە خەت يازغانىدى، شۇڭا ئۇ تەۋەككۈل قىلىپلا ئۈرۈمچىگە يولغا چىقتى ــ دە، يەتتە كۈن قارا ماشىنىدا مېڭىپ، ئۇچەي ــ باغرى سىلكىنىپ، جېنى ئاران قېلىپ بۇ شەھەرگە كەلدى. ئۇ ئاغىنىسىنىڭ «بىزنىڭ ئۆيدە تۇرايلى» دېگىنىگە ئۇنىماي، تەرەپ ــ تەرەپتىن ئۆي ئىزدىدى، دېگەندەك، بىر تاتارنىڭ چوڭ يول بويىغا جايلاشقان قورۇسى كەڭرى، دېرىزىلىرى چوڭ، ئۈستى قاڭالتىردا يېپىلغان ئۆيى ئۇچراپ قالدى ــ دە، ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت چۈشتى، ياخشى يېرى، ئۇ كىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ــ ئۆز يۇرتىغا قايتىدىكەن، شۇڭا ئۆي ئانچە قىممەت ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆي ئىگىسى بىلەن كېلىشىپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن پۇل تاپشۇرۇپ، ئۆي خېتى، يەر خەتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تەقمۇتەق قىلدى. ئۆي ئىگىسى مەرد ئىكەن، ئۆي جابدۇقلىرىنىمۇ ئازغىنا پۇلغا ھېسابلاپ بېرىۋېتىپ كەتتى.

ئۆينى كۆرگىلى كەلگەن ئاغىنىسى ئۇنىڭغا:

— ئاداش، چەت ئەلدە ئۆزۈڭنى خېلى توملاپ كەلدىڭمۇ قانداق؟ بۇ ئۆي شەھەرنىڭ كۆزى جۇمۇ، — دەپ چاقچاق قىلدى. مامۇتقارى كۈلۈپلا قويدى.

شۇنىڭ بىلەن ناۋايخانا مانا مۇشۇ قورۇغا ئېچىلدى، تونۇر قورۇنىڭ ئىچىدە، پەشخۇن ئازراق سىرتىغا چىقىرىلدى، ئۈچ شاگىرت ئالدى، ئىشلار شۇنچىلىك يۇرۇشۇپ كەتتىكى، نان، سامسا، گۆشگىردە ئالدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. مامۇتقارى بۇ ئۆيگە ئورۇنلىشىۋېلىپلا رەيھان بىلەن قىزىغا چاقىرىق ئەۋەتىۋەتكەنىدى، ئىيۇلنىڭ بېشىدا ئۇلار يېتىپ كەلدى. ئۇلار بىرنەچچە كۈن بىر - بىرىنىڭ دىدارىغا قېنىشماستىن مۇڭداشتى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، رەيھان مامۇتقارىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— تاغا، قەيەردە يۈرۈپ مۇنچە بېيىپ كەتتىڭىز؟ قاراڭە سېتىۋالغان ئۆيىڭىزنىڭ كاتتىلىقىنى، كونا قورۇيىڭىزنىڭ تېگىدىن كومزەك چىقىپ قالدىمۇ نېمە؟ — دېدى چاقچاق قىلىپ. مامۇتقارى سىرلىق كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— سىڭلىم، مەن بالىنىڭ چوڭى بولغاندىكىن بەزى ئىشلارنى بىلەتتىم، باي بولۇپ قېلىشىم بىرى ئانامنىڭ كېيىمدە قاپتۇ دېگەن كەنجىرى، ئۇنىڭدا نۇرغۇن بايلىق بار ئىدى. سىر دەرياسى بويىدىكى چاغدا سىلەرگە بەرگەن پۇل، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ئاشۇ كەنجىرىدىن كەلگەن، تاكى مەن يۇرتقا قايتقۇچە ئەنە شۇلارنى خىراجەت قىلدۇق. مەن ئۆيىمىزگە كەلسەم، تالىپكام شۇ قورۇدا ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە كۈن بىللە بولدۇم، ئاھايىتى كاتتا مېھمان قىلدى. شۇ قورۇدىمۇ ئازراق بىر نەرسە بار ئىدى، بىز ئىلگىرى تاماق ئېتىدىغان ئوچاقنىڭ نېرىسىدىكى تېرەكنىڭ يېنىغا بىر كومزەكتە بايلىق كۆمۈپ قويغانىدۇق، تېرەك بولمىغىنى بىلەن

كۆتىكى بار ئىكەن، ئىككى كىچە ئۇخلىماستىن كولاپ كومزەكنى تاپتىم ـ دە، ئىس ـ بۇسنى چىقارماي ئۇرۇمچىگە كېلىۋېلىپ مانا بۇ قورۇنى سېتىۋالدىم. بۇ بايلىقتا سىلەرنىڭ نېسىۋەڭلارمۇ بار، ۋاقتى كەلسە بېرىمەن، شۇڭا سىلەرنى پاتراق كەلسىكەن دەپ يولۇڭلارغا قارىغىنىم شۇ، بوپتىمۇيا؟

— بىزگە ھېچ نەرسىنىڭ كېرىكى يوق، قايتا دىدارلاشقىنىمىزنىڭ ئۆزى غەنىيمەت، — دېدى رەيھان خۇشلۇقىنى يوشۇرماي.

— سىڭلىم، بىزنىڭ ئائىلە ناھايىتى كۆپ قېتىم سورۇقچىلىق تارتتۇق، نۇرغۇن نەرسىلىرىمىزنى بۇلاپ ـ تالاپ كەتتى، دادام رەھمەتلىك ناھايىتى پۇختا ئادەم ئىدى، كۆپ يىل جاھان كېزىپ تاپقان پۇللىرىنى ناھايىتى تېجەپ خەجلەيتتى، ئېشىنچىنى ئىشەنچلىك يەردە ساقلايتتى، ھەتتا ئاشخانىنىڭ بىر تېمىنى بەش چارەك سوقمىغان بۇغداي بىلەن سۇۋاپ قويغان، بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسام: «بالام، جاھان بىر خىل تۇرمايدۇ، ئەگەر ئاشلىق قەھەتچىلىكى بولسا ئاشۇ تامنى سويۇپ، بۇغداينى سوقۇپ جاھاندارچىلىق قىلىپ تۇرىمىز» دەيتتى. مەنمۇ دادامدىن گاھى ئىشلارنى ئۆگەنگەن، ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى بەش مو يەرگە تېرەك كۆچىتى تىكتىم، خۇدايىم بۇيرۇسا قاچانلا ساتساق پۇلغا يارايدۇ، بوپتۇمۇيا؟

— بولمامدىغان، تاغا، ئەقىللىق جۇمۇ سىز.

زۇلفىيە بۇ يەردە قوشنىلارنىڭ قىزلىرى بىلەن تونۇشۇپ قالدى ـ دە، ئۇلاردىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

— چوڭ دادا، يېرىم يىلنى ئۆيدە تۇرۇپ ئۆتكۈزگۈچە مەھەللىدىكى قىزلار بىلەن بىللە مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇسام بوپتىكەن، — دېدى.

— بولىدۇ، قىزىم، مەن مەكتەپ بىلەن سۆزلىشەي، — دېدى مامۇتقارى.

شۇنداق قىلىپ، زۇلفىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا ئوقۇشقا كىردى. بىر كۈنى ئۇ دوستلىرى بىلەن زۆھرە دېگەن قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلىپ شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتىكى، خېلىغىچە ئۇلارنىڭ ئۆيى، تامىقى ۋە دوستلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ كەتتى. گاھى كۈنلىرى ئۇ دوستلىرىنى بۇ ئۆيگە باشلاپ كېلەتتى ـ دە، ئۇلارنى سامسا، گۆشگىردە، كاۋاپ بىلەن مېھمان قىلاتتى.

ئۇ زۆھرە بىلەن دوست بولۇپ بىللە يۈرگەن كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالماس دېگەن بىر يىگىت پەيدا بولدى. بۇ يىگىت زۆھرە بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغىلى ئۈچ يىل بولغانىكەن، گاھى ئۈچەيلەن بىللە كىنوغا كىرەتتى، گاھى كۈنلىرى كەچ قالسا زۆھرە بىلەن ئالماس ئۇنى ئۆيىگە ئەكېلىپ قويۇپ كېتەتتى.

شۇ يىلى مائارىپ ئىدارىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇشقا چىقىرىش ئۈچۈن مەكتەپلەردىن ئوقۇغۇچى تاللاۋاتقانىدى، زۆھرە بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپلا ئۇ يەرگە چىقىپ ئوقۇشقا ناھايىتى قىزىقتى. بىر كۈنى زۆھرە، ئالماس، زۇلفىيە ئۈچەيلەن بىللە كېتىۋاتقاندا، زۆھرە ئالماسقا قاراپ:

— مەن چوقۇم سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بارىمەن، ئۇ يەردە جاھاننىڭ پەيزىنى سۈرىمەن، كاتتا يىگىتلەر بىلەن تونۇشىمەن، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىزچۇ، سىزمۇ چوقۇم چىقىسىز ـ ھە؟

— ئىمتىھان ئالىدىكەن، ھەر خىل تاللاشلار بولىدىكەن، شۇڭا ئالدىن بىرنېمە دېيەلمەيمەن، چىقالىسام خۇش بولىمەن، ئەگەر ئۇ يەرگە ئوقۇشقا چىقالماي قالسام باشقا ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيمەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ زۇلفىيەگە قاراپ.

— توغرا دەيسىز، ئالماس، قىلماقچى بولغان ئىشنى ئالدىن بىرنېمە دېمەك تەس، ھەر ئىككىڭلار ئوقۇشقا چىقساڭلارغۇ بەك ياخشى بولاتتى، — دېدى ئۇ ئىككىسىگە قاراپ.

— ئالماس دائىم گەپنى كېسىپ قىلمايدۇ. ئۇ دېگەن سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئالدى تۇرسا، ئۇ چىقماي كىم چىقاتتى؟

— ئىمتىھان دېگەن سىرلىق ئىش، گاھى شۇنداق ياخشى ئوقۇغانلار ئۆتەلمەي، تەلىيى كېلىپ قالغانلار ئۆتۈپ قالىدۇ. يۇرۇڭلار قىزلار، كېيىنكى ئىشنى تالاشماي بىر يەرگە بېرىپ ئويناپ كېلەيلى.

— ۋىيەي، ماۋۇ ئالماسنىڭ گېپىنى، — دېدى زۆھرە كۈلۈپ تۇرۇپ، — گەپنى ئېلىپ قاچماڭ، راستىنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىققۇڭىز بارمۇ، يوق؟

— ئەلۋەتتە بار، پەن - تېخنىكىدا تەرەققىي قىلغان دۆلەتتە ئوقۇشنى كىممۇ خالىمىسۇن؟ بىراق بەك ئۈمىدلىنىپ كېتىپ بارالماي قالسام ئازابلىنىپ قالماي دەيمەن، شۇڭا ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس تۇرغان ياخشى.

— ماقۇل، مۆتىدىل يىگىت، بىراق مېنىڭ ئىشەنچىم زور، پۇرسەتنى چوقۇم قولدىن بەرمەيمەن، چۈنكى...

— تاشكەنتتە كاتتا يىگىتلەر كۆپ، — دېدى زۇلفىيە كۈلۈپ.

— توغرا، — دېدى زۆھرە، — ئاشۇ جايلارغا چىقىپ، يىگىتلەرنى تازا چېكىپ تاللاپ تېپىپ، قېنى، سەن كىم، مەن كىم، دەپ ياشىغىنىمىز ياخشى، شۇنداقمۇ؟

ئۇچەيلەن بۇ سۆزنى بىر قىزىقچىلىق دەپ بىلىپ راسا كۈلۈشتى.

ئۇلار شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا تانسىغا بارماقچى بولۇپ قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتاتتى. زۆھرە ئېگىز بوي، ئۇزۇن قوڭۇر

چاچلىرى دولقۇنلاپ بېلىگىچە چۈشۈپ تۇرغان، قوڭۇر كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان ئاق يۈزلۈك قىز ئىدى. زۇلفىيە ئوتتۇرا بوي، قارا قاش، قارا كۆز قىز ئىدى. ئۇلار يولنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، زۇلفىيە:

— مېنىڭ تانسىغا بارغۇم يوق، ئۆيگە كىرىپ كېتەي، — دېدى.

— راستتىنلا بارمامسەن؟

— ھەئە، ئۆيگە كىرىپ كەتتىم، خوش ئەمىسە.

ئالماسمۇ سەل ئىككىلىنىپ قالدى بولغاي:

— زۆھرە، سىزنىمۇ ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي، — دەپ ماڭدى. ئۇ زۆھرەنى ئىشىك ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇپ، ئارقىسىغا ياناماقچى بولىۋىدى، زۆھرە:

— رەھمەت سىزگە، — دەپ ئالماسنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى.

ئالماس بۇنداق بولۇشنى كۈتمىگەنىدى. قىزىرىپ تۇرۇپ:

— مەن ماڭاي، خەير - خوش، — دەپ كەينىگە ياندى.

شۇ يىلى يازلىق تەتىلدىن كېيىن زۇلفىيە تاشكەنتكە قايتىپ كەتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئالماس تۇرۇپلا زۇلفىيەنى ئويلايدىغان، ئۇنى كۆرگۈسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. توغرا، زۇلفىيەنىڭ مىجەز - خۇلقى ياخشى بولغاچقا، ئۇنى ساۋاقداشلىرىم دەپ سېغىنىۋاتقان بولسا كېرەك.

ئىككىنچى يىلى تاشكەنتكە ئوقۇشقا چىقىدىغانلار تاللىنىپ ئالماسنىڭ ئىسمى ئېلان قىلىندى، ئەمما ئوتتەك قىزغىن، ئىشەنچى ئۇرغۇپ تۇرغان زۆھرەنىڭ ئىسمى چىقمىدى. مانا شۇ كۈندىن تارتىپ ساۋاقداشلار زۆھرەنى زادىلا كۆرمىدى، ھەتتا ئۇلار يولغا چىقىدىغان كۈنى ئۇنى ئۇزىتىپ كېلىدۇ دەپ خىيال قىلغان بولسىمۇ، ئۇ تۇرماق سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

ئالماس بىر تەرەپتىن تاشكەنتكە ئوقۇشقا ماڭالىغانلىقى

ئۇچۇن، يەنە بىر تەرەپتىن زۇلفىيەنى كۆرىدىغانلىقى ئۇچۇن بېشى كۆككە تاقاشقۇدەك خۇش ئىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

## 21

ئالماس تاشكەنتكە كەلگەندىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ زۇلفىيە بىلەن كۆرۈشتى. ئالماسنىڭ كۈتكىنىدەك، ئىككىسى بىر ئالىي مەكتەپكە تەقسىملەنگەن، يەنە داۋاملىق ساۋاقداش بولۇپ قالغانىدى. ئالماس زۇلفىيەنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى، بۇ كۆپ مىللەتلىك ئالىي مەكتەپتىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا زۇلفىيەنى قوغلىشىدىغانلار ئاز ئەمەس ئىدى.

زۇلفىيە چىرايىدىكى گۈزەللىكىدىن كۆرە، يۈرۈش - تۇرۇشىدىكى تەمكىنلىكى، نازاكىتى، نازۇكلۇقى بىلەن تولىمۇ جەلپكار ئىدى. ئادەمنىڭ يۈرىكىگە راھەت بېغىشلايدىغان چىرايلىق قاراشلىرى، تاتلىق كۈلۈمسىرەشلىرى ھەرقانداق يىگىتنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتۇراتتى. ئۇلار بىر كۈنى مەكتەپتە ئۇچراشتى.

— ياخشىمۇسىز زۇلفىيە؟ — دېدى ئالماس ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟ — دېدى قىز خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ. ئۇنىڭ كۈلكىسى يىگىتنى شۇنچىلىك مەپتۇن قىلدىكى، ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشلۇقتىن ئويناپ كەتتى، قىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان بىر گۈزەللىككە مەپتۇن بولدى. ئالماس دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ:

— تاماققا ماڭدىم، بىللە يېمەمدۇق؟ — دېدى.

— رەھمەت، مەن ئۆيگە قايتىمەن، — دېدى زۇلفىيە.

— ئەمىسە كېيىن كۆرۈشەرمىز، — دېدى ئالماس قىزدىن كۆز ئۈزەلمەي.

يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدىن، سۆزلىرىدىن بىر خىل خۇشاللىق ۋە شېرىن ھېسلىرى ئىپادىلەنمەكتە ئىدى.

— خوش ئەمىسە.

ئالماس زۇلفىيەنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— تاماقتا ماڭغانمىدىڭ؟

ئالماس تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋازدىن ئەندىكىپ كەتتى ۋە يېنىدا تۇرغان فەرۇقنى كۆرۈپ سەل تەمتىرەپ قالدى.

ئىككىيلەن بىللە ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېگەچ پاراڭلاشتى. ئالماستىن بىر يىللىق يۇقىرى سىنىپتا ئوقۇيدىغان فەرۇق تولىمۇ كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۇلار تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، فەرۇق بىردىنلا زۇلفىيەنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالدى.

— زۇلفىيە ياخشى قىز، — دېدى ئالماس، — ئۇ بىزنىڭ دۆلەتكە بارغاندا ئىككىمىز تونۇشۇپ قالغان، تېخى نەچچە ئايلىق ساۋاقداشمۇ بولغاندۇق، ئۆزى بەك خۇشخۇي، قائىدىلىك قىز.

— سىلەر يېقىن ئۆتەمسىلەر؟

— بىز ساۋاقداش شۇ.

ئالماس زۇلفىيەنى ياخشى كۆرىدىغىنىنى ئالدىراپ ئاغزىدىن چىقارمىدى.

— مەن ئۇنى مەكتەپتە تۇنجى كۆرگەن كۈنۈملا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، — دېدى فەرۇق بۇرنىنى سۇرتۇپ تۇرۇپ، ئارقىدىن ماختىنىپ، — مەنمۇ زىيالىي ئائىلىسىدىن، دادام تاشكەنت شەھىرىدە كاتتا رەھبەر، ئاپام ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۆي، پۇل، مال ـ مۈلۈك تولۇق، مېنى قوغلىشىدىغانلارمۇ كۆپ. مەن ياشلىقتا قەدەم قويغىنىمدا پەرى سۈپەت جانانلارنى ئۇچراتتىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە رۇس، تاتار

قىزلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ماڭا ئۆزىنى ئاتتى، يەنە بەزىلىرى قول ئۇزارتتى، بىراق مەن قاچتىم ياكى بىرنەچچە كۈن بىللە بولۇپ ئارقامنى قىلدىم. بىلمىدىم، نېمە تەقدىر ئۆزى، ئەمدى بۇ قىزغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، بىراق ئۇ قىز گويا ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك ماڭا كۆز قىرىنىمۇ سالمايۋاتىدۇ. مەن ئويلىدىم، بۇ نېمە؟ بۇ ھاياتلىق سەپىرىدىكى تېپىشماقمۇ ياكى مۇھەببەت ھېكايىسىمۇ؟ توغرا، بۇ ھاياتلىقتىكى مۇھەببەت ناخشىسى. بۇ ناخشىلار گاھىلارغا خۇشياقىدۇ، گاھىلارغا ياقمايدۇ، گاھىلارنى كۆيدۈرىدۇ، گاھىلارنى سۆيدۈرىدۇ. قاراڭ، ئۆزبېك قىزلىرىنىڭ گۈزەللىكىگە، دۇنيادا ئۆزبېك قىزلىرىدەك گۈزەل، ئىنتائەتچان، ئىشچان، جەلپكار قىزلار يوق، ئۇلار ماڭا ئۆزلىرىنى پەرۋانىدەك ئاتىدۇ، بىراق ئۇلارغا ھېچ مەيلىم بارمايدۇ...

ئالماس فەرۇقنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى، ئۇ گويا مۇھەببەت قاينىمىدا پىشىپ يېتىلگەن بىر يىگىتتەك قىلاتتى ھەم ئۇنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى.

— زۇلفىيەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى بىلەمسەن؟

— ھەئە، ئاپىسى بار، باللار كىيىم - كېچەكلىرى زاۋۇتىدا باشقۇرغۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ، زۇلفىيە بولسا يالغۇز پەرزەنت.

— ئۇنىڭ يۈرگەن يىگىتى بارمىدۇ؟

— بىلمىدىم، بۇنى ئۆزىدىن سورىغىن، — دېدى ئالماس بىردىنلا كەيپى ئۇچۇپ. ئۇنىڭ تامىقىمۇ گېلىدىن ئۆتمىدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار ئىدى، — دەپ فەرۇق بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

فەرۇق ھەيران بولۇپ ئالماسنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. فەرۇق ئۇ كۈنى كەچكىچە خىيال بىلەن بەند بولدى. «بۇ قىزنىڭ كۆزلىرىدىن بىر پاكلىق نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ، ئۇ مەن بىلەن

ئاربلاشقان ياكى مېنى قوغلاشقان قىزلارغا ئوخشاش دادامنىڭ كاتتا ئەمەلىگە، ئائىلىمىزنىڭ بايلىقىغا ۋە ئابرۇيىغا كۆز تىككەندىكەن قىزلاردىن ئەمەس. بۇنداق تۆۋەن تۇرمۇشتا ياشىغانلارنى قولغا قۇش قوندۇرغاندەك قوندۇرۇش ئاسان، ئۇنى سىزغان سىزىقىمدىن چىقمايدىغان قىلىۋېتەلەيمەن، تېخى ھەممىگە تېتىيدىغان، ئاجايىپ كاتتا ئانىجانىم ئۇنى باشقۇرىدۇ. توغرا، ئۇنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىۋېتىدۇ، قالتىس ئىش ـ دە، خوتۇنۇڭ بارمۇ؟ بار. نەدە؟ ئىدارىدە ئىشلەيدۇ، ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيدە چۈمۈلىدەك تىن تارتماي قىمىرلايدۇ. قالغىنىنى ئۆزۈم بىلىمەن، تۆت كۈنلۈك بۇ ئالەمدە ياشىغىنىم ياشىغان، فەرۇق، سەن ئوغۇل بالا جۇمۇ، قىلىمەن دېگىنىڭنى قىل.» ئەتىسىلا پەرۇق ئاپپاق كۆڭلەك كىيىپ، قارا كاستۇم ـ بۇرۇلكا، گالىستۇك تاقىغان ھالدا خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ زۇلفىيەنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— سالام زۇلفىيە، ياخشى تۇرامسىز؟ — دېدى ئۇ مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ.

— ياخشىمۇسىز فەرۇق؟ — دېدى زۇلفىيە ئۇنىڭغا سەپسالغاچ.

فەرۇق سىرتقى جەھەتتىن ھەقىقەتەن كەم ـ كوتىسىز يىگىت ئىدى، ھەرقانداق قىز ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىگە، نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، قىزلارنى مەھلىيا قىلىدىغان بىر جۈپ قارا كۆزىگە، يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا، بايلىقىغا قىزىقاتتى. فەرۇق:

— بۈگۈن كەچتىكى كونسېرتقا ئىككى بېلەت ئالدىم، سائەت يەتتىدە تىياتىرخانا ئالدىدا سىزنى ساقلايمەن، — دەپ كېتىپ قالدى.

زۇلفىيە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمىدى، ئۇ ئۆيگە قايتقاچ كۆپ ئويلاندى. توغرا، فەرۇقنىڭ قەددى ـ قامىتى، دادىل سۆزلىرى، مۇھەببەتلىك قاراشلىرى ھەرقانداق بىر قىزنى

ئۆزىگە تارتاتتى. بىراق، ئانىسى بىلەن بىللە ياشاپ، بىرەر يىگىت بىلەن يۈرۈپ باقمىغان زۇلفىيە تۇرمۇشنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭمۇ مۇھەببەت گۈللىرى غۇنچىلاپ باھارغا، قۇياشقا تەلپۈنىدىغان ۋاقتى كەلگەن بولغاچقا، فەرۇقتەك چاقناپ تۇرغان يىگىتكە تەسلىم بولۇشقا تەييار ئىدى. ھېچقانداق ھىيلە - مىكىر ئارىلاشمىغان، ساپ سۆيگۈ تەقەززالىقىدا يۈرگەن بۇ ساددا قىز فەرۇقتەك يىگىتلەرگە ئاسانلا مەھلىيا بولاتتى. ھەممە نىمىسى تەل، ئۆزىگە، ئائىلىسىگە يار - يۆلەك بولالايدىغان بىر يىگىتكە تېگىش، باياشات، غەمسىز ياشاش، ئانىسىنى جاپادىن قۇتۇلدۇرۇش...

بۇ ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇلىرى ئەمەسمىدى؟ توغرا، زۇلفىيە ھەممىدىن مۇھەببەتنى ئالدىنقى شەرت قىلىشنى ئويلىغانىدى. مۇھەببەتكە پۇل، بايلىق، ياخشى تۇرمۇش قېتىلسا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ؟

ئۇ كۈنى زۇلفىيە ئاددىيلا كىيىنىپ چىققان بولسىمۇ، فەرۇق يىراقتىن ئىتتىك كېلىپ:

— سالام زۇلفىيە، بۈگۈن كەچتە تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كېتىپسىز، ھەرنېمە بولسا مېنى ساقلاتمىدىڭىز، — دېدى خۇشاللىقىنى يوشۇرماي.

ئۇ كۈنى كونسېرت شۇنداق ياخشى بولدى، فەرۇق ئاتاقلىق ئارتىسلارغا ئۆز نامىدىن گۈلدەستىلەرنى سوۋغا قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەشەككۈرلىرىگە ئېرىشتى. ئويۇندىن قايتىش ئالدىدا:

— قەدىرلىكىم، سىزنى چەكسىز ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ماڭا ئېچىنىڭىز ئاغرىسۇن، مەن بىلەن بىللە ياشاشقا ۋەدە قىلىڭ، بولامدۇ؟ — دېدى مۇھەببەتكە تولغان كۆزلىرىدە زۇلفىيەگە بېقىپ.

بۇ سۆزلەر قىزنىڭ يۈرەك قاتلىمىدىكى توڭلىغان مۇزلارنى ئېرىتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سۆيگۈ زەمزەملىرى بىلەن لىققىدە تولدى، كۆزلىرىدە مۇھەببەت نۇرى، بەخت نۇرى

چاقىـدى. بىراق، ئۇ:

— بىـز تېخى بۇگۈنلا بىـر - بىرىـمـىز بىلـەن يېقىـن ئۇچراشتۇق، مەن ئويلىـنىـپ جاۋاب بېرەي، سىزمۇ ياخشىـراق ئويلىنىڭ، — دېدى. ئەمما، فەرۇق:

— ئويلانغۇدەك نېمىسى بار، قەدىرلىكىم، بىز دېگەن ياش، دەۋرىمىـز ئەركىـن مۇھەببەتكە كەڭرى ئېچىلغان، بىراق مەن يەنىلا جاۋابىڭىزنى ئۆز ئاغزىڭىـزدىن كۈتىـمەن، هازىرلا جاۋاب بېرىڭ دېمەيمەن، بولامدۇ؟

زۇلفىيە بۇ سۆزگە چىرايلىق كۈلكىسى بىلەن جاۋاب قايتۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئاز كۈن ئۆتمەي زۇلفىيە بىلەن فەرۇق يۇرۇپ قالدى، بىراق، ئىككىيلەن بىللە كېتىۋاتقاندا فەرۇقنى دوقمۇش - دوقمۇشتا قىزلار تۇتۇۋېلىپ گەپ سورايتتى، گاھىلىرى نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن قارايتتى. بىر كۈنى زۇلفىيە بىلەن فەرۇق باغچىدا ئولتۇراتتى، بىر رۇس قىزى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، فەرۇققا مىختەك قادىلىپ قارىۋېتىپ نېرىغا بېرىپ تۇردى. فەرۇق ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ قىزنى نېرىقى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ، نۇرغۇن سۆزلىدى، خۇددى ئۇنىڭغا يېلىنىغاندەك، يالۇۋۇرغاندەك قىلدى، بىراق ئۇ قىز زەڭگەر كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى ياغدۇرۇپ، فەرۇقنىڭ كۆزىگە جونۇپ تۇرۇپ ۋارقىرىغىنىچە كېتىپ قالدى. فەرۇق قايتىپ كېلىپ:

— كەچۈرۈڭ، زۇلفىيە، بۇ نەرسىلەرگە يولۇقۇپ قالدىڭىزمۇ بولدى، ساڭا يار يېلىنمىدەك چاپلىشىپ قالىدۇ، ساۋاقداش ئىدۇق، كېيىن بىر مەزگىل ئارىلاشقان، هېلى ئۆيگە بېرىۋالىدۇ، هېلى يولدا تۇتۇۋالىدۇ شۇ، ئاپاممۇ ئۇنىڭغا چىرايلىق سۆزلەرنى قىلدى، بىراق ئۇ قىز نېمىتىدىن يانىدىغاندەك قىلمايدۇ.

زۇلفىيە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سەل كەيپى ئۇچقان بولسىمۇ، دەرهال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. شۇنچىلىك كېلىشكەن فەرۇقنىڭ

خۇددى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان بالىدەك يەرگە قاراپ تۇرۇشىدىن زۇلفىيەنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ قالدى.

كۇنلەر بىر - بىرىنى قوغلاپ شۇنچە تېز ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇلار دەم ئېلىش كۇنلىرىنى شۇنداق شاد - خۇراملىقتا ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. بىراق، فەرۇق زۇلفىيەگە بىرەر دوستى ياكى ساۋاقدىشىنىمۇ تونۇشتۇرمىدى، چۇنكى ئۇ زۇلفىيەنى ھەرقانداق بىرىدىن قىزغىناتتى، بولسا شېشىدىن ساندۇق ياساپ، زۇلفىيەنى ساندۇققا سېلىپ ئۆتكۈسى كېلەتتى.

فەرۇق بىلەن زۇلفىيە بىللە ماڭغاندا، كۆپىنچە قىزلار ئۇلارغا قارىشىپ پىچىرلىشاتتى، بۇنىڭدىن زۇلفىيە تولىمۇ بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسا، ئەكسىچە فەرۇق مەغرۇرلۇق قىلىپ تېرىسىگە پاتماي قالاتتى. تونۇشلىرى ئۇچراپ قالسا غادىيىپ تۇرۇپ بىر - ئىككى ئېغىز ئەھۋاللىشىپ كېتىپ قالاتتى، ئاندىن زۇلفىيەگە:

— ۋاي - ۋۇي، دادامنىڭ باشلىق بولغىنى ماڭا بولدىغۇ، بۇ خەق مېنى كۆرسىمۇ خۇشامەت قىلىپ كەتكەن، يا مەن ئۇ خەقنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىپ بېرىدىغاندەك، — دەيتتى - دە، ئارقىدىنلا ئۆيىنى ماختايتتى، — بىزنىڭ ئۆينى كۆرسىڭىز جەننەت ئىكەن دەپ قالىسىز، كەڭ ئىككى قەۋەتلىك ئىمارەت، پوللارغا ئېسىل گىلەملەر سېلىنغان، جاۋەنلەرگە چەت ئەلنىڭ چىنە - قاچا، خىرۇستاللىرى تىزىلغان، كىم دېسە، مىنىستىرنىڭ كېلىنى دەپ ھۆرمەت قىلىشىدۇ، شۇ چاغدا چەكسىز رازى بولۇپ كېتىسىز، سىزنى ئەڭ بەختلىك كېلىنچەك قىلىمەن...

ئۇلار ئۆزئارا ئارىلىشىپ مىجەزلىرىنى بىلىشكەنسېرى زۇلفىيەنىڭ ساددا، سەمىمىيلىكى فەرۇقنىڭ قىلىقلىرى بىلەن چىقىشالمىغىلى تۇردى، شۇڭا ئۇ ئىككىلىنىپ ئويلىنىپ قالدى.

— قەدىرلىكىم، نېمە بولدىڭىز؟ جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟

زۇلفىيە فەرۇقـقا ناخۇش بىر تەرزدە قارىـۋېتىپ بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى ـ دە:

ـــ فەرۇق، بىـزنىڭ ئائىلىمىـز ئاددىي ـ سـاددا تۇرمۇشقـا كۆنۈپ كـەتكەن، ئاپام ئىككىمىزنىڭ كۈنىمىزمۇ ئۆزىمىزگە ئارانلا، ئاددىي ئىككى ئېغىز ئۆي بىلەن كىچىككىنە قورۇيىمىز بار، ئەمما بىز تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشىمىزغا رازى، سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز... ـــ زۇلفىيە توختاپ قالدى. فەرۇق بىرپەس ئويلىنىۋېلىپ دېدى:

ـــ راست، زۇلفىيە، دادامغۇ بىر ياخشى ئادەم، بىراق ئاپامغا كەلسەك، سادىغاڭ كېتەي، ئۇنىڭغا ئاسان ئادەم يارىمايدۇ. پاھ، ئۇ ئۆزىنى پادىشاھنىڭ خانىشىدەك كۆرۈپ ياشىدى، مېنى بولسا فەرۇق شاھزادەم دەپ ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدۇ. مەن يالغۇز پەرزەنت بولغاچقا، مېنى ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ئاسرايدۇ، شۇڭا ئاپامنى توغرا چۈشەنسىڭىز. مەن تېخى سىزنى ئۆيگە ئاپىراي دېگەنىدىم...

ـــ ئاپىڭىز بىلەن كۆرۈشەمدىم؟ ـــ زۇلفىيەنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

ـــ شۇنداق، ئاپام سىزگە ئاۋۋال كۆرۈملۈك بېرىدۇ، ئاندىن ئۆيىڭىزگە داستىخان كۆتۈرۈپ بارىدۇ، بۇ ئاددىي قائىدىغۇ؟

ـــ بىراق مەن... قانداق بارالايمەن؟

ئىككىيلەن بىرپەس جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى.

ـــ ئاپامنىڭ دېيىشىچە، سىز ئاۋۋال بېرىپ ئاپام بىلەن كۆرۈشىدىكەنسىز، ئاندىن ئاپام سىلەرنىڭ ئۆيگە ئەلچىلىككە بارىدىكەن.

ـــ ئىلگىرىمۇ بىرەر قىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ باققانمىدىڭىز؟

ـــ ياق، بىراق ئاپام مېنىڭ بىر قىز بىلەن يۈرگىنىمنى ئاڭلاپ، ئۇ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تېپىپ...

ـــ ھە؟ ئاپىڭىز نېمانداق... ـــ زۇلفىيە فەرۇقنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

— قىزىڭىز ئوغلۇمنى ئىزدىگۈچى بولمىسۇن، دەپتىكەن، ئاخىر ئۇ قىز مەن بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ خوشلاشقانىدى.

زۇلفىيەنىڭ بېشىدىن كىرگەن تۇتۇن ئايىغىدىن چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ لەۋلىرىدىكى خۇش تەبەسسۇم بىردىنلا ئۆچتى، ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرغان پېتى يۈگۈرگىنىچە فەرۇقنى يالغۇز قالدۇرۇپ كەتتى.

زۇلفىيە ياتاققا كىردى ـ دە، كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى جايىغا قويۇپ، چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. ئوچۇق ئاسماندا جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار، ئېلېكتىر چىراغلىرىنىڭ نۇرىدا كۈندۈزدەك يورۇپ تۇرغان شەھەر، ئاسفالت يوللىرىدا غۇيۇلداپ ئۆتۈۋاتقان ئاپتوموبىللار... بۇ گۈزەل كېچە مەنزىرىسى ئۇنىڭدا ئاجايىپ سىرلىق ھېسلارنى ئويغاتتى. ياتاق بىناسىنىڭ كەينىدىكى رېستوراندىن شوخ كۈيلەر ئاڭلىناتتى، گويا پۈتۈن ئالەم شاد ـ خۇراملىقتا چۆمگەن، يالغۇز ئۆزىلا غەمكىن، خىيالغا چۆمگەن. قانداق قىلاي؟ فەرۇققا نېمە دەي؟ نېمىشقا ئالماس ماڭا تەلەپ قويمايدۇ؟

زۇلفىيە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئاپىسى ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغانىدى.

— فەرۇق سېنى ئەكەپ قويماپتۇغۇ؟

— ئۇنىڭ بىلەن قانداق قىلىشنى ئۆزۈممۇ بىلمىدىم.

— بىرنەچچە ئاي ئارىلىشىپ باققىن، بىراق بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتمە، ئۇنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى بىلىپ باققىن، پەقەت سېنى رەنجىتمىسە، چوڭچىلىق قىلمىسا، ساڭا ۋاپاسىزلىق قىلمىسا بولىدۇغۇ، بىراق بۇلارنى ئالدىن بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ.

— ئۇنىڭغا قارىسامغۇ ئوتتەك قىزغىن، بىر ئاغزىدا يۈز قېتىم «سېنى بەختلىك قىلىمەن» دەيدۇ.

— ئادەمنى چۈشىنىش تەس، «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېگەن گەپ بار، ئويلىنىپ كۆرگىن.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتۈپ، كەچقۇرۇن ئۆيگە قايتقان زۇلفىيە پەتنۇس ـ پەتنۇسلاردا تۇرغان رەخت ـ پەخت، كىيىم ـ كېچەك، تاتلىق ـ تۇرۇملارغا قاراپ ھەيران قالدى.

— ئاپا، ئۆيگە كىم كەلدى؟

— كەل قىزىم، يېنىمدا ئولتۇرغىن، — دېدى ئاپىسى تەمكىنلىك بىلەن ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، — بۈگۈن ساڭا ئەلچىلەر كېلىشتى. بۇ نەرسىلەر ئەلچىلەرنىڭ سوۋغىتى. فەرۇقنىڭ ئاپىسى قالتىس ئايال ئىكەن، يىگىرمىدەك ئايالنى باشلاپ كېلىپ، ئۆيىنىڭ ئىچىنى چاڭ چىقىرىۋەتتى. سۆزلەپ تۇردۇ، كۈلۈپ تۇردۇ، مەنمۇ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. قانداق قىلساق بولار؟

— نېمىنى؟

— ئەلچىلەرگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟

— سىز نېمە دېدىڭىز، ئاپا؟

— مەن قىزىم نېمە دەيدىكىن، قىزىم بىلەن سۆزلىشىپ جاۋاب بېرەي دېسەم، ئۇ نېمە دېدى دېمەمسەن؟

— نېمە دېدى؟

— سىز ئانىسى بولغاندىكىن سىزنىڭ دېگىنىڭىز ھېساب، — دېدى.

زۇلفىيەنىڭ بېشىغا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى.

— قىزىم، سېنى زورلىمايمەن، سېنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشۇڭ خاتىرجەم، بەختلىك ئۆتسىلا شۇ كۇپايە. سەن غەمسىز ياشىساڭ مېنىڭ كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ.

— ئاپا، مېنىڭ سەندىن ئايرىلغۇم يوق.

— قىزىم، سەنمۇ چوڭ بولدۇڭ، چىرايلىق ھۆسن ـ جامالىڭنىڭ بارىدا خەقنىڭ خېرىدارلىقىڭنى قىلغىنى ياخشى ئىش. مېنىڭمۇ سەندىن زادىلا ئايرىلغۇم يوق، بىراق «قىز بالا ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە» دېگەن گەپ بار، ھامان ياتلىق بولىسەن.

— جېنىم ئاپا، سېنىڭ يالغۇزلۇقۇڭنى ئويلىسام ئەجەب بولۇپ كېتىمەن، نېمىشقا سېنى تاشلاپ كەتكۈدەكمەن، — قىز ئاپىسىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— باغرىمسەن، ئۆمرۈمنىڭ قۇياشىسەن، قىزىم، مەنمۇ سەندىن بىر مىنۇت ئايرىلىشقا چىدىمايمەن، بىراق سەن بىر ئۆمۈر مېنىڭ يېنىمدا تۇرالمايسەنغۇ ئاخىر، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆزۈڭمۇ سەزمەستىنلا يېنىمدىن كېتىپ قالامسەن تېخى، نەدىلا بولساڭ خۇدا بەختىڭنى بەرسۇن.

— بىلمىدىم، ئاپا، چىرايلىق ئەرلەر ۋاپاسىز كېلىدۇ دەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە فەرۇق تاشكەنتكە پاتمايدىغاندەك قىلىدۇ.

— ئۇنى كېرىۋەتكىنى شۇ دادىسىنىڭ دۆلىتى، قىزىم، دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى شۇنداق ئەركە ھەم پوچى بولىدۇ.

— بولدىلا، ئاپا، ئوبدانراق ئويلىنىۋالاي.

— شۇنداق قىلغىن.

ئىككىيلەننىڭ كۆڭلىدە بۇ ئىشقا تازا ئىشەنچ يوق ئىدى.

## 22

بىر ھەپتىدىن بىرى كۆرۈنمىگەن زۇلفىيە بىردىنلا ئالماسنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ كالتە يەڭ ئاق كوپتا، كۆك پولنى يوپكا كىيىپ، چاچلىرىنى لېنتا بىلەن بوغۇۋالغانىدى.

— ياخشىمۇسىز، ئالماس، — دېدى زۇلفىيە سەل - پەل قىزىرىپ تۇرۇپ.

— ياخشىمۇسىز، زۇلفىيە، — ئالماسنىڭ چىرايى بىردىنلا

تاتىرىپ كەتتى ھەم لەۋلىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ، — بەك ئالدىراش ئوخشايسىز، سىزنى كۆرگىلى بولمايدۇغۇ، — دېدى.
ئالماس زۇلفىيەنىڭ فەرۇق بىلەن يۇرگەنلىكىنى ئاڭلاپ بىر نەچچە كۈن كۆز يۇمماستىن ئازابلانغانىدى، شۇڭا ئىلاج بار يۈزىگە كۈلكە يۇگۇرتمەكچى بولسىمۇ، چاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى.
— ئالدىراش ئەمەس، ئادەتتىكىدەكقۇ، سىز ئۆزىڭىزنى مەندىن قاچۇرۇپ يۇرسىڭىز، — دېدى زۇلفىيە ئالماسقا سىناش نەزىرىدە قاراپ.
— يېڭى مۇھەببەتلىشىۋاتقانلارنىڭ باشقىلارنى ئويلايدىغانغا نەدىكى چولىسى دەيسىز، دەخلى قىلماي دەپ شۇ...
— نېمە دېدىڭىز؟
— ياق، ئەمدى دەيمىنا، — دېدى ئالماس سەل تۇرۇۋېلىپ.
ئۇ باھارنى ئەسلىتىدىغان يېشىل كۆزلىرى بىلەن زۇلفىيەگە تىكىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە رەنجىش، ئازابلىنىش، ئىنتىزارلىق ئەكس ئەتكەنىدى. بىردىنلا زۇلفىيەنىڭ يۇرىكى ئېغىپ، كۆزلىرىنى ئىتتىك ئېلىپ قاچتى، ئاندىن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ:
— قىز بالا دېگەن خان كۆۋرۇكى ئالماس، كىم يۇرەكلىك بولسا شۇ ئاۋۋال ئېغىز ئاچىدىكەن، — دېدى.
— بىلىمەن، — دېدى ئالماس، — ئۇ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، تەلەپ قويىدىغانلىقىنى دېگەنىدى.
زۇلفىيە لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ، كۆزلىرىنى چىڭگىدە يۇمۇپ بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كۆزلىرىدە لىققىدە ياش، ئوقۇش بىناسىغا يۇگۇرگەن پېتى كىرىپ كەتتى.
ئالماس قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. بىر چاغدا ئېغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ مەكتەپ بېغىدىكى ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى ـ دە، مەن ئەخمەق نېمىشقىمۇ ئۇ گەپنى ئېيتىپ ئۇنى رەنجىتتىم، دەپ قاتتىق ئازابلىنىپ كەتتى.
ئەسلىدە زۇلفىيە ئۇرۇمچىدىن كەتكەن كۈندىن تارتىپلا

ئالماسنىڭ يۈرىكىدە مۇھەببەت ئوتى يالقۇنجىغان، كۆيۈك ئوتىدا ئازابلانغانىدى. گۈزەل تاشكەنتكە ئوقۇشقا كەلگەندىن باشلاپ زۇلفىيەنى كۆرۈپ تۇرۇش، قايناق مەكتەپ ھاياتى ۋە يېڭى بىر ھاياتىي كۈچ ئۇنى شادلاندۇرغانىدى. ئۇ ھەر كۈننى ئاجايىپ شادلىق بىلەن ئۆتكۈزەتتى، زۇلفىيەنى كۆرگەن كۈنى ئۇنىڭ كۆڭلى كۆك قەرىدە ئۈزەتتى، ئۆز ئارزۇسىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىستەيتتى، ئەمما شۇ ئارزۇ ئۇنى جىددىيلەشتۈرۈپ، قىزنىڭ ئالدىغا كەلگەندە كۆڭلىدىكىنى ئىزھار قىلالمايدىغان گاچىغا ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. مانا ئەمدى ئۇ زۇلفىيەدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغاندەك بولۇپ شۇمشىيىپلا كەتكەنىدى.

توغرا، زۇلفىيەدىن ھېچقانداق سەۋەبسىز ئۆتمىدى، ئەكسىچە ئۆزى بوشاڭلىق قىلدى. ئۇ فەرۇقنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە يول بېرىپ ئولتۇردى، دەردىنى ئۆزى بىلىپ كېچىلىرى ھەسرەتتە تولغىنىپ چىقتى، ساۋاقداشلىرى بىلەن بۇرۇنقىدەك ئارىلىشىپ، چاقچاقلىشىپ يۈرەلمىدى، كىنو، تىياتىرخانىلارنى بىردىنلا تەرك ئەتتى، قولىدا كىتاب، كۆڭلى توقسۇندا پالاس قېقىپ كۈن ئۆتكۈزدى. زۇلفىيەنى كۆرمەي دېسە تېخى، كۆرگەن ھامان تېخىمۇ ئازابلىنىپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئۇ فەرۇق بىلەن بىللە كېتىۋاتقان زۇلفىيەنى كۆرۈپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ئۇنىڭ مەيلىچە بولسا يۈگۈرۈپ بېرىپ زۇلفىيە بىلەن كۆرۈشكۈسى بار ئىدى، بىراق يۈرىكى چاپتى، پۇتلىرى يەرگە مىخلاپ قويغاندەك تۇرىۋەردى...

ئەمدى ئۇ نېمىمۇ قىلالىسۇن؟ ئۇنىڭ مۇھەببەتكە سادىق يۈرىكى ئازابتىن پۇچىلانسا، پۇشايمان، ئازاب ئوتى ئۇنى قىيناپتتى. شۇڭا، «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» دەپ، تەتىلدە ۋەتىنىگە قايتماقچى بولدى. توغرا، ئۇ لوپنۇردىكى ئاتا ـ



uyghurkitap.com

ئانىسىنى سىغىندى، قاۋۇل، چىداملىق دادىسى، ياۋاش ـ يۇمشاق، كەم سۆز ئاپىسى ئۇنىڭ يولىغا ئىنتىزار بولۇپ كۈن ساناپ ئۆتكۈزۈۋاتقاندۇ ھەرقاچان.

ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىققۇچە بىر كىملەرنى ئىزدىگەندەك مەكتەپ ئىچىگە يېنىش ـ يېنىشلاپ قارىدى، كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش ئالدى.

*　　*

ئالماس ئۇرۇمچىگە كېلىپلا لوپنۇرغا بارىدىغان ماشىنا ئىزدەپ خېلى ئاۋارە بولدى، بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپ ئاران دېگەندە يۇرتىغا يېتىپ كېلىۋالدى. ئالماسنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇلار سوتسىيالىستىك دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىلىم ئېلىۋاتقان مۇشۇنداق كېلىشكەن، بىلىملىك ئوغلىنىڭ بولغانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈنەتتى. ئالماس قايتىپ كېلىپلا راھەت، تىنچ، ئارامبەخش ئائىلە تۇرمۇشىنى باشلىدى. ئۇ كۈندۈزلىرى سەيلە ـ ساياھەت ۋە سۆھبەتلەر بىلەن خۇشال ـ خۇرام بولغان بولسىمۇ، ئاخشىمى بېشى ياستۇققا تەگكەن ھامان يەنە شۇ زۇلفىيە كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى ـ دە، ئۇنى ئارامىدا قويمايتتى. بىر كۈنى كەچتە ئاپىسى:

— دادىسى، ئوغلىمىز چوپچوڭلا يىگىت بوپقاپتۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلسە، ئۆيلەپ تېزرەك نەۋرە كۆرسەك ـ ھە، — دېدى.

— بىز شۇنداق ئويلىغان بىلەن بالىلار نېمىنى ئويلايدۇ، بۇنى بىلمەيسىلە. ئۇلار ھازىر تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەتلىك، ئىلىم ـ مەرىپەت ماكانىدا بىلىم ئېلىۋاتىدۇ، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت بىر قىسىم مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىرىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈپ، ھەر ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن كۈچ

www.uyghurkitap.com

چىقىرىۋاتىدۇ. مەن ئۆتكەندە كورلىدا بىرمۇنچە زىيالىيلار بىلەن بىللە بولغاندا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغانىدىم. بۇمۇ توغرا، ئانىسى، جەمئىيەتكە شۇنداق كىشىلەر لازىمغۇ. ئاخشام ئوغلۇم بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇ يەرگە بارغان ئوقۇغۇچىلار رۇس تىلى، فىزىكا، ماتېماتىكا، شەرقشۇناسلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق نۇرغۇن پەنلەر بويىچە سىستېمىلىق تەربىيەلىنىۋېتىپتۇ، بىزنىڭ ئوغۇل تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، رۇسچە ئۈچ تىللىق بولسا بۇنىڭغا نىمە يېتىدۇ، خۇدايىم ئۆمرىنى بەرسە بەلكىم ئۇرۇمچىدە ياكى كورلىدا ئىشلەپ قالار، ئۇ نەدە ئىشلىسۇن سالامەت بولسا، دۆلەتنىڭ ئوقۇتقىنىغا لايىق جاۋاب قايتۇرسا بولىدۇغۇ، قانداق دېدىم؟

— ۋاي دادىسى، يەنىلا ئەر كىشى دېگەن چوڭ ئىشلارنى ئويلايدىكەن، سىلىنىڭ دېگەنلىرى توغرا، بىز خۇدايىم بۇيرۇسا ئۆز ھالىمىزدىن ئۆزىمىز خەۋەر ئالىمىز، باللار نەدە بولسا بېشى ئامان بولسۇن دەپ دۇئا قىلىمىز، بىراق ئوغلۇمغا قارىسام تازا ئېچىلىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، كاللىسىغا بىر خىيال كىرىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ تەگتۇشلىرى توي قىلىپ باللىق بولۇپ بولدى دېسىلە، — دېدى ئوغلىغا ئىچ ئاغرىتقان تەرزدە.

— كۆزۈڭلىگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتقاندۇ، چەت ئەللەردە ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرىدىغان باللارنى بىزگە ئوخشاش ئۆيلەپ، تالالىق قىلمايدۇ، ئانىسى. بىزنىڭ بۇ يەر چەت، بىر جاڭگال بولغاچقا، رىزقىمىزغا تۇشلۇق تېپىپ يەپ دۇنيادىن بىخەۋەر ياشايمىز. خۇدا خالىسا ئۇ ئوبدان بىلىم ئېلىپ ئالىم ياكى بىر شەھەرگە باش بولسا دەپ ئويلايمەن. نىمىشقا دېمەمسىلە، تېخى بىزنىڭ بۇ يەردە ئوقۇغانلار ئەسلا يوق، ئالىم، بىلىم ئىگىلىرىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، بەلكى كومپارتىيەمۇ شۇنى ئويلاپ، بىزنىڭ ئوغلىنى ئوقۇشقا ئەۋەتكەن گەپ.

— بۇ گەپچە ئۇ بۇ يەردە تۇرمايدىكەن ـ دە.

— ھەي ئانىسى، كىيىنكى ئىشنى كىيىن كۆرەيلى، سىلە ھەرگىزمۇ بۇ توغرىدا ئوغلىمىزغا گەپ قىلىپ ئۇنى خىجىل قىلماڭلا.

— ماقۇل، ئوغلىمىزنىڭ ئىچى پۇشۇپ قالمىسۇن، بىرنەچچە كۈن كورلىغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ چىقامسىلە يا؟

— ھازىر ئەمەس، ئۇ مىڭگىشتىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن شۇنداق قىلاي.

ئالماس كىتىدىغان كۈنلىرى يېقىنلاشقانسېرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى، كەچقۇرۇنلىرى مەززىلىك كۆمەچ كۆمۈپ يەپ، بىر ـ بىرى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— ئۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قېلىپ، بۇ يەردە ئىچىڭ پۇشۇپ قالامدىكەن؟ — دەپ سورىدى ئاپىسى چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ.

— ئاپا، ئۇ يەردە ھەقىقەتەن تۇرمۇشىمىز بەك ياخشى، سىنىپ، ياتاقلىرىمىز پارقىلىق، ئۇ دېگىنىمىز چويۇندىن ياسالغان، ئىچىگە سۇ كىرىدىغان، شۇ ئىسسىق سۇ بىلەن ئۆي ئىسسىيدىغان نەرسە. ھەممە يەر پاكىز، ئۆينىڭ ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق، كارىۋىتىمىز بار، ھەربىر ياتاقتا دۇش بار، ئىسسىق سۇ تەييار، ھەپتىدە نەچچە قېتىم يۇيۇنىمىز، شەھەرلىرى شۇنداق گۈزەل، چوڭ سودا سارايلىرى، ئاپتوبۇس، تىرامۋاي، تىرالليبۇسلار بار، ھەممە نەرسە تەل، ئوقۇش شارائىتىمىزمۇ ياخشى، بىراق سىلەرنى، مەن ئۆسكەن مۇشۇ يۇرتنى بەك سېغىنىمەن، سېنىڭ پىشۇرغان كۆمەچلىرىڭ، ئەتكەن ئۈجۈللىرىڭ تىلىمدا تۇرىدۇ، بىراق ئۇنى ئۇ يەرلەردىن سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، بۇ يەردىكى بېلىقنىڭ تەمى ئىككىنچى بىر يەردە يوق، ئانا. يۇرتۇمغا كېلىپ يەنە شۇ بالىلىقىم، غەمسىز ئۆتكەن چاغلىرىم ئېسىمگە كەلدى، دادام بېلىق تۇتقىلى

ماڭغاندا مېنى بىللە ئېلىۋېلىپ، بېلىق تۇتۇشقا سالاتتى. مېنى چاققان، باتۇر بولسۇن دەپ ئىش ئۆگىتەتتى. ھە راست، بىر قېتىم ئۆزۈم بېلىق تۇتىمەن دەپ قېيىق بىلەن كۆلگە كىردىم، بېلىق قارماققا ئىلىنغاندا ئالدىراپ كەتكەنلىكىمدىن ھەرىكىتىم قولاشماي، قېيىق ئۆڭتۈرۈلۈپ سۇغا چۈشۈپ كەتتىم، «ئانا!» دەپ ۋارقىرىدىم، سۇغا بىر چۆكۈپ، بىر لەيلىدىم، دادام نەدىن پەيدا بولدىكىن، مېنى كۆلدىن ئېلىپ چىققاندا، سەن يۇم - يۇم يىغلاپ مېنى باغرىڭغا بېسىپ: «ئالتۇنۇم، يېشىل كۆزۈم، سەن بولمىساڭ مەن قانداق ياشايتتىم، جېنىم بالام» دەپ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالغانىدىڭ. سەن ھەقىقەتەن ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ سۆيۈملۈك ئانا ئىكەنسەن، — دەپ ئاپىسىنىڭ قوللىرىنى سىلاپ، يۈزىگە يېقىپ تۇرۇپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئانا - بالا ئىككىيلەن بىر - بىرىنىڭ دىدارىغا قانماستىن قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى.

ئۇلارغا قاراپ دادىسىنىڭ ئىچى ئىللىق سېزىمگە تولدى.

— بالام، بىزدىن ئەنسىرىمە، بىز مانا مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، مۇشۇ يەردە ياشاش پېشانىمىزغا پۈتۈلگەن، سەن بولساڭ ئېسىل ئەلدە ئوقۇۋاتىسەن، بىلىم ئال، ھەرگىز زېھنىڭنى چاچما، بۇ سېنىڭ ئالتۇن دەۋرىڭ، ئالىم بولىدىغانغا ئۇل سالىدىغان دەۋرىڭ. سەن بىزنىڭ بىر تاللا ئوغلىمىز بولساڭمۇ، لېكىن ئون ئوغۇلنىڭ ئىشىنى قىلالايدىغان، ئىلىمنىڭ قويىنىغا كىرەلەيدىغان كېرەكلىك ئادەم بول، بۇ مېنىڭ ھەم ئاپاڭنىڭ ئۈمىدى. ساڭا كەلگەن بۇ ئامەت ھەممە ئادەمگە كېلىۋەرمەيدۇ، مەندەك بىر بېلىقچىنىڭ ئوغلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتىدۇ، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا سېنىڭ بەختىڭ، مېنىڭ بەختىم، مۇشۇ يۇرتنىڭ بەختى، بالام.

— دادا، ئاپا، ئۈمىدىڭلارنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن، — دېدى ئالماس ئاتا - ئانىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ.

# 23

ئالماس مەكتەپكە قايتىپ كەلگىلى بەش كۈن بولدى، ئۇ مەكتەپتە زۇلفىيەنى زادىلا ئۇچرىتالماي كۆڭلى غەش بولدى ھەم ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى ئۆزى بىلىپ - بىلمەيلا قىزنىڭ دەۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالدى، بىراق كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، كوچىنىڭ قارشى تەرىپىدە قاراپ تۇردى. بىردىنلا يولغا قاراپ تۇرىدىغان دېرىزىدىكى يىپەك پەردە قايرىلغاندەك بولۇپ يەنە يېپىلدى. كەچ بولدى، كوچا چىراغلىرى يېقىلدى، بىراق قورۇ ئىشىكىدىن ھېچكىم چىقمىدى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك، ھارغىنلىق بىلەن سالپايغىنىچە قايتتى، ياتاققا كىرىپلا يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىۋالدى. ئۇ مۇھەببەتنىڭ شۇنچە شېرىن ھەم ئازابلىق ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى، بۇرۇن شۇنچە ئازادە، شۇنچە ئەركىن پاراڭلىشىپ يۈرگەن قىز بىلەن ئارىسىدا بىر تام پەيدا بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىچى سىقىلدى.

كۈنلەر مانا شۇنداق غەشلىكتە ئۆتۈۋاتاتتى. بىر شەنبە كۈنى ياتاقنىڭ ئىشىكى چېكىلدى. ئالماس يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى - دە، ئالدىدا تۇرغان زۇلفىيەنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدى.

— كىرسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى زۇلفىيە ئالدىدا ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرغان ئالماسقا قاراپ.

شۇنىڭدىلا ئالماس ئۆزىگە كېلىپ، خۇشاللىق بىلەن:

— مەرھەمەت، — دېدى كەينىگە داجىپ.

— قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى زۇلفىيە ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرغاچ.

www.uyghurkitap.com

— يىگىرمە كۈن بولدى. سىزچۇ؟ مەكتەپتىمۇ كۆرۈنمەيسىز، ئۆيئىچى تىنچلىقتۇ؟

— تىنچلىق، بىزنى پىراكتىكىغا ئەكەتكەن، تۈنۈگۈن قايتىپ كەلدۇق، — دېدى زۆلفىيە، ئاندىن بىرپەس جىمىپ كېتىپ، — سىزنى ئەتە كەچكە ئۆيگە تاماققا تەكلىپ قىلىپ كەلگەنىدىم، — دېدى تارتىنىپقىنا.

— رەھمەت، چوقۇم بارىمەن، — دېدى ئالماس خۇشلۇقىنى يوشۇرماستىن.

زۆلفىيە خوشلىشىپ چىققاندا، ئالماس ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ قالدى ـ دە، بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا كەينىدىن يېتىشىپ ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويدى.

ئەتىسى ئالماس زۆلفىيەنىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ قايتىش ئالدىدا:

— كۆپ رەھمەت، تامىقىڭىز بەك ئوخشاپتۇ، — دېدى خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ.

قىز يىگىتكە قول ئۇزارتتى، ئۇ قىزنىڭ قولىنى تۇتتىمۇ ياكى چوغ تۇتتىمۇ بىلەلمىدى. ئىسسىق، يۇمشاق قولدىن ئۆتكەن بىر قىزىق سېزىم يۈرىكىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى، ئالماس زۆلفىيەنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن بىللە ماڭدى ـ دە، كېتىۋېتىپ قىزنى گۈللۈكتىكى ئورۇندۇقتا بىردەم ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ئالماس ئەتەيگە ئارىلىق قالدۇرۇپ ئولتۇردى ـ دە:

— يۈرىكىمدىكى سۆزۈمنى ئېيتىۋېلىشقا پۇرسەت بېرەرسىزمۇ؟ — دېدى.

زۆلفىيە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ پىسسىڭىدە كۈلدى، كۆزلىرىدە «قېنى سۆزلىمەمسىز» دېگەندەك ئىپادە ئەكس ئەتتى.

— زۆلفىيە، سىزنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىلا يۈرىكىمگە چوڭقۇر ئورناپ قاپتىكەنسىز، مانا ئىككى يىلنى چىداپ،

لېۋىمنى چىشلەپ ئۆتكۈزدۈم، ھازىر تاقىتىم تاق بولدى. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، بىراق سىزنى ھازىرلا جاۋاب بېرىشكە قىستىمايمەن، كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلدىم، مەيلى بىز ئاشىق ـ مەشۇق بولايلى، مەيلى دوست ياكى ساۋاقداش بولايلى، سىزدىن ئايرىلغۇم يوق. بۇ يىل تەتىلنى ئۆتكۈزۈش ماڭا شۇنچە تەس كەلدى، مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىزنى خېلى كۈنگىچە كۆرەلمەي ساراڭ بولغىلى تاس قالدىم...

ئالماسنىڭ كۆڭۈل ئىزھارىنى ئاڭلىغانسېرى زۇلفىيەنىڭ قۇلىقىدا بۇلبۇللار ناۋا قىلغاندەك، يىراقتىن دەريا سۈيى شىرىلداپ ئېقىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىۋاتقاندەك، يۈرىكى ئىسسىق ھارارەتتىن كۆيۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قاتتىق ھاياجانلاندى.

ــــ يۈرىكىڭىز نېمە دېسە شۇنى سۆزلەڭ، مۇھەببەتتە تىل سۆزلەيدۇ، يۈرەك سېزىدۇ ھەم مۇھەببەتكە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئويلىنىپ جاۋاب بېرىڭ، جاۋابىڭىزغا ئىنتىزارمەن، ــــ دېدى ئۇ ئاخىرىدا.

قىز ئۇنىڭغا قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى، ئاشۇ ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەن چېھرىدىن رازىمەنلىك نۇرلىرى تارايتتى. كەچكى شەپەق ئۇلارنىڭ چېھرىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

ئالماس كاستۇمىنىڭ يانچۇقىدىن بىر قىزىل قۇتىنى ئېلىپ:

ــــ زۇلفىيە، ۋەتەندىن سىزگە كىچىككىنە سوۋغات ئەكەلدىم، ياقتۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، ــــ دېدى قىزغا ئۇزىتىپ.

زۇلفىيە قۇتىنى ئېچىپ، قىزىل ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى كۆرۈپ:

ــــ بەك چىرايلىق ئىكەن، رەھمەت، ــــ دېدى.

ئالماس قىزغا يېقىن كېلىپ، ئۈزۈكنى قىزنىڭ نامسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارمىقىغا سىلىپ قويدى:
— سۆيگۈ ئۈزۈكى، قوبۇل قىلىڭ.
— ماڭا ۋاقىت بېرىڭ، بولامدۇ؟
— ماقۇل، جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن.
ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى، زۇلفىيە مەكتەپتە كۆرۈنمىدى، ئالماس ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى، بىراق كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ دېرىزىگە قاراپ تەلمۈرۈپ تۇردى. ئۇ دېرىزە پەردىسىنىڭ ئېچىلىشىنى، قىزنىڭ ئۇنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ ئالدىغا چىقىشىنى كۈتتى. بىردىنلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى ـ دە، سېمونت يول بىردەمدىلا سۇغا تولدى. كوچىدا ئالماستىن باشقا بىرمۇ ئادەم قالمىدى. ئۇ قەتئىي ئىرادە بىلەن تام تۈۋىدە شۈمشىيىپ تۇرىۋەردى. يېرىم سائەتتىن كېيىن يامغۇر پەسلەپ، ئاستا ـ ئاستا توختىدى ـ دە، ئاسمان گۈمبىزى ئاجايىپ قىزىللىققا تولۇپ، كەينىدىنلا ھەسەن ـ ھۈسەن كۆرۈندى، ئالماسنىڭ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كەتتى.
— ئاھ، يەتتە رەڭدىن ھاسىل بولغان چىرايلىق، خاسىيەتلىك ھەسەن ـ ھۈسەن، سەن تەبىئەتتىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يارقىن كۆرۈنۈش، ئانام سەن كۆرۈنگەندە نېمە تىلىسەڭ تىلىكىڭ ئىجابەت بولىدۇ دەيتتى، مانا ئەمدى بۇ پۇرسەت كەلدى. مەن ئاللادىن بىرلا ئىشنى — زۇلفىيەنى تىلەيمەن، ئۇنىڭ ھازىرلا ئالدىمدا پەيدا بولۇشىنى تىلەيمەن، ماڭا مەدەت بەرگىن...
ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر ئارقا ـ ئارقىدىن ئېيتىپ، زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن ھەسەن ـ ھۈسەنگە قاراپ تۇراتتى.
ھەسەن ـ ھۈسەننى كۆرۈش ئۈچۈن دېرىزىنى ئاچقان زۇلفىيە ئاسمان گۈمبىزىگە قاراپ قايچا بىلەن چېچىنى ئاززاق كېسىۋەتتى ـ دە:

— تەڭرىم، چاچلىرىمنى بوستاندەك، چىرايىمنى پەرىشتىدەك قىلغىن. ھەسەن - ھۈسەن، سېنىڭ ھۆسنۈڭگە ئاشىق بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن، سەندىن ئاجايىپ بىر تىلەكنى تىلەيمەن...

زۇلفىيەنىڭ سۆزى ئاغزىدىلا قالدى، ئۇ تام تۈۋىدە يامغۇرغا چىلىشىپ تۇرغان ئالماسنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ پەردىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كوچىغا چىقتى - دە:

— ئالماس، — دەپ چاقىردى.

بۇ ئاۋاز ئالماسنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانغان بولسىمۇ، خۇددى غايىبتىن كەلگەن ئاۋازدەك بىلىنىپ كۆزىنى يۇمۇپ تىلەك تىلەۋەردى.

— ئالماس، ئالماس، بۇياققا قارىسىڭىزچۇ.

ئۇ راستىلا زۇلفىيەنى كۆردى، زۇلفىيە ئۇنى ئۆز يېنىغا چاقىرماقتا ئىدى. ئۇ يۈگۈرۈپلا دەرۋازا ئالدىغا كەلدى.

— ياخشىمۇسىز، نېمىشقا يامغۇردا تۇرۇپ قالدىڭىز؟

— ھەسەن - ھۈسەننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ.

— ھەسەن - ھۈسەن باشقا جايدا كۆرۈنمەمدىكەن؟

— شۇنداق، مۇشۇ كوچىدا پەرىشتە بولغاچقا، ھەسەن - ھۈسەن مۇشۇ كوچىدىلا كۆرۈنىدىكەن، شۇڭا يامغۇردا تۇرۇپ تىلەك تىلىدىم.

— نېمىنى تىلىدىڭىز؟

— سىزنى، سىزنى ئالدىمغا چىقسىكەن، دەپ تىلىدىم، تىلىكىم ئىجابەت بولدى. نېمىشقا مەكتەپكە بارمىدىڭىز؟

— يۈرۈك، ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى.

— ياق، بۇ ئەپتىم بىلەن قانداق كىرىمەن.

— ئۆيدە ئاپام يوق.

ئالماس تارتىنىشىپ تۇرۇۋالدى، بىراق زۇلفىيەمۇ بوش كەلمىدى.

www.uyghurkitap.com

— سىزنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىڭىز ماڭا ئايان، بۇ يەردە تۇرۇش بىئەپ، ئۆيگە كىرىپ بىر پىيالە چاي ئىچىپ كېتىڭ.

ئالماس ئۆيگە كىردى، مېھمانخانا ئۆي كەڭرى، تاختايلىق بولۇپ، چوڭ شىرەگە لوڭقىغا سېلىنغان بىر دەستە گۈل قويۇلغان، ئۆي شۇنچە سەرەمجان، پاكىز، ئازادە ئىدى.

زۇلفىيە چاقچاقلىق بىلەن چاي دەملەپ چىقتى.

— قېنى، چاي ئىچىڭ.

— رەھمەت.

زۇلفىيە بۈگۈن ئالماسقا شۇنچىلىك خۇشخۇي مۇئامىلىدە بولدى، ئۆزىگىمۇ پىيالىگە چاي قۇيغاندىن كېيىن:

— نەچچە كۈندىن بېرى قاتتىق قىزىپ يېتىپ قالدىم، شۇڭا مەكتەپكىمۇ بارالمىدىم، بۈگۈن ئارانلا ئورنۇمدىن تۇرغانىدىم، سىزنى كۆرۈپ ھەم ھەيران بولدۇم، ھەم خۇش بولۇپ سەللىمازا ساقايغاندەك بولۇپ كەتتىم، — دېدى.

— مەنمۇ شۇ بىر تۇرۇپ سىزدىن، بىر تۇرۇپ ئاپىڭىزدىن ئەنسىرىدىم، ئاغرىپ قالغان چېغى دەپ ئويلىدىم.

— رەھمەت، توغرا ئويلاپسىز.

زۇلفىيە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى ـ دە، بىردەمدىلا بىر لېگەن نېرىن، نوقۇت سېلىنغان ئىسسىق شورپا كۆتۈرۈپ چىقتى. ئىككىيلەن تازا مەززە قىلىپ تاماق يەپ ئولتۇرغاندا، توساتتىن تېلېفون جىرىڭلاپ كېتىشۇدى ھەر ئىككىسى جىددىيلىشىپ قالدى.

— ئالۇ، مەن، ئاپا، ماقۇل، ھەممىنى تەييارلاپ قويدۇم، ئەمىسە ھېلى كۆرۈشەيلى.

ئالماس زۇلفىيەنىڭ ئاپىسىدىن تېلېفون كەلگەنلىكىنى بىلدى ـ دە:

— ئاپىڭىز خىزمەتنى بەك جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدۇ ـ ھە؟ — دېدى.

— ھەئە، ئۇ ھازىر زاۋۇتنىڭ دىرېكتورى، بۇ زاۋۇت قارىمىقىدا بەش يۈز نەچچە خىزمەتچى بار، ئون نەچچە تارماق كېيىم تىكىش ئورۇنلىرى بار. ئۇ بەك چىدامىلىق، شۇنچە چوڭ زاۋۇتنى خۇددى ئۆيدە مېنى باشقۇرغاندەك باشقۇرىدۇ، بۇ يىل تېخى موسكۋاغا ئىلغارلار يىغىنىغا بارماقچى بولۇۋاتىدۇ.

— راست، ئاپىڭىز ھەقىقەتەن قابىلىيەتلىك ئىكەن، سىزمۇ ئاپىڭىزنىڭ قىزىدە ئاخىر، شۇڭا غەيرەتلىك سىز. تامىقىڭىز بەك ئوخشاپتۇ، كۆپ رەھمەت، مەن ماڭاي، — دېدى ئالماس ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بەك ئالدىراپ ماڭدىڭىزغۇ؟

— ئاپىڭىز كېلىپ قالسا سەت بولىدۇ، ئەته مەكتەپكە بارامسىز؟

— ياق، دۈشەنبە كۈنى باراي، يوقلاپ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت.

— ياخشى دەم ئېلىڭ، خوش ئەمىسە، بولدى، ئۇزاتماڭ، — دەپ ئالماس قايتىپ چىقتى.

## 24

زۇلفىيە مەكتەپكە كەلگەن بولسىمۇ، ئالماس بىلەن ئادەتتىكىچە پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭغا ئايرىم تۇرۇش ياكى سۆزلىشىش پۇرسىتى بەرمىدى، راستىنى ئېيتقاندا، زۇلفىيەمۇ ئۇبدان ئويلىنىشى كېرەك ـ دە. باشقا ئىشلارنى دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ باشقا دۆلەتنىڭ پۇقراسى ئىكەنلىكىنى ئويلىشىشى كېرەك. ئۇ داۋاملىق بۇ يەردە قالالامدۇ؟ بىر ئويلىسا بۇ يەرگە ئوقۇشقا ياكى خىزمەتكە كېلىپ، توي قىلىپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇۋاتقانلارمۇ كۆپقۇ، چۈنكى مۇھەببەتنىڭ دۆلەت

چېگراسى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە توي قىلىپ بالىلىق بولۇپ تۇرۇپ ئوقۇۋاتقان ئىستۇدېنتلارنىڭ، ئوقۇشى بىلەن نىكاھ تۇرمۇشى بىر - بىرىگە زىت كېلىپ قالمىدىغۇ. بىراق، ئەڭ مۇھىم مەسىلە شۇكى، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەمدۇ، يوق؟ ئۇ بۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالىغاندىلا، ئاندىن ئالماسقا ماقۇللۇق بىلدۈرىدۇ. ئۇ خېلى كۆپ ئويلاندى، ئويلانغانسېرى ئىچى پۇشتى، چۈنكى دۇنيادا كەلگۈسىنى، كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشنى ئالدىن بىلەلەيدىغان، تەقدىرىنى جەزم قىلالايدىغان ئادەم يوق، بار دېگەندىمۇ ئۇنى يەنىلا شۇ ۋاقىت ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

يەكشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان «شەرق ئانسامبىلى»نىڭ كونسېرت كېچىلىكىگە ئىككى بېلەت ئالغان ئالماس ئۇنى ئىزدەپ كەلدى. زۇلفىيەمۇ خۇشاللىق بىلەن بېرىشقا ماقۇل بولدى.

شۇ كۈنى زۇلفىيە ئالاھىدە ياسىنىپ، ئۇچىسىغا كەڭ ئېتەكلىك سېرىنگۈل رەڭگىدە گىرىپ كۆڭلەك، پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق باسنۇشكا كىيىپ، بېلىگە چۈشكەن چېچىغا سېرىنگۈل رەڭگىدە تاۋار لېنتا چېگىپ چىقتى، ئۈستىبېشىدىن «كىراسنى موسكۋا»[1]نىڭ پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇراتتى.

ئالماس ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان قىزغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى.

— مەن كەلدىم، — دېدى زۇلفىيە خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ.

— بىر چىرايلىق قىز ئىككى چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز.

— رەھمەت.

ئىككىيلەن ئاسفالت يولدا پاراڭلاشقاچ مېڭىشتى.

— مەن سۆزۈمدىن قايتمايمەن، — دېدى ئالماس كېتىۋېتىپ، — ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئويلانغىنىڭىز

---

① «گۈزەل موسكۋا» ماركىلىق ئەتىر.

ياخشى، توغرا، بىز ئىككى دۆلەت ئادىمى، بىراق مۇھەببەتنىڭ چېگراسى يوق، بۇنىڭغا مېنىڭمۇ ئىلاجىم يوق، چۈنكى سىزنى چىن دىلدىن ياخشى كۆرۈپ قېلىشىمنىڭ ئۆزىلا بۇ پاكىتنى ئىسپاتلىدى. بىز دوست، چېگراداش دۆلەتتىنغۇ، قايسى جايدا تۇرساق، قەيەردە ياشىساق بولىۋېرىدۇ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىڭ، بىرىپ ـ كېلىپ تۇرىمىز.

زۇلفىيە ناھايىتى خۇشخۇيلۇق بىلەن يىگىتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتقان بولسىمۇ، بىراق يەنە بىر مەسىلىنى ئويلاپ قالدى.

— دېگەنلىرىڭىز توغرا، — دېدى ئۇ، — بىراق ئىككىلىمىز يالغۇز پەرزەنت ئىكەنمىز، ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە، يالغۇز ئوغۇلنىڭ بېشىدا ئىش كۆپ بولىدىكەن، مەجبۇرىيىتىمۇ، مەسئۇلىيىتىمۇ ئېغىر ئىكەن، مەنمۇ مانا مۇشۇ تەرەپلەرنى سەل ئويلاپ قالدىم.

— مېنى ياخشى كۆرەمسىز، ئاۋۋال شۇنىڭغا جاۋاب بېرىڭ، مەن ھەرگىز سىزنى مەجبۇرلىمايمەن، ئەگەر ياخشى كۆرسىڭىزلا قالغان ئىشلار ئۆز يولىدا ھەل بولىدۇ.

— مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن، كۆزۈمگە شۇنداق ئىللىق كۆرۈنىسىز، بىرەر كەمچىلىكلىرىڭىزنىمۇ كۆرمىدىم، ئەگەر ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ۋەتەنگە قايتسىڭىز، مەن ئاپامنى تاشلاپ سىز بىلەن بىللە كېتەلمەيمەن، ئاپام يالغۇز قالسا بولمايدۇ، شۇنداق بولغان تەقدىردە كېيىنكى ئىشلارنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس، مەن مانا مۇشۇ ئىشلارنى، ئاپامنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئويلاۋاتىمەن... — زۇلفىيە ئۆپكىدەپ يىغلىغۇدەك بولۇپ كەتتى.

زېمىنغا قاراڭغۇلۇق پەردىسى ئاستا ـ ئاستا يېيىلدى، مەخمەلدەك تىنىق، يۇلتۇزلۇق ئاسمان قەرىدە ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي پارقىراپ تۇراتتى. ئالماس قىزنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتتى:

— زۇلفىيە، جېنىم.

زۇلفىيە ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئالماسقا مۆلدۈرلەپ

قاردى، ئاندىن يۈزىنى يىگىتنىڭ كۆكسىگە قويۇپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدى.

ــ زۇلفىيە، نىمە بولدىڭىز؟ مەندىن رەنجىپ قالدىڭىزمۇ؟

قىز ئۈن ـ تىنسىز تۇرىۋەردى. يىگىت قىزنىڭ ئىللىق مېھرىدىن ھۇزۇرلىنىپ، قىزنى نازۇك بەلكىسىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتىپ، ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزىگە، كۆزلىرىگە سۆيدى. قىز تېخىچە ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ئىدى.

ئۇ قىزنى قۇچاقلىغان پېتى خىيالغا ئەسىر بولدى. ھايات نېمىدېگەن غەلىتە نەرسە ـ ھە؟ ئۇ نېمىشقا قىز قەلبىدىكى مېھرنى، ئۆزىگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەتنى بالدۇرراق سەزمىدى؟ نېمىشقا قىز قەلبىدە ساقلانغان پاك، غۇبارسىز تۇيغۇلارنى ئەزىزلىمىدى؟ مېھر ـ مۇھەببەت نەقەدەر كۈچلۈك ـ ھە، ئۇ قەلبلەرنى ئېرىتىۋېتىشكە قادىر ئىكەنغۇ؟ توغرا، سەمىمىي، ساپ مۇھەببەتتىم بىلەن ئۇنى ئاخىر يېڭىمغا ئەكېلىمەن...

ــ زۇلفىيە، ــ دېدى ئالماس كۆڭلى نۇرغا تولغاندەك ياير اپ، ــ يىغلىماڭ، بولامدۇ؟

ــ ھەممىنى قىلغان سىز، ــ دېدى زۇلفىيە ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئەركىلەپ قاراپ، ــ نېمىشقا كۆڭلىڭىزنى ئىزھار قىلماي، باشقىلارغا يول بېرىسىز؟ بولمىسا...

قىز يىگىتنىڭ كۆكسىگە باش قويدى.

ــ مەن ئۆزۈمگە ئىشىنەتتىم، بىراق...

ــ نېمە بىراق، مېنى شۇنچە كۆپ تويلۇق سېلىپ، سىزنى يەرگە قارىتىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟ ئۇ مىنىستىرنىڭ ئوغلى، مەن بولسام بېلىقچىنىڭ ئوغلى دېگەن بىمەنە خىياللارنى قىلغانمىدىڭىزيا؟ ھەممىنى قىلغان سىز.

ئالماس قىزنىڭ ئاتەشتەك مېھرى، بولاق سۈيىدەك ساپ

مۇھەببىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى شۇنداق قاتتىق قۇچاقلىدىكى، قىز تىن ئالالماي قالدى.

— شۇڭا ماڭا جاۋاب بەرمىدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، يىگىت دېگەندە غەيرەت بولمىسا، ئۆز سۆيگۈسىگە بولغان ئىشەنچ بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ شۇڭا سىزگە جاۋاب بېرىشتىن باش تارتتىم، بوپتۇمۇيا؟

ئالماس مۇلايىملىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇلار قولتۇقلىشىپ ماڭغاچ، شېرىن خىياللارغا چۆمۈپ، يول تۆپىسىدىكى ئىستولبا يېنىغا كېلىشتى.

— قەدىرلىكىم زۇلفىيە، قۇرۇسۇن شۇ تارتىنچاقلىقىم، قۇرۇسۇن شۇ كىچىك پېئىللىقىم، ھاياتلا بولسام سىز نەدە بولسىڭىز مەن شۇ يەردە بولىمەن، سىزنى ھېچقاچان يالغۇز قويمايمەن، سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن.

قىز ئويلىنىپ قالدى... مېنى قىزلىق ئۇيقۇمدىن ئويغاتقان مۇھەببەت، مېنى شېرىن خىياللار ئالەمىگە، يىگىتنىڭ مۇھەببەت قەسرىگە باشلاپ كىرىپ، ھاياتنىڭ يېڭى بىر كۈنى، يېڭى مەنزىلى ئۈچۈن سىگنال چالغان مۇھەببەت، سەندىن سوراي، مەڭگۈلۈكنىڭ چېكى بارمۇ؟ ياق ! مەڭگۈلۈك بولىدىغان ھېچ نەرسە يوق، ئىنسانمۇ، ھاياتمۇ، دۇنيامۇ مەڭگۈلۈك بولمايدۇ...

— تەلىپىمنى قوبۇل قىلدىڭىزمۇ، جېنىم، مەن جاۋابىڭىزغا بەك تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتىمەن، يۈرىكىم كۆكرەك قەپىسىدىن چىقىپ كېتەي دەۋاتىدۇ، مېنى قىينىماڭ، مەيلى ياق دېسىڭىزمۇ دەڭ، مەن بەك تەقەززا بولۇپ كەتتىم، — دېدى يىگىت ھاياجانلىنىپ.

— تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلدىم، مېنى سۆيسىڭىزلا كۇپايە.

— رەھمەت، «يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن يانماس»

دېگەن گەپ بار، ھەرگىز ۋەدەمدىن يانمايمەن، سىزنى ئەبەدكە سۆيىمەن.

— ئەمىسە ۋەدىمىز ۋەدە.

— شۇنداق، ۋەدىمىز ۋەدە.

— ئەگەر تۇرمۇشىمىزدا يامان كۈنلەر بولۇپ قالسىچۇ؟

— ھەممىگە بەرداشلىق بېرىمەن.

— ئەگەر مەن ئاغرىپ سىزگە يۈك بولۇپ قالسامچۇ؟ مېنىڭ ھاياتىم سىزدىكى بىرەر ئەزاغا ھاجەتلىك بولۇپ قالغاندىچۇ؟...

قىز يىگىت ئويلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى.

— ئەگەر شۇنداق كۈنلەر بولۇپ قالسا، ھېلىغۇ بىرەر ئەزا ئىكەن، سىز ئۈچۈن جان بېرىشتىنمۇ يانمايمەن، سىز مېنىڭ بارلىقىم، قەدىرلىكىم، ماڭا ئىشىنىڭ...

يىگىت قىزنىڭ نۇرانە كۆزلىرىگە قارىدى، تىترەۋاتقان لەۋلىرىگە تەلمۈردى، پۈتۈن جىسمى ئوت بولۇپ ياندى. قىزنى قولىدىن تارتقىنىچە يول چېتىدىكى گۈللۈككە ئەكىرىپ، چىنار دەرىخىنىڭ كەينىدە باغرىغا چىڭ باستى، ئوتلۇق لەۋلىرىگە سۆيدى...

قىز شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى، بۇ چۈشنىڭ ئۇزاقراق داۋاملىشىشىنى ئارزۇ قىلىپ يىگىتكە تاشلاندى. يىگىت گويا مۇشۇ كۈننى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقاندەك ئۆزىنى ئىنتايىن بەختىيار، شۇنچە مەغرۇر ھېس قىلدى، شۇ شادلىق ئىچىدە پىچىرلىدى:

— مەنمۇ سىزنى سۆيىمەن، سىزگە مەڭگۈ سادىق بولىمەن.

— رەھمەت، جېنىم، سىزنىڭ سۆيگۈ ھارارىتىڭىز مېنىڭ يۈرىكىمنى، ياشلىقىمنى ياشارتىدۇ. مەن ئاخىر سىزگە يېتىشتىم، ئاخىر...

يىگىت ـ قىز مۇھەببەتىنىڭ ئوت يالقۇنلىرىدا كۆيۈپ، يۈرەكلىرى ئوزۇق ئېلىپ بارا ـ بارا ئېپسىگە كەلدى، بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى. زۇلفىيە خىجىل بولۇپ لېۋىنى چىشلىدى.

ـــ چاققان بولۇڭ، كونسېرتقا كېچىكىپ قالىمىز، ـــ دېدى زۇلفىيە سائىتىگە قاراپ، بىراق ئالماس كۈلۈپ تۇرۇپ:

ـــ سىزلا يېنىمدا بولسىڭىز، ماڭا كونسېرتىنىڭ لازىمى يوق، ـــ دېيىشىگە، قىز ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپلا ئېلىپ ماڭدى. ئىككىيلەن قول تۇتۇشۇپ كۈلۈبقا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە كۈلۈب ئالدىدا بىرمۇ ئادەم قالمىغانىدى.

كۈلۈب ئىچىدىكى چىراغلار ئۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلار ئاستا مېڭىپ ئۆز ئورنىنى تېپىپ ئولتۇردى، سەھنىدە ئايتۇرغان خانىم ناخشا ئېيتىۋاتقان ئىدى. ئۇ ئۇزۇن دوخاۋا كۆڭلەك كىيگەن، چاچلىرىنى پاسون چىقىرىپ ئېگىز تۇرۇۋالغان بولۇپ، ئاۋازى شۇنداق يېقىملىق، لىرىك ئىدى.

كاككۇك ئاشىقى زەينەپ،
بىرى باغدا، بىرى تاغدا.
كاككۇك سايرىغان چاغدا،
مەن يارىم بىلەن باغدا.

زال ئىچىدە ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى.

كاككۇكلار كېلىپ قوندى
ياشارغان تېرەكلەرگە.
يارىمنى كۆرۈش بىلەن
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.

يەنە چاۋاكلار كۆتۈرۈلۈپ، ئارقا ـ ئارقىدىن گۈلدەستىلەر

سۈنۈلدى...

ئالماس بىلەن زۈلفىيە باشتىن ــ ئاخىر بىر ــ بىرىنىڭ يۈرەك سۆزلىرى ئۇچۇن ھاياجان بىلەن ئولتۇرۇشتى. زۈلفىيەنىڭ تاتلىق سۆزلىرى، شېرىن كۈلكىسى، نازاكەتلىك قاراشلىرى يىگىتنى ئالەمچە شادلاندۇردى، مانا بۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ بەختلىك قەدىمى، مانا بۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ پەيزى، ئەڭ شېرىن مىنۇتلىرى، ئەگەر ھاياتتا مۇشۇنداق مۇھەببەت، شادلىق، بەخت ــ سائادەت بولمىغىنىدا، بەلكى كىشىلەر بەختنىڭ نېمىلىكىنى مەڭگۈ بىلمەس ئىدى...

ئالماس ئويۇن كۆرگەچ سۆزلەيتتى، پىچىرلايتتى، قىز خۇددى بىھوش ئادەمدەك ئۆزىنى يوقىتىپ قويياتتى، ئۇنىڭ خىياللىرى چەكسىز گۈزەل ئالەمدە، زېمىندا، كۆكنىڭ قەرىدە، تاغ ــ دەريالاردا، چەكسىز يايلاقلاردا، كۆپكۆك دېڭىزلاردا سەيلە قىلماقتا، بەخت قويىنىغا ئۇچماقتا، ئۇچقانسېرى ئۆزىنى پەيدەك يەڭگىل سەزمەكتە ئىدى.

ئىككىيلەن كونسېرتتىن چىقىپ يولدا قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ بىر ــ بىرىدىن زادىلا ئايرىلغۇسى يوق ئىدى، زۈلفىيە بىردىنلا ئاپىسىنى ئويلاپ جىددىيلىشىپ قالدى ــ دە:

ــــ مەن قايتاي، ئاپام يولۇمغا قاراپ تۇرىدۇ، ــــ دېدى.

ئالماس زۈلفىيەنى ئۆيىنىڭ ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويۇپ كەينىگە ياندى. ئۇ بۈگۈن يىگىتلىك غەيرىتى بىلەن قىزغا تەلەپ قويۇپ غەلىبە قىلدى، ئۇنى باغرىغا بېسىپ مۇراد ــ مەقسىتىگە يەتتى. ئۇ ئىشق ئوتىنىڭ تەپتىدە كۆمەچتەك بولۇپ ياتىقىغا قاراپ ماڭدى، بىراق ھاياجىنى بېسىلمىدى، بۇ خەيرلىك ئىشنى ۋاقىت ــ سائىتىدە قىلغانلىقىدىن مەغرۇرلاندى.

«ئاھ دىلبىرىم، سېنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىڭگە باققىنىمدا يۈرىكىمدىكى مۇھەببىتىم گۈلخان بولۇپ ياندى، ئەنە شۇ چاغدىلا سېنىڭ كۆزلىرىڭدە مۇھەببەت ئۇچقۇنى چاقنىدى.

سەنمۇ ماڭا مايىل ئىكەنسەن، بۇنى ئەنە شۇ مىنۇتلاردا بىلدىم. بىز سۆيگۈ گۈلخانىدا ئوت بولۇپ ياندۇق، سەن شىرىن كۆلكەڭ، تاتلىق تەبەسسۇملىرىڭ بىلەن يارىلانغان قەلبىمگە شادلىق بېغىشلىدىڭ، مەنمۇ سېنى ئۇلۇغلايمەن، سېنى سۆيىمەن، مەڭگۈگە قەدرىڭنى قىلىمەن...»

بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق شۇ كۈنى ئۆزلىرىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم دەپ ھېسابلاشتى، بىراق بەختنىڭ ئۇنچە ئاددىي ئەمەسلىكىنى، ھاياتلىقتا ئەگرى - توقاي يوللارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى تېخى ھېس قىلالمايتتى.

## 25

كەچقۇرۇن تاماقتىن كېيىن، زۇلفىيە ئۆزاقتىن بۇيان ئاپىسىدىن سوراپ، جاۋابىنى ئالالمىغان ئىشنى بوگۈن چوقۇم ئېنىقلاش ئويىغا كەلدى - دە، ئاپىسىغا ئەركىلەپ تۇرۇپ:

— ئاپا، ئىككىمىز چاي ئىچكەچ ئازراق مۇڭدىشايلىچۇ، ماقۇل دېگىنە، — دېدى.

رەيھان قىزىنىڭ نېمىنى سورايدىغانلىقىنى، ئۇزاقتىن بېرى تېگىگە يېتەلمىگەن سىرنى ئېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئىچ - ئىچىدىن ئۇھ تارتىپ قىزىغا قارىدى، قىزىغا ھېچنېمىنى ئېيتقۇسى بولمىسىمۇ، ئىلاجسىز ماقۇل دېگەندەك باش لىڭشىتتى.

— ئاپا، مېنىڭ دادام توغرىسىدا بىلگۈم بار، — دېدى زۇلفىيە گەپنى ئوچۇقلا قىلىپ، — مەن دادامنى پەقەتلا كۆرمىدىم، زادى دادام بارمۇ؟ بولسا نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەيمەن، ئېيتقىنا جېنىم ئاپا، خوش بولۇپ كېتەي.

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟

www.uyghurkitap.com

— ئاپا، نېمانداق قىزىق گەپ قىلىسەن، ئويلىمامسەن؟ مەنمۇ ئەمدى كىچىك ئەمەس، بۇ يىل ئون يەتتىگە كىردىم، دادام بىلەن سىڭىلىمنىڭ تۇرمۇشۇڭ توغرىسىدىكى ئىشلارنى چوقۇم بىلىشىم كېرەككۇ، مەندىن بىرەرى سوراپ قالسا نېمە دەيمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ فامىلەم خوجايېۋا، بۇ ئالىم بوۋامنىڭ ئىسمىغۇ، نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ سەن دادامنى ئېتىراپ قىلمامسەن؟

— سېنى ئازابلانمىسۇن دەپ ئېيتمىغانىدىم، دادىڭ سەن كىچىك چاغدىلا قۇربان بولغان.

— نېمە؟

زۇلفىيە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، لەۋلىرى تىترەپ، چولپاندەك كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

— شۇنچە يىلدىن بېرى مېنى ئالداپ كەلگەنىمىدىڭ، ئاپا، ياكى هازىر ئالداۋاتامسەن؟ ئاپا، گەپنى ئېلىپ قاچمىغىن، مەن بەكلا قايمۇقۇپ قالدىم، بۇ گەپلىرىڭ...

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى، بىراق چىرايىدىن ناهايىتى رەنجىگەنلىكى ئەكس ئەتتى.

— سورىغانلارغا دادام ئىنقىلابتا قۇربان بولغان دېسەڭ بولىدۇغۇ.

— قاچان، قايسى ئۇرۇشتا، نەدە قۇربان بولغان، ئېيتقىنا، بۇنىڭ يوشۇرىدىغان، ماڭا ئېيتمايدىغان نېمىسى بار؟

زۇلفىيە ئاپىسىنى ناهايىتى چىڭ يەردىن تۇتتى. رەيھانىنىڭ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشى ئىنتايىن مۇشكۈل ئىدى.

— بولدى سورىما، سېنىڭ داداڭ يوق، — دېدى ئۇ ئاخىر زەردە بىلەن.

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ سەن مېنى يەرگە تېرىپ ئۈندۈرۈۋالمىغانسەن، مەن ئوتياش ياكى ئاشلىق ئەمەس، مەن بىر ئىنسان، دادىسىز بالا نەدىمۇ دۇنياغا كەلسۇن؟ ئاپا، جېنىم

ئاپا، مەن ھېچقاچان ساڭا بۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلمىغانىدىم، خاپا بولمىغىن، بىراق چوقۇم بۇ ئىشنى ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك، مەن بۇلارنى بىلمىسەم بولمايدۇ، دادام زادى كىم؟ نېمىشقا مەن رەسىدە بولغۇچە ئۇنى كۆرمەيمەن، ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپلا بىلسەم بولمايدۇ ـ دە.

ئانا خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتتى، ئارقىدىن كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى، يۈزىدىكى ياشلىرىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتتى ـ دە:

— ئۇلارنى دېسەم ساڭا نېمە پايدىسى بار؟ — دېدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، مەن ھېچ پايدا كۆزلىمەيمەن، دادامنىڭ سېنى نېمىشقا شۇنچە يىلدىن بېرى تاشلاپ كەتكىنىنى بىلگۈم بار، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپمىسام زادى بولمايدۇ.

ئانا قىزىنىڭ سۆزىدىن بەكلا رەنجىدى، بولۇپمۇ «تاشلاپ كەتكەن» دېگەن سۆزى بەك ئېغىر كەلدى ـ دە.

— سەن داداڭنىڭ مېنى تاشلىۋەتكىنىنى قانداق ئۇقتۇڭ، يۈرىكىڭ بەك قاتتىق ئىكەن، يارامنى تاتىلاپ نېمە قىلاتتىڭ؟ — دېدى رەنجىگىنىنى يوشۇرماي، ئاندىن ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ دېدى، — قىزىم، تۇرمۇش دېگەن بەك رەھىمسىز ئىكەن، ھاياتلىقتا ھەر خىل ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن، مەنمۇ توي قىلغان ۋاقتىمدا بۇنداق بولارىنى زادىلا بىلمەپتىكەنمەن، ساڭا نېمە دېيىشىمنىمۇ بىلەلمەيۋاتىمەن.

— ئاپا، راستىنى دەۋەتكىنە، دادام زادى ھاياتمۇ ياكى راست سېنىڭ دېگىنىڭدەك قۇربان بولغانمۇ؟ ياكى باشقا شەھەردە ئۆيى، باللىرى بارمۇ؟

— ئۇ ھايات بولغان تەقدىردىمۇ بەربىر سېنى تونۇمايدۇ.

— نېمە؟ — زۇلفىيە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — ئاجايىپ گەپ قىلىدىكەنسەنغۇ، مەن ئۇنىڭ قىزى تۇرسام

نېمىشقا مېنى تونۇمىغۇدەك؟ ئاڭلىسام، دادام مۇشۇ تاشكەنت شەھرىدە ئىكەن، نېمىشقا بۇلارنى مەندىن يوشۇرىسەن، سەندە چوڭ خاتالىق ئۆتۈلگەن ئوخشىمامدۇ؟ سەن ئۇنى ئېتىراپ قىلمامسەن ياكى ئۇ سېنى ئېتىراپ قىلمامدۇ؟

— ھەر ئىككىسى ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشى، رەنجىمە ئاپا، كونا يارائىنى تاتىلاپ قويغىنىم ئۇچۇن مېنى كەچۈرگىن، بىراق سوئالىمغا جاۋاب بەرمىسەڭ زادى بولمايدۇ.

رەيھانىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلدى. خىيال دېگەن شۇنداق ئۇچقۇر نەرسە ئىكەن، بۇرۇنقى ئىشلار كۆز ئالدىدا ھازىر بولۇۋاتقان ئىشتەكلا زاھىر بولدى.

*　　*

رەيھان ئېرىنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق «قارا خەت» تاپشۇرۇۋېلىپ بىر يىلدىن كېيىن قىزى زۇلفىيەنى ئېلىپ، تاشكەنت شەھرىگە تاغىسى مامۇتقارىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇردى، كېيىن مەۋلان خوجايوف ئائىلىسىدە ئىشلىدى. زۇلفىيە ئون ياشقا كىرگەن كۈنلەردە، ئۇ تاشكەنت ئاپتوبۇس بېكىتىدىن كېلىۋاتقاندا بىر ماشىنا ئۇنىڭ يېنىدىلا توختاپ، شوپۇر ئۇنىڭغا:

— خانىم، سىزنى بىرى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى.

ئۇ ئەتراپىغا قاراپ تونۇش چىراي ھېچكىمنى كۆرەلمەي ئۇنىڭدىن سورىدى:

— كىمكەن مېنى چاقىرغان.

— مانا ماۋۇ ماشىنىدا، قېنى ماشىنىغا چىقىڭ.

— مەن ناتونۇش كىشىنىڭ ماشىنىسىغا چىقمايمەن.

— بۇ مەن رەيھان، ماشىنىغا چىقىڭ.

نەقەدەر تونۇش ئاۋاز ـ ھە؟ ئۇ كابىنكىغا قارىدى ـ دە، بىردىنلا بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ كۆرگىنى راستتىنلا ئېرى ئابدۇراخمان ئوسمانوف ئىدى. ئۇ شۇنچە يىلدىن بېرى نەلەردە يۈرگەن بولغىيدى؟ قانداق بولۇپ بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالدى؟

شوپۇر بىلەن ئابدۇراخمان ئوسمانوف ئۇنى يۆلەپ ماشىنىغا ئېلىپ چىقتى ـ دە، ئاددىيغىنا بىر مېھمانخانىغا ئەكەلدى. رەيھان ئېسىنى بىلگەندە ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— بۇ راستتىنلا سىزمۇ؟ — دېدى ئاخىر رەيھان كۆزلىرىگە ئىشەنمەستىن.

ئابدۇراخمان ئوسمانوف بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقا قۇربى يەتمىگەندەك، ئۇنىڭغا ھەسرەت ۋە سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى.

— سىزنى كۆردۇم، بەك خۇش بولۇپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئېغىر تىنىپ.

— شۇنچە يىلدىن بېرى نەلەردە يۈردىڭىز؟

— رەيھان، مەن سىزدىن ئايرىلىپ ئۇرۇشقا كەتتىم، يول بويى يۈرىكىم سىقىلىپ، كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى، سىزنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇمىدىم، بەك سېغىنىپ كەتتىم، شۇنىڭ بىلەن ...

— ئۇرۇشتىن قېچىپ كەلدىم دەڭ، — دېدى رەيھان غەزەپ بىلەن.

— مەن ئۇنداق قاچاق ئەسكەر ئەمەس، مەن ئۇرۇشنىڭ ئەڭ كەسكىن جايلىرىدا ئۇرۇشقا قاتناشتىم. 1943 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىدا بىز سوۋېت ئارمىيەسى گېرمانىيە ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ دنېپر دەرياسى مۇداپىئەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، كىيېفقا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى باشلىدۇق. مۇستەھكەم ئىستىھكام ۋە دولقۇنلۇق دنېپر دەرياسىنىڭ سۈيىدىن ئىبارەت تەبىئىي توسۇق بىلەن مۇستەھكەم مۇداپىئەلەنگەن گېرمان

www.uyghurkitap.com

فاشىستلىرى دەريا يۈزىنى يامغۇردەك پىلىموت ئوقلىرى ۋە زەمبىرەك ئوقلىرىغا تۇتۇپ، سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ قارشى قىرغاقتا ئۆتۈشكە قەتئىي يول قويمىدى. ئەنە شۇنداق ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە بىز يىگىرمە بەش جەڭچى قولۋاق بىلەن دەريادىن ئۆتۈشكە تەۋەككۈل قىلدۇق. پىلىموت ئوقلىرىنىڭ يامغۇردەك تاراسلاپ چۈشۈشى، توپ ئوقلىرىنىڭ دەھشەتلىك پارتلاشلىرى ئىچىدە ئاخىر دەريادىن ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ مۇداپىئە توسۇقلىرىنى ئىشغال قىلىپ دۈشمەنگە ئوت ئاچتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر سوتكا ئىستىھكامنى قوغداپ، پۈتكۈل باتالىيوننىڭ دەريادىن ئۆتۈۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. باتالىيون دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن دەريا بويىدىكى دۈشمەنلەرنى يوقاتتۇق. مەن ئېغىر يارىلاندىم، شۇنداق بولسىمۇ سەپتىن قالماي ئىلگىرىلىدىم، يەنە بىر جەڭچى بىلەن ئىككىمىز ئون ئىككى نەپەر نېمىس ئەسكەرنى ئەسىرگە ئېلىپ كېتىۋاتىمىز، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، پۇتلىرىم كالۋالىشىپ بىر چامدام ماڭغۇدەك ھالىم قالمىدى، بىز قانچىلىك يول ماڭدۇق بىلمەيمەن، بىر ۋاقىتتا پولك كوماندىرى خېلى يىراقتىن كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى، مەن ئەنە شۇ چاغدىلا يەرگە يىقىلدىم. كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا ئۆزۈمنى دوختۇرخانىدا كۆردۈم. كۆزۈمنى يۇمسىلا ئۇرۇش مەيدانى، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار، پارتلاۋاتقان بومبىلار، ئىگراپ ياتقان جەڭچىلەر كۆز ئالدىمغا كېلەتتى...

مەن ھەربىي سەپتىن قايتىپ ئۈچىنچى يىلى سىر دەرياسى بويىغا بېرىپ سىزنى ئىزدىدىم. ئۇ يەردىمۇ كۆپ ئۆزگىرىش بوپتۇ، نۇرغۇنلىغان ياشلار ئۇرۇشتا قۇربان بوپتۇ، ئاجىز، قېرى ـ چۆرىلەر ئاچلىق، ئاغرىق، قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ياكى ئۇرۇشقا كەتكەن پەرزەنتلىرىنىڭ دەردىدە ۋاپات بوپتۇ، ھاياتلىرى قېرىپ مۈكچىيىپتۇ، سىزنى سۈرۈشتە قىلىپ ھېچبىر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمىدىم، شۇنىڭ بىلەن بىر ئازابىم ئىككى

بولدى.

بىز توي قىلغان ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئولتۇردۇم، سىز بىلەن بىللە بولغان كۈنلىرىم ئېسىمگە كېلىپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلىدىم. ئايىغىزنىڭ دەھشەتلىك ئۆلۈمى توغرىسىدا كۆپ گەپلەر بولۇندى، كېيىن سىزنى بىر شوپۇر بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ، دېگەن گەپ تارقىلىپتۇ، بىراق ھېچكىم سىزنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىڭىزنى بىلمەيدىكەن. مەن نېمە بولۇپ كەتتىم دەڭە، ئۇرۇش دەھشىتى يۈرىكىمگە سالغان جاراھەتلەر ساقايماستىن تۇرۇپ، سىزدىن ئايرىلىش مېنى بەكمۇ قىيىندى. سىزنى شۇنچە ياخشى كۆرەتتىم. ئېسىڭىزدىمۇ، مەن جەڭ قىلسام سىز ئۈچۈن قىلىمەن، غەلىبە قىلسام سىز ئۈچۈن، ئۆلۈپ كەتسەممۇ سىز ئۈچۈن دېگەنلىرىم، سىز بىلەن بار ـ يوقى بىرنەچچە كۈن بىللە بولغان بولسامىمۇ، شۇ كۈنلەردە مەن بىر ئۆمۈر ۋىسال شادلىقىدىن شەربەت ئىچكەندەك ھوزۇرلانغانىدىم. مەن شۇ ۋەدەم بويىچە ياشىدىم.

— بىراق، سىز بىر قېتىم خەت يازغىنىڭىزچە... — دېيەلىدى رەيھان ئارانلا.

— بىلىمەن، كېيىنكى خەتلىرىم جاۋابسىز قالدى. سىزچۇ؟

رەيھاننىڭ ھېچ نەرسە دېگۈسى يوق ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن تېپىلغۇسىز خۇشاللىق ئىدى.

— سىز نېمە دېسىڭىز ھەقلىق، مېنى قانچىلىك ھاقارەتلەڭ، تىللاڭ، ئۇرۇڭ، ئالدىڭىزدا تۇرۇۋېتىمەن. بۈگۈن سىزنى تۇيۇقسىز كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزۈمنى زادىلا تۇتۇۋالمىدىم، بىز بەك تۇيۇقسىز ئۇچراشقاچقا كۆڭلىمىزدىكىنى تۆكۈپ بولالمايدىغان ئوخشايمىز. مەن پەقەت شۇنى ئېيتالايمەن، سىزنى سۆيىمەن، سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن، ئىشەنسىڭىز ھازىرغىچە سۆيۈپ كەلدىم...

رەيھاننىڭ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىغا شۇنچە يىلدىن بېرى

يۈرىكىگە ئورناپ كەتكەن دەرد ـ ئەلەملىرى، ھىجران ئازابى قوشۇلۇپ ئېقىپ چىقىۋاتاتتى.
ئۇلار مېھمانخانىدا بىللە چاي ئىچىپ، كەچلىك تاماق يېدى. رەيھان ئەمدى ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىۋىدى، ئۇ ھېچقانچە ئۆزگەرمەپتۇ، بۇرۇنقىدىن سەللا سەمرىپ قاپتۇ.
— قەدىرلىكىم رەيھان، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — بىلىمەن، سىزنى ئازابتا قويدۇم، توپتوغرا ئون يىل بوپتۇ، راستىنىلا سىزنى زادىلا ئۇنتۇمىدىم، ئىشلار ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى، بۇلارنى دەپ كەلسەم گەپ تولا، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى، ئائىلە ۋەيرانچىلىقى مېنى چەكسىز ئازابلىدى، بىراق بىز تېخى ھايات، مانا شۇنىڭ ئۆزىلا رېئاللىق ھەم بەخت. بۈگۈن ئاران بىر كۆرۈشكەندە ئۆزىمىزنىڭ گېپىنى قىلايلى، راستىنى ئېيتسام، ئەينى چاغدا سىزنى بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قالغاندىم. سىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن سىزنى شۇنچىلىك سېغىندىمكى، تاس قالدىم ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىپ كەلگىلى. بولدى، بۈگۈن بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۇنتۇپ شۇدەمنىڭ ئۆزىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەيلى، كېلىڭ ئەزىزىم، سىز يەنە مېنىڭ باغرىمدا، يۈرىكىمدە، قەلبىمدە...

*                *

— ئاپا، سىز دادام بىلەن زادىلا كۆرۈشمىدىڭىزمۇ؟
خىيال بىلەن ئولتۇرغان ئانا چۆچۈپ كەتتى ـ دە:
— قىزىم، چاي دەملەپ چىققىنا، — دېدى ناھايىتى زەئىپ ئاۋازدا.
ئانىنىڭ خىياللىرى بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كەتتى... شۇ ئىش بولۇپ يەنە ئارىدىن بىرەر يىلچە ئۆتكەندە كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولدى. تازا قاتتىق يامغۇر ياغقان بىر كۈن ئىدى، دەرۋازا ئەنسىز قېقىلدى، رەيھان يۈگۈرۈپ چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىپ

كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇ بىردىنلا ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ـ دە، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالدى.

دەرۋازىدا تۇرغان كىشى ئۇنىڭ ئىرى ئابدۇراخمان ئىدى. ئۇ ئەبلەخ بىر يىل بۇرۇن ئۇنى يولدا تۇتۇۋېلىپ، مېھمانخانىغا ئەكىرىپ بىر كېچە بىللە بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن يوقاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى، ئۆزى بىلەن بىللە ياشىشىنى، قىزىنى باغرىغا بېسىشىنى قانچىلىك كۈتتى، بىراق خۇددى چۈش كۆرگەندەك ئىش بولدى، ئۇنىڭدىن زادىلا خەت ـ خەۋەر بولمىدى. ئۇ ئۈمىدسىنى ئۈزگەندە، يەنە نېمىدەپ ئۇنى ئىزدەپ كەلدى؟... ئىشىك توختىماي چېكىلدى، بىراق رەيھان ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك دىۋاندا جىمجىت ئولتۇراتتى. بىر ۋاقىتتا ئېرى ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىكى گۈللەرنى ئېلىۋېتىپ، دېرىزىدىن ئۆيگە چۈشتى. ئۇنىڭ كىيىملىرىدىن، ئايىغىدىن ئاققان سۇ پولنى ھۆل قىلىۋەتتى، ئۇ ئايىغىنى سېلىپ، دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى.

ــ بۈگۈن تۇيۇقسىز كېلىپ سىزنى بىئارام قىلدىم، مېنى كەچۈرۈڭ، ــ دېدى ئۇ يېلىنىش تەلەپپۇزىدا.

رەيھان ھېچنېمە دېمىدى، ئۇ گويا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك ئولتۇرغىنى بىلەن ئاچچىقتىن پارتلاي دەپ قېلىۋاتاتتى.

ــ نېمىشقا ئۇنداق قىلىسىز، سىزنى ئۇرۇشتا ئۆلدى دەپ ئويلىسام نېمىشقا يەنە پەيدا بولىسىز، مېنى ئون يىل ئازابتا قويغاننى ئاز دەپ يەنە نېمىشقا قوشلاپ ئازاب ئېلىپ كېلىسىز؟ مېنى تىرىك پېتى مۇنداقمۇ قىينامسىز؟ ماڭا كۆرۈنمەيلا قويسىڭىز بولماسمۇ؟...

رەيھاننىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇر بىلەن تەڭ قۇيۇلدى، يۈرىكى ئېزىلدى، قىز ۋاقتىدا مەيلىنى تارتىپ، ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋېلىپ توي قىلغان، ئون يىلدىن كېيىن خۇددى چۈشىدە كۆرگەندەك غىل ـ پاللا كۆرۈنۈپ غايىب بولغان بۇ ئەر

ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ ھوش ـ كاللىسىنى چالغىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ياشلىقىنى، ئۆمرىنى زايە قىلغان، يۈرىكىنى سۆيگۈ ئازابىدا قىينىغان ئەر شۇ ئەمەسمۇ؟ مەۋلان خوجايوف ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا ئۇ قانچىلىك شادلانغان؟ ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ ئەنجان رايونلۇق ھۆكۈمەتكىچە خەت يازمىغىنى قالمىغان، بىراق دېرىكىنى ئالالماي ئۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئەمەسمىدى؟ ئەمدى تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ زادى نېمە قىلماقچى؟

— رەيھان، بەك توڭلاپ كەتتىم، بىرەر پىيالە چاي بېرەرسىزمۇ؟

رەيھان ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلماي ئولتۇرىۋەردى.

— بوپتۇ، ئۆزۈم دەملەپ چىقاي، — دەپ ئابدۇراخمان ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى ـ دە، ھايال بولماي چەينەككە چاي دەملەپ چىقتى ـ دە، رەيھانغا بىر پىيالە چاينى تۇتۇپ:

— ئىلىڭە، خۇش بولۇپ كېتەي، ھەممە ئىشنى سىزگە ئالدىرىماي چۈشەندۈرىمەن، — دېدى.

رەيھان ئىلاجسىز پىيالىنى قولىغا ئالدى، بىراق كۆز ياشلىرى زادىلا توختىمىدى. ئاخىر تىترەپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— مەندىن يىراقلاپ كەتكەن ئادەم يەنە نېمىشقا مېنى ئىزدەيسىز؟ نېمىشقا مېنىڭ ئارامىمنى بۇزىسىز؟ ئېيتىڭە، سىز زادى نېمە قىلماقچى؟

ئۆينى جىمجىتلىق قاپلىدى، پەقەت ئوچۇق دېرىزىدىن يامغۇرنىڭ تاراسلاپ چۈشۈۋاتقانلىقى، بارغانچە ئەدەپ كېتىۋاتقانلىقى ئاڭلىناتتى.

— سىز نېمە دېسىڭىزمۇ ھەقلىق، مېنى قانچىلىك ھاقارەتلەڭ، ئەيىبلەڭ، تىللاڭ، مەن رازى، چۈنكى ئالدىڭىزدا گۇناھكارمەن. بۈگۈن پەقەت سىزدىن ھال سوراپ كېلىشىم، راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ كۆڭلۈممۇ پاراكەندە، ھازىر ئىلگىرىكى ئىشلارنى سۆزلەشمەيلى، مەن پەقەت شۇنىلا

دېيەلەيمەن، سىزنى سۆيىمەن، سۆيۈپ كەلدىم ھەم مەڭگۈ سۆيىمەن...

سىرتتىكى ماشىنا ئارقا ـ ئارقىدىن سىگنال بەردى، ئابدۇراخمان رەيھانىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى سىلاپ، كۆزلىرىگە لەۋلىرىنى تەگكۈزدى ـ دە، كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:

— ھازىر موسكۋاغا مېڭىشىم كېرەك، بولمىسا ئايروپىلانغا ئۈلگۈرەلمەيمەن، مەن كېلىمەن، شۇ كۈنى تازا ئوبدان پاراڭلىشايلى، ماۋۇ سىزگە ئازغىنە سوۋغات، — دەپ كونۋېرتنى قويۇپ چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى رەيھانغا قىزى زۇلفىيە توغرىسىدا ئېغىز ئېچىش پۇرستى بولمىغانىدى. ئۇ بۇ ئىشنى بىلسە قانداق بولۇپ كېتەر ـ ھە؟

زۇلفىيەنىڭ دەملەنگەن چاينى كۆتۈرۈپ كىرىشى ئانىنى يەنە خىيالدىن تارتىپ چىقتى.

— داداڭغا سەن توغرۇلۇق ھېچ نەرسە دېمىگەنىدىم، — دېدى ئانا پىيالىنى قولىغا ئالغاچ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— كېيىنرەك ئاڭلىدىم، ئۇنىڭ مەن بىلەن توي قىلىشىنىڭ ئالدىدىلا خوتۇنى ۋە بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ ئۇرۇشتىن قايتىپ، ئاغرىپ يېتىپ قالغان خوتۇنىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ بىرنەچچە يىل ئەنجاندا ئىشلەپتۇ، خوتۇنى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، قىزىنى چوڭ ئاپىسىنىڭ يېنىدا قويۇپ، موسكۋاغا بېرىپ تۆت يىل ئوقۇپتۇ، ھازىر دېھقانچىلىق پەنلىرى بويىچە مۇتەخەسسىس ئىكەن. ئۇنىڭ ئىشلەۋاتقان، تەتقىق قىلىۋاتقان چوڭ ئىشلىرى بار ئىكەن، شۇنىڭدىن بېرى ئۆيلەنمەپتۇ.

— ئۇنى ئۆزى سۆزلەپ بەردىمۇ؟

— باشقىلاردىن ئاڭلىدىم، ئۇ توغرىسىدا زادىلا ئېغىز

ئاچمىدى.

— ھازىرچۇ، ئۇ قەيەردە؟

— موسكۋادا.

— تاشكەنتكە كەلمەمدىكەن؟

— كېلىدۇ، تاشكەنتتىمۇ تەتقىقات ئورنى بار ئىكەن. ئۇ ھەر ئايدا ماڭا پۇل ئەۋەتىپ بىرىۋاتىدۇ.

— مەن ئۇنى ئىزدەپ بارىمەن.

— بولمايدۇ، قىزىم.

— نېمىدېگەن كۆپ بولمايدۇ بۇ، مەن بارسام بولمىسا. ئۇ كەلمىسە، يا سەن بىللەن بىللە تۇرمىسا، ساڭا شۇنچە يىل سالغان دەردى يەتمەمدۇ، نېمىشقا ساڭا ئىچى ئاغرىمايدۇ، زادى نېمىشقا؟

— بولدى قىزىم، سۆزلەۋەرمە، ئىچ ئاغرىتىش مۇھەببەت ئەمەس.

— ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرى بارمۇ؟

— يوق، ئۇ ئۆزى تېلېفون قىلىدۇ.

— سەن نېمىدېگەن بىچارە، قانچىلىك قايغۇ ـ ئەلەملەرنى چەككەنسەن، ئاپا، جېنىم ئاپا...

زۇلفىيە يىغلىغان پېتى ئاپىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. قىزىنىڭ ئېيتقانلىرى ھەقىقەت ئىدى. بۇنىمۇ تۇرمۇش دېگىلى بولامدۇ؟ ئايال كىشى قىزىنى شۇنچە يىل يالغۇز بېقىپ چوڭ قىلغۇچە قانچىلىغان جاپالارنى تارتسا، تېخى ئېرىگە بۇسىنى چىقارمىسا ـ ھە؟!

## 26

بىر كۈنى كېچىسى رەيھان زادىلا ئۇخلىيالمىدى، ئۇ كۆزىنى يۇمسىمۇ ئېرىنىڭ چىرايى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى، راستىنىلا

ئۇ ئېرىنى بەكمۇ سېغىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ خاتىرە دەپتەرىنىڭ قاتتىق مۇقاۋىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغان ئىككى پارچە سۈرەتنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئۇنى يۈزىگە ياقتى، كۆز ياشلىرى تۆكۈلدى.

بىر سۈرەتتە ئېرى ئۈستىگە ھەربىي فورما كىيگەن، مۈرىسىدە ئوفىتسېرلىق پاگون، سەل ئورۇقلاپ قالغاچقا ياڭاقلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، قارا قاشلىق قوشۇمىسى سەل تۈرۈلگەن، سەل ھارغىنلىق بىلەن شۇنچىكى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، بېشىدا ھەربىيچە ئىسپانكا بار ئىدى. ئۇ سۈرەتكە قانماي قايتا ـ قايتا كۆردى. سۈرەتنىڭ كەينىدە خەت بار ئىدى:

*قەدىرلىكىم رەيھان، سىزنى سۆيىمەن، سىزنى ساق ـ سالامەت كۆرۈشنى ئىستەيمەن.*

*ئېرىڭىز ئابدۇراخمان*

ئىككىنچى سۈرەتتە ئۈستىدە ھەربىي فورما، ئوتتۇرا بويلۇق، بەدەنلىرى مىختا، قاراقاش، يۈزىدە خۇشاللىق ئەكس ئەتكەن، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان يىگىت بىلەن يېنىدا يىگىتتىن ئېگىزرەك، ئاق كۆڭلەك كىيگەن، بولۇق قارا چاچلىرىنى ئېگىز تۈرۈۋالغان، قوشۇما قاش، قارا كۆزلىرى يۇلتۇزدەك نۇرلۇق بىر ساھىبجامال دەرەخ تۈۋىدە بىر ـ بىرىنى قولتۇقلىشىپ تۇراتتى...

ئاھ، بۇ نەقەدەر گۈزەل، رومانتىك، ھاياجانلىق مىنۇتلار ـ ھە؟ بۇ توي خاتىرە سۈرىتى ئىدى.

توغرا، ئۇ ئاجايىپ دەۋرلەر ئىدى، ھەممە جاينى ئۇرۇش ۋەھىمىسى قاپلىغان، ياش، ئوتتۇرا ياش، ئەر ـ ئايال دېمەستىن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلاتتى، شەھەر ـ يېزىلاردىن ئەسكەرلىككە تىزىملىتىشقا رايونغا باراتتى. شۇنداق كۈنلەردە رەيھانمۇ يېزىدىكى ياش قىز ـ يىگىتلەر بىلەن رايونغا باردى، ئۇ يەر

ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. قىز ـ يىگىتلەر بەس ـ بەستە ئالدىنقى سەپكە تىزىلىشتۋاتاتتى، يىگىتلەرنى كۆپ قوبۇل قىلدى، بىراق قىزلاردىن سىپىتىرالاردىن باشقىلارنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىر دەرياسى بويىغا قايتىپ كېلىش ئۈچۈن ئاپتوبۇسقا چىقىشتى. شوپۇر ئوتتۇرا بوي، دوغىلاق، خۇشخۇي يىگىت ئىدى، قىزلارغا چاقچاق قىلاتتى ھەم ئۇلار بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتى، بىرلا رەيھانغا گەپ سۆز قىلماستىن پات ـ پاتلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ رەيھانغا قارايتتى، رەيھان ئۇنىڭ بىلەن كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغاندا دەرھال يەرگە قارىۋالاتتى. كېيىنكى قېتىم ئۇ يەنە كەينىگە قاراپ، رەيھاندىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى، دەل شۇ ۋاقىتتا، ئالدىدىن بىر ماشىنا چىقىپ تاس قالدى قاتناش ھادىسىسى كۆرۈلگىلى. بىر يىگىت ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:

— ئابدۇراخمان ئاغىنە، كۆزۈڭ يولدا، قولۇڭ رولدا بولسۇن، قىزلار قېچىپ كەتمەيدۇ، بىزنى ساق ـ سالامەت ئاپىرىپ قويغىن، ئاپتوبۇستىكى يىگىتلەر كەلگۈسىدىكى سالداتلار، ئۇرۇش قەھرىمانلىرى جۇمۇ، — دېدى ھەزىل ئارىلاش.

قىز ـ يىگىتلەر بىردىنلا كۈلۈشۈپ كەتتى، رەيھان خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى قىز:

— جېنىم، شوپۇر يىگىت سەندىن كۆز ئۈزەلمەي قالدىغۇ، ئالدىنقى سەپكە بارىدىغان بوپتۇ، يا سەنمۇ...

— چاقچاق قىلمىغىنا، مەن يا ئۇنى تونۇمىسام، ئۇ مۇنداقلا قاراپ قويغاندۇ، ئۆزى خويمۇ شوخ، چاقچاقچى يىگىتتەك قىلىدۇ، — دەپ كۈلۈپ قويدى.

دەل شۇ چاغدا يىگىت يەنە ئارقىغا قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چېچىلغان مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى ئۇدۇل رەيھاننىڭ يۈرىكىگە باردى ـ دە، ئاجايىپ بىر ھېس ـ تۇيغۇ قىزنى ئەسىر

قىلدى.

بۇ ئۆكتەبىر ئېيى ئىدى، يېزىدا توي قىزىپ كەتتى.

يېزىدا ھەر كۈنى بولمىسىمۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۇرۇشقا ماڭىدىغانلار بولاتتى. ئادەتتە كىشىلەر يېزىنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان چوڭ مەسچىت ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىلاتتى، ئاياللارنىڭ يىغىسى، ئاقيول تىلەپ دۇئا قىلغان بوۋايلارنىڭ ئامىن دېيىشلىرى، بالا ـ چاقىلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى، ھارۋىكەشلەرنىڭ ۋارقىراشلىرىدىن يېزا لەرزىگە كېلەتتى. ھەر ئاخشىمى يېزىدا توي بولاتتى، ئەينى چاغدا ئۇرۇشقا كېتىۋاتقان ياكى كېتىشى مۇقەررەر بولغان يىگىتلەر ئۆزى تاللىغان قىزلار بىلەن قوشۇلۇشقا ئالدىرايتتى، ئۇلار بىر كۈن، بىر ئاخشام بولسىمۇ ئاشىقلىرى بىلەن بىللە بولۇشنى ئىستەيتتى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەن رەيھانمۇ نېمە ئۈچۈندۇر شوپۇر يىگىتنى ئويلاپ قالدى، ئۇ ئەينى چاغدا ئارانلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەنىدى، شۇنچە قىزلار توي قىلىۋاتسا، ئۇ توي قىلسا نېمە بولاتتى. بىراق، ئۇ يىگىت كىم؟ نەدىن كەلدى؟ ئۇ شۇنداق ئېگىز ـ پەس خىياللار بىلەن ئۆيىقۇنى تەرك ئېتىپ دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇراتتى. ئاپپاق ئايدىڭدا ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇراتتى. بىردىنلا شىپىرلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، بىرى توشقاندەك يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە:

ــــ رەيھان، ــــ دەپ چاقىردى.

قىزنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، بىراق ئانىنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ دېرىزىنى ئاستا ئاچتى، يىگىت ئۇنى باغقا ئاچىقتى.

رەيھان تىترەيتتى، قورقاتتى ھەم يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىيالمايتتى، يىگىت بولسا ناھايىتى خاتىرجەم تۇراتتى، بىردىنلا پۈتۈن يىگىتلىك كۈچى بىلەن قىزنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، ئوتلۇق ھېسسىياتى بىلەن سۆيدى، قىزنىڭ

تېپىرلاشلىرىغا، ئۆزىنى قاچۇرۇشلىرىغا پىسەنت قىلماي كۆزلىرىدىن، لەۋلىرىدىن، بويۇنلىرىدىن سۆيدى، قىز تۈنجى سۆيۈشتىن مەستخۇش بولۇپ ھالسىزلىنىپ كەتتى. يىگىتنىڭ يۈرىكى شىددەت بىلەن سوقۇپ كەتتى.

— جېنىم رەيھان، سىزنى كۆرۈپلا ئاشىق بولدۇم، ئۆزۈمنى باسالماي قارامىلىق بىلەن سىزنى ئىزدىدىم، ئەتە ئاپىڭىزنىڭ ئالدىغا كىرىمەن...

— ھېچ بىلمىدىم، بۇ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟

— ئەسلىدە سىزنى كۆرمىسەم بوپتىكەن، بىر كۆرۈپلا ئاشىق - بىقارار بولدۇم، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ئەتە كۆرۈشەيلى، بولامدۇ...

دېگەندەك، ئەتىسى ئابدۇراخمان يېزىدىكى مويسىپىت بىر ئەرنى باشلاپ بۇلارنىڭ ئۆيىگە كىردى، رەيھان باغقا چىقىپ كەتتى...

ئىككى كۈندىن كېيىن ئون جۈپ قىز - يىگىتنىڭ تويى بولدى، بۇلارنىڭ ئارىسىدا رەيھان بىلەن ئابدۇراخمانمۇ بار ئىدى. توي كۈنى ھەممەيلەن ئۆيدە بار يېمەكلىكلەرنى ئاچىقتى، ئاز - تولا تاماق تارتىلدى، شۇنىڭ بىلەن توي باشلىنىپ كەتتى، چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتتا داپنىڭ داراڭ - دۇرۇڭى، ناغرا - سۇنايىنىڭ ئاۋازى، قىز - چوكانلارنىڭ كۆز يېشى ئارىلاش ئېيتقان ناخشىلىرىدىن كېيىن يىگىتلەر ئېگىز دۆڭلەرگە، كونا ئۆينىڭ ئۆگزىلىرىگە چىقىپ ناخشا ئېيتىشتى، يىگىتلەرنىڭ ھېسسىياتقا تولغان، كەلگۈسى ھىجران داغلىرى بىلەن سۇغىرىلغان ناخشىلىرى قىز - چوكانلارنى يىغلىتىۋەتتى. بىرى ئۇرۇشقا كەتكەن يارى، ئېرى ئۈچۈن يىغلىسا، يەنە بىرلىرى ئۆزى سۆيگەن، ۋىسالىغا يېتەلمىگەن يىگىتلىرى ئۈچۈن يىغلىشاتتى، تىترىشەتتى. توي كېچىسى تاڭ سۈزۈلگەي دېگۈچە يېزىنى ناخشا - ساز، ئۇسسۇللار تىترىتىۋەتتى...

رەيھان بىلەن ئابدۇراخمان ئاستا توپتىن سۇغۇرۇلۇپ تۆشەككە كىردى. يىگىت قىزغا شىردەك تاشلاندى، ئۇنى قۇچاقلايتتى، سۆيەتتى. ھاياجان ۋە ئەلەمدىن يېنىپ چوڭقۇر پىغان بىلەن ئۇنىڭ قوينىدا نەچچە سائەتلا ياتتى، ئۇلار بار ـ يوقى ئۈچ كۈنلا بىللە بولدى. يىگىت تۆتىنچى كۈنى رايونغا كەتتى ـ دە، ئىككى كۈندىن كېيىن كەچقۇرۇن قايتىپ كېلىپ رەيھان بىلەن خوشلاشتى.

— رەيھان جېنىم، سىزنى تاشلاپ قانداق كېتەرمەن؟ مېنى كۈتەمسىز؟

— مەن توي قىلدىمۇ، سىزنى ئوڭۇمدا كۆردۈممۇ ياكى چۈشۈمدە، بىلەلمىدىم، سىزگە باغرىم قانمىدى، سىزنى سۆيىمەن، — دېدى رەيھان ياش تۆكۈپ.

— رەھمەت، جېنىم، سىزنى بىر ئۆمۈر ئەزىزلەيمەن، سىز ماڭا ئىشقىڭىزنى بېغىشلىدىڭىز، مېنى رازى قىلدىڭىز، سىزگە ئۆمۈر بويى قەرزدارمەن. شۇ تاپتا سىزدىن ئايرىلىش مەن ئۈچۈن شۇنچە ئازاب، بىراق يىگىت بولغىنىم ئۈچۈن ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىش بۇرچۇم ۋە مەجبۇرىيىتىم بار، چۈنكى ئەر دېگەن ئىش ـ ئەمگەككە، جەڭگە يارالغان، ئۆلسەم شېھىت، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلسەم بىر ئۆمۈر سىزنىڭ ئايىغىڭىزغا باش قويىمەن، مېنى ئۇنتۇماڭ، بولامدۇ؟

— سىزدىن ئايرىلىپ قانداقمۇ چىدايمەن، سىزنى بەك سېغىنىپ كېتىمەن، يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرامسىز؟

— جېنىم، مېنى سەۋر ـ تاقەت بىلەن كۈتۈڭ، مەن چوقۇم قايتىپ كېلىمەن، قاچانلا بولسۇن سىزنى دەپ بولسىمۇ قايتىپ كېلىمەن، ماڭا ئىشىنىڭ. ئەتە سائەت توققۇزنىڭ پويىزىغا ئۈلگۈرۈش ئۈچۈن ھازىرلا ماڭمىسام بولمايدۇ.

رەيھان ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاپ، غالىلداپ تىترەپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

— بولدى جېنىم، مېنى قىيىنىماڭ، سىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالاي دەپ كېلىشىم، بىر نەپەس، بىر دەقىقە بولسىمۇ دىدارىڭىزغا قېنىۋالاي، مانا كۆردۈم، سىزدىن مىڭ مەرتەم رازىمەن، تاكى...

يىراقتا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان يىگىتلەر ئات چاپتۇرۇپ كېلىشتى ـ دە:

— چاققان بول، ئابدۇراخمان، پويىزغا ئۈلگۈرەلمەي قالىمىز، — دەپ ئۇنى ئالدىراتتى.

— ئابدۇراخمان، جېنىم، مەن قانداق قىلىمەن، سىزگە قانداق چىدايمەن، مەن...

ئابدۇراخمان رەيھاننى بارلىق كۈچى بىلەن قۇچاقلىدى ـ دە، پېشانە، مەڭزى، لەۋلىرىگە سۆيۈپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا ماڭدى.

— خۇدايىمغا ئامانەت، رەيھان، سىزنى سۆيىمەن.

بۇ ئاۋاز كېچە قوينىدا ئەكس سادا ياڭرىتىپ يىراق ـ يىراقلارغا كەتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يىغلاپ يۈگۈرگەن رەيھان يەردە يېتىپ قالدى، ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى يىراقلاپ كەتتى.

— خۇدايىمغا ئامانەت، ساق ئاقىول بولسۇن، سىنى كۈتىمەن...

* *

چىراغنىڭ يورۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ زۇلفىيە كىرىپ كەلدى.

— ئاپا، تېخىچە ئۇخلىيالماپسەنغۇ؟

خىيال بىلەن ئولتۇرغان رەيھان ئۆزىنى نەگە قويۇشنى، قولىدىكى سۈرەتنى نەگە يوشۇرۇشنى بىلەلمەي قالدى. زۇلفىيە:

— ئاپا، قولۇڭدىكى سۈرەتنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ — دېگىنىچە سۈرەتنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ سىنچىلاپ قاراپ

كەتتى.

— بۇ دادامنىڭ سۈرىتى ئىكەن - دە ! شۈنداق مېھرىبان، سەممىي كىشىدەك قىلىدۇغۇ، ئۇ بەك قاملاشقان ئادەم ئىكەن، پاھ، پاھ سەن نېمانچە جازىبىدار، بويۇڭ دادامدىن ئېگىز ئىكەن، نېمانچە چىرايلىق بولغىيدىڭ، بۇ سۈرەتنى بەك پەيزى چۈشۈپسىلەر، يەنە بىر قارايچۇ، ئېگىز بويۇڭغا ئاق گىرىپ كۆڭلىكىڭ بەك ياراشقان، ئېگىز تۈرمەكلەپ ئاق لېنتا قىسقان چاچلىرىڭ نېمانچە بولۇق، كۆزلىرىڭدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ.

زۇلفىيە ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ سۈرىتىگە قاراپ تويمىدى. ئاپىسىنىڭ ھېقىقەتەك پارقىراق تېرىسى، نۇر يېغىپ تۇرغان بىر جۈپ چولپان كۆزلىرىنى ھازىرقى تۇرقىغا سېلىشتۇردى، ئەپسۇس، ئاپىسىنىڭ ياش ۋاقتى بىلەن ھازىرقى ھالىتىنى ئوخشىتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بىچارە ئاپىسى يەتكۈچە جاپا تارتىپ، شۇنچە گۈزەل چېھرىدىن مەھرۇم بولغانىدى.

— ئاپا، بۇ قاچان چۈشكەن سۈرەت؟

— داداڭ بىلەن تويغا تىزىملاتقىلى بارغاندا چۈشكەن.

— ئاپا، سەن ئۇنى ياخشى كۆرەمتىڭ؟

— ھەئە، گەرچە ئۇ مەندىن پاكارراق بولسىمۇ كېلىشكەن يىگىت ئىدى، ئۇ ساڭا ئوخشايدۇ، نېمە دېسەم بولار، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر ئوت بار ئىدى. ئۇ ناھايىتى جەسۇر، چەبدەس، گەپ - سۆزلىرى سىلىق كىشى ئىدى. ئۇنى قانداق ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بەلكىم ئۇمۇ بىر تەقدىردۇر.

— ئاپا، سۆزۈڭگە قارىغاندا كىم بىلەن توي قىلىشنى ھېچكىم ئالدىن بىلمەيدىكەن - دە.

— شۇنداق، قىزىم، مۇھەببەتنىڭ چېگراسى يوق، كىم قاچان، قەيەردە، كىمنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، قاچان توي

قىلىدۇ، بۇنى زادىلا بىلەلمەيدۇ. ئادەمنىڭ رىزىق ـ نېسىۋىسى قېتىلسا بىرى تاغدا، بىرى باغدا بولسىمۇ تېپىشىدىكەن.

— بۇ سۈرەتنى ئوبدانراق كۆرۈۋالاي، بولامدۇ؟

رەيھان قىزىغا قاراپ زوقمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى. زۇلفىيە سۈرەتنى ياتاق ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئابدۇراخمان ئوسمانوف تۇيۇقسىز قورۇغا كىرىپ كەلدى. ئۇ كۈنى رەيھان قورۇدا گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا ساماۋارغا چاي قۇيۇپ، داستىخان راسلاپ قويغانىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەن كەلدىم، — دېدى ئۇ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭ.

ئۇ رەيھاننى يېنىككىنە قۇچاقلاپ كۆرۈشتى. ئۇلار باراڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكەندىن كېيىن ئۆيگە كىرىشتى. رەيھان ئورۇندۇقتا، ئابدۇراخمان ئوسمانوف كارىۋاتتا ئولتۇردى، ئارىنى يۈرەكنى ئەزگۈدەك ئىمتاسلىق باستى، رەيھاننىڭ يۈرىكى تارسىلدە يېرىلىپ كېتىشكە ئازلا قالدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى ئابدۇراخمان ناھايىتى تۆۋەن ئاۋازدا، — مەن بۈگۈن سىزگە ھەممىنى ئېيتقىلى كەلدىم. سىز بىلەن توي قىلىشتىن بۇرۇن ئەسلىي ئائىلەم، بالام بار كىشى ئىدىم... — ئۇ ئۆپكىدەپ تىلى گەپكە كەلمىدى، سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ چاغدا خوتۇنۇم بىلەن يامانلىقتا ئىدۇق، تازا ئاجرىشىمىز دەپ تۇرغان كۈنلىرىمىزدە ئۇرۇشقا بېرىش تەييارلىقى ئۈچۈن بۇ تەرەپكە كېلىپ قالدىم. سىزنى بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قېلىپ ئالدىراپ توي قىلىۋالدىم. ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپ خوتۇنۇم بىلەن بولغان ئىشلارنى ئۈزۈۋېتىپ، ئاندىن سىزنى ئىزدەپ كەلمەكچى بولغانىدىم. قايتىپ بارسام، ئۆي ئىچىدە بوران ئۇچۇپ كېتىپتۇ، خوتۇنۇم ئېغىر ئاغرىپ

ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە لۆم ـ لۆم ياش ئالدى، مەن شۇ ۋاقىتتا ھەقىقەتەن تەڭقىسلىقتا قالدىم. ۋىجدان ئازابى بىلەن مۇھەببەتنىڭ ئازابى مېنى ئىككى ياقتىن تازا قىستى، مەيلى ئىشىنىڭ ـ ئىشەنمەڭ، سىزنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكەندە سىزگە بۇ گەپلەرنى ئېيتالمىدىم، چۈنكى سىزنى ھىجران ئازابىدا يىغلىتىپ، يەنە سىزگە بۇ گەپلەرنى قانداق دەيمەن؟ يۈرەك دېگەن ھېلىمۇ چىدايدىكەن، شۇنچە دەرد ـ ئەلەم، ھەسرەتلەرنى ئادەم كۆتۈرىدىكەن، راستىنى ئېيتسام، يۈرىكىمنىڭ تەكتىدە سىزگە بولغان مۇھەببىتىم كۆمۈكلۈك، سىزنى ئويلىسام يۈرىكىمدە بىر نۇرلۇق چىراغ يېقىلىپ كۆڭلۈم يورۇپ كېتىدۇ، سىز بىلەن ئۆتكۈزگەن ئازغىنە ۋاقتىم مېنى مۇشۇ كۈنلەرگىچە ياشاشقا ئۈندىدى، يەنە بىرى، قىزىم گۈلمىرە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خوتۇنۇمنى ئاخىرقى تىنىقىغىچە بېقىپ رازىلىقىنى ئالدىم...

ئابدۇراخمان ئوسمانوف ئۆزىنى تۇتالماي بىرھازا يىغلىدى، كۆز ياشلىرىنى ئاپپاق قول ياغلىق بىلەن سۈرتۈپ بولۇپ:

— ئايال يوق ئۆيمۇ ئۆي بولامدۇ؟ ئۆيىمىزدىن بوران ئۇچۇپ كەتتى، بىچارە قىزىم ئالتە يېشىدا ئانىسىز قالدى، ئۇ ھايات ۋاقتىدا نۇرغۇن ئىشلار بىلىنمەپتۇ، بىراق ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن جىق ئىشلار بىلىندى، بىز ئەر خەق دېگەن نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمەيدىكەنمىز، گاھى ئىشلارغا سەل قارايدىكەنمىز. يۈرىكىمدە قالغىنى ھەسرەت، ئەلەم، ئارزۇ ـ ئۈمىد بولدى...

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ رەيھانىنىڭ يۈرىكىدىكى مۇزلار ئېرىشكە باشلىدى.

— ئىككىمىز سىرداشقان شۇ كېچە، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — يۇلتۇزلار ئاسماندا چاقنايتتى، ھەر ئىككىمىزنىڭ يۈرىكىمىزدە ئوت يانغان، مۇھەببەت ناخشىسىنى

www.uyghurkitap.com

ياڭراتقاندۇق، ناخشىمىز ئۈنسىز بولسىمۇ، يىراق ـ يىراقلارغا تارالغانىدى. بىزنى يېپيېڭى گۈزەل كۈنلەر كۈتمەكتە ئىدى، بىراق بىز ۋاقىتسىز ئايرىلدۇق، بۇ ئايرىلىش شۇنچە ئېغىر كەلدى، ئەرلىكىمگە ئېلىپ ئىچىمدە يىغلىدىم، ئاھ ئۇ كۈنلەر...

ئابدۇراخمان يۈرىكىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالدى، رەيھان قورقىنىدىن تىترەپ كەتتى، ئېرى يانچۇقىنى ئاختۇرماقچى بولغاندەك قىلىۋىدى، رەيھان دەرھال كاستيۇم يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ دورىنى تاپتى ـ دە، ئۇنىڭ ئاغزىغا سالدى، قايناق سۇ ئەكىرىپ ئىچۈردى، يۈرىكىنى ئاستا ـ ئاستا سىلاپ، چېكىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى، بىرھازادىن كېيىن ئۇ سەل ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى، بىراق چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېرىنى ياتقۇزۇپ قويدى. ئېرى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ رەيھانغا مېھىر بىلەن باقتى، رەيھانمۇ ئۇنىڭغا قارىدى ـ دە، ئىچى ئاغرىپ ياش تۆكتى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئېرىنىڭ يۈزىگە باھار يامغۇرىدەك تامچىلىدى. رەيھان سېغىنىش، ئىنتىزارلىق، كۈتۈش دەردىدە پۈچىلانغان يۈرىكىنى تۇتۇپ، ئېرىنىڭ يېنىدا ياتتى. رەيھانمۇ ئېرىنى جاندىن ئەزىز بىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ كۆيىدىغانلىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. راستىنى ئېيتقاندا، رەيھانىڭمۇ ئىختىيارى ئەمەس، يۈرىكى ئۇنىڭغا تەلپۈنىدى، قانلىرى كۆۋەجىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئۆزىگە، قاتتىق ئىرادىسىگە بويسۇنمىدى، ئۇ خۇددى مەست ئادەمدەك ئېرىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئىككىيلەن يەنە شۇ توي كېچىسىدەك شاد ـ خۇراملىق بىلەن مەست بولۇشتى، ھاياتنىڭ ئاشۇ تېپىلماس دەقىقىلىرى، ئازغىنا ۋاقىت ئۇلارنى بەخت پەيزىگە چۆمدۈردى، شادلىق بىلەن يىغا، ھەسرەت بىلەن خۇشاللىق، مۇھەببەت بىلەن ھېجران گىرەلىشىپ كەتكەن تۇيغۇلار بىردىنلا يوقالدى...

ئابدۇراخمانمۇ خۇددى ياشلىقىغا قايتقاندەك بولدى.

— رەھمەت، رەيھان، مەن سىز يوقاتقان ۋاقىتنى قايتۇرۇشقا، سىز تارتقان ئازابىڭىز ئورنىغا شادلىق ئاتا قىلىشقا تىرىشىمەن، بۇنى قىلالىسام ئوغۇل بالا بولماي كېتەي، مېنىڭ شۇنچىلىك ئىرادەم ۋە قۇدرىتىم بار. بۇ كېچە ئاجايىپ ھېس ـ تۇيغۇلارغا باي، تارىختىن خۇلاسە چىقىرىلغان، ھاياتلىق پەلسەپىلىرىگە تويۇنغان بىر كېچە بولدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مىڭ بىر كېچىدەك سېھىرلىك كېچە بولدى.

ئېرى رەيھاننى سۆزلەتكۈزمىدى، بولۇپمۇ قىزى زۇلفىيە توغرىسىدا سۆزلەشكە ئەسلا پۇرسەت بەرمىدى.

توغرا، ئېرى بىلەن ئۇ گويا بۇرۇن ئۆزلىرى ئۇچۇرۇما بولۇپ چىققان باغلارغا يېڭىباشتىن قايتىپ كەلگەندەك قىلىسمۇ، بىراق خۇشاللىقتىن كۆرە، كۆز ياشلىرى كۆپ بولدى...

ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى يالغۇز ھىجرانلا ئەمەس، بەلكى شېئىرىي تۇيغۇغا باي، ئەجدادى ئېيتىپ بولالمىغان ھەم ئۆزلىرى ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن مۇھەببەت ناخشىسىغا ئوخشايتتى. ئۇلار مۇھەببەت ناخشىسىنى ئىچىدە ئېيتىپ تۇرۇپ تېشىدا يىغلايتتى، بۇگۈنمۇ شۇنداق يىغلىدى. ئۇلار قانچىلىك يىغلىسۇن، قانچىلىك ئازابلانسۇن، ياشلىقتا باغلانغان مۇھەببەت رىشتىسىنى ئۈزۈۋەتمىدى ـ يۇ، بىراق ئۆزلىرى بۇ مەنزىلگە يېتەلمىدى. شۇڭا، قايتا دىدارلىشىشىنىڭ ئارزۇسىغا چۆمگەنسېرى، ئۇ گۈزەل ئەسلىمىلەر بۇلارغا ئارام بەرمىدى.

## 27

زۇلفىيە ئۆيگە ناخشا غىڭشىغىنىچە شۇنداق خۇشال كىردى، ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال ئىدى، چۈنكى ئۇ دادىسى بىلەن

ئاپىسىنىڭ توي خاتىرە سۈرىتىنى چوقچايتىپ رامكىغا ئېلىپ كەلگەنىدى.

— ئاپا، قارىغىنا، سۈرەتلەرنى چوڭايتىپ كەلدىم، — دېدى ئۇ قورۇغا كىرىپلا ئاپىسىنى ئىزدەپ.

ئاشخانىدىن پەشتامىغا قولىنى سۈرتكەچ چىققان رەيھان قىزىنىڭ خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ئىختىيارسىز كۈلدى - دە:

— ھەي شەيتان قىز، ئاخىر دېگىنىڭنى قىپسەن - دە، نەچچە يىلدىن بېرى يۈرىكىمنىڭ قېتىدا ساقلىغان سىرلىرىمنى بىلدىڭ، يوشۇرۇپ ساقلىغان ئاشۇ يادنامىنى ئاخىر تاپتىڭ، ئەمدى ئۇنى كۆندە نەچچە ۋاخ كۆرۈپ، ئەسلىمىلەر قوينىدا ياشايدىغان بولدۇم - دە، سىر دېگەن سىر پېتى ساقلانغىنى ياخشى ئىدى، — دېدى ئۇمۇ خۇشلۇقىنى يوشۇرالماستىن ۋە رامكىدىكى سۈرەتكە قاراپ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

زۇلفىيە سۈرەتنى تامدىكى گىلەمنىڭ ئۈستىگە ئاستى - دە، تۆۋەنگە چۈشۈپ تازا زەن سېلىپ قارىدى، بىر تەرەپتىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىغا چۆمسە، يەنە بىر تەرەپتىن شۇنچە ئۇزاق يىل دادىسىنى كۆرەلمىگىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىيالمىغىنى ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ كۆزىگە لىمۇلدەپ كەلگەن ياشلىرىنى ئاستا سۈرتۈۋېتىپ، ئاپىسىغا كۈلۈپ قارىدى - دە:

— خۇش بولدۇڭ - ھە، ئاپا، قارا، بۇ نېمىدېگەن ياخشى سۈرەت، باھاردەك ياشلىقنىڭ تېپىلماس يادنامىسى، — دېدى - يۇ، ئىچىدە ئىسسىت ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرى، دەپ ئويلىدى.

ئۇلار چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، زۇلفىيە بىردەم - بىردەم يەر بېقىپ كۈلۈپ قوياتتى، بىر گەپنى ئېيتىشقا ئالدىرايتتى - يۇ، بىراق سەل تارتىنىپ ئېغىز ئاچالمايتتى.

— نېمە بولدى؟ نېمە كۈلۈۋېرىسەن، بىرەر خۇش خەۋەر

بارمۇ نېمە؟ — دېدى رەيھان بىرنېمىنى سېزىپ.

— نېمە دېسەم بولار، ئاپا؟

— خوش قىزىم، نېمە بولسا شۇنى دېگىن.

— مەن بىر يىگىت بىلەن مۇھەببەتلەشتىم.

ئانا كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە «ئۇ كىم» دېگەندەك قارىدى.

— ئۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم، ئېسىڭدە باردۇ، ئۇرۇمچىدە مامۇتقارى چوڭ دادامنىڭ ئۆيىگىمۇ كەلگەن ھېلىقى ئېگىز، يېشىل كۆز يىگىت ئالماسچۇ؟

— ئۇنى ياخشى كۆرەمسەن؟

— ئۇنىڭغا كۆڭلۇم چۈشۈپ قالدى، ئۆزى بەك ياخشى يىگىت. مەن ھازىرغىچە ھېچكىمنى ئۇنىڭچىلىك ياخشى كۆرمىگەنىدىم، ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم، كۆڭلۈمگە باقسام، ئۇنى يارىتىپ قالغاندەك قىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا بىر كۈنى ئۇ يىگىتنى ئۆيگە باشلاپ كەلگىن، مەن كۆرۈپ باقاي، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنېمە دېيىشەيلى.

— بىر كۆرۈپلا ياخشى - يامانلىقىنى بىلەلەمتىڭ؟ — دېدى زۇلفىيە شوخلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— ھەرھالدا بىر كۆرۈپ باقاي، چىراي دېگەنمۇ بىر سەنئەت، ئۇنىڭغا كۆپ نەرسىلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ، ئۇ ئىشچانمۇ، جەسۇرمۇ، ئوغۇل بالىچىلىقى بارمۇ، ساڭا يار - يۆلەك بولالامدۇ؟ ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن بەزى ئىشلارنى بىلىپ قالارمەن.

— ئاپا، ئەجەب قىزىق گەپلەرنى قىلىسەنغۇ، — دېدى زۇلفىيە قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— قىزىم، سەن ياخشى كۆرگەنگە ئەمەس، بەلكى سېنى ياخشى كۆرگەنگە ياتلىق بولساڭ تېخىمۇ بەختلىك بولىسەن،

www.uyghurkitap.com

قىز بالا دېگەن يەنە دېسەم شۇ گەپ، ئۆزى كۆيگەنگە ئەمەس، بەلكى ئۆزگە كۆيگەننى تاللىشى كېرەك.

— سەن شۇنداق قىلغانمىدىڭ؟

ئانا بۇ گەپكە ئەندىكىپ تۇرۇپ قالدى، توغرا، ئۇمۇ ئۆزى بۇرۇن زادىلا كۆرمىگەن، بىلمىگەن بىر يىگىت بىلەن توي قىلغاندىغۇ. ئۇ ناھايىتى ساددا، ئاق كۆڭۇل بولغاچقا، شۇ چاغدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش پەقەت سۆيگۈ ئۈچۈنلا توي قىلدى، بىراق، سۆيگۈمۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك بولدى، كېيىنچۇ؟ كېيىنكى ئىشلار ئۇنى ھىجران دەشتىگە تاشلىۋەتتى، شۇنداق بولسىمۇ قىزنىڭ گېپى ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى.

— ئاپا، نېمە بولدۇڭ؟ سەن مېنىڭ مېھرىبانىم، سەنلا ماڭا ياخشى مەسلىھەت بېرەلەيسەن، سېنى رەنجىتىپ قويدۇممۇ يا؟ گەپ قىلە، ئاپا.

— مەن ئوبدانراق ئويلىنىپ باقسىن، دېمەكچىدىم.

— مۇھەببەت يۈرەكتىغۇ، يۈرەك سېزىدۇ، ئاپا.

— جېنىم قىزىم، مېنىڭ ھاياتىمدىكى مۇھەببەت پاجىئەسى تەكرارلىنىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەيمەن، «سۈت ئىچىپ ئاغزى كۆيگەن كىشىنىڭ قېتىق ئىچسىمۇ ئاغزى كۆيىدۇ» دېگەن گەپ بارغۇ، شۇڭا...

— ئەنسىرىمە، ئاپا، بىرىنچىدىن ئۇ توي قىلمىغان، ئۇنىڭ باشقا خوتۇنى يوق. ئىككىنچىدىن بىز ساۋاقداش، ئۇنى ئاز ـ تولا چۈشىنىمەن، ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن، ئېغىر ـ بېسىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان يىگىت. ئۇ مېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇ، مەن فەرۇق بىلەن يۈرگەن ۋاقتىمدا ئۇ بىچارىنىڭ تۈگىشىپلا كەتكىنىنى كۆرسەڭ ئىچىڭ سىيرىلىدۇ.

ئانا ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئاندىن قىزىغا:

— قېنى ئەمىسە سۆزلە، ئۇ يىگىت توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسەن، ئاڭلاپ باقاي، — دېدى.

— ئۇ يىگىتنىڭ ئىسمى ئالماس، مەن بىلەن بىر قاراردا ئوقۇيدۇ. ئۇ تەكلىماكاننىڭ ئاجايىپ سىرلىق جايى لوپنۇر كۆلى بويىدا تۇغۇلغانىكەن، ئۇلارنىڭ نەچچە ئەۋلاد ئەجدادى شۇ يەرنى ماكان تۇتقان بېلىقچى ئىكەن، ئالماسنىڭ ئانىسى توققۇز قېتىم قورساق كۆتۈرۈپ بالىسى تۇرماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئونىنچى قېتىم قورساق كۆتۈرۈپ بۇ بالىنى، يەنى ئالماسنى تۇغۇپتۇ، شۇڭا ئەتىۋارلاپ ئۇنىڭغا ئالماس دەپ ئىسىم قويغانىكەن، ئۇمۇ ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن ئەتىۋارلىق بىر تاللا ئوغۇل ئىكەن، ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداق ئوچۇق، قارىساڭ كۆزۈڭگە شۇنداق ئىسسىق كۆرۈنىدۇ، شۇڭا بۇ يىگىتنى تاللىدىم.

— قىسقىسى فەرۇققا ئوخشمايدۇ، دېگىنە.

— ئەلۋەتتە، ئالماس ئاددىي ئائىلىدە چوڭ بولغان بىلەن ئىنتايىن قائىدىلىك، ئەدەپلىك، قالتىس يىگىت، فەرۇققا ئوخشاش پوچى، ئالدىراڭغۇ، مەنمەنچى ئەمەس.

ئانا قىزىنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن ئويلىنىپ تۇرۇپ دېدى:

— سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسا ياخشى يىگىت ئىكەن، بىراق بىر تال ئوغۇل بولغاندىكىن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كېتىشى مۇمكىنغۇ ـ هە؟

— ئاپا، راستىنى ئېيتسام، مەن ئۇنچىۋالا كۆپ ئويلاپ كەتمىدىم، مېنىڭ قارىشىمچە، ھەممە ئادەم بەختلىك بولىمەن دەپ توي قىلسا كېرەك، بىراق بەختلىك بولۇش ـ بولماسلىقنى ئالدىن بىرنېمە دېيىش تەس. سېنىڭ تۇرمۇشۇڭ، سەرگۈزەشتلىرىڭ، ئەلۋەتتە ماڭا تەجرىبە ھەم ئەيىنەك بولۇشى كېرەك ئىدى، بىراق كۆپ ئىشلارنى ئويلىغۇم يوق، ھازىرقى شۇنداق چىرايلىق مۇھەببىتىمگە شەك كەلتۈرگۈم يوق.

— قىزىم، دېگەنلىرىڭ توغرا، بىراق يالغۇز ئوغۇل بالىنىڭ بېشىدا كۆپ ئىش بولىدۇ، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر

www.uyghurkitap.com

ئېلىشى، ئاغرىسا بېقىشى، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشى كېرەك. يەنە بىر ئويلىساڭچۇ، بۇنداق ئىشلار ھەممە پەرزەنتنىڭ بېشىدا بار، بوپتۇ قىزىم، كۆڭۈلدىن يۇقىرى نەرسە يوق، كۆڭلۈڭ تارتقان بولسا مەنمۇ ساڭا بەخت تىلەيمەن.

— ئاپا، — دېدى زۇلفىيە خۇشلۇقىدىن ئاپىسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، — سىنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم.

ئانا قىزىنىڭ مۇھەببىتىنى نابۇت قىلىشنى خالىمىدى، سۆيگەن يىگىتىنى ئالدىراپ بىرنېمە دېيىشكە تېخى تىلى بارمىدى.

— ئەمدىغۇ ئۇنى كۆرۈپ بېقىپ بىرنېمە دېسەم بولار؟

زۇلفىيە ئىچىدە چاقماق تېزلىكىدە، ئەگەر ئاپامغا يارىماي قالسىچۇ؟ ئۇنى ياقتۇرماستىن باشقا يىگىت تاپقىن دېسە قانداق قىلارمەن، دەپ ئويلىدى.

— ئاپا، ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ.

— داداڭمۇ مېنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرگەن، ئاقىۋەتتە...

— بولدى ئاپا، مۇھەببىتىمگە سايە تاشلاپ، كۆڭلۈمنى غەش قىلمىغىنا، ھازىر ۋەزىيەت ئوخشىمايدۇ، ھەممە ئادەم دادامغا ئوخشاشمىدى؟

رەيھان قىزىنىڭ دادىسىغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق تىل تەگكۈزگىنىگە سەل رەنجىگەن بولسىمۇ چاندۇرمىدى.

— ئۇنىڭ ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئوبدانراق ئۇقۇپ باققىن، بولامدۇ، قىزىم؟ — دېدى ئانا تازا خاتىرجەم بولالماستىن.

— ئاپا، بۇنىڭ ئىمكانىيىتى يوق، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ئىشىنى پۈتۈنلەي بىلىپ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئاز. بىز ھەرقانداق ئادەمنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى، كىيىنىشىنى، گەپ - سۆزلىرىنى بىلەلەيمىز، بىراق يۈرىكىنى، ھۆججەيرىسىنى، قىل قان تومۇرىنى

بىلەلمەيمىزغۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەم دېگەن ۋەزىيەتكە، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ، پەلسەپۋى قاراش بويىچە قارىغاندا، تۇرمۇش ئاڭنى بەلگىلەيدۇ. مەن خىيال، ئويلىنىشتىن كۆرە ئەمەلىيەتكە بەكرەك قىزىقىمەن. سىلەرنى ئالساق، ئەگەر ئۇرۇش بولمىغىنىدا ئىدى، ئۇنچىلىك كۆپ رىيازەت چەكمەيتتىڭلار، بىراق تىنچ تۇرمۇشتىمۇ توي قىلىپ ئاجرىشىدىغانلار، بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغانلار بولىدۇغۇ، مەنمۇ بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن، تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس.

— قىزىم، سەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ خۇددى تۇرمۇش قايناملىرىدا قايناپ پىشقاندەك ناھايىتى كۆپ ئىشلارنى بىلىپ كېتىپسەن، ساڭا قايىل بولدۇم. ئېيتقىنا، ئوقۇش پۈتكۈزمەي تۇرۇپلا توي قىلمايدىغانسەن؟

قىز قاپقارا كۆزلىرىنى ئانىغا تىككىنىچە تۇرۇپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بۇ تەرەپلىرىنى ئويلىمىغانىدى.

— بۇ كېيىنكى ئىشلارغۇ، نېمە قىلىمىز بۇرۇنلا غەمگە پېتىپ، ئۇنداق بولسا ئۇنى باشلاپ كېلەي، كۆرۈپ باققىن، بىراق بىر شەرتىم بار.

ئانا نېمە شەرت دېگەندەك لەپپىدە قارىدى.

— سەن بىزنىڭ ئىشىمىزنى بىلمەسكە سالغىن، ئۇنى ساۋاقداشىم دەيمەن، بولامدۇ؟

ئانا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ماقۇل بولدى. قىز ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئانىنىڭ خىيالى يەنە پەرۋاز قىلدى.

بۇلتۇر مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەرۋازىنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ، رەيھان ئىشىكنى ئېچىپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى.

قولىدا ئاجايىپ چىرايلىق بىر دەستە گۈل تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئىرى ئابدۇراخمان كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، بۇ قېتىم رەيھان

ئىشىكنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ ئۈنىڭغا يول بەردى.

— تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا.

رەيھان شۇ كۈنىگىچە تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپمۇ باقمىغان، سوۋغاتقىمۇ ئېرىشىپ باقمىغانىدى. رەيھان:

— رەھمەت، — دەپ گۈلنى ئالدى ـ دە، قەيەرگە قويۇشنى بىلەلمىدى. ئېرى كاستيۇمىنى يېشىپ ئورۇندۇققا قويغاندىن كېيىن تومپۇچكا ئۈستىدىكى چوڭ لوڭقىنى ئېلىپ، سۇ قۇيۇپ، گۈلنى لوڭقىغا چىلاپ يەنە تومپۇچكىغا قويۇپ قويدى. شۇنچە چىرايلىق قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىنغان بىر تال ئاق ئەتىرگۈل ۋە چېچەكلەر بۇ دەستە گۈلگە تېخىمۇ ھۆسن قوشقانىدى.

— ئولتۇرسام بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، رەيھانمۇ شۇنچىلىك خۇشخۇي كۈلۈمسىرىدى:

— مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ، مەن چاي دەملەپ چىقاي.

— رەھمەت، ياخشى تۇرۇۋاتقانسىز ـ ھە؟

— ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، ئۆتكەندە قىزىم بار دېگەن ئىدىڭىز، ئۇ قەيەردە؟

— ئۇمۇ تاشكەنتتە ئوقۇيدۇ، — دېدى ئۇ رەيھانغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ.

— قايسى مەكتەپتە؟

— يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە، مەنمۇ شۇ كەسىپتە بولغاچقا شۇ كەسىپكە بەردىم. جېنىم خوتۇنۇم، ئىنسان ھاياتى تاسادىپىي ئىشلاردىن خالىي بولالمايدىكەن، ئويلاپ باقسام، سىز بىلەن تونۇشقىنىم بولسۇن، كېيىن يۇرتقا بېرىشىم بولسۇن، بىزنىڭ يەنە قايتا ئۇچرىشىشىمىز بولسۇن، ھەممىسى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەن. خۇدايىمنىڭ ئىككىمىزنى قايتا ئۇچراشتۇرغىنىغا مىڭ شۈكۈر.

...

شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن كېيىن رەيھان خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىدە قىلغانلىقىغا لايىق جاۋاب تاپقانلىقىدىن سۆيۈندى. ئۇ ئويلىدى، توغرا، ئۇ تېخى ئېرىنىڭ نىكاھىدا، تېخىچە بىرەر ئەر كىشىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇش ئەمەس، بەلكى بىرەر ئەر كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ باققىنى، ئۇنداق ئىشنى ئويلاپ باققىنى يوق.

راست، رەيھان ئېرىنى شۇنچە يىل ساقلىدى. ئاللاغا كۆپ نالە قىلدى، ئاللامۇ ئۇنى نائۇمىد قويمىدى، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئۇلار قايتا ئۇچراشتى. رەيھان بىلدىكى، ئېرىنىڭ مۇھەببىتى تېخى يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئىكەن. ھازىر رەيھان بەختلىك، ئېرى ئۇنىڭغا، يوقاتقان مۇھەببىتىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، دېدى. ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، ۋاقىت ئاتقان ئوق، ئۇ قايتىپ كەلمەيدۇ... «ئاھ، ئابدۇراخمان، مەن سىزنى سۆيگىنىمگە، سىزگە كۆيگىنىمگە رازى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ياش تۆكمەيمەن، مەن سىزنى ئاشۇ بۇرۇنقى قىز ۋاقتىمدىكىدەك سۆيىمەن، بىر ئۆمۈر سۆيدۇم، ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە سۆيىمەن، بۈگۈن سىزنى چۈشۈمدە كۆرۈشنى ئىستەيمەن، خەيرلىك كەچ، سىزمۇ مېنى چۈشىڭىزدە كۆرەرسىز.»

— ئاپا، ئۇخلاپ قالدىڭمۇ؟

— ياق، قىزىم، ئۇيقۇم قېچىپ كەتتى، قارىغىنا بۈگۈن كېچە ئاسمىنى نېمىدېگەن چىرايلىق.

— ئاپا، رەنجىمىگىن، سەندىن يەنە بىر سوئال سوراي.

— قېنى سورىغىن.

— شۇنچە يىل دادامدىن ئايرىلىپ ياشاپ نېمىشقا قايتا توي قىلىشنى ئويلىمىدىڭ؟ بىرەر ئەر كىشىنى ياخشى كۆرمىدىڭمۇ؟

— ياق، قىزىم، قايتا توي قىلىش خىيالىمغىمۇ كىرىپ

باقماپتۇ، پەقەت سەن بىلەنلا بولۇپ كېتىپتىمەن. دۇنيادا شۇنچە نۇرغۇن ئادەم بار، ئاجايىپ ياخشى ئەرلەر تۇرۇقلۇق بۇ دۇنيادا ئىككىمىز باردەكلا ياشاپتىمەن، ھازىر ئويلاپ باقسام، يۈرىكىمدىكى مۇھەببىتىمنى ساڭا بېرىپتىمەن، قالغىنىنى داداڭغا ساقلىغان ئوخشايمەن.

— ئەلچىلەر كىرمىدىمۇ؟

— ئەلچىلەر كۆپ كىردى، لايىقمۇ چىقتى، بىراق مەن سېنى باھانە قىلىپلا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، داداڭدىن رەنجىگىنىم بىلەن ئۇنى ئۇنتۇيالمىدىم، قىزىم، تۇنجى مۇھەببەت، تۇنجى ئەرنى ئۇنتۇش بەك تەس ئىكەن.

— چۈشەندىم، ئاپا، سەن مېنى دەپ شۇنداق قىلدىڭ، مېنى كۆز قارىچۇقۇڭدەك ئاسراپ باقتىڭ، خۇددى تىلتۇماردەك يېنىڭدىن ئايرىمىدىڭ، سېنىڭ ئەجرىڭدىن مەن بۇگۈنكىدەك قىز بولۇپ يېتىلدىم. مەن سېنى سۆيىمەن، ئاپا، ئۆمرۈم بويى سېنى يېنىمدىن ئايرىماي باقىمەن، سەن ئاجايىپ بىر ئانا، مەن سەندىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن.

ئانىنىڭ چىرايى خۇشلۇقىدىن نۇرلىنىپ كەتتى - دە:

— بالا دېگەن ئانىنىڭ يۈرىكى، قىزىم. ئانىلار پەرزەنت ئۈچۈن ئوتقا كىرىشتىن، سۇغا كىرىشتىنمۇ قورقمايدۇ، سەن مېنىڭ بىردىنبىر خۇشلۇقۇم، كۆڭۈل ئارامىم، مەنمۇ سېنى سۆيىمەن، — دېدى.

— رەھمەت، ئاپا، سېنى رەنجىتكەن بولساممۇ مېنى كەچۈرگىن، مەن شۇ دادامنى دەپ...

— ھېچ ۋەقەسى يوق، چىقىپ ئارام ئال.

— خەيرلىك كەچ، ئاپا.

— خەيرلىك كەچ، قىزىم.

رەيھان يالغۇز قالدى. ئۇ قىزىنىڭ دادىل، تېتىك

سۆزلىرىدىن سۆيۈندى. ئۇنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغىنى شۇكى، تۇغۇلۇپ چوڭ بولغۇچە دادىسىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا دادىسىمۇ ئۇنى بىر قېتىممۇ كۆرمىگەن، كۆتۈرۈپ باقمىغان، ئەركىلەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى دادا ئوبرازى نېمىدېگەن ئۇلۇغ ـ ھە؟ ئۇنداق روھ نەدىن كېلىدىغاندۇ؟ ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، توۋا، مەن قىزىمنى بىر ئۆمۈر ئەزىزلەپ باقتىم، كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسرىدىم، بىراق ئۇنىڭغا ئاتا سۆيگۈسى، ئاتا مېھرىنى بېرەلمەپتىمەن، دېمەك ئاتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئاتەشتەك مېھرى باشقىچە بولىدىكەن، دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتى.

## 28

— ئەتە موسكۋاغا بارىدىغان بولدۇق، — دەپ دەرۋازىدىنلا ۋارقىراپ كىرگەن زۇلفىيە خۇشلۇقىدا ئاپىسىغا ئېسىلدى، — بىزنىڭ سىنىپقا بەش سان بېرىپتىكەن، ئوقۇتقۇچىمىز بىزنى موسكۋادىكى ئۆسمۈرلۈك باغچىسىغا ئېكسكۇرسىيەگە ئاپىرىپ كېلىدىغان بولدى. بىر ھەپتە دېگىنە، بۇ ئۆسمۈرلۈك باغچىسى بەك چوڭ ھەم دۇنيادا بارلىكى ئۆسمۈرلۈكنىڭ ئەۋرىشكىسى بار باغچە ئىكەن.

— بەك ياخشى بوپتۇ، قىزىم، كىتابتا كۆرگەنلىرىڭنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، مەنمۇ سېنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتىمەن. موسكۋا دېگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۈرىكى، دۇنياغا داڭلىق شەھەر، يانۋار ئايلىرى موسكۋانىڭ تازا سوغۇق ۋاقتى، قېلىن كىيىنىۋالارسەن.

— ۋىيەي، بىز دېگەن ياش تۇرساق، ئۆتۈك، پەلتو كىيىۋالسام بولار.

— سىلەر ياشلارزە بەك نوچىلىق قىلىسىلەر، بارغاندا كۆرەرسەن، ھەممە كىشىنىڭ پۇتىدا ئىچىدە يۇڭى بار ئۆتۈك، ئۈستىدە قېلىن پەلتو، بېشىدا تۇماق دېگىنە، ئوتتۇز گىرادۇستىن تۆۋەن سوغۇقتا كۇندە دېگۇدەك قار يېغىپ تۇرىدۇ. سەن كىچىكىڭدىن تارتىپ ئىسسىق جايدا ئۆسۈپ چوڭ بولدۇڭ، شۇڭا قېلىنراق كىيىنىۋالمىساڭ ئاسان سوغۇق ئۆتۈپ قالىدۇ.

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ئەتىكى تەييارلىقنى قىلىپ خېلى كەچ ياتتى، بىراق ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزىدە ئۇيقۇ دىدارى يوق ئىدى.

ئانا ئويلىماقتا ئىدى، ئۇ ئېرىگە تازا بىر پەيتتە كەلگەندە قىزى زۇلفىيەنىڭ بارلىقنى ئېيتىپ تۇيۇقسىز خۇش قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ كەمگىچە دېمىگەنىدى، ئىسىت، بۇرۇنراق ئېيتقان بولسا، ئۇلار بۇ قېتىم موسكۋادا يۈز كۆرۈشمەسمىدى. ئەمدى بولغاندا تېلېفوندا ئۇ گەپنى تومتاقلا ئېيتسا ئۇ نېمە دەپ قالار؟ ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەتتى، ئادەم دېگەن گاھىدا ئەجەبمۇ دۆتلۈك قىلىدىكەن، يا قورسىقىمدا جىن بولمىسا، يا بۇ قىزىم باشقا بىرىنىڭ بالىسى بولمىسا، تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان ئۇ سۆزنى دەۋەتكەن بولسام قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە، شۇ ۋاقىتتا دادا ـ بالا ئىككىسى بالدۇرلا كۆرۈشكەن بولاتتى. ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ ۋاي ئىسىت! قىزىم دادامنى ئىزدەيمەن دەپ كاككۇكتەك سايراپ كېتىۋاتىدۇ، بىراق...

زۇلفىيەمۇ دادىسى توغرىسىدا ئويلاپ ئۇخلىيالمىدى، ئۇنىڭدا دادىسىغا نىسبەتەن كۈچلۈك ھۆرمەت، مۇھەببەت، سېغىنىش، ئويلىنىش مۇجەسسەملەنگەن مۇرەككەپ ھېسسىيات بار ئىدى. نېمىشقىدۇر ئاپىسىنىڭ ئۆزى توغرىسىدا دادىسىغا ئېيتمىغانلىقىغا بەك ھەيران بولاتتى، ئۇنداق ئويلىسىمۇ، بۇنداق

ئويلىسىمۇ دادىسىنى كۆرۈش ئارزۇسىدىن ۋاز كېچەلمەيتتى. ئۇ ئويلايتتى، ئەگەر موسكۋاغا بارغاندا بىر ئامال قىلىپ دادامنى تاپتىم دېسەممۇ، مەن ئۇنىڭ بىلەن قايسى تەرىقىدە كۆرۈشەرمەن؟ ئەسكى تاغاردىن بىگىز چىققاندەك، دادا، مەن سىزنىڭ قىزىڭىز، دېسەم، ئۇ نېمە دەپ قالار؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە موسكۋا دېگەن شۇنچە چوڭ شەھەر تۇرسا، دادامنى تاپىمەن دەپلا تاپالامتىم، بۇ خىياللىرىم بەك رومانتىك خىيالمۇ قانداق؟ ئەگەر ئاپام دادامنىڭ تېلېفونى، ئادرېسىنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىغۇ، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى تېپىپ كۆرۈشەتتىم، قانداق قىلاي، ئاپامغا يېلىناي، يالۋۇراي...

ئۇ خىيالدىن باش كۆتۈرەلمەي، ئۇياق ــ بۇياققا ئۆرۈلۈپ تىنچ ياتالمىدى.

ــ بەك خۇش بولۇپ كەتكەندەك قىلىسەن، قىزىم، شۇڭا ئۇيقۇڭ كەلمەيۋاتامدۇ نېمە؟

ــ ھەئە، بىر ئىش خىيالىمغا كىرىۋېلىپ كۆزۈمدە ھېچ ئۇيقۇ يوق.

ئانىنىڭ كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيغاندەك قارتتىدە قىلىپ قالدى.

ــ ئاپا، ــ دېدى زۇلفىيە يېلىنغان بىر ئاھاڭدا، ــ موسكۋاغا بارغاندا دادامنى ئىزدىسەم بولامدۇ؟ ماقۇل دېگىنە، مەن يەنە قانچە يىل ساقلايمەن، مېنى تەقەززا قىلماي دادامنىڭ تېلېفون نومۇرىنى، ئادرېسىنى دەپ بەرگىن، خۇش بولۇپ كېتەي، ماقۇلمۇ؟

ئانا ئىچىدە، بۇنداق قىلسا تولىمۇ تاسادىپىي ئىش بولۇپ قالامدۇ؟ زۇلفىيە دادىسىغا نېمە دەيدۇ، دادىسى نېمە دەر؟ ياق، بولمايدۇ، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، بۇ قىز تېخى ياش، نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ. نېمە دېسەم بولار؟ ئۇدۇللا دېسەم كۆڭلىگە كېلىدۇ،

شۇڭا ئەگىتىپ دەي، دەپ ئويلىدى ـ دە:

— موسكۋا بەك چوڭ، قىزىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقتىڭلار بەك قىس، ئاران بىر ھەپتە تۇرىدىكەنسىلەر، بۇ قېتىم داداڭنى ئىزدىمىگىن، مەن مۇۋاپىق پۇرسەتتە ئېيتىپ داداڭنى ھەيران قالدۇراي، ئاندىن يۈز كۆرۈشكىن، ھازىرغىچە ئىككىڭلار يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغاندىكىن خۇشال كۆرۈشەلمەيسەن، شۇنداققۇ؟

— ئۇغۇ راست، ئۇنى تاپسامىمۇ قاندىاق «دادا» دەپ چاقىرىمەن، شۇنچە يىل «دادا» دەپ باقمىغان تۇرسام، دادامنى ئىزدەپ تاپقان تەقدىردىمۇ ھېچنېمە دېيەلمىگۈدەكمەن. بوپتۇ، سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن.

زۇلفىيە ئاغزىدا شۇنداق دېگەن بىلەن كۆڭلىدىكى ئارزۇسىدىن ۋاز كەچمىدى، تەلەي سىناپ دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ بىللە چۈشكەن سۈرىتىنى ئېلىۋېلىشنى نىيەت قىلدى. گاھىدا ئادەمنىڭ ئىشى تاسادىپىي ئوڭدىن كېلىپ قالىدۇغۇ؟ جېنىم دادا، سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئاللادىن تىلەيمەن...

زۇلفىيە موسكۋاغا كەلگىلى بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپلا ئەڭ چوڭ ئۆسۈملۈك باغچىسىغا باردى ـ دە، ئاغزىلىرىنى ئېچىپلا قالدى. بۇ باغچىدا دۇنيادا بارلىكى ئۆسۈملۈك، گۈل ـ گىياھنىڭ ئەۋرىشكىلىرى، ھەتتا بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇنقى ھەر خىل ئوت ـ چۆپ، زىرائەتلەرنىڭ ئەۋرىشكىلىرىمۇ بار ئىدى.

تۆتىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇلار موسكۋا شەھىرىنى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن ساياھەت ئاپتوبۇسىغا چىقتى، ساياھەت يېتەكچىسى ئالېكسىي پېتروۋىچ قولىدا مىكروفون تۇتۇپ، ئىنتايىن خۇشخۇيلۇق بىلەن ھەربىر كوچا، زاۋۇت، فابرىكا، مەكتەپ، ئۇنىۋېرسىتېتلارنى، پۇشكىن، گوركىي، لېرمونتوف نامىدىكى ئورۇنلارنى تونۇشتۇراتتى، موسكۋانىڭ تارىخىنى

سۆزلەيتتى. موسكۋا ھەقىقەتەن ئىنتايىن گۈزەل، پاكىز شەھەر ئىدى، نېۋا دەرياسى شەھەرگە ئاجايىپ گۈزەل تۈس بەرگەنىدى.

بۈگۈن لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان بولۇپ، ئېگىز بىنالارنىڭ قاڭالتىرلىق ئۆگزىسىدىكى ئاپپاق قارلار پاختىدەك تۇراتتى. كىشىلەر قېلىن ياقىلىق پەلتو كىيگەن، بېشىدا نوركا، قاما، قاراكۆل قۇلاقچا، ياشلارنىڭ بېشىدا ھەر خىل سوكنا شەپكە، يۇڭ پوسما بار ئىدى. كوچىدا باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر خۇددى بىر يەرگە ئالدىراپ كېتىۋاتقاندەك شۇنداق جىددىي كۆرۈنەتتى، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ يەر ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن خالىي، كىشىلەرنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى، پىكاپ، ئاپتوبۇسلارمۇ يېنىك سىگنال بېرەتتى.

— موسكۋا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۈرىكى، — دېدى ساياھەت يېتەكچىسى ھاياجان بىلەن، — ھەر كۈنى موسكۋاغا كېلىدىغان ساياھەتچىلەر شۇنداق كۆپ. بىز ھازىر نامسىز قەھرىمانلار قەبرىستانلىقىغا بارىمىز.

ھەممەيلەن بىر - بىرلەپ ئاپتوبۇستىن چۈشتى - دە، نامسىز قەھرىمانلار قەبرىستانلىقىغا گۈل قويۇپ، نەچچە سېكۇنت تەزىيەدە تۇردى. لېنىن مۇزېيى يېنىدىكى كىرېمىل سارىيىنى بويلاپ ئارقا ئىشىكىگىچە بولغان ئارىلىقتا مەشھۇر ئالېكساندروۋسكىي باغچىسى بولۇپ، موسكۋا شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى بۇ باغچە ئانچە چوڭ ئەمەس، ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ نامى پۈتكۈل دۇنياغا مەشھۇر، بۇ باغچە تۆرىسىدە كۆپلىگەن شائىرلار يارقىن مىسرالارنى، مۇزىكانتلار، كومپوزىتورلار بولسا ئەڭ لىرىك، جۇشقۇن مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغانىدى، شۇڭا قىز - يىگىتلەر ئورتاق ھاياتقا بولغان تۇنجى قەدىمىنى مۇشۇ باغچىدا بېسىپ، توي كۈنى كېلىپ بۇ يەرگە گۈلدەستە قوياتتى. بۇ باغچىدا — كىرېمىل سارىيىنىڭ تېمىنىڭ يېنىدىكى مەرمەر تاشتىن

www.uyghurkitap.com

ياسالغان سۈپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «يۇلتۇز»دىن ئاجايىپ بىر كۈچلۈك ئوت يالقۇنجاپ تۇراتتى، بۇ ئوت ئادەملەردە ھاياتقا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەت ئويغىتىشقا سىمۋول ئىدى. مانا بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان سانسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرىسى ئۈچۈن يېقىلغان دۇنياغا مەشھۇر «مەڭگۈلۈك يالقۇن»دۇر.

ئوقۇغۇچىلار ئالېكساندروۋسكىي باغچىسىغا كىردى، باغچە ئاپپاق قارغا كۆمۈلگەن، ئاق قېيىن، ئارچا، قارىغاي دەرەخلىرىمۇ قار گۈللىرى بىلەن ئاجايىپ سېھىرلىك كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئۈن - تىنسىز ئېغىر سۈكۈتتە تۇرۇپ «مەڭگۈلۈك يالقۇن»غا قاراپ تۇرۇشتى. زۇلفىيەنىڭ كۆز ئالدىدا قەھرىمانلارنىڭ سىماسى بىلەن بوۋىسى ھەسەنجاننىڭ سىماسى گەۋدىلەندى - دە، يۈرەكتىكى قانلىرى ئۇرغۇدى. قەھرىمانلار ۋەتەننى سۆيۈش، ئەركىنلىكنى سۆيۈش بەدىلىگە ئىسسىق قانلىرىنى تەقدىم ئەتكەنىدى.

زۇلفىيە ۋە ساۋاقداشلىرى بۇ باغچىدىن يېنىپ چىققاندا، ئۇلارنىڭ دىلىدا ۋەتەنگە بولغان ئاجايىپ ئوتلۇق مۇھەببەت ۋە قەھرىمانلارغا بولغان ھۆرمەت ھەسسىلەپ ئاشتى.

«بوۋا، — دېدى زۇلفىيە پىچىرلاپ تۇرۇپ، — مەن سىزنى كۆرمىگەن بولسامۇ، بۇ قەھرىمانلارنى كۆرمىگەن بولسامۇ، لېكىن سىلەرنىڭ قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىنى دۈشمەنلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش جەريانىدىكى قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىڭلارنى كۆرگەندەك بولدۇم. سىزنى مەڭگۈ ياد ئېتىمەن، سىز ئۇلۇغ، قەھرىمان جەڭچى، مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ جايدا سەنمۇ بار. بوۋا، سەندىن مەڭگۈ پەخىرلىنىمەن...»

ئۇلار باغچە ئىچىدە سۈرەتلەرگە چۈشۈپ، چوڭ يولغا چىقىپ تۇرۇشىغا، بىر قارا پىكاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى -

ده، ئۇنىڭدىن ئىككى ئەر چۈشتى، بىرى ئېگىز بوي، قاۋۇل، ئۇزۇن قارا پەلتو كىيگەن، بېشىدا سوكىنا كەپكىسى بار، زەڭگەر كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان رۇس كىشى؛ يەنە بىرى ئوتتۇرا بوي، كۈل رەڭ دىراپتىن قاراكۆل ياقىلىق پەلتو، قاراكۆل قۇلاقچا كىيگەن كىشى بولۇپ، قاراشتىلا ئۇيغۇر ئىدى.

ساۋاقداشلىرى خېلى بىر يەرگە بېرىپ بولغۇچە، زۇلفىيە جايىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ كىشى سۈرەتتىكى ئاپىسى بىلەن بىللە تۇرغان كىشىگە ئوخشاپمۇ قالاتتى. ئۇ ئىشىنەر ـ ئىشەنمەس بىر ھالەت بىلەن سومكىدىن سۈرەتنى ئېلىپ قارىدى ـ دە، خۇشاللىقتىن ئۆزىمۇ بىلىپ ـ بىلمەيلا ئۇ كىشىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى... يان كوچىدىن شۇنچىلىكمۇ ئىتتىك چىققان پىكاپ قۇلاقنى يارغۇدەك كۈچلۈك تورمۇز بىلەن توختىدى... قىز نېرىراققا قاڭقىپ چۈشتى.

ئەتراپتىكىلەر گۇرررىدە ئولاشتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى كىشى ــ ئابدۇراخمان ئوسمانوفمۇ بار ئىدى. ئۇ قىزنى كۆتۈردى. قىزنىڭ پېشانىسى سۈرۈلگەن بولۇپ، ئازراق قان چىققان، ھوشسىزلانغانىدى. ئۇ قىزنى كۆتۈرۈپ كېلىپ پىكاپىغا سالدى، شۇ ئارىلىقتا قىزنىڭ قولىدىن يەرگە چۈشكەن خاتىرە دەپتەرنى يېنىدىكى رۇس كىشى يەردىن ئېلىپ ئابدۇراخمان ئوسمانوفقا بەردى، ئۇ خاتىرە دەپتەرنى يانچۇقىغا سېلىپ، شوپۇرغا قاراپ ئالدىراشلا:

ــ دوختۇرخانىغا، ــ دېدى.

ماشىنا تېز سۈرئەتتە غۇيۇلداپ كېتىۋاتاتتى، ئانچە ھايال بولمايلا دوختۇرخانىغا كەلدى.

دوختۇرلار زۇلفىيەنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

ــ بېشى ئازراق سۈرۈلۈپ قاناپتۇ، چوڭ مەسىلە يوق، شۇنداقتىمۇ تەپسىلىي تەكشۈرىمىز، ــ دېدى.

شۇ ئارىلىقتا زۇلفىيەنىڭ مەسئۇل ئوقۇتقۇچىسى بىلەن

يەنە بىر قىز ياتاققا كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلى تىندى.

— سىزگە رەھمەت، ئەپەندى، — دېدى ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا قول بېرىپ، — بۇ قىز مېنىڭ ئوقۇغۇچىم ئىدى، ياردەم قىلغىنىڭىزغا رەھمەت.

— رەھمەت دېگۈچىلىكى يوق. دوختۇر چوڭ مەسىلە يوق دەيدۇ، خاتىرجەم بولۇڭلار. ھە راست، بۇ قىزنىڭ خاتىرە دەپتىرى ئىكەن، — دەپ يانچۇقىدىن خاتىرە دەپتەرنى چىقىرىپ ئوقۇتقۇچىسىغا سۇنۇشىغا، ئىچىدىن بىر پارچە سۈرەت چۈشۈپ قالدى. ئۇ دەرھال ئېڭىشىپ يەردىن سۈرەتنى ئالدى ـ يۇ، قېتىپلا قالدى. بۇ ئۇنىڭ يىگىرمە يىل بۇرۇن توي قىلىش ئالدىدا چۈشكەن سۈرىتى ئىدى. ئۇ بۇ سۈرەتنى يۈرىكىنىڭ قېتىدا ساقلاپ كەلگەنىدىغۇ؟ قانداق بولۇپ بۇ قىزنىڭ يېنىدا بولىدۇ؟ بۇ قىز زادى كىم؟ ئۇنىڭ خوتۇنى رەيھان بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ شۇ خىياللار بىلەن ئۇنىڭ كاللىسى قوچۇلۇپ كەتتى.

ئۇ كارىۋاتتا ياتقان قىزنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. بۇ قىز ئۇنىڭ قىزى گۈلمىرەگە ئەجەبمۇ ئوخشايدىكىنە! بۇ مۇمكىنمۇ؟ بەلكى كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنگەن بولسا كېرەك... ياق! ئۇ قىز ماڭا ئوخشايدىكەن، بىراق بۇ زادى كىم؟

ئۇ دوختۇرنىڭ قېشىغا كىرىپ قىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ خاتىرجەم بولدى ـ دە، قايتىپ كىرىپ ياردىمىم كېرەك بولسا دەپ ئوقۇتقۇچىسىغا ئىسىم كارتوچكىسىنى بېرىپ ۋە قىزنىڭ ئىسمىنى، مەكتەپ ئادرېسىنى سورىۋېلىپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

خېلىدىن كېيىن زۇلفىيە ھوشىغا كەلدى.

— بىزنى بەك قورقۇتۇۋەتتىڭىز، — دېدى ئوقۇتقۇچىسى.

— مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالدىم، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ.
— خۇداغا شۈكۈر، چوڭ ئىش يوق.
— مېنى دوختۇرخانىغا ئەكەلگۈچە سىلەرمۇ تازا جىددىيلەشكەنسىلەر، — دېدى ئۇ ساۋاقداشلىرىغا قاراپ.
— ياق، سېنى ناتونۇش بىر ئۇيغۇر كىشى دەرھال پىكاپقا سېلىپ ماڭدى، بىز ئۇنىڭ كەينىدىن كەلدۇق، ئۇ ئاجايىپ ياخشى ئادەم ئىكەن، تېخى ھېلىراقتا كەتتى، — دېيىشتى.
زۇلفىيە كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ئويلاندى: ئەگەر مېنى ماشىنا سوقۇۋەتمىگەن بولسا، مەن چوقۇم بىرەر باھانە بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىككى ئېغىز سۆزلىشىۋالاتتىم. ھېچ بولمىسا يول تاپالمىدىم دېسەممۇ بولاتتى ئەمەسمۇ، مەن بەك خۇشال بولاتتىم. بىراق، ئۇچۇ؟
زۇلفىيە كۆڭلىدە، ئۇ كىشى چوقۇم مېنىڭ دادام، دەپ جەزملەشتۈردى ۋە ئۇچراتقانلىقىغا چەكسىز شادلاندى. گەرچە ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرا پاراڭلىشىشقا، تونۇشۇشقا نېسىپ بولمىغان بولسىمۇ، بىراق خۇدايىمنىڭ ئۇلارنى ئۇچراشتۇرغانلىقىغا ئۇ يەنىلا رازى ئىدى.
زۇلفىيە موسكۋادىن ناھايىتى خۇشال ھەم روھى كۆتۈرەڭگۈ قايتىپ كەلدى. ئۇ ئاپىسىغا موسكۋادا كۆرگەن، بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىنى قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ تىنىماي سۆزلەپ بەردى. كەچقۇرۇن بولغاندا ئاپىسىغا يالۋۇرۇپ، ئەركىلەپ يۈرۈپ دادىسىغا تېلېفون بەرگۈزدى.
— ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ مەنمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن. سىزگە ئۇزاقتىن بېرى دېيەلمىگەن بىر گەپ بار ئىدى، نېمە گەپ دەمسىز، بۇ بەك مۇھىم ئىش ھەم سىزنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش، ياق، تېلېفوندا دېسەم بولمايدۇ، ئۆيگە كېلىڭ. ئەتە يولغا چىقامسىز؟ ماقۇل، خەير - خوش، شەنبە كۆرۈشەيلى.

شەنبە كۇنی، تاشكەنت شەھەرىدە سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، زۇلفىيە ئانىسى بىلەن كۆك بازىرىغا بېرىپ مېۋە - چىۋە، كۆكتات ۋە بىر دەستە گۇل سېتىۋالدى، ئاندىن سوم ماگىزىنىغا كىرىپ يېمەك - ئىچمەك، تاتلىق - تۇرۇم سېتىۋېلىپ ئۆيگە قايتتى - دە، داستىخان راسلىدى. ئۇلار بىردەم - بىردەم سائەتكە قارايتتى، ئانا بىردەم ئاشخانىغا، بىردەم مېھمانخانىغا كىرىپ، دېرىزە پەردىلىرىنى تۇزەيتتى، ئۇ:

— زۇلفىيە جېنىم، ئۆزۈڭنى تۇزەشتۇرۇپ بولدۇڭمۇ؟ — دېدى ياتاق ئۆيگە قاراپ.

— مانا ھازىرلا چىقىمەن، ئاپا، — دېدى قىز ئالدىراش.

ئانا سەل - پەل جىددىيلىشىپ قالدى، چۇنكى يەنە بىر ئازدىن كېيىن ئىبرى — زۇلفىيەنىڭ دادىسى كېلىدۇ. زۇلفىيە ئۆزىنى ئاندا - مۇندا تۇزەشتۇرگەنگە خۇددى قاسراق تاشلىغان بېلىقتەك پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇستىگە نېپىز گەرىس كۆڭلەك كىيىپ، بېلىگە كېلىدىغان ئۇزۇن چاچلىرىنى چازا بىلەن قىسىپلا ئارقىسىغا تاشلىغانىدى، پۇتىدا قارا ئېگىز پاشنىلىق تۇپلەي بار ئىدى.

ئانا قىزىنىڭ بوي - بەستىگە قاراپ مەغرۇرلۇق بىلەن كۇلۇپ قويدى. دەرۋازا قوڭغۇرىقى بېسىلدى، ئانا بىلەن قىز جىددىيلىشىپ كەتتى، زۇلفىيە نېمە قىلىشنى بىلەلمەستىن:

— ئاپا، مەن قانداق قىلىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۆرۇشىمەن، ئۇنى نېمە دەپ چاقىرىمەن، — دېدى ئىشىككە قاراپ كېتىۋېتىپ.

— ھودۇقما، ھېچ ئىش بولمايدۇ، توختا، ئىشىكنى ئۆزۈم ئاچاي.

ئانا ئاستا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئىبرى چامادانىنى يەرگە قويدى - دە، ئۇنى قۇچاقلىدى. ئانا شەلپەردەك قىزىرىپ:

— سالامەت كەپسىز، — دېدى.

— ياخشى كەلدىم، ئۆزىڭىزچۇ؟
— رەھمەت، ياخشى، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت.
ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا تۇرغان زۇلفىيە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، ئىككىيلەن بىللە كەلگەندىلا ئالدىغا چىقىپ:
— خۇش كەپسىز، — دېدى، ئابدۇراخمان زۇلفىيەنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.
— قېنى ئۆيگە كىرىپ سۆزلىشەيلى، — دېدى رەيھان ئۇنى تۇرتەكلەپ.
ئۇلار ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئابدۇراخماننى بىر خىل گاڭگىراش، چىگىچ خىيال، تەمتىرەش ۋە ھاياجان چۇلغىۋالغانىدى. رەيھاننىڭ چېھرىدىمۇ بىر خىل شادلىق بىلەن غەمكىنلىكنىڭ ئارىلاشقان ئىپادە ئەكس ئېتەتتى، لەۋلىرى سەل ـ پەل تىترەيتتى. زۇلفىيەنىڭ خۇشلۇقى چېھرىگە تېپىپ، ھاياجاندىن ئولتۇرالماي قېلىۋاتاتتى.
— مەن تونۇشتۇراي، — دېدى رەيھان سەل تىترەڭگۇ ئاۋازدا، — بۇ سىزنىڭ قىزىڭىز زۇلفىيە بولىدۇ. ئۇ سىزنى شۇنچە يىلدىن بېرى سېغىنىپ زارىقىپ كۈتكەنىدى، شەپقەتلىك ئاللا سىلەرنى موسكۋادا ئۇچراشتۇرۇپتۇ. بىچارە قىزىم بىر ئاغزىدا مىڭ قېتىم «دادامنى كۆردۇم» دەپ كاككۇكتەك سايراپ كەتكەنىدى، مانا ئەمدى جېنىم قىزىم، سېنىڭ داداڭ، مېھرىبانىڭ ئالدىڭدا تۇرىدۇ، بارغىن قىزىم، ئۇنىڭ ئالدىغا بارغىن، ئۇنى چىڭ قۇچاقلا، بارلىق ئاۋازىڭ بىلەن «دادا !» دەپ چاقىرغىن.
— ياق، قىزىم، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا باراي، سىز مۇشۇنچىلىك چوڭ بولغۇچە مەن سىزنى بىرەر قېتىم كۆتۈرۈپ باقمىدىم، سىزنى ئەركىلىتەلمىدىم، ئوينىتالمىدىم، مەكتەپكە ئاپىرالمىدىم، قىسقىسى، سىزگە ئاز بولسىمۇ ئاتىلىق مېھرىمنى بېرەلمىدىم. سىزنى بىچارە ئاپىڭىز ھەم ئانا، ھەم ئاتا

بولۇپ بىر چىرايلىق بېقىپ چوڭ قىلدى، بۇ ئۆيدە دادا يوق، سىلەر قانچىلىك جاپالارنى تارتقان بولغىيدىڭلار ـ ھە...

ئاتا ـ بالا تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بىر ـ بىرىگە يېقىن كەلدى.

— دادا! — دەپ زۇلفىيە يىغلاپ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلدى، — مەن سىزنى ئۇزاق يىللار ساقلىدىم، سىزنى بەك سېغىندىم، سىزنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدىم، بىراق سىزنى زادىلا تاپالمىدىم. بۈگۈن بىزگە كۆرۈشۈش، بىللە بولۇش نېسىپ بوپتۇ.

— قىزىم، جېنىم قىزىم!

— جېنىم دادا!

ئىككىيلەن كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالماي چىڭ قۇچاقلاشتى. رەيھان ئولتۇرغان يېرىدە يىغلاپ ئېقىپ كەتتى.

— دادا، بۇ راستتىنلا سىزمۇ؟

— ھەئە، قىزىم، مەن، سىزنىڭ دادىڭىز.

— ئەمدى بىز ئايرىلماي ياشايمىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، قىزىم، ئەمدى بىز ئايرىلماي ياشايمىز، مەن ۋەدە بېرەي.

رەيھاننىڭ يۈرىكى شادلىقتىن يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. مانا، ئاتا مېھرىگە نېمە يەتسۇن؟ دۇنيادا ئاتىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ھېچ نەرسە تولدۇرالمايدۇ. ئاتىسىز ھايات ئۇ نىمجان ھايات، ئاتىسىز ئائىلە بەئەينى غېرىبنىڭ كەپىسى، ئاتىسىز پەرزەنت قانىتى سۇنغان قۇشقا ئوخشايدۇ، ئاتىسىز تۇرمۇش مەنىسىز، ئاتا ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، ئايالنىڭ يۆلەنچۈكى، پەرزەنتنىڭ قانىتى، جەمئىيەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى...

— رەيھان، نېمىشقا مۇشۇنداق چىرايلىق بىر قىزىمنىڭ بارلىقىنى بالدۇرراق ئېيتمىدىڭىز؟

— شۇنداق، سىز بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا بۇ توغرىسىدا

سۆزلەشكە ھەقىقەتەن پۇرسەت بولمىغانىدى. ئۇ چاغلاردا سىزنى كۆرسەم كەيپىياتىم نورمال بولمىغاچقا، بىردە ئاچچىقلاپ، بىردە يامانلاپ، بىردە يىغلاپ تاشلايتتىم، سىز كەتكەندىن كېيىن ھوشۇمنى تېپىپ، دەي دېسەم سىز يوق.

— راست شۇنداق بولدى، قېنى قىزىم، سىزنى تازا ئوبدان كۆرۈۋالاي، — دېدى ئۇ قىزىنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— دادا، سىزنى كۆرۈشكە قانچىلىك ئىنتىزار بولغانىدىم ـ ھە؟ مانا ھازىر سىزنى چۈشۈمدە ئەمەس، ئويغۇمدا كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. سىز مېنى ئىسسىق باغرىڭىزغا ئېلىپ ئاتىلىق مېھرىڭىزنى بېرىۋاتىسىز. راستىنى ئېيتقاندا، موسكۋادا سىزنى كۆرۈپلا ئوقتەك ئۇچۇپ بارغۇم، سىزگە ئۆزۈمنى ئاتقۇم، «دادا!» دەپ ۋارقىرىغۇم كەلگەنىدى. ئاشۇ بىردەملىك پاجىئە بىزگە خۇددى تەقدىرنىڭ چاقچىقىدەك ئىش بولدى. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام سىز يوق، كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. مانا ئەمدى ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشتى. ئەمدى بىزدىن ئايرىلمايدىغانسىز ـ ھە؟ — دېدى ئەندىشىلىك كۆزلىرىنى تىكىپ.

— ياق، قىزىم، ياق، ئەمدى بىز ئايرىلمايمىز. سىزنى شۇ ۋاقىتتا قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنىم ئۈچۈن بەك خۇش بولدۇم، قىزىم، ھەممە گۇناھ ئانىڭىزدا، سىز شۇنچە چوڭ قىز بولغۇچە مەندىن يوشۇرغىنى نېمىسى. ئەمدى مەنمۇ سىزدىن ھېچنېمىنى يوشۇرماي ئېيتاي، قىزىم، بۇ سىرنى ئىلگىرى ئاپىڭىزغا ئېيتقانىدىم، سىزنىڭ يەنە گۇلمىرە دەپ بىر ھەدىڭىز بار.

— راستما؟ — زۇلفىيەنىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك ئېچىلدى ـ دە، بىر ئانىسىغا، بىر دادىسىغا قارىدى.

— دادىڭ راست ئېيتىدۇ، ئەمدى ھەممىمىز جەم بولۇپ ئۆتىدىغان بەختىيار كۈنلىرىمىز كەلدى، — دېدى ئاپىسى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇلار بۈگۈن دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىلەردىن ئىدى.

ئۇلار بىر دەستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالاندى، راسا مۇڭداشتى.
كۈندۈز كىچىگە ئۇلاندى، گەپلىرى ھېچ تۈگىمىگەندەك ئەمەس،
تاڭمۇ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى.

## 29

«لېنىنئابات» كولخوزىنىڭ نۆۋەتتىكى رەئىسى يارمەمەتوف ئىشخانىسىدا ئىشلەۋاتاتتى، ئۇ ئالدىدا دۆۋىلىنىپ تۇرغان گېزىت ـ ژۇرنال، ھۆججەت، لايىھە، تەكلىپ ـ پىكىرلەر دۆۋىسىگە قاراپ بېشىنى چايقىدى. نېمىدېگەن كۆپ ئىشلار بۇ ـ ھە؟ كولخوزدا ئالدىنقى يىلى باشلىنىپ كەتكەن قۇرۇلۇشلار، چۆلدىكى ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى، يېزا قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت، مەمۇرىي، تەرەققىيات مەسىلىلىرىگە باغلىق بۇ ئىشلار شۇنچىلىك كۆپ، قارىسا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشتەك تۇرغان بىلەن ھەممە ئىش بېرىپ ئىقتىسادقا تاقىلىدۇ، كولخوز ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىغا كىرەكلىك مۇھىم ئىشلار، تەرەققىيات جەريانىدىكى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار...

يارمەمەتوف ئوتتۇرا بوي، قارا كۆز، قارا قاش، ئاغزىدا ئالتۇن چىشلىرى پارقىراپ تۇرغان ناھايىتى كېلىشكەن كىشى، قاچانلا قارىسا جۇشقۇن، چاققان كۆرۈنىدۇ.

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ كاتىپ قىز كىرىپ كەلدى ـ دە:

— رەئىس، بىر كىشى بىلەن بىر قىز سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن، ئۇلار تاشكەنتتىن كەپتۇ، — دېدى.

— تاشكەنتتىن دېدىڭىزمۇ؟

— ھەئە.

— مەرھەمەت، كىرسۇن.

ئىشخانىغا ئاتمىش ياشلاردىن ئاشقان، چاچلىرى تۈگەل

ئاقارغان، كۆزەينەك تاقىغان مەۋلان خوجايوف بىلەن چىرايلىق كىيىنگەن زۇلفىيە كىرىپ كەلدى.

— مۇمكىنمۇ، — دېدى مەۋلان خوجايوف تېز كېلىپ رەئىس بىلەن كۆرۈشۈپ.

— مەرھەمەت، — دېدى يارمەمەتوف ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — كەچۈرۈڭ، ئالدىڭىزغا چىقالماپتىمەن، ئۆزرە ئېيتىمەن، قېنى، قېنى ئولتۇرۇڭلار.

— سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، — دېدى مەۋلان خوجايوف.

— ياق، ياق، ئۇنداق دېمەڭ، ئالىم ئەپەندى، سىز كېلىمەن دېگىنىڭىزدە ئالدىڭىزغا ئۆزۈم چىقماقتىم. قېنى سۆزلەڭ، قۇلىقىم سىزدە.

كاتىپ قىز ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بېرىپ چىقىپ كەتتى.

— رەھمەت سىزگە، رەئىس، بىر ئىلتىماس بىلەن كەلدۇق، مەن بۇ قىزنى تونۇشتۇراي، بۇ قىزنىڭ ئىسمى زۇلفىيە، يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن، بىرنەچچە يىلدىن بېرى بىيولوگىيەلىك تەتقىقات قىلىۋاتىدۇ. ئۇ غوزا زىيانداشلىرىنىڭ كۈشەندىسى بولغان ھاشاراتلارنى ئۆز تەجرىبىخانىسىدا يېتىلدۈرۈپ، كۆپەيتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ئەمدى گەپ بۇ كۈشەندىلەرنى مەشھۇر كولخوزدىكى، سىزدەك مەشھۇر رەئىسنىڭ يېتەكچىلىكىدە سىناپ كۆرۈش نىيىتىگە كەپتۇ.

— سىزدىن سوراپ باقسام، ئالىم ئەپەندى، بىزدە كولخوزلار شۇنچە كۆپ تۇرۇقلۇق ئەجەبا بۇ قىز بىزنىڭ كولخوزنى تاللاپتۇ، بۇنىڭدا بىرەر سەۋەب بارمۇ قانداق؟

مەۋلان خوجايوق رەئىسكە زۇلفىيەنىڭ بوۋىسى ھەسەنجانلارنىڭ يۇرتىدىن چىقىپ بۇ كولخوزغا كېلىپ ئورۇنلاشقىنىدىن تارتىپ، بۇ ئائىلىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەممە ئىشلارنى بىرەر قۇر سۆزلەپ بەردى.

رەئىس مەۋلان خوجايوفقا بىردەم قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— مانا، هايات دېگەن شۇ. دېمەك، سىز بۇ قىزنى كىچىكىدىن تارتىپ تەربىيەلەپ ئوقۇتۇپسىز، بەك ياخشى ئىش بوپتۇ. مانا بۈگۈن بۇ قىز ئاتا ـ ئانىسى تۇرغان كولخوزغا كەپتۇ، قارشى ئالىمىز، ھەممە ئىش ماڭا تەئەللۇق، مەن ئىگىدارچىلىق قىلاي، — دېدى، ئاندىن زۇلفىيەگە قاراپ، — پىلانىڭىزنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇڭ، ئەگەر بۇ ئىش پاختىغا پايدىلىق بولسا قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيمىز، ياردەم كېرەك بولسا بېرىمىز. خالىسىڭىز رايونلۇق ئۆسۈملۈك ئاسراش بۆلۈمىنىڭ خادىملىرى بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويىمەن، — دېدى.

— رەھمەت، رەئىس، — دېدى مەۋلان خوجايوق، — زۇلفىيەنىڭ قابىلىيىتىنى، تىرىشچانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، بەزى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن بولسىڭىز.

— مەسىلەن؟

— بىر تەجرىبىخانا ئېچىپ بېرىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولارمۇ؟

— قانداق تەجرىبىخانا؟

— غوزا زىيانداشلىرىنىڭ كۈشەندىسى بولغان ھاشاراتلارنى كۆپەيتىدىغان، يېڭىچە، سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتىدىغان تەجرىبىخانىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. ئەلۋەتتە، بۇ سىزنىڭ ئىشىڭىزمۇ ئەمەس، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ئىشى، سىزدە بەلكى مەبلەغمۇ كەمچىل بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇ تولىمۇ ساۋابلىق ئىش بولغاچقا كۆڭۈل بۆلۈشىڭىزگە ئەرزىيدۇ، خەۋىرىڭىز باردۇ، ھازىر پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا، جۈملىدىن بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدىمۇ دورا ئىشلەتمەستىن، بىيولوگىيەلىك ئۇسۇلغا ئۆتۈش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

مەۋلان خوجايوفنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ رەئىسنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.



www.uyghurkitap.com

— ئەلۋەتتە، كەلگۈسىدە بىزمۇ مۇشۇ ئۇسۇلغا ئۆتىمىز، ئەمما ھازىر قىلىدىغان ئىشلار شۇنچە كۆپ، قاراڭ، مانا ماۋۇ ماتېرىياللارنى، ھەممىگە ئىقتىساد ھەم ئىختىساس ئىگىسى كېرەكقۇ.

— كەلگۈسىدىكى ئىشقا ئالدىنئالا ئاساس سېلىش ئاقىلانىلىك ئىش، رەئىس. بۇنىڭغا ھېچقانچە مەبلەغ كەتمەيدۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماڭىمىز، تەرەققىيات ئەنە شۇنداق.

— قانچىلىك مەبلەغ كېتەر؟

— مەسىلەن، كۆپ بولغاندا ئىككى - ئۈچ كىشى ئىشلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يىللىق مائاشىغا ئون مىڭ سوم يېتىدۇ.

— ئەسۋاب - ئۈسكۈنىچۇ؟

— بۇنىڭغىمۇ كۆپ نەرسە كەتمەيدۇ، بىر توڭلاتقۇ، تۇخۇم ئاجرىتىدىغان پىچىكىدىن بىرى، شېشە - بوتۇلكا، ئىشكاپ دېگەندەك.

رەئىس ئىچىدە، بۇ ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىكەنغۇ، دەپ ئويلىغان بولسىمۇ:

— سىز يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى بىلەن سۆزلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، سىزدىن سوراپ باقسام، ئىلكىڭىزدە نەچچە كولخوز بار؟

— ئۈچ كولخوز، ئۈچ سوۋخوز بار.

— ئەجەب شۇنچە خوجىلىق تۇرۇپ، شۇنچىلىك ئۇلۇغ، ساۋابلىق ئىشقا ئاشۇنچىلىك پۇل ئاجرىتىپ بېرەلمەسسىزمۇ؟

يارمەمەتوف ئالىمنىڭ پىكرىگە قايىل بولدىمۇ ياكى ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ پىكرىنى يىرغۇسى كەلمىدىمۇ، بىردىنلا رازىمەنلىك بىلەن:

— مەن ياردەم بېرىمەن، بوپتۇ، بۇ قىزىمۇ بىزنىڭ قىزىمىز ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەھرىمان ئاتىنىڭ نەۋرىسى

ئىكەن، قوللاي، ئۇستاز، قولۇم كۆكسۇمدە، — دېدى ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— يارايسىز رەئىس، سىزنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغىنىڭىزنى بىلەتتىم، رەھمەت.

— ئەلۋەتتە، بىز ئالىملارغا، ئىلىم ئەھلىلىرىگە، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىدىغانلارغا، قەھرىمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىمىز. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، بۇ قىز بۇ يەرنى ئۆز ئائىلىسى دەپ بىلسۇن، قەدىمىڭىز يەتسە سىزمۇ ئىشلىرىمىزغا باش بولارسىز، بىزگە سىزدەك ئالىملارنىڭ ياردىمى كېرەك. مەن مىنىستىرلىق بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن، بوپتۇمۇ؟

— رەھمەت، رەئىس، ياردەم مەسىلىسىگە كەلسەم، تەتقىقات ئىشلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى نەتىجىلىك ئىشلىنىۋاتىدۇ، يېڭىدىن ئىشلىنىۋاتقانلارنىڭ نەتىجىسى چىقسا سىزگە پايدىلىنىشقا بېرىشكە ۋەدە بېرەي، ئۇلۇغ، ساۋابلىق ئىشلارنىڭ ئاخىرى ياخشى بولىدۇ، رەئىس.

— تارىخقا يېزىلىسىز دېمەيدىغانسىز؟ — دېدى رەئىس چاقچاق قىلىپ.

— مۇمكىن، — دېدى مەۋلان خوجايوف تەمكىنلىك بىلەن، — تارىخنىمۇ سىز بىلەن بىزدەك كىشىلەر ياراتقان، بەلكى مۇشۇ ئىش تۇپەيلى تەجرىبىخانىڭىز ئۇنۇملۇك نەتىجە بەرسە، پۈتۈن مەملىكەتكە پايدىڭىز تېگىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس، شۇنىڭ ئۆزىلا تارىخقا يېتەرلىك. پاختا بىزنىڭ جېنىمىزغۇ رەئىس، بۇ كولخوز، سوۋخوزلار ئالدىنقى قاتاردا ئىش باشلىسا تېخىمۇ ياخشى - دە. مىجەزىڭىز بەك ياخشى ئىكەن، ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشىۋالدۇق.

— قانداق قىلىسىز، ئالىم ئەپەندى، رەئىس بولماقنىڭ ئۆزىلا مۇرەككەپ بىر سەنئەتقۇ، گاھى كۈلىمەن، گاھى ئاچچىقلىنىمەن، گاھى ۋارقىرايمەن. ھەربىر ئوڭۇشسىزلىقتا

ئۆچرىغانىدا ئاچچىقىمنى بېسىپ، مىجەزىمنى تاغدەك ئېغىر قىلىشقا تىرىشىمەن، گاھى كولخوز ئەزالىرى بىلەن ئولتۇرۇپ پەيزى قىلىمەن. ئادەم دېگەنخۇ ھەممىگە چىدايدىكەن، يازدىكى ئىسسىقتا يېرىلىپ كەتمەيدىكەن، ئاپتاپتا كۆيۈپ ئېرىپ كەتمەيدىكەن، مەنمۇ ھەممىگە چىداپ، ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتىمەن. باھايىڭىزغا رەھمەت، ئۇمۇمەن ئالغاندا، بىرلا ياخشى يېرىم ئۇچۇق ـ يورۇق، ھىيلە ـ مىكىردىن خالىي ئادەممەن.

— شۇنداق، رەئىس ئەپەندى، بۈگۈن قەدىمىمىز قۇتلۇق بولغانىكەن، سىزگە تەشەككۇر ئېيتىشتىن باشقا ئىش قىلالمىدىم.

ئۇلار خۇشاللىق بىلەن ئىككى سائەت قىزغىن پاراڭلاشقىنىنى سەزمەي قالدى.

— ئەمىسە رۇخسەت قىلىڭ، بىز قايتايلى، — دېدى مەۋلان خوجايوف.

— بۈگۈن كەچتە كولخوزدىكىلەر بىلەن راسا بىر پەيزى قىلايلى، سىزنى، زۇلفىيەنى مېھمان قىلىۋالاي.

— رەھمەت، كېيىنكى قېتىم بولسۇن، بىز قاچان كېلىمىز؟

— بىر ئايدىن كېيىن بولسۇن، بىز خەۋەر قىلىمىز.

رەئىس ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۇلارنى خۇشخۇيلۇق بىلەن ئۇزىتىپ چىقتى.

— ئەمىسە خەۋىرىڭىزنى كۈتىمىز، — دېدى مەۋلان خوجايوف خوشلىشىپ.

ئۇ كۈنى مەۋلان خوجايوفنىڭ خۇشاللىقى پەلەككە يەتتى، ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا خانىمى ماھىدىلغا زۇلفىيەنىڭ ئىشىنىڭ ئوڭ كەلگەنلىكىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 30

ئالتۇن كۈز پەسلىدە زۇلفىيە بىلەن ئالماسنىڭ قۇتلۇق تويى بولدى.

ئۇلار شىرىن ئاي ئۆتكۈزۈپ، بىر ـ بىرىگە قىنىشماي يۈرگەن كۈنلەردە ئالماسقا كەلگەن بىر تېلېگراممىا بۇ ئەر ـ خوتۇنلارنى سەل تەمتىرىتىپ قويدى. تېلېگراممىدا: «ئالماس، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئاپىڭىزنىڭ تازا مىجەزى يوق، كېلىن بالام ئىككىڭلارنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇۋاتىدۇ، پات يېقىندا بىر كېلىپ كەتسەڭلار» دەپ يېزىلغانىدى.

ئالماس خەتنى ئوقۇپ بەك جىددىيلىشىپ كەتتى. ئاپىسىنىڭ چىرايى كۆز ئالدىغا كەلدى، ئاپىسى خۇددى ئۇلارنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ كېسەل كارىۋىتىدا ئىشىكتىن كۆز ئۈزمەستىن ياتقاندەك، ئاپپاق رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتقاندەك، ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ يىغلاۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. «مەن بىر تال ئوغۇل تۇرۇپ هازىرغىچە ئاتا ـ ئانامغا هېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، ئەگەر ئاپامغا راستتىنلا بىر ئىش بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئىسسىق يۈزىنى كۆرەلمىسەم، ئوغۇللۇقنى يەتكۈزۈپ جىنازىنىڭ ئالدىدا ماڭالمىسام، ئۆز قولۇم بىلەن لەھەتكە ئەكىرىپ قويالمىسام قانداق بولىدۇ؟» دېگەن خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىنى قوچۇۋەتتى.

كېچە، پۈتۈن تاشكەنت شەھىرى ئۇيقۇغا كەتكەن، پەقەت بۇلارنىڭ ئۆيىدە چىراغ ئۆچمىگەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. ئالماس زۇلفىيەگە ئاتا ـ ئانىسى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى:

ــ مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ بىر تال ئوغلى. دادام ئون

سەككىز ياشقا كىرگەندە شۇنداق بەستلىك، چەبدەس، قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان نەۋقىران يىگىت بوپتۇ. بىر كۈنى مومام، بوۋاملار بىر تۇغقانلىرىنىڭكىگە تويغا كېتىپتۇ. دادام بېلىق تورىنى كۆلگە تاشلاپ كېتىۋاتسا، يېقىنلا يەردىن بىر قىزنىڭ «قۇتۇلدۇرۇڭلار» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، دادام ئۇ تەرەپكە قارىسا بىر قىز سۇغا بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ تۇرغۇدەك. دادام دەرھال سۇغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ ــ دە، قىز تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپتۇ، ئۇنىڭغىچە قىز يەنە بىرنەچچە قېتىم چۆكۈپ، يەنە لەيلەپتۇ، دادام قىزنىڭ قولىنى بوينىغا سېلىپلا قىرغاققا قاراپ ئۈزۈپتۇ. دادام ئۇنى قىرغاققا ئاچىقىپ، دۈم ياتقۇزۇپ، ئېچىگە توشۇپ كەتكەن سۇلارنى چىقىرىپتۇ، بىراق قىز ھوشىغا كەلمەپتۇ، قىزنى سۇنئىي نەپەسلەندۇرۇپمۇ بېقىپتۇ، لېكىن ئۈنۈمى بولماپتۇ. بىراق، دادامۇ توختاپ قالماي، ئۈمىد بىلەن قىزنى قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىپتۇ، ئاخىر قىزنى كۆتۈرۈپ ئۆيىمىزگە ئەكىرىپتۇ ــ دە، ئىسسىق يوتقانغا ئوراپ قويۇپتۇ. چۈشتىن كېيىن قىز ھوشىغا كەپتۇ، كۆزىنى ئېچىپ ئالدىدا ئولتۇرغان ناتونۇش يىگىتنى كۆرۈپ ئىزا تارتقىنىدىن قىزىرىپ كېتىپتۇ ھەم قورقۇمسىراپ تۇرۇپ:

ـــ مەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىم، ـــ دەپتۇ ــ دە، پاڭگىدە يىغلىۋېتىپتۇ.

ـــ مەن سىزنى كۆلدىن سۈزۈۋالدىم، قورقماڭ، بىرئازدىن كېيىن ياخشى بولۇپ قالىسىز، شۇ ۋاقىتتا سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويىمەن، ـــ دەپتۇ دادام.

قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىترەپ كېتىپتۇ ــ دە:

ـــ مېنىڭ ئاتا ــ ئانام يوق، مەن بىر يېتىم قىز، ـــ دەپتۇ. دادام:

ـــ نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭىز قىزچاق؟ ـــ دەپ سورىسا، قىز ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە يوتقانغا بېشىنى ئوراپ يېتىۋاپتۇ. دادام ئۇ قىزنىڭ قېشىغا كۆمەچ نان، چۆگۈندە چاي، پىيالە

www.uyghurkitap.com

ئەكىرىپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن ئاستا قارىسا، قىز ئۆرە بولۇپ بىر پارچە كۆمەچ نان بىلەن چاينى ئىچىۋاتقۇدەك...

شۇنىڭ بىلەن دادام قىزنىڭ قېشىغا كىرمەپتۇ. نامازدىگەر بىلەن بوۋام، موماملار تويدىن قايتىپ كەپتۇ. بوۋام ھارۋىنى ئېلىپ، ئېشەكنى باغلىغىلى ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ئېغىلغا مېڭىپتۇ. مومام قورۇدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپتۇ.

— ئاپا، تىنچ - ئامان كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ دادام ئاپىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشۈپ، — تۇغقانلار تىنچلىقمىكەن؟

— خۇداغا شۈكۈر، ئوغلۇم، تويمۇ ئوبدان ئۆتتى، ياخشى مېھماندارچىلىق بولدى، بالام، تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى سېنى سورىدى ھەم ساڭا سالام ئېيتتى. بىز تويدىن يانغۇچە مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىدۇق، قارا، بىزنىڭ تۇغقانلارنىڭ مەھەللىسىدە يەنە بىر توي بوپتۇ دېگىنە، قىزنى يۆتكەش ئالدىدا قىز يوقاپ كېتىپتۇ، كېيىن بىرنەچچەيلەن قىزنىڭ ئۆزىنى سۇغا تاشلىغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزۈپتۇ، ئۇلار بېرىپ كۆلنى ئىزدەپ قىزنى تاپالماپتۇ. بىچارە قىز ئاران ئون تۆت ياشقا كىرگەنىكەن. ئۇنىڭ تويىنى قىلىپ قويغان تاغىسى خاپا بولغىنىدىن ئۆلگۈدەك بوپتۇ، پۈتۈن يېزىدا شۇ گەپ، ئۇ قىزغا بەك ئىچىمىز ئاغرىپ كەتتى، بالام...

مومامنىڭ سۆزى ئاغزىدا قاپتۇ. ئىشىكتە ناھايىتى چىرايلىق، ئورۇق بىر قىز شۈمشىيىپ تۇرغانىكەن. مومام بىر قىزغا، بىر ئوغلىغا قاراپتۇ. دادام ئاپىسىغا مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ. مومامنىڭ چېھرىدە بىر مەمنۇنلۇق ۋە ئەنسىزلىك كۆرۈنۈپتۇ، بىراق يەنىلا بۇ قىزنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغىنىغا خۇش بوپتۇ.

— ئاپا، خاتا قىلمىغاندىمەن؟ — دەپتۇ دادام.

— شۇنداق، ئوغلۇم، دۇنيادا بىر ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇپ

قىلىش ساۋابلىق ئىش، ئادەم تۇرماق جان ـ جانىۋارلارنىمۇ قۇتۇلدۇرۇش ئادەمنىڭ بۇرچى، ئوغلۇم. بىچارە قىز، بۇ دۇنياغا كېلىپ، دۇنيانىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسە نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئىش. ياخشى قىپسەن، ــ دەپ دادامدىن مەمنۇن بوپتۇ ـ دە، قىزغا قاراپ، ــ قىزىم، يېنىمغا كېلىڭ، مەندىن قورقماڭ، ــ دەپتۇ.

قىز پۇرلىشىپ كەتكەن تاۋار كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ، يەرنى ئاۋايلاپ دەسسەپ مېڭىپ مومامنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپتۇ ـ دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپتۇ.

ــ سىزگە نېمە دەرد كەلدى، قىزىم، قېنى ئېيتىڭە، ــ دەپتۇ مومام ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ.

ــ مەن ئانامدىن بەش ياشتا قالغان، ــ دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ قىز، ــ شۇنىڭدىن بۇيان ئانامنىڭ ئاكىسى مېنى بېقىپ چوڭ قىلغانىدى، بىراق ئايال يوق ئۆيدىكى بارلىق ئىش مېنىڭ زىممەمگە يۈكلەندى، مەن تاماق ئېتىشنى، كۆمەچ كۆمۈشنى ئۆگەندىم. تاغام ئىنتايىن ھۇرۇن كىشى ئىدى، كىچىككىنە قولۇم بىلەن پۈتۈن ئۆينىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇدۇم، قازان بېشىدا، ئوچاق بېشىدا، تەڭنە قېشىدا يۈرۈپ چوڭ بولدۇم. بۇ يىل ئەمدىلا ئون تۆت ياشقا كىرگەنىدىم، بىراق ئۇ بىرىگە ئازراق پۇلغا قەرزدار بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن، مېنى شۇ ئادەمگە قەرز ھېسابىغا تويۇمنى قىلىپ بەرمەكچى بولدى.

ــ ئۇ كىشىنى سىز بۇرۇن كۆرگەنمۇ؟

ــ ھەئە، ئۇ ئادەم تاغام بىلەن بىر دېمەتلىك، ھازىر قىرىق ياشتا بولسا كېرەك. ئۇ كېلەڭسىز سېمىز، بويىنى توم، قارا ساقال ئادەم. ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كەلسە ئۇنىڭ يوغان كۆزىدىن بەك قورقۇپ كېتەتتىم، گاھى يالغۇز قالغاندا ئۆيگە كىرىپ قالغۇدەك بولسا پۈتۈن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كېتەتتى. شۇڭا، توي كۈنى ئۇ ئادەمگە تەگكۈچە ئۆلۈپلا تۈگىشەي، دەپ بىر ئامال قىلىپ قېچىپ چىقىپ كۆلگە ئۆزۈمنى تاشلىدىم.

بىراق، ئۆلۈش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىكەن، جان بەك تاتلىق بولىدىكەن. بىردىنلا ئۆلۈمدىن قورقتۇم ـ دە، ئىختىيارسىز «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىرىدىم، خۇدايىمنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىدى بولغاي، بۇ ئاكاش مېنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئەمدى سىلىنى كۆرۈپ خۇددى ئانام تىرىلىپ كەلگەندەك خۇش بولۇپ كەتتىم...

— بۇ گەپچە ئۆيىڭىزگە قايتمايدىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟

— هەئە، ئەمدى ئۆيگە بارسام تاغام ئۇرۇپ بىرنېمە قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ئاچچىقى بەك يامان، توي كۈنىمۇ ئەتىگەندىلا مېنى قازناق ئۆيگە سولاپ قويغانىدى. ئۆيگە بارغىنىمدىن كۆرە ئۆلگىنىم ئەلا، ئانا...

— بوپتۇ، قىزىم، بۇ يەردىكى كىشىلەر بىر ـ بىرىمىزگە يات ئەمەس، سىز ئارتۇقچە ئويلىماي دەم ئېلىڭ، بۇ ئۆيدە بۇ ئوغلۇمدىن باشقا بالام يوق، بالامنىڭ دادىسىمۇ ناهايىتى ياخشى كىشى، خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپتۇ مومام.

— رەھمەت، — دەپتۇ قىز خۇشاللىقىنى يوشۇرماي.

مومام ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرىنى كۆرگەن قىز:

— ئانا، ئەگەر سىلىگە يۈك بولۇپ قالسام ياكى مېنى يالغان سۆزلەۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالغان بولسىلا مەن يىراققا كېتەي، يا جاڭگالدا بۆرىگە يەم بولارمەن، يا سازلىقلاردا بېلىقلارغا يەم بولارمەن، مەيلى نېمىلا بولسا پېشانەمدىن كۆرەي، — دەپتۇ يىغلاپ تۇرۇپ.

— ياق، ياق، قىزىم، — دەپتۇ مومام جىددىيلىشىپ، — قېشىمغا كېلىڭ، — دەپتۇ ئۇ قىزنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ پېشانىسىغا چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى تۈزەپ ئانىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن، — بىزدىن ئەندىشە قىلماڭ، بىرنەچچە كۈن سىرتقا چىقماي ئۆيدە ئوبدان كۈتۈنۈڭ، گەپ ـ سۆزلەر بېسىلسۇن، مەنمۇ سىزنى نارەسىدە قىز ئىكەن، ھەرنېمە بولسا ھايات قاپتۇ دەپ بەك خۇشال بولدۇم، «جان بولسا جاھان، ئاش

بولسا قازان» دەپتىكەن، جاھانىنىڭ ئۇنچىلىك قىلىپ كەتكۈچىلىكى يوق، بىر ئادەم قانچىلىك يەپ، قانچىلىك ئىچىدۇ دەيسىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇنداق ئىشلار بۇرۇنمۇ بولغان، كۆلگە ئۆزىنى تاشلىغىنى يالغۇز سىزلا ئەمەسقۇ، قىزلارنىڭ دىلى ئاغرىسا كۆتۈرەلمەيدۇ، ئاياللار شۇنداق نازۇك تەبىئەتلىك، كۆڭلى يۇمشاق كېلىدۇ، شۇڭا ئازابلانغاندا، دەردىگە يېتىدىغان ئادەم چىقمىغاندا، يول تاپالمىغاندا شۇنداق خىياللارغا بېرىلىدۇ. مانا سىزمۇ كىچىكلا يېتىم قېلىپ كۆپ جاپا تارتىپسىز. بولدى، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى ئانىڭىزنىڭ روھى خۇش بولىدۇ. غەم قىلماڭ، بولامدۇ، بىز ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىمىز، دەردىڭىزگە يېتىمىز، ياردىمىمىزنى ئايىمايمىز، — دەپتۇ.

— ئانا، ئانا... — دەپ قىز موماملغا ئېسىلىپ ئۇن سېلىپ يىغلاپتۇ.

موماي قىزنى ئىللىق باغرىغا بېسىپ ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىپتۇ.

— شۇنداق قىلىپ، مومىڭىز ئۇ قىزنى ئۆيدە ئېلىپ قاپتۇ - دە؟ — دەپ سورىدى زۇلفىيە.

— شۇنداق، موماي ئۇ قىزنى باشقىلارغا «تۇغقىنىمنىڭ قىزى ئىدى، يالغۇزچىلىق تارتىپ ئەكېلىۋالدىم» دەپتۇ - دە، ئىككى يىلغىچە ئانچە - مۇنچە ئوقۇتۇپ، پالاس توقۇش، يىپ ئېگىرىش قاتارلىق ئىشلارنى ئوبدان ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ قىزنىڭ تۇغقانلىرىمۇ ئۇ قىزنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئويلاپ ئىز - دېرىكىنى قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز ئون ئالتە ياشقا كىرگەندە، ئۇلار دادام بىلەن توينى قىلىپ قويۇپتۇ.

— قىز ئۆزى خالاپتۇمۇ؟

— سىز بىلمەيسىز، زۇلفىيە، ئۇ چاغلاردا خالاش - خالىماسلىق دېگەن گەپ يوق، نىشاننى ئاتا - ئانىسى بەلگىلەپ بېرىدۇ - دە، كۆپىنچىسى بىر - بىرىگە ئىچەركىشىپ قالىدۇ.

چۈنكى، ئۇ چاغلاردا مۇھەببەت باغلاپ توي قىلىش دېگەنلەر يوقنىڭ ئورنىدا، چوڭلار تويىنى قىلىپ قويسا شۇ تۇرمۇشقا شۈكۈر قىلىپ ئۆتىدىغان گەپ.

— ئەگەر چىقىشالماي قالسىچۇ؟

— ئۇنداق بولسا يا ئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزنى ئاپىرىپ بېرىدىكەن ياكى بولمىسا قىزنىڭ ھالىغا يېتىپ، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كېلىشىپ ئۆيگە ئەكېتىدىكەن، ئەمما توي بولغاندىن كېيىن ئاساسەن شۇ تۇرمۇشقا كۆنۈپ كېتىدىكەن.

— شۇنداق قىلىپ، ئاپىڭىز بىلەن دادىڭىز ياخشى ئۆتۈپ كېتىپتۇ ـ دە.

— شۇنداق بوپتۇ. مومام بىلەن بوۋام ئۇ قىزنى — ئاپامنى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپتۇ، داداممۇ ئاپام بىلەن ئوبدان ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئىشقىلىپ، ئۇزاق يىلدىن كېيىن مېنى تۇغۇپتۇ. ئېسىمنى بىلسەم، دادام ئاپامغا بەك كۆيۈنەتتى، ئېغىر ئىشلارغا سالمايتتى، ئۇ ئازراق ئاغرىپ قالدىمۇ، بولدى، دادام پايپېتەك بولۇپ كېتەتتى. مۇشۇ تاپتىمۇ دادام تازا جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقاندۇ.

— دادىڭىز بەك كۆيۈمچان ئەر ئوخشايدۇ ـ دە، — دېدى زۇلفىيە ئالماسنىڭ سۆزىدىن سۆيۈنۈپ.

— بىزنىڭ ئۇ يەرلەردە ئوقۇغان كىشى بەكلا ئاز ئىكەن، بوۋام بۇرۇن يۇرت ئارىلاپ، شەھەر كۆرۈپ، نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرگەن كىشى ئىكەن، ئاخىرقى ئۆمرىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئاشۇ دۇنيادىن خالىي تىنچ يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقانىكەن. بوۋامنىڭ خېلى جىق كىتابلىرى بار ئىدى، ئۇ كىتابلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك چەت ئەللەردە بېسىلغان، ھەر خىل تەلىم ـ تەربىيە، ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئائىت، يەنە بىر قىسمى ھېكايەت، رىۋايەت، قىسسەلەر ئىدى. دادام گەرچە ئاددىي بىلىقچى تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزگىنى بىلەن بوۋامنىڭ تەسىرىدە

ئۆزىنى ئاجايىپ ياخشى ئەر، جەمئىيەتنىڭ قۇرغۇچىسى، ئائىلىنىڭ ھىمايىچىسى، ھەقىقەتنى ياقىلىغۇچى ئەر دەپ بىلەتتى، بولۇپمۇ ئاياللارنى بەك ئاسرايتتى. ئاپام توي قىلىپ خېلى چاغقىچە ئېغىرئاياغ بولالمىغاچقا، دادامغا يالۋۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— يەنە ئۆيلىنىڭ، — دەپتۇ، ئەمما دادام ئاپامنىڭ گېپىگە شۇنچىلىك خاپا بولۇپ كېتىپتۇ.

ئاپام بولدى قىلماي، مومامغا يېلىنىپ:

— ئاپا، مەن بۇ ئۆينىڭ، سىلىنىڭ، ئېرىمنىڭ خىزمىتىنى قىلاي، ئۇنى يەنە ئۆيلەپ قويسىلا، چۈنكى ساقلىقىم ياخشى ئەمەس، — دەپتۇ، بىراق مومامۇ ئۇنىماستىن:

— ماڭا قاراڭ، قىزىم، خۇدايىمنىڭ بەرگۈسى كەلسە بېرەر، بىرنەچچىنى تۇغۇپ بېرەرسىز، بولمىسا مەيلى، ئىنسان پەقەت دۇنياغا يەپ ـ ئىچكىلى، بالىلىق بولغىلى كەلمەيدۇ، سىزنىڭ يەنە بويۇن قىسىپ، جاپادا قېلىشىڭىزنى خالىمايمەن، بۇ ئىشلارنى كاللىڭىزغا سېلىۋالماڭ، — دەپتۇ.

دادام ۋىجدانلىق، غۇرۇرى بار، ئېتىقادى چىڭ، دىيانەتلىك ئادەم ئىدى. مەن سىزگە ئېيتسام زۇلفىيە، دۇنيادا بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ دىنى بار، ئەقىدىسى يوق، ئەقلى بار، ئەخلاقى يوق، پۇلى بار، دىيانىتى يوق. دادام بولسا ئائىلىدىكى ئايال كىشىنىڭ ھەقلىرىگە سەل قارىمايدىغان ئاجايىپ بىر ئادەم ئىدى. ئۇ دائىم:

— توۋا دەيمەن، نۇرغۇن ئەرلەر ئانىلىرىغا كۆيۈنىدۇ ـ يۇ، بىراق ئاياللىرىغا كۆيۈنمەيدۇ، ئانىلىرىنى ئايايدۇ، ئاسرايدۇ ـ يۇ، بىراق ئۆزىگە ئەڭ يېقىن، ئەڭ سىرداش جاپاكەش ئايالىنى ئېشەكتەك ئىشلىتىدۇ، ھاقارەتلەيدۇ، بۇنىڭغا ياقامنى تۇتۇپ ھەيران قالىمەن، ئانىلىرىمىزغا، ھەمشىرىلىرىمىزگە، ئاياللىرىمىزغا كۆيۈنۈش ياخشى ئىش، ئاياللارنى خارلاش، بوزەك قىلىش، دەپسەندە قىلىش يامان ئادەمنىڭ ئىشى، ئۇنداق ئادەم دوزىخى بولىدۇ، — دەيتتى. شۇڭا، دادام ئاپام بىلەن توي قىلىپ

ئاپامنى بىرەر قېتىممۇ رەنجىتكەن، سىلكىگەن كىشى ئەمەس. دادام نىكاھنى ئۇلۇغ، ئائىلىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئەر-خوتۇنلۇق رىشتىسىنى چىڭىتىپ، ئاپامنى ئۆمۈرلۈك ھەمراھى قىلغان. مانا بۇ ھەقىقىي كۆيۈنۈش، ھەقىقىي مېھرىبانلىق مۇجەسسەملەنگەن ساۋاب، ساۋابقا ياخشىلىق، كۆيۈنۈش مەنىلىرى سىڭگەن. دادامنىڭ خۇشلۇقى، خۇشخۇيلۇقى شۇ قەدەر ياخشى ئىدىكى، بىر كۈنى ئاپام بىر داستا شورپا كۆتۈرۈپ كىرىپ، داسنى ئۈستەلگە قويغۇچە قولى تىترەپ كەتكەنمۇ ئەيتاۋۇر، دادامنىڭ تىزىغا ئازراق تۆكۈلۈپ كەتتى. ئاپام بىچارە داسنى داستىخانغا قويۇپ، ئاغزىنى تۇتقىنىچە يىغلاپ تۇرۇپ:

— دادىسى، دادىسى، مەن قانداق قىلاي، — دېدى زارلىنىپ.

— قويغىنا، نېمىگە شۇنچە قورقۇپ كەتتىڭ، ئانىسى، بۇ دېگەن ھېچقانچە ئىش ئەمەس، — دەپ دادام كىيىمىنى دەرھال سېلىپ، كۆيگەن چوڭ يوتىسىغا تۇخۇمنىڭ ئېقىنى سۈرتۈپ بولۇپ، يەنە داستىخانغا ئولتۇردى-دە، — كېلە، ھېچ ئىش يوق، — دەپ ئاپامنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ تەسەللى ئېيتتى. ئائىلەمنىڭ تەسىرى خاتىرەمدە ناھايىتى چىڭ ساقلانغان. مەكتەپتە بولسا ئەخلاق، ئادەم بولۇش، ئەقىللىق بولۇش ئۈچۈن ئۆگەندۇققۇ، ئىش مۇشۇنداق.

— ئاتا-ئانىڭىزغا رەھمەت، ئالماس، ھېلىمۇ سىزنى تۇغۇپ قويۇپتىكەن، بولمىسا مەن كىمنىمۇ تاپار ئىدىم، — دېدى زۇلفىيە چاقچاق ئارىلاش.

— سىز ياخشى قىز، زۇلفىيە، سىز ئەسلىدە مەندىنمۇ ياخشىراق، باي، دۆلەتمەن بىرىنى تاپقان بولسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، مەن سىزگە بېرىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنى بېرەلمىدىم، پەقەت ساپ ۋىجدانىم بىلەن سىزگە كۆيگەن يۈرىكىمنى بەردىم. مەن بىلەن توي قىلغانلىقىڭىزدىن پۇشايمان قىلامسىز؟

— ياق، ئەسلا پۇشايمان قىلمايمەن، سىزنىڭ بوۋا ـ مومىڭىز ۋە ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ تەربىيەسى، ئەخلاقى، خىسلىتى سىزنى مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق ئادەم قىلغان، سىز مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن ياخشى يىگىتسىز. سىز ئاتا ـ ئانىڭىزنى بىر ئۆمۈر باقىسىڭىزمۇ ئۇلارنىڭ ئەجرىنى تۆلىيەلمەيسىز، راستمۇ؟

— راست ئېيتتىڭىز، دۇنيادا ئاتا ـ ئانا مېھرىدىن ئۇلۇغ مېھىر يوق، ئاتا ـ ئانا مېھرىگە ھېچ نەرسە يەتمەيدۇ، ئاتا ـ ئانىدىن ئۇلۇغ كىم بار دەيسىز، ئەپسۇس مەن ئۇلارغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم.

— ئالماس، بىز بىللە ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ قېشىغا بارايلى، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئاپىڭىزنى ياخشى داۋالىتايلى، چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

ئالماس زۇلفىيەنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ:

— سىز بەك ئاق كۆڭۈل جۇمۇ زۇلفىيە، سىزگە رەھمەت، — دېدى.

— سىز مېنىڭ بارلىقىم، ئالماس، سىزگە چەكسىز ئىشىنىمەن، سىزنى سۆيىمەن، — دېدى زۇلفىيەمۇ كۈلۈشكە تىرىشىپ.

— سىزنى ئۆمۈر بويى ياخشى كۆرۈپ بېشىمدا كۆتۈرىمەن، ھاياتلا بولسام سىز ئۈچۈن بارلىقىمنى تەقدىم قىلىمەن، ھازىر قىلالمىغان ئىشلىرىمنى كەلگۈسىدە قىلىمەن، بىز تىرىشىپ ھەرقايسى جەھەتتە ئۆزۈپ چىقىپ ھەقىقىي ئادەمدەك ياشايلى، بۇ ئىرادە مەندە بار، سىزدىمۇ بار دەپ ئىشىنىمەن، شۇنداقمۇ جېنىم؟

— شۇنداق، ھەر ئىككىمىز تىرىشىپ، مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يېتىش يولىدا ئىزدىنەيلى، بىر ـ بىرىمىزگە ۋەدە بېرەيلى، بولامدۇ؟ كەلگۈسىدە سىز ئاتاقلىق شەرقشۇناس بولسىڭىز، مەن ئاگرونوم بولسام، ئەنە شۇ چاغدا بىز ۋەتەن،

خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىغان بولىمىز...

ئالماس ئايالىنى باغرىغا چىڭ باستى، زۇلفىيە ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

— قەدىرلىكىم، ئەتىدىن باشلاپ مېگىشىنىڭ تەييارلىقىغا چۈشمىسەك بولمايدۇ، سىزمۇ بەك چارچىدىڭىز، يېتىپ ئارام ئالايلى، — دېدى ئالماس.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇلار يول تەييارلىقىغا چۈشتى. ئاز كۈنگە قالماي ئالماس ئۈچ ئايلىق، زۇلفىيە بىر ئايلىق رۇخسەت بىلەن ۋەتەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

## 31

— زۆھرە، ئالماس بىلەن زۇلفىيە قورغاس چېگراسىدىن ئۆتۈپ غۇلجىغا كەپتۇ، ساۋاقداشلاردىن ئىككىيلەن ئۇلارنى ئالغىلى ئالدىغا كەتتى، خۇدايىم بۇيرۇسا شەنبە كۈنى ئۇلارنى كۈتۈۋالىدىغان بولدۇق، سىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي دەپ كېلىشىم، — دېدى ساۋاقداشلاردىن بىرى زۆھرەنى ئىزدەپ كېلىپ.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى زۆھرە سۆسقىنا بىر كەيپىياتتا.

— شۇنداق، ئۇلارنى ناھايىتى كاتتا كۈتۈۋالىمىز، ھازىر تەييارلىق قىلىۋاتىمىز، ئەمىسە شۇ كۈنى ئەر - ئايال بىللە بارارسىلەر.

زۆھرە ساۋاقدىشىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن بىردىنلا ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىپ كەتتى. ئۇ قانداق قىلىشنى زادىلا بىلەلمىدى، ئۆيگە قانداق كىردى، كارىۋاتقا قانداق چىقىپ ياتتى، ئۆزىمۇ بىلەلمىدى، خىيالى ئۆتكەن كۈنلەرگە قانات قېقىپ، يۈرەكلىرى قايتىدىن ئېچىشتى...

* *

زۆھرە ئانچە كەڭ بولمىغان سۇپىدا كۆز ياشلىرىنى ئاقتۇرۇپ ئولتۇراتتى، چۈنكى بۈگۈن تاشكەنتكە ئوقۇشقا چىقىدىغانلارنىڭ تىزىملىكى ئېلان قىلىندى، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر زور ئۈمىد بىلەن ئۆز ئىسمىنىڭ چىقىشىنى كۈتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىسمى چىقمىدى.

ئوقۇغۇچىلار تارقالغاندا ئۇ ھېچكىمگە قارىماستىن ئۆيىگە كەتتى. دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى تاشكەنتكە ماڭىدىغان كۈنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم بولدى، ئۇ ئازابلىق يېشىنى تۆكۈپ، ھېچكىم بىلەنمۇ كۆرۈشمەي، ئۆيدىن سىرتقا چىقماي يىغلاپ ئولتۇردى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى زور ھەم ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئاجايىپ كاتتا ئىدى. قېرىشقاندەك نېمىشقا ئۇ قېلىپ قالىدۇ؟ ئالماس كېتىپ قالىدۇ؟ ئۇ زۇلفىيە بىلەن تاشكەنتتە تېپىشىپ قېلىپ، قايتىپ كېلەلمىسىچۇ؟ بۇ تەقدىرمۇ، تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ؟

زۆھرە بەك بۇرۇن شېرىن خىيالغا بېرىلگەنىدى، مۇشۇ ئوقۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، چەت ئەلگە ــ تاشكەنتكە چىقىۋېلىپ، ئۇ يەردە چېكىپ، تاللاپ تۇرۇپ بىرى بىلەن توي قىلىۋېلىپ، قايتىپ كەلمەي باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلىغانىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كوچىلىرىدا سۈت، قايماق، بولكا، قەنت ـ شېكەرنى بىكارغا بېرىدۇ، بەخت دېگەن شۇ، دەپ خىيال سۈرگىلى خېلى ۋاقىت بولغانىدى.

ئەمەلىيەتتە دۆلىتىمىزگە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنى تەربىيەلەش مەقسەت قىلىنغان بۇ ئوقۇشقا ھەر جەھەتتىن ياخشى يېتىلگەن، غايىلىك، ئوقۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قىز ـ يىگىتلەر تاللانغانىدى. شۇڭا، بۇ

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ئوقۇش ھەققى، تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن ئاشۇ قىيىنچىلىق يىللاردا ھۆكۈمەت كۆپ پۇل سەرپ قىلىنغانىدى. خۇددى مەكتەپ زۆھرەنىڭ خىيالىنى بىلىۋالغاندەك ئۇنى قالدۇرۇپ قويدىمۇ ياكى ئۇنىڭ شەرتلىرى توشمىغانمۇ، بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن باشقا ئىنستىتۇتلارغا كىرىپ ئوقۇشنىمۇ خالىمىدى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ قولاق سالمىدى.

— مەن بۇ يەردە ئوقۇمايمەن، تاشكەنتكە ئوقۇشقا كەتكەنلەردىن نەرىم كەم، — دەپ جاھىللىق قىلىپ، بىر يىلغىچە ھەممە ئىستىقبالىدىن، ھاياتىدىن ئايرىلغاندەك بىراقلا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. ئىككىنچى يىلى ئاپىسى ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ـ يېلىنىپ يۈرۈپ پوچتىخانىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ بارا ـ بارا بۇ خىزمەتكىمۇ كۆنۈپ قالدى. ئۆزىنى قايتىدىن روسلاپ، كۆڭۈلدىكىدەك بىرەر يىگىت تېپىش ئۈچۈن تازا ياسىنىپ يۈرىدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىگە يارىغان يىگىتلەرگە قارىغىنىدا، دېڭىز سۇيىدەك زەڭگەر كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى، ئاقپىشماق چىرايى نۇرلىنىپ كېتەتتى. ئۇ يېرىم يىلدىن كېيىن ناھايىتى كېلىشكەن، خېلى نامى چىققان بىر ئارتىس بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئەپسۇس ئۇ ئارتىسنىڭ خوتۇنى بار ئىدى. زۆھرە شۇنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتمىدى. ئۇ ئۇستىگە گىرىپ كۆڭلەك كىيىپ، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ بىلەن تاقىلداپ ماڭىدىغان بولسا بوي ـ بەستى تېخىمۇ ئېگىز كۆرۈنەتتى، يىگىتلەر ئۇنىڭغا قاراپ تىللىرىنى چاكىلدىتاتتى.

ئۇ ئارتىس يىگىت بىلەن يۈرۈۋاتقىنى بىلەن خىيالى يەنىلا يىراقتىكى ئالماستا ئىدى. دېمەك، ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئېگىز بوي، ئاق سېرىق، يېشىل كۆز يىگىت ئالماسنى ياخشى كۆرۈپ

قالغانلىقىنى ئەمدىلىكتە ئېتىراپ قىلىۋاتاتتى. ئالماسقا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن ئۇ شۇنچىلىك پۇچىلىنىۋاتاتتىكى، شۇ تاپتا ئالماس مەيلى زۇلفىيە ياكى باشقا بىركىم بىلەن توي قىلسۇن، شۇنىڭغا دۇشمەنلىك قىلىشتىن يانمايتتى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى. بىر كۈنى بىر دوستىدىن كۆڭۈلسىز بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ هوش ـ كاللىسىنى يوقاتتى، ئۇنىڭ خىيالى، ئويلىرى توغرا چىققانىدى. ئالماس بىلەن زۇلفىيەنىڭ تاشكەنتتە توي قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بىر كېچە ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ چىقتى. ئىككى كۈنگىچە ئاغرىپ قالدىم دەپ يوتقاندىنمۇ چىقمىدى، سۇ چاغلىق نەرسىمۇ ئىچمىدى. ئوت ـ ئاتەش بولۇپ قىزىپ، كېچىلىرى جۆيلۈپ چىقتى، ئەنە شۇ چاغدا بىلدىكى، ئۇ ئالماسقا ئاشىق ـ بىقارار ئىكەن. زادى نېمىشقا تەقدىر ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىدۇ؟ ئىش نېمىدىن باشلاندى؟ توغرا، ئوقۇشقا چىقالماسلىقتىن باشلاندى. ئەگەر ئۇ ئالماسنىڭ يېنىدا بولغان بولسا هېلىغۇ زۇلفىيە ئىكەن، خانىش، مەلىكە، هەتتا جىن ـ شاياتۇن بولسىمۇ بىر ئامال قىلىپ ئالماسنى تارتىۋالاتتى. بىراق، ئەمدىچۇ؟ ئەمدى هەممە ئىش تۈگىدى، ئۇنىڭ يىغىلىرى، ئۇنى ئويلاپ ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى بىكارغا كەتتى...

ئۇ ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، دەرهال بىرى بىلەن توي قىلىپ، هازىرقى ئوسال هالىتىدىن قۇتۇلۇپ قالماقچى بولدى.

هېلىقى ئارتىسمۇ ئۇنى ئىزچىل قوغلىشىۋاتاتتى. ئۇ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، قارا قاش، قويۇق كىرپىكلىرى، قارا كۆزلىرى بىلەن قىزلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان، مېڭىش ـ تۇرۇشلىرى چەبدەس ئۇسسۇلچى ئىدى. زۆهرە نېمە دېسە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل دەيتتى، ئىككىسى بىللە چاغلاردا زۆهرەگە ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى، يۇمۇرلارنى ئېيتىپ كۈلدۈرۈپ، تېخى چاقچاق قىلغان بولۇپ مەڭزىگە «چوككىدە»

سۆيۈۋالاتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ زۆھرەنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالايدىغان ئەر ئىدى.

قىز بىلەن يىگىت مۇھەببەتلەشكەندە قىز سۆزلەيدۇ، يىگىت ئاڭلايدۇ، قىز بۇيرۇيدۇ، يىگىت دەرھال ئىجرا قىلىدۇ، قىز قاچىدۇ، يىگىت قوغلايدۇ، بىراق ئۇنىڭ تاپقىنى يىگىت ئەمەس، بەلكى بەش ياشلىق ئوغلى بار ئەر ـ دە. شۇڭا، ئۇ زۆھرە نېمە دېسە ماقۇل دەيدۇ، زۆھرەنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆز ئۇنىڭ ئۈچۈن گويا بۇيرۇق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئارتىس ئاخىر خوتۇنىنى قويۇپ بېرىپ، بالىسىنىمۇ خوتۇنىغا بېرىۋەتتى.

زۆھرە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن دېگەندە، زۆھرەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قارشىلىق قىلدى. بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ بالىسى بارلىقىنى دېسە، يەنە بىر تەرەپتىن خوتۇنىغا خىيانەت قىلغان ئادەم ئۆز قىزىغىمۇ ۋاپاسىزلىق قىلارمۇ دېگەن ئەندىشىدە ئىدى. بىراق، زۆھرە چىڭ تۇرۇۋېلىپ بۇ توينى ئاخىر قىلدى.

تويدىن كېيىنكى شېرىن كۈنلەر ئۆتۈپ، بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئارتىس ئېرىنىڭ شەخسىيەتچى، ئۆزىنى كۆتۈشكە ئامراق، سۆلەتۋاز خۇي ـ پەيلى ئاشكارا بولۇشقا باشلىدى. بىراق، زۆھرە تۇرمۇشقا چىڭ، تەرتىپلىك، چاققان بولغاچقا، ئۇنى ئاستا ـ ئاستا بويسۇندۇرۇپ، كۆزىگە قارايدىغان قىلىۋالدى.

ئۇلار توي قىلىپ بىرەر يىلدىن كېيىن زۆھرە بىر ئوغۇل تۇغۇپ ئېرىنى قالتىس خۇش قىلىۋەتتى، ئۇلار ئوغلىغا غەيرەت دەپ ئىسىم قويدى. بۇ ئەر ـ خوتۇن ئەنە شۇنداق خۇشال ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساۋاقداشلىرى يەتكۈزگەن ئەنە شۇ خەۋەر ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتتى. ئالماس بىلەن زۇلفىيەنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرى ئۇنى خۇددى دېڭىزدا نىشانسىز قالغان كېمىدەك تەمتىرىتىپ قويدى.

*       *

ئۇلارنى كۈتۈۋالغان كۈنى زۆھرە ئاتايىن ئىسىلزادىلەرچە ياسىنىپ، ئېرىنى قولتۇقلاپ زالغا ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلدى ـ يۇ، ئالماسنى كۆرۈشى ھامان پۇتلىرى تىترەپ، جىددىيلەشكەنلىكى چىرايىغا تەپتى. ئۇ زۇلفىيە بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ:

— جېنىم دوستۇم، سېنىمۇ كۆرىدىغان كۈن بار ئىكەن ـ ھە؟ — دېدى جىددىيلەشكىنىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ.

— سېنى تەبرىكلەيمەن، توي قىلىۋاپسەن، — دېدى زۇلفىيە.

— رەھمەت، دوستۇم، سەنچۇ؟

زۇلفىيە بىر زۆھرەگە، بىر ئالماسقا قاراپ:

— ئىككىمىزمۇ توي قىلىۋالدۇق، مانا ئالدىڭغا كەلدۇق، دوستۇم، — دېدى خۇشال كۈلۈمسىرەپ.

— ياخشى بوپتۇ، — دېدى زۆھرە تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— رەھمەت، زۆھرە، — دېدى ئالماس خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ، — سىزنى كۆرۈپ بەك خۇش بولدۇق، سىزنى بەك سېغىنغاندۇق.

زۆھرە ئالماسقا سەپسېلىپ قارىدى، ئالماس سۈت رەڭ قېلىن چۇچۇنچىدىن كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، قىزىل گالستۇك تاقىغان، ئاق سېرىق چىرايى شۇنچە نۇرانە، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى.

— ياخشى تۇرۇۋاتقانسەن دوستۇم، — دېدى زۇلفىيە ئۇنىڭ ئالماستىن كۆز ئۈزەلمەي قالغانلىقىنى كۆرۈپ.

— مانا كۆردۇڭغۇ دوستۇم، ئېرىم بولسا بىر داڭلىق ئارتىس، مانا مەنمۇ شاش ئاتتەك تۇرۇۋاتىمەنغۇ، — دېدى زۆھرە

قاش ـ كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ.

ئۇلار تاماقتىن كېيىن تانسىغا چۈشتى. ئەر ـ خوتۇنلار بىر قول تانسا ئويناۋاتقاندىن كېيىن زۆھرەنىڭ ئارتىس ئېرى قايسى قىز چىرايلىق بولسا تانسىغا تارتىپ ئويناۋەردى، ئارىلىقتا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ سورۇننى چاڭ چىقىرىۋەتتى. زۆھرەنىڭ بىر كۆزى ئېرىدە بولسا، يەنە بىر كۆزى ئالماس بىلەن زۇلفىيەدە ئىدى. زۇلفىيە بولسا قىرقىم چاچ، ئۇچىسىغا تېگى ئاق، قىزىل چېكىم رەختتىن كوپتا ـ يوپكا، ئېگىز پاشنىلىق باسنوشكا كىيگەن شوخچە مەدەنىي، شوخچە گۈزەل كۆرۈنەتتى. بىر چاغدا سورۇننى باشقۇرغۇچى:

ـــ هازىر ئاق تانسا، ـــ دەپ ئېلان قىلدى.

مانا ئەمدى ئاياللار خالىغان ئەرنى تارتىپ ئوينىسا بولاتتى. چىرايلىق بىر قىز زۆھرەنىڭ ئېرىنى تانسىغا تارتتى، زۆھرەمۇ بوش كەلمەي ئالماسنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. ئىككىيلەن قولىنى قولغا تۇتۇشۇپ تانسا ئويناشقا باشلىغاندىلا زۆھرەنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقتى. ئالماسنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، لەۋلىرىنى چىشلەپ هاياجىنىنى باسماقچى بولدى. شۇ ئارىلىقتا ئالماس:

ـــ زۆھرە، ئېرىڭىزمۇ كېلىشكەن يىگىت ئىكەن، سىز بەختلىكمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

زۆھرەنى غۇززىدە يىغا باسقان بولسىمۇ، چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ:

ـــ ۋىيەي، ئەرگە تەگكەنگىلا بەختلىك بولاتتىمۇ ئادەم، باشقىلارغا ئوخشاش شۇ. ئوقۇشقا چىقىپ كېتىپ مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز، بىرەر پارچە خېتىڭىزنىمۇ ئايىدىڭىز، ـــ دېدى رەنجىگەندەك بولۇپ. ئالماس:

ـــ كەچۈرۈڭ، زۆھرە، بۇ سۆزىڭىز ئادىل بولمىدى، بىز ماڭغۇچە سىزنى كېلىمدۇ دەپ كۈتتۇق، بىراق ئۈزىتىشقا

كەلگەنلەر ئارىسىدىن سىزنى تاپالمىدۇق، بىز تاشكەنتكە بارغاندىن كېيىن مەنمۇ، زۇلفىيەمۇ سىزگە خەت يازغانىدۇق، بىراق سىزدىن جاۋاب خەت كەلمىدى، — دېيىشىگە، ئۇ:

— توغرا، شۇ كۈنى ئاپام ئاغرىپ قېلىپ ئۈزىتىشقا چىقالمىغانىدىم، — دەپلا گەپنى ئۈزدى.

زۆھرەنىڭ ئېرى باشقا بىرى بىلەن تانسا ئويناۋاتقىنى بىلەن زۆھرەنىڭ چىرايىغا، گەپ - سۆزلىرىگە دىققەت قىلىۋاتاتتى. كېيىنكى قېتىم ئېرى زۆھرەنى تانسىغا تەكلىپ قىلىپ:

— كونا سامانلىقتا ئوت كەتمىسۇن يەنە، ئۆزىڭىزنى بېسىۋالارسىز، — دېدى تەنە بىلەن.

زۆھرە ئۇنىڭغا بوي ئەگمەستىن:

— تولا سەتلەشمەڭە، بىز دېگەن ساۋاقداش تۇرساق، — دېدى رەنجىگەندەك قىلىپ.

ئۇ كۈنى يىغىلىش تاكى يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى، بىچارە زۆھرە تېشىدا ھېيت ئويناپ، ئىچىدە ھازا تۇتتى.

ھايات دېگەن شۇنداق، ئىنسان ئۆز بەختىنى بىلمىسە، بەختىنىڭ قەدرىگە يەتمىسە، دۇنيانىڭ ھەممە يېرى قاراڭغۇ، دوزاخ بىلىنىدۇ؛ ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىر ئىشىنى، نورمال ئۆتۈۋاتقان كۈنىنى بەخت دەپ بىلسە، راستتىنلا بەختتىن بەھرىمەن بولالايدۇ. زۆھرەنىڭمۇ بىر ئوبدان ئېرى، خىزمىتى، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى تۇرۇقلۇق باشقىلارنىڭ بەختىگە ھەسەت قىلىش بىلەن ئۆزىنى بەختسىز دەپ سانىشى — ئۇنى بەختسىزلەر قاتارىغا قېتىۋەتتى. ئەڭ يامىنى باشقىلارنىڭ بەختىنى كۆرەلمەسلىكتىن ئۆزى ئازابلاندى. ئەگەر ئۇ ئالماسنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ بەختىنى ئۆز بەختىم دەپ بىلىپ كەڭ قورساقلىق قىلغان بولسا، بەلكى ئۇمۇ ئۆزىنى بەختسىز سانىمىغان بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى تورىسى

## 32

زۇلفىيە بىلەن ئالماس ئۇرۇمچىدە بىر كۈن تۇرۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا كورلىغا قاراپ يولغا چىقتى. كورلىنىڭ ئاق يوپۇق يېپىپ قويغاندەك ئاپپاق ئېچىلىپ كەتكەن نەشپۈتلۈك باغلىرى، ئاق، قىزغۇچ ۋە ھال رەڭ چېچەكلەر بىلەن پۈركەنگەن شاپتۇل، ئۆرۈكلۈك باغلىرى، يۇمران مايسا ـ كۆكتاتلار بىلەن يېشىللىشىۋاتقان كەڭ، تۈتاش ئېتىز ـ دالىلىرى زۇلفىيەنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى. بۇ كورلىنىڭ ھەممە يېرىنى چېچەكلەر قاپلاپ، خۇش پۇراققا تولغان مەزگىل ئىدى. بۇنداق ساپ ھاۋادىن كىشىنىڭ كەيپى چاغ بولۇپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى.

زۇلفىيەنىڭ تۇنجى قېتىم بۇ يەرگە كېلىشى بولغاچقا، ئەتراپقا ھەۋەس بىلەن نەزەر سالاتتى، ھەممىنى بىلگۈسى ۋە ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. ئۇلار سائەتلەپ يول يۈرگەندىن كېيىن ئابايىقى مەنزىرە خۇددى يالتىتىدە قىلىپ يېنىپ ئۇچكەن يۇلتۇزدەك كۆز ئالدىدىن غايىب بولدى. ئۇلار ھازىر قەدەم قويغان زېمىن ــ ئالماسنىڭ يۇرتىدا ناگان ـ ناگاندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان، پەرۋىش تاپمايلا تۇزۇپ كېتىشكە باشلىغان ئۆرۈك كۆچەتلىرىنىڭ شالاڭ چېچەكلىرىدىن باشقا كۆرۈنۈش يوق ئىدى. ئۇلار مەھەللە دەپ ئاتىغان جايلاردا توغراق شاخلىرىدا ياسىۋالغان ئۆيمىكىن دېسە ئۆيدەك ئەمەس، ساتما دېسە تۆت تېمى بار ئۆيلەر ئاندا ـ مۇندا كۆزگە چېلىقتى. ئەرلەر ئۇچىسىغا قېلىن ئىشتان ـ چاپان كىيگەن، ئىشتان ـ چاپانلىرىنىڭ پۇچقاق ۋە ئېتەكلىرىدە چۇچىلا ساڭگىلاپ تۇرغان، بېشىدا ئاق تۇماق، پۇتىدا قوپال تىكىلگەن ئۆتۈك ياكى

چورۇق بار ئىدى. ئاياللار قىلىن رەختتە ئىشتان ــ كۆڭلەك، بېشىغا يۇڭ پالاستا تاشلانغان تۇماق كىيگەنىدى.

زۇلفىيە گويا باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. بىرنەچچە سائەت ئىچىدە كۆرۈنگەن ئوخشىمىغان مەنزىرە، ئوخشىمىغان يۇرت، ئۆي، كىشىلەر ئۇنى ھاڭ ــ تاڭ قالدۇردى. ئۇلار ئات ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ قويۇق توغراقلىقلار ئارىسىدا كېتىۋاتاتتى.

— توغراق دېگەن ئاجايىپ ئىكەن، سۇسىز جايدىمۇ شۇنداق يوغان توغراق بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى زۇلفىيە.

— شۇنداق، — دېدى ئالماس تەمكىن بىر ئاۋاز بىلەن، — توغراق تارىملىقلارنىڭ، جۈملىدىن لوپنۇرلۇقلارنىڭ تىمسالى، لوپنۇرلۇقلاردا توغراقنىڭ خىسلىتى مۇجەسسەملەنگەن. توغراقنى ھېچكىم پەرۋىشلىمەيدۇ، ھەتتا ئۇنى تەبىئەتمۇ پەرۋىشلەپ باقمىغان، تەبىئەت بۇلۇتلىرى ئۆز ساخاۋىتىنى كۆللەرگە، سۈيى مول، مۇنبەت تۇپراق، باغ ــ بوستانلارغا تۆكمىدۇكى، توغراق ماكانى — تەكلىماكانغا تۆكمەيدۇ. تەبىئەتنىڭ توغراقلىقلارغا ئاتىغىنى يازدا ئوتلۇق تومۇز، كۈيدۈرگۈچ ئىسسىق شامال، قىشتا زەھەردەك ئاچچىق شىۋىرغانلىق. توغراق مانا مۇشۇنداق ناچار شارائىتتا يىلبويى ھۆل ــ يېغىن كۆرمەيدىغان، ياز ــ تومۇزدا ئوت دېڭىزدەك قىزىپ كېتىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقلىرىدا يىراق بىر يەرلەردىكى دەريا، كۆللەرنىڭ يەر تېگىدىن كېلىپ قالىدىغان ئانچىكى نەملىكىگە قانائەت قىلىپ، چاڭقاقلىققا بەرداشلىق بېرىپ، ئانا تۇپراققا يايغان يىلتىزى ئارقىلىق ئالغان زەررىچە ئوزۇق، زەررىچە نەملىكتىن ھاياتلىق تېپىپ قەيسەرلىك بىلەن ياشايدۇ. لوپنۇرلۇقلارنىڭمۇ ھاياتى ئەنە شۇ توغراققا ئوخشايدۇ، چىدامىلىق، قەيسەر، قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان روھ ئۇلارغىمۇ ھەمراھدۇر. ئۇلار قۇياش نۇرىدىن ئۆزى بىلەن تەڭ

www.uyghurkitap.com

بەھرىلىنىدىغان، رەڭگارەڭ تۇرمۇش مۇھىتىدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشمەيدۇ. سىز ياشىغان، مەن ئوقۇغان تاشكەنتتەك جاينىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ دەڭە. مانا كۆرۈۋاتىسىز، لوپنۇرنىڭ جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈشىمۇ ئالاھىدە، ھەممە تەرىپى قۇم بىلەن قاپلانغىنى بىلەن دەريا ـ ئېقىن، كۆللىرىمۇ كۆپ. كىشىلەر ياشاشقا تولىمۇ باب كېلىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك جاي كۆل بويلىرى، بۇنىڭدا بىرى كۆل ئورنى مۇقىم، يەنە بىرى كۆل بويلىرى يايلاق، يەنە بىرى لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاساسىي يېمەكلىكى بولغان بېلىق ۋە ئۇجۇل[1] كۆلدىن چىقىدۇ، شۇڭا كىشىلەر كۆل بويلىرىغىلا مانا مۇشۇنداق ئاددىي ياغاچ ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇراقلاشقان. مانا، ئالدىمىزدا كۆل، ئارقىغا قارىساقلا ئۈزۈك ـ ئۈزۈك قۇملۇق، قۇم بارخانلىرى.

لوپنۇر تىپىك قۇرغاق كلىماتلىق جاي، بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، لوپنۇر دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن تولىمۇ يىراقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىنى تاغ تىزمىلىرى قورشاپ تۇرغاچقا، دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ نەم ھاۋاسى ئاسمان ـ پەلەك تاغلىق توسۇقلاردىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ.

— ئۇنداقتا بۇ يەردە نېمىشقا سۇ كۆپ بولىدۇ؟

— مەملىكىتىمىز بويىچە بىردىنبىر ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بولغان تارىم دەرياسى ۋە كۆنچى دەرياسى ناھىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، تەكلىماكان قۇملۇقىغا كىرىپ كېتىدۇ، شۇڭا لوپنۇر سۇغا باي دېيىشكە بولىدۇ. خەلقىمىزدە «تارىم ئانام، توققۇز تارام» دېگەن گەپ بار. بۇنداق بولۇشى تارىم دەرياسى مۇشۇ ناھىيەدىن چوڭ ـ كىچىك تارامغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، تارىم دەرياسى بىلەن لوپنۇر كۆلى مەشھۇر «يىپەك

---

① ئۇجۇل — يېكەن غولىنىڭ باش قىسمىدا بولىدىغان بىر خىل سېرىق ماددا، ئىستېمال قىلىنىشقا بولىدۇ.

يولى»نىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىدىكى ئاشۇ ناچار ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تەڭشەپ، كارۋان يولىنىڭ ئاۋاتلىقىنى كاپالەتلەندۈرگەن.

قەدىرلىكىم، مانا مەن چوڭ بولغان يۇرت، ئەجدادىم ياشىغان سىرلىق ماكان، ئىشىنىمەنكى، سىزگە بۇ يەر چوقۇم يېقىپ قالىدۇ، بىراق شۇنى ئېيتاي، بۇ يەردە تاشكەنتتىكى ئائىلە شارائىتىنىڭ ھېچبىرىنى تاپالمايسىز.

— كېرەك يوق، مەن ھەممىگە كۆنۈپ كېتىمەن.

— شۇنداق قىلسىڭىز مەن بەك خاتىرجەم بولىمەن، — دېدى ئالماس ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ.

ئات ھارۋىسى بىر خىل رىتىم بىلەن ماڭماقتا، ئاتقا ئېسىلغان قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى بۇ جىمجىت ماكاندا ئالاھىدە ياڭرىماقتا ئىدى. كۈن قىزىشقا باشلىدى، ئىسسىق دەستىدىن زۇلفىيەنىڭ يۈزى شەپەقتەك قىزىرىپ كەتتى.

— نېمانچە ئىسسىق يەر بۇ؟ — دېدى ئۇ تەرلىرىنى سۈرتكەچ.

— قۇياش ئانا زېمىنىنىڭ پەرۋىشكارى، ئاش - نېنىمىز، يېمەك - ئىچمىكىمىز، جېنىمىز، تىنىقىمىز ئاشۇ قۇياشتا، قۇياشسىز دۇنيا، ھاياتلىق مەۋجۇت بولمايدۇ. ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ بىز تاشكەنتتە ئاشىقىدىن ئۈمىد ئۈزەلمىگەن مەشۇقتەك تۇمانلار ئارىسىدا ئاستا - ئاستا غايىب بولغان قۇياشنى تاماشا قىلغانىدۇق، بۇ يەردىمۇ بىر كۈنى كەچ شۇنداق قىلىمىز، قۇياش ئولتۇرغاندىن كېيىن بىزمۇ تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق بولىمىز، تېخى...

— قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنىمۇ تاماشا قىلساق دەيمەن، — دېدى زۇلفىيە سىرلىق كۈلۈمسىرەپ.

— بەك توغرا دېدىڭىز، مەن بۇ يەرنىڭ تاڭ سەھىرىنى ئاجايىپ ياخشى كۆرىمەن. تاڭ سەھەردە قۇياشنىڭ چىقىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈپ توپ - توپ بولۇپ چۇۋۇرلىشىۋاتقان

قۇشلارنى كۆرسىڭىز ھەيران قالىسىز، قۇشلار قۇياشقا شۇنچىلىك ئىنتىزاركى، خۇددى ئاشىقىغا، ئاشىقىنىڭ سىرلىق جامالىغا تەشنا بولغان مەشۇقتەك سايرىشىدۇ، گاھى كاككۇكنىڭ نالىسىدەك ئاڭلىنىپ كېتىدۇ دەڭە.

— بۇمۇ قۇياشنىڭ سېھرىي كۈچى بولسا كېرەك. دېگەنلىرىڭىز توغرا، ئىنسانلار قۇياشقا بېقىنىپ ياشايمىز، تۇرمۇش كەچۈرىمىز، قۇياش بولمىسا پاختا، ئاشلىق پىشمايدۇ ـ دە.

— شۇنداق، «توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ» دېگىنى راست ئىكەن، سىزمۇ پاختىڭىزنىڭ خىيالىنى قىلىۋاتىسىزغۇ ـ ھە؟

يىراقتىنلا كۆل بويىدىكى ئۆيىنى كۆرگەن ئالماسنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى، بالىلىق ۋاقتىدىكى ئوتلۇق ھېسسىيات يەنە چوغلىنىشقا باشلىغاندەك ۋۇجۇدىنى تىترەتمەكتە ئىدى. ئۇلار ھارۋىدىن چۈشۈپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندىلا خىيالىي دۇنيادىن قايتقاندەك بولدى.

ئۈستى بورا بىلەن يېپىلغان ياغاچ ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. ئوچاقتا كۆمەچ كۆمۈلگەن بولۇپ، ئالماس كۆمەچنىڭ پىشقانلىقىنى پۇرىقىدىنلا بىلدى.

— ئۆيدىكىلەر كۆمەچ كۆمۈپتۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ھېلى يەيسىز، خېمىرغا ماي ئارىلاشتۇرۇپ چالا بولدۇرۇپ، ئوچاقنىڭ چوغىنى تارتىپ كۈلگە كۆمىدىغان نان، ئۇنىڭ تەمىنى ئويلىسام ئاغزىمغا سېرىق سۇ كېلىدۇ.

ئۇلار ئىشىك ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئالماس ئىككى قېتىم كالتە يۆتىلىپ، ئۆيگە ئادەم كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. ئۇ تويۇقسىز ئۆيگە كىرسە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھاياجانلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئىلگىرىمۇ ئىشىككە يىرەر كىشىنىڭ كەلگەن شەپىسىنى ئاڭلىسا دادىسى چىقاتتى. راست دېگەندەك، ئۆيئىچىدىن دادىسىنىڭ «كىم؟» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى .

— دادا، مەن كەلدىم، بىز كەلدۇق.

— ۋاي كەشىم قېنى، — دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ، دادىسى



www.uyghurkitap.com

پالاقشىپ ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولدى. ئالماس دادىسى بىلەن چىڭ قۇچاقلاشتى. دادىسى ئالماسنىڭ ئېگىز بوي ـ بەستىگە قارىدى، يەنە قۇچاقلىدى، ئۇ ئالماسقا سەل ئېسىلىپ قالدى، ئۇنىڭ پۇتىدا ماغدۇرى قالمىغاندەك تىترەيتتى، ئوغلىنىڭ يۈزلىرىنى سىلايتتى، تويماي قارايتتى.

— ئوغلۇم، قوزام، باغرىم، راست كەلدىڭمۇ...

— دادا، دادا.

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى بىر ـ بىرىگە قاراپ قانمايتتى، بىردىنلا دادىسى خۇددى كىچىك بالىدەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، ئالماس دادىسىنى يۆلەپ، بوسۇغا تۈۋىدىكى كىچىككىنە سۇپىغا ئولتۇرغۇزدى، دادىسى بىرھازا يىغلاپ، كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ئوغلىغا يەنە بىر قېتىم قارىۋەتكەندىن كېيىن ئوغلىنىڭ كەينىدىرەك تۇرغان زۇلفىيەگە كۆزى چۈشتى ـ دە:

— قىزىم، كەلگەن قەدىمىڭىزگە مۇبارەك، ئالدىڭىزغا باراي دېسەم، پۇتلىرىم ئىشلىمەيۋاتىدۇ، ئوغلۇمنى كۆرۈپ خۇشلۇقۇمدىن پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىدى، قېنى كېلىڭ قىزىم، — دېدى قوللىرىنى يېيىپ.

زۇلفىيە بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم دادا، — دېدى ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلىپ.

— ئاللانىڭ بىزنى كۆرۈشتۈرگىنىگە مىڭ شۈكۈر قىزىم، سىلەرنىڭ توي قىلغىنىڭلاردىن خەۋەر تېپىپ بېشىمىز كۆككە يەتكەن، سىزنى كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلغانىدۇق، مانا ئالدىمىزغا كەپسىز، تويۇڭلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرەلمىدۇق، خۇدا بۇيرۇسا بۇ ئارزۇيىمىزنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرارمىز. ئەمدى بۇمۇ ئۆز ئۆيىڭىز، ھەرگىز تارتىنماڭ، قىزىم، — دېدى خۇشخۇيلۇق بىلەن. ئالماس ئاپىسىنىڭ ئۆيدە بار ـ يوقلۇقىنى بىلەلمەي سەل تىت ـ تىت بولدى ـ دە:

— دادا، ئاپامچۇ؟ — دېدى ئەنسىز تەرزدە.

www.uygurkitap.com

— ۋاي ئىسىم قۇرۇسۇن، سېنى كۆرۈپ بېشىم قېيىپ كېتىپتۇ، ئاپاڭ دوختۇرخانىدا، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، قوشنىمىزنىڭ قىزى قاراۋاتىدۇ، ئاللا بۇيرۇسا ئەتە ئەتىگەن كورلىغا بېرىپ، ئۆيگە ئەكېلىمىز. ۋاي تېخىچىلا تالادا تۇرۇپتىمىزغۇ، قېنى ئۆيگە كىرەيلى.

ئالماس سومكىلارنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى، ئۆيدە خېلى چوڭ، كەڭرى ياغاچ كات بار ئىدى، كاتقا يول - يول يۇڭ پالاس سېلىنغانىدى.

— ئاپاڭ ئاغرىپ قالغاندىن بېرى ئۆي ئىشلىرىنى قولۇمغا ئالدىم. ھالۋا ئېتىش، كۆمەچ پىشۇرۇشنى ئۆگىنىۋالدىم، بۇرۇنمۇ قوي گۆشى، بېلىقلارنى ئوتتا قاقلاپ پىشۇراتتىمغۇ، ئېسىڭدە باردۇ - ھە؟

— بار، دادا، بار، ئۇنىڭ تەمى ئاغزىمدىن كەتمەيدۇ. ھېلى ئىشىك ئالدىغا كېلىشىمگىلا كۆمەچنىڭ پۇرىقى بۇرنۇمغا پۇراپ ئاغزىمغا سېرىق سۇ كېلىپ كەتتى. دادا، سىز ئولتۇرۇڭ، مەن داستىخان تەييارلاي، — دېدى ئالماس.

ئاشخانا زۇلفىيە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سىز ئولتۇرۇڭ، مەن قىلاي، — دېيىشىگە قېيىنئاتىسى:

— ئولتۇرۇڭ، قىزىم، سىز ھازىر مېھمان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆينىڭ ئېپى - جېپىنى بىلمەيسىز، شۇڭا بىز قىلايلى، — دەپ زۇلفىيەنى ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

ئالماس تام تۈۋىگە قويۇلغان ياغاچ ساندۇقتىن يوغان ئاياق[①] نى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كۆمەچنى ئېلىپ، تازا پۈۋلەپ ئاياققا قويۇپ ئۆيگە ئەكىردى. كۆمەچ چىلاندەك قىزىرىپ پىشقانىدى. قايماقلىق سۈت چاي بىلەن يېيىلگەن كۆمەچ زۇلفىيەنىڭ ئېغىزىدىلا قالدى. ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق مەززىلىك كۆمەچنى يەپ

---

① ئاياق — ياغاچتىن ياسالغان لېگەن.

كۆرمىگەن بولغاچقا:
— راستتىنلا تەمى بەك ئۆزگىچە، بەك تاتلىق ئىكەن، — دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپلا كەتتى.
— ئېلىنىڭ، قىزىم، تارتىنماڭ، كۆمەچنىڭ تەمى ياخشى بولۇپلا قالماستىن بەدەنگە قۇۋۋەت قىلىدۇ، چوغدا پىشقان يېمەكلىك ئادەمگە پايدىلىق، تەنگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىدۇ، خۇدا بۇيرۇسا ئەتە سىزگە يېڭى بېلىق تۇتۇپ، ئوتتا قاقلاپ، كاۋاپ پىشۇرۇپ بېرىمەن، ئۆگۈنلۈككە قىرقىمىغان ئوغلاق سويۇپ كاۋاپ پىشۇرۇپ بېرىمەن، قىزىم، كۆپرەك يەڭ.
— رەھمەت، دادا، — دېدى زۇلفىيە قېيىنئاتىسىدىن سۆيۈنۈپ.
ئۇلار يېرىم كېچىگىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇردى. دادىسى بىر كىشىلىك يوتقان ـ كۆرپىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتى ـ دە:
— يولدىن كەلدىڭلار، قانغۇچە ئۇخلىۋېلىڭلار، مەن سىرتتا ئۇخلاي، — دېدى.
— دادا، — دېدى ئالماس، — سىرتتا سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن، گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ ياتمامدۇق.
— بولدى، ئوغلۇم، مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆمۈر بويى مۇشۇ يەردە ياشىدىم، بۇ يەرنىڭ تۇپىسى، شاملى شىپالىق، دەريا سۈيى زەمزەم، ئابىھايات، شۇڭا ئاتمىش ياشقا كىرىپمۇ بىر كۈن ئاغرىپ باقمىدىمغۇ، خوش، بالىلىرىم، ياخشى ئارام ئېلىڭلار.
يولدىن ھېرىپ ـ چارچاپ كەلگەن ئەر ـ خوتۇنلار ئورۇنغا كىرىپلا لايدەك ئېزىلىپ ئۇخلاپ كەتتى، ئەتىسى ئىشىكتىن كىرگەن قۇياش نۇرى بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇننىڭ جامالىنى يورۇتتى. ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ ناشتا قىلغاندىن كېيىن ئالماس بىلەن دادىسى دوختۇرخانىغا كەتتى، زۇلفىيە ئۆيلەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، ئۇلار قايتىپ كېلەرگە يېقىن تاماققا تۇتۇش قىلدى.

ئۇلار قايتىپ كېلىشىگە، چىرايلىق گىرىپ كۆڭلەك كىيگەن زۇلفىيە قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— ئەسسالام ئاپا، — دەپ سالام بېرىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

زۇلفىيەنىڭ مۇلايىم، نازاكەتلىكلىكى ئانىنى شادلاندۇرۇۋەتتى.

ئالماسنىڭ ئاپىسى ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان، قوڭۇر چاچلىق، پومساقىنا ئايال ئىدى. ئانا ئالدىدا تۇرغان قىزغا ھەۋەس بىلەن قاراپ بۇنىڭ چۈش ئەمەسلىكىگە ئىشەندى، كۆزلىرى خۇشاللىق ياشلىرى بىلەن نەمدەلدى، بىر ئانا ئۈچۈن ئوغلى يارىتىپ ئالغان، ئۆزىگە يارىغان كېلىنىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بارمىدۇ؟ ئۇ مۇشۇ كۈنلەرنى قانچە يىللاپ كۈتكەنىدى ـ ھە؟ ئانىنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق نۇرى چاقنىدى، كىشى قەلبىنى لال قىلغۇچى تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇرغان كېلىنىگە قاراپ لەۋلىرى تىترىدى. چۈنكى، كېلىنى ئۇنى «ئاپا» دەپ چاقىردى ئەمەسمۇ؟ ئانا بىردىنلا كېسەلدىن سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەنىدەك بولدى ـ دە:

— قىزىم، ئالتۇن قىزىم، قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، تويۇڭلارغا مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن بېقىپ.

— رەھمەت، ئاپا، سىزدىن بەك ئەنسىرىگەنىدۇق، بىر ياخشى بولۇپ قاپسىز، بولۇپمۇ ئاپام بەك ئەنسىرەپ كېتىپ، سىزنى دەرھال يولغا سالدى ھەم سىزگە چوڭقۇر سالام ئېيتتى.

— قۇدامغا رەھمەت، قىزىم، ئاپىڭىزنى نېمىشقا بىللە ئەكەلمىدىڭىز؟

— شۇنداق قىلسامغۇ بەك ياخشى بولاتتى، خۇدا خالىسا چوقۇم يۈز كۆرۈشىسىلەر. سىلەرنى يېنىمىزغا كۆچۈرۈپ ئەكىتىۋالساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، ئۆيىمىزمۇ كەڭرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەردە داۋالىنىش شارائىتى ئىنتايىن ياخشى. ئاپام

www.uyghurkitap.com

سىلەرگە سالام ئېيتتى ھەم ماۋۇ سوۋغا ـ سالامنى ئەۋەتتى، ــ دەپ سومكىدىنماللارنى ئېلىپ ئانىنىڭ ئالدىغا قويدى. خان ئەتلەستىن تىكىلگەن پېرلەنكە كۆڭلەك، تامبال، ئىچ كىيىم، چوڭ ـ كىچىك رومال، داستىخان، يوتقان كىرلىكى، چوڭ بىر پاختىلىق تون، قۇلاقچا، ئۆتۈك دېگەندەك سوۋغاتلار دۆۋىلىنىپ كەتتى. ئۇلار بەكمۇ خۇش بولدى، بولۇپمۇ كېلىنىنىڭ تاتلىق سۆزلىرى، نازاكەتلىك تۇرقى، ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى ئانىنى بەكلا شادلاندۇرۇۋەتتى.

ــ رەھمەت، قىزىم سىزگە، رەھمەت، قۇدامغا، بىز ئالدىڭلارغا بارالمىدۇق، توي ئىشىدىمۇ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلالمىدۇق، بولمىسا قولىمىزدا يوق ئەمەس، ئارىمىز يىراق بولۇپ قالدى. ئاپىڭىز بىزدەك قۇدا بولغۇچىنى كۆرمەي، بىر تىيىن پۇلىمىزنى خەجلىمەي، داستىخىنىمىزدا ئولتۇرۇپ بىر پىيالە چېيىمىزنى ئىچمەي تۇرۇپ، ئىككىڭلارنىڭ توينى قىلىپ، يەنە سىلەرنىڭ ھالىڭلاردىن خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ. ئاپىڭىز بەكمۇ شەپقەتلىك، مېھرىبان ئانا ئىكەن، قىزىم، تېخى يەنە شۇنچە سوۋغات ئەۋەتىپتۇ، رەھمەت، خۇدايىم بۇيرۇسا بىزمۇ ياندۇرىمىز، ــ دېدى ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىپ.

ــ ئاپا، گەپ پۇل ـ مالدا ئەمەس، ئادەمگەرچىلىك، ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىقتىنمۇ ئۇلۇغ ئىش بولامدۇ؟ ــ دېدى زۇلفىيە ئانىنى يەنە بىر قېتىم قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

ئانىنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى، چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى، ئۇ بىر ئوغلىغا، بىر زۇلفىيەگە قاراپ:

ــ ئوغلۇم، بەختىڭ بار ئىكەن، پېشانەڭگە مۇشۇنداق چىرايلىق، مېھرى ئىسسىق، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان قىز پۈتۈلۈپتۇ، خۇدا سىلەرنىڭ بەختىڭلارنى بەرسۇن، كۆز تەگمىسۇن، چىق، چىق، چىق، ــ دەپ قىزنى سۆيۈپ قويدى ھەم، ــ ئۆمرۈڭلار ئاي بىلەن يۇلتۇزدەك ئۆتسۇن،

ئائىلەڭلەرگە خۇشاللىق ھەمراھ بولسۇن، ئىلاھىم پەرزەنتلىك بولۇپ، بىر ئۆمۈر ئايرىلماي ياشاڭلار، ئامىن، — دېگىنىچە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىلدى.

ئالماس دادىسى بىلەن جاڭگالغا ئوۋ ئوۋلىغىلى كەتتى، قېيىنئانا بىلەن كېلىن ئۆيدە قالدى.

— ئاپا، سىز ئالماسنى تۇغۇپلا باشقا بالىلىق بولمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى زۇلفىيە ئانىدىن.

— قىزىم، بۇ ئوغلۇم خۇدادىن تىلەپ، بەك كۆپ دورا قىلىپ ئاران تۇغۇۋالغان بىر تال ئوغلۇم، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى ئانا، — بىز توي قىلىپ خېلى ئۇزاققىچە بويۇمدا قالمىدى، تولا تېۋىپقا كۆرۈنۈپ يېمىگەن دورام قالمىدى. ئىچى - تېشىمدىن دورا قىلىپ، بىرنەچچە قېتىم جەرەن ئوۋلاپ كېلىپ جەرەن گۆشى يېگۈزدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، جەرەن ئېسىل گىياھلارنى يەيدىكەن، ئۇنىڭ چىشىسى تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن بالا ھەمراھىنى بىر يەرگە كۆمۈپ قويىدىكەن، كېيىن شۇ يەردىن بىر خىل گىياھ ئۈنۈپ چىقىپ، كېچىسى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ ئېتى «مېھرىگىياھ» ئىكەن. ماڭا «مېھرىگىياھ»نى شورپىغا سېلىپ يېگۈزدى، قېيىنئاتام ئېپار كېيىكنىڭ كىندىكىدىن چىقىدىغان ئېپارنى يېگۈزدى، يېرىم يىلدىن كېيىن ئۆزۈممۇ تەن قويۇپ سەمرىپ، تېرىلىرىم پارقىراپ باشقىچە چىرايلىق بولۇپ تولۇپ كەتتىم، مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئېغىر بوي بولۇپ، مۇشۇ ئوغلۇمنى ساق - سالامەت تۇغۇۋالدىم. ئوغلۇمغا قېيىنئاتام بۇ يۇرتتا يوق، ئاجايىپ ئېسىل ئىسىم دەپ «ئالماس» دەپ ئات قويدى.

مەن ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان ئەجرىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن. مەندەك بىر يېتىم قىزنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئۆز قىزىدەك تەربىيەلەپ، يەنە تېخى مۇشۇ ئائىلىگە كېلىن قىلىپ، كېسىلىمنى داۋالىتىپ، ئۆز قىزىدەك ئاسراش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، قىزىم. مېنىڭ بۇ

ئائىلىگە بەك مىننەتدارلىقىم، رەھمىتىم بولۇپلا قالماستىن چەكسىز ھۆرمىتىم بار. قېيىنئانام، قېيىنئاتام ئاجايىپ ئېسىل ئادەملەر ئىدى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، ئادەمگەرچىلىك خىسلىتى مېنى بىر ئۆمۈر ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە قىلدى، دادىڭىزمۇ بەئەينى قېيىنئاتامغا ئوخشاش بەك ئېسىل ئادەم.

— راست، ئاپا، ئالماسمۇ شۇنداق ياخشى يىگىت، مېنىڭمۇ تەلىيىم بار ئىكەن، مەنمۇ بەك خۇشال. ئابايا جەرەن گۆشىنى ماختاپ بەردىڭىز، ئۇ راستتىنلا شۇنداق دورىلىقمۇ؟

— ھەئە، قىزىم، جەرەن ئاجايىپ بىر خىسلەتلىك ھەم بەك چىرايلىق جانىۋار ئۇ. جەرەن گۆشى يېگەنلەرنىڭ قېنى بۇزۇلمايدۇ، تېنى ساغلام بولۇپ، چىرايى نۇرلۇق بولىدۇ. تەلىيىڭىزگە ئۇلار بىرەر جەرەن ئوۋلاپ كېلەمدۇ تېخى.

— شۇنداق بولسا بەك ياخشى بولاتتى. ئاپا، بۇ جاي پىنھان، بازاردىن يىراق بولغىنى بىلەن، ئاجايىپ گۈزەل ئىكەن. سىلەر ئاساسلىقى نېمە بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىسىلەر؟

— لوپنۇرلۇقلار بېلىق بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن خەلق، بۇ ھەقتە: «يازى كۈنى يايىقاق بالىق، قىش كۈنى بەرمەي چىچەپ، بەندەڭگە بەرگىن ئۇلەشلەپ» دەپ قوشاقلىرىمىزمۇ بار. بۇنىڭ مەنىسى، يازدا بېلىقنى قاق سال، قىشتا كاۋاپ قىلىپ يە، ھەربىر ئادەمگە تەڭ تەقسىم قىل، دېگەنلىك. بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەر بېلىقنى تەڭ تۇتۇپ، تەڭ تەقسىم قىلىشىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، بۇ يەردىكىلەر بەكمۇ ئۆم ئۆتىدىكەن - ھە. بېلىقنى كۈندۈزى تۇتىدىغاندۇ؟

— قىزىم، ئادەم نېمە ئىش قىلسا شۇنىڭ غېمىدە بولىدىكەن، بىزدە كېچىسى بېلىق تۇتۇش ئادىتىمۇ بار.

— سۆزىڭىزنى ئاڭلىغانسېرى قىزىقىۋاتىمەن، بۇ نېمىدېگەن تىلسىم ماكان - ھە ! — دېدى زۇلفىيە تىللىرىنى چاكىلدىتىپ.

— شۇنداق، قىزىم، تەكلىماكان — لوپنۇر شۇنداق سىرلىق

ماكان، بۇ زېمىندا ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلار بىزگە نۇرغۇن توتېم، سىرلىق ھادىسە، ئاجايىپ رىۋايەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. شۇڭا، بۇ يەرنى «تىلسىمات شەھىرى»مۇ دەيدۇ.

ئۇ كۈنى قېيىنئانا بىلەن كېلىن راسا مۇڭداشتى. ئەمما، قوشنىلار بىلەن بىللە ئوۋغا كەتكەن ئالماس ۋە دادىسى خېلى كەچكىچە قايتىپ كەلمىدى. زۇلفىيە ئۇلاردىن ئەنسىرەپ، يولغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرالمايلا قالدى. ئەكسىچە ئانا ھەرگىزمۇ ئەنسىرىمەستىن:

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇلار ئەتە سەھەردە كېلىدۇ، ئەنسىرىمەڭ، ھېچ ئىش بولمايدۇ، — دېدى ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ.

## 33

ئەتىسى سەھەردە ئالماس دادىسى بىلەن خۇشال قايتىپ كەلدى.

— تەلىيىمىز ئوڭدىن كەلدى، مانا بىر جەرەن ئوۋلىدۇق، — دېدى ئالماس خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي.

چىرايلىق گۈللۈك كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە قارا جىلىتكە كىيگەن، بېشىغا رومال ئارتقان ئانا زۇلفىيەگە «قانداق، مەن دېمىدىممۇ» دېگەن بىر نەزەردە قاراپ كۈلدى.

ئەتىگەنلىك چاي بەك كۆڭۈللۈك ئىچىلدى، چايدىن كېيىن قېيىنئاتا كېلىنىگە بېلىق تۇتۇشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆلگە ئېلىپ ماڭدى، ئۆيدە ئالماس بىلەن ئاپىسى قالدى.

— ئاپا، سەندىن بەك ئەنسىرىگەنىدىم، — دېدى ئالماس ئاپىسىغا خۇددى كىچىك ۋاقتىدىكىدەك ئەركىلەپ تۇرۇپ، — سېنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى.

— بالام، راستىنى ئېيتسام، دادائ ئىككىمىزگە ھېچنېمە كەم ئەمەس، كۈندىلىكىمىزنى كۈندە تېپىپ يېسەك بولىدۇ. بىراق، دۇنيادا بالىنىڭ ئوت - پىراقىدا ئۆرتىنىشتىن ئارتۇق ئازاب بولمايدىكەن. سېنى مۇشۇ چۆلدە بىزدەك ھايات كەچۈرسۇن دېگۈمىز كەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنمۇ ئاجايىپ بىر بالا بولدۇڭ، كىچىكىڭدىن تارتىپ بىزدىن ئايرىلىپ ئوقۇدۇڭ، كېيىن تەلىيىڭ كېلىپ تاشكەنت شەھىرىدە ئوقۇش پېشانەڭگە پۈتۈلۈپتۇ، بىز بۇنىڭدىن بەك خۇش بولدۇق. دادائ ئىككىمىزنىڭ سېنىڭدىن باشقا غېمىمىز يوق ئىدى، ھۆكۈمەت سېنى ئەتىۋارلاپ، ياخشى تەربىيەلەۋاتىدۇ، پارتىيە - ھۆكۈمەتكە رەھمەت، بىر بېلىقچىنىڭ ئوغلى كەلگۈسىدە چوڭ كادىر ياكى ئالىم بولسا بۇ بىزگىلا ئەمەس يۇرتىمىزغىمۇ ياخشى، بالام، بۇ قېتىم سېنى، كېلىنىمىزنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئىزىغا چۈشتى، ئەمدى سېنىڭدىن غەم قىلمايمەن، سەنمۇ بىزنى تولا ئويلاپ زېھنىڭنى چاچماي بىلىمگە ئىنتىل. دادائ بېلىقچى بولغىنى بىلەن بوۋاڭنىڭ ئاجايىپ ئېسىل، بىلىملىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما، شۇڭا ئۇ داداڭنى ناھايىتى كۆپ ئەجىر بىلەن تەربىيەلىگەن، ئۇ ئىنتايىن ئاڭلىق، كەڭ قورساق كىشى، بولۇپمۇ ئائىلە، ئايال، پەرزەنتىگە كۆيۈنىدىغان، كىشىگە ئازار بەرمەيدىغان ئۇلۇغ سۈپەت كىشى ئىدى. مەن داداڭدىن كۆپ ياخشىلىق كۆردۈم، بۇ ئائىلە كىشىلىرى مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، تەربىيەلەپ مانا مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۈرگەن. قارىسام، سەنمۇ داداڭدەك ئەر بوپسەن، بۇ ئائىلىنىڭ ئەخلاق - نىزامى ساڭا ئۇدۇم بوپتۇ. بۇ قېتىم سېنى، ئايالىڭنى، ئۇنىڭغا تۇتقان مۇئامىلەڭنى كۆرۈپ كۆڭلۈم تىندى. ئەمدى ھەرگىزمۇ سېنى ئويلاپ تولا يىغلاپ، كېسەل بولۇپ بەرمەيمەن.

— ئاپا، جېنىم ئاپا، — دېدى ئالماس خۇددى كىچىك ۋاقتىدىكىدەك ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ، قوللىرىغا سۆيۈپ.

— ۋاي يېشىل كۆز بۇركۇتۇم، سېنى ئويلىساملا مۇشۇ كۆزلىرىڭ كۆزلىرىمگە كۆرۈنۈپ، ماڭا كۈلۈپ قارايدۇ، مەن كۆزلىرىڭگە سۆيۈپ قويغاندەك لەۋلىرىمنى جۈپلەپ كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇۋالىمەن، ئاندىن كۆزۈمنى ئاچىمەن، ئەمەلىيەتتە سەن يېنىمدا يوق، بىراق خىيالىمدا، يۈرىكىمدە دائىم مەن بىلەن بىللە تۇرىسەن.

— مەنمۇ شۇ، مىڭ ياخشى بولسىمۇ ياقا يۇرتتا ئادەم غېرىبسىنىدىكەن. دوستلىرىم، ساۋاقداشلىرىم سورىسا مەن بىلىقچىنىڭ ئوغلى دەيمەن، بۇ سۆز ئاغزىمدىن شۇنداق غۇرۇر، ئىپتىخار، پەخىرلىنىش بىلەن چىقىدۇ. سىلەر مېنىڭ پەخرىم، راست، مەن مۇشۇ زېمىندا سىلەرنىڭ تەربىيەڭلەرنى ئېلىپ ئۆسۈپ يېتىلدىم. كىچىك چاغلىرىمدا بوۋامنىڭ ماڭا تەربىيە قىلىپ: «ئوغلۇم، سەن بىر ئەركەك، گىگانت ئادەمسەن. مانا بۇ تۇپرىقى زەر - يىپەكتەك يۇمشاق، تاغلىرىدا ئىپار كېيىكلىرى بار زېمىننىڭ ئوغلى سەن. كۆڭلۈڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك، بىغۇبار، پاك بولسۇن. ئەلگە ۋاپادار، ۋەتەنگە سادىق شۇنداق بىر ئەر بولغىنكى، بۇ يەرنى چۆل ياكى قۇملۇق، سازلىق دېمە، بۇ يەر دۇنيانىڭ يۈرىكى، بۇ يەرگە نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ، نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت ۋە دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان بايلىق كۆمۈلگەن. ئوغلۇم، سەن ئوبدان ئوقۇپ، دۇنيا كۆرۈپ، مانا مۇشۇ تۇپراقنىڭ، ئانا زېمىننىڭ كەلگۈسىنى يارىتالايسەن، سىرىنى يېشەلەيسەن» دېگىنى قۇلاق تۈۋىمدىلا تۇرىدۇ. مەن چوقۇم يۇرتۇمغا قايتىپ، بوۋامنىڭ ماڭا قالدۇرغان قىممەتلىك ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرىمەن.

ئانا ئوغلىغا ھەۋەس قىلىپ قاراپ قالدى. ئىچىدە ئوغلىنىڭ بۇ يۇرتقا بولغان مۇھەببىتى، سۆيگۈسى ۋە ئېتىقادىنى ئويلاپ كۆپتىن - كۆپ سۆيۈندى، ئۇنىڭدىن پەخىرلەندى. ئۇ ئىلگىرى ئەمدى ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىغانىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ گۇمانلىرى خۇددى تۇماندەك تارقاپ، كۆڭلى

پاللىدە يورۇپ كەتتى.

— راست دەۋاتامسەن، ئوغلۇم؟ — دېدى ئۇ ئوغلىغا سىناش نەزىرىدە قاراپ.

— جان ئانا، سەن چەت ئەلگە چىقساڭ ئاندىن يۇرت قەدرىنى بىلىدىكەنسەن. توغرا، ئۇ يەرلەردە بىز ئەركىن - ئازادە، ئىنتايىن ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئاجايىپ ئوبدان ئوقۇۋاتىمىز، ئەمما مۇشۇ ئۆيىنىڭ پۇرىقى، مۇشۇ قۇمنىڭ يالتىراپ تۇرۇشىنى ئويلىساملا، يۈرىكىم ئىللىپ كېتىدۇ. مېنىڭ ئوقۇغىنىممۇ، دۆلەتنىڭ بىزنى ئۇ يەردە تەربىيەلىشىمۇ دەل مۇشۇنداق يۇرتلارنى ئاۋات قىلىش، ئېچىلمىغان سىرلارنى ئېچىش، بۇ مۇقەددەس زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن. مەن ئوغۇل بالا، ئاپا، مەن مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلدۇم، بۇ زېمىن مەن ئۈچۈن مۇقەددەس، بۇ يەرنى گۈللەندۈرۈش ئوغۇل بالىلىق بۇرچۇم ۋە ئارزۇيۇم، مەن لەۋزى ھالال، يۈرىكى ئوتتەك ئادەمنىڭ ئوغلى، يەنە كېلىپ سېنىڭ ئوغلۇڭ، مەن ساڭا ۋەدە بېرەي، ئانا يۇرتۇم ئۈچۈن چوقۇم قان - تەر تۆكىمەن.

ئانىنىڭ يۈرىكى ياشىرىپ قالغاندەك، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك ئاجايىپ شادلىققا چۆمدى.

— سەندىن رازى بولدۇم يېشىل كۆز بۆركۈتۈم، ساڭا قايىلمەن جان ئوغلۇم، ئەمدى ھەرگىز يىغلىمايمەن.

— ۋەدىلەشتۇق ئەمىسە، — دېدى ئالماس چىمچىلاق قولىنى ئانىسىغا تەڭلەپ. ئانىمۇ چىمچىلاق قولىنى ئوغلىنىڭ چىمچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ، بىر - ئىككى قېتىم سىلكىپ، ھەر ئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئۆيىنىڭ ئالدىغا چىقسىلا كۆز يەتكۈسىز كۆل ۋە چەكسىز كەتكەن قومۇشلۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەر گويا دۇنيانىڭ بىر چېتىدىكى تىمتاس ماكاندەك شۇنچىلىك گۈزەل، شۇنچىلىك تىنچ. شۇنداق قارىسىڭىز، يېنىك سوقۇپ تۇرغان غۇر - غۇر شامالدا قومۇشلار يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇرغان، يېقىن -

يىراقتىكى قۇملۇقلاردا توغراق، يۇلغۇن دەرەخلىرى، يىرىمدىن ئۈزۈلگەن، سۇنغان توغراقلارنىڭ يىنىدىن، غولىدىن چىققان يېڭى بەرگىلەر، چوڭ بىر توغراقنىڭ پەقەت ئۇچىدىلا ھاياتلىقنى نامايان قىلىپ شىلدىرلاپ تۇرغان بىرنەچچە تال يۇمران شاخ ۋە كىچىككىنە يوپۇرماقلار كۆزىگىزگە تاشلىنىپ تۇردۇ. پاھ، دۇنيانىڭ قەيىرىدە مانا مۇشۇنداق ئۆزگىچە جاي بار ـ ھە؟ يوق، زادىلا يوق.

يىراقتىن زۇلفىيە بىلەن دادىسى ھەيدەۋاتقان قولۋاق كۆرۈنۈشىگە ئالماس ئۇ تەرەپكە بويۇنداپ قارىدى. قولۋاق يېقىنلاپ كېلىشىگە زۇلفىيە ھاياجىنىنى باسالماي ئېرىگە قول پۇلاڭلاتتى. ئۇ قولۋاقتىن چۈشۈپلا:

— پاھ، پاھ، ئاجايىپ پەيز سۇردۇم، ئاجايىپ چىرايلىق جايلارنى كۆرۈۋالدىم. قاراڭ، تېخى شۇنداق چوڭ بېلىق تۇتۇۋالدۇق، — دەپ سۆزلىگىنىچە ئالماسنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئاپتاپتا قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، خۇشاللىقىدا قىن ـ قىنىغا سىغمايلا قالغانىدى.

ئۇلار بىر قاچىدىن ئۇماچ ئىچىۋالدى ـ دە، كەچقۇرۇن ئۆيىدە بولىدىغان مېھماندارچىلىقنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشتى. زۇلفىيە بىردەم خېمىر يۇغۇرسا، بىردەم يوغان تەڭنىگە گۆش، بېلىقلارنى ئېلىپ ئانا بىلەن تەڭ پايپېتەك بولاتتى.

كەچقۇرۇن ئىشىك ئالدىغا ئوت يېقىلىپ، جەرەن گۆشى پۈتۈن پېتى كاۋاپ قىلىندى. بىر چاغدا قوشنىلار ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىشتى. تاماقتىن كېيىن ئالماسنىڭ دادىسى:

— مانا بۇلار مېنىڭ قوشنىلىرىم، تۇغقانلاردىنمۇ چارە بۇرادەرلىرىم. بىز ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بارنى تەڭ كۆرۈپ، قىيىنچىلىق، جاپانى بىللە تارتىپ قىيامەتلىك دوست بولغانلار، بالىلىرىم، بۇلارسىز بىر قاچا ئۇماچنىمۇ يالغۇز ئىچمەيمىز، — دېدى، ئاندىن، — بۇ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا چوڭ بولغان ئوغلۇم، باتۇرۇم، مانا بۇ ساھىبجامال قىز بولسا سۆۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت گۈزىلى، ئىككىسى توي قىلىپ ئالدىمىزغا كەپتۇ، — دېيىشىگە ھەممەيلەن چاۋاك چېلىشىپ ئۇلارنى مۇبارەكلەشتى. ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى «مەن قوشاق قاتاي» دەپ مۇنداق قوشاق قاتتى:

ئاسماندىكى لاچىنلار
ئۇچىدىكەن قاناتلىق.
بىزنىڭ بېگىم ئۆتىدۇ،
كۈندە كەچتە بوز ئاتلىق،
بېرىۋالسا كەلمەيدۇ،
يار دېگەن شۇنداق تاتلىق.

ئالماسقا قارىتىپ ئېيتىلغان بۇ قوشاق ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى، كەينىدىنلا بىر يىگىتمۇ قوشاق قاتتى:

يار كۆزۈڭ خۇمار ئىدى،
كۆكسۈڭدە تۇمار ئىدى،
بۈگۈن بۇ چاغ ئابدالدا،
كۈنلەر بەختىيار ئىدى،
ئامەت بىزگە يار ئىدى،
تاشكەنت گۈزىلى بار ئىدى.

زۇلفىيەگە قارىتىپ ئېيتىلغان بۇ قوشاقمۇ ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان يورۇقىدا قىزىق سۆھبەتلەر ئېلىپ بېرىلدى، قىز - يىگىتكە بەخت ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەشلەر بولدى.

كەچتە قىز - يىگىتنى ئۆيدە قالدۇرۇپ، ئاتا - ئانىسى قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە قونغىلى كىرىپ كەتتى.

سىغىنىش، كۈتۈش، ئىنتىزارلىق، ئۈچرىشىشقا تەشنا بولغان يۈرەكلەر گۇپۇلدەپ سوقاتتى، زۇلفىيە ئېرىگە ئۆزىنى تاشلاپ لاغىلداپ تىترەيتتى، ئۇنى چىڭ قۇچاقلايتتى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك باغرىغا بېسىپ قانمايتتى.

— زۇلفىيە قەدىرلىكىم، مۇھەببەت دېگەن ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە تولغان، گويا يۈرەكلەپ ئېچىلىپ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈلگە ئوخشايدىكەن، ئۇنى چېكىڭىزگە قىسقۇڭىز كېلىدىكەن، يۇراپ قاراپ تويمايدىكەنسىز. ئۇنى پەرۋىش قىلغانسېرى تېخىمۇ جۇلالىنىدىكەن، قەدىرلىكىم، بىز ئەنە شۇ يۈرەكلەۋاتقان مۇھەببەت گۈلىمىزنى تەڭ قەدىرلەيلى.

— سىز مۇھەببەتنى بەك ئۇلۇغلايسىز، مەنمۇ شۇنداق. مۇھەببەت ئادەمنىڭ جىسمى، قىل قان تومۇرى ۋە يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان بولغاچقا ئاجايىپ سىرلىق ۋە جەلپكار بولىدىكەن، سىزنى ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ ئىشىق ـ پىراقىدا ئاجايىپ شېرىن كۆيدۈرىدىكەن...

— شۇنداق، قەدىرلىكىم، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزگە ئوتلۇق ھارارەت، لەززەت سىڭگەن...

ئىككىيلەن سۆزلەيتتى، كۈلەتتى، سۆزلەيتتى، يۈرەك باغرىنى تۆكەتتى ھەم ئۆزلىرىنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك دەپ ھېسابلايتتى... ئۆي ئالدىدىكى گۈلخان ياناتتى، ئوت ئۇچقۇنلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە پاراسلايتتى...

ئالماسنىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك كۈچلۈك سوقاتتى، تومۇرىدا قان ئەمەس، بەلكى ئوت ئېقىمى مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقاندەك پۈتۈن جىسمى كۆيەتتى، بەدەنلىرى ئوت ـ ئاتەشكە ئايلانغانىدى. لەۋلىرى خۇددى چوغدەك زۇلفىيەنىڭ چىرايلىق لەۋلىرىنى كۆيدۈرەتتى.

ئۇلارنىڭ تەشنالىق بىلەن سوققان يۈرىكى، بىر ـ بىرىنى ئىزدىگەن كۆزلىرى، بىر ـ بىرىگە تەلمۈرگەن، بىر ـ بىرىنىڭ

ھىدىنى پۇرىغان جىسمى مۇھەببەت ھۇزۇرىدىن بىرپەس ئارام شادلىقىغا چۆمدى. زۇلفىيە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ مۇشۇنداق گۈزەل كېچىنىڭ پەيزىنى سۈرگەنلىكىدىن مەستخۇش بولدى. ئالماسنىڭ ئوتتا كۆيگەندەك لاۋۇلداپ يانغان جىسمى شەربەت ئىچىپ قانغاندەك راھەتلىنىپ كەتتى، ھاياتنىڭ ئاجايىپ لەززىتى بۇ ئىككى ياشنىڭ يۈرىكىنى مۇھەببەت سۈيى بىلەن سۇغاردى.

ئۇلار دېرىزىدىن سىرتقا باقتى، ئاسمان زۇمرەتتەك تىنىق، يۇلتۇزلار شۇنچە نۇرانە، ئاي شۇنچىلىك سۈزۈك، يازنىڭ سەلكىن شامىلىمۇ شۇنچە ئىللىق ۋە يېقىملىق ئىدى. جانغا ئارامبەخش ئەتكەن بۇ كېچە ئۇلارنى بەخت نۇرىغا چۆمدۈردى.

— قەدىرلىكىم، مېنىڭ بەك پەرزەنت كۆرگۈم بار، — دېدى ئالماس پىچىرلاپ تۇرۇپ.

— خۇدا بۇيرۇسا، ئۇ كۈنلەرمۇ يېتىپ كېلىدۇ، — دېدى زۇلفىيە بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈپ.

كۈنلەر شۇنداق تېز ھەم كۆڭۈللۈك ئۆتتى. زۇلفىيەنىڭ تاشكەنتكە قايتىدىغان ۋاقتى قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. ئالماس ئاپىسى ساقىيىپ قالغان بولغاچقا ھەم تاماملىنىش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، زۇلفىيە بىلەن بىللە قايتماقچى بولدى. ئۇلار ماڭىدىغان كۈنى ئاپىسى بىر ساندۇقنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىدىكى پۇللارنى تۆكتى. بۇ بېلىق سېتىپ تاپقان پۇللار بولۇپ، ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامدىغاندىن سىرت، باشقا خىراجەت قىلمىغاچقا خېلى كۆپ پۇل يىغىلىپ قالغانىدى.

— باللىرىم، سىلەرگە بېرىدىغان كۆپ نەرسەمىز يوق، توي قىلىپ، ئۆي تۇتۇپ بىر چىرايلىق ئالدىمىزغا كەپسىلەر، خۇشلۇقتىن بېشىمىز كۆككە يەتتى، تاپقان - تەرگىنىمىز مۇشۇ پۇل، ئاز كۆرمەي ئېلىڭلار، — دېدى.

زۇلفىيە بىلەن ئالماس بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى. زۇلفىيە:

— ياق، ئاپا، بىزنىڭ ھەممە نەرسىمىز بار، پۇلنى ئالالمايمىز، — دېدى.

— ئېلىڭ، زۇلفىيە، بۇنداق قىلسىڭىز ئۆيدىكىلەر رەنجىپ قالىدۇ، — دېدى ئالماس.

— رەھمەت، ماڭا تېگىل بولدى، ئاپا، سىلەرگە قالسۇن، — دەپ تۇرۇۋالدى زۇلفىيە.

ئالماسنىڭ دادىسى پۇلنى تۇتام ـ تۇتام قىلىپ باغلاپ، بىر خالتىغا سالدى ـ دە:

— قېنى ئوغلۇم، چامادانىنى ئاچقىن، — دېدى، ئاندىن زۇلفىيەگە قاراپ، — قىزىم، قىزنىڭ تويلۇقى، مېھرى ھەققى، تۇغقانلارغا بېرىلىدىغان سوۋغات، توي چىقىمى بىز ئۈچۈن قەرز بولۇپ قالمىسۇن، بۇ دېگەن ھەربىر مۇسۇلمان بەندىسىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى، راستىنى ئېيتسام، قولۇمدا بولسا ئالتۇن، تىللا، ئۈنچە ـ مەرۋايىت بەرسەممۇ ئازلىق قىلاتتى. ئالمىساڭلار مەن رەنجىپ قالىمەن، — دېدى.

زۇلفىيە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، يەر ئاستىدىن ئېرىگە قارىدى. ئالماس «ئېلىڭ» دەپ ئىشارەت قىلدى.

— ئاپا، دادا، سىلەرگە كۆپ رەھمەت، ئەسلىدە بۇنداق قىلمىساڭلار بولاتتى، — دېدى زۇلفىيە خىجىل بولۇپ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، بەخت ـ سائادەتلىك بولۇڭلار، چېچىڭلار ئاقىرىپ چىشىڭلار چۈشكۈچە بىر ـ بىرىڭلارغا ۋاپادار بولۇڭلار، پەرزەنت بەختىنى كۆرۈڭلار، نەدە بولساڭلار ئامان ـ ئېسەن بولۇڭلار... — دەپ ئاتا ـ ئانا ئىككىيلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق دۇئا قىلدى.

ھەممەيلەن بىر ـ بىرىگە ئامانلىق تىلىشىپ، كۆز يېشى قىلىشتى.

ئانا كېلىنىنى، ئوغلىنى يەنە بىر قېتىم چىڭ قۇچاقلاپ، ئۇلارغا رازىلىق بەردى، دادىسى ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ:

— خەير - خوش، ئامان بولۇڭلار، بىز... — دەپلا تىلى گەپكە كەلمەي، يەرگە يىقىلدى.

ئالماس دادىسىنى ئۆيگە ئەكىردى، بىرلىرى تېزىپ چاقىرىپ كەلدى.

— چاتاق، مېڭىسىگە قان چۈشۈپتۇ، دەرھال شەھەرگە ئەكىرەيلى، — دېدى تېزىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ.

ئۇلار تىراكتورغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى. ئالماسنىڭ دادىسىنى دوختۇرلار جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئەكىرىپ كەتتى.

— زۇلفىيە، دادام بىزگە چىدىيالماي قالغان چېغى، شۇڭا ...

— بىلىمەن، ئاتا - ئانا بولغۇچى پەرزەنتىگە ھەرگىز چىدىيالمايدۇ، مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرمىساق بولمايدۇ، سىز قېلىڭ، بىراق مەن كەتمىسەم بولمايدۇ، پاسپورتنىڭ پەقەت ئۈچ كۈنلۈكلا ۋاقتى قالدى.

ئالماس زۇلفىيەنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئۆزىمۇ غال - غال تىترەيتتى. ئۇ:

— زۇلفىيە، ئاسمانغا قاراڭ، بۇلۇت ئاينى بىردەملىك توسۇۋالدى، بىراق يەنە ئاي كۆرۈندى، بىزنىڭ ئايرىلىشىمىزمۇ شۇنچىلىك ئىش، دادام ياخشى بولۇپ قالسىلا قايتىمەن، بىز يەنە بىللە بولىمىز، ماڭا ئىشىنىڭ، — دېدى تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— ئىشىنىمەن.

— رەھمەت، ھاياتنىڭ مەنزىلى ئۇزاق، ئاللا نېسىپ قىلسا بىر ئۆمۈر ئايرىلماي ياشايمىز. ماڭا ۋەدە بېرىڭ، يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرىسىز، يىغلىماڭ، بولامدۇ؟

— يىغلىمايمەن، سىز مېنىڭ ھاياتىمدىكى تۇنجى ھەم ئاخىرقى ئېرىم، مەن سۆيىدىغان ئەر. ماڭا ئىشىنەمسىز؟

— رەھمەت، زۇلفىيە، سىزگە خۇددى ئۆز يۈرىكىمگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن. مېنىڭ ۋەدەممۇ مەڭگۈلۈك ۋەدە، ئەگەر سىز ئاغرىپ قالسىڭىز مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدىن كەتمەيمەن، سىزگە قايسى ئەزايىم، كۆز، يۈرەك، بۆرەك لازىم بولسا شەرتسىز شۇ ئەزايىمنى بېرىمەن، ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق قېنىم، جېنىم سىزگە مەنسۇپ. مەن ئۆلۈپ كېتىشكە رازىكى، سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشقا رازى ئەمەس، مەن سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن، ئۇلۇغلايمەن.

ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە ۋەدىلەرنى بېرىشىپ، ئەقىدىلەرنى ئېيتىشىپ چىڭ قۇچاقلاشتى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە زۇلفىيەنى ئۇزاتقان ئالماس ئاپتوبۇسنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى.

## 34

زۇلفىيە تاشكەنتكە قايتىش سەپىرىدە بەك قىينالدى. ئۇنداق بولۇشى بىرى، ئالماستىن ئايرىلىپ يالغۇز قايتىشى بولسا، يەنە بىرى، خۇشال كېلىپ، قايغۇ بىلەن قايتىشى بولدى.

ئۇ ئېغىر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ قورۇغا كىرىپ كەلگەندە، قىزىنىڭ يالغۇز قايتقانلىقىنى كۆرگەن رەيھاننىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. ئانا ـ بالا ئۇن ـ تىنسىز چىڭ قۇچاقلاشتى. بىچارە زۇلفىيە ئۆزىنى تۇتالماستىن يىغلىغان پېتى ئاپىسىنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى.

— ئاپا، سېنى ئەجەبمۇ سېغىندىم، ماڭا قارىغىنا، قانداقراق تۇردۇڭ، — دېدى ئۇ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ.

— ياخشى تۇردۇم، قېنى قىزىم، يۈز ـ كۆزلىرىڭنى يۇيۇپ،

كىيىملىرىڭنى يەڭگۈشلە، ئاندىن ئارامخۇدا پاراڭلىشايلى.

ئانا چاي دەملىگەچ ئويلىنىپ قالدى، دېمەك، ئالماس يۇرتىدا قاپتۇ، بىچارە قىزىم قانچە ئازابلانغاندۇ، ھەي...

ئۇ داستىخان سالدى، تەييارلاپ قويغان ئۇگرىنى قازانغا سېلىپ چىنىلەرگە ئۇسۇپ چىقتى، زۇلفىيەمۇ ھايال بولماي يۈيۈنۈپ چىقتى.

ئىككىيلەن ئۇگرىنى ئىچىپ بولۇپ چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتى.

— قانداقراق قىزىم، سەپىرىڭ ئوبدان بولغاندۇ؟ — دەپ سورىدى رەيھان.

— ئالماس ئىككىمىزنىڭ سەپىرى بەك ئوبدان بولدى، ئاپا، ئۇ جايلار مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلەرنى قالدۇردى. قېيىنئانام بەك سىلىق - سىپايە، ياۋاش، ئاق كۆڭۈل ئايال ئىكەن، ئۇ مېنى كۆرۈپ شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتىكى، «تاشكەنت گۈزىلى» دەپ ئېغىزىدىن چۈشۈرمىدى، قېيىنئاتاممۇ ئىنتايىن كېلىشكەن، تەقۋادار، گەپ - سۆزلىرى جايىدا، مېھرىبان ئادەم ئىكەن. ئۇلار بەك خېرىدارلىقىمنى قىلدى. ئۇلار يەنە ساڭا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتتى، كېلەر قېتىم سېنى چوقۇم بىللە ئېلىپ كېلىشىمىزنى ئېيتتى.

— دېمەك، ئۇلار سەندىن خېلى رازى بوپتۇ - دە.

— شۇنداق، ئاپا، قېيىنئانام تېخى ئالماسقا: «ئوغلۇم، بەختىڭ ئېچىلىپتۇ، ساڭا شۇنداق چىرايلىق، ئەخلاقلىق، قەلبى گۈزەل بىر قىز ئۇچراپتۇ، سەن ئۇنى ياخشى ئاسرا، چېچەكلار ئاقىرىپ، چىشىڭلار چۈشكۈچە ئۆمۈرلۈك ئەر - خوتۇن بولۇڭلار» دەپ بىزگە بەخت تىلىدى. كۆڭلىمىز شۇنداق خۇشال ئۆتكەنىدى، ئەپسۇس بىز يولغا چىقىش ئالدىدا،قېيىنئاتام بىز بىلەن خوشلىشىۋېتىپ ئايلىنىپ كەتتى. ھازىر قېيىنئاتام دوختۇرخانىدا قۇتقۇزۇشتا قالدى، شۇڭا ئالماس قېلىپ قالدى.

يول بويى شۇنداق پەرىشان بولغانىدىم، ھازىر سېنى كۆرۈپ خېلى ئۈگشىلىپ قالدىم. ھە راست، دادامچۇ؟

— داداڭ ئارىلىقتا ئىككى قېتىم گۈلمىرەنى بىللە ئەكېلىپ تۇرۇپ كەتكەنىدى، تۇنۇگۈن ئەتىگەن ئالدىراش كىرىپ كېلىپ: «جىددىي ۋەزىپە چىقىپ قالدى، ئىشىمنى پۈتكۈزۈپ بولسام ھەپتە ـ ئون كۈنگىچە قايتىپ كېلىمەن» دەپ خوشلىشىپ موسكۋاغا ماڭدى. بىر كۈن بۇرۇن كەلگەن بولساڭ داداڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالاركەنسەن.

— ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، — دېدى زۇلفىيە، — ئەجەبمۇ بىر ئالدىراش خەقكەنمىز، بىرىمىزنىڭ ۋاقتى يەنە بىرىمىزنىڭ ۋاقتىغا توغرا كەلمىگەن، بولسا دادام بىلەن بىللە سەمەرقەنت، بۇخارا، خارەزملەرنى ساياھەت قىلىپ كەلگەن بولساق قانداق ياخشى بولاتتى. بۇ قېتىم دادام قايتىپ كەلسە، ئائىلە بويىچە بىر ساياھەتكە چىقايلى ـ ھە، ئاپا.

— ماقۇل، جېنىم قىزىم، مېنىڭمۇ مۇنداق ياخشى ئىشلارغا ھەۋىسىم بار، مەنمۇ شۇنداق ئارزۇدا ئىدىم. داداڭ خىزمەتنى دەپ بەك ئالدىراش ئۆتتى، تازا قارىسام، ئۇنىڭغا يېشىغا نىسبەتەن بەكلا قېرىلىق يېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرەك كېسىلى ئېغىرلاپ كېتىپتۇ، بۇ قېتىم قايتىپ كەلگەندە ئوبدان ئارام ئالدۇرايلى، — دېدى ـ دە، خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئاپا، نېمە بولدۇڭ؟

— ھېچنېمە، قىزىم. داداڭ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلسە بولاتتى، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم. نېمە ئۈچۈندۇر بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرگەن ئەر ـ خوتۇنلارغا بىللە ياشاش نېسىپ بولمايدىكەن، مانا مەن ھاياتىنىڭ شادلىقلىرىغا قانماي ئۆتۈپ كېتىۋاتىمەن، جېنىم قىزىم. بىراق، داداڭ ماڭا بۇ قېتىمدىكى ئىشىنى تۈگىتىپ مېنى

ۋەتەنگە ئاپىرىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇ يەنە: «بۇ قېتىم چوقۇم ۋەدەمدە تۇرىمەن، سىزگە كۆپ قېتىم يالغانچى بولۇپ قالدىم، بۇمۇ مېنىڭ ئىختىيارىم ئەمەس، ئاشۇ ۋاقىتلارنى تولدۇرىمەن، ماڭا ئىشىنىڭ» دېدى.

— دادام ياخشى جۇمۇ، ئۇ سېنى يالغۇز تاشلىغان چاغلىرىنى تولدۇرۇشنى ئويلاۋېتىپتۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇ ئارزۇلىرىمۇ ئەمەلگە ئېشىپ قالار، — دېدى خۇش بولۇپ.

— دېگىنىڭ كەلسۇن، قىزىم. قانداق، ئالماسنىڭ يۇرتى ساڭا ياقتىمۇ؟ — دېدى ئانا ئۇنىڭغا سىناش نەزىرىدە بېقىپ.

— نېمە دېسەم بولار، ئۇلار شۇنداق ئاددىي ـ ساددا، ئېپتىدائىي ياشايدىكەن، ئاساسەن جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن بىخەۋەر ئۆتىدىكەن، يەيدىغىنى بېلىق، گۆش كاۋاپلىرى، كۆمەچ ئىكەن، تاماقلىرى شۇنداق تەملىك دېگىنە. مەن سەكسەن بەش ياشلىق بىر بوۋاي بىلەن مۇڭداشقانىدىم، ماڭا ئاجايىپ گەپلەرنى قىلىپ بەردى. سۆز ئارىلىقىدا: «ئەنسىرەيدىغان ئادىمىڭىز بولسا بەخت دېگەن شۇ؛ ئۆز ئەمگىكىڭىزدىن بەھرىلەنسىڭىز راھەت دېگەن شۇ؛ تىنچ ـ ئازادە ئۆيىڭىز بولسا پاراغەت دېگەن شۇ؛ كۆتكىنىڭىزگە ئېرىشەلىسىڭىز ئامەت دېگەن شۇ. ئەگەر مۇشۇ سۆز بويىچە ياشىسىڭىز ئۆزىڭىزنى ئۇپراتمايسىز. ئادەم دېگەننىڭ كۆزى تويمايدۇ، قورسىقى تويىدۇ، دۇنيالىرىڭىز قانچە كۆپ بولسىمۇ ئۇ دۇنياغا ئەكېتەلمەيسىز، بىز بۇ يەردىكىلەر رىزقىمىزغا تۇشلۇق تېپىپ يەپ، كۆپ دەپىنە ـ دۇنيا يىغمايمىز. سىزگىمۇ غەمسىز، بەخت ئىچىدە ياشاش نېسىپ بولسۇن» دېدى. ئاشۇنداق پىنھان جايدا بىر ئۆمۈر ياشىغان، پاكىز، ساغلام بوۋاينىڭ سۆزلىرىگە ھەيران قالدىم. ئاپا، بىز بىلمەيدىغان دۇنيا، بىز كۆرمىگەن ئادەملەر، بىز چۈشەنمەيدىغان ئىشلار تېخى كۆپ ئىكەن، — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ.

— تەسىراتىڭ بەك ياخشى بوپتۇ، قىزىم، نەزەر دائىرەڭ

uygurkitap.com

كېڭىيىپتۇ. راست، دۇنيا رەڭگارەڭ، كىشىلەر خىلمۇخىل، شۇڭا ئىشلارمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىكەن، ئويلاپ باقساڭ، دۇنيانىڭ ھەممە جايى زىندان ياكى جەننەت ئەمەس، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئالىم ياكى زالىم ئەمەس، ھەربىر جاينىڭ ياخشى تەرىپى بولغىنىدەك، قىيىنچىلىقلىرىمۇ بولىدىكەن، ئاشۇ ئاقساقالنىڭ سۆزىنى ئۆزىمىزگە ئۆرنەك قىلساق خاپىلىق، رەنجىشلەردىن خالىي بولۇپ، يېنىك، ئازادە ياشىغۇدەكمىز، توغرىمۇ؟

— دۇنيا قاراش، مەسىلىلەرنى كۆزىتىش توغرا بولسا تۇرمۇشقىمۇ توغرا قارىغىلى بولىدىكەن. مۇشۇنداق ئۇنتۇلغۇسىز، خۇشاللىق مىنۇتلار بىزگە ھەمراھ بولغاي، قەلبىمىزگە شىپالىق بەرگەي، — دېدى زۇلفىيە.

ئانا ـ بالا بىر ـ بىرىنىڭ دىدارىغا قېنىشماستىن، بىر ـ بىرىنىڭ ھىدىنى پۇراپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىشتى. يەنە بىر تاڭ ئۆز جامالى بىلەن زېمىننى يورۇتتى. ئانا سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ساماۋار قويۇپ، تال باراڭ ئاستىغا داستىخان راسلىدى. سەھەرنىڭ ھاۋاسى جانغا ھوزۇر بېغىشلايتتى، ساماۋارنىڭ پورۇقشىپ قايىنىشى بىلەن چاينىڭ مەززىلىك پۇرىقى تارالدى.

ئانا ـ بالا داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا، ھويلىغا گۈلمىرە كۈلۈپ كىرىپ كەلدى.

ئىككى قىز چۈرقىرىشىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار داستىخانغا كېلىپ مۇڭداشقاچ چاي ئىچىشتى.

چايدىن كېيىن رەيھان بۇ ئىككى قىزنى ئوبدان مۇڭدىشىۋالسۇن دەپ، ئۆزى ئاشخانىغا كىرىپ چۈشلۈك تاماقنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتى. بىر چاغدا تېلېفون جىرىڭلاپ، ئۇ تېلېفوننى ئالدى ـ دە، ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ، تۇرۇپلا قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. قىزلار بىر ـ بىرىگە ئەندىشە بىلەن قارىشىپ قالدى.

— ئاپا، تېلېفون كىمدىن كەپتۇ، نېمە ئىش ئىكەن، — دەپ سورىدى زۇلفىيە جىددىيلىشىپ.
— ئاۋارىيە بوپتۇ، ئاپتوموبىل ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ، داداڭلار ھازىر دوختۇرخانىدا ئىكەن، ۋاي خۇدايىم...
رەيھانىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى، لەۋلىرى تىترەپ، پۇت - قوللىرىدا جان قالمىدى، پېشانىسىدىن پۇرقىراپ تەر ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ ھېلى باش ياغلىقىنى ئېلىپ يۈزىنى سۈرتسە، ھېلى ياغلىقىنى بېشىغا چىگەتتى. يۈرىكى ئەنسىزلىك بىلەن سوقۇپ، كۆڭلىنى ۋەھىمە قاپلىغانىدى.
— ئاپا، ئاپا، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، — دېدى زۇلفىيە بىر پىيالە چاينى ئاپىسىغا تەڭلەپ، — چىرايىڭىز بەك يامان بولۇپ كەتتى، ئازراق چاي ئىچىۋېلىڭ. ئۇ ئاپىسىغا چاينى زورلاپ ئىچۈرۈپ، ئۇنىڭ چېكىلىرىنى ئۇۋۇلاپ، غوللىرىنى تۇتتى. بىراق، زۇلفىيە بىلەن گۈلمىرەنىڭ بۇلاقتەك قارا كۆزلىرىدىنمۇ ياش تاراملاپ ئاقماقتا ئىدى.
ئۇلار دەرھال كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدى. دوختۇرخانىنىڭ كۇتۇش ئۆيىدە يىگىرمىدەك ئادەم تۇراتتى، ھازىرقى ئەھۋالدا پەقەت سېستىرالاردىن ئەھۋال ئۇقۇشقا بولاتتى. بىرەر سائەتتىن كېيىن بىر سېسترا چىقىپ:
— ئابدۇراخمان ئوسمانوف ئائىلىسىدىكىلەر كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇچەيلەن تەڭلا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.
— ئۇ كېسەلدە سۇنۇق يوق، بىراق يۈرەك كېسىلى ئېغىر بولغاچقا تېخىچە ھوشىغا كەلمىدى، ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دېدى.
— ئۇنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىيرەك ئۇقۇشقا بولامدۇ؟
— كەچۈرۈڭ، ھازىر داۋالاش باسقۇچىدا، بىز تىرىشىۋاتىمىز، سەۋر قىلىپ كۈتكەيسىلەر.
ئۇچەيلەن بىر كىچە كۆزىنى يۇممای كۇتۇش ئۆيىدە خەۋەر

كۈتۈپ ئولتۇردى، ئەتىسى ئەتىگەن سائەت سەككىزلەر بىلەن بىر سېسترا چىقىپ:
— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەڭلار بولىدۇ، — دېدى.
زۇلفىيە بىلەن گۇلمىرە ئاستا دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى، دادىسىنىڭ بۇرنىدا كىسلورود نەيچىسى، قولىدا يۈرەك رىتمى ۋە قان بېسىمىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب بولۇپ، ئۇ كۆزلىرىنى ناھايىتى تەستە ئاچتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر جۈپ قىزىغا خۇشخۇيلۇق بىلەن تىكىلدى، قىزلار دادىسىغا يىغلامسىراپ قارىدى.
— كېلىڭلار، يېقىنراق كېلىڭلار، — دېدى دادىسى ئاران ئاڭلانغۇدەك قىلىپ، — مەندىن كېيىن قالساڭلار ئىككىڭلار ئايرىلمايدىغان ھەدە - سىڭىللاردىن بولۇپ ئۆتۈڭلار، ئاپاڭلارنى ياخشى كۈتۈڭلار، ئۇ تۇرمۇشنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمىدى. قىزلىرىم، سىلەرگە چىديالمايۋاتىمەن، سىلەر مېنىڭ يۈرىكىم، باغرىم...
دوختۇر قىزلارغا ئىشارەت قىلىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى، ئىككى قىز دادىسىنىڭ قوللىرىنى سىلاپ، كۈلۈپ قارىدى - دە:
— دادا، ياخشى بولۇپ قالىسىز، بىز ئىككىمىز سىز دېگەندەك ھەدە - سىڭىل بولۇپ ئۆتىمىز، بۇ قېتىم ساقايسىڭىز ھەممىمىز ۋەتەننى ساياھەت قىلىمىز، نۇرغۇن جايلارغا بارىمىز...
قىزلىرىنىڭ كۆزلىرىدە لىق ياش، كۆڭلى قاتتىق پاراكەندە بولسىمۇ، چېھرىگە زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتەتتى.
رەيھان ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ باشلىرىنى سىلىدى.
— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسىز، مۇشۇ قىزلىرىڭىز ئۈچۈن بولسىمۇ غەيرەتكە كېلىڭ.
— شۈكۈر، سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلدى،

نېمىلا دېگەنبىلەن بىز يەنە بىردەم بولسىمۇ دىدارلاشتۇق. رەيھان، كۆتكىنىڭىزدەك ياخشى بولۇپ كەتسەم، چوقۇم ھەر دەقىقە ۋاقتىنىمۇ قەدىرلەپ ئۆتىمەن، — دېدى ئۇ، ئاندىن قىزلارغا قاراپ، — يىغلىماڭلار، قىزلىرىم، مۇشۇ تاپتا ساپساق بولۇپ قالغاندەك قىلىمەن، يۈرىكىم قىزىپ تۇرىدۇ، سىلەر ماڭا مىنېرال سۇ ئەكىرىپ بېرىڭلار، — دېدى.

ئىككى قىز ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

— قانداقراق تۇرىسىز؟ — دېدى رەيھان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ.

— ئۆزۈمنى ناھايىتى ياخشى سېزىۋاتىمەن، سىزنى كۆرۈپ تېنىمگە بىر كۈچ - قۇدرەت پەيدا بولدى. رەيھان، بىز تويى قىلغان چاغلارنى دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن. نەقەدەر جۇشقۇن، ئوتتەك دەۋر ئىدى - ھە! ئېسىڭىزدىمۇ، سىز دەرياسى بويىدا قوغلىشىپ ئوينىغانلىرىمىز؟ سىزنىڭ كۈلكىڭىز، دەريا سۈيىنىڭ شاۋقۇنى ناخشىدەك قۇلاق تۈۋىمدە ئاڭلىنىدۇ، سىزنىڭ ئاۋازىڭىز بەك يېقىملىق ھەم جاراڭلىق ئىدى. ئاھ، كۈلكىڭىزلا ئەمەس، بەلكى يىغلاشلىرىڭىزمۇ شۇنچە ئۇز، شۇنچە تاتلىق ئىدى. ئۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى مەڭگۈلۈك ناخشا بولۇپ قالدى، — ئۇ ھاسىراپ سۆزدىن توختىدى.

— سىز ياخشى ئادەم، ياخشى ئەر. سىزنى جېنىمدىن ئارتۇق كۆرگەچكە، سىزگە چىدىيالماي قالغاچقا سىزنى تاللىغانىدىم، بىراق يۈرىكىم ھامان سىزگە تەلپۈنىدۇ. دۇنيادا مېنىڭ ئۈچۈن پەقەت سىزلا شۇنچە كېلىشكەن، مەرد، مەردانە، شۇڭا نى - نى كىشىلەرگىمۇ كۆز قىرىمنى سالمىدىم. ئەمما، سىز مېنىڭ ياشلىقىمنى تېخى غۇنچە ۋاقتىدىلا نابۇت قىلىۋەتتىڭىز. ئۇ سۆيۈلۈشكە، ئەتىۋارلاشقا، كۆيۈنۈشكە موھتاج ئىدى، بىراق ئۇلار ماڭا نېسىپ بولمىدى، قىزىمنىڭ قەلبىدىكى ئاتىلىق ئورنىڭىز بىر پارچە ئاق قەغەزدەك بولۇپ قالغاندا

www.uygurkitap.com

دەردىمگە دەرد قېتىلغانىدى، مەن سىزنىڭ ۋەسلىڭىزگە، مۇھەببىتىڭىزگە تەشنا ئىدىم، ئاھ! ھىجران ئازابىدا پۇچىلانغان قەلب، يالغۇز ـ يېگانە ياشىغان چاغلىرىم، سىزنى ئويلىسام باغرىم كاۋاپ بولاتتى، سىزنى ئاللادىن تىلىگەنىدىم، غايىب بولغان تۇرمۇشۇمنى تىلىگەنىدىم، ئاخىر سىزنى تاپتىم، يەنە سىزگە ئېرىشتىم. بۇ شۇ قەدەر بەختلىك چاغلار بولدى، ئەمدى... سىز ساقىيىپ كەتسىڭىز، بىز يەنە ياخشى، ئىناق ياشايمىز، گۈلمىرەنىڭ تويىنى قىلىپ، خۇشاللىققا ئېرىشىمىز، شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى رەيھان ئېرىگە ئاجايىپ بىر خىل كۆيۈنۈش بىلەن قاراپ.

ئابدۇراخمان رەيھاننىڭ قولىنى ئالىقىنىغا ئالدى، ئۇنىڭ قولى ئوتتەك قىزىق ئىدى، رەيھاننىڭ قولىنى سىلاپ، ئاستا لېۋىگە تەگكۈزدى، مەڭزىگە ياقتى، ئۇنى باغرىغا چىڭ-چىڭ بېسىپ تەلمۈردى.

رەيھان ئېرىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆكسىگە باش قويدى.

ــ قەدىرلىكىم رەيھان، مەن ئويلاۋاتىمەن، توي كۈنىنى ئويلاۋاتىمەن... ــ ئۇنىڭ ئاۋازى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ــ مەن سىزنىڭ رەڭگى ـ رۇخسارىڭىز بىلەن شادلانغانىدىم، مۇھەببىتىڭىز بىلەن بېشىم ئاسمانغا يەتكەنىدى. ئاھ توي كېچىسى، يىگىتنىڭ غۇرۇرىنى ئاسمانغا ئاچىقىدىغان، ھاياتنىڭ شۇنچە شېرىنلىكىنى بىلدۈرىدىغان توي كېچىسى. ئاھ رەيھان، سىزنىڭ خۇشبۇي ھىدىڭىز، قارا كۆزلىرىڭىز، تاتلىق كۈلكىلىرىڭىز، مەن سىزگە قانداق چىدايمەن؟ سىزنى قانداق تاشلاپ كېتەي؟ ئاھ تەڭرىم، ماڭا يەنە ئازراق ۋاقىت بەرگىن، بىر ئۆمۈر مېنى سۆيگەن، مېنى ئىزدىگەن، ھىجران ئازابىدا پۇچىلانغان ئاشۇ مەشۇقۇم بىلەن يەنە ئازراق بىللە بولۇۋالاي...

رەيھان ئاستا ئۇنىڭ يېنىدىن ــ ئۇنىڭ كۆكسىدىن

بېشىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇ خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ چىرايىدا چەكسىز شادلىق، ھاياتلىقتىن مەمنۇن بولۇش، مۇھەببەتتىن دىلى سۆيۈنۈش ۋە ھاياتقا قانماسلىقتەك مۇرەككەپ ھېسسىيات ئەكس ئېتەتتى.

— مېنى ئەپۇ قىلىڭ، مېنى كەچۈرۈڭ، ئاخىرقى ئۈمىدىم ماڭا رازىلىق بېرىڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي، سىزدىن ئۆتۈنەي...

ئابدۇراخمان ئوسمانوفنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىرلاپ، بىردىنلا ئېتىلىپ چىقتى، رەيھانغا يېلىنىش بىلەن قارىدى. رەيھان ئېرىنىڭ ھاياتلىق يولىدىكى ئاخىرقى كۈن، ئاخىرقى سائەتلىرى قالغانلىقىنى ئويلاپ بىردىنلا يۈرىكى قاتتىق ئېغىپ كەتتى ـ دە:

— ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغۇ، مەن سىزدىن رازى، سىزدىن تىلەي، ئەمدى مېنى تاشلاپ كەتمەڭ، سىزدىن ئايرىلىپ ياشاش مەن ئۈچۈن ئەڭ زور ئازاب، جېنىم دەپ كېتەي، ماقۇلمۇ؟ سىز ياخشى بولۇپ قالىسىز، مەن سىزگە شۇنچە يىل موھتاج بولدۇم، ھازىر تېخىمۇ موھتاج بولۇۋاتىمەن، مەن ئاللادىن سىزنىڭ ئۆمرىڭىزنى تىلەي، تىلىكىم ئىجابەت بولغاي...

بىچارە رەيھان ئۆزىنى ناھايىتى تەستە تۇتۇپ تۇراتتى، بولمىسا ئېرىگە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلىۋېتىدىغان ئەلپازدا ئىدى.

— رەھمەت، ھېلىمۇ سىز مېنى ئۇزاق يىل كۈتتىڭىز، مەنمۇ سىز ھەم قىزلىرىم بىلەن بىللە ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتىم، گۈلمىرە بىلەن زۇلفىيەنى سىزگە تاپشۇردۇم، گۈلمىرەنىڭ توي ئىشى سىزگە قالدى...

ئۇ ئېغىر ھالسىرىدى، نەپسى يېتىشمەي قالدى.

— دوختۇر! دوختۇر!

رەيھان جىددىيلىشىپ ۋارقىرىدى.

دوختۇر ئالدىراش كىرىپ ئۇنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى، ئۇنىڭغا ئوكۇل سېلىنغاندىن كېيىن سەل تىنچلىنىپ قالدى. بىر جۈپ قىز ياتاقتا كىردى ـ دە، بىرى دادىسىنىڭ بېشىنى سەل يۆلەپ، بىرى ئىستاكانغا قۇيغان سۇنى ئاستا ـ ئاستا ئىچۈردى. ئۇ بىر يۇتۇم سۇ ئىچىپ قەيقىپ قان ياندۇردى ـ دە، بېشى ياستۇققا چۈشۈپ كەتتى.

رەيھاننىڭ ئاق كۆڭلىكىنىڭ بىرنەچچە يېرىگە خۇددى گۈل بېسىلغاندەك قان چاچرىدى. بۇ مۇھەببەتنىڭ ئاخىرقى يادنامىسى، قان بىلەن چېكىلگەن گۈل ئىدى. ياتاقتا بىردىنلا يۈرەكنى ئېزىدىغان يىغا ـ زار كۆتۈرۈلدى.

## 35

ئالماسنىڭ دادىسىنىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتتى، مىدىرلىيالمايتتى، كۆزىنى ئاچقىنى بىلەن گەپ قىلالمايتتى. ئالماس دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ يېنىدىن نېرى بولمىدى. ئاپىسى بولسا قەدىردان ئېرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئويلاپ تۈگىشىپلا كېتىۋاتاتتى.

بىر كۈنى دادىسى تۇيۇقسىز كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قاراپ كەتتى، ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى، ئەمما زادىلا گەپ قىلالمىدى. ئالماس دادىسىنىڭ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشىنى ئاللادىن تىلەپ ئۇنىڭغا تەلمۈردى. بىراق، گەپ قىلالمىغان دادىسى مۆلدۈرلىگەن كۆزلىرىدە ئۇنىڭغا «ئاناڭ يالغۇز قالدى، ئۇنىڭغا قىيىن بولدى، سەن ئۇنى يالغۇز قويما» دەپ ئانىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغاندەك قىلاتتى.

شۇئان ئالماسنىڭ يۈرىكى تۇز سېپىلگەندەك ئېچىشىپ،

ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، يۈزلىرىنى بويلاپ چۈشۈۋاتقان ئاچچىق ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ دادىسىغا قارىدى.

— دادا، دادا، مېنى ئەپۇ قىلىڭ، سىز مېنى ئوقۇتۇپ ياراملىق ئادەم قىلىمەن دەپ ئاز جاپا تارتمىدىڭىز، بىراق مەن سىزگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. سىز ئۆمرىڭىزدە ھالاۋەت كۆرمەن دەپ خىيالمۇ قىلمىدىڭىز، مەن ھەممىنى چۈشىنىپ يەتتىم، تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ ئۇنچە ئاسان ئەمەسلىكىنى بۇ كۈنلەردە تېخىمۇ چۈشەندىم. دادا، سىز ئاپامدىن ئەنسىرىمەڭ، مەن ئۇنى نەدە بولسام شۇ يەرگە ئەكېتىپ باقىمەن، شۇنداق قىلسام رازى بولامسىز؟ دادا، خۇش بولۇپ كېتەي، بىر ئېغىز سۆزىڭىزنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇۋاتىمەن، جېنىم دادا...

ئۇ دادىسىنىڭ ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان قوللىرىنى يۈزىگە يېقىپ يامغۇردەك ياش تۆكتى، ئۇن سېلىپ يىغلىدى.

دادىسى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا كۆزىنى ئېچىپ، ئوغلىغا يۈرەك سۆزىنى ئېيتماقچى بولغان بولسىمۇ، ئارانلا لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ، ئەمما ئاۋازىنى چىقىرالمىدى. ئۇ ئوغلىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىنى قويۇۋەتكۈسى كەلمىدى. ئالماس دادىسىنىڭ ئاشۇ قاراشلىرىدىن ھاياتىنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزۈشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ دادىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

دادىسى جان ئۈزدى. ئالماسنىڭ قولىنى تۇتقان قولى خېلى ئۇزاققىچە شۇنداق بىر خىل كۈچ بىلەن ئۇنى چىڭ تۇتتى. ئۇ دادىسىنى ئۆز قولى بىلەن بېقىپ، ئۆز قولى بىلەن ئۈزىتىپ قويدى

بىچارە ئانا كۆز يېشىنى توختىتالماي يىغلايتتى، بىر ـ نەچچە ئەر كىشى مېيىتنى يۇيۇپ كېپەنلىدى. كىشىلەر:

قۇلاقىڭغا بەردىم سالاتى قامەت،
بۇرنۇڭغا بەردىم نوشئى تاھارەت،
ئاغزىڭغا بەردىم كەلىمە شاھادەت،
بىزمۇ بىللە بارالى دەۋىدۇق،
ئۆزۈڭ ئالدىراپ كېتىپ قالدىڭ،
بىز بارغۇچە خۇداغا ئامانەت!

دەپ بىيىت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلاپلا: «ئاغام، دوغام، ئاغام، دوغام» دەپ مېيىتنىڭ قۇلىقىنى ئىككى قېتىم سوزۇپ قويدى ـ دە، ئېلىپ ماڭدى. ئالماس جىنازىنىڭ ئالدىدا ماڭدى، ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى سەلدەك ئاقماقتا ئىدى. ئۇلار بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن بىر دۆڭگە چىقىپ، ئۇزۇنچاق گۆر كولاپ، تۆت تەرىپىنى توقۇلغان قومۇش، يۇلغۇن، قىرچىنلار بىلەن توسۇپ، مېيىتنى قويدى، مېيىتنىڭ ئۇستىگە مەرھۇمنىڭ ئۆمۈر بويى ئىشلەتكەن قۇلۋىقىنى دۈم قىلىپ قويۇپ، تۆپىسىنى ياغاچ، قومۇش ۋە باشقا شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن ئېتىپ، ئاندىن بىر قەۋەت توپا تاشلاپ ياپتى. بۇ خىل يەككە قەبرىنى لوپنۇرلۇقلار «ماقات» دەيتتى.

مېيىتنى ئۆزىتىپ ئۇچىنچى كۈنى ئۇچى بىلەن يەتتىسىنى بىر قىلىپ ئاددىيلا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈلدى.

ئالماس دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەل ـ جامائەت بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ، كىشىلەر توپلاشقان جايلاردا ئېيتىلىدىغان ئاجايىپ قوشاقلار ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە رام بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن لوپنۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، تۇرمۇشى، پىسخىكىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا نەزىرىنى ئاغدۇردى. لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى خىلمۇخىللىقى، موللۇقى،

رەڭدارلىقى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىكى خاسلىقى بىلەن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى خەزىنىسىنى بېيىتسا، تىل، ئىبارە جۈملە قۇرۇلمىسىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى، ئادەم ئىسمى، يەر- جاي ناملىرى جەھەتتە قويۇق يەرلىك پۇرىقى بىلەن ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدا نۇقتىلىق تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتقا ئاتلاندى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ كىشىلەر بىلەن بىللە ئەمگەكتە بولغاندا ياكى بىر يەرگە جەم بولۇپ ئولتۇرغاندا بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىكى بېيىت، قوشاقلارنى دەپتىرىگە خاتىرىلەپ ماڭدى.

ئۇ بۇ جەرياندا نۇرغۇن قوشاقچىلار بىلەن تونۇشتى. ئۇنىڭغا ئاجايىپ ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇرغىنى بىر يۈز يىگىرمە تۆت ياشلىق باينىياز دېگەن كىشى ئىدى. بۇ كىشى ئوتتۇرا بوي، ئورۇق، ناھايىتى تېتىك بولۇپ، ئاغزىدا بۇرۇنقى چىشلىرى تۆگەل چۈشۈپ كېتىپ، يېڭىدىن چىققان مارجاندەك سۈت چىشى بار ئىدى. ئالماس بۇ كىشى بىلەن بەكمۇ چىقىشىپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ:

— باينىياز ئاكا، مەن بۇ يەردە بۇ قېتىم ئۇزاقراق تۇرۇپ، تەبىئەتتىن ھالقىغان باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم، نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق بۇ يەرگە نەزەر سالمىغان بولغىيدىم، — دېدى ئېچىنىپ.

— مېنىڭچە، بىزنىڭ بۇ يەر دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان بىر پىنھان جاي. ئىلگىرى بەزى چەت ئەللىكلەر كېلىپ نۇرغۇن ماتېرىيالنى ئەكەتكەن، ھېچبولمىغاندا بۇ يەرنى كۆرۈپ، ئاز- تولا چۈشىنىپ كەتكەن. ئۇلار نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدى بىلەمدىلا؟ بۇ يەرلەر بۇرۇندىن تارتىپلا نەزەردىن چەتتە قالغان جاي، بۇ يەرگە نۇرغۇن سىرلار يوشۇرۇنغان، ئۇلار شۇ سىرلارنى ئاچىمىز، نۇرغۇن سىرلارنى يېشىمىز دەپ كەلگەن بولغىيدى، بىراق بىز تېخى ئۆزىمىزنىڭ قەدرىنى، بۇ زېمىنىنىڭ قەدرىنى

بىلمەي يۈرىمىز.

— ئىلگىرى بۇ يەردىمۇ ئوقۇغان، بىلىملىك كىشىلەر ئۆتكەنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئالماس.

— ياق، بۇ يەردىكى كىشىلەر ئومۇمەن ساۋاتسىز، مۇشۇ يۇرتنىڭ سىرتىغا چىقماي دېگۈدەك بېلىق تۇتۇش ياكى ئوۋ ئوۋلاش بىلەن ئۆتكەن. شۇنداق خىرامان، بىخۇد، دۇنيادىن بىخەۋەر ياشىغان. مانا سىلى ئوقۇپتۇلا، تېخى چەت ئەلدە ئوقۇپ كەپتۇلا، ئاڭلىسام، سىلىنىمۇ قوشاققا قىزىقىدۇ دەيدۇ، بۇ يەردە سىلى قىلىدىغان ئىش چىققۇدەك، — دېدى.

توۋا، ئالماس نېمىشقا بۇ ئىشنى مۇشۇ بوۋايچىلىك ئويلىمىدى - ھە؟ تەييار ئاچىدىغان قوشاق كانى، تۇرمۇش بايلىقى دەل مۇشۇ يەردە تۇرسا.

— سىلى مېنى سەگىتىپ قويدىلا، ئەمدى مېنى كۆرسىلە، سىلىگە بىردەممۇ ئارامچىلىق بەرمەيمەن، سىلىنى قورساقلىرىدىكى بايلىقنى پۈتۈن تۆككىلى سالىمەن.

باينىياز بۇ گەپتىن كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي، ئۇيقۇسى چۈشتىن كېيىن ئېچىلغان كادىر، سىلىگىمۇ رىزقىلىرىغا تۇشلۇق قوشاق چىقىپ قالار.

كۆز ۋاقتى بولسىمۇ ئەتراپ شۇنچە چىرايلىق ئىدى، توغراقنىڭ تىللا يوپۇرماقلىرى يەرگە تۆكۈلۈپ، گويا پاياندار سالغاندەك كۆركەم تۇس ئاتا قىلغان بولسا، شاختىكى يوپۇرماقلىرى سەلكىن شامالدا بوش شىلدىرلاپ تۇراتتى. ئىككىيلەن بېرىپ توغراقنىڭ تۈۋىدىكى يۇمشاق سېرىق يوپۇرماقنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردى. ئاستى شۇنداق يۇمشاق، ھاۋا شۇنچىلىك ساپ، كۆل سۈيى كۆمۈش تەڭگىلەردەك جىمىرلاپ تۇراتتى.

— نېمىدېگەن چىرايلىق جاي - ھە، تەبىئەتنىڭ ئۆزى ئانا تەڭرى، ئۇ باغرىدىكى ھەممە نەرسىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ،

بىزمۇ ئانا تەبىئەتنىڭ بالىلىرى، بىر ئەزاسى، — دەپ پىچىرلىدى ئالماس.

ئالماس ئۆيگە كېلىپلا زۇلفىيەگە يەنە خەت يازدى. ئۇ زۇلفىيەدىن جاۋاب خەت تاپشۇرۇۋالالماي ئەنسىرەپ تۇراتتى.

*قەدىرلىكىم زۇلفىيە، سالامەت ئۆيگە يېتىپ باردىڭىزمۇ؟ ئاپام ياخشى تۇرۇۋېتىپتۇمۇ؟ سىزدىن خەت كەلمىگەنچە ئەنسىرەپ ئولتۇرالمايلا قېلىۋاتىمەن، سىزنى يالغۇز ماڭدۇرغىنىمغا بەكلا پۇشايمان قىلدىم. دادام سىز مېڭىپ ھەپتە ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى، دادامنىڭ ۋاپاتى ماڭا بەكلا ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن يەرلىكىگە قويالىغانلىقىم ئۈچۈن يەنىلا كۆڭلۈم تىنىدى. دادامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پۈكۈلگەن قەددىمنى رۇسلىيالمىدىم، ئاتا - ئانامنىڭ كۆز قارىچۇقىدەك ئەتىۋارلاپ باقىنىغا يارىشا قىلغان خىزمىتىم دادامنى نەچچە كۈن باقىنىم بوپتۇ، ئۆلۈمگە ھېچبىر چارە يوق ئىكەن، ئىلاجىمىزمۇ يوق ئىكەن، دادامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يالغۇز قالغان ئاپامغا بىرنەچچە ۋاخ ھەمراھ بولدۇم، بىراق ئاپام مېنىڭ يولغا چىقىشىمنى، سىزنىڭ قېشىڭىزغا بېرىشىمنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. مەن ئاپام بىلەن خوشلىشىپ ئۈرۈمچىگە كەلدىم. ئىشنىڭ ئۇنچىلىك چاتاقلىقىنى بىلمەپتىمەن، كونسۇلخانىغا كىرسەم، كونسۇل خادىمى، چېگرا تاقالدى، بېرىش - كېلىش يوق، قايتىپ كېتىڭ، دېدى. ئۇ يەردىن قانداق چىققانلىقىمنى بىلمەيمەن، بېشىمغا تاغ يىقىلدى. سىزنىڭ يېنىڭىزغا مەن بارالمىسام، سىز تېخى كېلەلمىسىڭىز، بۇ نېمە ئىش بولۇپ كەتتى؟! ئويلىغانسېرى يۈرىكىم ئازابتىن تولغاندى، مەن ئۇدۇل كەلگەن كىچىككىنە دۇكانغا كىرىپ، ئىككى يۈز گىرام ھاراقنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتىپ، دۇكاننىڭ سىرتىغا چىقىپلا ئەسكى*

*تاغاردەك يىقىلىپتىمەن، قانچىلىك ياتتىم، بۇنى بىلمىدىم، بىر چاغدا بىرى مېنى يۆلەپ ئېلىپ ماڭدى. ئەتىسى كۆزۈمنى ئاچسام دوستۇم يارىنىڭ ئۆيىدە يېتىپتىمەن، نومۇستىن ئۆلەي دېدىم. ئۇلار مېنىڭ ھالىمنى چۈشەندى. بىراق، ئۆزۈم بىھوش ئادەمدەك يۈرۈۋاتىمەن، ئۇمىدىمنى ئۈزمەي كونسۇلغا قاتراپ يۈرۈۋاتىمەن، يول تېپىلغۇدەك بولسىلا يېنىڭىزغا بارىمەن، سىزنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ، ئېرىڭىز:*

*ئالماس*

ئالماس خەتنى چىرايلىق قاتلاپ كونۋېرتقا سالدى، ئاندىن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا قارىتىپ بىر پارچە خەت يازدى.

*شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى رەھبەرلىكىگە:*

*مەن لوپنۇردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولساممۇ نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەنمىگەنىكەنمەن، بۇ قېتىم ئائىلەمگە بېرىپ، بىر مەزگىل تۇرۇپ قېلىش جەريانىدا كىشىلەر ئېيتقان قوشاقلارنى ئاڭلاپ، لوپنۇر ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم.*

*لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تارىم — تەكلىماكاننىڭ كۆپ ئەسىرلىك يېتىم، چاڭقاق ۋە دۈملىمە ھالەتتە ياتقان مەنىۋى مەدەنىيەت قاتلاملىرىنىڭ رەڭدار ھاياتى، جازىبىدارلىقى چاقناپ تۇرىدىغان ئېسىل گۆھەردۇر. بۇ مەنىۋى گۆھەر پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن «تەبىئەتتىن ھالقىغان باشقا بىر دۇنيا»غا تاشلاپ قويۇلۇپ، ئەسىرلەر بويى نەزەردىن چەتتە قالدۇرۇلدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى، خۇددى زامانىمىزدا تەكلىماكاندىكى بۇك - باراقسان توغراقلار قۇرۇپ كەتكەندەك ئېتىبارسىز، پەرۋىشسىز، ھەتتا ۋارىسسىز قالدى. بۇ ئېسىل مەنىۋى بايلىقلارنى ياراتقۇچىلار ھەمدە بىلگۈچى، ئېيتقۇچىلار*

*بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يەر قوينىغا كىرىپ كەتكەن بولۇپ، يوقلۇق ئالىمىگە سىڭىپ كەتمەكتە.*

*مەنىۋى مەدەنىيەت تۆرىگە ياتىدىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈنى بىلگۈچىلەرنىڭ تۈگەپ مېڭىشى بىلەن ئەبەدىي دەپنە قىلىنىپ كېتىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ مىراسىمىزنىڭ يوقاپ كەتكەنلىرىنى ھەرقانچە پەن ـ تېخنىكا بىلەنمۇ تېپىپ كېلەلمەيمىز. يوقالغىنى يوقالغان، يوقاتقىنىمىز يوقاتقان بولۇپ، بۇنىڭغا ئۆكۈنمەي قالمايمىز. شۇڭا، فاكۇلتېت رەھبەرلىكىنىڭ ئادەم تەشكىللەپ، لوپنۇر قوشاقلىرىنى قۇتقۇزۇش، توپلاش، رەتلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىمەن.*

*مەن بۇ قېتىم لوپنۇر قوشاقچىلىرىدىن خېلى كۆپ ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇم، ئەگەر رەھبەرلىك قوشۇلسا بۇ خىزمەتنى ئۆز ئىختىيارلىقىم ھەم زور قىزىقىشىم بىلەن ئىشلەشنى خالايمەن.*

*ھۆرمەت بىلەن:*

*ئالماس*

ئۇ بۇ خەتنىمۇ كونۋېرتقا سېلىپ، ئىككى خەتنى تەڭ ئەۋەتىش ئۈچۈن پوچتىخانىغا ماڭدى.

كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى قىسىم

# تەشنالىقتا ئۆتكەن كۈنلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 36

رەيھان بىلەن ئىككى قىزى قايغۇلۇق مۇسىبەتتە بىر ئاينى ئۆتكۈزدى. بۇ ئائىلىنىڭ ئۈمىد شامى ئاشۇ ئەر بىلەن قايتا يانغان، ئۇلار ئەمدىلا بىر يەرگە جەم بولۇپ ۋىسال شەربىتى ئىچىپ، بەختىيار كۈنلەرگە ئېرىشكەندى، بىراق رەھىمسىز تەقدىر ئۇلارنىڭ خۇشاللىقلىرىنى توزغاقتەك توزۇتۇۋەتتى.

رەيھان ئېرى بىلەن قايتا تېپىشقاندىن كېيىن چەكسىز شادلانغانىدى. خۇددى تەقدىرنىڭ چاقچىقىدەك قىسقىغىنا جەم بولۇشتىن كېيىن يەنە ئىلگىرىكى تۇرمۇشىغا قايتىشى ئۇنى ئېغىر ئازابلىدى. بىراق، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن كەتكىلى بولمايدۇ ـ دە. شۇ تاپتا پەقەت ئىككى قىزى ئۇنىڭ ئۈچۈن زور تەسەللى ئىدى. ئۇ گۈلمىرەنىمۇ شۇنچە ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، گۈلمىرە كىچىكىدىنلا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، ئۇنىڭغا ئانا مېھرىنى بېرىشنى ئويلايتتى. گۈلمىرەمۇ رەيھاننى ئاجايىپ ياخشى كۆرەتتى. شۇنداق، نەدىمۇ مۇكەممەل، پۈتۈنلەي بەختلىك ئائىلە، خاتىرجەم تۇرمۇش بولسۇن؟ «ئالدىغا قاراپ يىگىر قىلىدۇ، كەينىگە قاراپ شۈكۈر» دېگەن راست ئەمەسمۇ؟ دۇنيادا ئۆيى، ئېرى، بالىسى، ئاتا ـ ئانىسى يوق ئادەملەرمۇ بارغۇ، شۇلارمۇ ياشايدۇغۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىپ يۇرۇپ ئاخىر سەۋر قىلىشتى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن رەيھان قىزى زۇلفىيەنىڭ بىر ئىشقا ئىككىلىنەۋاتقاندەك ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ نېمە بولدۇڭ؟ بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

— ئاپا، ساڭا ئېيتىشتىن خىجىل بولۇۋاتىمەن، نېمە دېسەم بولار؟

— مەندىنمۇ خىجىل بولىدىغان قانداق گەپ ئۇ ئۆزى، قېنى دېگىنە مېنى تەقەززا قىلماي، — دېدى رەيھان بىلىشكە ئالدىراپ.

— ئاپا، سەن نەۋرە كۆرىدىغان بولدۇڭ، — دېدى زۇلفىيە قىزىرىپ تۇرۇپ.

رەيھان كۆزلىرىدىن چاقنىغان خۇشاللىق نۇرىنى يوشۇرالمىدى ـ دە:

— مۇبارەك بولسۇن، قىزىم، ئانا بولغۇدەكسەن، — دەپ قىزىنى باغرىغا باستى، — قانچە ئايلىق بوپتۇ، جېنىم.

— بۈگۈن دوختۇرغا بارغانىدىم، ئۈچ ئايدىن ئېشىپتۇ.

— خۇدا خالىسا باش باھاردا ئائىلىمىزگە يېڭى بىر جان قوشۇلغۇدەك. توۋا، دۇنيا دېگەن ئاجايىپ ھە قىزىم، بىرى كەتسە بىرى تۆرەلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ ھاياتى توختاپ قالمايدىكەن. دۇنيادا خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق گىرەلىشىپ كېتىدىكەن، بۇنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن، ئاللاغا مىڭ رەھمەت، قىزىم. ئالماسقا خەت يېزىۋەتكىن، ئۇمۇ بۇ خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولسۇن.

— دەرھال خەت يېزىپ بىر خۇش قىلىۋېتەي، — دېدى زۇلفىيە ۋە كۆڭلىدە، بىچارىنىڭ بەك پەرزەنت كۆرگۈسى بار ئىدى، بىلسە قانچە خۇش بولۇپ كېتەر، چوقۇم ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلىدى.

زۇلفىيە ياتاق ئۆيىگە كىرىپلا ئالماسقا خەت يېزىشقا باشلىدى.

*قەدىرلىكىم ئالماس، سىزدىن ئايرىلىپ تاشكەنتكە كەلگۈچە سىزنىڭ قەدرىڭىز بەك ئۆتۈلدى. ئۆيگە ساق ـ سالامەت كېلىۋالدىم. ئاپام، گۈلمىرە ياخشى تۇرۇۋېتتۇ، بىراق ئۇزاق*

ئۆتمەيلا دادام ئاۋارىيەگە ئۇچراپ قازا قىلدى، كۆڭلىرىمىز مۇسىبەتتە ئۆتتى. شۇڭا، سىزگە ۋاقتىدا خەت يازالمىدىم. قېيىنئاتا، قېيىنئانىلىرىم بەك ئېسىل ئادەملەر ئىكەن، مېنى خۇددى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ، بەك ئەتىۋارلىغانىدى. شارائىت يار بەرگەن بولسا دادامنىڭ ھالىدىن ئىككىمىز تەڭ خەۋەر ئالغان بولساق بەك ياخشى بولاتتى. بىراق، كېلىنلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم، شۇڭا سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن، ئىلاھىم دادام ساقىيىپ كەتكەي.

ئالماس، سىزنى بەك سېغىندىم. قانتىم بولغان بولسا ئۇچۇپ يېنىڭىزغا بېرىپ، تەشنالىقتا، ئىنتىزارلىقتا ئۆتكەن كۈنلىرىم ھېسابىغا سىزنىڭ ئىللىق باغرىڭىزغا ئۆزۈمنى تاشلايتتىم. ئىلاج قانچە دەيسىز، بۈگۈنكى خېتىمدە سىزگە ئالاھىدە بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتماقچىمەن، تېپىپ بېقىڭە؟ ياق، سىز ھەرگىز تاپالمايسىز، يەنىلا ئۆزۈمنىڭ ئېيتقىنىم دۇرۇس. خۇش خەۋەر، قەدىرلىكىم، سىز دادا بولىدىغان بولدىڭىز، ئېسىڭىزدىمۇ بىز كۆل بويىدا ئولتۇرغاندا سىزنىڭ ئېيتقان سۆزىڭىز، مانا سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز رېئاللىققا ئايلاندى. مەن بۇ خەۋەرنى ئاپامغا ئېيتىۋىدىم، ئاپاممۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئاپامنىڭ دادامدىن ئايرىلغان كۈنلەردىن كېيىنكى خۇشال بولغان كۈنى شۇ بولدى. ئەگەر سىزمۇ يېنىمدا بولغان بولسىڭىز قانداق خۇش بولىدىغانلىقىڭىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەتتىم. دادام ياخشى بولغۇدەك بولسا پات ئارىدا قايتىپ كېلىڭ. بىز تۇنجى پەرزەنتىمىزنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىنى، ئۆزىمىزنىڭ ئاتا ـ ئانا بولغانلىقىمىزنى بىرلىكتە تەبرىكلەيلى.

قەدىرلىكىم، بىز ئەمدىلا ھاياتنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسقاندۇق، بىراق بىزنىڭ بىللە بولىدىغان كۈنلىرىمىز بەك ئاز بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئەر ـ خوتۇن ئايرىلماي ياشايدىغانلارنى كۆرسەم شۇنداق زوقۇم كېلىدۇ. بۇرۇن بىرلىرى «دېھقانغا پۈتۈن خوتۇن، كادىرغا يېرىم خوتۇن، ئەسكەرگە نېمە خوتۇن»

*دەپتىكەن، بۇ سۆزنىڭمۇ مەنىسى بار ئىكەن. ئاپام تـوي قىلغـان هامـان دادام ئـورۇشقا كـېتىپ ئـون يـىلـدىـن كـېيىــن ئـاران كـۆرۈشـۈپـتـىكـەن، مـەن دادام بىـلـەن يـىگـىرمـە ياشـتـا يـۈز كۆرۈشكەنىدىم، بۇ نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئىش ـ هە؟ بىز ئۇنداق بولۇپ قالماسمىز ـ هە؟ خېتىڭىزنى كۈتۈپ، يـولىڭىـزغا تەشنـا بولۇپ، سىزنى چىڭ قۇچاقلاپ.*

*رەپىقىڭىز زۇلفىيە*

زۇلفىيە خەتنى يېزىپ بولۇپ قايتا ـ قايتا ئوقۇپ، خەتنـى تۇتقىنىچە ئۇخلاپ قالدى.

تاشكەنت شەھىرىنىڭ يامغۇر پەسلى بۇ يىل بۇرۇنلا يېتىـپ كەلگەن چېغى، ئىككى كۈن توختـىماي يامـغۇر يېغىـپ كەتتـى. زۇلفىيە ئىشتىن قايتىپ كىيىملىرى چۆپ سۇزمە بولۇپ ئۆيگـە كىردى ـ دە، ئاپىسىغا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ كەتتى.

ئانا قىزىنىڭ نېمىشقا شۇنچە ئازابلىـق يىغلاۋاتقانلىـقىنـى بىلەلمىدى، قىزى هېچقاچان مۇنداق ئازابلىنىپ قاتتىق يىغلاپ باقمىغانىدى. ئانىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

— قىزىم، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالغىن، زادى نېمـە ئىش بولـدى، بىرەرى بوزەك قىلدىمۇ؟ ماڭا قارىساڭچۇ، بېشىڭغا تاغدەك ئىـش چۈشكەن بولسىمۇ بىر ئېيتقىنا ئادەمنى يۈرەكئالدى قىلماي، — دېگىنىچە ئۇنى دىۋانغا ئـولتۇرغۇزدى ـ دە، چـېكە چاچـلىرىنـى تۈزەپ، ياشلىرىنى سۈرتۈپ چىڭ قۇچاقلىدى. زۇلفـيە تـېخىچـە كىچىك بالىدەك ئېسەدەپ يىغلىماقتا ئىدى.

— ئاپا، ئاپا...

— جېنىم قىزىم، هەرقانداق ئىش بولسا ئۆزۈڭنى تۇتقىن، يىغلىما، ئىچىڭدىكىنى تۆك، زادى نېمە ئىش بولدى؟

— ئاپا، قايسى تىلىم بىلەن ئېيتاي... چېگرا تاقىلىپتۇ.

ئانا قولىقىغا ئىشەنمـەي، ئاغزىنى تۇتقىنىچە كـۆزلىرىنـى

چەكچەيتىپ تۇرۇپلا قالدى. «چىگرا تاقىلىپتۇ... چىگرا تاقىلىپتۇ...» دېگەن سادا قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىدى. ئەگەر ئانا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان بولسا تاس قالاتتى ئارقىسىغا ئۈچۈپ كەتكىلى.

— قىزىم، نېمە دەيدىغانسەن، زادى نېمە ئىش بوپتۇ، ئېنىق بىر دېگىنە؟ — دېدى ئانا تىت - تىت بولغىنىچە.

— ئاپا، ھەممە ئادەمنىڭ ئېغىزىدا شۇ گەپ، بىرنەچچە ئاي بۇرۇنلا ئىككى دۆلەت مۇتەخەسسىسلىرىنى، تېخنىكلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىپتىكەن. ئەمدىلىكتە ھەر ئىككى دۆلەت كونسۇلخانا خادىملىرىنى ئېلىپ كېتىپ چېگرا تاقىلىپتۇ، بېرىش - كېلىش توختاپتۇ، دېمەك...

ئۇ قالغان گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى.

— ئۇنداقتا ئالماس بۇ يەرگە قايتىپ كېلەلمەيدۇ، سەن بارالمايسەن، شۇنداقمۇ؟ ئاھ خۇدا...

ئانا بىرھازا ھوشىنى يوقاتقاندەك قېتىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى:

«توۋا، قىزىم ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى شۇنداقمۇ ئوخشاپ قالامدۇ؟ مەنمۇ توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئېرىمدىن ئايرىلىپ قېلىپ نى - نى ئازابلىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم، ئەمدى قىزىم زۇلفىيەمۇ ماڭا ئوخشاش كۈنلەرنى ئۆتكۈزەرمۇ؟ مېنىڭ تەقدىرىمنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشىغا ئۇرۇش سەۋەبچى ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇ تىنچلىق كۈنلەردىمۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ قىزىمنىڭ ياشلىقى مانا شۇنداق ئەرسىز، دۇنياغا كۆز ئاچماقچى بولغان بالىسى ئاتىسىز ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ ... بىچارە قىزىم، مەن تارتقان كۈنلەرنى تارتمىساڭ بولاتتىغۇ؟ ئاھ، يالغۇزلۇق، ھىجرانلىق كۈنلەر مەن بىلەنلا كەتسە بولاتتىغۇ؟ نېمىشقا؟ نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ تەقدىرمۇ ئۆدۈم بولۇپ قالامدۇ؟

ئاپام ئايىمنىڭ ئۆلۈمى، مەن توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئېرىمدىن ئايرىلىپ، شۇنچە يىل ئازاب تارتقىنىم، قىزىمنى

بېقىپ چوڭ قىلغۇچە تارتقان جاپايىم، كۆڭۈل ئازابىم، ھىجران دەردىم...

ئاھ، نەقەدەر قىيىن كۈنلەر، نەقەدەر ھىجرانلىق يىللار، قان ـ ياش بىلەن زەرداب بولغان يۈرەك... ئاھ، بۇ كۈنلەر مەن بىلەنلا كەتسە بولماسمىدى، ئەمدى نۆۋەت قىزىمغا كەلدىمۇ؟ ئاھ، قىزىم...»

— ياق! ياق! — رەيھان ۋارقىرىغىنىچە ھوشىدىن كەتتى.

بىچارە زۇلفىيە گويا ئاپىسىدىنمۇ ھازىرلا ئايرىلىپ قالىدىغاندەك شۇنچىلىك قورقۇپ كەتتىكى، يۈگۈرگەن پېتى جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېلېفون قىلدى.

بىر كېچە جىددىي قۇتقۇزۇش نەتىجىسىدە ئانا تاڭ ئاتقاندا ھوشىغا كەلدى. ئۇ كۆزىنى ئاستا ئېچىپ بېشىدا ئولتۇرغان قىزىنى كۆردى، زۇلفىيە كېچىچە كۆز يۇممای چىققاچقا، كۆزىنى ئېچىشقىمۇ قۇربى يەتمەي، بېشىنى كارىۋاتنىڭ يېنىغا قويۇپ ياتقانىدى. ئانىنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى. بىر ئانا، بىر بالا مانا شۇنچە يىل بىللە ياشاپ كەلدى. توغرا، زۇلفىيە ئۈچ ياش ۋاقتىدا شۇنداق قاتتىق ئاغرىپ قىزىپ ياتقاندا، ئانا ئۇنى كېچىسى يۈدۈپ دوختۇرخانىغا ئەكەلگەن. زۇلفىيەنىڭ قىزىتمىسى يانمىغاچقا، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كۆزىنى يۇممای ئۇنىڭغا قارىغانىدى. مانا ئەمدى قىزى كېچىچە كۆز يۇممای چىقىپتۇ...

ئانا ئاخىر ئازابلىق خىياللاردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ قىزىغا تەسەللى بېرىشنى ئويلىدى.

زۇلفىيە بىر شەپىنى تۇيۇپ چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە، كۆزىنى ئېچىپ ياتقان ئاپىسىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ئاپا، جېنىم ئاپا، ھەرنېمە بولسا كۆزۈڭنى ئاچتىڭ، مېنى بەكلا قورقۇتۇۋەتتىڭ جۇمۇ.

— قىزىم، ئادەمنىڭ تاقىتى، كۈچ ـ قۇدرىتى چاغلىق بولسا كېرەك، نېمە بولغىنىمنى بىلەلمەي قالدىم، ھازىر

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈمنى بىر ئوبدان سېزىۋاتىمەن. دۇنيا دېگەندە نىمە ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ دەيسەن. بۇمۇ ۋاقىتلىق ئىشتۇ، خۇدا خالىسا ئۇزاق ئۆتمەي ئىشلار، ئىزىغا چۈشۈپ كېتەر، بەك غەم يەپ كەتمەيلى.

— ماقۇل، ئاپا.

— كەل قىزىم، يېنىمغا كەل، مېنى قۇچاقلاپ ياتقىن. ئاللا ئىنساننى شۇنداق قۇدرەتلىك، چىدامىلىق ياراتقانىكەن. ئاپتاپتا، قاقاسلىقتا تاغۇتاشلار يېرىلىدىكەن، بىراق ئادەم چىدايدىكەن. ئۇسسۇزلۇقتا گۈل - گىياھ، ئۆسۈملۈك، دەل - دەرەخ، زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىدىكەن، لېكىن ئادەم چىدايدىكەن، ھاياتلا بولسا ھەممىگە بەرداشلىق بېرىدىكەن. مەن تىلەيمەن قىزىم، خۇدا بالاڭنى ئېرىڭ بىلەن دەرقەمتە تۇرۇپ، تۆت كۆزنىڭ ئىچىدە باققىلى نېسىپ قىلسۇن، بىز ياخشى كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتەيلى، ماقۇلمۇ؟

زۇلفىيە بېشىنى لىڭشىتىپ، كۆز يېشى قىلغىنىچە ئاپىسىنىڭ ئىسسىق باغرىدا يېتىپ، ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. بىراق، ئانىنىڭ كۆزىدە لىققىدە ياش، ئۇيقۇدىن ئەسەر يوق ئىدى.

ئاز كۈن ئۆتمەي زۇلفىيەنىڭ قورسىقىدىكى بالىسى مىدىرلىدى، زۇلفىيە بۇنىڭدىن شۇنچىلىك سۆيۈنۈپ كەتتىكى، خۇشاللىقتىن ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: «ئوغلۇم ياكى قىزىم بولغىن، سېنى ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى سەن مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا تۆرەلدىڭ، سەن مەن ئۈچۈن بىباھا بايلىق. مانا بىز توققۇز ئاي توققۇز كۈن بىر - بىرىمىزنىڭ تىنىقىدىن نەپەس ئېلىپ بىللە ياشايمىز، سېنىڭ يۇمران يۈرىكىڭ مېنىڭ يۈرىكىم بىلەن تەڭ سوقىدۇ، ھەر قېتىم قورسىقىمدا خۇددى بۆگۈنكىدەك مىدىرلىساڭ مەن ساڭا، قوزام، دۇنياغا سالامەت كۆز ئاچقىن، سەن مېنىڭ بەختىم، پەخرىم دەيمەن...»

* *

كۆتكەن كۈنلەر يېتىپ كەلدى. بىر كۈنى سۈبھى بىلەن تەڭ زۇلفىيە بوشاندى، ئوغۇل تۇغقاندى. ئانا ئاچچىق تولغاق ئازابىدا بىر كېچە قىينىلىپ چىققان بولسىمۇ، ئوغلىنى كۆرۈش بىلەنلا ئازابلىرى بىر ياقتا قېلىپ خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكتى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ ئېرىنىڭ يېنىدا بولۇپ، شادلىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى. بىراق، ئارزۇ خىيال پېتى قالدى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ پۈتۈن مېھرىنى ئوغلىغا بەردى.

ئۇ ئوغلىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ئۈنىگە تويماي قاراپ پىچىرلايتتى: «ئوغلۇم، سەن بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ باشلىنىشى ۋە بارلىقى، داداڭ ئىككىمىزنىڭ چىن مۇھەببىتىمىزنىڭ جەۋھىرى. سەن داداڭنىڭ غۇرۇرى، مېنىڭ پەخرىم. بىز داداڭ بىلەن ئانچە ئۇزاققا قالماي جەم بولىمىز. داداڭ يېنىمىزدا بولمىغان شۇ كۈنلەردە مەن سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن زور تەسەللىگە ئېرىشىمەن، ئوماق بالام، كۆز قارىچۇقۇم...»

باش باھار ئايلىرى تاشكەنت شەھىرى شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇكى، يامغۇرلۇق ھاۋادىن كېيىن پۈتۈن ئەتراپ ئوت ـ چۆپلەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى، كۆكلەۋاتقان رەڭمۇرەڭ گۈللەرنىڭ پۇرىقى بىلەن جەننەت تۇسىگە كىرىدۇ. مانا مۇشۇنداق كۈنلەردە زۇلفىيە دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئانىسى رەيھان بىلەن ھەدىسى گۈلمىرە بىر دەستە گۈل كۆتۈرۈپ، ئۇنى دوختۇرخانىدىن ئەكېتىشكە كەلدى. ئۇچەيلەن چىڭ قۇچاقلاشتى. ئۇلار كۆرۈنۈشتە شۇنچە خۇشال، بەختىيار كۆرۈنسىمۇ، ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ يۈرەك يارىسى كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى. زۇلفىيە ئېرىگە ئەڭ موھتاج بولغان چاغدا، شۇ تاپتىكى خۇشاللىقىدىن ئېرىنى تەڭ بەھرىمەن بولسۇن دېگەن

چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا بولمىغانلىقىدىن يىغلىغۇسى كېلەتتى.

زۇلفىيە ئوغلىنى باققاچ، بوش ۋاقتى بولسىلا ئالماسقا خەت يېزىشنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويمىدى. ئوغلىدا بولۇۋاتقان ھەربىر ئۆزگىرىشنى، قىلىقلىرىنى ئالا قويماي يازدى. ئۇ بۇگۈنمۇ يەنە شۇ خېتىنى داۋاملاشتۇردى.

*ئالماس، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ گەرچە سىزدىن ھېچقانداق جاۋاب خېتى بولمىسىمۇ يەنىلا ئۈزۈلدۈرمەي خەت يېزىۋاتىمەن.*

*ئوغلىمىز جۇرئەت سىزگە شۇنچىلىك ئوخشايدۇكى، ئۇنى كۆرسەم سىزنى كۆرگەندەك بولىمەن. ئۇ بەكمۇ ئەقىللىق، مېنى ئەسلا قاقشاتمايدۇ، بەك گەپ ئاڭلايدۇ، كۆڭلۈمنىمۇ شۇنچىلىك ئاياپدۇ. ئۇنى يەسلىگە ئېلىپ بارسام، باشقا بالىلارنىڭ دادىلىرىنى كۆرۈپ شۇنچىلىك ھەيرانلىقتا قاراپ كېتىدۇ، ئۇنىڭغا قاراپ كۆز ياشلىرىمنى توختىتالماي قالىمەن.*

*ئالماس، نېمىشقا بىرەر پارچىمۇ خەت يازمايسىز؟ سىز بۇ دۇنيادا ھاياتمۇ؟ مېنى، ئوغلىڭىزنى ئويلامسىز؟ مەن بەك ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىۋاتىمەن. ئوغلىمىز سىزنى كۆرمەي چوڭ بولارمۇ؟ ئاپام ئىككىمىز جۇرئەت ئۈچۈن بارلىقىمىزنى بېغىشلىغان بولساقمۇ، جۇرئەت ئۈچۈن يەنىلا بىرنېمە كەم، بىلەمسىز، ئۇ سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز — ئاتا مېھرى. ئالماس، مېنىڭ كۆپ يىغلىغىنىمغا ئەسلىدە ياشلىرىم قۇرۇپ كەتسە بولاتتى، بىراق ئاللا يەنە ماڭا مەدەت بېرىۋاتىدۇ. ھاياتلا بولىدىكەنمەن، سىزنى ئاخىرقى تىنىقىمغىچە ساقلايمەن. سىزنى سۆيۈپ، جاۋاب خېتىڭىزنى كۈتۈپ:*

*زۇلفىيە*

*　　　*

دۆلىتىمىز ئەڭ زور قىيىنچىلىق ۋە تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغان 1963 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات

فاكۇلتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا ئالماس بىلەن يەنە ئىككى ئوقۇتقۇچى بىللە لوپنۇرغا خىزمەتكە چۈشۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى لوپنۇر دىيالېكتى ۋە لوپنۇر قوشىقىنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە لوپنۇرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، ئۆرپ - ئادىتىنى ئىگىلەش ئىدى.

ئالماس لوپنۇرغا بېرىپلا تەتقىقات خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى. خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ كۆپ ماتېرىيال توپلىدى ۋە كۆپلەپ تۇرمۇش ئۆگىنىش بىلەن بىللە، بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئەقلى - تەپەككۇرىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇرلۇقىنى، ھازىر جاۋابلىقىنى، قوشاقلىرىنىڭ ناھايىتى يېنىك، راۋان ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

خىزمەت ئىشى بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندە ئۈرۈمچىگە قايتماقچى بولغان ئالماس كەچقۇرۇن ئىشىك ئالدىدا ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئاسماندا ئالتۇن تاۋاقتەك ئېسىلىپ تۇرغان ئاي زېمىنغا يورۇقىنى ئايىماي سېپىپ تۇرغان، كۆل سۈيى كۈمۈشتەك جىمىرلاپ تۇرغانىدى. ئۇ زۇلفىيە بىلەن مۇشۇنداق ئايدىڭ كېچىدە دەل مۇشۇ جايدا بىللە ئولتۇرغان، زۇلفىيە ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ، ئىككىيلەن ئاجايىپ شېرىن خىياللارنى قىلىشقانىدى. كېيىنچۇ؟ كېيىن ئوت - ئاتەشتەك يانغان يۈرەكلەرنى يۈرەككە تېگىپ، بىر تەن، بىر جان بولۇپ بىر كېچىنى ھاياجان بىلەن ئۆتكۈزگەنىدى. ئاھ، ئۇنتۇلماس كۈنلەر، ئۇنتۇلماس كېچىلەر، خۇددى چۈشتىكىدەك گىرىمسەن كۆرۈنىدىغان، ئەمما يۈرەككە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن شادلىق كېچىلەر...

— ئوغلۇم، بىلىۋاتىمەن، — دېدى ئاپىسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، — سەن خىيال قىلىۋاتىسەن، تاشكەنت گۈزىلىنى ئەسلەۋاتىسەن. ئۇ ھەقىقەتەن پاك دىل، خۇلقى گۈزەل، ئاجايىپ تېپىلغۇسىز بىر قىز ئىدى. بىراق، تەقدىرگە تەن بەرگىن، ئوغلۇم.

— ئاپا، سىزنىڭ كۆزلىرىڭىز بەك ئۆتكۈر ئىكەن. مەن شۇنچە بىلىندۇرمەسلىككە سالسامۇ، سەن يەنە بىلىنگۈلدىكـ ھە!

— ئوغلۇم، تىل نۇرغۇن ئىشنى يوشۇرالىغان بىلەن كۆز ھەممىنى شۇنداق روشەن ئىپادىلەيدۇ. سىزنىڭ يۇرىكىڭىزدىكى ھەربىر سىر، ھەربىر تىنىق ماڭا مەلۇم. كېرەك يوق، ئەگەر ئۇ قىزنى راستتىنلا ئۇنتۇيالمىساڭ يۇرىكىڭدە ساقلىغىن. ئۇ ھايات بولسىلا چوقۇم كۆڭلەرنىڭ بىرىدە كۆرۈشىسەن.

— جاھاننىڭ ئىشلىرىمۇ مۇنداق كېتىۋەرمەس، بىز چوقۇم دىدارلىشىمىز.

— خۇدادىن تىلىسەڭ مۇرادىڭغا يەتكۈزىدۇ، ئوغلۇم. بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ئەتە يولغا چىقىسەن، بالدۇرراق ئارام ئالغىن.

— جېنىم ئاپا، سەن يالغۇز قالمىغىن، بىللە كېتەيلى، بولامدۇ؟

ئانا ئوغلىنىڭ قوللىرىنى سىلاپ كۆز يېشى قىلدى.

— جېنىم ئوغلۇم، سېنى كۆردۇم، بىرقانچە ئاي بىللە بولدۇق، مەن مۇشۇ يەردە قالاي، مەن كەتسەم داداڭ يالغۇز قالىدۇ. ئۇنىڭ روھى مەن بىلەن بىللە، ئۇنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، ئوغلۇم.

— ئاپا، ئۇنداق قىلمىغىن، بۇ يىل قىشنى بولسىمۇ ئۆتكۈزۈپ كەلگىن، ماقۇل دېگىنە.

— بولدى، ئوغلۇم، مەندىن غەم قىلما، «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەندەك، بۇ يۇرتقا بەكلا كۆنۈپ قالدىم، قېرىغاندا ئۆز يۇرتۇمدىن يىراق كەتمەي. سەن ئامان بولساڭ، مەنمۇ ئامان - ئېسەن تۇرىمەن. بىكار بولساڭ مېنى يوقلاپ كېتەرسەن.

ئانا - بالا ئىككىيلەن مۆكۈدىشىپ ئولتۇرۇپ، تاڭ سۈزۈلگەنلىكىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى.

ئالماس يولغا چىقىش ئالدىدا ئاپىسى:

— كۆز نۇرۇم، باغرىم، ئاللا سىنى پاناھىدا ساقلىغاي، تىلەكلىرىڭ، مۇرادىڭ ھاسىل بولغاي، سىنى ئامان - ئېسەن ساقلىغاي، ئاللاغا ئامانەت، — دەپ ئوغلىنى چىڭ قۇچاقلىدى.

ئالماس ئانىسىنىڭ تىنىقلىرىنى تويىماي سۈمۈرۈپ، ئۇنىڭغا تويماي قارىدى. كۈمۈش رەڭ چاچلار، چوڭقۇر قورۇق چۈشكەن يۈزلەر، تىترىگەن لەۋلەر، پەرزەنت ئىشقىدا يىغىپ قىزارغان ياش يۇقى كۆزلەر ئۇنىڭ قەلب ئېكرانىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتتى.

ئۇ ئاپىسىنى يەنە بىر قېتىم قۇچاقلاپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى - يۇ، تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى توختىتىۋالالمىدى. كىم بىلىدۇ، ھايات دېگەندە نېمە ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرىدىن ئايرىلغان ئايال، ئەمدى ئوغلى كېتىۋاتسا، ئۇ چۆلدىكى يالغۇز گىياھتەك قېلىۋاتسا، ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا... خىيالىنىڭ داۋامىنى قىلىشتىن قورققان ئالماس ئىختىيارسىز ئارقىسىغا قارىدى، چاچلىرى ئاقارغان ئانا چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ قاراپ تۇراتتى، كەينىدە قىپقىزىل لېگەندەك تاڭ قۇياشى نۇر چاچماقتا ئىدى.

**37**

ئالماس ھەر كۈنى زۇلفىيەدىن خەت - خەۋەر كۈتۈپ فاكۇلتېتنىڭ خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە ئۆتەتتەك ئېتىلىپ كىرەتتى - يۇ، ئۈمىدسىزلىك بىلەن بېشىنى سىلىپ قايتىپ چىقاتتى.

بىر كۈنى ئۇ بىر خىزمەتدىشىنىڭ تويىدا زۆھرە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. زۆھرە ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ خۇشخۇيلۇق بىلەن ئەھۋال سوراپ كەتتى.

— يائاللا، سىزنىمۇ كۆرگىلى بولىدىكەن - ھە؟ بىر

شەھەردە تۇرۇپمۇ كۆرۈشەلمەدۇق، قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز؟ — دېدى ئۇ كۆيۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

— مانا ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمەن، يامان ئەمەس، ئۆزىڭىزچۇ؟

— مەنمۇ شۇ، يەر شارىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش. كۈن شەرقتىن چىقىدۇ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشقا بارىمەن، كۈن غەربكە ئۆتىدۇ، ئۆيگە قايتىمەن ـ دە، قازان قۇچاقلاپ، شۇ قورساقنىڭ غېمى بولىدۇ. يا ئۆرلەپ ئاسمانغا چىقىپ كەتمىدىم، يا چۆكۈپ يەرگە كىرىپ كەتمىدىم، — دېدى كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.

— بىر ئوبدان تۇرۇپسىز، زۆھرە، ھەممە ئادەم شۇ. ئۆيئىچى تىنچلىقتۇ؟

— ھەئە، ئوبدان. بىراق ئارتىسقىمۇ تېگەمدۇ كىشى، ئالدىراشلا يۈرگەن، يا ئۆي ئىشىغا ئەسقاتمىغان. ھەرھالدا بىر تال ئوغلۇمنى ياخشى بېقىپ، جاننى ئوغرىغا بەرمەي ياشاپ كېتىۋاتىمەن. ھە، ئۆزىڭىزچۇ؟ ئاڭلىسام، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بوپسىز، چەت ئەلدە ئوقۇغانغا تۇشلۇق ئىش بوپتۇ، سىزنى تەبرىكلىسەم بولغۇدەك، — دېدى ئۇ چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ.

ئالماس زۆھرەگە سەپسىلىپ قارىدى، ئۇ ئىسسىق يېشىل رەڭدە كاستۇم ـ يوپكا، ئىچىگە ئاق كوپتا كىيگەن بولۇپ، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ بىلەن ناھايىتى مودا كۆرۈنەتتى.

— ئەجەب قاراپ كەتتىڭىزغۇ، خۇددى بۇرۇن كۆرمىگەندەك، — دەپ زىل قوڭغۇراقتەك جاراڭلاپ كۈلدى زۆھرە.

ئىككىيلەن خېلى بىر چاغقىچە تاغدىن ـ باغدىن سۆزلىشىپ ئولتۇردى. زالدا سازلار چېلىنىپ، ناخشىلار ئېيتىلىپ، ئانچە ـ مۇنچە ئۇسسۇللارمۇ ئوينىلىۋاتاتتى. شۇ ئارىلىقتا تانسا باشلىنىپ كەتتى. زۆھرە بىرىنچە قول تانسا ئويناپ بولۇپ ئالماسنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە:

— نېمىشقا ئولتۇرىسىز؟ زۇلفىيە بولمىسا تانسىغىمۇ چۈشمەمسىز؟ قېنى ئاق تانسا، ئەمدىغۇ قويمىسىڭىز بولماس، — دېدى چىرايىنى گۈلدەك ئېچىلدۇرۇپ.

ئالماسنىڭ راستىنلا تانسا ئوينىغۇسى يوق ئىدى، شۇڭا زۆھرەگە ئۆزرە ئېيتتى:

— كەچۈرۈڭ، بۈگۈن تانسىغا پەقەتلا مەيلىم يوق.

ئالماسنىڭ كۆڭلىگە كەلگىنى زۆھرەنىڭ بىر قېتىممۇ زۇلفىيەنى سوراپ قويمىغانلىقى ئىدى. زۆھرە «ئۇھ» تارتىپ قويۇپ ئۇنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇندا ئولتۇردى. بىرئازدىن كېيىن توساتتىنلا:

— ھە راست، زۇلفىيە بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى دەپ ئاڭلايمەنغۇ، — دېدى.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ — دېدى ئالماس ھاڭ - تاڭ بولغىنىچە.

— ئىشقىلىپ، شۇنداق سۆزلەر بارغۇ، دېمىسىمۇ زۇلفىيە تاشكەنتتە، سىز ئۈرۈمچىدە، بىر ئۆيدە ئەمەسقۇ؟

— بىر ئۆيدە بولمىسا نېمە بوپتۇ؟ جاھاننىڭ قەيىرىدە بولسىمۇ ئەر - خوتۇن بولسا بولىۋېرىدۇ، بىزنىڭ تېخى ئوغلىمىزمۇ بار، — دېدى ئالماس چىرايىنى ئۆزگەرتىپ.

— رەنجىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

— نېمىشقا رەنجىمەيمەن زۆھرە، باشقا ئادەم شۇنداق دېسىغۇ مەيلىدى، سىز زۇلفىيەنىڭ دوستىغۇ، بىزگە ھېسداشلىق قىلىشتا يوق، يېغىرىمغا تۇز سېپىپ يۈرىكىمنى تىلغۇدەك گەپ قىلىۋاتىسىز.

ئالماسنىڭ ئاچچىقتىن چېكىسىدىن پۈرقىراپ تەر چىقىپ كەتتى، قول ياغلىقىدا تەرلىرىنى سۈرتۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەدەپ يۈزىسىدىن:

— زۆھرە، مەن قايتاي، — دەپلا ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

زۆھرەمۇ ئۇنىڭغا سوڭدىشىپ تەڭلا سىرتقا چىقتى. ئەتىياز بولغاچقا سىرت بىر ئاز سالقىن، سىمىلداپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى زۆھرە ئالماسقا يېقىنلاپ كېلىپ، — سىزنىڭ كەيپىياتىڭىزغا دىققەت قىلماپتىمەن. خالىسىڭىز بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، مەن سىزگە ئوخشىتىپ ئۆي تامىقى ئېتىپ بېرەي.

— رەھمەت، كېيىنچە بارارمەن.

— پات ئارىدا ساۋاقداشلارنى يىغىپ ئۆيگە چاقىراي ئەمىسە.

— خۇدايىم بۇيرۇسا شۇ چاغدا كۆرۈشەرمىز. ھە راست، — دېدى ئالماس مېڭىشتىن توختاپ، — سىزدىن سوراي دەپ تۇراتتىم، خەت - ئالاقە ئىشلىرى قانداقراق؟

— قانداق دەيسىز؟ — دېدى زۆھرە ئەندىكىپ تۇرۇپ.

— زۇلفىيەدىن ئىككى پارچىلا خەت تاپشۇرۇۋالدىم، شۇنىڭدىن كېيىن جىمىدە بولۇپ كەتتى، مېنىڭ خەتلىرىمنىمۇ تېگىۋاتامدۇ، يوق بىلمىدىم، بولمىسا خەت يېزىپ ئۈزۈلدۈرمەي ئەۋەتىۋاتىمەن.

— ئىشقىلىپ، ئىشلار بەك راۋان ئەمەس، خەت - ئالاقە بۇرۇنقىدەك كۆپ ئەمەس.

— زۇلفىيەدىن خەۋەر ئۇقسام بولاتتى، بەك ئەنسىرەپ قالدىم، — دېدى ئۇ ئېغىر تىنىپ، ئاندىن، — بىز مۇشۇ يەردە خوشلىشايلى، مۇشۇ ئەتراپتا بىرسىگە يولۇقىدىغان ئىشىم بار ئىدى، — دەپ زۆھرەنىڭ خوش دېيىشىنىمۇ كۈتمەيلا كېتىپ قالدى.

زۆھرەنىڭ ئاچچىقى ناھايىتى كەلدى. «خەپ، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — سېنى قۇش بالىسىنى كۈندۈرگەندەك ئۆزۈمگە كۈندۈرمەيدىغان بولسام، كۆرۈپ قوي. ئەزەلدىن سەن مېنىڭ ئىدىڭ، كېيىن خەق تارتىۋالدى. شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ

قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى مەڭگۈ بىلمەيسەن، ئەمدى مۇرادىمغا يەتمەي بولدى قىلمايمەن، مېنى ھەرگىزمۇ بوش چاغلىما، كەينىمدىن سوك ـ سوك ماڭدىغان قىلىۋەتمىسەم سېنى، قېنى سەن يامانمۇ، مەنمۇ...»

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن زۆھرە مەكتەپكە ئالماسنى ئىزدەپ باردى ـ دە، يەكشەنبە كۈنى ساۋاقداشلارنى ئۆيىگە چايغا چاقىرغانلىقىنى ئېيتتى.

— چوقۇم بېرىڭ جۇمۇ، ساۋاقداشلار يىغىلمىغىلىمۇ خېلى بولدى، — دېدى زۆھرە.

ئۇ يىللاردا يېمەك ـ ئىچمەك قىس بولغاچقا، ئولتۇرۇشلارغا ھەركىم ئاز ـ تولا تاپقىنىنى كۆتۈرگەچ باراتتى. ئالماسمۇ ئىككى بوتۇلكا قىزىل ھاراق، ئازراق پىشۇرۇلغان گۆش ئېلىپ باردى. زۆھرە ئۇنىڭ ئالدىغا خۇش چىراي چىقىپ:

— خۇش كەپسىز ساۋاقدىشىم، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت، — دەپ قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ئالماس ئۆيدە لىققىدە ئولتۇرغان ساۋاقداشلىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. دوستلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، قىزلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ساۋاقداشلار ئۇنى تۆرگە چىقىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئالماس ئاق چۇچۇنچىدىن كالتە يەڭ كانۋا كۆڭلەك، ئاق بورۇلكا كىيىپ، خۇددى ئېكىنزارنىڭ خوجايىنىدەك پارقىراپ كەتكەنىدى.

— قانداقراق ئاداش، — دېدى بىر ساۋاقدىشى ئېغىز ئېچىپ، — ئۆتكەندە تاشكەنتتىن كەلگىنىڭدە زۇلفىيەنى بىللە ئەكېلىپ بىزنى بەكمۇ خۇش قىلغانىدىڭ، سىلەرگە بەكمۇ ھەۋەس قىلغانىدۇق، شۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشەلمىدۇق. زۇلفىيە تىنچلىقتۇ، خەت ـ خەۋەر باردۇ؟

ئالماسنىڭ ھىجران دەردىدە پۇچىلانغان، زۇلفىيەگە

تەلپۈنگەن، ئوغلىنى كۆرەلمەي زېدە بولغان قەلبىدىكى ئازابى بىراقلا تېشىغا تەپتى.

— ھەممە بولغۇلۇق ماشا بولدى، ئاغىنىلەر، — دېدى ئۇ غەمكىن بىر تەرزدە، — زۇلفىيە ئىككىمىز سىلەرنى كۆرۈپ بەك خۇش بولغانىدۇق. ئىككىمىز يۇرتقا بارغاندىن كېيىن ئاپام ياخشى بولۇپ قالدى، ئۆيدىكىلەر بىلەن كۈنلىرىمىزنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزدۇق. ئەمما، بىز ماشىدىغان كۈنى دادام مېڭىسىگە قان چۈشۈپ يىقىلدى، زۇلفىيەنىڭ ۋاقتى توشقاچقا مېنى قالدۇرۇپ ئۆزى يالغۇز يولغا چىقتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا دادام تۈگەپ كەتتى. مەن دادامنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، تاشكەنتكە قايتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلسەم، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى بېرىش - كېلىش توختاپتۇ. ئاخىر بولماي بۇ يەردە خىزمەتكە چۈشتۇم، مانا ھازىرغىچە ئوغلۇمنىڭ چىرايىنى كۆرگىنىم يوق، ئۇزاق بولدى ئۇلاردىن خەت - خەۋەر يوق. مەن ناھايىتى كۆپ خەت يازدىم، بىراق جاۋاب خەت كەلمىدى، بىلمىدىم، ئۇ خەتلەر دېڭىزغا چۈشكەن تاشتەك يوقاپ كەتتى. ئاغىنىلەر، راستىنى ئېيتسام، ھالىم خاراب، بۈگۈن سىلەر بىلەن ھال - مۇڭ بولۇپ كېلەي دەپ كېلىشىم. مەندىن باشقا ئىنساننىڭ بېشىغا مۇنداق كۈنلەر كەلمىگەي، ئىلاھىم، — دېدى ئالماس ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلىپ.

ساۋاقداشلىرىمۇ ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇشۇپ كېتىشتى. ئاخىر بىرەيلەن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— گەپلىرىڭ ھەقىقەت، دوستۇم، مېھرىبانلىرىڭدىن ئۆلۈپ ئايرىلساڭ ئەلھۆكمىللا، بىراق تىرىك ئايرىلىش بەك ئازاب بولىدۇ، ئەمما ھاياتلا بولساڭ ئۇلار بىلەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆرۈشىسەن. بىراق، خەت - ئالاقە ئىشى ياخشىغۇ، بىزنىڭ ئىدارىدە بىر ئايال دائىم ئاكىسى بىلەن خەت - ئالاقە قىلىشىپ تۇرىدۇغۇ.

www.uyghurkitap.com

— ھەممە ئادەمنىڭ خېتى كەلسە، ئالماسنىڭ خېتىلا كەلمىگىنى نېمىسى؟

— ۋاي راست، مانا زۆھرە ساۋاقداشلىرىمىز پوچتىخانىدا ئىشلەيدىغان تۇرسا، ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ بەرسۇن. قېنى ساۋاقداشلار، بۈگۈن راسا چىلاشقۇدەك ئىچىشىپ، كۆڭۈللۈك مۇڭدىشىپ، ئىچ ـ قارنىمىزنى تۆكۈشەيلى.

— زۆھرە، تاماق پىشتىمۇ؟ قورساقلار كورۇكراپ كەتتى.

— ھە مانا، — دەپ زۆھرە ئىككى لېگەندە پولۇ، بىر لېگەندە گۆش، خام سەيلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلىپ چىقتى ـ دە، — قېنى ئەمىسە، تارتىنماي ئېلىڭلار، — دېدى.

ئالماس ھېلى بولۇنغان سۆزلەردىن ئويلىنىپ قالدى. قىزىق ئىش، خەقنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن خەت كېلىپ تۇرسا، بۇ يەردە بىر ئويۇن بارمۇ نېمە؟ ئەگەر شۇنداق ئويۇن بار دېيىلسە، ئويۇننى كىم ئوينار؟ راستىنلا بىراۋلار قەستلەپ قويۇۋاتامدىغاندۇ؟! شۇنداق شۇملۇق قىلغۇچى نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى؟ مۇشۇنداق بولىۋەرسە، زۇلفىيە ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ يىراقلىشىپ كېتەرمىزمۇ؟ زۇلفىيە باشقا بىرىنى تېپىۋالارمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا مەن نېمە بولۇپ كېتەرمەن؟ ياق، ياق، زۇلفىيە ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇ ۋاپاسىزلاردىن ئەمەس، تەڭرىم بۇ كۈنلەردىن ساقلىغاي، ئىلاھىم...

— ئالماس، خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ كەتتىڭغۇ، — دېدى ئارىدىن بىرەيلەن ئۇنىڭ جىمىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، — قېنى تاماققا كېلەيلى.

تاماق ھەقىقەتەن ئوخشىغانىدى. بۇنداق قىيىنچىلىق يىللاردا بۇنداق ئېسىل تاماقلارغا داخىل بولۇشمۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. تاماقتىن كېيىن رومكا سوقۇشتۇرۇش باشلىنىپ كەتتى.

— دوستلۇقىمىز ئۈچۈن.

— پات - پات يىغلىپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن.
— ئالماس بىلەن زۇلفىيەنىڭ پات ئارىدا دىدارلىشىشى ئۈچۈن.
— زۆھرەگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن...
يەنە قانداقتۇر «ئۈچۈن»لەرنى ئېيتىپ، بىردەمدىلا نەچچە بوتۇلكا بىكار بولدى.
ھاراق بوتۇلكىدا جىم تۇرغان بىلەن قورساقتا جىم تۇرمايدىكەن. بىردەمدىلا ئۇلار چاقچاقلا چۈشتى، ئالتاغىل ناخشا توۋلاشتى، ئاندىن تاپىنى قىزىپ، ئۆيمۇ تار بىلىنمەستىن بىردەم ئۇسسۇل ئويناپ، بىردەم تانسىغا چۈشۈشتى. بۇلارنىڭ خۇشاللىقى، كەيپىياتى كۆككە كۆتۈرۈلگەندى. بىرەيلەن سورىدى:
— زۆھرە، دۇتار - پۇتار باردۇ، بۇ ئارتىسنىڭ ئۆيى بولغاندىكىن.
— بولمامدىكىن، تازا پەيزى دۇتار بار، — دەپ زۆھرە ناھايىتى چىرايلىق نەقىشلەنگەن دۇتارنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا دۇتارنى راۋۇرۇس چېلىپ، ناخشا ئېيتىدىغان خۇشخۇي بىر ساۋاقدىشى بار ئىدى، ئۇ دۇتارنى سازلاپ بولۇپ بولدەك سايرىتىۋەتتى - دە، ناخشىنى باشلىدى:

ئېگىز - ئېگىز تاغ باشىدا چىراغ كۆيەدۇ،
چىراغ ئەمەس يارنىڭ ئوتى يۈرەك كۆيەدۇ.
ئېگىز تاغقا چىقماڭ يارىم كۆرۈشتى دەيدۇ،
تال چىۋىقنى ئەگمەڭ يارىم سۆيۈشتى دەيدۇ.
ئېگىز تاغقا چىققان بىلەن كۆرۈشەلەمدۇ؟
تال چىۋىقنى ئەگكەن بىلەن سۆيۈشەلەمدۇ؟

— قىينى، قىينى، قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن، يەنە بىر، يەنە بىرنى، — دەپ توۋلاشتى ساۋاقداشلار.

ئۇ يەنە ناخشا باشلىدى:

چوڭ يولدىن ئۆتۈپ كەتتى
ماشىنىسىنى توختاتماي.
ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەرمۇ؟
سېنى ھېچكىمگە ئوخشاتماي.

ئالماس ئالدىدا تۇرغان بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپلا، خۇددى سۇ ئىچكەندەك يۇز گىرامدىن كۆپ ھاراقنى بىر تىنىقتا ئىچىۋېتىپ، دېرىزىدىن سىرتقا ئېتىۋەتتى. بوتۇلكىنىڭ سۇنغان ئاۋازى كېچىدە ئەكس سادا ياڭراتتى. ئۇ بىردىنلا قاتتىق يىغلاپ كەتتى، ئارقىدىن تۇسۇشلارغىمۇ قارىماستىن سىرتقا قاراپ ماڭدى...

بۇلدۇقلاپ قايناۋاتقان سۇغا بىر چۆمۈچ سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك سورۇننىڭ كەيپىياتى بىردىنلا ئۇچتى، مېھمانلارمۇ بىر - بىرلەپ تارقاشتى.

زۆھرە مېھمانلارنى ئۇزىتىۋېتىپ، ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئەخلەت تۆككىلى چىقىپ بىر تۈپ قارىياغاچنىڭ تۈۋىدە بىرىنىڭ ئولتۇرغىنىنى كۆردى - دە، ئىتتىك بېرىپ قارىدى. ئالماس قارىياغاچقا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، خېلى ئېغىر مەست بولۇپ قالغانىدى. زۆھرە ئۇنى يۆلەپ ئۆيىگە ئەكىردى. بۈگۈن ئۇ يالغۇز، ئېرى بىرنەچچە ئايلىق خىزمەتكە كەتكەن، ئوغلىنى ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۈگۈن دەل نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ پەيتى ئىدى...

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئويغانغان ئالماس زۆھرەنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتمەيلا ئۆيدىن «غىپپىدە» چىقىپ كەتتى. ئۇ بىر تۇرۇپ بۇ ئىشقا پۇشايمان قىلسا، بىر تۇرۇپ خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ئادەم يوق، دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى. بىراق،

بۇ ئىشنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلىمىدى.

ياز ئايلىرى شۇنچە تېز ئۆتۈپ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈشكە، ھاۋا سوۋۇشقا باشلىدى.

بىر كۈنى ئالماس ئىشخانىسىدا ئىشلەپ ئولتۇراتتى، تۇساتتىن زۆھرە كىرىپ كەلدى. ئۇ يەنە شۇنداق چىرايلىق كىيىنگەن، تېخىمۇ جازىبىدار كۆرۈنەتتى. ئۇ سىلىق ـ سىپايىلىك بىلەن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە:

— تىنچلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تىنچلىق، ئىشلەپ كېتىۋاتىمەن، ئۆزىڭىزچۇ؟

— مەنمۇ ياخشى، خېلى بولدى كۆرۈشمىدۇق، سىزنى قانداقراق تۇرىدىكىن دەپ كېلىشىم.

— رەھمەت، ئالدىراشچىلىقتا سىزنى يوقلاپ بارالمىدىم.

— شۇنداقتۇ دەپ ئويلىدىم، شۇڭا سىزنى ئۆزۈم ئىزدەپ كەلدىم، سىزگە بىر خەۋەر ئېيتىمەن تېخى.

— نېمە خەۋەر، زۇلفىيەدىن بىرەر خەۋەر ئاڭلىغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى ئالماس ھاياجانلىنىپ.

زۆھرەنىڭ چىرايى بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ ئەسلىگە كەلدى.

— زۆھرە، نېمە خەۋەر، تېز ئېيتىڭە، — دېدى ئۇ سەل جىددىيلىشىپ.

— نېمە بولاتتى، ئېرىم بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىم.

— نېمە دەپ؟

— سىزنى دەپ.

— مېنى دەپ؟ — ئالماس ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

زۆھرە ئۆز ئىرادىسى بويىچە مۇھەببەت ئۈستىدىن غالىب كەلمەكچىدى.

— بىلمەسلىككە سالماڭ، ئالماس، يۈرىكىمدە سىز ۋە سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزدىن باشقا نەرسە يوق، سىزنى بۇرۇنلا

سۆيەتتىم، سىزگە كۆيگەن ئوت زادىلا پەسلەپ قالغىنى يوق...
— بىز ياش، گۆدەك ئەمەس، زۆھرە، نېمە ئۈچۈن بىر ئوبدان ئۆيىڭىزنى بۇزىسىز؟ بالىڭىزنى يېتىم قىلىسىز؟
— توۋا، سىز بۇ ئىشىمدىن خۇشال بولماقتا يوق، تېخى...
— نېمىشقا خۇش بولغۇدەكمەن، زۆھرە، مېنىڭ سەۋەبىمدىن بۇزۇلغان ئائىلە، يېتىم بولغان پەرزەنت ئۈچۈن خۇش بولۇشۇم كېرەكمۇ؟
— بالا يېتىم بولمايدۇ، ئىككىمىز بىللە باقىمىز.
— مېنىڭ خوتۇنۇم، پەرزەنتىم بار، بۇنى سىزمۇ بىلىسىزغۇ؟
— چېگرا تاقالدى، ئۇ تەرەپتىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزۈڭ، مېنىڭ سىزگە يارىمىغۇدەك نەرىم بار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بويۇمدا قاپتۇ.
— نېمە دەيسىز؟
ئالماسنىڭ تىلى بىردىنلا تۇتۇلدى.
ھېلىقى كۈندىكى ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشى بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن زۆھرەنىڭ ئېرى قايتىپ كەلگەنىدى. دەل شۇ كۈنى زۆھرە مىجەزى يوق ئاغرىپ يېتىپ قالغانىدى، ئېرى كېلىپلا ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. دوختۇر زۆھرەنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:
— مۇبارەك بولسۇن، ئايالىڭىز ئېغىر ئاياغ بوپتۇ، — دېدى.
ئېرى چاندۇرماستىن دوختۇرغا رەھمەت ئېيتىپ زۆھرەنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كەلدى ـ دە، تاماكىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ چېكىپ، غاچچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. كەچقۇرۇن ئۇ سەل ـ پەل قىزىۋېلىپ ئۆيگە كىردى ـ دە:
— زۆھرە، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىش قارارىغا كەلدىم، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگۈممۇ، سورىغۇممۇ يوق. ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماي دېدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە

بۇنداق ئىشلارنى خەققە ئېيتىپ، شەنىمىزگە داغ چۈشۈرگۈم يوق. سىز مېنىڭ، ھېچبولمىغاندا ئوغلىمىزنىڭ يۈزىنى قىلماپسىز، ئەمدى سوتنىڭ ئاجراشتۇرۇش خېتىنى كۈتۈڭ. ئوغلۇمنى ئەتىلا ئانامنىڭ قېشىغا ئەۋەتىۋېتىمەن، — دەپ ئىشىكنى زەرب بىلەن يېپىپ چىقىپ كەتكەنىدى. زۆھرەنىڭ بۇ گەپلەرنى ئالماسقا دېگۈسى كەلمىدى.

— ئەگەر بۇ ئىشتا سەللا بىخەستەلىك قىلساق، — دېدى زۆھرە ئازابلىق بىر تۇستە، — ئابرۇيىمىزغا، خىزمىتىمىزگە تەسىر يېتىدۇ. يېپىق قازان يېپىق پېتى قالسۇن، بىزگە باشقا يول يوق. مەن سىزنى دەپ بۇ ئىشنى قىلدىم. ئەگەر سىز ماڭا ئىچ ئاغرىتمىسىڭىز، مېنىڭ ئۇۋالىمغا قالىسىز، ئۇرۇق - تۇغقان، خىزمەتداشلىرىم، دوستلىرىم ئالدىدا يۈزۈم تۆكۈلىدۇ. ئەگەر زادىلا كارىم يوق دېسىڭىز، مەن بۈگۈنلا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈشكە رازىمەن، — دېگىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— زۆھرە، سىزگە بەكمۇ ھېسداشلىق قىلغۇم بار. بىراق مېنىڭ خوتۇنۇم، بالام بار تۇرۇقلۇق يەنە قانداق توي قىلالايمەن، بۇنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ — دېدى ئالماس خىجىللىق تارتىپ.

زۆھرە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالماسقا قارىدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرىگۇ راست، بىراق ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن بالىسى قېنى؟ توغرا، زۇلفىيە چېگرا سىرتىدا، ئۇ خالىغاندا كىرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشلار قاچان بىر تەرەپ بولىدۇ؟ ئاڭغىچە بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۇستىلىق بىلەن ئۆتۈۋېلىش كېرەك - دە.

— بىزگە باشقا يول يوق، — دېدى زۆھرە قەتئىي قىلىپ، — مەن يۈرىكىمدىكى چوغدەك مۇھەببىتىم، ئىللىق ئائىلە بىلەن سىزنىڭ قەلب يارىڭىزغا مەلھەم بولالايمەن. سىز بەربىر مۇھەببەتكە، مېھرىبانلىققا موھتاج، مانا مەن ئالدىڭىزدا تۇرۇۋېتىمەن.

زۆھرە ئېغىر سوكۇتتە ئولتۇرغان ئالماسقا قارىدى. ئالماس ئەمدى بۇ ئىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىشقا باشلىدى. توغرا، ئۇ دېگەن ئەر كىشى، بۇنداق ئىشقا دۇچار بولغاندا ئوغۇل بالىچىلىق قىلىشى، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. بولمىسا زۆھرەنىڭ تۇرمۇشى، ئابرۇيى، جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتى بىراقلا تۆكۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈۋالىغا قېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئاخىر ئۇ كاللىسىدا ئېغىر كۈرەشلەرنى قىلىپ، گۇناھنى بەكرەك ئۆزىگە قويىدى ـ دە، زۆھرەنى خىجىلچىلىقتىن قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىش نىيىتىگە كەلدى.

ئىككى ئايدىن كېيىن ئىككىيلەن بىرقانچە دوستىنى چاقىرىپ ئاددىيلا توي قىلىۋالدى، ئالماسنىڭ ياتىقىنى ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ئاش ـ تاماقنى كارىدوردا ئېتىپ، تارغىنا بىر ئېغىز ئۆيدە ياشىغان بولسىمۇ، زۆھرە بۇ تۇرمۇشتىن ئىنتايىن خۇشال ئىدى.

## 38

زۇلفىيە خېلى بۇرۇنلا ئورۇنغا كىرىپ ياتقان بولسىمۇ يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىيالمىدى. تاڭ سەھەردە كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى ـ دە، ئاجايىپ بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە موتورلۇق قېيىق بىلەن دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرەرمىش، خۇشاللىقىدىن ناخشا ئېيتارمىش، قاقاقلاپ كۈلەرمىش. ئۇ شۇنداق شادلىق ئىچىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندا، ئالماس قىرغاقتا ئۇنىڭغا قول پۇلاڭلىتىپ تۇرارمىش، ئالماسنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن: «ئالماس! تېز كېلىڭ» دەپ ۋارقىرىغىنىچە قىرغاققا قاراپ تېزلىك بىلەن كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز يېنىدىلا يەنە بىر موتورلۇق قېيىق پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭدا زۆھرە ئۆزىگە قاراپ قاپقىنى تۈرگىنىچە قوغلاپ

www.uygurkitap.com

كېلىپ ئارام بەرمەيمىش، بىر ۋاقىتتا قېيىقمۇ، زۆھرەمۇ كۆرۈنمەيمىش. زۇلفىيە ئەمدىلا قىرغاقىقا يېتەي دەپ قالغاندا، زۆھرە قېيىقنى شۇنداق تېز ھەيدەپ كېلىپ، زۇلفىيەنىڭ قېيىقىنى سوقۇپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇمىش. زۇلفىيە سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقۇدەكمىش...

— قۇتۇلدۇرۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىغان زۇلفىيە چىپ - چىپ تەرلەپ ئويغىنىپ كەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلىپ ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئۇ ئويلىنىپ قالدى، نېمە بولۇپ زۆھرەنى چۈشەپ قالدۇ؟ يا ئۇنى ئويلىمىسا، ئالماسچۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ چۈش بىر تېپىشماق بولدى. ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە بۇ چۈشنى خىيالىدىن نېرى قىلالماي قىينالدى، بىر ۋەھىمە ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن ئىسكەنجىگە ئالدى.

زۇلفىيە يەنە ئالماسقا ئۇزۇلدۇرمەي خەت يېزىشنى داۋاملاشتۇردى.

*قەدىرلىكىم ئالماس، سىز بۇ دۇنيادا بارمۇ؟ ئەگەر بولسىڭىز نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ خەتلىرىمگە جاۋاب خەت يازمايسىز. مېنىڭ يۈچىلانغان قەلبىمگە، غەمكىن تۇرمۇشۇمغا مەلھەم بولغۇدەك خەت يازسىڭىز قانچە خۇش بولۇپ كېتەتتىم. مانا جۇرئەتمۇ سىزنى كۆرمەي چوڭ بولۇۋاتىدۇ. مەن سىزنى كۈتۈۋاتىمەن، كۈتكەندىمۇ ئىنتىزارلىق، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈۋاتىمەن. بۇ پەقەت كۈتۈشلا ئەمەس، بەلكى ئالتۇنغا بەرگۈسىز ياشلىقىم، ئەڭ گۈزەل چاغلىرىم، مۇھەببەتكە تولغان، مۇھەببەتكە تەشنا ھاياتىم ئاققان سۇدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. بىلەمسىز، ياشلىق نەقەدەر گۈزەل، نەقەدەر جۇشقۇن، قۇياشتەك نۇرانە چاغلار ئەمەسمۇ؟! ... كۈتۈۋاتىمەن، بۇ كۈتۈش ئارىسىغا قەلب سىرلىرىم، ھېسسىياتلىرىم، كۆز ياشلىرىم سىڭىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن بارلىقىمنى، پاكلىقىمنى*

سىزگە ئاتاپ، سىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتىمەن. مەن ئىشىنىمەن، كۈتكەنلىرىم ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ، ھامان بىر كۈنى سىزنى تاپىمەن، يىغلاپ تۇرۇپ باغرىڭىزغا ئۆزۈمنى ئاتىمەن، ئېتىكىڭىزگە باش قويىمەن. بىراق، يەنە قانچىلىك كۈتەرمەن ـ ھە؟ چاچلىرىم كۈمۈشتەك ئاقىرىپ، يۈزلىرىمنى يول ـ يول قورۇق باسقاندا كۆرۈشەرمىزمۇ؟ سىزنى ئاشۇ ياشلىقتەك گۈزەل باھار پەسلىدە كۆرەرمەنمۇ ياكى تاۋلانغان مۇھەببەت كەبى، ئوتتەك قىزىرىغان لەۋلەر كەبى يازدا كۆرەرمەنمۇ؟ ياكى پۈتۈن ئەتراپقا سېرىق يوپۇرماقلار پايانداز سالغان سېخىي كۈزدە كۆرەرمەنمۇ؟ سىزنى شۇنچىلىك سېغىندىمكى، شۇ تاپتا مەن بىر قەلەندەر ئاشىق، دەردمەن بىچارە...

ھاياتىنىڭ بۇ قىسمەتلىرى نېمىشقا مېنىڭ بېشىمغا كەلدى؟ ھىجرانلىق يىللار نېمىشقا مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلدى؟ مەن بۇلارغا جاۋاب تېپىشقا ئاجىزمەن. بىلەمسىز قەدىرلىكىم، سىز مېنىڭ بەخت يۇلتۇزۇم ئىدىڭىز، مۇھەببەتلىك يۈرىكىمنىڭ بىر پارچىسى ئىدىڭىز، مەن سىزدىن ئايرىلغاندىن بېرى ئەنە شۇ يۈرىكىمنىڭ بىر پارچىسى يوق بىتاپ يۈرىمەن. سىزدىنمۇ بەك ئەنسىرەۋاتىمەن، ئەگەر ساقسىز بولۇپ قالسىڭىز يېنىڭىزدا بولۇشۇم، سىزنى كۈتۈشۈم كېرەك ئىدىغۇ؟ قانداقلا بولسۇن خەت ـ خەۋەر بېرىڭ، ھەتتا ئەڭ يامان خەۋەر بولسىمۇ مەن جۈرئەت قىلىپ ئاڭلاشنى خالايمەن.

قەدىرلىكىم، تاڭمۇ سوزۇلۇپ قاپتۇ، ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق يېزىشقا قۇربىم يەتمەيدۇ. مانا ياشلىرىم تاراملاپ ئېقىۋاتىدۇ، خەتلىرىم ئۈستىگە يامغۇردەك چۈشۈۋاتىدۇ، ئېقىۋاتىدۇ. خەير، كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭ.

ۋاپادار رەپىقىڭىز: زۇلفىيە

زۇلفىيە بۈگۈن دەم ئالغان بولغاچقا تاماقنا بالدۇرلا تەييارلىق قىلدى، تېخى چۈش بولماستىنلا ئاپىسى رەيھان ئۆيگە ناھايىتى روھسىز قايتىپ كەلدى. ئۇ ئالدىراپ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى يۆلەپ دېگۈدەك ئۆيگە ئەكىردى ـ دە، دىۋانغا ئولتۇرغۇزدى، بىر پىيالە چاي بەرگەندىن كېيىن:

— ئاپا، نېمە بولدۇڭ؟ ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئاپىسى بىرھازا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇ يىغلىۋېتىشتىن ئارانلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— قىزىم، ئاغرىپ قالسامغۇ دورىسى بار ئىدى، بىراق ئويلىمىغانلا بىر ئىش بولۇپ قالدى، بۈگۈن رەھبەرلىك مېنى چاقىرىپ ئىشتىن توختاڭ دېدى، — دېدى رەيھان ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— بىلمىدىم، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتمىدى، پەقەت ئېيىغا ئەللىك رۇبلى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئاپا، نېمە غەم قىلىمىز، جۇرئەتنى ئۆيدە باقايلى، مېنىڭ مائاشىم بىلەن ئۆتۈپ تۇرارمىز. ئۆيىمىز، كىيىم - كېچەكىمىز بارغۇ، ئەللىك رۇبلىغا نۇرغۇن يېمەكلىك كېلىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— باشقا كەلسە باتۇر دەپتىكەن قىزىم، نېمە ئىلاجىمىز بار، بۇرۇنقى مائاشىمنىڭ يېرىمى دېگىنە. بولمىسا قورۇدىكى تونۇرغا كۈندە ئىككى تونۇر نان يېقىپ ساتاي، ئۇمۇ ئازراق پايدا قىلار.

— ياق، ئاپا، سەن ھازىر ياش ئەمەس، ئەمدى ئۇنداق ئېغىر ئىش قىلساڭ بولمايدۇ، بىز ئاچ - يالىڭاچ قالمىغاندىكىن نېمىگە ئالدىرايمىز. سەن دائىم ئېيتقاندەك، دەرەخنىڭ ئۇچىدىن

يول چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، قېنى مۇۋاپىقراق بىرەر ئىش ئەقلىمگە كېلىپ قالار.

— راست دەيسەن، قىزىم، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن كونىلار، كىم ئاچ قالىدۇ دەيسەن، تىنچلىق، خاتىرجەملىك ھەممىدىن ئەلا. يەنىلا سەن ئەقىللىق جۇمۇ، — دېدى زۇلفىيەگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ.

— كىم مېنى سېنىڭ قىزىڭ بولسۇن دەپتۇ، ئاپا. مەن سېنى ئەينەن دورىيالمىساممۇ، بىراق سېنىڭدىكى ئاجايىپ بىر سېھرىي كۈچ مېنى ياشىنىتىدۇ. سەن دېگەن ئاجايىپ قابىلىيەتلىك، جەسۇر ئايال جۇمۇ، سېنىڭدىن پەخىرلىنىمەن، ئۆز ۋاقتىدا زاۋۇتمۇ سەن بىلەن پەخىرلەنگەن، سەن بىلەن يۈز تاپقان، بەربىر ئاخىر كېلىدىغان جايىمىز مۇشۇ ئۆيغۇ، بوپتۇ، سېنىڭمۇ ئوبدان ئارام ئالىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالغانىدى.

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن تاغدىن ـ باغدىن سۆزلىشىپ، ئۆز كۆڭلىنى ئۆزلىرى خۇش ئېتىشتى. ئەنە شۇ چاغدا زۇلفىيە كېچە كۆرگەن چۈشىنى ئاپىسىغا ئېيتىپ بەردى.

رەيھان قىزىنىڭ سەھەردە كۆرگەن چۈشىنى ئاڭلاپ، قوشۇمىلىرى سەل تۈرۈلدى، لەۋلىرى پىمىرلىدى:

— ئۇنىڭ بىلەن قانداقراق ئۆتەتتىڭ، مامۇتقارىكامنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغان ھېلىقى ئاق يۈزلۈك، قوڭۇر چاچ، ئېگىز بوي دوستۇڭ شۇمۇ؟

— ئېسىڭدە بار ئىكەن، ئاپا، ئاشۇ قىز شۇ، خېلى ئوبدان ئۆتەتتۇق.

— يامان چۈش كۆرۈپسەن، — دېدى رەيھان، — ئۇ بەلكىم ساڭا دوست ئەمەستۇ، بۇ چۈش ياخشىلىقتىن بېشارەت ئەمەس. بىراق، كۆپ ئويلاپ كەتمىگىن، چۈش دېگەن بەربىر چۈش، ئۇ رېئاللىق ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سېنىڭ يېنىڭدا بولمىغاندىكىن ساڭا زىيانكەشلىك قىلالماس، — دېدى ـ يۇ،

ئىچىدە «بەلكى ئالماسنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەربىر كەت قىلىشۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن زۆلفىيە ئۆيگە خۇشال يۈگۈرۈپ كىردى.

— ئاپا، موسكۋادىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىم تېلېفون قىلدى، ئۇنىڭ دېيىشىچە، موسكۋاغا ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل ئەۋەتسەك پايدىسى كۆپ بولارمىش. مەن بىر قارارغا كەلسەم، ئۇ ماڭا موسكۋادىن خېرىدار تېپىپ بېرىدىغان بولدى.

— ياخشى گەپكەن بۇ، بىراق بازاردىن سېتىۋېلىپ ئەۋەتسەك ھېچقانچە پايدىسى چىقمايدۇ ـ دە.

— دېگەنلىرىڭ توغرا، ئاپا، راست، بىر ئىش خىيالىمغا كەلدى، بىزنىڭ قورۇدىمۇ بىكار يەر بارغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆن بەك ئوبدان چۈشىدۇ، قورۇغا پارنىك قىلساق، قانداق؟

— ھەي قىز، يەنىلا سەن ئەقىللىق جۇمۇ، شۇنداق قىلايلى، تاشكەنت دېگەن بىر جەننەتقۇ، بۇ يەردىكى گۈللەر موسكۋادا بازار تاپىدۇ، ئۇنداق بولسا ئىشنى قاچان باشلايمىز.

— ئاۋۋال پارنىك ياساش ئۈستىسى تاپاي. بۇ يىل كۈزدە تەشتەكلەرگە گۈل تېرىپ، سەل چوڭ بولغاندا كۆچەتنى ساتساقمۇ پۇل بولىدۇ.

— ئوبدان بولىدى، قىزىم، خۇدايىم بۇيرۇسا ئىككى قولىمىزغا تايىنىپ گۈلدەك ياشايمىز.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پارنىك ياساپ گۈلچىلىك كەسپىنىمۇ يولغا سېلىۋالدى. زۆلفىيە گۈلنى ئۇدۇللۇق ئايروپىلاندىن موسكۋاغا ئەۋەتىپ تۇردى، جاپاغا تۇشلۇق پايدىسىمۇ كۆپ بولدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن گۈلچىلىك قىلىپ كۈنلىرى شۇنداق ئالدىراشچىلىق ۋە ھېرىپ ـ چارچاشتا ئۆتسىمۇ ئىرگە خەت يېزىشنى ئۇزۇپ قويمىدى.

قەدىرلىكىم ئالماس، سىزنى بەك سېغىندىم، بەك كۆرگۈم كەلدى. سىزگە بىر خەۋەرنى ئېيتاي، بۈگۈن ئوغلىمىز جۇرئەت مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى، ئۇ مەكتەپكە كىرگىنىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى، بىراق مەكتەپتىن قايتقۇچە باشقا بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە قايتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى يېرىم بولغان چېغى، بىردىنلا ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ «دادام قېنى؟» دەپ سورىشىدىن قورقىمەن، بىراق بەرىبىر سورىماي قالمايدۇ. زادى سىز قەيەردە؟ ئوغلىڭىزنى، مېنى كۆرگۈڭىز يوقمۇ؟ جۇرئەت ئۈچۈن بولسىمۇ خەت يېزىڭ.

سىزنى سېغىنىپ: رەپىقىڭىز زۇلفىيە

قەدىرلىكىم ئالماس، ئايلار، يىللار بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ئۆتۈۋاتىدۇ، ئەگەر مەن دېڭىزدىن يىڭنە چاغلىق نەرسە ئىزدىگەن بولسامۇ تاپاتتىم، بىراق ئەزىز ۋەتىنىمىزدىن سىزنى تاپالمايۋاتىمەن. جۇرئەتنىڭ بويى شۇنداق تېز ئۆسۈپ كەتتىكى، بىلسەم سىزدىنمۇ ئېگىز بولۇپ كەتتى. بۇ يىل ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىدۇ. ئۇ بەرىبىر مەن قورققان، دېيىشكە ئامالسىز قالغان سوئالنى سورىدى. ئۇنىڭغا، داداڭ سىرتتا ئىشلەيدۇ، دېسەم، ئەجەبا، مېنىڭ دادام بارسا كەلمەيدىغان خىزمەتكە كەتكەنمۇ، دەپ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويدى.

ئۇ سىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭىزدىن گۇمان قىلىۋىدى، سۈرىتىڭىزنى كۆرسەتسەم تازا دىققەت بىلەن قاراپ، مەن ئوخشايدىكەنمەن، دېدى. ئايام ئىككىمىز ئۇنىڭغا بارلىق مېھرىمىزنى بەرگەن بولساقمۇ، ئاتا مېھرىنى بېرەلمىدۇق، ئاتىنىڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى، ئاتىنىڭ ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، پەرزەنتلەرنىڭ يۆلەنچۈكى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەلمەيۋاتىمىز. ئۇنىڭ كۆڭلىدە نۇرغۇن سوئاللار بولسىمۇ، مېنى ئاياپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزنى يۇتۇۋېتىدۇ ـ دە، بېشىنى

www.uyghurkitap.com

*سېغىنىپ، مەن بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ.*

*ئالماس، ھېلىمۇ ئوغلىمىز جۇرئەت بولۇپ قاپتىكەن، بولمىسا سىز يېنىمدا بولمىغان بۇ كۈنلەرنى قانداقمۇ ئۆتكۈزەر بولغىيدىم؟*

*مەن سىزنى سۆيىمەن، سىزنى كۈتىمەن، سىزنى ئاخىر تاپماي قويمايمەن.*

*خەير ـ خوش ئامرىقىم، سالامەت بولۇڭ.*

*سىزنى چىڭ قۇچاقلاپ، سۆيۈپ رەپىقىڭىز: زۇلفىيە*

ئايلار، يىللار ئارقا ـ ئارقىدىن ئىز قوغلاپ ئۆتمەۋەردى، ھاياتلىق بىر كۈنمۇ توختاپ قالغىنى يوق. ھەممە ئادەم تەرەپ ـ تەرەپكە چاپقاندەك، رەيھانمۇ كۈنبويى پارنىكتا مىدىرلاپ يۈرىدۇ، قوللىرىغا تىكەنلەر سانجىلغان، جىراپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنچىلىك ئىشلارنىڭ كارى چاغلىق دەپ ئويلايدۇ. ئۇنىڭ دەردى باشقا، ئويلايدىغىنى كۆپ. ئۇ ئالدى بىلەن ئىلگىرى بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە ئىچى ئاغرىيدۇ، ئۆزى كۆيگەن، سۆيۈپ تەگكەن ئېرى بىلەن ئاران تېپىشقاندا، خۇشاللىق كۈنلىرىنىڭ ئۇزاققا بارماي، ئېرىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن چۈشتەكلا غايىب بولغانلىقىنى ئويلىسىلا، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىدۇ. ئەمدىلىكتە بولسا قىزىنىڭ تەقدىرىنىڭمۇ ئۆزىنىڭكىدەك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. نېمە ئۈچۈن ئانىنىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرى قىزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە قايتا تەكرارلىنىدۇ؟

ئىنسانلاردىكى ھەر خىل كېسەللەرگۇ ئاتا ـ ئانىلىرىدىن ئىرسىيەت قالىدىكەن، بىراق تەقدىرمۇ ئىرسىيەت قالامدۇ؟ بۇ ئىشلارنى ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى زېدە بولىدۇ، ھەر قېتىم جۇرئەتكە قارىغىنىدا، «يېنىدا دادىسى بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە» دەپ ئويلىغىنىدا يۈرىكى تۇز سەپكەندەك ئېچىشىپ كېتىدۇ. ئۇ قىزى يوق چاغلاردا يالغۇز ئولتۇرۇپ تازا يىغلاپ دەردىنى چىقىرىۋالىدۇ، بىراق ئۇلار بار چاغدا قىزىغا،

نەۋرىسىگە خۇشاللىق بېغىشلايمەن دەپ پايپېتەك بولىدۇ. قىزىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆمرىگە ئېچىنىسىمۇ، يەنە ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىدۇ. دەرۋەقە، بۇ ئانىنىڭ دىلى، قەلبى شۇنچىلىك پاك، بىراق كۆڭلى زىمىستاندەك مۇزلاپ تۇرسىمۇ، چىرايىنى باھاردەك ئىللىق تۇتۇشقا تىرىشىدۇ...

ئۇ بۇگۈنمۇ پارىكتا ئىشلىگەچ، كونا خامانىنى سورۇپ، كونا خىياللارنى قىلىپ، بىردەم ئولتۇرۇپ راسا يىغلىدى. ئاھ تەڭرىم، ئۇنىڭ يېشىنى كىم سۈرتىدۇ؟ كىم تەسەللى بېرىدۇ؟

ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆز ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا ئېرتتى ـ دە، پارىكتىن چىقىپ قوللىرىنى يۇدى. قىزىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى.

## 39

ئالماس زۆھرە بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ناھايىتى ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ كەتتى. چۈنكى، مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن قىلغان بۇ توي ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. ئۇلار ئارىدا بولۇنغان سەتچىلىكنىڭ ئىس ـ بۇسىنى چىقارماي توي قىلىۋالغان بولسىمۇ، ئالماس زۇلفىيەنى بىر كۆنمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى، ئۇنىڭدىن جاۋاب خېتى كەلمىگەنچە شۇنچە تىتىلدايدىغان بولدى. ئۇ بەزىدە گويا زۇلفىيە ئۇنى ئۆيدە كۈتۈپ تۇرغاندەك شۇنداق تەقەززالىق بىلەن ئۆيگە باراتتى ـ يۇ، بىراق ئالدىغا چىقىدىغىنى، يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ كۈتۈۋالىدىغىنى يەنىلا زۆھرە بولاتتى.

زۆھرە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولسىمۇ، تۇرمۇشتا ئېپچىل، ئۆي تۇتۇشقا ماھىر، تاماق ئېتىشكە ئۇستا، ئۆزىگە گەپ كەلتۈرمەيدىغان، ئالماسنى كۈتۈشكە ھەرقاچان تەييار

تۇرىدىغان ئايال ئىدى. ئالماس چۈشتە ـ كەچتە ئۆيگە كەلگۈچە ئاپپاق داستىخان سېلىپ، تاماقنى ئېتىپ تەييار قىلاتتى. ئۇ دەۋرلەر ئانچە باياشات بولمىسىمۇ، يوقنى بار قىلىپ قىلچە ۋايسىمايتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئالماسمۇ بۇ تۇرمۇشقا ئاستا ـ ئاستا كۆنگىلى تۇردى. ئۇ بىر كۈنى بازاردىن ئۈچ مېتىر چىت رەخت سېتىۋېلىپ ئۆيگە كىردى ـ دە:

— زۆھرە، بازاردا مۇشۇ رەختنى ئاياللار تالىشىپ ئېلىۋېتىپتىكەن، مەنمۇ سىزگە ئالغاچ كەلدىم، — دەپ زۆھرەگە بەردى.

— ۋىيەي، بەك چىرايلىق رەخت ئىكەن، كۆڭلەك كىيسەم بولغۇدەك، — دەپ زۆھرە رەختنى ئۈستىگە ئارتىپ بېقىپ خۇش بولۇپ كەتتى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئالماس گۈللۈك چىتنى زۆھرەنىڭ ئۈچىسىدا كۆردى.

— قارىڭە، ئۆزۈم تىككەن كۆڭلىكىم يارىشىپتۇمۇ؟ — دېدى زۆھرە ئەركىلەپ تۇرۇپ.

— بەك يارىشىپتۇ، بىر چىرايلىق ئادەم ئىككى چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، — دېدى ئالماس.

زۆھرە ياسىنىشقا ئامراق، كىيىم ـ كېچەككە ئېتىبار بېرىدىغان بولغاچقا، چېچىنى ھەر خىل پاسوندا ياستاتتى. ئۇ:

— قاراڭ، چېچىم يارىشىپتۇمۇ؟ — دەپ سورىسا، ئالماس:

— بەك چىرايلىق بوپتۇ، — دەيتتى.

شۇ ۋەجىدىنمۇ زۆھرە ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلاتتى. ئالماس دائىم بىر خىل ئېغىر ـ بېسىق، سىلىق ـ سىپايە يۈرەتتى، ئالدىراپ بىرەر ئىشقا چېچىلمايتتى. گاھى زۆھرە ئۇنىڭدىن «كەشمۇ كۈلۈپ تۇرىدىغان ئېرىم» دەپ مەمنۇن بولغىنىچە كۈلۈپ كېتەتتى.

مانا ئۇلارنىڭ ئوغلى ئۇمىدمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. ئايلار،

يىللار ئۆتكەنسېرى زۆھرە ئالماسقا بەكرەك دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. گاھىدا ئالماسنىڭ مۈڭلىنىپ ئولتۇرۇشى، گەپ سورىسا ھاڭۋېقىپ قېلىشلىرىغا سەپسېلىپ قارىغانسېرى ئېرىنىڭ يۈرەك قېتىدىكى دەردىنى كۆرگەندەك بولاتتى. بىر كۈنى ئۇلار بىللە بازارغا چىققانىدى، تۇيۇقسىز ئالماس كىشىلەر توپىغا بويۇنداپ قاراپ تۇرۇپ قالدى، زۆھرەمۇ قارىۋىدى، قارىماققا بوي - بەستى، چىرايى زۇلفىيەگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئايال كېلىۋاتاتتى. ئالماس ئۇ ئايال يېقىنلاپ كەلگەندىلا بىردىنلا ئېسىگە كەلدى. زۆھرە بىلىندۈرمەستىن لېۋىنى چىشلىدى.

راست، بۇنداق ئىشلار نۇرغۇن قېتىم تەكرارلاندى. ئۇ كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك شۇنداق چىرايلىق خوتۇنى يېنىدا بولسىمۇ، ئۆزگە نېمىدۇر يېتىشمىگەندەك، نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك قىلاتتى. بۇنى پەقەت ئۆزىلا بىلەتتى. ئۇ بولسىمۇ تۇنجى مۇھەببەت، تۇنجى سۆيگۈ، كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگەن، يۈرەك تارىنى چەككەن، نى - نى يىگىتلەرنى تاشلاپ ئۆزىگە مۇھەببەت بېغىشلىغان ئاشۇ نازىنىن قىز زۇلفىيە ئىدى. ئۇ گاھى كۈنلىرى ئۇن - تىنسىز يېتىپ زۇلفىيە بىلەن خىيالىدا مۇڭدىشاتتى، ھال - مۇڭ بولاتتى.

ئالماس بىر كۈنى كۈتۈپخانىدا ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى... بىر كۈن ئۆتسە، ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈك ئۆمرى قىسقىرايدۇ، بىر كۈن - بىر كۈندىن ئۆتۈپ ئاخىر ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ تاماملىنىدۇ. مەنمۇ شۇنداق ياشاپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتىمەن. ياق! مەن ئۆمرۈمنى قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئۆتكۈزمەيمەن، تىرىشىپ بىلىم ئالىمەن، ئەۋلادلار ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن، مىللەت ۋە دۆلەت ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە زۇلفىيەنى تاپىمەن، ئوغلۇمنى تاپىمەن. ئىككى ئوغلۇمغا تەڭ ئاتىلىق مېھرىمنى بېرىمەن، ئىككى ئوغلۇم مېنىڭ ئىككى قانىتىم. مەيلى قانچىلىك رىيازەت

چېكەي، جاپا تارتاي، كەلگۈسىدىكى خۇشاللىق كۈنلىرىم ئۈچۈن ياخشى ياشىشىم، نەتىجە قازىنىشىم كېرەك. زۇلفىيە، سۆيگەن مەشۇقۇم، مەن سىزنى يۈرىكىمنىڭ قېتىدا ساقلاۋاتىمەن. ئوغلۇمنىڭ، سىزنىڭ، ئاپامنىڭ ئالدىدا خىجالەتمەن. چۈنكى، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلالمىدىم...

ئالماسنىڭ يۈرىكى تۇيۇقسىز شىددەت بىلەن سوقۇپ كەتتى. چىرايى ساماندەك سارغىيىپ، چېكىسىدىن مونچاق - مونچاق تەر تەپچىرىدى، هالسىزلىنىپ بېشىنى ئۈستەلگە قويدى.

— مۇئەللىم، مۇئەللىم، نېمە بولدىڭىز؟

كۇتۇپخانىنىڭ ياش خىزمەتچىسى ئۇنىڭ يېنىدا پەرۋانە بولۇپ كەتتى، بىراق ئالماسنىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگۈدەك مادارى يوق، «هېچ ئىش يوق» دېگەندەك ئىشارەت قىلىپ جىم يېتىۋالدى. خىزمەتچى قىز بىر ئىستاكان قايناق سۇ ئەكېلىپ ئۇنىڭغا ئىچۈردى.

ئۇ ئېغىر تىندى - دە، «رەھمەت» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. ئۇنىڭ پۇت - قولىدا مىسقالچە ماغدۇر يوق، دەلدۈگۈنۈپ مېڭىپ باغچىغا چىقىپ ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى، بىراق يەنە شۇ خىياللاردىن نېرى بولالمىدى. شۇ تاپتا ئادەمزات ئايىغى تەگمىگەن، ئىنس - جىن يوق جاڭگالغا ياكى يىراق سەھراغا كېتىپ، توپىلىق يەردە دومىلاپ، چەكسىز زېمىننى قۇچاقلاپ يېتىپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ يىغلىغۇسى كەلدى...

— ۋېيەي، سىز بۇ يەردىكەنسىزغۇ؟ — زۆھرەنىڭ ئاۋازى ئۇنى ئېغىر خىيالدىن تارتىپ چىقتى، — تاماق ئېتىپ ساقلاپ، ئاخىر بولماي سىزنى يەنە شۇ كۇتۇپخانىدىمىكىن دەپ ئىزدەپ كېلىشىم.

ئالماس ناھايىتى كۈچىنىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، زۆھرەنى ئالدىغا سېلىپ ئۆزى كەينىدىن ماڭدى. ئۆيگە

كىرگەندىن كېيىن ئىككىيلەن ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتى.

ـــ نېمە بولدىڭىز؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى زۆھرە ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

ـــ ھەئە، بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، ـــ ئالماس شۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى.

زۆھرە ئالماس بىلەن توي قىلساملا مۇرادىمغا يېتىمەن، ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدۇ، چۇنكى ئۇمۇ مۇھەببەتكە، ئىللىق ئائىلىگە موھتاج، دەپ ئويلىغانىدى. ئالماسمۇ باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىڭغا بىر خىل پوزىتسىيەدە بولدى، ئۇنى ھۆرمەتلىدى، كۆڭلىنى ئاغرىتمىدى، رەنجىتمىدى، بىرەر قېتىممۇ ئەيىبلىمىدى. شۇڭا، ئۇ ئالماستىن رازى ئىدى. ئەمدى تونۇپ يەتتىكى، ئىككىيلەن مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىكى ئەر ـ خوتۇنلاردىن ئىدى. ئۇ تۇرۇپلا نېمىشقا ئۇنى تالاشتىم، ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالدىم، دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى ـ يۇ، ئارقىدىنلا، مەن بىلەن توي قىلمىسىمۇ بەربىر باشقا بىرى بىلەن توي قىلاتتى، دەپ ئۆزىگە تەسەللى تاپتى.

ئۇ ئورنىغا كىرىپ ياتتى، راستىنى ئېيتقاندا، ئېرى بىلەن مۇڭداشقۇسى بار ئىدى، بىراق ئېرى چىراغنى تېزلا ئۆچۈرۈۋەتتى ـ دە:

ـــ خەيرلىك كەچ، ياخشى چۈش كۆرۈڭ، ـــ دەپلا ئۇستەل ئالدىغا بېرىپ، ئۇستەل چىرىغىنى ياندۇردى.

يېرىم كېچە، ئۇستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ئىشلەپ ئولتۇرغان ئالماس تازا بىر كېرىلىۋېلىپ، يەنە قەلەمنى قولىغا ئالدى.

ـــ تاڭ ئاتاي دېدى، تېخىچە ئىشلەۋاتامسىز؟ ئۇخلىسىڭىز بولمامدۇ؟ ـــ دېدى زۆھرە ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

ـــ سىز ئۇخلاۋېرىڭ.

ـــ مەنغۇ ئۇخلاۋاتىمەن، ئەجەب جېنىڭىزغا ئىچىڭىز

ئاغرىمايدىكەن، نېمە قىلىسىز ئۇنچە جاپا تارتىپ.
— جېنىمغا ئىچىم ئاغرىغاچقا شۇنداق ئىشلەۋاتىمەن. جاھان بۇنداق تۇرىۋەرمەيدۇ، ئەتە - ئۆگۈن ياخشى ۋەزىيەت كېلىدۇ، شۇنىڭغا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن. كېيىنچە ئالىي مەكتەپلەردە رۇسچە، ئىنگلىزچە ۋە باشقا تىللارنى ئۆگىنىش دولقۇنى بولىدۇ. شۇڭا، رۇسچە دەرسلىك تۈزۈۋاتىمەن.
— تېخى ئۇنىڭغا تويماپسىز - دە، ئۇنىڭ دەردىنى ئاز تارتقاندەك، «يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەن شۇ - دە.
— ھازىر جاپا تارتسامىمۇ، كەلگۈسىدە راھەتتى بولىدۇ.
— ۋايجان، كەلگۈسىنى كىم كۆرۈپتۇ، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولامدۇ. «كېيىنكى قۇيرۇقتىن ھازىرقى ئۆپكە ئەلا»، كېچىچە قەغەزگە پېتىپ ئولتۇرسىڭىز، جېنىڭىزنىڭ ئۆپرىغىنى ئۆپرىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئۆيدە كىتىرلاپ ئىشلىسىڭىز ئادەم ئۇخلىيالمايدىكەن، — دېدى - دە، باتناپ يوتقانىنى يۈزىگە ياپتى.
ئالماس قەلەمنى تاشلاپ چىراغنى ئۆچۈرۈپ يوتقانغا كىرىپ ياتتى، بىراق زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى، زۆھرەنىڭمۇ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ھەر ئىككىسى ئۆز خىياللىرى بىلەن تەتۈر قاراپ يېتىشتى.
راست، ئايالاردا ئاجايىپ ئەخمىقانە قاراشلارمۇ بار. بىر قىسىم ئايالالار ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن ئەرنى بىر ئامال قىلىپ قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. زۆھرە ئالماس بىلەن توي قىلغىنىنى، بىر ئۆيدە تۇرغىنىنى، ئۇ ئەرنىڭ تېنىگە ئېرىشكىنىنى بىلەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، ئاقىۋەتتە بۇ تۇرمۇش خۇددى كۆلدە ئەتكەن تامدەك بوش ئىدى.
ئۇ ئالماس بىلەن توي قىلىپ زادى نېمىگە ئېرىشتى؟ توغرا، ئالماسنىڭ تېنىگە ئېرىشتى. ئەمما، ئۇنىڭ سۆيگۈسىگە،

مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىدى. ئىككىسى بىر بالىلىق بولدى، تۇرمۇشى «سەن ياخشى، مەن ياخشى، تونۇر قىزىق نان ياخشى» دېگەندەك ئۆتتى. ئەمدى تازا ئويلىنىپ قارىسا، ئۆزى چاتاق ئىش قىپتۇ. ئۇ بىر ـ بىرىنى ئۆلگۇدەك ياخشى كۆرىدىغان، بىر ـ بىرىگە ئاشىق بولغان بىر جۇپ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ تۇرمۇشىغا، مۇھەببىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. بىچارە زۇلفىيەنىڭ ئېرىگە يازغان خەتلىرىنى تىقىۋالدى، ئالماسنىڭ خەتلىرىنىمۇ جايىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى. ئالماسنىڭ زۇلفىيەگە يازغان ئوتتەك قىزغىن خەتلىرىنى ئوقۇپ دوستىغا بولغان ئۆچلۈكى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇلارنىڭ يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ مۇھەببىتىنى كۈچلەندۈرىدىغان، ئىنتىزارلىق، تەشنالىقلىرىغا باھار يامغۇرىدەك ئارام بېرىدىغان خەتلىرى ساندۇقنىڭ تەكتىگە كىرىپ كەتتى. ئەمدى ئويلاپ يەتتىكى، ئۆزىنىڭ ئاشۇ پەسكەش ھۈنىرىمۇ كار قىلمىغانىدى. بىر ـ بىرىنى سۆيگەن ئەر ـ خوتۇنىنىڭ قوش يۈرىكى ھازىرغىچە كۆيۈۋېتىپتۇ، بىر ـ بىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇسىدا ئۆرتىنىپ، پۈچىلىنىۋېتىپتۇ. ئۇ ئەمدى دوپپىسىنى ئالدىغا قويۇپ ئويلانغان چېغىدا شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بىردىنلا قولىنى چىشلىدى، مىڭبىر پۇشايمان قىلدى. ئۇ ئۆزىگە كۆيۈنىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان ئېرىدىن ئايرىلغىنىغا، بىر چىرايلىق ئۆينى بۇزغىنىغا، بىر تال ئوماق ئوغلىنى يېتىم قىلغىنىغا ئېچىندى. توغرا، ئالماسمۇ زۇلفىيە توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلغىنى يوق. ئۇ شۇ تاپتا چىراغنى يېقىپ، پۈتۈن قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئالماسقا بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپ، خەتلەرنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، ئاندىن ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. بىراق، ئويلاپ باقسا، يۈرىكىنى تىڭشاپ باقسا، ئالەمدىن كەچسىمۇ، ئالماستىن ئۇنداق ئاسان ۋاز كېچەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەگەر بۇ سىرىنى ئالماسقا ئېيتىپ قويسا خەلقئالەم ئالدىدا، دوستلىرى، خىزمەتداشلىرى، ساپ نىيەتلىك ئەر ـ

خوتۇن ئالدىدا، ئىككى پەرزەنتى ئالدىدا گۇناھكار سانىلىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. بىردەملىك قورقۇنچ، ئەندىشە تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ خەتنىڭ سىرىنى مەڭگۈ ئاشكارىلىماسلىق قارارىغا كەلدى. ئۇ شۇ خىياللار بىلەن تاڭغا يېقىن ئۇيقۇغا كەتتى، ئەمما كۆپ ئۆتمەيلا يۈرەكنى ئەزگۈدەك ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە ئاڭلانغاندەك بولۇپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

## 40

ئالماس تەتىل بولۇشى بىلەنلا ئاپىسىنىڭ يېنىغا كەتتى. بۇ پىنھان ماكانغا كەلگەندىن كېيىن گويا تىلسىم زەنجىرىگە باغلىنىپ قالغاندەك ھەربىر نەرسىگە، ھەربىر ئېغىز سۆزگە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن كىرىشىپ قالدى. ئۇ تىلسىماتتەك ئىشلار، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ، خەلق تۇرمۇشى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان ئاجايىپ نەمۇنىلىرىنى بايقىغانچە بۇ يۇرتنى گويا يېڭىچە بىر دۇنيا بولۇپ تۇيۇلىدىغان بولدى.

ئۇ بىلەتتى، ياشلىق، زېرەكلىك ئاللانىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئالتۇن ئاچقۇچى، بۇ ئاچقۇچ بىلەن كەڭ ئالەمنىڭ سىرىنى، دۇنيانىڭ، ئىلىم ـ ھېكمەتنىڭ سىرىنى ئاچقىلى بولىدۇ. يەنە نۇرغۇن قەدىمكى مەدەنىيەتنى، سەنئەتنى، تارىخنى قازغىلى بولىدۇ. ئەمما، بۇ ئالتۇن ئاچقۇچ ئىنساننىڭ قولىدا ئۇزاق تۇرمايدۇ. شۇڭا، ئۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئەجدادى ياشىغان بۇ زېمىننىڭ ئاجايىباتلىرىنى، سىرىنى ئېچىشقا ئىرادە باغلىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ بۇ يەرگە ئۆزىنىڭ بالا ۋاقتىدىكى ساددا قاراشلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر زىيالىي، تەتقىقاتچى

سۆپىتىدە قاراشقا باشلىدى.

بىر كۈنى ئاپىسى ئۆنى بىر ىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. ئىشىك ئالدىدا چاچلىرى چۇۋۇق، قىلىن رەختتىن كۆڭلەك، چاپان كىيىۋالغان ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان ئايال ئولتۇرغانىدى. ئايال ئالماسنىڭ ئاپىسى بىلەن بىرھازا پاراڭلاشتى.

— بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، — دېدى ئالماسنىڭ ئاپىسى.

— ھە بىلدىم، سېنىڭ ئاران مۇشۇ بىرلا بالاڭ بارغۇ، كەل، كەل، ئولتۇر، — دېدى ئايال.

ئۇلار ساتمىنىڭ ئالدىدىكى يۇمشاق يەردە ئولتۇرۇشتى.

— ئوغلۇم چوڭ شەھەردە مۇئەللىم، بۇگۈن سېنىڭ قوشىقىڭنى ئاڭلىغىلى كەلدى، — دېدى ئالماسنىڭ ئاپىسى.

— مەن ھېكايە، چۆچەك، جەڭنامە ـ داستانلارنى بىلىمەن. بۇنىڭدىن بۇرۇن نۇرغۇنلىرى كېلىپ، مەندىن ئاڭلاپ يېزىپ كەتتى. ھازىر ئوغلۇڭغا «تاھىر ـ زۆھرە» داستانىنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ.

شۇنىڭ بىلەن ئايال ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن داستاننى ئېيتىشقا باشلىدى. ناخشىلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئاجايىپ مۇڭلۇق ئېيتسا، دىيالوگلىرىنى لوپنۇر شېۋىسىدە ئېيتاتتى. ئۇنىڭ زېھنى ئالامەت ئوچۇق بولۇپ، بەزى تەسىرلىك يەرلىرىگە كەلگەندە يىغلاپمۇ كېتەتتى. ئالماس ئۇ ئايالنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى، ئىككى سائەت ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى...

ئۇلار شېغىللىق ساي بىلەن ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا، ئاپىسى:

— بالام، بۇ يۇرتتا قوشاقچىلار كۆپ ئىدى، كونىلىرى ئۆلۈپ تۈگەپ، يېڭىلىرى يېتىلدى دېگەن بىلەن كونىلىرىنىڭ ئىزىنى تازا باسالمايۋاتىدۇ، — دېدى ئەپسۇسلانغان تەلەپپۇزدا.

— ئاپا، بۇ يەردىكى قوشاقچىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ساۋاتىمۇ چىقمىغان كىشىلەر ئىكەن، بىراق ئۇلاردىكى ئۆتكۈرلۈك، ناتىقلىققا ھەقىقەتەن ھەيران بولۇۋاتىمەن.

ئانا ـ بالا شۇ ھەقتە پاراڭلىشىپ مېڭىپ بىردەمدىلا تاقىر

شورلۇقتا يېتىپ كەلدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈنۈپ قالىدىغان يۇلغۇنلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا سوپىا قومۇشلۇق ئىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە دۆمبەل ـ دۆمبەل شورلۇقلار كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە، ئانا چارچاپ قالدىمۇ يېتىپ تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى. بىراق، ئالماس يەنىلا ھاياجانلىق ئىلكىدە ئۇيقۇدىن بىدار ئىدى.

ئابايىقى قوشاقچى ئايال ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولدى. ئۇ ـ قۇمىغان، ساۋاتسىز، ئىپتىدائىي تۇرمۇشتا ياشاۋاتقان بىر ئايال ـ نىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قوشاق، داستانلار... توغرا، ئۇ ئايال ئېيتقان: «كۆن دېگىلى بولامدۇ، ئۆتمۈشى يوق ھازىرنى؟» دېگەن قوشاقلارغا قانچىلىك چوڭقۇر مەنىلەر سىڭگەن ـ ھە!

لوپنۇر جۇغراپىيەلىك جەھەتتىكى چەكلىمىلىك، ناچار شارائىت تۈپەيلى نەچچە ئەسىر بېكىنمە ھالەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيانىڭ يىراق جايلىرىدىكىلا ئەمەس، بەلكى قوشنا يۇرتلاردىكى ئۆزگىرىش، تەرەققىياتلاردىنمۇ بىخەۋەر ھالدا كونا ئەنئەنە، كونا تۇرمۇشنى ساقلىغان بولغاچقا، تىلىنىڭ ساپلىقىمۇ ساقلانغانىدى. ئۇلار ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۆزگەرمەي، بىر خىل تەرزدە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان تۇرغۇن، زېرىكىشلىك ھايات مۇساپىسىدە قوشاق بىلەن ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئادەتنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرغانىدى.

بىر كۈنى ئالماس ئۆيى ئالدىدىلا كۆرۈنۈپ تۇرغان سېغىز رەڭ قۇملارغا، قۇم بارخانلىرىغا، قۇملار ئۈستىدىكى يۇلغۇن، قاقشال ۋە توغراقلارغا قىزىقىش، مەپتۇنلۇق ھېسسىياتى بىلەن قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ قۇمنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، بارمىقىدا سىيرىپ، يەرگە ئېقىتىپ كۆردى. ئۇ ئىككى نەرسىگە ھەيران بولدى، بىرى ، سۇ ــ نەم دىدارى بولمىغان قۇملۇقتا قومۇش، يۇلغۇن، توغراقلارنىڭ ياشناپ تۇرغانلىقى، يەنە بىرى، قۇملۇقلار ئۈچۈپ كۆچكەندە توپا ـ توزاندەك قاپساپ يامرىماي، بىر تۈز سىزىق بويىچە ئاتنىڭ يالىدەك تەكشى قىر ھاسىل

قىلىپ، سۇدەك شىرىلداپ ئېقىشى ئىدى. توغرا، ئۇ كىچىكىدىمۇ مانا مۇشۇ قۇملۇقلاردا يۈگۈرۈپ ئوينىغان، قۇمدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ يەنە يۈگۈرۈپ چىققان. ئاھ، ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇ پەقەت ئويۇن دەپ بىلگەن، ئەمدى بولسا ئۇنداق ئەمەس. تەبىئەتنىڭ ئۆزى ئانا تەڭرى، ئىنسانلارمۇ تەبىئەتنىڭ بىر ئەزاسى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئىنسانلار نېمىشقا ئانا تەبىئەتنىڭ ھۆكۈمرانىدەك تەبىئەتنى يالىڭاچلاپ قويىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن شەھەر، قەلئەلەرنى بىر كېچىدىلا قۇم يۇتۇپ كېتىدۇ؟ ئىنسانلار تەبىئەتنى قوغدىمىسا، بۇزغۇنچىلىق قىلسا، تەبىئەتمۇ ئىنسانلاردىن قىساس ئالامدۇ؟

ئۇ ئەنە شۇ خىياللار بىلەن تۇرغاندا ئىشىك ئالدىغا چىققان ئانا ئۇنى چاقىردى.

— كەل، ئوغلۇم، سەن بۇ كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن، ئەجدادىڭ ياشىغان زېمىنغا بەك ئىچەركىشىپ كېتىۋاتىسەن، بىلىۋاتىمەن، سەن بۇ يەردىكى ئاجايىباتلارغا، بۇ يەرنىڭ يىراق ئۆتمۈشىگە قىزىقىۋاتىسەن، توغرىمۇ؟

ئالماس ئاپىسىنىڭ سۆزلىرىگە، ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىشىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— ئاپا، سەن كىشىنىڭ كۆڭلىنى، ئىچىدە ئويلىغانلىرىنى قاراپ بىلىشكە بەك ماھىر ئىكەنسەن. شۇنداق، مەن بۇ زېمىنغا تويماي قاراۋاتىمەن، قانداق ئۆزگىرىش بولىدىكىن دەپ كۆزىتىۋاتىمەن، بۇ زېمىننىڭ تەبىئىي ھالىتى شۇ پېتى ساقلانسىكەن دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— بالام، ئىلگىرى تارىم دەرياسى ۋە كۆنچى دەرياسى ناھىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ تەكلىماكان قۇملۇقىغا كىرىپ كېتەتتىكەن. يۇرتىمىز سۇغا ئىنتايىن باي بولغاچقا، خەلقىمىزدە «تارىم ئانام، توققۇز تارام» دېگەن سۆز بولغان. دەريا ۋە كۆللەر كۆپ ئىكەندۇق. كېيىن كىشىلەر ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىپ، يەر ئېچىپ، تەبىئەتكە بۇزغۇنچىلىق

قىلغاچقا، دەريا ـ كۆللەر قۇرۇپ كېتىپ قۇملۇق ۋە شورلۇق يەرگە ئايلىنىپ كەتكەنىكەن. ئەمدى ئويلاپ باقسام، سېنىڭ ئويلىرىڭ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭ خەيرلىك ئىشلار ئىكەن. ئويلىغانلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشقىن، بىز سېنى ئالىم قىلىمىز دەيتتۇق ھەم ئارزۇ قىلاتتۇق. مۇشۇنداق تىرىشساڭ ئالىم بولارسەن...

ئىككى ئاي شۇنداق تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئالماس يولغا چىقىش ئالدىدا ئاپىسىنى بىللە ئېلىپ كېتىشكە شۇنداق زورلىسىمۇ، ئانا كۆزىگە قاپسىلىپ كېلىۋاتقان ياشلىرىنى چاندۇرماي سۇرتۇۋېتىپ:

— بالام، مەن بۇ يەرگە كۆنۈپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە داداڭنى يالغۇز تاشلاپ كېتەلمەيمەن. مەندىن ئەنسىرىمە، غەم قىلمىغىن، بولامدۇ، — دېدى.

ئالماسنىڭ يۈرىكى ئاپىسىغا چىدىمىدى، ئۇنىڭ يالغۇز قېلىشىغا تېخىمۇ چىدىمىدى. ئاھ، ياشانغان ئانا، ئاغرىپ قالسا، يالغۇزلۇق تارتىپ قالامدۇ؟ ئۇنى تاشلاپ كەتسە تەڭرىمۇ راۋا كۆرمەس؟

— ئاپا، ئۆتۈنۈپ قالاي، مۇشۇ بىر قېتىم مەن بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە كېتەيلى، ماقۇلمۇ؟

ئالماسنىڭ ئاۋازى تىترىدى، يۈرىكى قاتتىق سىلىپ كەتتى، يىغلىۋېتىشكە ئازلا قالدى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان ئانىنىڭ يۈرىكى بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ ئوغلىنى باغرىغا چىڭ تېڭىپ قاتتىق يىغلىدى. ئانا ئوغلىنىڭ باغرىدىن ئاجراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە، پېشانىسىغا سۆيدى.

— سەن مېنىڭ باغرىم، مېنىڭ بارلىقىم. راست، ھازىر مەن يالغۇز قالدىم، بىراق داداڭنى تاشلاپ كەتسەم بولمايدۇ، بالام، ئۇنىڭ روھى قورۇنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ ياشىنىپ قالدىم، باشقا جايغا كۆنەلمەيمەن. ماقۇل دېگىن، مەن سەندىن رازى، مىڭ مەرتەم رازى، بالام.

ئالماس ئانىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى:
— ئاپا، سىنى زورلىيالمايمەن، بىراق سەندىن ئەنسىرەيمەن. سىنىڭ ئارزۇيۇڭغا مۇخالىپ ئىش قىلىش مىنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئۇنداق بولسا بوپتۇ، ماڭا دۇئا بەرگىن، — دىدى ياشلىرىنى توختىتىۋالالماي.
— ھەي كۆز نۇرۇم، يىشىل كۆز بۇركۇتۇم، ئىلاھىم خەيرلىك ئىشلىرىڭ روياپقا چىققاي، ئالىم بولغايسەن، سالامەت بولغايسەن، تاشكەنت گۈزىلى بىلەن ھامان بىر كۈنى كۆرۈشكەيسەن، ئوغلۇڭ جۇرئەت بىلەن تىپىشقايسەن، ئاللادىن ھەر نامىزىمدا تىلەيمەن. ئاللاغا ئامانەت...
— ئاپا، يەنە كۆرۈشكۈچە سالامەت بولغايسەن، سىنى يالغۇز تاشلاپ قويدۇم، مەن يەنە كىلىمەن.
— خۇدايىمغا ئامانەت، ئاقىول بولسۇن، ئامان بولغايسەن.
ئالماس يولغا چىقىپ يەنە بىر رەت ئارقىسىغا قارىدى. «ماڭا ھاياتبەخش ئەتكۈچى ئەزىز ئانا، سىنى يوقلاپ كىلىمەن، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ياشلىرىنى سۇرتۇپ تۇرۇپ، — رەھمەت، ئىلاھىم دىگەنلىرىڭ كىلەر ئاپا، سىنى يالغۇز تاشلاپ قويدۇم، مىنى كەچۇرگىن...»
ئالماسنىڭ يۇرىكى ئازابتىن ئاستىن - ئۇستۇن بولۇپ كەتتى. ئۇ يول بويى ئاپىسى بىلەن خىيالىدا مۇڭدىشىپ ماڭدى. ئۆيگە كەلگەن كۈنى تاماق يەپ بولۇپ، ھاردۇقىنىمۇ ئالماستىن ماتىرىياللىرىنى كۆتۈرۈپ ئىشخانىغا چىقىپ كەتتى. كىچە - كۈندۈز كىتاب، ماتىرىياللار ئارىسىغا چۆكتى.
بىر يىل مانا مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىلى ئالدىدا دۆۋە - دۆۋە ئارگىنال تەييار بولدى، ئۇنى قايتا - قايتا كۆرۈپ، تۈزىتىپ، رەتلەپ چىقتى. ئاخىر رۇسچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە لۇغەت ۋە تۆت پارچە ئىلمىي ماقالە تەييار بولدى. ئاخشامىمۇ كىتاب كۆرۈپ، ماقالە كۆرۈپ ئولتۇرغان ئالماس كىچىچە كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتى. ئاخىر دىرىزىدىن

چۈشكەن سۈبھى نۇرى ئۇنى ئىشتىن توختاتتى.

ئۇ ئۆيىگىمۇ بارماستىن ئىشخانىدىكى چايداندىن بىر ئىستاكان چاي قۇيۇپ، قۇرۇق نان بىلەن ناشتا قىلدى. نېمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن يۈرىكى بىر خىل غەشلا تۇراتتى. سائەت ئونلار بىلەن توساتتىن بىر پارچە تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ تېلېگرامما تۇتقان قوللىرى قاتتىق تىترەپ كەتتى. ئاھ تەڭرى، ئۇنىڭ بىر يىل بۇرۇن ئايرىلغان مېھرىبان ئاپىسى ئەمدى يوق، مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمغانىدى...

ئالماس روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك ئورۇندۇقتا تاشلىنىپ ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇرۇپلا قالدى .

— ئالماس، تېخىچە ئىشخانىدىكەنسىزغۇ، تاماق پىشتى.

ئالماس ئىشىكتە تۇرغان ئايالىنى خىرە - شىرە ئىلغا قىلدى.

زۆھرە ئۇنىڭ قولىدىكى تېلېگراممىنى ئېلىپلا چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— يۈرۈڭ، ھازىرلا يولغا چىقايلى.

ئالماس ئولتۇرغان جايىدا ئولتۇرىۋەردى. ئۇنىڭ زۆھرەنى بۇرۇنمۇ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغۇسى كەلمىگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بارغىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۆزى قاچان يولغا چىقىدۇ؟ ئۇ ھېچنېمىنى بىلەلمىدى. بىرھازادىن كېيىن زۆھرەگە قاراپ:

— زۆھرە، بۇ خەۋەرنى باشقىلارغا ئېيتماي تۇرۇڭ، مەن سەل تۇرۇپ ئۆيگە بارىمەن، — دېدى.

ئۇ بۇ يەردە قانچىلىك ئۇزاق ئولتۇردى، ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. قىپقىزىل قۇياش نۇرىدا ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى ئۇزىتىپ قالغان چاغدىكى سىماسى كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ئۇ ئاشۇ سىماغا قاراپ يىغلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. قىپقىزىل قۇياش، چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، ئاق

كۆڭلەك كىيگەن ئانا ئۇنىڭغا قاراپ يىقىملىق كۈلۈمسىرىگەندەك تۇيۇلدى. ئۇ بىردىنلا: «ئاپا! ئاپا!» دېگىنىچە ۋارقىراپ چىقىپ كەتتى.

## 41

بىچارە زۇلفىيەنىڭ روھىنى سۇندۇرغىنى غايىب بولغان مۇھەببىتى، بىردىنلا ئۆزىدىن يىراقتا قالغان تۇرمۇشى ئىدى. بىراق، ئۇ ئىنسان چىداش تەس بولغان روھى ئۇپراش ئالدىدا ئۆزىنى بىراقلا يوقىتىۋەتمەستىن، بەلكى ئىرادىسىنى تېخىمۇ تاۋلاپ ماڭدى.

ئۇ س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى قارىمىقىدىكى موسكۋا بىيو خىمىيە ئىنستىتۇتىدا سىرتتىن بەش يىل ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى ۋە ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزدى.

شەنبە كۈنى ئۇنىڭ قورۇسى خېرىدارلار بىلەن تولۇپ كەتكەندى.

— قەدىرلىكىم زۇلفىيە، چاققان بول، ماڭا تېگىشلىك گۈلنى بېرىۋەتكىن، بازارغا ئالدىرايمەن، — دېدى سېمىزغىنا بىر خانىم.

— جېنىم ھەدە، ئەنە قايچا، ئۆزۈڭ تاللاپ كەسكىن ـ دە، ئىشىڭنى پۈتكۈزگىن، — دېدى زۇلفىيە يىتىنشەلمەستىن.

— زۇلفىيە، ماڭا بەش باغلام بەرگىنە، — دېدى چىرايلىق بىر ياش چوكان.

— مانا ھازىر...

زۇلفىيە ئاپىسى ۋە ئوغلى بىلەن قول ـ قولىغا تەگمەي ئىشلەۋاتاتتى.

ئۇ يوغان ئىدىش، تەشتەكلەردە ھەر خىل كۆكتات

مايسىلىرىنى يېتىشتۇرۇپ ساتاتتى. ئۇلارنى باشقىلار ئۆز قورۇلىرىغا، باغلىرىغا تىكىپ، سەي ـ كۆكتات سېتىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ ھازىر پۈتۈن تاشكەنت شەھىرىگە تونۇلۇپ كەتكەنىدى.

— سەن بولمىساڭ قانداق قىلاتتۇق، زۇلفىيە، سېنىڭ دۆلىتىڭدە بىزمۇ خېلى ئوبدان پۇل تېپىۋالدۇق، — دېدى ياشانغان بىر رۇس موماي.

ئۇلار شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شۇنچىلىك ئالدىراش بولۇشقا قارىماستىن، چۈشتىن كېيىن گۈللەرنى موسكۋاغا ئەۋەتىشنى ئۇنتۇمىدى.

كەچ كىرىشكە بەك ھاردۇق يەتكەچكىمۇ، ئۇلار بالدۇرلا يېتىپ قېلىشتى. يېرىم كېچە زۇلفىيە ئاپىسىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئاپىسىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتكەن، پېشانىسىدىن ئوت چىقاتتى، لەۋلىرىنى گەز باغلاپ، كۆزلىرىنى ئېچىشقىمۇ قۇربى يەتمەيتتى.

— ئاپا، ئاپا، نېمە بولغانسەن، — دېدى زۇلفىيە جىددىيلىشىپ.

— توڭلاپ كېتىۋاتىمەن، سۇ، سۇ...

ئۇ دەرھال بىر پىيالە ئىلمان قايناق سۇ ئەكىلىپ ئاپىسىغا ئىچۈردى، ئاندىن بىر داسقا سۇ ئېلىپ، لۆڭگە بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى سۈرتۈپ چىقتى.

— قەيىرىڭ بەكرەك ئاغرىۋاتىدۇ؟

— غولۇم بىلەن دۈمبەم.

زۇلفىيە ئاپىسىنى ئاستا ئۆرۈپ دۈم ياتقۇزدى، دۈمبىسىگە ئازراق ھەسەلنى تەكشى سۈركەپ ئۇۋۇلاپ ئاغرىقنى ئازراق پەسەيتتى. تاڭ سەھەرگە يېقىن ئانا بىلەن قىز ئازراق ئۇخلاپ قالدى. ئەتىگەندە ئاپىسىنىڭ قىزىتمىسى ياناقتا يوق تېخىمۇ

ئۆرلىگەن، پۈتۈن بەدىنىدىن ئوت چىقاتتى، ئۇ دەرھال كىرا ماشىنىسى چاقىرىپ ئاپىسىنى دوختۇرغا ئېلىپ باردى.

دوختۇرلار تەكشۈرگەندىن كېيىن:

— ئۆپكە ياللۇغى بوپتۇ، دەرھال بالنىستا يېتىپ داۋالانسۇن، — دېدى.

زۇلفىيەگە ئايان، ئاپىسى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تىنىمسىز ئىشلەپ، چارچىغانلىقتىن كېسەل بولغانىدى.

— دوختۇر، ئاپامنىڭ كېسىلى ئېغىر ئەمەستۇ - ھە؟ — دېدى ئۇ ئەنسىرەپ.

— راستىنى ئېيتقاندا، يېنىكمۇ ئەمەس، تېزدىن تېمپېراتۇرىنى چۈشۈرمىسەك بولمايدۇ. بىراق جىددىيلەشمەڭ، ئوكۇل، دورا، تاماق، دەم ئېلىش بىلەن ساقىيىپ كېتىدۇ. بىراق، ياشلارغا قارىغاندا ۋاقتى ئۇزاقراق بولىدۇ.

— مەيلىغۇ، ساقىيىپلا كەتسە.

— ئۈمىدۋار بولۇڭ، — دېدى دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاپىڭىز بەك چارچاپ كەتكەن بولسا كېرەك، شۇنداقمۇ؟

دوختۇر خانىم سوئال نەزىرىدە قارىدى. زۇلفىيە خىجىل بولغىنىدىن لېۋىنى چىشلىدى، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇ:

— ئاپام، بىز ئۈچۈن راستىنلا زور بەدەل تۆلىدى، بەك چارچاپ كەتتى، — دېيەلىدى ئارانلا.

ئىككىيلەن ياتاققا كىردى، ئاپىسىنىڭ قىزىتمىسى يانمىغاچقا مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ، لەۋلىرى سەل - پەل يېرىلغان، بىردەم - بىردەم چۆچۈپ تۇراتتى.

— زۇلفىيە خانىم، ئۆيگە قايتىپ كېتىڭ. مەن بۈگۈن كېچىلىك دىجورنى، مەسئۇل سېستىرامۇ بار. غەم قىلماڭ، خۇدا خالىسا سەھەرگىچە قىزىتمىسى چۈشىدۇ، — دېدى دوختۇر.

زۇلفىيە بىر كۆزى ئارقىسىدا ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. سېسترا قىز ئانىغا بىر ئىستاكان سۈت ئىچۈرۈپ قويدى. ئانا

سۈتنى ئىچكەندىن كېيىن كۆزىنى يۇمۇپ، ياستۇققا بېشىنى قويدى، بىراق ئۆلۈم دەھشىتى ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى بولمىدى. ئۇ ئويلىدى، ئۆلۈم قىل ئۈستىدە، ئاشۇ قىل ئۈزۈلۈپ كەتسىلا...

ئۇنىڭ ئازابتىن تالغان ۋۇجۇدى ھالسىز بولسىمۇ، كۆڭلىنىڭ سىرىقىنى كۆرۈش ئارزۇسى يۈرىكىدە يېلىنجىدى. قىزىغا يانتاياق بولۇش، نەۋرىسىنىڭ تويىنى كۆرۈش، ھەتتا ئەۋرە كۆرۈش ئارزۇسىدا قانلىرى قايتا جانلاندى. توغرا، كەلگۈسىنى ئويلىغىنىدا، ئۈمىد نۇرىغا كۆز تىككىنىدە بەدىنىگە كۈچ كىرىۋاتقاندەك تاتلىق سىزىم ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىترەتتى. «بىچارە زۇلفىيە، مېنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. ئۇمۇ چارچىدى، چارچىغاندىمۇ بەك چارچاپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە يېتىپ بارغاندىمۇ؟ كىچىچە مەندىن غەم قىلىپ ئۇخلىيالارمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

زۇلفىيەمۇ ئاپىسىنى يالغۇز قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن كۆزى ئارقىسىدا ئۆيگە قايتتى. خىيالى يەنىلا ئاپىسىدا، ئۆزىمۇ بىلمەستىن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى...

«ئاپام بىر ئۆمۈر مېنىڭ جاپايىمنى تارتتى. گۈلدەك چىرايلىق، كۈچ - قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان چاغلىرىدا دادامنى تاپالمىدى. ئۆيگە كىرسە ئانا، تالاغا چىقسا ئاتا بولدىغۇ. ئاھ، تۇرمۇشنىڭ بوستانى بولغىنىدەك، پەسلى باھارى بولغىنىدەك، زىمىستانى بولمامدۇ؟ تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقى بولۇپ، قايغۇ - ھەسرىتى بولمامدۇ؟ بولدى. ئاپامغا شۇنداق ھەسرەتلىك، ھىجرانلىق كۈنلەر يار بولدى، قېرىشقاندەك ماشىمۇ شۇنداق بولدى. بىراق، كۈن نۇرى يەر - زېمىننى يورۇتقاندەك، ئىسسىقى بىلەن يەرلەرنى كۆكەرتكەندەك بىزگىمۇ ئىللىق باھار، ياز نېسىپ بولار. ئۈمىد نۇرى نەدە؟ جەننەت نەدە؟ ئۇنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئۆزىدە، يۈرىكىدە. بۇ دۇنيادىكى جەننەت

دېگىنى ئىنسان ئۆزى بەرپا قىلغان بەختلىك تۇرمۇش، گۈزەل هايات... ئاھ، قەدىردان ئاپا، سېنى ساقايتىپ ئەمدى ئوبدان كۈتىمەن، سېنىڭمۇ دەم ئېلىپ، ئۆزۈڭنى ئاسراپ ئۆتىدىغان چېغىڭ كەلدى...»

ئۇ ئۆيىگە كېلىپ بىر كېچىنى بىردەم ئۇگدەپ، بىردەم ئويغىنىپ دېگەندەك ئەنسىز ئۆتكۈزدى.

ئۇ ئەتىگەندىلا ناشتىلىق تەييارلاپ دوختۇرخانىغا كەلدى. پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ياتاقىغا كىرىپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئاپىسىغا قاراپ كۆڭلى تىندى.

زۇلفىيە كۈندۈزى خىزمەت، گۈل سېتىش، موسكۋاغا گۈل ئەۋەتىش بىلەن ئالدىراش بولسا، كېچىسى ئاپىسىنىڭ يېنىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇراتتى، گاھى يېرىم كېچىدە ئاندىن ئۆيىگە قايتاتتى. بۈگۈنمۇ خېلى ئۇزاقىچە ئاپىسىنىڭ ئۇيقۇدىن ئويغىنىشىنى كۈتتى.

زۇلفىيە ئاپىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئويلىسىلا پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ، يۈرىكى ئازاب بىلەن تولغىنىپ كېتەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ دۇنيادا بىردىنبىر يۆلەنچۈكى ئەنە شۇ ئاپىسى ئىدى. ئۇ بوۋىسى ھەسەنجان، دادىسى ئابدۇراخماندىن ئايرىلدى. ئۆزى سۆيگەن، ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭغا ساداقەتمەن بولىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن ئېرى يىراقتا، ئۇلار بىر - بىرگە تەشنا، تەقەززا بولسىمۇ، تېخى بىر - بىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي، كۈنلەرنى ھىجران ئازابىدا ئۆتكۈزمەكتە.

«تەڭرى... سەندىن تىلەيمەن، مېنىڭ يۆلەنچۈكۈم، ئەڭ ئەزىز مېھرىبانىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، ماڭا رەھىم قىلغىن» دېدى ئۇ ئىچىدە تىلەك تىلەپ. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاستا - ئاستا يۇمۇلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كەڭ كەتكەن ئۇپۇق، بۇلۇتسىز ئاسمان، ياپيېشىل ئېكىنزارلىق، تەكشى ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر نامايان بولدى. مانا چەكسىز سوزۇلغان ئاسفالت

يولدا ئاق تۇلپار مىنىپ بىرى كېلىۋاتاتتى. ئات ئۈستىدىكى كىشى — ئالماس، ئۇ ئۈستىگە ئاق قېلىن چوڭچۇنچىدىن كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، خۇددى ئېكىنزارنىڭ خوجايىنىدەك سالاپەت بىلەن كېلىۋاتاتتى... زۇلفىيە بولسا ئۈستىگە ئاپپاق يىپەك كۆڭلەك كىيىپ، بوينىغا ئۇزۇن قىزىل شارپا ئارتقان، ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى... ئالماس بىردىنلا زۇلفىيەنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ، شامالدەك تېزلىك بىلەن كۆك قەرىگە كېتىۋاتاتتى، شۇنچىلىك تېزلىك بىلەن ئۇچۇۋاتاتتى...

— زۇلفىيە، جېنىم قىزىم...

زۇلفىيە ئىتتىك كۆزىنى ئاچتى.

— ئاپا، جېنىم ئاپا.

— قىزىم، قارىسام كۈلۈمسىرەپ ياتىسەن، ئوبدان چۈش كۆرگەن ئوخشىمامسەن؟

زۇلفىيە چۈشىنى ئېيتىشقا تەمشىلىپ يەنە دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. چۈنكى، ئاپىسى دائىم «كېچىدە چۈش ئۆرۈسە بولمايدۇ» دەيتتى. شۇڭا، ئۇ دېدى:

— قارىسام بەك خاتىرجەم ئۇخلاۋېتىپسەن، شۇڭا خۇشلۇقۇمدا كۈلسەممۇ كۈلگەندىمەن، جېنىم ئاپا.

## 42

رەيھان دوختۇرخانىدىن چىققانغا يېرىم ئايچە بولدى ۋە قىزى زۇلفىيەنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى بىلەن بۇرۇنقىدەكلا تېتىكلىشىپ قالدى. شۇ كۈنلەردە گۈلمىرەمۇ ئۆيىدىن نېرى كەتمىدى، ئۆيدىكى ئىشلارغا، ئاپىسىنى كۈتۈشكە ياردەملەشتى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن رەيھان، زۇلفىيە،

گۈلمىرە ئۈچەيلەن قورۇدىكى ئۈزۈمتال سايىسىدا چاي ئىچكەچ مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى، دەرۋازىنىڭ قوڭغۇرىقى بېسىلدى. زۇلفىيە بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، ئالدىدا تۇرغان ناتونۇش ئەر ـ ئايالنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى.

— ياخشىمۇسىز؟ — دېدى ناتونۇش ئايال.

زۇلفىيە بېشىنى لىڭشىتىپ، سەل ـ پەل كۆلۈمسىرىدى ـ دە، ئۇلارنى تونۇيالماي ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇ ئۆينى مىڭ تەستە تاپتۇق، رەيھاننىڭ ئۆيىدۇ؟ — دېدى ناتونۇش ئايال.

— قېنى، مەرھەمەت، — دېدى زۇلفىيە دەرۋازىنى يوغان ئېچىپ، ئاندىن قورۇغا قاراپ توۋلىدى، — ئاپا، مېھمان كەلدى.

رەيھان دەرھال مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇ ئەرنى زادىلا كۆرمىگەن، بىراق ئايالنى تونۇدى. ئۇ دادىسى ھەسەنجاننىڭ سىڭلىسى بائىمەخان ئىدى. ئۇ قىز ۋاقتىدا ئوتتۇرا بوي، مىققىدە سېمىز، ئاق يۈزلۈك، قارا چاچ يېقىملىق قىز ئىدى. بىراق، ھازىر ئالدىدا تۇرغىنى بولسا ئورۇق، بەللىرى ئېگىلگەن، يۈزلىرى يول ـ يول قورۇق چۈشكەن بىر موماي ئىدى. رەيھاننىڭ لەۋلىرى تىترىدى...

بائىمەخانمۇ رەيھانغا تىكىلىپ قاراپ قالغانىدى. رەيھان ئالتە ـ يەتتە ياش ۋاقتىدا شۇنداق ئوماق، قارا كۆز، قارا چاچ، بويى ئۆسكىلەڭ قىز ئىدى. ھازىر ئاشۇ يالتىراپ تۇرغان يۈزلەرنىڭ ئورنىغا كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، يول ـ يول قورۇق چۈشكەن يۈز ئالماشقانىدى.

— ئاچا، بائىمەخان ئاچا، — دەپ رەيھان ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى.

— سىڭلىم، جېنىم سىڭلىم، باغرىم...

بائىمەخان رەيھاننى قۇچاقلاپ يامغۇردەك ياش تۆكتى.

ئۇلار قايتا ـ قايتا قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ، بىرھازادىن كېيىن ئۆزلىرىنى تۇتۇپ داستىخانغا كېلىشتى.

uyghurkitap.com

ئۇلار دۇئادىن كېيىن قايتىدىن ھال ـ ئەھۋال سوراشتى.

زۇلفىيەمۇ ئىختىيارسىز تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، داستىخانغا چاي كەلتۈردى.

ئەنە شۇ چاغدا بائىمەخان يېنىدا ئولتۇرغان پاكار، ئورۇقلۇقىدىن مۈكچىيىپ قالغان كىشىنى تونۇشتۇردى:

— بۇ كىشى مېنىڭ خوجايىنىم، مەمەتتۇرسۇن ھاجى بولىدۇ.

— بۇ چوڭ قىزىم گۈلمىرە، بۇ كىچىك قىزىم زۇلفىيە بولىدۇ، — دەپ رەيھانمۇ ئىككى قىزىنى تونۇشتۇردى.

ئۇلار تاماقتىن كېيىنمۇ ئۇزاققىچە مۇڭداشتى.

رەيھان سىر دەرياسى بويىغا كەلگەندىن تارتىپ، ئۇ يەردە بولغان ئىشلار، دادىسىنىڭ ئۇرۇشقا كەتكەنلىكى، ئاپىسى ئايىمنىڭ تارتقان زۇلۇملىرى، ئۇنى ئۆز قىزىدەك بېقىپ ئۆستۈرگەنلىكى، قىزى زۇلفىيە توغرىسىدىكى، ئۇنىڭ ئېرى بىلەن كۆرۈشەلمەي، ئوغلىنى ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ، ئۆزئارا تەسەللى بېرىشتى.

— سىڭلىم، جېنىم سىڭلىم، — دېدى بائىمەخان رەيھاننىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئاكامنىڭ ئۇرۇشتا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقىنى گېزىتتىن كۆرۈپ خەۋەر تاپتۇق دېگىن، گېزىتكە ئۇنىڭ ھەربىي فورما كىيىپ، مېداللارنى تاقاپ شۇنداق جەسۇر قىياپەتتە چۈشكەن سۈرىتىنى بېرىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئوقۇپ قانچە يىغلىغىنىمنى بىلمەيمەن. بىزنىڭ تارتقان سورۇقچىلىقىمىزغا يىغلايمۇ، ئاكامغا يىغلايمۇ؟ ئىشقىلىپ، كۆزۈمدىن قان ـ ياش قۇرۇمىدى، — دېدى يىغىسىنى توختىتالماي.

— شۇنداق، ئاچا، بىزگە ئېغىر كۈنلەر بولدى، يۇرتىمىزدىكى ئېغىر كۈنلەردىن قېچىپ بۇ يۇرتقا كېلىپ ئەمدىلا ئۆي ـ ماكانلىق بولۇپ تۇرۇۋىدۇق، ئىككىنچى دۇنيا

ئۇرۇشى باشلاندى. دادام شۇنداق جەسۇر، دېگىنىنى قىلىدىغان كىشى ئىدى. ھەممىنى قىلغان شۇ ئۇرۇش، نى ـ نى ئوغلانلار، ئەزىمەتلەر، شۇنداق ساھىبجامال قىزلار بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدى. شۇنداق گۈزەل جايلار، شەھەرلەر، جەننەتتەك باغلار ۋەيران بولدى. نۇرغۇن ئائىلىدىن كۆپ كىشى تۇگەپ كەتتى، ھەتتا گاھى ئائىلىدىن ئاتا ـ بالا، ئاكا ـ ئۇكا بىراقلا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ دەردىدە ئاق چاچلىق ئانىلار، ئاجايىپ كۆچلۈك، ئەمگەكچان مويسىپىت ئاتىلار ئۆلۈپ كەتتى. ئۇرۇش تۈگىگەن بولسىمۇ، ئۇرۇش جاراھىتى ھېلىغىچە ساقايغىنى يوق، مىليون كىشىنىڭ يۈرىكى يارا، ــ رەيھان ناھايىتى ئازابلىق بىر تەرزدە سۆزىدىن توختىدى ـ دە، ــ بائىمەخان ئاچا، سىلەرنى نەدىن سورايمىز؟ سىلەر بۈگۈن خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىمىزدا پەيدا بولۇپ قالدىڭلار، سىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدا سۆزلەپلا كېتىپتىمەن، ــ دېدى.

ــ سىڭلىم، ئېيتىپ كەلسەك ھېكايىمىز «مىڭ بىر كېچە»دەك ئۇزۇن. مەن سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا ئاكام بىلەنمۇ كۆرۈشەلمىگەنىدىم. ئانام خوجايىنىم بىلەن مېنى يولغا سېلىپ قويغانىدى، بىز كەشمىرگە ماڭدۇق. شۇ ۋاقىتتا بىز بىلەن بىللە ماڭغان كىشىلەردىن سىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتمەكچى بولغانلىقىڭلارنى ئاڭلىدىم. شۇ يىللىرى يۇرتىمىزدىكى زورلۇق ـ زومبۇلۇق، ئۇرۇش ـ تالاشقا چىدىماي قالدۇقمۇ، بولۇپمۇ قىز ـ چوكانلارنى بۇلاپ كېتىدىغان، خورلايدىغان ئىشلار كۆپىيىپ كەتكەچكە، مەن ئون بەش ياشقا كىرگەن شۇ يىلى ئانام مېنى يىگىرمە بەش ياشلىق مەمەتتۇرسۇنئاخۇنغا ياتلىق قىلدى. كېيىن ئانىكام (قېيىنئانىسى) ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىزنى ھىندىستان ئارقىلىق كەشمىرگە بارىدىغانلارغا قېتىپ قويدى. بىز ماڭىدىغان چاغدا بىزنى چېگرادىن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان كىشىگە ئانىكام بىرمۇنچە ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، بىز ئۈچ

كۆن ساقلىدۇق، مىڭبىر جاپادا چىگرادىن ئۆتتۇق. تولا يىغلاپ كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى. نەدىن نەگە ئۆتتۇق، نەگە كېتىۋاتىمىز ھېچ نەرسىنى بىلمىدىم. بىز ئۇ يەرگە بېرىپ ئۆزىمىز ئىزدىگەن، بىزگە باشپاناھ بولىدىغان ئادەمىمىزنى تاپالمىدۇق. ئۇ خەقنىڭ گېپىنى ئۇقمىغاندىكىن گاچىلا بولۇپ قالدۇق. بوغچىمىزنى كۆتۈرۈپ لەيلەپ يۈردۇق، كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي بىر چوڭ قورۇنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇق. بىر ۋاقىتتا يوغان قورساق، قاپقارا، سېمىز بىر ئەر كىشى ئالدىمىزدا پەيدا بولۇپ بىرنېمىلەرنى دېۋىدى، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا تۇردۇق، ئۇ كىشى شەرەت قىلىپ بىزنى قورۇغا ئەكىردى. ئۇلارنىڭ قورۇ ـ جايى چوڭ ئىكەن، بىزگە يېمەكلىك بەردى. مەمەتتۇرسۇنئاخۇن ئۇ باينىڭ ئېتىنى باقتى. مەن ھويلا ـ ئارامىلىرىنى سۈپۈرۈپ، كىر ـ قاتلىرىنى يۇدۇم. ئۈچىنچى يىلى خوجايىن ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپ، مەمەتتۇرسۇنئاخۇننىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭدى. مەن يالغۇز قېلىپ تېخىمۇ غېرىبسىنىپ، خۇددى دەشت ـ باياۋاندا يالغۇز قالغاندەك تېپىرلاپ كەتتىم. ئاللادىن ياۋاش، بىچارە ئېرىمنىڭ ساق ـ سالامەت كېلىشىنى تىلىدىم. ئېرىم كېتىپ ئالتە ئايدىن كېيىن ئايدەك چىرايلىق بىر جۈپ ئوغۇل تۇغدۇم. ئۆزۈمنىڭ جېنىمنى باقالمايۋاتقاندا تۇغۇلغان بۇ بالىلىرىمنى كۆرۈپ ئۆي ئىگىسى بەك خۇش بولدى. كېيىن ئۇقسام، ئۇلارنىڭ بىرلا قىزى بولۇپ، تالالىق قىلغانىكەن، ئاشۇ بىر جۈپ ئوغلۇمنى بېقىۋالىمەن دەپ خۇش بولغانىكەن. بالىلىرىم نەق بىر ياشقا كىرىپ تەم ـ تەم ماڭغاندا مەمەتتۇرسۇن ھاجى قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، سۆڭەكلىرى بۈرتۈپ چىققان، خۇددى گۆشلىرىنى شىلىپ تاشلىۋەتكەندەك، بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. بالىلىرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ بىر ئايغىچە ئورنىدىن قوپالماي يېتىپ قالدى. بىر

كۈنى ئۆي ئىگىسى ھاجى خېنىم مېنى چاقىرىپ:

— بىزنىڭ ھاجىنىڭ دۆلىتىدە ئېرىڭ ھاجى بولۇپ كەلدى، بۇ ساۋابلىق ئۇچۇن بولغان ئىش، ئەگەر بۇ ئۆيدە داۋاملىق خىزمىتىمنى قىلاي دېسەڭ، قوشكېزەك ئوغلۇڭنى بىزگە بەرگىن، بىز بالاڭنى ھەم سېنى، ھاجىنى قوشۇپ باقايلى، قانداق دېدىم، بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىش بولامدۇ؟ — دېدى.

مەن دەماللىققا بىرنېمە دېيەلمىدىم، بىرھازا بېشىمنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. كىممۇ ئۆز بالىسىنى كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ باشقا كىشىگە بېرىدۇ.

— نېمە ئولتۇرىسەن، گەپ قىل، — دېدى ھاجى خېنىم چالۋاقاپ.

— بىزنىڭ ھاجى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىرنېمە دەيلى، — دېيىشىمگە، ئۇ:

— ھەي گاداي، شۇنداقمۇ كەم ئەقىل بولامسەن؟ كۆردۇڭمۇ، بىزنىڭ قولىمىز نەگە سوزساق شۇ يەرگە يېتىدۇ، بالىلىرىڭ مۇشۇنداق باي ئۆيدە چوڭ بولسا بەختىڭ ئەمەسمۇ؟ چىقە سارالڭ، ئېرىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كىرگىن. ئۇنىڭ مىدىرلىغۇدەك ھالى يوق، بۇرنىغا چىۋىن چىچىسىمۇ قورۇيالمايدىغان ھالەتتە تۇرسا، بالىلىرىڭ بىلەن سېنى باقالامتى. مەن تېخى سېنى خۇش بولۇپ دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، — دېگىنىچە ئىشىكنى جاققىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى.

يۈرىكىم ئىشىك قىسىۋەتكەندەك ئاغرىپ كەتتى. بالا دېگەن ئادەمنىڭ باغرىنى يېرىپ چىققىدىغان تۇرسا، كىشىگە بېرىۋېتىشكە قانداق چىدايدۇ يۈرەك. مەن ھاجىغا بۇ گەپنى دېۋىدىم، ئۇ:

— ھەرقانچە قەلەندەر بولساقمۇ بالىنى ئۆزىمىز باقىمىز، —

دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە بايىنىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى بولغاي، ئىككى ئادەمگە ھاجىنى كۆتۈرگۈزۈپ كوچىغا تاشلىتىۋەتتى. مېنىمۇ باللىرىم بىلەن قوشۇپ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى.

بېشىمغا تاغ يىقىلدى. ھاجى بىلەن باللىرىمنى* دەرەخ تۈۋىگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، شۇ ئەتراپتىكى مەسچىتكە بېرىپ ئاز ـ تولا يېمەكلىك ئەكەلدىم. كېيىن ئىككىمىز بىردىن بالىنى كۆتۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلدۇق. خۇدايىم، كىشىلەرگە قول تەڭلەش، سەدىقە ئېلىشنىڭ قانچىلىك نومۇسلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا چۈشەندىم. گاھى كۈنلىرى قەغەزدەك قۇرۇق چەلپەكتىن باشقا نەرسە يېمەي ئېرىق سۈيى ئىچىپ ياشىدۇق. قولىمىزدا تەڭگىنىڭ سۇنۇقى يوق، پۇت ـ قولىمىزدا جان يوق، بۇ جاندىنمۇ جاق تويدۇق. ئەمما، ئاشۇ ئىككى بالىمىزنى دەپ ياشاشقا غەيرەت قىلدۇق. كېيىن بىر تونۇشلار بىلەن سۆرىلىپ ھىندىستانغا كەلدۇق. ۋاي ـ ۋۇي، دۇنيادا ئادەمنىڭ كۆپلۈكىنى مۇشۇ يەردە كۆردۇق. يوللىرىدا كالا، قوي، ئات، پىل، ئېشەك ھارۋا ۋە ئادەملەر تەڭ ماڭىدىكەن. ئېرىق بويلىرىدا، كوچىدا ياتسا يىلان چىقىۋالىدىكەن. نىمىلا دېگەنبىلەن ھېلىقى تونۇشلار قاتارى ھاجى بىللە سېتىقچىلىق قىلدى. ئۇ بىچارە تاڭ ئاتقاندا چىقىپ كەتسە كەچتە جېنى ئاران قېلىپ كېلەتتى. مەن تۆت ئەر كىشىنىڭ تامىقىنى ئېتىپ، كىرىنى يۇيۇپ، باللىرىمنى باقتىم.

ئۆزىمىزنىڭ ئاشۇ چىرايلىق مەھەللىسى، تال باراڭلىق ھويلىمىز، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىپ، يۇرتۇمنىڭ توپىسىنى سۆيگۈدەك بولۇپ كەتتىم. ئانام، ئاكام ھەسەنجانلارنى سېغىنىپ تولا يىغلاپ كۆز ياشلىرىم قۇرۇپ كەتكىلى تاس قالدى. شۇ كۈنلەردە تارتقان جاپالىرىمنى ئويلىسام، يۈرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ

كېتىدۇ. دۇنيادا بايلار شۇنداق ئاز ئىكەنۇ، پۈتۈن بايلىق شۇلارنىڭ قولىدا ئىكەن، كەمبەغەللەر شۇنچىۋالا كۆپ ئىكەن، قورساق غېمىدە جان تىكىپ يۈرگەن. بىر كۈنى ئولتۇرۇپ هاجىدىن:

— هاجى، سىلى شۇنچە جاپا تارتىپ ھەج قىلىپ كەلدىلە، نېمىشقا ھەرەمدەك باي، باياشات، ئۇلۇغ جايدا بىر ئامال قىلىپ قالمىدىلا، — دەپ سورىسام، ئۇ ئېچىنىپ تۇرۇپ:

— خېنىم، ھەرەم ھەقىقەتەن ياخشى، ئۇلۇغ جاي ئىكەن، بىراق ئۇ يەردىمۇ بايلار، پۇلى بارلار ياخشى ياشايدىكەن دەپ، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بەردى. قېنى مەمەتتۇرسۇن هاجى قالغىنىنى ئۆزلىرى سۆزلەپ بەرسىلە، — دېدى.

— بىزدەك يېتىمچىلەرنىڭ كۈنى ھەممىلا يەردە ئوخشاش ئىكەن، — دەپ سۆزىنى باشلىدى مەمەتتۇرسۇن هاجى، — بىراق ئۇ يەردە پۇل تېپىش ئوڭايراق ئىكەن. هاجى ئاخشىمى راباتتا ياتتى، مەن ئىشىك ئالدىدىكى داق يەردە ياتتىم. كوچا سۈپۈرىدىغانلار مېنى ئويغاتماي، سۈپۈرگىنىڭ سېپى بىلەن پۇتۇمغا بىرنى ئۇرۇۋىدى، بىر ئۇنۇم ئاسماندا، بىر ئۇنۇم يەردە ۋارقىراپ كەتتىم. ئۇ كىشى:

— قوپە ھەي ئېشەك، ھەرەمگە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغىلى كەلگەندىكىن ئۇخلىمايسەن، — دېدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىچىم سۇدەك سۈرۈپ كەتتى. ئىش ئەسلىدە مۇنداق ئىدى. قورساقنىڭ ئاچلىقىغا چىدىماي تۇرسام، ئالدىمدىلا بىر هاجى ئاق داستىخان سېلىپ، پولۇ، گۆش يەپ ئولتۇردى. ئۇ تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇراي دېگەندە:

— هاجى، ئاشقان تاماقلىرىنى ماڭا بېرەمدىلا، — دېيىشىمگە، ماڭا تازا گۆلىيىپ قارىۋېتىپ:

— ساڭا بىكارغا بېرىدىغان تاماق يوق، مەنمۇ ئىشلەپ

تېپىپ يېدىم. سەنمۇ ئىشلەپ تېپىپ يە، — دەپ داستىخان بىلەن تاماقنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتى ـ دە، — قىينى، كۇچۇڭ بولسا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئىلىپ يە، — دەپ كىتىپ قالدى.

مەن سۇرۇلۇپ بېرىپ، بىر قولۇم بىلەن ئەخلەت چېلەكنى تۇتۇپ ئۆرە بولدۇم، ئاندىن داستىخاننى تارتىپ ئىلىپ، ئۇنىڭدىن ئاشقان تاماقنى تويغۇچە يەۋالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئىچىم سۇرۇپ ھالىمدىن كىتىپ، يەنە يولدا يېتىپ قاپتىمەن. پۇتۇن بەدىنىم قىزىق، تىترەپ ياتىمەن. ئىككى كىشى مېنى كۆتۈرگەنچە ماشىنىغا سېلىپ تاغ باغرىغا ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى. يەنىلا جان تاتلىق ئىكەن، بۇ يەردە ئۆلۈپ قالماي دەپ، ئۆمىلەپ يۈرۈپ راباتنىڭ يېنىغا كەلسەم، بىزنىڭ خوجايىن ھاجى:

— نەگە كەتتىڭ ھەي رەزگى، ساۋاب ئالاي دەپ سېنى ھەرەمگە ئىلىپ كەلسەم ساۋابىنىمۇ بىلمىدىڭ، — دەپ تىللاپ تاس قالدى مېنى تاشلاپ كەتكىلى.

ئادەمنىڭ يامىنىمۇ، ياخشىسىمۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە بار ئىكەن. ئۇ يەردە يەنە بىر ياخشى ھاجىغا ئۇچرىدىم. ئۇ ھەرەمگە كەلگىلى ئوتتۇز يىل بولغانىكەن، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ھەج تاۋاپ قىلغىلى كېلىپ، شەيتانغا تاش ئاتقىلى بارغاندا ئادەم بەك كۆپ بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىسى قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا دەسسىلىپ ئۆلگەنىكەن. شۇ يىلى ئۇ ئون ئالتە ياشتا ئىكەن. يۇرتىدىن چىققان بىر ھاجى يول مېڭىپ يۈرۈپ ئۇنى ئىلىپ قېلىپ ناۋايلىققا ساپتۇ. ئۇ بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— تېخىچە خوتۇن، ئۆي، تۇرمۇش دېگەننى بىلمەيمەن، يەرلىك ئەرەبلەر بىزگە قىز بەرمەيدۇ ھەم بىزمۇ ئۇلارنى ئالغۇدەك دەپىنە ـ دۇنيا تاپالمايمىز. يەنە قانچىلىك مۇشۇ

تەرىقىدە ياشايمەن، بۇنى بىلمەيمەن. ئىنىم، يۇرتۇمدا بولغان بولسام ئوتتۇز يىلدا ئۆيلىنىپ، بالىلىق ۋە نەۋرىلىكمۇ بولۇپ قالاتتىم. شۇلارنى ئويلىسام خۇددى خۇدا ئۆزى يۇرتۇمدا قالغاندەك، جەننەتمۇ ئاشۇ يۇرتۇمدا ئىكەن دېگۇم كېلىدۇ، — دېدى.

مەن بېشىمدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى ئېيتىپ، خوتۇنۇم كەشمىردە قالغاندى، شۇ ئاجىزەنى ئېلىپ يۇرتۇمغا كېتەي دەيمەن، بىراق قولۇمدا تەڭگىنىڭ سۇنۇقى يوق، قاچان يۇرتۇمغا بارالايدىغىنىمنى ئۇقمايمەن، دېدىم. ئۇ ھاجى ماڭا قاراپ يۈرىكى ئېزىلدى بولغاي:

— ھەر كۈنى كەلسىلە نان، يېمەكلىك بېرەي، كەتكۈچە چوقۇم مەن بىلەن كۆرۈشۈپ كەتسىلە. مېنىڭ بۇ يەردە قېرىنداشىم يوق، خۇدالىق ئۈچۈن سىلىگە ياردەم قىلاي، — دېدى.

بىز يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇ ئىشتىنىمنىڭ لېپىزىگە بىر مونەك نەرسىنى تىكىپ بەردى. ھاجىغا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمىدىم. ئۇ مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ خوشلاشتى، ھامان بىر كۈنى ۋەتەنگە قايتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كىشىلەر، بۇ دۇنيادا جاپا تارتسا، ئۇ دۇنيادا جەننەتكە كىرىدۇ، دەيدىكەن. مەن ئويلاپ قالدىم، بىزنىڭ جەننىتىمىز ئۆز ۋەتىنىمىزدە، خاتىرجەم ياشىغان ماكانىمىزدا ئىكەن.

كېيىنكى يىللاردا يەنە شۇ تونۇشلار بىلەن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ جان ساقلاپ پاكىستانغا كەلدۇق. ئۇ يەردىمۇ ئىش ـ ئوقەت قىلدۇق. قوشكېزەك ئوغۇللىرىمىز كىچىكىدىن تارتىپ دىنىي دەرسنى، ئوردۇ تىلىنى ئۆگەندى. ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە بوي تارتىپ، شۇنداق چىرايلىق، بەستلىك يىگىت بولۇپ يېتىشتى. ئۇلارغا قاراپ شۇنداق سۆيۈندۇق. يۇرتقا كېتەيلى

www.uyghurkitap.com

دېسەك، ئۇلار:

— سىلەر يۇرتقا بېرىپ تۇرۇڭلار، بىز قاچان يول تېپىپ، جان باققۇدەك بولغاندا ئاندىن ئالدىڭلارغا بارىمىز، — دېدى.

مەن:

— جېنىم بالىلىرىم، قىينىلىپ قالىسىلەر، نېمە بولسا يۇرتتا كۆرەيلى، — دېسەم، ئۇلار:

— بىز قانچىلىك جاپادا چوڭ بولدۇق، سىلەر قانچىلىك مۇشكۇلچىلىك تارتتىڭلار، بۇ بىزگە بەش قولدەك ئايان. شۇڭا، ئىككىمىز تىجارەت قىلىپ، باي بولغاندا سىلەرنى يوقلاپ بارىمىز. بىزدىن خاتىرجەم بولۇڭلار، — دەپ قالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇلار پۇل تېپىپتۇ، يېقىندا بۇ يەرگە كەلمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

— بەك ياخشى بوپتۇ، تارتقان جاپايىڭلارغا تۇشلۇق ئوغلۇڭلارنىڭ راھىتىنى كۆرىدىغان كۈنۈڭلار كەپتۇ، — دېدى ئۇلار تۇشمۇتۇشتىن.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ تەڭ كېچە بولۇپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. ھېچقايسىسىنىڭ كۆزىدە ئۇيقۇ دىدارى يوق، بىرى تۇختىسا، بىرى سۆزلەپ، بىرى يىغلىسا، بىرى تەسەللى بېرىپ تاڭنى ئاتقۇزدى.

## 43

ئارىدىن يەنە بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. زۇلفىيەنىڭ كۈتۈش، كۈتۈش يەنە كۈتۈش دەردىدە پۇچىلانغان يۈرىكى ھالسىرىدى. چېگراغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلدى. مۇھەببەت، ھىجران ئازابى ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. تۇساتتىن بىر كۈنى «چېگرا ئېچىلىپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ

كېلىشى بىلەن زۇلفىيەنىڭ بېشى كۆككە يەتتى. ئۇ شۇ كۈنى ئۆيگە كېلىپلا ئاپىسىنى قۇچاقلاپ ئۈن سېلىپ يىغلىدى، ئانا قورقۇپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟ نېمىگە يىغلايسەن، ماڭا قارىغىنا...

ئانا ھەيران قالدى، زۇلفىيەنىڭ كۆزى ياش بولغىنى بىلەن چېھرى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

— چېگرا ئېچىلىپتۇ، چېگرا ئېچىلىپتۇ... — دەپ تەكرارلىدى زۇلفىيە بارلىق ئاۋازى بىلەن.

ئانا - بالا ئىككىيلەن شۇ كېچە خۇشاللىقتىن ئۇخلىيالمىدى. گاھى بىر - بىرىگە ئېسىلىپ يىغلاشسا، گاھى بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ كۈلۈشەتتى.

زۇلفىيە ئەتىسىدىن باشلاپ تەرەپ - تەرەپكە قاترىدى. بائىمەخان چوڭ ئاپىلىرى ئاۋۋال، زۇلفىيە ئۇلاردىن خېلى كېيىن چېگرادىن ئۆتۈش رۇخسىتىنى ئالدى.

مانا ئۇنىڭ سەپەرگە چىقىدىغان كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئايروپىلانغا چىققاندا ھېلىلا قەپەستىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى قاماللاپ تۇتۇپ ئولتۇرۇۋالدى. ئاھ، ھىجران بىلەن ۋىسال ئارىلىقىدىكى ئاشۇ دەقىقىلەر ئۇنى تەقەززا قىلاتتى، كاللىسىدا ھەر خىل شېرىن خىياللار ئەگىيتتى... ئەنە ئۇرۇمچى ئايرودورۇممۇ كۆرۈندى. ئۇ چامادانلىرىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىققاندا، بۇرۇن ئۆزى تۇرغان، ئۇقۇغان بۇ شەھەرنى تونۇيالماي قالدى. بۇ يەرنىڭ گۈل - گىياھلىرى، رەت - رەت قۇرۇلۇشلىرى، كىشىلەرنىڭ كىيىنىشلىرى، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى كۆپ ئۆزگەرگەنىدى.

ئەنە ئىككى دوستى گۈلدەستىلەرنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە، ئۇمۇ سومكىلىرىنى تاشلاپ دوستلىرىغا قاراپ ئېتىلدى...

— ئەجەبمۇ ئوبدان ۋاقتىدا كەلدىڭ، سېنى بەك

www.uyghurkitap.com

سېغىنغاندۇق، — دېدى ئۇلار ئۇنى بەس ـ بەستە قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

— رەھمەت، جېنىملار، مەنمۇ سىلەرنى بەك سېغىنغانىدىم، خۇدا كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلدى، — دېدى زۇلفىيەمۇ ھاياجىنىنى باسالماي.

ئۇلار جىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يول بويى بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەي سۆزلىشىپ ماڭدى.

— بۇ كۈنلەرنى قانچىلىك زارىقىپ كۈتكەنىدىم ـ ھە، — دېدى زۇلفىيە ھاياجىنىنى باسالماستىن، — راستىنى ئېيتسام، تاكى ئايروپىلانغا چىققۇچە مۇشۇ زېمىنغا راست كېتىۋاتامدىمەن دەپ گۇمان بىلەن يۈرىكىم ئىزىغا چۈشمىدى جۇمۇ. سىلەرنى كۆرۈپ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم.

— كەلدۇق.

ماشىنا مامۇتقارىنىڭ قورۇسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلار يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ قورۇغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، سەن بىر ـ ئىككى كۈن دېمىڭنى ئېلىۋالغىن، سېنى كۆرگىلى ئايرىم كېلىمىز، دەپ ماشىنىغا چىقىپ كېتىشتى.

ئۆيدىن بىر ئايال يۈگۈرۈپ چىقتى. زۇلفىيە بۇ ئايالنىڭ بائىمەخان ئاپىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى.

— كەل، قىزىم، مېنى كۆرۈپ ھەيران قېلىۋاتامسەن؟ — دەپ بائىمەخان باغرىنى كەڭ ئېچىپ ئۇنى قۇچاقلىدى، پېشانىسىدىن، كۆزلىرىدىن سۆيدى.

— بائىمەخان ئاپا، سىزنى تونۇماي قالغىلى تاس قاپتىمەن، تاشكەنتتىكى چېغىڭىزدا بەكلا ئورۇق، ئاجىز ئىدىڭىز. توۋا دەيمەن، ئەمدى قارىسام، تىمەن بولۇپ ياشىرىپ كېتىپسىز جۇمۇ، تۇف ـ تۇف، تىلىم تەگمىسۇن يەنە، — دېدى ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

زۇلفىيە يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ چىقىش ئارىلىقىدا،

بائىمەخان داستىخان راسلاپ، ئىسسىق ئاق نان، سامسا، كاۋاپلارنى ئەكىرىپ چاي دەملىدى. زۇلفىيە داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، چاي ئېچكەچ سورىدى:

— سىز بىلەن بۇ ئۆيدە ئۇچرىشىپ قالارمىز دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، كۆرۈپ بەك خۇش بولدۇم، مامۇتقارى چوڭ دادامچۇ؟

— ئاكىمىز بىر ئىشلار بىلەن يۇرتقا كەتكەن، پات ئارىدا قايتماقچى. قېنى مەززەلەردىن ئالغىن، ماۋۇ ئىسسىق سامسىنى ھازىرلا تونۇردىن ئالغان، — دېدى بائىمەخان خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ.

زۇلفىيە بىر تال سامسىنى ئېلىپ، بىر چېتىدىن چىشلەپ يەپ، چايدىن بىر ئوتلىۋالدى.

— ئۇزاق بوپتىكەن بۇنداق مەززىلىك سامسا يېمىگىلى، بەك ئوخشاپتۇ. ھە راست، ھاجى دادام كۆرۈنمەيدۇغۇ، ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟

بائىمەخان بىرپەس جىم ئولتۇرۇپ كەتتى، كۆزىگە غۇژژىدە كەلگەن ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ گەپ باشلىدى:

— مەمەتتۇرسۇن ھاجى كېيىنكى كۈنلەردە بەك ئاجىزلاپ كەتتى، گەپ ـ سۆزمۇ قىلمايدىغان بولۇۋالغانىدى. بىز ۋەتەنگە قاراپ يولغا چىققاندىن كېيىن بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، بىچارە ۋەتەن تۇپرىقىغا قەدەم بېسىپلا يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئاۋۋال ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق دۇئا قىلدى، كەينىدىن يۈزىنى تۇپراققا يېقىپ، توپىسىنى كۆزىگە سۈرتۈپ ئۇزاققىچە ئولتۇردى. بىز تونۇغان ياكى تونۇمىغان كىشىلەر بولسۇن ئالدىمىزغا چىقتى، ئاتا ـ ئانىمىز توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان پاراڭلارنى قىلىپ بەردى. ئارىدىن قىرىق يىل ئۆتكەن ئۇ كۈنلەردە ئاتا ـ ئانىمىز تۇگۇل، دېمەتلىك كىشىلىرىمۇ تۈگەپ بوپتۇ. بىراق، يۇرت، خەلق بىزنىڭ

ئائىلىنى ئۇنتۇماپتۇ.

ھاجى ئۆزى توغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆينى كۆرۈشكە ئالدىردى. بىراق، يۇرتتا تەرەققىيات زور بولۇپ كەتكەچكە، كونا ئۆيلەر چېقىلىپ يېڭى يوللار ئېچىلىپ، يېڭى ئۆيلەر سېلىنىپ كەتكەنىكەن. ئۆيلىرىمىزنىڭ ئىزىنىمۇ تاپالمىدۇق. ئەل - جامائەتتىن سوراپ يۈرۈپ ئاتا - ئانىمىزنىڭ قەبرىسىنى تېپىپ روھىغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىلدۇق. قولۇم - قوشنىلار بىزنى ئوبدان كۈتۈۋالدى. قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدە قوندۇق، ئەتىسى قوپۇپ قارىسام ھاجى مىدىرلىماي ياتىدۇ. ھاجى شۇ ياتقىنىچە جىممىدە كېتىپ قالدى. زار - زار يىغلاپ يۈرۈپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدۇق، قىزىم. ئۇنىڭ ئارزۇسىمۇ ۋەتىنىنىڭ تۇپرىقىدا يېتىش ئىدى، رەھمەتلىك بەك ئاق كۆڭۈل، ياخشى كىشى بولغاچقا، ئاللا ئۇنىڭ تىلىگىنىنى ئىجابەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە مامۇتقارىكام بېشىمنى سىلىدى. دۇنيادا ئاجايىپ ئېسىل ئادەملەر بولىدىكەن. مانا مامۇتقارىكام ھەسەنجان ئاكام بىلەن دوست - بۇرادەر، يا بىزگە تۇغقان ئەمەس. بىراق، بىزنىڭ تۇغقانلارغا ئاز ياخشىلىق قىلدىمۇ؟ مانا مۇشۇنداق ئادەملەر ھەجگە ئون قېتىم بارغانىنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ. مېنىڭ چىرايىمنىڭ ئوبدان بولۇپ قېلىشىمۇ راھەتتىن، قىزىم. ئاتمىش بەش ياشقا كىرەي دېدىم، ھەر كۈنى نامىزىمدا مامۇتقارىكامغا دۇئا قىلىمەن. ئوغۇللىرىم قايتىپ كەلگۈچە مۇشۇ ئۆيدە تۇرىدىغان بولدۇم. ئېسىم قۇرۇسۇن، خەت - سۈرەتلەر بار كۆرۈپ باقامسەن؟

— ماقۇل.

بائىمەخان ئۆيدىن بىرنەچچە پارچە خەت ۋە سۈرەتلەرنى ئېلىپ چىقتى.

— مانا ماۋۇ چوڭ ئوغلۇم سادىر، ماۋۇ ئايالى كەشمىرلىك مۇسۇلمان قىز. تۇۋا، قوشكېزەك بۇلارغىمۇ ئۇدۇم بوپتۇ،

كۆردۈڭمۇ، ماۋۇ قوشكېزەك قارا كۆزلەرنىڭ چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالغىنىنى. بۇ قىزى، بۇ يىل ئون ئالتە ياشقا كىردى. بۇ كىچىك ئوغلۇم نادىر، ئۇنىڭمۇ ئايالى پاكىستانلىق مۇسۇلمان قىز. بۇلار ئۇلارنىڭ ئىككى ئوغلى. نەۋرىلىرىم بىر - بىرىدىن چىرايلىق چوڭ بولدى. ئەمدى خۇدايىم بىر كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلسا ئىدى.

— بەك ياخشى بوپتۇ، بائىمە ئاپا، ئۇلار ئۇيغۇرچە بىلەمدۇ؟

— ئۇلار نەچچە تىلنى بىلىدۇ، كىچىكىدىن تارتىپ ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشىنى چىڭ تۇتتۇق، ئۇيغۇرچە ساۋاتىنىمۇ چىقاردۇق. مانا، قارىمامسەن، بۇ خەتلىرىنى ساپ ئۇيغۇرچە يازغان، — دەپ كونۋېرتنى تەڭلىدى.

زۇلفىيە خەتتىن بىرنى ئېچىپ ئوقۇدى:

*ئاپىجان، ياخشى تۇردىڭىزمۇ، بىزلەرمۇ سالامەت، ئوبدان تۇردۇق. بۇ قېتىم ئاجايىپ بىر ئىش بولدى. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن كەشمىرگە كۆپ مال يۆتكىدۇق. ئۇلارنى بىر سودىگەر تويلا ئېلىۋالدى. پۇلنىڭ يېرىمىنى بېرىپ، يېرىمىنى كېيىن بېرەيلى دېگەنىدى، بىر ئاي ساقلاپ پۇلنى ئالالمىدۇق، سۈرۈشتۈرسەك، ئۇ بىز تۇغۇلغان ئۆينىڭ ھېلىقى خوجايىنى ئىكەن، مانا ئەمىسە دەپ ئۇنىڭ قورۇ - جايىنىمۇ سېتىۋالدۇق. بىز يۇرتقا قايتقاندىن كېيىن سىزگە خالىغان يېرىڭىزدىن ئۆي ئېلىپ بېرىمىز، ئاندىن سىز قول بولۇپ ئىشلىگەن ئاشۇ قورۇدا، دادامنى كوچىغا تاشلىۋەتكەن بايۋەچچىنىڭ قورۇسىدا ئاز بولسىمۇ ئۆز بەگ - ئۆز خان بولۇپ ئولتۇرۇپ بېقىڭ. شۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىڭىز بىلەن چىرايىڭىزنى كۆرۈشنى بەكمۇ خالايمىز، ئاللاغا ئامانەت. ئاپىجان، سالامەت بولۇڭ، خۇدايىم بۇيرۇسا پات يېقىندا دىدارلىشىمىز. ھۆرمەت بىلەن:*

*ئوغلىڭىز سادىر ۋە ئائىلىسى*

*ئوغلىڭىز نادىر ۋە ئائىلىسى*

— بائىمە ئاپا، تارتقان جاپايىڭىز بەدىلىگە ئەمدى ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشكۈدەكسىز. قاراڭە، ئوغۇللىرىڭىزنىڭ نوچىلىقىنى، يۇرتىمىزدە ئوتى بار يىگىتلەر ئىكەن. مەنمۇ بەك پەخىرلىنىۋاتىمەن جۇمۇ.

— رەھمەت، قىزىم. راست، رەيھان قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ، نېمىشقا بىللە كەلمىدى؟

— ئاپامىمۇ ھەرھالدا ياخشى، شۇ ياشقا كەلگەندە پات - پات ئاغرىپ قالىدىكەن. بۇ قېتىم ئاساسلىقى ئېرىمنى ئىزدەپ كېلىشىم. ئاپامنىڭغۇ ئوتتەك كەلگۈسى بار ئىدى، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەركى قېتىم ئۆزۈم ئېلىپ كېلىمەن.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە سۆزلىشىپ كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلىدى. بائىمەخان زۇلفىيەنىڭ كەچمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ كۆز يېشى قىلدى.

ئەتىسىدىن تارتىپ تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن دوستلىرى، پەتىچىلەرنىڭ ئايغى بېسىلمىدى. غەلىتە يېرى، كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىدىغانلىقىنى، مېھمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى - يۇ، ھېچكىم ئالماس توغرىسىدا بىر ئېغىز سۆز قىلمىدى. بۇنىڭدىن زۇلفىيەنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئاغرىدى.

## 44

زۇلفىيەنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئالماس ھودۇقتى، قىزاردى، لەۋلىرىنى چىشلىدى، نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى، چۈنكى ئۇنىڭغا ئېغىر بېسىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان يېڭى ئائىلىسى بار ئىدى. ئالماس: «كىم بىلىدۇ، ئۇمۇ توي قىلغان بولسىچۇ؟

ئۇنداقتا ئۇ نېمىشقا ئۆزى يالغۇز كەلگەندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى.

بۇ چىگىچ مەسىلىنى ئالماسنىڭ يېقىن دوستى يارى يەشتى. ئۇ ئالماس بىلەن كۆرۈشۈپ ئېيتتى:

— زۇلفىيە شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپتۇ، دوستۇم، ئۇ تېخىچە سېنىڭ نىكاھىڭدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مېنىڭدىن سېنى سورىۋىدى، چاقچاققا يۆلەپ ئۇنى كۆلدۈرۈپ قويۇپ، ئاران ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم. ئۇ سېنى ھېلىغىچە شۇنداق ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بىر كۈنمۇ ئۇنتۇمىغانلىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ دوستلىرىغا ئېيتىپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىسەن؟

ئالماسمۇ زۇلفىيەنى كۆرۈشكە شۇنچە تەشنا بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە يۈرىكىنى بىر ئازاب ئېچىشتۇرۇۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا ۋەدە بەرگەن، بىر كۈنمۇ ئايرىلالمايمەن دېگەنىدىمغۇ؟ ئەگەر چېگرا تاقالمىغان بولسا... بۇنىڭغا زادى كىم ئەيىبلىك؟ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم زۆھرە يىغىسىنى باشلايدۇ، ئاندىن غەلۋە ـ غوۋغا، جېدەل ـ ماجىرا، گەپ ـ سۆز پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىدۇ...

— ئاداش، نېمە بولدۇڭ، بىرنېمە دېمەمسەن؟

— ھەي، نېمە بولاتتىم، ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالدىم، بىراق ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم كۆرۈشىمەن. ئۇنىڭ مۇھەببىتى يۈرىكىمدە ساقلاقلىق، ئۇ مېنىڭ تۇنجى سۆيگەن، ئۆزۈم كۆيۈپ ـ پىشىپ ئالغان ئايالىم، راستىنى ئېيتسام، ئۇنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇمىدىم. ئۇمۇ تېخىچە مېنىڭ نىكاھىمدا تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇھەببەت بارمۇ؟ ئەمدى بىزنى بىر ئامال قىلىپ ئۇچراشتۇرغىن.

— چاتاق يوق، ئۇمۇ ھازىر سەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھازىرلا ئېيتاي، ئۆيدە خوتۇن يوق، يۇرتقا كەتكەن دېگىنە، كەچتاشا ئۇچ ئېغىز ئۆي يېتەمدۇيا؟ — دېدى يارى پىخىلداپ كۈلۈپ.

www.uyghurkitap.com

— سېنىڭ مۇشۇنداق يەرلىرىڭنى دېمىسەم ئاداش. نەق جايىدا ئەسقاتىدىغان بولدۇڭ، ئۇزاق يىللىق يىغلىسپ قالغان ھەسرەت، دەرد، گەپلەر بىلەن ئۇ ئۆيگە پاتماي قالساق، دېرىزىنى ئېچىۋېتەرمىز، ئۆيۈڭنىڭ كەينى باغقۇ؟

— كاساپەت، ئەجەبمۇ جايىدا گەپ قىلدىڭ، ئۆيۈمنىڭ كەينى ئىنتايىن خالىي باغ، ئۇچار قۇشتىن باشقا ھېچ نەرسە كىرەلمەيدۇ. سىلەر ئاشىق - مەشۇقلار ئۇچۇن چارۋاغ بولۇشقا يارايدۇ جۇمۇ، — دېدى چاقچاق ئارىلاش.

— «مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن» دوستۇم، مەن ھازىر چاشقاندەك بىچارە دېگىن، راستىنى ئېيتسام، ئۇنىڭ بىلەن قايسى تەرىقىدە كۆرۈشۈشنى بىلمەيمەن. ئادەم ئۆزىنى تۇتۇۋالىمەن دېگىنى بىلەن يۈرەك ئۇنىمايدۇ. ئىككى كۈندىن بېرى گېلىمدىن سۇدىن باشقا نەرسە ئۆتمىدى. ئۇنى شۇنچە يىل سۆيگەنىدىم، ھازىرمۇ يەنە شۇنداق چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن، بىراق مېنىڭ ئىشىم ئۇنى چوقۇم قاتتىق رەنجىتىپ يۈرىكىنى زېدە قىلىدۇ. مەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇراي، سەن ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىن. قاراپ تۇرماي چاققانراق بولساڭچۇ، ئۆتۈنۈپ قالاي.

— مانا ماڭدىم، سەل تۇرسام يىغلاپ كېتىدىغاندەك قىلىسەن، ئىككىڭلارنىڭ يېشىنى ئېرىتىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالماي يەنە، ئەمىسە ساقلاپ تۇرغىن.

يارى كەتكەندىن كېيىن ئالماس ئىچ - ئىچىدىن تىتىلداپ ئولتۇرالمايلا قالدى، يارى ھايال بولمايلا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ۋاقىت ئۇنىڭغا بەك ئۇزاق تۇيۇلۇپ كەتتى. يارى ئۇلارنى چۇشتىن كېيىن سائەت تۆتتە ئۆزىنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشىدىغانغا توغرىلاپ كەلگەنىدى.

دېگەن ۋاقىت توشتى. ئالماس زۇلفىيە يېتىپ كەلگۈچە ھېلى دېرىزىدىن قارىسا، ھېلى ئىشىك تۈۋىگە باراتتى. ئۇنىڭ

بىلەن قايسى تەرىقىدە كۆرۈشۈشنى بىلەلمەي تەمتىرەيتتى، ھاياجانلىناتتى. ئۇ دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ، دوستى يارى بىلەن كېلىۋاتقان زۇلفىيەنى كۆردى ـ دە، قوللىرى تىترەپ، پۇتلىرى بوشاپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى. زۇلفىيە ئازراق سەمرىپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچقانچە ئۆزگەرمىگەندەك كۆرۈندى. بوي ـ بەستى خۇش پىچىم، ئۇستىگە سۇت رەڭ كاستۇم ـ يوپكا كىيگەن، شۇ رەڭدە سومكا تۇتقان، قىرقىم چاچلىرى ئۆزىگە ياراشقان، مېڭىشلىرى شۇنداق نازاكەتلىك...

«زۇلفىيە قەدىرلىكىم، ئاخىر كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدىڭىز، يىگىرمە يىل بۇرۇن بىز بىر ـ بىرىمىزگە چىدىيالماي ياش تۆكۈپ، قايتا ـ قايتا قۇچاقلىشىپ خوشلاشقانىدۇق، مانا بۈگۈن بىز يەنە شۇنداق قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىمىز. سىزنىڭ ئالدىڭىزغا چىقالايمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلسام بولماس. سىرتتا كۆرۈشسەك ئۆزىمىزنى تۇتالماي قالىمىز. سىزنى يەنىلا ئۆيدە ساقلاي. خالىي جايدا كۆتەي...» ئەنە ئۇ ئىشىك ئالدىغا كەلدى، كۆزلىرى شادلىقتىن نۇرلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، مانا... ئىشىك چېكىلدى، ئالماس ئىشىكنى ئاچتى ـ دە:

— مەرھەمەت، — دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

زۇلفىيە بوسۇغىدىن قانداق كىرگەنلىكىنىمۇ بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئالماسقا قاراپ قېتىپ قالغانىدى. بىرنەچچە دەقىقە ئىككىسى بىر ـ بىرىگە شۇنداق قارىشىپ تۇرۇپ قالدى. زۇلفىيەنىڭ تىلى گەپكە كەلمەيتتى، پۇتىدا مىسقالچە ماغدۇر قالمىغان، لاغىلداپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئالماس ئۇنى يىقىلىپ كەتمىسۇن دەپ يۆلەپ ئېلىپ ماڭدى ـ دە، دېۋانغا ئولتۇرغۇزاي دېگۈچە بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئالماس جىددىيلىشىپ:

— يارى، قېنى سەن، — دەپ دوستىنى چاقىردى، — بول چاپسان، ماشىنا تاپ، دوختۇرغا ئاپىرايلى.

— مانا ھازىرلا.

ئۇ قانداق ئالدىراش چىقىپ كەتكەن بولسا، شۇنداق ئالدىراش يېنىپ كىردى ـ دە، زۇلفىيەنى ئىككىسى كۆتۈرۈپ ماشىنىغا سېلىپ جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېلىپ ماڭدى. ئۇزاق يىللىق ئايرىلىش، ھىجران، تەشنالىق، غايىب بولغان مۇھەببەت، قاغجىرىغان ھايات زۇلفىيەنى ھەسرەت دېڭىزىغا غەرق قىلغانىدى. ئۇ گويا شامالدا قالغان يالغۇز گىياھدەك تىترەيتتى، يېنىدا تۇرغان كىشىنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. ئۇ ئىشق ئوتىدا ئۆرتەنگەن يۈرىكىنى قاماللاپ، غەيرەت بىلەن كۆزىنى ئاچماقچى بولاتتى، لېكىن ئۇنچىلىك ماغدۇرى ھەم قۇدرىتى يوق ئىدى.

دوختۇرخانىدا ئالماس ئۇنىڭغا كۆز تىكىپ ئولتۇراتتى، بىر تامچە ـ بىر تامچە چۈشۈۋاتقان سۇيۇقلۇق زۇلفىيەگە پايدا قىلدىمۇ، بىركەمدە كۆزلىرىنى ئاستا ئاچتى.

— بۇ راستىنلا سىزمۇ؟

— ھەئە، بۇ مەن.

— شۇنچە يىلدىن بېرى مېنى تاشلىۋەتتىڭىز، نېمىشقا، نېمىشقا ئۇنداق قىلىسىز؟

— زۇلفىيە، سىز ئەمدىلا ئېسىڭىزگە كەلدىڭىز. بولدى، بۇ ئازابلىق يىللارنى تىلغا ئالماڭ، مەن سىزگە ھەممە ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىمەن. بىراق سىزنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇمىدىم، بۇ قېتىم سىزنى كۆرۈپ خۇشلۇقۇم ئالەمچە بولدى. مانا بىز تېخى ھايات، قايتا ئۇچراشتۇق. بۇنىڭ ئۆزىلا بىر تېپىلغۇسىز پۇرسەت ھەم خۇشاللىق ئەمەسمۇ؟...

ئالماس نۇرغۇن سۆز قىلدى، بىراق زۇلفىيە يىغىسىنى يىغلاپ، قايىل بولمىدى.

— مەن سىزگە شۇنچە كۆپ خەتلەرنى يازدىم، سىز بىر پارچە خەتتە، چىگرا تاقالدى دەپ يېزىپسىز، مەن شۇ كۈنى



www.uyghurkitap.com

يىغلاپ، ۋارقىراپ تاس قالدىم ئەقلىمدىن ئازغىلى، مەن سىزگە نېمە قىلغان، نېمىشقا ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىمايدۇ، نېمىشقا شۇنچە خېتىمنى جاۋابسىز قالدۇرسىز؟

زۇلفىيەنىڭ قار ـ يامغۇر يىغىسىغا، نالىسىگە چىدىيالمىغان ئالماس ئۇنىڭ قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ مەڭزىگە ياقتى.

— سىزمۇ يىغلاۋاتامسىز؟

— ھەئە، ئىككىمىز تەڭ يىغلاۋاتىمىز، زۇلفىيە، مېنىڭمۇ دەردىم، سەرگۈزەشتىلىرىم بار. سىزگە ھەممىنى ئېيتىپ بېرىمەن، تىنچلىنىڭ، ئاران بىر كۆرۈشكەندە مۇنداق قىلماڭ، بولامدۇ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي.

زۇلفىيە كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىدە يېقىملىق نۇر چاقنىدى. ئۇ ئالماسنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئالماسنىڭ باھارنى ئەسلىتىدىغان يېشىل كۆزلىرىدە مۇھەببەت ئوتلىرى ياناتتى، ئۇ ئوتلار كۆزدىن ـ كۆزگە، كۆزدىن يۈرەككە بېرىپ تېگەتتى. ئۇ ياش ۋاقتىدىمۇ شۇنداق يېقىملىق ھېسسىيات بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى، ھازىرمۇ شۇ سىياقتا...

— زۇلفىيە، سىز يىراقتا بولسىڭىزمۇ يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا سىز بىلەن بىللە ياشىدىم، سىزنىڭ ھەربىر تىنىقلىرىڭىزنىمۇ ئۇنتۇيالمىدىم. ئەمما، مىڭلىغان كۆزلەر ئىچىدىن كۆزلىرىڭىزنى زادىلا تاپالمىدىم. سىزنىڭ كۆزلىرىڭىز شۇنچە نۇرانە، يېقىملىق، جازىبىدار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، نى ـ نى ساھىبجاماللارمۇ كۆزۈمگە كۆرۈنمىدى.

— راستمۇ؟ بۇ سۆزلىرىڭىز راستمۇ؟

— راست.

— سىز يالغۇزمۇ؟

...

www.uyghurkitap.com

— سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدىڭىزغۇ؟

— زۇلفىيە، بىز كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان، دىللارنى يايرىتىدىغان سۆزلەرنى قىلايلى. كۈنلەر، تۈنلەر ئۇزاق، شۇنچە يىللىق ئىشلارنى بىر كۈندە سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولاتتىمۇ؟ نى-نى كېچىلەر ھېكايە ئېيتىشىمىز. ئاۋۋال ئوغلىمىز ھەققىدە گەپ ئاچلاي، — دېدى ئالماس زۇلفىيەگە يېلىنىش نەزىرىدە قاراپ.

— ئىككىمىز يىغلاپ ئايرىلغاندىن كېيىن تاشكەنتكە كېلىپ ئىككىقات بولغانلىقىمنى بىلىپ شۇنچە شادلاندىم، بىراق بۇ خۇش خەۋەرنى ئېيتاي دېسەم سىز يوق، ئاخىر خەت يازدىم. تۇنجى تۇغۇتۇمدا، سىز ئاتا بولىدىغان بەختلىك مىنۇتلاردا يېنىمدا بولۇشىڭىزنى، پەرزەنت شادلىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىڭىزنى ئارزۇ قىلغانىدىم. بىراق، ئارزۇلىرىم خىيال پېتى قالدى. ئوغلىمىز چوڭ بولۇپ ئىككىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن سۈرىتىڭىزنى خاتىرە دەپتىرىنىڭ ئىچىگە سىلىقلاپ يېپىشتۇرۇپ يېنىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىمىدى. شۇ تاپتا ئىككىمىزنىڭ دىدارلاشقانلىقىمىزنى بىلسە قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر ئىدى-ھە؟

— مەن ھازىر بەك خۇشال بولۇۋاتىمەن، ھاياجانلىنىۋاتىمەن ھەم تولىمۇ خىجىل بولۇۋاتىمەن، — دېدى ئالماس ئېغىر تىنىپ.

ئۇ مۆرەككەپ تۇرمۇش، مۆرەككەپ ھېسسىياتلار قوينىدا لەيلەپ يۈرەتتى، بىر ئويلىسا خۇددى ئۇخلىماي چۈش كۆرگەندەك بولاتتى، يەنە بىر ئويلىسا رەھىمسىز رېئاللىق كۆز ئالدىدىلا تۇراتتى.

— ئاپام سىزگە سالام ئېيتتى، — دېدى زۇلفىيە.

— ئاپامنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دېدى ئالماس خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ.

— ئاپام ئائىلىمىزنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

بىرقانچە قېتىم ئېغىر ئاغرىدى، ھازىر خېلى ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ. ئوغلىمىزنىڭ بويى سىزدىنمۇ ئېگىز، چىرايى سىزگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ، بىراق مىجەزى سەل چۈسراق، ئۇ رۇس باللار بىلەن بىللە ئوقۇپ، بىللە ئويناپ رۇس مىجەز بولۇپ قالدى.

— ئۇنى ھازىرلا كۆرگۈم، باغرىمغا باسقۇم كېلىۋاتىدۇ. ئوغلىمىزنى ئاپا ھەم دادا بولۇپ بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگە قانچە تەشەككۈر ئېيتسام تۈگىمەيدۇ، خۇدا خالىسا ئۇنىڭغا دادىلىقنى يەتكۈزىمەن، كېيىنكى ئىشلىرىغا ئۆزۈم ئىگىدارچىلىق قىلىمەن.

— بۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

— سىز ۋە ئوغلۇمنىڭ ئالدىدا قەرزدار بولۇپ كەتتىم، ئەمدى شۇ مەجبۇرىيەتلىرىمنى تولۇقلاپ ئۆتمىسەم ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىمەن، شۇنداقمۇ؟

ئىككىيلەن بىر - بىرىگە قاراپ خۇشخۇي كۈلۈمسىرەشتى.

توغرا، مۇھەببەت بىلەن مەسئۇلىيەتنى تەڭ ئۆتىيەلىگەن بولسا ئالماس ھەرگىز ھازىرقىدەك ئازابلانماس، پۇچىلانماس ئىدى. ئۇ ئاتىلىق بۇرچىنى ئاداسىز ئادا قىلالمىغانلىقىغا بەك ئېچىندى، بىراق بۇ ۋاپاسىزلىق ئەمەس، بەلكى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى.

زۇلفىيە ھازىر شۇنچە خۇشال، بەختىيار ھېسسىياتتا بولغان بولسىمۇ، بىر سوئال ئۇنى قىيناپتتى، ئېغىزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقان بۇ سوئالنى يېشىشكە ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. بىر ئەر بىر ئايالنى شۇنچە ئۇزاق يىل ساقلىيالامدۇ؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئويلىدى ئۇ. ئالماسنىڭ مۇھەببىتى ھەقىقىي مۇھەببەتمۇ ياكى ساختا مۇھەببەتمۇ؟ ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ ئۆلچىمى قانداق بولىدۇ؟

— ئالماس، سىز...

— بولدى، زۇلفىيە، سىزنىڭ نېمىنى سورايدىغانلىقىڭىزنى

بىلىمەن، مەن بىر ئەركەك، تۇرمۇشتا گاھى ئىشلارنى ئالدىن مۆلچەرلەپ ئورۇنلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. مەن كىچىككىنە سەۋەنلىك تۈپەيلى ۋەيران بولغۇم، يەنە كېلىپ ئۆزۈمگە قوشۇپ يەنە بىر ئايالنىمۇ ۋەيران قىلغۇم كەلمىدى. شۇ ۋاقىتتا ئەگەر مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىسام ھەر ئىككىمىز خىزمىتىمىزدىن ئايرىلاتتۇق، ئېغىرراق بولغاندا ئىستىل خاتالىقى دەپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا كېتەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىستىقبالىمىز تۈگەيتتى. بۇنى مەنمۇ، تەقدىرمۇ راۋا كۆرمەيتتى. مەن پەقەت شۇنى دېيەلەيمەن، بىراق سىزنى ئىزچىل سۆيۈپ كەلدىم. مەن نۇرغۇن خانىم - قىزلارنى، ساھىبجاماللارنى كۆردۈم. يەنە ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىنى، سېھىرلىك كۆللىرىنى، چەكسىز كەتكەن مەخمەلدەك يېشىل يايلاقلىرىنى، ئوتقاشتەك قۇياش قىزدۇرغان تەكلىماكان قۇملۇقلىرىنى كۆردۈم. سىزگە ئېيتسام، شۇ جايلاردا سىز بىلەن بىللە بولدۇم، سىز بىلەن بىللە ياشىدىم. سىز قەلبىمدىكى بىردىنبىر ساھىبجامال قىز سىز، كۆڭلۈمدىكى گۈزەل دۇنيا سىز. ۋەتىنىم مېنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمىنىم بولغىنىدەك، سىز ھەم مېنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمىنىم، مېنى چۈشىنىڭ، مەن بىر ئەركەك، مەن سىزگە كۆڭلۈمدە ساقلىغان ھېسلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي، كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلاي، بولامدۇ؟

زۇلفىيە تېڭىرقاپ قالدى.

## 45

ئۈچ كۈندىن بىرى دوختۇرخانىدا ئاپىسىغا قاراپ ئۆيگە قايتالمىغان زۆھرە بۈگۈن كەچقۇرۇن ئۆيگە كەلدى. بىراق،

www.uyghurkitap.com

ئۆيدە ئالماس يوق ئىدى. بىر يەرگە كەتسە خەت يېزىپ قويىدۇ، دەپ ئۈستەلگىمۇ قاراپ باقتى، ھېچنېمە يوق.

زۆھرە ئۇنى ئىزدەپ مەكتەپ قورۇسىغا چىقتى، مەكتەپ ئىچى يول چىراغلىرى بىلەن يورۇتۇلغان، يول بويىدىكى ئورۇندۇقلاردا، چىملىقلاردا قىز ـ يىگىتلەر، ئەرلەر، گاھى ئورۇندۇقلاردا بولسا، ئاياللار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

زۆھرە قىزىل بىنانىڭ ئالدىغا كېلىشى بىلەن ئالدىغا بىر دوستى ئۇچراپ قالدى.

— بارمۇ سەن زۆھرە، بەك ئالدىراش ئوخشىمامسەن، خېلى كۈنلەر بولدى ئۇچرىشالمىدۇق، — دېدى دوستى قىزغىن كۆرۈشۈپ.

— ئاپام دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان، كېسەل بېقىپ ئالدىراش بولۇپ قالدىم، — دېدى ئۇ ئەتراپقا سەپسالغاچ. ئۇ دوستى بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنى بىلەن ئېرىنى چېلىقىپ قالامدىكىن دەپ كۆزلىرى يولدا ئىدى.

— دوختۇرخانىغا ماڭدىڭمۇ؟

— ئەدىكىنى، ئۆيگە كەلسەم بىزنىڭ كىشى يوق، شۇڭا ئىزدەپ چىقىشىم، — دېيىشىگە دوستى «ۋىلىقىقىدە» كۈلۈپ قويدى. زۆھرە ئۇنىڭ ئورۇنسىز كۈلۈشىگە بىر قىسما بولۇپ تۇرۇشىغا، ئۇ يەنە:

— بوپتۇ، ئېرىڭنى چاقىرىق تېپىۋال. قارىغاندا، ھېچ ئىشتىن خەۋىرىڭ يوق ئىكەن ـ دە، — دېدى.

— ۋاي ئاداش، جاھاندىكى ئىشنىڭ تولىلىقىدا قايسىبىر ئىشنى ئۇقۇپ بولغىلى بولىدۇ دەيسەن، نېمە ئىشتى؟

— ۋاي، راست ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ زۇلفىيە كەلگىلى ئۈچ كۈن بولدى، ئۇرۇمچىدە ھەممە ئادەم ئاڭلاپ بولدى.

بۇ تۇيۇقسىز خەۋەر زۆھرەنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ بېشىغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكتى ـ دە، چىرايى بىر

قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ كەتتى. ئۇ بىرئازدىن كېيىن ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋېلىپ يەنە سورىدى:

— نېمىشقا كەپتۇ؟ نەگە چۈشۈپتۇ؟

دوستى زۆھرەنىڭ سۆزلىرىگە ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ قالدى، بىردەمدىن كېيىن تازا كۆلگۈسى كېلىپ كەتتى بولغاي، ئالدىرىماي، تەمتىرىمەي تۇرۇپ:

— بۇ قانداق سوئال دوستۇم، بۇ يەردە ئۈنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئۈنىڭ ئۇستىگە ئېرى تۇرسا، بۇ يەرگە كەلمەي نەگە باراتتى دەيسەن؟ — دېدى قاش - قاپاقلىرىنى سۈزۈپ تۇرۇپ.

— نېمە دېدىڭ، ئۈنىڭ ئېرى دەمسەن؟

— ھەئە، ئۈنىڭ ئېرى، چېگرا تاقالغاچقا ئىككىسى ئايرىلىپ تۇرغان، لېكىن قىزىل قەغەزنى ئاقق ئالماشتۇرمىغان تۇرسا.

— ۋېيەي، — دېدى زۆھرەنىڭ زەردىسى تېشىپ، — ئۈنىڭغا ئوخشاش ئايرىلغان ئەر - خوتۇن دېگەن كۆرمىدىڭ، ھەممىسى ئەرگە تېگىپ، خوتۇن ئېلىپ ياشىدىغۇ، ئۆزلۈكىدىن ئايرىلىدۇ شۇ. ئوشتە، ئەجەب يىغىرىمغا تەگدىڭا ، ئۇ كىمنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ، دەپ بەرگىنە.

— ياق، بىلمەيمەن، مەنمۇ سېنى كۆرمىگەن، ھېچنېمە دېمىگەن بولاي - ھە، خوش، ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى، — دەپلا ماڭدى دوستى.

زۆھرە بىردىنلا لاسسىدە بوشاپ گۈللۈكنىڭ چېتىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

«ئەمدى مەن قانداق قىلارمەن؟ ئالماسنى دەپ ئۆيۈمنى بۇزۇپ، بالامنى يېتىم قىلىپ، ئېرىمدىن ئايرىلىپ ئۈنىڭ بىلەن توي قىلغان تۇرسام. ئەمدى ئۈنىڭ قانۇنلۇق ئايالى كەلسە، مەن قانۇنسىز ئايالى بولۇپ قالامدىم؟ ياق، مەنمۇ قانۇنلۇق توي

قىلغان. بىراق...»

زۆھرە قانچىلىك ئولتۇرۇپ ئويلانسۇن، ئىشقىلىپ، بىر قېيىن سوئال، ھەل قىلىش تەس بولغان مەسىلىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، بىراق ئۇ ئاسانلا بەل قويۇۋېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئويلىرى تېخىمۇ يىراقلارغا كەتتى...

— ۋاي زۆھرە، بۇ يەردە ئولتۇرۇپسىزغۇ؟

زۆھرە خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا تۇرغان ئارتىس ئېرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ـ دە:

— ئەجەبمۇ قورقىتىۋەتتىڭىزغۇ ئادەمنى، — دېدى ئاچچىقىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ ھومىيىپ تۇرۇپ.

— يۈرىكىڭىز خېلى توم ئىدى، ئاسانلا قورقىدىغان بولۇپ قاپسىزغۇ، خوتۇن.

— كىم سىزنىڭ خوتۇنىڭىز ئىكەن، — دېدى زۆھرە ئاچچىقلاپ.

— بۇرۇن شۇنداق ئىدى، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداقراق ئىش بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. سىز ئەڭ مۇشكۇل كۈنگە قالغاندا يېنىڭىزغا ئۇندۇم، ئاشلىسام، ئالماس بىلەن زۇلفىيە بىرنەچچە كۈندىن بېرى پەرھات ـ شېرىن بولۇپ ياشاۋېتىپتۇ، بۇنى ئاڭلاپ سىزگە ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. سىز غورۇرىڭىزنى قوغداشقا ئۇستا ئايالغۇ، بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىلىسىڭىز ئۈتىسىز.

— نېمە دېمەكچى سىز؟

— سۆزۈم ناھايىتى چۈشىنىشلىك، ھەممە كىشى زۇلفىيەگە ھېسداشلىق قىلىپ سۆزلەۋېتىپتۇ. ئىككىمىز يارىشىپ قالساق سىزگە ئوبدان يول ئېچىلىدۇ.

— سىز بىلەن يارىشامدىم؟

— خۇش بولسىڭىز بولىدۇ. سىزمۇ بىرگە تەگدىڭىز،

مەنمۇ بىرنى ئالدىم، بىرگە بىر، ھېسابات دۇرۇس بولدى. ئەمدى سىز ئالماس ئېغىز ئاچقۇچە ئېغىز ئىچىۋالسىڭىز خەقنىڭ ئالدىدا يۈزىڭىز يورۇق بولمامدۇ، يەنە كېلىپ مەندەك ياخشى ئەرنى نەدىن تاپىسىز. قېنى ئوبدانراق ئويلىنىڭ، بىر قارارغا كەلسىڭىز مېنى ئىزدەڭ، بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا يارىشىۋالايلى، — دەپ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

زۆھرە يەنە خېلى ئۇزاققىچە بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. دوستىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ زەردىسىنى قايىنىتىپ، كۆڭلىنى بىئارام قىلسا، بۇرۇنقى ئېرىنىڭ ئالدىغانداق سۆزلىرى ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. بىراق، ئۇ بىلەتتى، ئۇ ھەممىدىن كەچسىمۇ ئالماستىن ئاسان كېچەلمەيتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىغان بولسىمۇ تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدى، ھازىرقى ئىشلارنى ھەل قىلىشقا بېشى قاتتى.

تاڭ ئاتقۇچە ئالماسنىڭ ئۆيگە كەلمەسلىكى ئۇنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلىۋەتتى. ئەمدى ئالماس كىم تەرەپتە تۇرار؟ زۇلفىيە تەرەپكە ئېغىپ كەتسە مەن قانداق قىلارمەن؟ خەلقئالەم ئالدىدا قانچىلىك سۆز ـ چۆچەككە قالارمەن؟ بالامچۇ؟ دېگەندەك سوئاللار كاللىسىنى ئوچاق قىلىۋەتتى. بىراق، بۇ ئەھۋالدا ئۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالمىدى. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ نېمە قىلىمەن؟ نېمە قىلالايمەن؟

ئۇ ئەتىسى چۈشكىچە لايدەك ياتتى، قورسىقى ئاچقىنىنى، ئۇسسىغىنىنى بىلەلمىدى. بىراق، بۇنداق يېتىۋەرسە بولمايدۇ ـ دە. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، بىر مەيدان جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ ئۆزىنى، ئېرى ئالماسنى، بالىسىنى قوغداش پىلانى بىلەن زۇلفىيە چۈشكەن ئۆينى ئىزدەپ تاپتى.

ئۆي ئىشىكىنى زۇلفىيەنىڭ بىر دوستى ئاچتى ـ دە، زۆھرەنى كۆرۈپلا چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى.

— زۇلفىيە بىلەن كۆرۈشەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭغا

سوغۇق نەزەردە قاراپ.

— ھەئە، ئۇ باردۇ؟

— ئۇ ھازىر ئۇخلاپ قالغانىدى، يا كەچتىرەك كېلەمسىز؟ — دېدى ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزگۈسى كەلمەي.

— كەلگەندىكىن كىرىپ بىردەم ساقلاي، ئويغانسا كۆرۈشسەم بولىدۇغۇ؟ — دەپ زۆھرە ئىجازەت ئالمايلا كىرىپ كەتتى.

زۆھرە چاقچاقلىنا، ئۆي جاھازلىرى ناھايىتى ئېسىل، پاكىز، ئازادە ئۆيگە كىرىپ، خۇرۇم سافادا ئولتۇردى. ئۇ ئىچىدە، ئۇخلاپ قالغىنىمۇ ئوبدان بوپتۇ، بىر ئاز ئويلىنىۋالىدىغان بولدۇم، ئۇ ئېغىز ئاچماستىن بۇرۇن ھەرگىزمۇ ئالماس توغرىسىدا سۆز قىلمايمەن، دېگەن خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋالدى.

زۇلفىيەنىڭ دوستى ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولغاچقا، كۆڭۈلسىزلىك چىقىشتىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. ئۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن بىر پىيالە چاي قۇيۇپ قويدى.

— ئەجەب ئاڭلىماپتىمەن، قاچانراق كەلدى، — دەپ سورىدى زۆھرە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ.

— بۈگۈن تۆت كۈن بولدى، ئۇ يولدىن بەك چارچاپ كەپتىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەتتىچىلەر بەك كۆپ بولغاچقا چارچاپ كەتتى، شۇڭا بىردەم يېتىۋالسۇن دېگەنىدىم، — دېدى.

ياتاق ئۆيدىن:

— دوستۇم، كىم كەلدى؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— زۆھرە كەپتۇ.

— ھازىرلا چىقاي.

زۆھرە ياتاق ئۆيدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. ئېسىل گۈللۈك گىرىپتىن كالتە يەڭ كۆڭلەك كىيگەن، قىرقىسىم چاچلىرى شۇنداق ياراشقان زۇلفىيە ئۆيدىن سىلىق - سىپايە

مىڭىپ چىقتى.

زۆھرە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

ئىككى دوست ـــ ئىككى رەقىب ئۇن ـ تىنسىز قۇچاقلاشتى. قىنى، قىنى، دېيىشىپ جايىغا ئولتۇرۇشتى.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى.

ـــ سالامەت كەپسەن زۇلفىيە، ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ ـــ دەپ ئېغىز ئاچتى زۆھرە.

ـــ يامان ئەمەس، مۇشىنچىلىك تۇردۇم. سىلەرنى، يۇرتنى بەك سېغىندىم، تەقەززالىقتا چېگرا ئېچىلىشى بىلەن سىلەرنى كۆرۈشكە كەلدىم. بۇ يەرلەرمۇ بەك ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ. قانداقراق دوستۇم، ئۆزۈڭمۇ ئوبدان تۇرغانسەن؟ ـــ دېدى زۇلفىيە زۆھرەگە قاراپ.

ـــ قەدىر ئەھۋال، مۇشۇ شەھەرنى ساقلاپ، جاننى ئوغرىغا بەرمەي يۈردۈق. سىلەر يىراقتا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كەتتىڭلار، ئاپام ئاغرىپ قېلىپ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالماي پوچتىخانىغا خىزمەتكە چۈشكەنىدىم. بىر ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتىمەن.

ـــ ياخشى بوپتۇ، خىزمەتنىڭ ھەممىسى ئوخشاش، پوچتىخانا خادىمى بولۇشمۇ شەرەپلىك ئىش. سالامەتلىكىڭ ياخشىدەك قىلىدۇ، شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپسەن، ئۆيئىچى تىنچلىقتۇ؟

ـــ ھەئە، تىنچ ـ ئامان كېتىۋاتىمىز. خېلى ۋاقىت تۇرارسەن؟

ـــ ئۇزاق يىللىق ھىجران ئازابى، غېرىبلىق جېنىمغا تەگدى، ۋەتەننى، دوستلارنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ كەتتىم، شۇڭا ئۈچ ئايلىق رۇخسەت ئېلىپ كەلدىم.

ـــ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۇرمۇش بەك ياخشى، جەننەتتە ياشىغاندەك ياشايسىلەرغۇ، ـــ دېدى زۆھرە گەپنى ئەگىتىپ

تۇرۇپ.

— بىز كىچىكىمىزدە ئاتا ـ ئانىمىزدىن «جەننەت دېگەن ئۇ ئالەمدە» دەپ ئاڭلايتتۇق. ئەگەر بۇ ئالەمدە جەننەت بار دېيىلسە، ئۇ ھەربىر كىشىنىڭ ۋەتىنىدە، يۇرتىدە بولسا كېرەك.

— ۋىيەي، سەنمۇ تازا سەپسەتە ساتىدىغان بوپسەن دوستۇم، ئۇ يەرلەرنى ماختاپ قويساڭ بىز بېرىۋالمايمىزغۇ ئەمدى، نېمىگە قىزغىنىسەن؟

— بولدى، زۆھرە، — دېدى زۇلفىيە، — بۇنى تالاشمايلى، ئۇ يەرلەر قانچە گۈزەل، قانچە ياخشى بولسىمۇ، ئۇ بەرىبىر سېنىڭ تۇغۇلغان ماكانىڭ ئەمەس. سەن بىلمەيسەن، ۋەتەندىن ئايرىلغان كىشى ۋەتەن قەدرىنى ھەقىقىي چۈشىنىدۇ. ئاپام يۇرتۇم، مەھەللەم، ئۇ يەرنىڭ سۈيى، تۇپرىقى دەپ سۆزلىسە تازا بىلمەيتىكەنمەن، ئەمدى ۋەتەننىڭ قەدرىگە يەتتىم، ۋەتەننىڭ ھىدى، سۈيى، تۇپرىقى، ھەممە نېمىسى بىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز قىممەتلىك ئىكەن. دوستۇم، بۇ قېتىم ئاپام ماڭا نېمە بۇيرۇدى دېمەيسەن، بىر خالتا تۇپا بۇيرۇدى. «ئەگەر مەن تاشكەنتتە ياتقۇدەك بولسام ۋەتەننىڭ تۇپىسىنى ئاۋۋال تۆكۈپ، ئاندىن باشقا تۇپا تۆكۈڭلار» دېدى. يەنە بىر دوستۇمنىڭ ئاپىسى ئۇزاق يىل بولدى ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. ئۇ ئايال ئىككى ئۆرۈمە چېچىنى كېسىپ قىزىغا تۇتقۇزۇپ: «قىزىم، بۇ چاچنى ئانامنىڭ تۇپرىقىغا كۆمۈپ قويغىن، مەن ئانامنىڭ يېنىدا ياتقاندەك، ۋەتەندە ياتقان بولاي» دەپتۇ. ئويلاپ باقە، سىلەر نېمىدېگەن بەختلىك. سىلەر ئۆز ۋەتىنىڭلارنىڭ خۇشاللىقىغا جور بولالايسىلەر، بەلكى خاپىلىقىمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، دوستۇم.

زۆھرە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ياسالما، ئۆز بىلمىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتىدۇ دەپ بىلگەچكە، شۇنچە چىن يۈرەكتىن چىققان سۆزلەرمۇ قۇلىقىغا ياقمىدى بولغاي:

— تويي قىلغانسەن ـ ھە؟ — دەپ سورىدى.

بۇ گەپ زۇلفىيەنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلاندى ـ دە:

— بىر ئائىلىگە بىر ئەر يەتمەمدۇ؟ مېنىڭ ئېرىم بار تۇرسا، يەنە نېمىدەپ تويي قىلىمەن؟ — دېدى چىرايىنى ئۆڭدۈرۈپ.

بۇ گەپ بىلەن زۆھرە ئۇچۇقۇپ كەتتى. ئالدىراپ ئېغىز ئېچىپ قويۇپ، ئەسنى قانداق ئاياغلاشتۇرۇشنى بىلەلمەي قالدى. شۇنداق بولسىمۇ بوش كەلمەستىن دېدى:

— ئېرىم بار دەيسەنغۇ تېخى، يىگىرمە يىل بىر ئۆيدە تۇرمىغان ئەر ـ ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نىكاھ قالامتى؟

— ياق، زۆھرە، — دېدى زۇلفىيە ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن، — چېگرا تاقالغان بىلەن بىز بىر ـ بىرىمىزنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالمىدۇق، مۇھەببىتىمىز بىرئازمۇ سۇسلىشىپ قالمىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، مېنىڭ خېتىم بولسۇن، ئېرىمنىڭ خېتى بولسۇن بىر ـ بىرىمىزگە تەگمىدى. بىراق، بىزدە تويي خېتى بار، نىكاھىمىز ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان زۇلفىيەنىڭ دوستىنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى ـ دە:

— جېنىم دوستۇم، بۇ يەردىكى بەزىبىر خوتۇنلارچۇ خەقنىڭ ئېرىنى خوتۇنى بار ـ يوق دېمەستىن يوتقانغا سولاپلا، بويۇمدا قالدى دەپ تېگىۋالىدۇ، — دېيىشىگە، زۆھرەنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى ـ دە:

— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىز؟ — دېدى ئاچچىقى بىلەن.

— جۆيلۈمىدىم، راست ئەمەسما؟ بولدى، زۇلفىيە، ئۇ سېنىڭ دوستۇڭ ئەمەس. ئۇ ئالماسنى بىر كېچە يوتقانغا سولاپ، قورسىقىمدا قالدى دەپ ھىيلە ئىشلىتىپ ئېرىڭگە تېگىۋالدى. تېخى نومۇس قىلماستىن ئالدىڭغا كەلگىنىنى قارا، ھۇ نومۇسسىز!

— بۇ راستمۇ زۆھرە، سەن...

زۇلفىيەنىڭ كېيىنكى سۆزلەرنى ئېيتىشقا تىلى بارمىدى.

— ۋاي جېنىم دوستۇم، ئالماس مەن بىلەن توي قىلمىسىمۇ شۇنچە يىل بويتاق يۈرمەستى، بەرىبىر خوتۇن ئالاتتى، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ بوپتۇ دەپ تېگىپ قويدۇم شۇ.

زۇلفىيە خۇددى چۇش كۆرۈۋاتقاندەك بىر ھالغا كېلىپ قالدى. ئالدىدا ئولتۇرغان زۆھرەنى يا تىللاشنى، يا ھاقارەت قىلىشنى بىلەلمىدى. ئۇ شۇ كۈنى سىز يالغۇزمۇ، دەپ سورىغان سوئالىغا ئالماسنىڭ نېمە سەۋەبتىن جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندى. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ زۆھرەگە نەشتەردەك قادالدى.

— ماڭا بۇنداق قاراۋەرمىگىن، — دېدى زۆھرە ئۇيالماستىن، — ساۋاقدىشىم ئېغىر كۈنگە قالغاندا بېشىنى سىلىدىم، ئۇ بىر مېھىر - مۇھەببەتكە زار بولغاندا ئىسسىق باغرىمدىن ئورۇن بەردىم، ئۇنى ياخشى كۆتتۇم، مېنى ئالمىغان تەقدىردىمۇ يىگىرمە يىل بويتاق ئۆتەلەمتى؟

— بولدى بەس! — دەپ ۋارقىرىدى زۇلفىيە تىترەپ تۇرۇپ، — ئەزەلدىن مەن بىلەن ئالماسنى كۆرەلمەي يۈرۈپتىكەنسەن، سەندە دوستلۇق، ۋىجدان دېگەن نەرسە يوق ئىكەن. بولدى، سېنى ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسۇن، يوقال، ھازىرلا كەت، سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق...

زۇلفىيە قاتتىق ئەلەم دەستىدىن ھوشىدىن كەتتى. دوستى زۆھرەنى ئىتتەرگەن پېتى ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى.

**46**

تەپتارتماستىن زۇلفىيەنى ئىزدەپ كەلگەن زۆھرە ئۆيدىن قوغلانغاندىن كېيىن ھەقىقەتەن ئوسال ئەھۋالدا قالدى.

زۆھرە بېشىنى سىلىپ خىيال بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن چوڭ ئىش تېرىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ زۇلفىيەدىن ئەمەس، ئالماستىن ئەنسىرەشكە باشلىدى.

ئۇ ئۆيگە كىردى، ئۆيدىن بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. ئالماسمۇ ئۆيگە كەلگەندەك ئەمەس. دېمەك، ئۇ ئۈچ كۈندىن بېرى دوختۇرخانىدا يۈرۈپ جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن بىخەۋەر بوپتۇ، ئالماسچۇ؟ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ زۇلفىيە بىلەن ياشاپ يۈرۈپتۇ...

ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. خۇددى بىردىنلا ئاسماننى تۇمان بېسىپ، بوران - چاپقۇن كۆتۈرۈلگەندەك يۈرىكى ئۆرتتۆپە بولۇپ كەتتى، لەۋلىرى تىترىدى، كۆز ياشلىرى سەلدەك ئاقتى. ئۇ ھازىر بىرەر دوستىنىڭ ياكى ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىرەر كىشىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە، مېھرىبانلىق قىلىشىغا موھتاج بولدى. ئۆيدە تۇرغانسېرى دېمى تېخىمۇ سىقىلدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپلا سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇ روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك كېتىۋاتاتتى، كۆزىگە ئادەملەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. شۇ ماڭغانچە مەكتەپ بېغىدىكى بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۆزى بۇ يەردە ئولتۇرغان بىلەن كاللىسىنى گادىرماچ خىياللار قوچۇۋاتاتتى...

بىر چاغدا بىرى قارا دېگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى، ئالماس ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئالماس ئۆيگە كېتىۋاتقانىدى، ئۇ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

ئالماس ئىشىك ئالدىغا كېلىپ بىر تال تاماكا چېكىۋېلىپ ئىشىكنى ئاچماقچى بولۇپ تۇراتتى، زۆھرەمۇ كەينىدىنلا كەلدى.

ئالماس زۆھرەنىڭ چىرايىغا قاراپ ھەممىنى چۈشەندى، شۇڭا گەپ قىلىشتىن يالتىيىپ ئىشىكنى ئېچىپ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— نەچچە كۈندىن بېرى نەلەردە يۈرىسىز؟ — دېدى زۆھرە

زەردە بىلەن.

ئالماس گەپ قىلمىدى، يەنە تاماكا تۇتاشتۇرۇپ پۇرقىرىتىپ چېكىشكە باشلىدى.

— ھەي، گاس بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ گەپ قىلمىسام مېنى ھېچ ئىشنى بىلمىدى دەپ ئويلامسىز؟ مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم، ئېخى ئاشىقىڭىز بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ كەلدىم. سىز بىلەن توي قىلغىنىمنى ئېيتتىم تازا، ئۇنىڭ ئىچى ئېچىشىپ، يۈرىكى يېرىلغىلى تاس قالدى. سىز...

— بولدى بەس ! — ئالماس چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، — ياخشى ئىش قىپسىز، سىز ئەزەلدىن شۇنداق نوچى...

— قاراپ تۇرامتىم ئەمىسە. ئۇ تېخىچە سىزنى ئېرىم، بالامنىڭ دادىسى دەپ يۈرىدۇ قورسىقىمنى ئېسىپ.

— توۋا، توۋا، ھەي خەقنى ئاياپ قويسىڭىز نېمىڭىز كېتەتتى، ئۇ شۇنچە يىلدىن بېرى مەندىن خەت ـ خەۋەر ئالالمىغان تۇرسا، چېگرا ئېچىلىپ تۇنجى يۈز كۆرۈشكەندە شۇنداق دېمەمتى ئەمىسە؟ ئۇ مېنىڭ ئايالىم، يەنە بالامنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقمامتىڭىز زۆھرە؟ مەن ئۇنىڭغا پەيتى كەلگەندە ئېيتاي دەپ تۇرسام، سىز نېمە ئىشنى بۇزىسىز؟ ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇ بىر تاسادىپىي زەربە ئەمەسمۇ؟ شۇنچە يىل تارتقان دىل ئازابى يەتمەسمىدى؟

— شۇڭا، ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇنى قوشلاپ يۈردىڭىزمۇ؟

— نېمە دېگۈڭىز كەلسە دەڭ. ئۇ مېنى كۆرۈپلا ھوشىدىن كەتتى، جىددىي قۇتقۇزۇپ ئاران ئۆيگە يېنىپ چىققاندا سىز بېرىپ، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىپسىز. ئۇ بىچارە ھازىرمۇ ھوشسىز ياتىدىغاندۇ؟ ئاياللارنىڭ دىلى نازۇك، مېھرىبان دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئۆز مەنپەئەتىگە دوقال كەلگەن ئىشنى ھەل قىلىشتا ئاجايىپ ياۋۇز بولىدىكىنە. ھەي، ئۇمۇ بىر ئايالغۇ ـ ھە، يىگىرمە يىل مېنى كۈتۈپ، بىرەر ئەرنىڭ قولىنىڭ

ئۇچىنى تۇتماپتۇ...

— شۇ سىزنىڭ قولىڭىزنى ساقلاپ يۈرۈپتىكەن ـ دە، شۇڭا سىزنى كۆرۈپ يېشىڭىزغا ئېسىلغاندۇ ھەرقاچان.

ئالماس زۆھرەگە گەپ قىلىشتىن يالتايدى. ئۇنىڭغا گەپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى ـ دە، ئورنىدىن دەس قوپۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. زۆھرە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئىككى قولىنى سارىدەك كېرىپ تۇرۇپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— ئۆيدىن چىقىپ بېقىڭ قېنى، خەلقئالەم ئالدىدا سىزنى رەسۋا قىلمايدىغان بولسام.

زۆھرەنىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك ئېچىلىپ، چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى.

ئالماس ھازىرقى ئاچچىقىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالمايدىغان بولسا جېدەلنىڭ چوڭىيىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ زۆھرەگە قارىدى، زۆھرە سەل بوشاپ قالغاندەك قىلاتتى. ئالماس گەپ قىلماستىن ئىشىكنى ئاچتى، بىراق زۆھرە كەلگەن پېتى ئالماسقا ئېسىلدى.

— زۆھرە، مېنى قويۇپ بېرىڭ، ھازىر ئادەم قۇتۇلدۇرۇش مۇھىم. نېمە گەپ بولسا كېيىن دېيىشەيلى، بولامدۇ؟ — دېدى ئالماس ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ.

— بولمايدۇ، سىز ئۇنىڭ قېشىغا كەتسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن؟

— زۆھرە، ئەھۋالنى توغرا چۈشىنىڭ، ئۇ جىددىي قۇتقۇزۇشتا قالدى، ئۇنىڭغا رەھىم قىلىڭ.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ بىللە بارىمەن.

ئالماس ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەي ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. زۆھرەمۇ ئۇنىڭغا سوقىدىشىپ دوختۇرخانىغا كەلدى.

ئۇلار دوختۇرخانىغا كەلگەندە يارى پايپېتەك بولۇپ

يۇرەتتى. ئالماسنى كۆرۈپ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك بولىۋىدى، زۆھرەنى كۆرۈپلا ئىمانى ئۇچتى ـ دە:

— زۆھرە، سىزمۇ كەپسىزغۇ؟ — دېدى نارازى بولغان تەلەپپۇزدا.

— ھەئە، مەن كەلسەم بولمامدىكەن، ئىشىڭلارغا تەسىر يېتەمدىكەن؟ — دېدى زۆھرە زەھىرىنى چېچىپ.

ئالماس ياتاققا كىرىپ كەتتى. يارى زۆھرەگە قاراپ:

— زۆھرە، ئۇنداق قىلماڭ، زۇلفىيەگە رەھىم قىلىڭ، قايتىپ كېتىڭ، ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدى. يۈرۈڭ، مەن سىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ قوياي، — دېيىشىگە، زۆھرەنىڭ جان ـ ئىمانى چىقىپ كەتتى ـ دە:

— سولامچىلىقنى خېلى قاملاشتۇرىكەنسىز ـ ھە؟ — دېدى جان ئاچچىقىدا. يارى زۆھرەنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ سۆرىگەن پېتى سىرتقا ئېلىپ چىقتى ـ دە:

— ئاغزىڭنى يۇم، نائىنساب، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن، — دېگىنىچە قولىنى قويۇپ بەرمەستىن دوختۇرخانىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ، — يوقال رەھىمسىز خوتۇن، يەنە كەلسەڭ جاجاڭنى يەيسەن، — دەپ تاشلاپ قويۇپ دوختۇرخانىغا كىرىپ كەتتى.

زۆھرە بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن زۇلفىيەنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى كۆپۈككە ئايلىنىپ، ئۇزاق يىللىق دەردلىرى ئۈستىگە دەرد قېتىلدى. ئۇ ئالماس توي قىلغانمىدۇ، دەپ گۇمانلىنىپمۇ باقمىغان، ئۇنى كۆرگەندە ئالەمچە شادلانغانىدى. زۇلفىيەنىڭ يۈرەك يارىسىغا زۆھرە تۇز سەپتى، يارىلانغان يۈرەك قانغا تولدى.

زۇلفىيە كېچىلىرى ئۇن ـ تىنسىز يىغلاپ چىقتى. جىددىي قۇتقۇزۇشتىن كېيىن ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ كۆرگىنى ئالماس بولسىمۇ، ئۇنى ئۆزى ئۆيلىغاندىكىدەك ھېس قىلالمىدى، ھەتتا

ئۇنىڭدىن گۇمانلاندى. بىراق، ئالماس يەنىلا شۇ ئالماس پېتى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا تەييار تۇردى.

زۇلفىيە ساقىيىپ چىققاندىن كېيىن دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى ئۇنى بىردەممۇ بىكار قويماي، ئۆيمۇئۆي چاقىرىپ كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى سەل ئۇنتۇلدۇردى. ئۇمۇ دوستلىرىغا ئىچىگە تولۇپ كەتكەن دەردلىرىنى تۆكۈپ سەل يېنىكلەپ قالدى. بىر نەرسە ئېنىقكى، زۇلفىيەنىڭ مۇھەببىتى ھەقىقەتەن سەممىي، ساپ، چىن يۈرەكتىن چىققان، ئۇنتۇلماس مۇھەببەت ئىدى. بۇنىڭدىن ھەممىسى تەسىرلەندى، ھېسداشلىق قىلدى.

— جېنىم زۇلفىيە، — دېدى دوستلىرى، — كۆز يېشىڭنى سۈرت، سەن ھايات، ئۇمۇ ھايات، جاھان ئۇزاق، خۇدايىم ھەر ئىككىڭلارنى سالامەت قىلسۇن، ھاياتلىقنىڭ ئۆزىلا تېپىلماس خۇشاللىق. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا ئەرلەر ئاياللارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار تۇرمۇشقا، ئىسسىق ئۆيگە، خۇش چىراي ئايالغا، ئوبدان تاماققا، كۈتۈنۈشكە موھتاج. چۈنكى، بىز ئەرلىرىمىزنى شۇنداق كۆندۈرۈپ قويغان. گەرچە زۆھرەنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى توغرا بولمىسىمۇ، ئەمما ئالماسنى ياخشى كۆرۈپ، ياخشى كۈتتى. مەيلى ئەمەسمۇ، سەنمۇ ئاپاڭ بىلەن ياخشى ياشاپسەن. بىز ئىقرار قىلايلى ياكى قىلمايلى، بەلكى ئۇ زۆھرە بىلەن توي قىلمىسىمۇ شۇنچە ئۇزاق يىل يالغۇز ياشىمايتتى. چۈنكى، ئۇ چاغلار ئۇنىڭ ئوتتەك ياش ۋاقىتلىرى ئەمەسمۇ؟

زۇلفىيە بۇ گەپلەرنى مەيلى توغرا تاپسۇن ياكى خاتا دېسۇن، بىراق ئۇ پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى، ئەمما يىغىسى كۈندىن - كۈنگە بېسىلىپ قالدى.

— سەن كېلىپ تۇرغىن دوستۇم، بىزمۇ سېنى يوقلاپ بارىمىز، جېنىم دەپ كېتەيلى، ئۆتكەن ئىش ئۆتۈپ كەتسۇن،

سەل كەڭ قورساق بولغىن. سەن كېلەركى قېتىم كەلگۈچە بىر يىگىت تەييارلاپ، كېلىشىڭگە تويۇڭنى قىلىپ، بەزلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەمدۇق تېخى، — دەپ چاقچاقمۇ قىلىشتى دوستلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن.

— رەھمەت، جېنىملار، جېنىمغا جان قوشتۇڭلار، ئازابىمنى يەڭگىللىتىپ، مېنى قايىل قىلدىڭلار، سىلەردىن پەخىرلىنىمەن، — دېدى ئۇ دوستلىرىدىن سۆيۈنۈپ.

دوستلىرى ئۇ كەلگەندىن تاكى كەتكۈچە خېرىدارلىقىنى قىلىپ، چىرايلىق ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ قايتقان ئاشۇ مىنۇتلاردا كۆزى بىر ئادەمنى ئىزدەيتتى، تاپالمايتتى، ئاخىر كۆزى ئارقىدا قېلىپ، ئارمانلىرىنى ئېلىپ قايتتى.

## 47

بىچارە ئالماسمۇ ئەڭ يامان كۈنلەرگە قالدى. بىر تەرەپتىن زۇلفىيە ئۇنىڭغا ئىشەنمەستىن ئازابلانغان هالدا يۈرىكىنى تۇتۇپ يىغلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن زۆھرە ئۇنى تەڭقىسلىقتا قويۇپ ئازابلىدى. ئۇ ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا يانجىلىپ، ئىككى كېمىنىڭ چېتىگە تەڭ دەسسەپ، يا دېڭىزغا چۈشۈپ غەرق بولماي، يا كېمىدە كۆڭۈللۈك سەپەر قىلالماي بىچارە هالغا چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن شەهەردە ئۇلار توغرۇلۇق بولۇنغان سۆزلەر ئاز ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ چايلارغا، تويلارغا بېرىشتىنمۇ، كىشىلەر توپلانغان جايلارغا بېرىشتىنمۇ باش تارتتى. بۇنداق ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ ئازابلىق ئىدى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئالماسنىڭ هازىر يىراق بىر جايغا قېچىپ كەتكۈسى، بۇ گەپ - سۆزلەردىن قۇتۇلغۇسى، قۇلىقىنى

تىنچتقۇسى كېلەتتى. بىراق خىزمىتى، ئائىلىسى، پەرزەنتى، ئايالى بار ئادەم نەگىمۇ بارالايدۇ؟ باردى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ مەسىلىلەر ئۆزلۈكىدىن ھەل بولامدۇ؟ زادى بۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟...

بۈگۈن زۆھرە دوختۇرخانىدا ئاپىسىغا قارىغاچقا، ئۆيدە ئالماس يالغۇز ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا بېرىشقا چۈشىدە زۇلفىيەنىڭ قاتتىق يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ زۇلفىيەنى ئويلىغانسېرى ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ئۇخلىيالماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، بىردىنلا بىر ـ بىرگە يېزىشقان خەتلىرىنىڭ غايىب بولغانلىقى يەنە ئېسىگە كەلدى ـ دە، بېشىغا پاققىدە بىرنى قويدى. «توغرا، خەت دېگەن پوچتىخانا ئارقىلىق ماڭىدۇ، بۇنى ئىلگىرى ئەجەبمۇ ئويلىماپتىمەنا؟ زۆھرە راست شۇنداقمۇ قىلارمۇ؟...» ئۇ دەرھال يوتقان ـ كۆرپە، چامادانلار قويۇلغان كىچىككىنە ئۆيگە كىرىپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ قاتار تىزىلغان چامادانلارغا قارىدى. ئاستىدىكى ئۈچ چامادان ئوچۇق، ئۈستىدىكى كىچىكرەك چامادانغا قۇلۇپ سېلىنغانىدى. زۆھرە ئۆزىنىڭ مۇھىم نەرسىلىرىنى مۇشۇ چامادانغا سالاتتى. ئۇ ئېچىپ كۆرمەكچى بولدى، بىراق ئاچقۇچىنى تاپالمىدى. نېمە ئۈچۈندۇر غايىبتىن بىر كۈچ ئۇنى چامادانىنى ئېچىشقا شۇنچىلىك قىزىقتۇرۇۋاتاتتى.

ئۇ چامادانىنى كارىۋات ئۈستىگە قويۇپ، قەلەمتىراش بىلەن گىرەچىنىڭ مىخىنى بوشىتىپ چىقىرىپ، چامادانىنى ئاچتى. ئەڭ ئۈستىدىكى ياغلىقنى ئېلىشىغا ئىچىدىن بىرنەچچە پارچە خەت چۈشتى، بۇ زۆھرەنىڭ تۇغقانلىرىدىن كەلگەن خەتلەر ئىدى. دېمەك، ئۇنىڭ خەت ساقلايدىغان ئادىتى بار ئىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدى ئالماس. ئەمدى بىر قەغەز كوروپكىنى كۆرۈندى. ئۇ ئالدىراپ كوروپكىنى ئاچتى، ئىچىدىن زۆھرەنىڭ كۈندىلىك

خاتىرىسى، ئۇنىڭ ئاستىدا قاتار خەتلەر قولىغا چىقتى. ئۆزىنىڭ زۇلفىيەگە، زۇلفىيەنىڭ ئۆزىگە يازغان قان ـ ياش بىلەن تولغان خەتلىرىنى تۇتقان قوللىرى تىترەپ كەتتى. كونۋېرتنىڭ ئېغىزى ئېچىلغان بولسىمۇ، خەت يەنە شۇنداق چىرايلىق قاتلىنىپ، شۇ پېتى سېلىنغانىدى.

ئالماس زۇلفىيەنىڭ ئۆزىگە يازغان خەتلىرىنى بىرمۇبىر ئوقۇشقا باشلىدى. خەتلەردىكى سېغىنىش، ئىنتىزارلىق، ساپ مۇھەببەت، ھەسرەت ـ نادامەت، جۇدالىق دەردىدىكى كۆز ياشلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەزسە، زۇلفىيەنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىققان سالاملىرى، ئىنتىزارلىق كۇتۇشلىرى، ئازابلىق كۈنلىرى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى...

ئاھ، كۆز ياشلىرى بىلەن بويالغان مۇھەببەت ھېكايىلىرى، يۈرەكلىرى ئازابقا تولغان بىر ئايالنىڭ تەقدىرىگە، تەڭرىگە قىلغان نىدالىرى، تىلەكلىرى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى...

ئالماسنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياشلار خەت يۈزىنى بويىۋەتتى...

دەل شۇ ۋاقىتتا ئىشىك چېكىلدى. ئالماس كورۇپكىنى كارۋات ئاستىغا تىقىۋېتىپ، ئىشىككە بارغۇچە ئىشىك قاتتىق چېكىلدى. ئۇ:

— ھە، مانا، — دېگىنىچە ئىشىكنى ئاچتى.

— تېخىچە ئۇخلىماپسىز ـ دە؟ — دېدى زۆھرە ئۆيگە كىرىپلا، — ئاپامنى داۋالاشقا پۇل كەملەپ قاپتۇ، پۇل ئالغىلى كەلدىم، — دەپ سومكىسىدىن پۇل ئالدى ـ دە، ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— مەن ئاپىرىپ قوياي، كەچ بولۇپ كەتتى، — دېدى ئالماس.

— بولسا شۇنداق قىلىڭە.

ئۇ خوتۇنىنى دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇپلا

كەينىگە ياندى. ئەتىسى ئەتىگىنى ئىشقا مېڭىش ئالدىدا خەتلەرنى قەغەز خالتىغا قاچىلاپ، چامادانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى، زۆھرە بىرنەچچە كۈنگىچە تىت ـ تىت بولۇپ يۈردى، بىردە ئۇ يەرنى ـ بىردە بۇ يەرنى ئاختۇراتتى، ئالماسنى كۆرسىلا ئۆي يىغىشتۇرۇۋاتقان سىياقتا كىرىۋالاتتى. گاھى ئۆزىمۇ بىلىپ ـ بىلمەيلا لەۋلىرىنى يېنىك چىشلەپ خىيال سۈرەتتى.

بىر كۈنى كېچىسى زۆھرە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاشۇ چامادان بار ئۆيگە كىرىپ كەتتى ـ دە، ئۇزاققىچە تىرىقلاپ بىرنېمىلەرنى ئاختۇرۇپ كەتتى. ئالماس ئورنىدىن تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا يۆتىلىپ قويۇپ، زۆھرەنىڭ يېنىغا چىقتى.

— نېمە بولدى، يېرىم كېچىدە نېمە تىرىقلاپ يۈرىسىز؟

— بىر نەرسەمنى تاپالمايۋاتىمەن، — دېدى زۆھرە ھودۇقۇپ تۇرۇپ.

— بولدى، ئەتە ئىزدەڭ، كېچىدە ئادەمنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ كەتسە، ئۇيقۇ تاپماق تەس، — دەپ ئالماس ئۇنى ياتاق ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى.

بىراق، زۆھرە تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ئەتىسى چاي ئىچكەچ:

— ئالماس، مېنىڭ چامادانىمنى ئاختۇرمىغانسىز ـ ھە؟! — دېدى.

— چامادان ئاختۇرۇپ نېمە قىلىمەن، سىز مېنىڭ ھەممە نەرسەمنى ئىشكاپقا سېلىپ بەرگەن تۇرسىڭىز، مۇھىم نەرسىڭىز يوقاپ كەتتىمۇ؟

زۆھرە ئېرىگە لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ ئېيتتى:

— ھەئە، ئاپام بەرگەن بىلەزۈك بار ئىدى، كىچىك چامادانغا سېلىپ قويغانىدىم.

— راستىمۇ؟ — دېدى ئالماس زۆھرەگە مىختەك قادىلىپ، —

راستتىنلا بىلەرۈكمىدى؟ ئۇنداق قىممەتلىك نەرسىڭىزنىڭ بارلىقىنى ماڭا ئەجەب دېمەپتىكەنسىز ـ ھە؟ ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا سىر يوشۇرسا بولمايدۇ جۇمۇ زۆھرە، ئېيتىڭە سىز يەنە نېمىلەرنى يوشۇردىڭىز؟

زۆھرە ئالماسنىڭ نەشتەردەك قادالغان كۆزلىرىگە قاراپ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ ھازىرغىچە ئۇنىڭ بۇنداق ئاچچىقلانغانلىقىنى كۆرمىگەنىدى.

— ھېچ نەرسىنى يوشۇرمىدىم.

— راست ـ ھە؟

ئالماس ئورنىدىن دەس تۇرۇپ زۆھرەنىڭ تەستىكىگە بىرنى قويماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈردى ـ يۇ، قولى بوشلۇقتا تۇرۇپ قېلىپ، لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

— سىز يالغانچى، مېنى شۇنچە يىلدىن بېرى ئالداپ كەپسىز، سىز نېمىدېگەن ۋىجدانسىز ـ ھە؟ زۇلفىيە بىچارىنىڭ يىغا بىلەن يېزىلغان، قان تامچىپ تۇرىدىغان، كىشىنىڭ يۈرىكىنى سەدپارە قىلىدىغان خەتلىرىنى يوشۇرۇپسىز، سىزمۇ بىر ئايال، بىر ئانىغۇ زۆھرە. بىلمىدىم، شۇنچە رەھىمسىزلىكنى، شەخسىيەتچىلىكنى نەدىنمۇ يۇقتۇرۇۋالغانسىز؟ سىز ئەزەلدىن شۇنداقمىدىڭىز؟ ئېيتىڭە قېنى، جاۋاب بەرمەمسىز؟!

ئالماسنىڭ چىرايى ئاچچىقتىن ئاۋۋال قىزىرىپ، كېيىن زەپىران بولدى ـ دە، تامغا يۆلىنىپلا قالدى.

— مەن شۇ، سىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ...

— ئۇ مۇھەببەت ئەمەس، زۆھرە. توۋا، زادىلا بىلەلمىدىم، بىر ئايالنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر ئايالغا قىلچىمۇ ئىچى ئاغرىمىسا، ئۇنى ئازابقا ئىتتىرىۋەتسە ـ ھە؟!

ئالماس ئىككى قولى بىلەن تامنى مۇشتلايتتى. ئۆزىنى بىلەلمەستىن بىردەم تورۇسقا قارىسا، بىردەم زۆھرەگە قارايتتى، ئۇھ تارتاتتى. بىر چاغدا ئاچچىقتا تامغا بىرنى

ئۇسسۇۋىدى، پېشانىسى يېرىلىپ قان ئېقىشقا باشلىدى.

زۆھرەنىڭ يىغلاپ ئالماسنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇشى، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشلىرى بىكار كەتتى. ئالماس ئاچچىقى بىلەن ئولتۇرۇپ قالدى.

زۆھرەمۇ بۇگۈنكى خاپىلىق، ئېرىنىڭ زەردە بىلەن قىلغان سۆزلىرى كۆڭلىگە تېگىپ، ئاچچىق يىغىسىنى يىغلىدى...

ئاھ ئائىلە! ئەر – خوتۇن ئىككىيلەن ياخشى بولۇپ مۇھەببەتلىك تۇرمۇش داۋام قىلسا ئائىلە دېگەن جەننەت ھۇزۇرى، دۇنيادا ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە يەتمەيدۇ، ئائىلە ئەزالىرى شادلىنىدۇ، بەخت پەيزىنى سۇرىدۇ. بىراق، بۇگۈنكىدەك ئازابلىق كۈنلەردە ئەر – خوتۇن توي قىلغانلىقىدىن، ئۆي تۇتقانلىقىدىن بىزار بولىدۇ، چۈنكى بۇ چاغدا ئۆي گويا دوزاخقا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەجرى، مېھنىتى سىڭگەن، پەرزەنتلىك بولغانلىقىدىن خۇشال بولغان بۇ ئائىلە ھازىر ھەر ئىككىيلەنگە تۇرمىدەك بىلىنىدى. گويا ئۆيدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ رەڭگى ئۆزگەرگەندەك، ھەممە نەرسە جاڭ – جاڭ سوغۇقتا ئۇچراپ مۇز توڭلاپ كەتكەندەك، ئۆيدە بوران ئۇچۇپ تۇرغاندەك كۆڭۈلسىز بىلىنىدى.

ئەر – خوتۇن ئىككىسىنىڭ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكۈسى، ھازىرقى خاپىلىقلاردىن كۆڭلىنى تېرى قىلغۇسى كەلدى. كۆڭۈلسىز بىر كېچە ھەر ئىككىيلەننى ئازابلاپ چارچىتىۋەتتى. زۆھرە تاڭ سەھەردە ئۆيدىن يىغلىغان پېتى چىقىپ كەتتى. ئاشكارىلانغان سىرلار ئۇلار ئارىسىدىكى رىشتىنى تەلتۆكۈس ئۈزگەنىدى، ئەمدى مەجبۇرىي باغلاپ ئۇلاق چۇشۇرگەنىنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى قالمىغانىدى.

بىر كۈنى ئالماسنى ئوغلى ئۇمىد ئىزدەپ ئىشخانىسىغا كىردى – دە، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ دادىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى.

— دادا، نېمىشقا ئۆيگە بارمايسىز؟ — دېدى ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ.

— بەك ئالدىراش بولۇپ قالدىم، يۇر، بىللە تاماق يەيلى، — دەپ ئالماس ئوغلىنى ئېلىپ بىر ئاشخانىغا كىردى.

— نېمە بولدۇڭ، ئوغلۇم، مەندىن رەنجىپ قالدىڭمۇ؟

— ياق، دادا، سىز ئۆيدە بولمىسىڭىز مەن بەك غېرىبسىنىپ قالىدىكەنمەن، ئاپام بىلەن بىر نەرسە دېيىشىپ قالدىڭىزمۇ؟

— ئاپاڭ بىلەن ئارىمىزدا ئازراق كۆڭۈلسىز ئىش بولۇپ قالدى شۇ.

— سىلەر ئاجرىشىپ كەتمەكچىمۇ؟ — دېدى ئۈمىد لەۋلىرىنى ئۈمچەيتىپ تۇرۇپ.

— ئوغلۇم، ئۇ ئاپاڭ بىلەن مېنىڭ ئىشىم، سەن ئەركىن بالا، سېنى ھېچ نەرسىدىن قىسمايمەن، سەن كىم بىلەن تۇرۇشنى خالىساڭ ئىختىيارىڭ. ئاپاڭ ساڭا بىر نەرسە دېگەن ئوخشىمامدۇ؟

ئۈمىدنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلىرى ئاقتى.

— گەپ قىلە بالام، يۈرىكىمنى ئەزمەي، — دېدى ئۇ ئوغلىنىڭ يىغىسىغا چىدىماي.

— ئاپام، ئاپام... داداڭ مېنى كەچۈرمەيدۇ دېدى شۇ.

ئالماس ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالدى، چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ:

— ئاپاڭ ياخشى ئايال، ئىككىمىز ئازراق خاپىلىشىپ قالدۇق، سەن تېخى كىچىك، بۇنداق ئىشلارنى بىلمەيسەن، چوڭ بولغاندا چۈشىنىپ قالىسەن. ئاپاڭ توغرا ئېيتىدۇ، تۇرمۇشتا كەچۈرۈشكە بولمايدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ قالىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ قانداق ھەل قىلىشىغا باغلىق. بىز ئاجرىشىپ

www.uyghurkitap.com

كەتسەك سەن كىمنى تاللىساڭ، كىم بىلەن تۇرساڭ سېنىڭ ھوقۇقۇڭ، لېكىن سېنى تەربىيەلەشكە، ئوقۇتۇشقا ئىقتىساد جەھەتتىن مەن كېپىل. مەن ئاپاڭنى كەچۈرمەيمەن، سەندىنمۇ ۋاز كەچمەيمەن. بۇ ئىش توغرىسىدا باش قاتۇرماي ياخشى ئوقۇغىن، بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە چىقىسەن، ئوغلۇم، ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەندە قايسى دۆلەت، قايسى ئۆلكە، قايسى شەھەردە ئوقۇيمەن دېسەڭ مەن بار، بىرلا شەرت، سەن ھەقىقىي ئوغۇل بالىدەك ياشايسەن، لامزەللە، ئويۇنچى بولمايسەن، دادام ئالىي مەكتەپنىڭ پىروفېسسورى دەپ ماڭا يۆلىنىۋالمايسەن. بىلىم ئالىمەن، ئوقۇيمەن دېسەڭ ھەرقاچان قولۇم كۆكسۈمدە، ئۇقتۇڭمۇ؟

— دادا، مەن چوقۇم سىز دېگەندەك قىلىمەن. بۇ يىلدىن تارتىپ رۇس تىلى ئۆگىنىشنى باشلىۋالدىم، چوقۇم ئىزىڭىزنى باسىمەن، سىزگە ۋەدە بېرەي، — دېدى ھاياجانلىنىپ.

— بولىدۇ، بالام، كالالاڭنى باشقا ئىشلارغا چاچما، ئاپاڭنىڭ كېپىنى ئاڭلا، بولامدۇ؟

— ماقۇل، دادا.

— ئەمىسە ئىككىمىز كېلىشتۇق ـ ھە!

ئىككى كۈندىن كېيىن ئالماس بىلەن زۆھرە ئاجراشتى، ئۇلار قىزىل قەغەزنى ئاق قەغەزگە ئالماشتۇرغاندىن كېيىن ئۆز يوللىرىغا كېتىشتى.

ئالماس ئۆيگە قايتىپ كېلىپ زۆھرەنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

ئۇ شۇنچە يىل سېغىنغان، تەشنا بولغان خوتۇنىنى تاپقاندا قانچە خۇشال بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە زۇلفىيەنىڭ خوشلاشمايلا تويۇقسىز كېتىشى ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئازابلىدى. ئۇ يۈرىكىنى قاماللاپ ئازابتىن تولغاندى.

## 48

ئارقا ـ ئارقىدىن يۇز بەرگەن ئىشلار تۇپەيلى ئالماس بۇرۇقتۇرمىلىق، ئازابلىق كۈنلەرگە قالدى. كۈنبويى ئىشخانىدا، كەچقۇرۇنلۇقى كۇتۇپخانىدا كىچىچە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى زىددىيەتلەردىن، يۈز بەرگەن ئىشلاردىن قاچۇرماقچى بولدى، گاھى كۈنلىرى بىرەر دوستىنى تېپىپ مۇڭدىشىپ، مەست بولغۇچە هاراق ئىچىپ، يالغۇز ئۆيدە ياتاتتى. ئۇ هازىر نېمە قىلىشىنى، نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. كۆپ ئۆتمەي زۆھرە ئارتىس ئېرى بىلەن يارىشىۋالدى. زۇلفىيە بولسا يامانلاپ خوشمۇ دېمەي كېتىپ قالدى. كىشىلەرنىڭ قازاندا ۋاراقشىپ قاينىغان سۇدەك قىزغىنلىقتا كۆتۈرۈلگەن گەپ ـ سۆزلىرىمۇ بېسىقتى. بىراق، ئۇنىڭ يۈرىكى تېخى جايىغا چۈشمىدى، ئۇنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى تۇمان ئىچىدە قالغاندەك گۇڭگا ئىدى.

مەن مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتەرمەنمۇ؟ زۇلفىيەچۇ؟ ئۇ تۇرمۇشتىن، مۇھەببەتتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، دەردلىك يۈرىكىنى قاماللاپ يۈرگەنمىدۇ؟ ئۇ شۇنچە زور ئۈمىد بىلەن مېنى ئىزدەپ كېلىپ، قاتتىق ئازاب بىلەن كەتتى. زادى ھايات دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن كىشى ئۆزى ئارزۇ قىلغاندەك بەختىيار، شاد ـ خۇرام ياشىيالمايدۇ؟ ئۈمىدسىزلىك، پېشكەللىكلەر قاچان تۈگەر؟ بىزگە ئۈمىد نۇرى، ھاياتنىڭ بەختلىك كۈنلىرى قاچانمۇ نېسىپ بولار؟ ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ ئاخىرى چىقمايتتى...

ئالماس ئەتىگەندە ئىشخانىغا چىقىشى بىلەن ئۈستىلىگە قويۇلغان بىر پارچە خەتنى كۆردى ـ دە، كۆز ئالدى پاللىدە

يورۇپ كەتتى. دېگەندەك، خەت زۇلفىيەدىن كەلگەندى. ئۇ ھاياجاندىن تىترىگەن قوللىرى بىلەن خەتنى ئاۋايلاپ ئاچتى.

*قەدىرلىكىم ئالماس، سىز ھازىر باشقا بىر ئايالنىڭ ئېرى بولسىڭىزمۇ، سىز يەنىلا مېنىڭ ئېرىم، بالامنىڭ دادىسى، مېنىڭ تۇنجى ياخشى كۆرگەن، سۆيگەن ۋە سۆيۈپ كېلىۋاتقان ئادىمىم.*

*شۇنچە يىللاردىن بېرى سىزنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، سېغىنىپ، ۋەسلىڭىزگە زار بولۇپ ياشىغانىدىم، ئاللا نېسىپ قىلىپ سىزنى قايتا كۆرۈش بەختىگە ئېرىشىپ، ئۈچ كۈن بىللە بولدۇق، مەن سىزنى قايتا كۆرگەندىن كېيىن سىزگە نەپرەتلەنمەي، سىزدىن رەنجىمەي، بەلكى سىزنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەك ياخشى كۆردۈم، چۈنكى سىز ھەرقانداق شارائىتتىمۇ مېنى ئۇنتۇماپسىز، ماڭا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىڭىز يۈرىكىڭىزدە لىقمۇلىق تۇرۇپتۇ، بۇنى ماڭا سىزنىڭ يۈرىكىڭىز نامايان قىلدى. ماڭا مېھرىڭىز بولسىلا كۇپايە، سىزنىڭ ئائىلىڭىزنىمۇ بۇزغۇم يوق، زۆھرەدىن ئايرىۋەتكۈم ھەم پەرزەنتىڭىزدىنمۇ ئايرىۋەتكۈم يوق. ئۇزاق يىللىق مىسكىن تۇرمۇشۇم، يىغلىغان يىغىلىرىم مېنى كۆزۈمدىن ئايرىش ئالدىدا تۇرىدۇ، ئەگەر مېنىڭ كۆزلىرىم راستتىنلا كۆرمەس بولۇپ قالسا، سىزنى قايتا كۆرەلمەسلىكتىن ئەنسىرەيمەن، بولاقتەك بىر جۈپ كۆزۈم كۆرمەس بولۇپ قالسا، قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قانداق ياشايمەن؟ يېقىندا مېنىڭ موسكۋادىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىم بىر ئاتاقلىق كۆز دوختۇرىنى تېپىپتۇ، ئۇ تاشكەنتكە كېلىپ كۆزۈمنى ئوپېراتسىيە قىلماقچى. بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيەدە كۆزۈم ياخشى بولۇپ كېتەمدۇ ياكى مەڭگۈلۈك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياشامدىم بۇلار ماڭا بەرىبىر. مېنىڭ ئارزۇيۇم كۆزۈم ئوچۇق ۋاقىتتا سىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈش، سىز بىلەن بىرنەچچە كۈننى بىللە ئۆتكۈزۈش، بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى*

ئارزۇيۇم ھەم ئاخىرقى ئىلتىماسىم. بىز بىرنەچچە كۈن بىللە بولۇپ، بۇرۇنقى گۈزەل، ياش، مۇھەببەتلىك دەۋرىمىزنى ئەسلىسەك، گويا شۇ دەۋرگە قايتىپ بارغاندەك خۇشال بولۇشىمىز تۇرغانلا گەپ. ئېسىڭىزدىمۇ؟ بىز مۇھەببەتلەشكەن، تۇنجى قېتىم باغدا تاتلىق سۆيۈشكەن چېغىمىزدا سىز ماڭا مۇنداق دېگەنىدىڭىز: «ئەگەر سىز ئاغرىپ قالسىڭىز، سىزگە بەدىنىمدىكى قايسى ئەزا كېرەك بولسا شۇ ئەزانى تەقدىم قىلىمەن، سىزنىڭ ھاياتىڭىز ئۈچۈن ھېچ نەرسەمنى ئايىمايمەن...» بۇ سۆزلەر ئېسىڭىزدە باردۇ ـ ھە؟ ئەگەر سىز ئاغرىپ قېلىپ، سىزگە كېرەك بولسا مەنمۇ شۇنداق قىلاتتىم. شۇنداق قىلالىغان بولسام سىزگە بولغان سادىقلىقىم، ۋاپادارلىقىم ئىسپاتلىناتتى، نۆۋەتتە كەلسە سىزنىڭ بىر كۈن بولسىمۇ ھايات ياشىشىڭىز ئۈچۈن بارلىقىمنى تەقدىم قىلاتتىم. بۇ سۆزلىرىم راست، يۈرەكتىن چىققان سەمىمىي سۆزلەر. سىز مېنىڭ ئىشەنچىم ھەم بارلىقىم، قەدىرلىكىم. سىزدىن ئايرىلىپ تاشكەنتكە كەلگەندىن كېيىن ئەڭ يامان كۈنلىرىم باشلاندى، مېنىڭ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن يىغا ـ زارىم، ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان كۆز ياشلىرىم ئاپامنى مەندىنمۇ بەك تۈگەشتۈرۈۋەتتى. ئۇ تاس قالدى مېنى تاشلاپ كەتكىلى، ناھايىتى تەستە قۇتۇلدۇرۇپ قېلىندى، ئەگەر مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلغان بولسام بىر ئۆمۈرلۈك تايانچىمدىن، غەمگۇزارىمدىن، بىردىنبىر شەپقەتچىمدىن ئايرىلىپ قالاتتىم. ئانامنىڭ ھەسرەت ئوتى بېسىلماي تۇرۇپلا ئۆزۈم تۈگىشىپ كەتتىم...

يەنە بىر ئىش بار، سۆيۈملۈكۈم، ئاشۇ بىر تال كۆز نۇرۇم، يۈرىكىم، ئىككىمىزنىڭ ئوغلى — جۇرئەتنىڭ توينى قىلماقچى بولۇۋاتىمەن، ئۆمرىدە بىر قېتىم كېلىدىغان مەرىكىدە بىللە بولۇشىڭىزنى كۈتۈۋاتىمەن، ئۇ مېنىڭ بىر ئۆمۈر تول يۈرگەن تۇرمۇشۇمغا قىلغان ھىممىتىڭىز بولسۇن...

ئوغلىمىز بىزنىڭ يۈرەك پارىمىز، مۇھەببىتىمىزنىڭ

*مېۋىسى، بىزنىڭ ئەۋلادىمىز، مەن پۈتۈن ئۈمىدىمنى ئاشۇ ئوغلۇمغا بېغىشلىدىم.*

*سىزنى كۈتىمەن، يولىڭىزغا ئىنتىزارمەن، سىزنى سۆيىمەن...*

ئالماسنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سىلىپ كەتتى. كۆزلىرىدىكى تۆكۈلۈۋاتقان ياش خەتلەرنى بويىۋەتتى، ئاخىر ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى...

ئۇ بىرھازا ئولتۇرۇۋېلىپ كۆز ياشلىرىنى ئېرتتى، بىراق ئۇنىڭ يۈرىكى توختاۋسىز يىغلىماقتا ئىدى. كۆزدىكى ياشنى سۈرتكەن بىلەن يۈرەكتىكى زەرداب، قان ـ ياشلارنى سۈرتكىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ، خەت ئوقۇشنى داۋام قىلدى:

*قەدىرلىكىم ئالماس، مېنىڭ بۈگۈنگىچە ھايات ياشىشىمغا زادى قانداق كۈچ سەۋەب بولدى، بۇنى بىلگۈڭىز بارمۇ؟ مېنىڭ شۇنچە دەردلەرنى تارتىپ، بۈگۈنگىچە ياشىشىمنىڭ سەۋەبى، مەن ھاياتنى قەدىرلەپ، بىلىمگە، ئالغا بېسىشقا، ئادەمدەك ياشاشقا ئىنتىلدىم. چۈنكى، ئىنسان ھاياتى ئىنتايىن قەدىرلىك، بىز قەدىرلىك ھاياتىمىزنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن قىممەت يارىتىش، تۆھپە قوشۇشقا تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك دەپ ئويلىدىم. شۇ ۋەجىدىن يېزا ئىگىلىك پەنلىرىنى ئوقۇدۇم، بۇ جەھەتتە خېلى نەتىجىلەرنى ياراتتىم، بۇ يىل مۇشۇ كەسىپ بويىچە دوكتورلۇق شەرىپىگە ئېرىشتىم. يەنە بىرى سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز، قەدىرلىكىم. مۇھەببەتسىز تۇرمۇشنى تۇرمۇش دېگىلى بولامدۇ؟ گەرچە بىز ئۇزاق يىل ئايرىلىپ ياشىغان بولساقمۇ، مۇھەببەت بىزگە يار بولدى، سېغىنىش ئوتى مۇھەببىتىمىزنى يېڭىلاپ تۇردى، خۇددى ھەر باھاردا دەرەخلەر بىخلىنىپ، چېچەكلەپ گۈل ئېچىلغاندەك، مۇھەببىتىمىز ھەر باھارنى كۈتۈۋالدى. سىزنىڭ*

*ھايات بولۇشىڭىز مەن ئۈچۈن زور بەخت. سىزنى يەنە بىر كۆرۈشنى ئىستەيمەن. بىزنىڭ يۈرىكىمىز بىر، تىنىمىز بىر، جېنىمىز بىر ئەمەسمۇ؟ بۇ قېتىم سىزگە ھەممە رەسمىيەتلەرنى تولۇقلاپ چاقىرىق ئەۋەتتىم. يولىڭىزغا تەلمۈرۈپ تۇرىمەن، سىز بىلەن سالامەت كۆرۈشۈشنى ئاللادىن تىلەيمەن.*

*سىزنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ:*

*زۇلفىيە*

ئالماس خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھايات كەچمىشلىرى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. زۇلفىيە بىلەن تونۇشقان چاغلار، زۇلفىيەنىڭ فەرۇق بىلەن يۈرگەن چاغلىرى، ئۆزىنىڭ تارتقان ئازابلىرى، زۇلفىيەنى كۆرگۈسى كېلىپ يامغۇرغىمۇ قارىماستىن زۇلفىيەنىڭ دېرىزىسىگە تەلمۈرۈپ تۇرغانلىرى، ئاھ، ئىككىيلەننىڭ ئاشىق ـ مەشۇق بولۇپ بىر ـ بىرىگە قېنىشماي ياشىغانلىرى، توي كۈنى، توي شادلىقى، ئۆز ھاياتىدا ئەڭ ھاياجانلانغان، يۈرەكلىرى شادلىق، مۇھەببەتتىن يايراپ ۋىسال شەربىتى ئىچكەن ئاجايىپ بەختلىك كۈنلىرى...

ئالماس ئەنە شۇ چاغلاردا ھايات يولىدىكى نۇرغۇن قىيىنچىلىق، ھىجران، ئايرىلىش، ئازاب دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى. ئۇ زۇلفىيە بىلەن مۇشۇنداق بەختلىك، ئايرىلماي ياشاپ كېتىدىغاندەك ئويلىغانىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق رومانتىك خىياللار بىلەن ياشىغان بولسىمۇ، تۇرمۇش، ھايات قايناملىرى ئۇلارنى ئايرىلىش دەشتلىرىگە تاشلاپ، مۇھەببەتلىك يۈرەكلىرىنى چاك ـ چاك يېرىۋەتتى. يۈرەكلىرىدىكى مۇھەببەت ئۇلارنى بىر ـ بىرىنىڭ ئوت پىراقىدا كۆيدۈرۈپ كۇل قىلدى. ھەر ئىككىسى ھىجران ئازابىدا پۇچىلانغان، يۈرەكلىرى ئىشق ئازابىدا كۆيگەن بولسىمۇ، ھايات قەدرىنى، ئىنسانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇپ، ئۆز كەسپىنى، جەمئىيەتتىكى بۇرچى ۋە تۆھپىسىنى ئۇنتۇماي ئۆز كەسپىدە ئۇتۇق قازاندى.

ئالماس هايات مۇساپىسىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ نىمىنى خاتا، نىمىنى توغرا قىلغانلىقىنى يەكۈنلىدى. ئۇ ئەمدى چۈشەندىكى، هاياتلىق يولىدىكى ئەگرى - توقايلىق، قىيىنچىلىق ۋە ئازابلارنىڭ ئاخىر تۈگەيدىغان پەيتى كېلىدۇ. قارىغاندا، ئۇ پەيت ئەمدى كەلگەندەك قىلاتتى.

ئۇ زۇلفىيە ئەۋەتكەن چاقىرىقنى ئېلىپ مەكتەپ رەھبەرلىكىگە كىردى. ئۇ تەشكىلنىڭ زور قوللىشىغا ھەم مەدەت بېرىشىگە ئېرىشتى، تېگىشلىك ئورۇنلارغا بېرىپ، يولغا چىقىش تەييارلىقىنى قىلدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇراتتى، توساتتىن زۆھرە ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولۇپ قالدى.

— كىرسەم بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ ئەيمىنىپكىنە.

— كىرىڭ، — دېدى ئالماس ئېغىر تىنىپ.

زۆھرە خۇددى تىكەنگە دەسسەپ قالىدىغاندەك شۈنچىلىك ئاۋايلاپ مېڭىپ كىرىپ، ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئارىدا جىمجىتلىق، يۈرەكنى مۇجۇيدىغان ئېغىر مىنۇتلار ئۆتمەكتە ئىدى، ئالماسنىڭ ھېچ نەرسە دېگۈسى يوق، زۆھرەنىڭمۇ تىلى تۇتۇق ئىدى. ئاخىر زۆھرە ئېغىز ئاچتى:

— ئالماس، مېنى كەچۈرمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، سىزگە چىدىماي شۇنداق قاملاشمايدىغان ئىشنى قىلىپ قويدۇم، شۇڭا سىزدىن ئالاھىدە ئەپۇ سوراپ كېلىشىم.

— باشقىلارنىڭ خەتلىرىنى تىقىۋېلىش، ئوقۇشىنىڭ قانداق جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ شۇنداقمۇ رەزىل بولامسىز؟

— سىزنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن...

— ئاھ تەڭرىم، ياخشى كۆرۈش ئادەمنى شۇنداقمۇ شەخسىيەتچى، قارا نىيەت قىلىۋېتەمدۇ؟ خەتنى تىقىپ قويغان بىلەن يۈرەكتىكى مۇھەببەتنى يوشۇرغىلى بولمايدىكەن، زۆھرە. مۇھەببەت چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىنتايىن قىممەتلىك تۇيغۇ، ئىنتايىن ساپ سۆيگۇ، ئۇ ئىككى



كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۈرەكنىڭ بىر ـ بىرىگە تۇتاشقاندىكى يانغان گۈلخانى. مەن سىزنى دەپ چىرايلىق تۇرمۇش قۇرۇپ ئۆتكەنىدىم، سىزنىڭ ماڭا شۇنداق ئاسىيلىق قىلىشىڭىزنى قەتئىي ئويلىماپتىمەن. مەندە ۋىجدان، غۇرۇر يوقمۇ؟

— مېنى كەچۈرۈڭ، بولدى، ئازابلانماڭ، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، بېشىمىزنى تاشقا ئۇرساقمۇ ئەسلىگە كەلمەيدۇ ئەمدى. بۇگۈن سىزنى ئىزدەپ كېلىشىم ئۆزۈمنى ئاقلاش ئۈچۈن ياكى ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىپ كەتكىنىگە چىدىماسلىقىم ئۈچۈنمۇ ئەمەس، پەقەت ئوغلىمىز ئۈچۈن...

— بولدى، زۆھرە، ئۇنىڭدىن غەم قىلماڭ، ئۇ ئىشتا سىز قانداق قىلىشنى خالىسىڭىز سىزنىڭ رايىڭىزغا باقىمەن. مەن مەڭگۈ ئۇنىڭ دادىسى، ئۇنى چوقۇم ياخشى تەربىيەگە ئىگە قىلىش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم.

— بولدى، خاتىرجەم بولدۇم. ئاڭلىسام تاشكەنتكە بارىدىغان بوپسىز، راستمۇ؟

— ھەئە، تەييارلىقلىرىم پۈتۈپ قالدى.

— بوپتۇ بېرىڭ، مەن سىز بىلەن شۇنچە يىل ئۆي تۇتتۇم، مۇرادىمغىمۇ يەتتىم، ئاخىرىدا يۈرىكىڭىزنىمۇ يارا قىلدىم، ئەمدى بۇ ئىشلىرىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭمۇ دېمەيمەن، چۈنكى بۇ كەچۈرىدىغان ئىش ئەمەس. مەن تولاراق بىر ئىشلارنى ئاددىيلا ئويلاپ قىلىۋېرىمەن، نەتىجىدە زور خاتالىق ئۆتكۈزىمەن. مەيلى نىيىتىمنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەن خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، نادانلىقىم شۇنچىلىك يامانكى، ھەتتا توي قىلغانلىقىمىزنى زۇلفىيەگە ئۆز ئاغزىم بىلەن ئېيتقىنىمغا شۇنچىلىك پۇشايمان قىلدىم. ئالماس، زۇلفىيەنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى ياخشى كۈتۈڭ، ئۆيدىكى ئون مىڭ يۈەن پۇلنى ئەكەلدىم، مېنىڭ كۆڭلۈمنى قايتۇرماڭ، سىزدىن ئۆتۈنەي، — دېدى ـ دە، بىر كونۋېرتنى ئالماسقا تۇتقۇزۇپ، ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

زۆھرەنىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ ئالماسنىڭ يۈرىكى «شۇرر» ىدە» ئېرىپ كەتتى. تۇغرا، ئالماس ئەڭ غەمكىن، غۇربەتچىلىكتە ياشاۋاتقان چاغلىرىدا ئۆز كۆڭلىنى بەرگەن، بارلىقى بىلەن ئۇنى كۈتكەن، ياخشى كۆرگەن ئايالغۇ ئاخىر، ئۇنىڭ يىغىسىغا قاراپ تۇرغىلى بولاتتىمۇ؟ ئۇ ئاستا زۆھرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە:

— يىغلىماڭ، كۆز يېشىڭىزنى سۈرتۈڭ، بۇ پۇل ماڭا تېگىل بولدى، ئەمدى ئۆزىڭىزگە قايتۇرۇپ بېرەي، ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، — دېدى.

— ياق، بۇ پۇلدا سىزنىڭمۇ ھەققىڭىز بار، مەن سىزگە ئاتاپ ئەكەلگەن، مۇشۇ ئىشتا بولسىمۇ كۆڭلۈمنى قايتۇرماڭ، — دېدى زۆھرە يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە ئوغلىمىزنىڭ ئوقۇش ئىشىغا ئىشلىتەيلى، — دېدى ئالماس تەمكىنلىك بىلەن.

زۆھرە كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، چېكە چاچلىرىنى تۈزەپ، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى ـ دە:

— سىزگە رەھمەت، ئالماس، ياخشى ئادەم دېگەن قاچانلا بولسۇن ياخشىلىقنى قىلىدىكەن، سىز ئەنە شۇنداق ئېسىل ئادەم. ئايال كىشى ئالدى بىلەن ئۆزىنى، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، ئۆزىگە مېھرىبان، مىجەزى ياخشى ئەر تېپىشنى ئويلايدىكەن. مەن مانا مۇشۇنداق ئويلىغانىدىم، سىز بىلەن توي قىلغىنىمغا يارىشا بەختلىك ياشىدىم، ئىنسان ئۈچۈن بىر قېتىم كېلىدىغان ھاياتتا ياخشى ئەر بىلەن، ئۆزى سۆيىدىغان كىشى بىلەن ياشىغانغا نېمە يەتسۇن؟ ماڭا سىز ئەنە شۇنداق مەن ئارزۇلىغان كۈنلەرنى ئاتا قىلدىڭىز، ئارىمىزدا ئالتۇندەك بىر ئوغلىمىز بار، ئۇمۇ سىزنى سۆيىدۇ، سىزدىن پەخىرلىنىدۇ. مەن بىلىمەن جەھەتتىن ئاجىز، شۇڭا سىز ئوغلىمىزنى ئۆزىڭىزگە ئوخشاش ياخشى، بىلىملىك ئادەم قىلىپ چىقىش ئۈچۈن زور بەدەل تۆلەشكە ۋەدە بېرەلەمسىز؟ — دېدى ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى

تىكىپ.

— مەن ۋەدەمدە تۇرىمەن، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم ھەم سىزنىڭ ئوغلىڭىز، ماڭا ئىشىنىڭ، بۇ ئىش ئۇچۇن غەم قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. مەنمۇ ئادەم، مەن غېرىبلىق، مىسكىنلىك پاتقىقىغا پېتىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا سىز مېنىڭ بېشىمنى سىلىدىڭىز، بىز ئوبدان ئۆتتۇق. سىزدىن خىجىل بولىدىغان بىر يېرىم شۇكى، سىزنىڭ ئۆتكەن مۇھەببىتىڭىزگە مەن ياخشى جاۋاب قايتۇرالمىدىم، سىز مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ، مېنى ئەپۇ قىلىپ ياشىدىڭىز، مەن شۇنچە تىرىشقان بولساممۇ چاندۇرۇپ قويدۇم، — دېدى ئالماس سەممىيلىك بىلەن.

— توغرا دېدىڭىز، مەن سىزگە ئېرىشتىم، بىراق سىزنىڭ چىن مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشەلمىدىم، ئەمما سىز مېنى ھۆرمەتلەپ كەلدىڭىز، بىرەر قېتىممۇ ماڭا قوپاللىق قىلمىدىڭىز، بۇنىڭدىن چەكسىز شادلاندىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇشىمىز رەتلىك، ئىناق ئۆتتى. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا سىز ياخشى تەربىيە كۆرگەن، بىلىملىك، كۆيۈمچان ئەر. مەن سىزنى قوغلىشىپ يۈرۈپ توي قىلدىم، بىراق سىز مەن بىلەن توي قىلمىغان ھالەتتىمۇ بەربىر باشقا بىرى بىلەن توي قىلىشىڭىز مۇمكىن ئىدى. بۇ ئىشلار ئەينى چاغدىكى شارائىت تۈپەيلى يۈز بەردى... ئۇھ، بۇلارنى ئېيتىپ نېمە قىلاي، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى.

— شۇنداق، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزمۇ خاتىرجەم ئۆتسۇن، ئوغلىمىزدىن غەم قىلماڭ، جېنىم تېنىمدە ئامان بولسىلا، ئۇ ھەرگىز بوينۇن قىسىپ قالمايدۇ، ماڭا ئىشىنىڭ، بولامدۇ؟

زۆھرە ئالماسقا رازىمەنلىك بىلەن قارىدى - دە:

— ئىشىنىمەن، سىز چوقۇم شۇنداق قىلالايسىز، — دېدى.

— سىزگە ۋەدە بېرەي.

زۆھرە ئالماس بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى.
— زۆھرە، — دەپ چاقىردى ئالماس كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ.
زۆھرە جايىدا تۇرۇپ قالدى، ئالماس ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:
— سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ماڭا يەتتى، بۇ پۇلنى ئوغلىمىز ئۈچۈن بانكىغا سېلىپ قويۇڭ، سالامەت بولۇڭ، — دەپ پۇلنى زۆھرەگە تۇتقۇزۇپلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ماڭدى.

## 49

ئالماس يول‑لانمىلارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال پاسپورت ئىشلىتىپ تەييارلىقنى پۈتكۈزدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل ئىنتىزارلىق، خاتىرجەمسىزلىك، ئالاقزادىلىك ئارىلاش ھېسسىيات بار ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ تۇنجى ئاشىق قىزى، سۆيگەن ئايالى ھاياتىدىكى ھالقىلىق پەيتتە يەنە ئۇنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆز يېنىغا چاقىرغانىدى.
ئۇ ئايروپىلانغا چىقتى. تۇنجى قېتىم زۇلفىيە بىلەن بىللە بولغان سەپەر خاتىرىسى كۆڭۈل ئېكرانىدا زاھىر بولدى. ئۆتكەنكى ھەۋەس، مۇھەببەتكە تولغان ئاجايىپ جۇشقۇن ياشلىق دەۋر ئۆتۈپ كەتكىنىگە مانا يىگىرمە يىل بولدى.
شۇ تاپتا ئۇنىڭ يېنىدىلا بىر جۈپ قىز ـ يىگىت ئولتۇراتتى. قىز بولسا يىگىتنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ، ئۇنىڭغا ئەركىلەۋاتىدۇ، يىگىتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاۋاتىدۇ، كۆزلىرى بىلەن يىگىتكە تەبەسسۇم ياغدۇرۇۋاتىدۇ...
«ئاھ تەڭرىم، — دەپ ئويلىدى ئالماس، — كونا جايدا كونا چۈش تەكرارلىنىدىكەن، بىر تاڭنى يەنە بىر تاڭ كۈتۈۋالىدىكەن، ئۆتنىڭ ئىچىدە ئوت ياندىكەن، مۇھەببەت گۈلخانى چاراسلاپ

ئۇچقۇن چاچرىتىدىكەن. بۇ ئىككىسى ياش ۋاقتىمىزنىڭ ئەينەن كارتىنىسى ئەمەسمۇ؟ ئۇلار نەقەدەر بەختلىك ـ ھە! مەنچۇ؟ مەنمۇ قىرىغان جىنىمغا قارىماي مۇھەببەت ئۇچقۇن كېتىۋاتىمەن، يۈرىكىم يېنىۋاتىدۇ، ئاشۇ ياشلىق، غۇبارسىز چاغلىرىم ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ...»

— ئەپەندى، نېمە ئىچىسىز؟

كۆتكۈچى قىزنىڭ سوئالى ئۇنىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ كۆتكۈچى قىز سۇنغان چاينى ئىچىپ، ئەمدى كۆزىنى يۇمۇپ ئازراق ئارام ئالماقچى بولدى، بىراق يەنە شۇ خىياللىرىنىڭ داۋامى كاللىسىغا قاپسىلىپ ئاراملىق بەرمىدى. بىر چاغدا رادىيودىن بىر قىزنىڭ ناھايىتى سىلىق، سۈزۈك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك يولۇچىلار، خۇشىۋاق بولغايسىزلەر، ھازىر تاشكەنت شەھىرىگە يېتىپ كېلىش ئالدىدا، يەنە ئون مىنۇتتىن كېيىن سامالىيوت ئايرودرومغا قونىدۇ، تەييارلىق قىلغايسىلەر، سىلەرگە تىنچ ـ ئامانلىق، خاتىرجەملىك تىلەيمىز.

ئالماس دېرىزىدىن پەسكە قارىدى. تاشكەنت شەھىرى خۇددى شاھمات تاختىسىدەك كۆرۈنەتتى، كۆپ قەۋەتلىك مېھمانسىراي، سودا سارايلىرى، مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك مەسچىتنىڭ مۇنارلىرى، ئاددىي قورۇ ـ جايلار، ئاجايىپ چىرايلىق باغلار، رەت ـ رەت كوچا بويلىرىدىكى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار، خۇددى سەرەڭگە قېپىدەك كۆرۈنۈپ قىمىرلاپ مېڭىۋاتقان چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار...

«ئېھ تاشكەنت، تارىخنىڭ بىھېساب ۋاراقلىرىغا ئىسمى يېزىلغان تارىخنىڭ شاھىتى، سېنىڭ قوينۇڭدا قەدىمىي سەلتەنەتلىك ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرگەن، سەندە ھايات جۇش ئۇرغان، سەندە مەدەنىيەت ـ سەنئەت گۈللەنگەن. مەنمۇ سېنىڭ قوينۇڭدا سەنئەتنىڭ ئاجايىپ نادىر بۇيۇملىرىدىن ھوزۇر

ئالغانىدىم. سەن ئۆزبېكىستاننىڭ پەخرى سەن، ئاھ گۈزەل تاشكەنت، سەندە شانلىق تارىخنىڭ ئىزلىرى بار، سەندە ئالىم ـ ئۆلىما، ئۇلۇغلارنىڭ قىممەتلىك بىلىم خەزىنىلىرى بار، بۇلار ئەۋلادلارغا مەڭگۈلۈك مىراس، ئۇلارنىڭ قەلبىگە نۇر ياقىدىغان ئاجايىباتلاردۇر.

مەنمۇ نەۋقىران يىگىت ۋاقتىمدا سېنىڭ قوينۇڭغا بىلىم ـ مەرىپەت ئىزدەپ كەلگەنىدىم، ئەنە شۇ ۋاقتىمدا سېنىڭ ھۆسن ـ جامالىڭغا خۇددى ساھىبجامالغا ئاشىق بولغاندەك ئاشىق بولغانىدىم. ئاھ قايناق، يېقىملىق شەھەر، سەن يەنىلا شۇ جۇشقۇنلۇق، جازىبىدارلىقىڭنى يوقاتماپسەن.»

ئايروپىلان دىرىلداپ توختىدى. يولۇچىلار بىخەتەرلىك تاسمىلىرىنى يېشىپ، سومكىلىرىنى ئېلىپ چۈشۈشكە تەييارلىنىشتى.

ئالماس شۇنداق تەقەززالىق بىلەن گۈزەل شەھەر تاشكەنتنىڭ تۇپرىقىغا قەدەم قويدى. نۇرغۇن قىز ـ يىگىتلەر ئۆزىنىڭ مېھمانلىرىنى كۈتۈۋېلىشقا چىققانىدى. ئۇ كۆڭلىدە، زۇلفىيە ساق بولغان بولسا چوقۇم ئالدىمغا چىقاتتى، دەپ ئويلىدى.

ئېگىز بوي، بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن بىر يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئالماس ئەپەندى بولامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەن شۇ.

— خۇش كەپسىز ئەپەندى، مەن تاكسى شوپۇرى، زۇلفىيە خانىم مېنى سىزنى كۈتۈۋېلىشقا ئالاھىدە بۇيرۇغانىدى، تاشكەنت شەھىرىگە كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمەن.

— رەھمەت سىزگە.

— قېنى، ماشىنىغا چىقايلى.

ماشىنا قوزغالدى، ئالماسنىڭ كۆزلىرى يولدا، ئىلگىرى ئۆزى ماڭغان كوچىلارنى ئىزدەشتۈرەتتى.

ئاۋغۇست ئايلىرى بولغاچقا، تاشكەنت شەھىرى خۇددى تويى بولۇۋاتقان قىزدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. پۈتۈن ئەتراپ يېشىلچىلىق، كوچىلارنى رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى بىر ئالغان. ئەتلەس كۆڭلەك، ئەتلەس تامبال، ساپما كەش كىيىۋالغان، قاش - كۆزلىرىگە سۈرمە سۈرگەن ئاياللار، ياش كېلىنچەكلەر، قىزلار شەھەرگە تېخىمۇ يارقىنلىق ئاتا قىلغانىدى.

تاكسى قىزىل مەيدان، گوم، سوم[1]، ئاجايىپ قايناق بازارلاردىن ئۆتۈپ قەشقەر كوچىسى تەرەپكە قايرىلدى. يىگىرمە يىل مابەينىدە بۇ كوچىمۇ قىسقىراپ، يېڭى يوللار چۈشكەنىدى. بۇرۇنقى كوچىنىڭ ئىزناسى سۈپىتىدە قالغان ئۆي ئۇنىڭ كۆزىگە يەنە شۇنداق ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئۇلار قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئالماسنىڭ يۈرىكى تېز - تېز سېلىپ كەتتى، مانا بۇ قورۇ ئۇنىڭ توي قىلغان ئۆيى، ئۇنىڭ ياشلىقى، شاشلىقى ئۇرغۇغان، بەختى ئېچىلغان، بەختلىك ماكانى ئىدى. قورۇنىڭ تاملىرى ئاقارتىلغان، يولغا قاراپ تۇرغان دېرىزىلىرىگە چىرايلىق پەردىلەر تارتىلغانىدى.

شوپۇر يىگىت تۆمۈر دەرۋازىنى ئېچىپ قورۇغا كىردى. ئالماسمۇ چاماداننى كۆتۈرۈپ قورۇغا كىردى. ئۇ ھەر دائىم ئۆيگە كىرسىلا زۇلفىيە يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقاتتى. مانا بۈگۈنمۇ زۇلفىيە ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىدىغاندەك، ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئېتىپ كۆرۈشىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى، بىراق ئۇنداق بولمىدى.

ئالماس قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئەپەندى، قېنى ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى شوپۇر.

ئۇلار ئۆيگە كىردى.

---

① گوم، سوم — تاشكەنتتىكى ئەڭ چوڭ سودا سارايلىرى.

— سىز يۈيۈنۈپ، ناشتا قىلىۋېلىڭ، مەن ئىككى سائەتتىن كېيىن سىزنى ئالغىلى كېلىمەن.

— ياق، ياق، مەن ھازىرلا دوختۇرخانىغا باراي.

— بولمايدۇ، بىزدە زاكون[1] شۇنداق، ئاۋۋال مۇنچىغا چۈشۈۋېلىڭ.

ئالماس يالغۇز قالدى. ئۇ ئۆيگە سەپسېلىپ قارىدى، ئەينى ۋاقىتتا دېرىزە پەردىلىرى سېنىكا رەڭ ئىدى، ھازىر ئاپپاق قاردەك ئېسىل پەردىلەر ئېسىلغان، تام بويى تىزىلغان يېڭى ئىشكاپلار چىلان رەڭگىدە پارقىراپ تۇراتتى. ئىشكاپلارغا تىزىلغان خىرۇستال قەدەھلەر، مىستىن ئىشلەنگەن، نەقىشلەنگەن ھىندىستاننىڭ لوڭقىلىرى، چىرايلىق پىيالىلەر، تەخسىلەر چاقناپ تۇراتتى.

تامدا ئالماس بىلەن زۇلفىيەنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى ئېسىقلىق ئىدى، زۇلفىيە بېشىغا ئاق نوركا قۇلاقچا كىيگەن، قىشلىق پەلتو بىلەن، ئالماسمۇ قېلىن قىشلىق پەلتو ۋە قارىكۆل تۇماق كىيگەن، زۇلفىيە ئۆزىگە يۆلىنىپ، بېشىنى ئۇنىڭ دولىسىغا تەگكۈزۈپ كۈلۈپ تۇرغانىدى. ئالماسنىڭ كۆزلىرىگە ياش ياماشتى. ئاجايىپ بىر دەۋرلەر ئىدى ـ ھە! مانا، يەنە بىر رامكىدا ئوغلى جۇرئەتنىڭ بوۋاق ۋاقتى، پىيونېر بولغان ۋاقتى، يەنە بىر رامكىدا بۇرۇتلۇق، قارا قاش، قاپىقى سەل ـ پەل تۈرۈلگەن ھازىرقى ۋاقتى ئۇنتۇلماس تارىخنىڭ ئەينەن خاتىرىسى بولۇپ تۇراتتى. بىراق، ئوغلىغا مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە بىرەر كۈن ئاتىلىق مېھرىنى بېرەلمىگەنلىكىنى ئويلاپ، يۈرىكى چىممىدە قىلىپ ئېچىشتى.

ئۇ ئىشلىرىنى بالدۇرلا تۈگىتىپ شوپۇر يىگىتنى كۈتۈپ ئولتۇردى. دەل ئىككى سائەت بولغاندا شوپۇر يىگىتمۇ يېتىپ كەلدى، ئىككىيلەن دوختۇرخانىغا قاراپ يول ئالدى.

---

① زاكون — قائىدە.

— گۈل دۇكىنى ئالدىدا توختاپ بېرىڭ، گۈل ئېلىۋالاي.
— ماقۇل.
ئىككىيلەن خېلى چوڭ بىر گۈل دۇكىنىغا كىردى، دۇكان ئىچى خۇددى فىرانسىيە ئەتىرى چېچىلغاندەك خۇش پۇراق ئىدى.
ئالماس گۈلچى خانىمغا قاراپ:
— خانىم، يۈز دانە ئەتىرگۈل ئارىسىغا ئاق چېچەك قويۇپ، بىر دەستە گۈل تىزىپ بېرىڭ، — دېدى.
ئوتتۇرا بويى، سېمىز، قاش - كۆزلىرىگە قېنىق سۇرمە سۇرۇۋالغان خانىم ئالماسقا قاراپ:
— بولىدۇ، ئەپەندى، دېگىنىڭىزدەك تىزىپ بېرەي، بىراق باھاسى قىممەت، — دېدى.
— كېرەك يوق، خانىم، مۇمكىن بولسا تېزرەك بولسىڭىز.
— خوپ، ئەپەندى، مانا ھازىرلا.
ئۇ خانىم سېمىز بولغىنى بىلەن ناھايىتى چاققان ئىدى، بىر قىز بىلەن بىللە گۈلدەستىنى شۇنچىلىك كۆڭۈل قويۇپ تىزدىكى، گۈلخانىدىكى بارلىق گۈلدەستىلەر بۇ گۈلدەستىنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالدى.
— پاھ، پاھ، — دېدى گۈلچى خانىم تىللىرىنى چاكىلدىتىپ، — بۇ گۈلدەستىنى خانىشلارغا تەقدىم قىلسىڭىزمۇ مەمنۇن بولىدۇ.
— رەھمەت، خانىم، كۆڭلۈمدىكىدەك بولدى.
ئالماس پۇلنى بېرىپ، گۈلدەستىنى ناھايىتى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ماڭدى، دۇكانغا كىرىپ - چىقىۋاتقانلار بۇ گۈلدەستىگە قاراپ تىللىرىنى چاكىلدىتىپ كېتىشتى.
ئۇ دوختۇرخانىنىڭ كۈتۈش ئۆيىدە زۇلفىيەنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇردى. زۇلفىيە ئۇچىسىدا دوختۇرخانا كىيىمى، بېشىدا ياغلىق، ئاستا ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشىگە، ئالماس ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى.

— قەدىرلىكىم، بىز يەنە كۆرۈشتۇق.
— ئالماس، خۇش كەلدىڭىز، سىزنى كۆرۈپ ئالەمچە شادلاندىم، بۇ راستىنلا سىز ـ ھە؟

زۇلفىيە ھازىر ياش چوكان ئەمەس، جۇۋان ئىدى، بىراق ئۇ يەنە شۇنداق لاتاپەتلىك، جازىبىدار، خۇش پىچىم ئىدى. ئالماس بىتاقەت بولۇپ زۇلفىيەنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئۇ راستىنلا ئۆز ئايالىنى تاپقانىدى، بىراق ئۇنى تاپقىنى بىلەن ئاشۇ ياشلىقتىكى ساپ، ساددا، چىرايلىق قىزنى مەڭگۈ تاپالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. بەدەندىكى جاراھەت ئىزى ساقايسىمۇ، يۈرەكتىكى جاراھەتنىڭ ئىزى قالغىنىدەك، ھىجران ئازابىنى ئۇنتۇشنىڭ تەسلىكىنى بىلىپ يەتتى، ھەر ئىككىسىنىڭ ئەبەدىي يوقالغان غۇبارسىز ياشلىقى قايتىپ كەلمەس ئىدى. ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ ياش تۆكۈشتى، ياشلىرى قوشۇلۇپ كەتكىنىدەك، ۋۇجۇدىمۇ بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئالماس ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى.

— بۇ راستىنلا سىزمۇ؟

— ھەئە، تىنچلىنىڭ، جېنىم، بىز يەنە ئۇچراشتۇق، تىرىكلەر مىڭ قېتىم كۆيۈپ يانسىمۇ، مىڭبىر جەبىر ـ جاپادا ياشىسىمۇ بىر كۈنى تەسەللى تاپىدىكەن، مانا بۇنى مەن ئۆزۈمدىن قىياس قىلدىم.

بىردىنلا زۇلفىيەنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئەڭ گۈزەل ياشلىق چاغلىرى، ئۇزۇككىنىڭ كۆزىدەك چاغلىرى ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

— زۇلفىيە، بۇ گۈلدەستىنى سىز ئۈچۈن تىزدۇردۇم، قوبۇل قىلىڭ، — دېدى ئالماس گۈلدەستىنى سۇنۇپ تۇرۇپ.

زۇلفىيەنىڭ خۇشاللىقتىن چېھرى نۇرلىنىپ كەتتى.

— ۋاھ، ۋاھ، بۇنداق گۈلنى نەدە تىزدۇردىڭىز؟

— چاھارباغدىن سەنەمجان ئۈچۈن تىزدۇردۇم، ياردىمۇ؟

— رەھمەت سىزگە، بۇ گۈل بەك چىرايلىق ئىكەن. مەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھاياتىمدا قوبۇل قىلغان گۈلدەستىلەرنىڭ شاھى ئىكەن.
بىر ئۆمۈر بىر ـ بىرىگە كۆيگەن، بىر ـ بىرىگە ئىنتىزار بولغان، بۈگۈنكىدەك دەقىقىلەرنى كۈتۈپ ھالسىرىغان بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ تۇرۇشتى.
ــ زۇلفىيە قەدىرلىكىم، ــ دېدى ئالماس، ــ سىزگە يەنە بىر سوۋغام بار ھەم بۇ سوۋغات بىلەن سىزگە دەيدىغان يۈرەك سۆزۈم بار.
زۇلفىيە شوخلۇق بىلەن كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ قارىدى. ئالماس كاستيۇمىنىڭ يانچۇقىدىن بىر دانە قىزىل قاپچۇقنى ئېلىپ زۇلفىيەگە سۇندى.
زۇلفىيە قىزىل قۇتىنى ئاچتى ـ دە، ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى. يېشىل ماش چوڭلۇقىدىكى بىرىلىيانت كۆزلۈك ئاق ئالتۇن ئۈزۈك يالتىراپ تۇراتتى.
ــ بەك چىرايلىق ئىكەن، ــ دېدى زۇلفىيە ھاياجىنىنى باسالماي.
ئالماس ئۈزۈكنى ئېلىپ زۇلفىيەنىڭ نامسىز بارمىقىغا سېلىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ لەۋلىرىگە تەگكۈزدى ـ دە:
ــ زۇلفىيە خانىم، مەن ھازىر يالغۇز، سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ماڭا تېگىشنى خالامسىز؟ ــ دېدى.
زۇلفىيە بۇ سۆزگە ھەقىقەتەن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى.
ــ مەن سىزگە رەسمىي تەكلىپ قويۇۋاتىمەن.
ــ تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن، قەدىرلىكىم، سىزنىڭ بىرىنچى قېتىم ماڭا بەرگەن ئۈزۈكىڭىز ماڭا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولدى ھەم سىزنىڭ رىشتىڭىز بولدى، بۇ ئۈزۈكنى كۆرسەملا سىزنى كۆرگەندەك بولاتتىم، بۇ سوۋغىڭىز بەك قىممەتلىك بولۇپ كېتىپتۇ، ــ دېدى زۇلفىيە خۇشاللىقىنى يوشۇرماي.
ــ ئويلىغانلىرىم بار، زۇلفىيە، بۇنىڭدىنمۇ قىممەت بىر سوۋغام بار، ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ مۇھەببىتىم.

www.uygurkitap.com

زۇلفىيە كۆزىدە يالتىراۋاتقان يېشىنى سۈرتۈپ:

— مەن ئىشىنىمەن، — دېدى ئالماسقا بىر خىل مۇھەببەت، ئىشەنچ بىلەن قاراپ، — توي قىلىش تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن.

— راستىما؟

— راست، سىزدەك ئەرگە تېگىش بەخت، مەن بۇ بەخت ئۈچۈن يىگىرمە يىللىق ئۆمرۈمنى زايە قىلدىم. مەيلى ئەمەسمۇ، ئاخىر سىزگە يېتىشتىم.

ئالماس زۇلفىيەنىڭ نۇرلانغان كۆزلىرىگە، خۇشاللىقتىن تىترىگەن لەۋلىرىگە قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى.

— ئوغلۇم جۇرئەت كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

— پىراكتىكىغا كەتكەن، ئەنسىرەپ قالمىسۇن دەپ دوختۇرخانىغا كىرگىنىمنىمۇ دېمىدىم. قايتىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.

— ئاپام ئۆيدىمۇ، بۇ يەردىمۇ يوققۇ؟

— بىرنەچچە دوستى بىلەن ئەنجانغا تويغا كەتكەن.

— ئۆزى ساق تۇرغاندۇ؟

— ھەئە، سالامەتلىكى ياخشى بولغاچقا ئەنجانغا كەتتى ئـ موماي، — دېدى زۇلفىيە ئاپىسىغا مەستلىكى كەلگەندەك قىلىپ.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى، ئالماس بىلەن زۇلفىيەنىڭ يۈرەك قېتىغا يوشۇرۇنغان، شۇنچە يىللار مابەينىدە يىغىلىپ قالغان سۆزلىرى تۈگىمىدى.

بۈگۈن زۇلفىيە دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان كۈن ئىدى. ئـ دوختۇرخانا بېغىدىكى ئورۇندۇقتا ئالماسنىڭ يولىغا قاراپ ئىنتىزارلىق بىلەن ئولتۇراتتى. ئالماس يىراقتىن كۆرۈندى. ئۇ تېگى قارا، ئۈستىگە ئىنچىكە ئاق يول چۈشكەن رەختتىن كاستۇم - بۇرۇلكا، ئاق كۆڭلەك كىيىپ، قىزىل گالستۇك تاقىغان، چاچلىرى رەتلىك تارالغان، سالماق قەدەم بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئۇ زۇلفىيەنى كۆرۈش بىلەن قەدىمىنى تېزلەتتى.

— ئاھ، سىزنىڭ ھىدىڭىز، سىز... — زۇلفىيە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

— قوزغالماڭ، — دېدى ئالماس زۇلفىيەنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — ياخشى تۇرۇپسىزمۇ؟

زۇلفىيەنىڭ چىرايى خۇددى يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەندەك شادىمان ئىدى.

ئىككىيلەن ياتاققا كىرىپ نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيگە قايتتى.

ئالماس زۇلفىيەگە تويماي قارايتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى جۇدالىق دەردىدە پۇچىلانغان بولسىمۇ، ھۆسن - جامالى يەنە شۇنداق چىرايلىق، جازىبىدار كۆرۈنەتتى. ئۇلار چاي ئىچىپ، مۇڭدىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇزاق يىل زارىقىپ كۈتكەن تۇنلەر قوينىغا چۆكتى...

زۇلفىيەنى ھاياجانلىق تىترەك باستى. ئۇ:

— سىز ياخشى كۆرگەن يىگىتىم، سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىز، بارلىقىڭىز، بىر تال چېچىڭىزمۇ مەن ئۈچۈن ئەزىز، سىزنى ئەمدى ھېچكىمگە بەرمەيمەن، — دېدى پىچىرلاپ.

— مەنمۇ شۇ، ئەزىزىم، سىزگە بىر ئۆمۈر قەرزدارمەن؛ شۇڭا ئۆمۈر بويى ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە سىزنى سۆيىمەن، ئاسرايمەن، — دېدى ئالماسمۇ پىچىرلاپ.

ئىككىيلەننىڭ تۇندىكى لەززەت ۋە ھۇزۇرلىرى كېيىن ئېرىشكەن شېرىن مۇھەببەت ۋە ئائىلە شادلىقى ئىدى.

— بىزگە ئۇزۇن ئۆمۈر، بەخت - سائادەت نېسىپ بولغاي.

— ئىلاھىم، تىلەكلىرىمىز ئىجابەت بولغاي، — دېدى ئالماس.

— راست ئېيتىسىز، غالىبلارنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىز يىگىرمە يىلدىن كېيىن قايتا ھاياتقا، شېرىن كۈنلەرگە ئېرىشتۇق. ئازابلىق كۈنلىرىمىز بىزنى بەك خوراتقان بولسىمۇ، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ئۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇلدۇردى،

بەخت قوينىغا چۆمدۈردۈ، بىز نەقەدەر بەختلىك ــ ھە؟
زۇلفىيە پىچىرلايتتى، ئالماس تىڭشايتتى...

## 50

جۇرئەت قايتىپ كېلىپ بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولدى. جۇرئەتنىڭ خۇشلۇقى ئالەمچە بولغانىدى، بىكار بولسىلا كېلىپ دادا ــ ئاپىسى بىلەن مۇڭدىشىپ كېتەتتى. ئۇ يوق چاغدا زۇلفىيە بىلەن ئالماس كۈن ۋە تۈنلەرنى ئۇزاق يىللىق ئەسلىمىلىرىنى ۋە يۈرەككە ئورناپ كەتكەن دەردلىرىنى سۆزلەش بىلەن ئۆتكۈزدى.

— ئەگەر ئاشۇ ياشلىقىمىز، مۇھەببەتلىك دەۋرىمىز قايتىلانغان بولسا ــ ھە؟ — دېدى زۇلفىيە ئىچ ــ ئىچىدىن ئۆكۈنۈپ.

— ناۋادا بۇ تۈنجى ئۇچرىشىشىمىز بولغان بولسا، ئالدىڭىزدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بىر دانە قىپقىزىل ئەتىرگۈلنى سىزگە تۇتۇپ مۇھەببەت ئىزھار قىلاتتىم. سىزچۇ؟ نېمە دەپ جاۋاب بېرەتتىڭىز؟

— مەن، ياق، بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، — دېگەن بولاتتىم، — دېدى زۇلفىيە.

— راستمۇ؟

زۇلفىيە ئېرىگە ئەركىلىگەندەك قىلغان بىلەن يەنىلا كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك ياشلىق دەۋرى لاي سۇدەك ئۆتۈپ كەتتى، ئاشۇ يىللار، ئاشۇ يىللار! ئىسىت ! ئىسىت ! گۈلدەك توزۇغان ياشلىقى، ھەسرەتكە تولغان كۈنلىرى، ئاھ ئاشۇ كۈنلەر، قەلبى مۇزلاپ، يۈرىكى تىترەپ، ۋۇجۇدى ئازابتىن سىلكىنگەن يىللار... ئالماسنىڭ

سۇرىتىگە قاراپ، ئۇنى سۆيۈپ، يۈرىكىگە تاڭغان كۈنلەر، ئاچچىقىدا ئاشۇ سۈرەت بىلەن ئۇرۇشقان، مۇڭداشقان كۈنلەر... كۆزلىرىدىن ئۈمىد بەرگى تۆزۈپ، قار ـ شىۋىرغاندا ئۈششۈگەن يوپۇرماقتەك تىترىگەن چاغلار، يالغۇز ئۆيدە تەڭرىگە نالە قىلىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ مۇھەببەتمۇ؟ بۇ سۆيگۈ چۈشىمۇ؟ بۇ ناتىۋان يۈرەكنىڭ ئىنتىزارلىقىمۇ؟ ئېھ ھايات !» دەپ ۋارقىراشلىرى...

شۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇش ئاسانمۇ؟ شۇ كۈنلەرنى نېمە بىلەن تولدۇرغىلى بولىدۇ؟ ئاتقان ئوق، ئاققان سۇدەك ئۆتۈپ كەتكەن يىللارنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ، بۇنىڭغا نېمە ئامال !...

ـــ قەدىرلىكىم، ـــ دېدى ئالماسنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ ئېچىشىپ، ـــ سىزگە ئېيتسام، ئۇزاق يىللىق ئازاب ـ ئوقۇبەتنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتىش تەس ھەم مۇمكىن ئەمەس، بىراق ئىككىنچى قېتىم پۇرسەتكە ئىگە بولالمىغان ھەم بولالمايدىغان نۇرغۇن ئاشىق ـ مەشۇقلار بارغۇ؟ خۇداغا شۈكۈر، بىز بۇ كۈنلەرگە ئېرىشتۇق. سىز مەن بىلەن خوشلاشمايلا كەتكىنىڭىزدە مەن نېمە بولۇپ كەتتىم، بىلەمسىز؟ يۈرىكىم ئېزىلىپ، ئۆزۈمنى بىلەلمەي قالدىم، دەردلىرىم پەلەككە يەتتى. بىراق مېنىڭ ئازابىم، مېنىڭ دەردىم سىزگە يەتمىدى، ئەگەر مېنىڭ نىدالىرىم سىزگە يەتكەن بولسا، سىزمۇ بۇنچىلىك ئازابلىق خىياللاردا بولماس ئىدىڭىز. بىلىسىڭىز، سىزمۇ ئۇزاق يىل مېنىڭ يۈرىكىمدە ياشىدىڭىز، زۆھرە كۆڭۈل پېرىمچىلىقىمنى تولدۇرالمىدى، سىزدەك خۇشال قىلالمىدى، كۈنلىرىم رىيازەت بىلەن ئۆتتى. ھازىر بىلسەم، مېنىڭ يۈرىكىمدە سىز، سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدە مەن بار ئىكەنمەن. ئەمدى سىزدىن ئۆتۈنەي، سىزدىن تىلەي، ئۆتمۈشنى ئۇنتۇشقا تىرىشايلى، كېچىكىپ بولسىمۇ بەختىيار تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتايلى، ماقۇلمۇ؟

زۇلفىيە ئېرىنىڭ سەمىمىي، ساپ سۆيگۈ بىلەن ئېيتقان

سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:
— ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ دەيدىكەن، بىراق ئۇنتۇلمايدىغان ئىشلارمۇ بولىدىكەن، سىزگە تەلپۈنگەن قەلبىم ھەرگىز ئۆزگىرىپ قالمىدى. مەن ھەم سىزنى يولىڭىزدىن ئېزىپ كەتتىڭىز دەپ رەنجىمەيمەن، چۈنكى يىگىرمە يىل ئاز ۋاقىت ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزدەك ياش، كېلىشكەن ئەرنىڭ شۇنچە يىل يالغۇز ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس. خۇداغا شۈكۈر، ئىنتىزارلىق، تەشنالىق كۈنلىرىم بىكارغا كەتمىدى؛ ئارزۇلىرىمغا يەتكەنلىكىمدىن شادلىنىۋاتىمەن، كاككۇك ئۆمۈر بويى سايراپمۇ ئۆز جۈپتىنى تاپالمايدىكەن، بىراق مەن كاككۇكتەك سايراپ، يىغلاپ يۈرۈپ ئۆز يارىمنى تاپتىم. ئاخىر سىزگە يېتىشتىم...
— شۇنداق، زۇلفىيە، يۈرىكىڭىزدىن ماڭا ئورۇن بەرگىنىڭىزگە رەھمەت، مەنمۇ سىزنى ئۆمۈر بويى سۆيىمەن؛ سىزمۇ ماڭا ئاشۇ ياشلىقتىكى ئوتتەك مۇھەببىتىڭىزنى قايتا بېغىشلاڭ. ئېيتىڭچۇ، ماڭا پۇرسەت بارمۇ؟
ئالماس زۇلفىيەگە تەشنالىق بىلەن تىكىلدى.
— سىزگە پۇرسەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى ھايات؛ بەختلىك تۇرمۇش بار.
— مەن بەختلىك ئىكەنمەن، ئۆمۈرۋايەت بۇ تۇرمۇشتىن؛ ھاياتتىن، سىزدىن رازى، دىلبىرىم.
— سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىز مېنىڭ خۇشاللىقىم، سىزنىڭ بەختىڭىز مېنىڭ بەختىم، — دېدى زۇلفىيە ناز - ئىستىغنا بىلەن بېقىپ.
ئالماسنىڭ يۈرىكى خۇشلۇقتىن يايراپ كەتتى.
— سىزگە مەسلىھەت سالىدىغان ئىش بار ئىدى، — دېدى زۇلفىيە چىرايىغا مۇڭ ئېلىپ.
ئالماس «قېنى ئېيتىڭە» دېگەندەك، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تەلپۈندى.

— بىر كۈنى كەچلىكى جۈرئەت ئۆيگە بىر قىزنى باشلاپ كىردى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى زۈلفىيە ئىشىنىڭ بارلىق جەريانىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ...

*    *

جۈرئەت باشلاپ كىرگەن قىز ئېگىز بوي، سېرىق چاچ، زەڭگەر كۆز رۇس قىزى ئىدى. زۈلفىيە بىر قىزغا، بىر جۈرئەتكە قاراپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ئاپا، بۇ قىزنىڭ ئىسمى سۇتلانا، — دېدى جۈرئەت ئارىدىكى ئوڭايسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن قىزنى تونۇشتۇرۇپ.

زۈلفىيە ئەدەپ يۈزىسىدىن قىزغا خۇش چىراي ئاچتى، ئاندىن داستىخان تەييارلاپ، چاي دەملىدى. ئۇ قىزدا قورۇنۇشتىن ئەسەر يوق، خۇددى ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرغاندەك شۇنداق ئەركىن ئىدى. زۈلفىيە چاي قۇيۇپ ئۆلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندا، جۈرئەت «ئاپا، قائىدىسىنى قىلىڭ» دېگەن مەنىدە قارايتتى، بىراق ئاپىسىدا ئىنكاس يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— ئاپا، ئىككىمىز يۇردۇق، مەن بۇ قىزنى ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا ئالدىڭىزغا ئېلىپ كەلدىم.

زۈلفىيە بۇ قىزنى زادىلا كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى. مۇسۇلمان قىز بولغان بولسا كاشكى. شۇنچە چىرايلىق، قائىدىلىك ئۇيغۇر قىزلىرى بارغۇ، ئوغلۇمنىڭ كۆزى كور بولۇپ قالدىمۇ ياكى بۇ قىز قايمۇقتۇرۇپ كەتتىمۇ، دەپ ئويلاپ بىئارام بولۇپ كەتتى. بۇ قىزنى ياقتۇرمىغان بولسىمۇ، ھۆرمەت يۈزىسىدىن قىزغا قاراپ قويدى ـ دە، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ئۆينىڭ ئىچىدە پىرقىرايتتى. ئەگەر ئۇ قىزنى ياقتۇرغان بولسا، كېلىن قىلىشنى ماقۇل كۆرگەن بولسا چوقۇم بىرەر كۆرۈملۈك بېرىشى كېرەك، بىراق ئۇنىڭ مەيلىگە قويسا ھەرگىز ئۇنداق

قىلالمايدۇ، ئەمما جۇرئەت قىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاچ ھە دەپ ئاپىسىغا قاراپ شەرەت قىلاتتى. ئۇنى ئاخىر بىر شەيتان ئېزىقتۇردىمۇ، ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ساندۇقنى ئېچىپ چىرايلىق قىزىل قۇتىغا سېلىنغان ئالتۇن ئۈزۈكنى پەتنۇسقا قويدى. بۇنى كۆرگەن جۇرئەتنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى كۆرۈندى. زۇلفىيە مىڭ تەستە مېڭىپ قىزنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە:

ــــ سۇتلانا، بۇ يۈز كۆرۈشۈش سوۋغىسى، قوبۇل قىلىڭ، ــــ دەپ پەتنۇسنى قىزغا سۇندى. سۇتلانا ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــــ رەھمەت، ئاپا، ــــ دېدى.

جۇرئەت قاپچۇقنى ئېچىپ، قىزنىڭ قولىغا ئۈزۈكنى سېلىپ قويدى، ئۈزۈك ئۇ قىزنىڭ ئاپپاق، ئۇزۇن بارمىقىغا شۇنچە ياراشتى. ئۇ قىز زۇلفىيەنىڭ كۆز ئالدىدىلا جۇرئەتنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويدى ـ دە:

ــــ رەھمەت سىزگە، جۇرئەت، ــــ دېدى.

ئۇلار بىر ئازدىن كېيىن تىياتىر كۆرگىلى بارىمىز دەپ چىقىپ كەتتى.

...

زۇلفىيە بۇ گەپلەرنى ئالماسقا ئېيتىۋېتىپ قاتتىق ئازابلىنىپ كەتتى ۋە ئېغىر تىنىدى:

ــــ مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىش قىلىپ قويغانلىقىمنى، چوڭ خاتالىققا يول قويغانلىقىمنى چۈشىنىپ يەتتىم، كۆڭۈل ئازابىمغا ئازاب قېتىلدى، بىراق بۇنى كىمگىمۇ ئېيتىمەن؟ قارىماسىز بۇ بالىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى. تاشكەنتتە نى ـ نى قىزلىرىمىز بار، ئۇلارنىڭ چىرايلىقلىقى، رايىشلىقى، ئىنائەتچانلىقى، قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلىرىنى كۈتۈشلىرى، ئەرگە بولغان ھۆرمىتى ئاجايىپ ياخشى دەڭە، بىراق جۇرئەت بالام ئازدى، نېمە قىلىۋاتقىنىنىمۇ ھېس قىلمايۋاتىمەن.

ــــ ئۇلار ساۋاقداشمىكەن؟

— ياق، جورئەت ئۇ قىز بىلەن كەچلىك بەزمىخانىدا تونۇشۇپ قاپتىكەن. ئۇ قاتناش مىنىستىرىنىڭ ئەتىۋارلىق يالغۇز قىزى ئىكەن. ئۇ كۈنى قىزنىڭ يىگىتى ھاراق ئىچىپ غەرق مەست بولۇپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سۇتلانانى قويۇپ باشقا ئۈچ قىز بىلەن دىسكو ئويناپ، ئۇ قىزلار بىلەن قىلمىغىنى قالماپتۇ، سۇتلانامۇ بىرنەچچە رومكا ھاراقنى ئىچىپ جورئەت ئولتۇرغان جايغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنى بىللە ئويناشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ جورئەت بىلەن بىللە تانسا ئويناپ، ئۇنىڭغا چاپلىشىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەنمۇ بولدى قىلماي سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دەپ ئاپىرىپ ئۆيىدە قونىدۇرۇۋاپتۇ. ئەتىسى يىگىتى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ شۇنچە چۇشەندۇرسىمۇ، يالۋۇرسىمۇ ئۇنىماپتۇ. مېنىڭچە، بۇ قىزنىڭ يىگىتىدىن ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىشى. بۇ ئەخمەق ئوغلىمىز بولسا ئۇ قىزغا كىرىشىپ قالغان گەپ. ئىشنىڭ جەريانى شۇ.

— دېگەنلىرىڭىز توغرا، زۇلفىيە.

— ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بەك يۇقىرى، قىزنىڭمۇ ئايرىم داچىسى، ماشىنىسى، شۇنداق كۆپ پۇلى بار ئىكەن، ئۇلار توي قىلغان تەقدىردىمۇ نەچچە كۈندىن كېيىن جورئەتنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ شۇ.

— ھەي، بالىمىز نادانلىق قىلىپ قاپتۇ، — دېدى ئالماس بېشىنى چايقاپ، — جورئەت بىلەن ئوبدانراق سۆزلىشىپ باقامدۇق؟

— ھەي ئالماس، بۇ بالىنى ئۆزبېكچىدە ئوقۇتماي رۇسچە مەكتەپتە ئوقۇتۇپ چاتاق قىپتىمەن. تىل دېگەن شۇنداق مۇھىم نەرسە ئىكەنكى، ئۇ دىلنىڭ ئاچقۇچى، مىللەتنىڭ جېنى، ۋۇجۇدى، بارلىقى، ئۆرپ - ئادىتى، مىللىي پىسخىكىسى ئىكەن. ئۇ رۇسچىدا ئوقۇغاچقا مىجەزىمۇ رۇسلارنىڭكىگە مايىل بولۇپ كەتتى دېسە. بىرنېمە دېسىڭىز ئۆزىنىڭكىنى راست دەپ تۇرىدۇ، بۇ ھەقتە نەچچە قېتىم خىزمەت ئىشلىسەم «ئاپا، بۇ مېنىڭ

شەخسىي ئىشىم، سەن ئارىلاشمىغىن» دەيدۇ. ھەي، دادا مېھرى كۆرمىدى دەپ كىچىكىدىن دېگىنىنى قىلىپ بېرىپ چوڭ قىلىپ قويۇپتىمەن، بۇ توينى قىلىپ بەرمەي ئامال يوق ئوخشايدۇ؟

— زۇلفىيە، مەن گەرچە ئوغلۇمنى كىچىكىدىن باقالمىغان، تەربىيە قىلالمىغان بولسامۇ، توي شادلىقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى، ئۆز قولۇم بىلەن توينى قىلىپ قويۇشنى بەكمۇ خالايمەن. بىز جۈرئەت بىلەن سۆزلىشىپ توي ۋاقتىنى بېكىتەيلى. ئۇ بۇ قىزدا چىڭ تۇرۇۋالسا، بىزدە نېمە چارە بار دەيسىز، كېيىنكى ئىشنى كېيىن كۆرەرمىز.

— شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى زۇلفىيە ھەسرەت بىلەن باش چايقاپ.

ئىشىك چېكىلدى، زۇلفىيە ئىشىكنى ئاچتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاپا، — دەپ ئىشىكتىن كىرىپ ئاپىسىنى قۇچاقلىغان جۈرئەت، دادىسى ئالماس بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ـ دە، ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى.

— چاي ئىچەمسەن؟

— ياق، قورسىقىم توق، ئاپا، كەچ بولسىمۇ سىلەرنى يوقلاپ كېتەي دەپ كېلىشىم.

— ياخشى كىرىپسەن، ئوغلۇم، ھازىر تېخى ئىككىمىز سېنىڭ تويۇڭ توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتاتتۇق، سەن قانداق ئويلاۋاتىسەن؟ — دېدى زۇلفىيە ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ.

جۈرئەت ئاپىسىغا نارازى بولغاندەك بىر ھالدا قارىدى.

— خاتا دېمىگەندىمەن ئوغلۇم، قانداق قىلىمىز؟

— ئۇ ئىشىمغا سىلەر باش قاتۇرماڭلار، مەن توي قىلمايمەن، — دېدى جۈرئەت قەتئىيلىك بىلەن.

— بىراق، ئۇنداق ئۆتىۋەرسەڭلار بولمايدۇ ـ دە.

— نېمىشقا بولمايدىكەن، نەچچە يىل بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلارمۇ بار، توي قىلىش شەرت ئەمەس، ئاپا، سەن بىزنى، ھازىرقى ياشلارنى چۈشەنمەيسەن، دائىملا شۇنداق

دېگىنىڭ دېگەن.

— بالام، بىز دېگەن مۇسۇلمان، ئۇنداق تۇرمۇش دىنىمىزغا، ئۆرپ - ئادىتىمىزگە خىلاپ، بولىسىغۇ بىر مۇسۇلمان قىزى بولغان بولسا، بېشىمىز ئاسمانغا يېتەتتى، سېنىڭ كۆڭلۈڭنى دەپ شۇ...

زۇلفىيەنىڭ چىرايى خاپىلىقتىن ساماندەك سارغىيىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، شۇنچە تەستە چوڭ قىلغان ئوغلى ئەمدى ھېچكىمنىڭ سۆزىنى، ھەتتا ئاپىسىنىڭ سۆزىنىمۇ ئاڭلىمايۋاتسا، ئەمدى نېمە دېگۈلۈك؟

— بولدى، بېشىڭلارنى قاتۇرماڭلار، مۇشۇ ئۆيگە كەلسەملا شۇ گەپ، سىلەرمۇ، مەنمۇ خۇش بولالمايدىكەنمىز، مەن قايتاي، — دەپ جۇرئەت خاپا بولغىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئالماس بىلەن زۇلفىيە بىرھازا ئويلىنىش ئىچىدە ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدى، ھەر ئىككىسىنىڭ بېشى تاشتەك قاتقان، يەنە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاشقا جۇرئەت قىلالمايتتى.

— يۈرىكىم سېزىپ تۇرىدۇ، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى ياخشى بولمايدۇ، — دېدى زۇلفىيە ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ، — خۇدايىم بۇيرۇسا جۇرئەت ساق - سالامەت توي قىلىۋالسا بولاتتى، توي قىلمايلا بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقىنىنى ئويلىساملا ئىچىم ئاچچىق بولىدۇ. قائىدىسىنى قىلىۋالساق ئۆي تۇتسا تۇتار، تۇتمىسا بىر گەپ بولار ئىدى، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟

— كۆپ ئويلىنىپ كەتمەڭ، بەلكى بۇ ئىش بىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئېغىر ئەمەستۇ، بۇ چوڭلارنىڭ بەك ئېھتىياتچانلىقىمىز تۈپەيلى قىلىۋاتقان غەملىرىمىزدۇر. ئىشلار بەلكى ياخشى بولۇپ كېتەر، — دېدى تەسەللى ئېيتىپ.

— ھەي، قانداق قىلىمىز، خۇدايىم دىلىغا ئىنساب بېرىپ قالار.

www.uyghurkitap.com

## 51

بىر كۈنى كەچقۇرۇن جۇرئەت سۇتلانانى باشلاپ: « ئاپا، دادا بىز كەلدۇق» دەپ كىرىپ كەلدى.

— قېنى كىلىڭلار، — دېدى زۇلفىيە ئۇلارنى داستىخانغ تەكلىپ قىلىپ، — ئەجەب ياخشى تاماق ئۈستىگىلا كەلدىڭلار، — دەپ بىر لېگەن ئوخشىغان پولۇنى ئاچىقتى.

— ئالماس، تېز بولۇڭ، تاماق سوۋۇپ قالمىسۇن.

— مانا هازىر.

ئالماس تارىلىق ئۆيىدىن چىقتى ـ دە، جۇرئەت ۋە ئۇنىڭ يۇرگەن قىزى بىلەن كۆرۈشۈپ داستىخانغا ئولتۇردى.

ئۇلار گەپ قىلىشماستىن، قوشۇقنى ئاستا ئىشلىتىپ ئاۋاز چىقارماستىن تاماق يېيىشتى، چاينىمۇ بىر ـ ئىككى پىيالىدىن ئىچىشتى.

— قېنى، ئېلىڭلار، ئازراق ئاش قالدى، توگەپ كەتسۇن، — دېدى زۇلفىيە.

ئۇلار ئاشنى ئاز ـ ئازدىن كىچىك تەخسىگە بۆلۈشۈپ يەي توگەتتى. مېۋە ـ چېۋىلەر يېيىلگەندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈلدى، بىراق سۇتلانا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئۇلارغ ئوخشاش ئىككى قولىنى جۈپلەپ تۇتۇپ ئولتۇردى ـ دە، ئۇلار قولىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن ئۇمۇ قولىنى چۈشۈردى.

— ئاپا، دادا، — دېدى جۇرئەت تەمكىن تەلەپپۇزدا، — ئويلاپ باقسام، سىلەرنىڭ غېمىڭلارمۇ توغرا ئىكەن، شۇڭ سۇتلاناغا خىزمەت ئىشلىسەم ئۇ توي قىلىشقا قوشۇلدى.

— سۇتلانا، سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەر توي قىلىشىڭلارغ قوشۇلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى زۇلفىيە ئەنسىزلىكىنى باسالماي.

— ئاپا، — دېدى سۇتلانا ناخۇش بىر تەرزدە لېۋىنى چىشلەپ، — ئاپام مارىيە توي قىلىشىمىزغا قوشۇلدى، بىراق دادام: «ئەمدى سەن چوڭ بولدۇڭ، كىمگە ياتلىق بولىسەن، نېمە ئىش قىلىسەن، قانداق ياشايسەن، ئۆز ئىختىيارىڭ، بىز چېركاۋدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزمىگەندىكىن توي قىلمايمىز» دېدى. دېمەك، ئۇ قوشۇلۇپ كەتمىدى. بىراق، كىم بىلەن توي قىلىش مېنىڭ ئىشىم، ئۆز ئەركىنلىكىم، مەن جۇرئەتنى ياخشى كۆرىمەن.

ئالماس بىلەن زۇلفىيە بىر - بىرىگە قارىدى.

— ئۇنداقتا توينى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى زۇلفىيە لېۋىنى چىشلەپ، — ئاتا - ئانىڭىزنىڭ رازىلىقىنى ئالمىساق بولماس؟

قىز «بىلمىدىم» دېگەندەك غولىنى قىستى. جۇرئەت سەل تىت - تىت بولدى - دە، تاقەتسىزلىنىپ بىلەن:

— ئاپا، ئەمىسە بىز كەتتۇق، قالدى ئىشلارنى ئالدىرىماي دېيىشەرمىز، — دەپ قىزنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— ئىش چاتاق، — دېدى ئالماس باش چايقاپ، — قارىغاندا، ئىش بىز ئويلىغاندىنمۇ يامانەك تۇرىدۇ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى خېلى كۆپ تالاش - تارتىش قىلىپ قىزنىڭ گەپكە كىرگۈزەلمەي، نېمە قىلساڭ قىل، دېگەن يەرگە يەتكەندەك قىلىدۇ.

— توغرا دەيسىز، — دېدى زۇلفىيە، — ئاپام قوشۇلدى دېگىنىمۇ تايىنلىق دەپ قويغان گەپتۇ، ئايال خەق بىر ئامال قىلىپ، گەپنى ئەگىتىپ سىلىقراق قىلىشقا، زىددىيەتنى پەسەيتىشكە تىرىشىمىز، دېمىسىمۇ سىز دېگەندەك قىزنىغا گەپ ئاڭلىتالمىغان ئاتا - ئانا نېمە قىلالايدۇ، ئانىسى قىزىمدىن ئايرىلىپ قالماي دەپ شۇنداقىراق قىياپەتتە، ئىسسىقمۇ، سوغۇقمۇ ئەمەس پوزىتسىيەدە تۇرغاندۇ ھەرقاچان. بىز تېخى ئوغلىمىزنى رۇس قىزى ئالمەن دېدىڭ دەپ نارازى بولۇپ

www.uyghurkitap.com

يۈرگىنىمىز بىلەن، ئۇلارنىڭمۇ بىزنى يارىتىشى ناتايىن، — دېدى بېشى قېتىپ.

— سۈنىڭ بېشى لاي بولدى، ئىش بېشىدىلا كۆڭۈلسىزلىك بىلەن باشلىنىپ قالدى، ئاقىۋىتىنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتىمەن. ئۆز قائىدىمىز بويىچە مۇسۇلمان قىزى ئالغان بولسا ئۇلارنى زالغا كۆچۈرۈپ كىرىپ دۇئا قىلاتتۇق كۆپچىلىككە كۆرسىتەتتۇق. هەي، بۇ باللار ياشلىق قىلىپ قويۇۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمەيدۇ، هەر مىللەتنىڭ تىلى، ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنى، دۇنيا قارىشى، ياشاش ئۇسۇلى، هەتتا يېمەك ـ ئىچمىكى ئۆز ئالدىغا بولىدۇ، بۇ جەھەتتىكى ئىختىلاپ تويدىن كېيىن كۆرۈلىدۇ تېخى، شۇڭا بۇ توينى قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇزاق ئۆي تۇتۇپ كېتەلىشىگە تاز كۆزۈم يەتمەيدۇ. زادى قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى ئالماس بېشىنى قاتۇرۇپ.

— ئىش بۇ يەرگە كەلگەندە قانداق قىلاتتۇق، بوپتۇ، ئوغلىمىزنىڭ قىزنىڭ ئالدىدا بېشى ساڭگىلاپ، غۇرۇرى يەرگە ئۇرۇلمىسۇن، نېمە بولسا بولار، باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز، گۇناھ ئۇ قىزدا ياكى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدا ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ بەڭباش ئوغلىمىزدا.

— ئۇنداقتا نەق گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ بۇ توينى قىلايلى. ئوغلۇمنى بېقىپ چوڭ قىلالمىغان بولسامىمۇ، ئىنسان ئۆمرىنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ خۇشاللىق توي كۈنىدە كۆكرەك كېرىپ ئەل ـ جامائەت ئالدىدا سىز بىلەن بىللە قول باغلاپ تۇرىدىغان بولغانلىقىمدىن خۇش بولۇۋاتىمەن.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى زۇلفىيە خۇشخۇيلۇق بىلەن، — سىز مەن ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان كۈنلەردە يېنىمدا تۇرۇپ، خەلقئالەم ئالدىدا يۈزۈمنى يورۇق قىلىدىغان بولدىڭىز.

ئۇلار خېلى ۋاقىتچە توي ئىشى توغرىسىدا سۆزلىشىپ،

مەسلىھەتلەرنى قىلىشتى ھەم ئاپىسىغا تېلېفون قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاپا، سالامەت تۇردۇڭمۇ، ساڭا ئىككى خۇش خەۋەر ئېيتماقچىمەن، بىرى، ئەمدى يالغۇز ياشايدىغان كۈنلىرىم كەلمەسكە كەتتى، ئۆيگە سەن ئوغلۇم دەپ ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەيدىغان ئارزۇلۇق كۈيئوغلۇڭ كەلدى. نېمىشقا بالدۇر دېمەيسەن دەمسەن؟ سېنى كۆپرەك دەم ئېلىۋالسۇن دېگەنىدىم. يەنە بىرى، نەۋرەڭ توي قىلىدىغان بولدى. ئەتىلا يولغا چىقمەن دېدىڭمۇ، بەك ياخشى بولدى، ئالدىڭغا چىقىمىز. مانا تېلېفوننى ئۆزىگە بېرەي، — دەپ تېلېفوننى ئالماسقا تەڭلىدى.

ئالماس ئۆزىنى ئوغلىدەك كۆرۈپ كۈتكەن قېيىنئانىسى ئالدىدا سەل خىجىللىق ھېس قىلىپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى:

— ئاپا، بۇ مەن، شۇنداق، ھەئە، جۇرئەتنىڭ توي تەييارلىقىغا چۈشتۇق. ماقۇل ئاپا، ئەمىسە ئەتە كۆرۈشەيلى، بىز ئالدىڭىزغا چىقىمىز، خوش، ئامان بولۇڭ.

ئالماس خىجىللىقتىن يۈزى قىزىرىپ، تەرلەپ كەتكەنىدى، ئۇ يۈزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ:

— ئاپام دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان ئايال جۇمۇ، ئوغلۇم دېيىدى، يۈزۈم ئوتتا كۆيگەندەك قىزىرىپ كەتتى، مەن ئاپام بىلەن قانداق كۆرۈشەرمەن دەپ ئەندىشە قىلاتتىم، يۈرىكىم ئەمدى ئورنىغا چۈشتى.

— ئەتە ئاپام بىلەن قانداق كۆرۈشىسىزكىنتاڭ، بىر كۆرەي، — دېدى زۇلفىيە چېقىشىپ.

— ماقۇل، ئەتە كۆرۈپ تۇرۇڭ قېنى.

ئەتىسى ئالماس بىلەن زۇلفىيە ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلگەندە بېكەتتە ئاپتوبۇسمۇ، ئادەممۇ كۆپ ئىدى. ئىككىيلەن ئاپتوبۇسلارغا بويۇنداپ قاراشتى.

رەيھان ئاپتوبۇستىن چۈشۈشىگە، ئالماس ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، چوڭقۇر تەزىم قىلىپ:

— ئاپا، كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى.

رەيھان باغرىدا ھاياجان بىلەن تۇرغان ئالماسنىڭ يىنىك تىترەشلىرىنى، ھاياجانلانغان تۇرقىنى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ ھالسىزلاندى، ئۇزاق يىل زېدە بولغان يۈرىكى ناھايىتى ئاجىز سوقتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى تىترەپ، كۈچى قالمىغاندەك ئالماسقا ئېسىلىپ قالدى. ئالماس ئانىنى چىڭ تۇتۇۋالدى، ئانا بارا - بارا ئۆزىگە كەلدى - دە:

— ئوغلۇم، بۇ راستتىنلا سىزمۇ؟ — دېدى تىترەك ئاۋازدا.

— ئاپا، بۇ مەن، ئالدىڭىزغا كەلدىم، سىزنى قايتا كۆرگىنىمدىن بەك خۇشال بولدۇم، ئەمدى سىلەردىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، مېنى كەچۈرۈڭ، ئاپا، يەنە بىر قېتىم مېنى ئوغلۇم دەپ چاقىرىڭ، بولامدۇ؟ — دېدى ئالماس ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

— ئوغلۇم، جان بالام، مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، ھازىرغىچە ياخشى كۆرۈپ كەلدىم، ھازىر سىزنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى بىلەلمەي قالدىم، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىمدا تۇرۇپسىز، سىزنى كۆرگەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيۋاتىمەن، توۋا، سىز ئاخىر كەلدىڭىز - ھە، ئوغلۇم...

ئەتراپقا شۇنداق نۇرغۇن يولۇچى يىغىلىپ ئىككىيلەنگە قاراپ تۇرۇشقانلىقىنى كۆرۈپ، بىئەپ ھېس قىلغان زۇلفىيە:

— ئاپا، — دېدى قولىدىن تارتىپ، — ماڭايلى، ھەممە كىشى بىزگە قاراۋاتىدۇ، ئۆيگە بېرىپ سۆزلىشەيلى.

— قىزىم، ئادەمنىڭ كۆزىنى قاراشقا ياراتقان، كىشىلەر بىزگە قارىسا قاراۋەرسۇن، ئۇزاق يىللار ئايرىلغان ئوغلۇم بىلەن مېنىڭ قانداق كۆرۈشكەنلىكىمنى خەلقئالەم كۆرسۇن، بۇنىڭ نېمىسى يامان، ماڭا قاراڭلار ھەي خالايىق، كۆرۈڭلار، بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، يىگىرمە يىل ئايرىلغان ئوغلۇم بۈگۈن ئالدىمدا

تۇرۇپتۇ، — دېدى خۇشاللىقنى باسالماي.

بىرنەچچە ياش چوكان ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئانىجان، توغرا ئېيتتىڭىز، بالا دېگەن ئانىنىڭ يۈرەك پارىسى، ئۇنى يىگىرمە يىل يىتتۈرۈپ قويۇپ قانداقمۇ چىدىغانسىز، ئاجايىپ چىرايلىق يىگىت ئىكەن ئەمەسمۇ، ئۇنى قۇچاقلاپ باغرىڭىزغا چىڭ بېسىڭ، ئانىجان، سىلەرگە شادلىق، بەخت يار بولسۇن، ئامان بولغايسىلەر، — دېيىشتى كۈلۈشۈپ.

بىرنەچچە ئاقساقال بوۋايلار:

— پاھ، پاھ، بۈگۈن ئاپتوۋگزالدا[1] توي بەرگۈدەك خۇشاللىق ئىش بوپتۇ، خانىم، هازىر ئۆيىڭىزگە بېرىپ، قوي سويۇپ، مېهمان چاقىرىڭ، ئەل - جامائەت بىلەن هەمداستىخان بولۇڭ، بىزمۇ بارايلى - دە، ئەتە راسا مېهمان بولۇپ، قوقانغا قايتساقمۇ بولار - ھە؟ — دېدى خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— شۇنداق قىلايلى، — دېيىشتى ئەتراپتىكىلەر.

— قېنى كاتتا مېهمانلار، ئۆيگە مەرھەمەت، سىلەردىن قوي ئايلانسۇن، قولۇم كۆكسۈمدە، — دېدى رەيھان ئانا خۇشال بولۇپ.

— تەشەككۈر، يېگەندەك بولدۇق، سالامەت بولۇڭ، — دېيىشىپ ھەممەيلەن تەرەپ - تەرەپكە تارقاشتى.

زۇلفىيەنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى يۇمۇلماي قالدى. ئانىنىڭ خۇشاللىقى چەكسىز بولۇپ، بەختىيارلىق تۇيغۇسى بالا مېهرىگە تەشنا يۈرىكىگە مەلھەم بولغانىدى. ئۇلار ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆتكەن يىللاردىكى ھەر خىل قىيىنچىلىق، دەرد - ئەلەم ۋە سەرگۈزەشتىلەرنى بىر - بىرلەپ ھېكايە قىلىشتى، بىردەم يىغلاشتى، بىردەم كۈلۈشتى. ھايات نەقەدەر سىرلىق، نەقەدەر مول مەنىلەرگە تولغان - ھە؟ شۇنچە يىللىق سەرگۈزەشتىلەرنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولاتتىمۇ؟ بىراق،

---

[1] ئاپتوۋگزال — ئاپتوبۇس بېكىتى.

www.uyghurkitap.com

ئاخىرقى بىرلىشىش، قايتا جەم بولۇش شادلىقى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ھېكايىلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا قادىر بولدى. چۈنكى، خۇشاللىق كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ، يۈرەكلەرنى ئوينىتىدۇ، روھنى ئۇرغۇتىدۇ، ئەينى چاغدا يىغلاپ ياش قۇرۇمىغان شۇ كۆزلەردىن ئەمدىلىكتە تۆكۈلگەن خۇشاللىق نۇرلىرى ئەنە شۇ دەردلەرنى يۇيۇۋېتەلەيدۇ...

بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى خۇشاللىقتىن ياىراپ، تازىمۇ ئالدىراش توي تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى، باغاقلار تەرەپ - تەرەپكە ماڭدى، تېلېفونلار توختىماستىن تەرەپ - تەرەپكە كەتتى، ھەممە ئىشلار تەخمۇتەخ بولۇپ، شەنبە كۈنى كەچتە رېستوراننىڭ چاقچانراق زالىغا مېھمانلار لىق توشتى.

ئالماس قارا شىم، قاردەك ئاپپاق كۆڭلەك، يوللۇق گالستۇك، بېشىدا بادام دوپپا، ئۈستىدە قارا زەر يىپتا گۈللەر تىكىلگەن تون بىلەن ئاجايىپ سالاپەتلىك بولۇپ كەتكەندى.

زۇلفىيە رەڭلىك خانئەتلەستىن، رەيھان ئانا قارا خانئەتلەستىن كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، ئاياللار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەتتى.

توي بولغان قىز - يىگىت ئولتۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان تۆردىكى ئورۇنغا مەۋلان خوجايوف، خانىمى ماھىدىل خانىم، موسكۋادىن كەلگەن ئالىملار ئورۇن ئالغانىدى.

شىرەگە ئاق داستىخانلار سېلىنغان، نان، سامبۇسا، پوشكال، تاتلىق - تۈرۈم، ھەر خىل مېۋىلەر تىزىلغانىدى. چايدىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن قورداق، نوقۇت سېلىنغان شورپا، نېرىن، ئۆگرىلەر ھەربىر كىشىگە ئايرىم - ئايرىم كەلتۈرۈلدى.

سەھنىدە سازەندىلەر ئىنتايىن يېنىك مۇزىكىلارنى چالدى، تاماقتىن كېيىن شوخ مۇزىكىلار چېلىنىپ، داڭلىق رەققاسلار كېيىنەكتەك ئۇسسۇللارنى ئويناپ تويغا شادلىق قوشتى.

ئېگىز بوي، ئاق يۈزلۈك، قارا قاش رىياسەتچى يىگىت

سەھنىگە چىقتى. ئۇ:

— يۇقىرىدا بىز ناخشا ـ كۈيلەردىن، رەققاسلارنىڭ ئېسىل ئۇسسۇللىرىدىن ھۇزۇر ئالدۇق. ئەمدى ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن دوستلار بىلەن بىرلىكتە شادلىنىمىز. بۈگۈنكى توي مەرىكىمىز خۇشاللىق بىلەن باشلىنىپ، خۇشاللىق بىلەن داۋاملىشىۋاتىدۇ، نۆۋەتتە پەخىرلىك ئالىمىمىز، جامائەت ئەربابى، جانابى مەۋلان خوجايوفنى سەھنىگە تەكلىپ ئېتىمىز؛ قېنى سەھنىگە مەرھەمەت، — دەپ مەۋلان خوجايوفنى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى.

ئوتتۇرا بوي، چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، كىچىككىنە ساقال ـ بۇرۇتى ئۆزىگە ياراشقان، كۆزلىرىگە كۆزەينەك تاقىغان، قولىغا ھاسا تۇتقان ئالىم ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ سەھنىگە چىقتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم قەدىرلىك مېھمانلار، بۈگۈن خاسىيەتلىك تويغا قاتناشقانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇرسەنمەن. قېنى زۇلفىيە قىزىم، يېنىمغا كېلىڭ، — دەپ ئالىم زۇلفىيەنى يېنىغا چىللىدى، — مانا بۇ زۇلفىيە قىزىم مېنىڭ ئۆيۈمگە ئۈچ ياشتا كەلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى تەربىيەمىزگە ئالغاندۇق، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەندە، ئالماس بىلەن تويىنى بىز ئۈستىدە تۇرۇپ قىلغاندۇق، ئاللا بۈگۈن يەنە ماڭا ئۆمۈر بېرىپ، زۇلفىيەنىڭ ئوغلى، مېنىڭ نەۋرە بالام جۇرئەتنىڭ تويىغا قاتنىشىشقا نېسىپ ئەتتى. خۇشاللىقىم شۇنچە كۆپ، شۇنچە شادلىنىۋاتىمەن، تەڭرى بۇ ئائىلىگە شادلىق، خۇشاللىق نېسىپ ئەتسۇن، جۇرئەت بىلەن كېلىنگە بەخت ـ سائادەت يار بولسۇن، — دېدى.

ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى، ئالماس بىر پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ سەھنىگە چىقتى ـ دە، زۇلفىيەنىڭ يېنىدا تۇردى.

زۇلفىيە مىكروفوننى قولىغا ئالدى.

— قەدىرلىك مېھمانلار، مەن ھازىر قاتتىق ھاياجان

ئىلكىدە تۇرۇۋاتىمەن. مەن ئۈچ يېشىمدا ئالىم ئاتام بىلەن ماھىدىل ئاپامنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدىم، شۇ ۋاقىتتا ئاپام ئىككىمىز ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا قالغانىدۇق، بۇۋام ھەسەنجان بىلەن دادام ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە جەڭ قىلىۋاتاتتى، ئاپام ئىككىمىز ئالىم ئاتامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ كۆپ ياخشىلىق كۆردۇق، ئۇلار مېنى نارەسىدە ۋاقتىمدىن تارتىپ بېقىپ ئۆستۈرۈپ تەربىيەلىدى، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن رەھمىتىمنى ئېيتىپ تۈگىتەلمەيمەن. بۈگۈن قانداق كۈن، بىلەمسىلەر؟ بۈگۈن بەشىنچى ئۆكتەبىر مەۋلان خوجايوف بىلەن ماھىدىل خانىمنىڭ توي قىلغانلىقىنىڭ ئەللىك يىلغا تولغان كۈنى. قېنى، ئاددىيغىنا سوۋغامنى قوبۇل قىلغايسىلەر.

زالدا ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى، شوخ مۇزىكىلار ئۇنىڭغا جور بولدى.

ئالماس ئالىمغا زەر تون، بېشىغا دوپپا كىيدۈردى، ماھىدىل خانىمغا چەت ئەلنىڭ مارى دۇخاۋا پەلتوسى بىلەن چوڭ رومال ئارتىلدى. زۇلفىيە:

— مەن بۇ ئەزىزلىرىمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى تىلەيمەن، — دەپ ئۇلار بىلەن قۇچاقلاشتى.

مەۋلان خوجايوف ئىنتايىن شادلانغانىدى، ئۇ يەنە مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ:

— ئەزىزلىرىم، بۈگۈن توي ئۈستىگە توي، خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق بولدى. رەيھان ئائىلىسى بىلەن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئىنسانلار ئارىسىدا بولىدىغان ئەڭ ئىناق، ئەڭ پاك، خالىس مۇناسىۋەت، بىزنىڭ ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتىمىز يوق بولسىمۇ، ئۆزىمىزنى بىر ئائىلە كىشىلىرى دەپ بىلىمىز. ئەگەر ئىنسانلار مانا مۇشۇنداق ئىناق ياشىسا جەننەت مانا مۇشۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولىدۇ. بىز رەيھاننىڭ ياردىمى بىلەن، زۇلفىيەنىڭ پەرزەنتلىك شوخلۇقى بىلەن ناھايىتى ياخشى ياشىدۇق. قىزلىرىم، سىلەرگىمۇ رەھمەت. يەنە

بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتسام، ئون كۈن بۇرۇن قىزىم زۇلفىيە «دوكتورلۇق» ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. قىزىم زۇلفىيە سىزنى تەبرىكلەيمەن، — دەپ زۇلفىيەنى ئاتىلارچە باغرىغا باستى.

زالدا بىرپەس ئالقىش، قۇچاقلىشىش، تەبرىكلەش، سۆيۈشۈش، سوۋغا تەقدىم قىلىشلار داۋام قىلدى، ئالماسمۇ زۇلفىيەنى قۇچاقلاپ ئۇنى تەبرىكلىدى، رەيهان كۆزلىرىدە ياش، زۇلفىيەنى قۇچاقلاپ يىغلايتتى...

ئالماس مەۋلان خوجايوفنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— سىز بىلەن يەنە كۆرۈشكىنىمگە تولىمۇ خۇشالمەن، ئالىم ئاتا، بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن بىزنىڭ تويىمىزنى باش بولۇپ قىلغانىدىڭىز، بۈگۈن يەنە ئۇلۇغ ئاتا ئورنىدا ئوغلىمىزنىڭ تويىغا قاتنىشىپ بەردىڭىز، بېشىمىز كۆككە يەتتى. سىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت، سىزگە ئاللا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن، — دېدى.

— رەھمەت، بۈگۈن ھەقىقەتەن شادلىنىدىغان كۈن بولدى، سىلەر ئۇزاق يىل ئايرىلىپ رىيازەت چەككەنلەر، ئەمدى تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يېتىپ ياخشى ياشاڭلار، زۇلفىيەنى جېنىڭىزدەك كۆرۈپ ئاسراڭ، ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش ئاقمىسۇن.

— رەھمەت، ئاتا، مەن سىزگە ۋەدە بېرەي، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، سىز تويىمىزغا توي، خۇشاللىقىمىزغا خۇشاللىق قوشتىڭىز، ئاللا ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلسۇن...

— رەھمەت.

ئارىدىن بىرى ئۈنلۈك ئېيتتى:

— قېنى سازەندىلەر، شوخ - شوخ كۈيلەرگە چېلىڭلار، ناخشا - قوشاق ياڭرىسۇن، ئۇسسۇللارغا چۈشەيلى.

سازچىلار «قىز بالا يار»، «تويلار مۇبارەك» دېگەن پەدىلەرگە چېلىپ، زال ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. چوڭ - كىچىك،

قېرى ـ ياش دېمەستىن ھەممەيلەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناشتى. ئۇلارغا رەختلەر ئارتىلدى، پوتىلار باغلاندى، دوپپىلار كىيدۈرۈلدى. توي خېلى كەچكىچە داۋاملىشىپ، مېھمانلار رازى بولۇپ قايتىشتى.

## 52

تويىنىڭ ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن جۇرئەت بىلەن سۇتلانا ئاتا ـ ئانىلارغا سالام بېرىش ئۈچۈن ئۆيگە كەلدى. ئۇلارنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ، بەكمۇ خۇشخۇي كۆرۈنەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ ئۇلار قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلىپ كىردى ـ دە، ئالدى بىلەن چوڭ ئاپىسى، ئاندىن دادىسى ۋە ئاپىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— كېلىڭلار، بالىلىرىم، — دېدى زۇلفىيە كەڭ قۇچاق ئېچىپ.

— ئاپا، دادا، چوڭ ئاپا، سىلەرگە رەھمەت، توي ئۈچۈن كۆپ جاپا تارتتىڭلار، مەن ئىنتايىن خۇشال، كېلىن قىزىڭلارمۇ شۇ، — دېدى جۇرئەت رازىمەنلىك بىلەن.

— جۇرئەت راست ئېيتىدۇ، ئاپا، — دېدى سۇتلانامۇ، — بىز بەك خۇش بولدۇق، سىلەرگە كۆپ رەھمەت.

قىز ـ يىگىت ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئىشلىرى بارلىقىنى ئېيتىپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇلار شۇ كۈندىن تارتىپ كۈندە دېگۈدەك دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى بىلەن مېھماندارچىلىقتا بولۇپ، چوڭلارنىڭ يېنىغا كېلىشكە ۋاقىت چىقىرالمىدى، بىراق جۇرئەت ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆيگە تېلېفون بېرىپ ئەھۋال سورايتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ

قەيەردە، كىملەر بىلەن ئولتۇرغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئۆيدىكىلەر ئۇلارنىڭ كېلىپ تۇرۇشىغا شۇنچىلىك تەشنا بولىسىمۇ، توي قىلىپ بىر ئايغىچە بىر ـ ئىككى قېتىم ئۆيگە كەلگەنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا پەقەت تېلېفون بەردى، خالاس.

جۇرئەت ھەر قېتىم تېلېفون بەرگەندە، زۇلفىيە:

ـــ ئوغلۇم، ئۆيگە كېلىپ تۇرۇڭلار، ئىلاجى بار رېستوران، بەزمىخانىلارغا ئاز بېرىڭلار ياكى بارماڭلار، بالام، ئادەم ئەنسىرەپ قالىدىكەن، ـــ دەپ تاپىلاپ تۇراتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئانىنىڭ كۆڭلى تازا جايىغا چۈشمەي تۇراتتى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئالماس ئۇرۇمچىگە تېلېفون قىلىپ ئوغلى ئۈمىد بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتى. بۇ يەردىكى ئىشلاردىن ـــ جۇرئەتنىڭ تويىدىن ئۇنى خەۋەردار قىلدى. ئۇ تېلېفوننى قويۇپ زۇلفىيەنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە:

ـــ سىز بىلەن مەسلىھەت قىلىدىغان ئىش بار ئىدى، ـــ دېدى.

ـــ ئېيتىڭ، نېمە ئىش؟ ـــ دەپ سورىدى زۇلفىيە.

ـــ ھازىر ئۈمىد بىلەن تېلېفونلاشتىم، ئۈمىد ئوقۇۋاتقان مەكتەپتىن يىگىرمە نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ تاشكەنتكە ئىككى يىللىق رۇسچە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىدىغان بوپتۇ، ئىككى يىلدىن كېيىن موسكۋادا تۆت يىل ئوقۇتىدىكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈمىدمۇ بار ئىكەن، مەن ئۈمىدكە خېلى بۇرۇنلا رۇسچە تىل ـ يېزىق ئۆگىنىشنى باشلىغان، ھازىرقى سەۋىيەسى يامان ئەمەس، مەن ئۈمىدنى مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ خاتىرجەم بولسام دەيمەن. سىزگە دېمەكچى بولغىنىم ئۇ بۇ ئۆيگە كېلىپ تۇرسا بولامدۇ؟

زۇلفىيە ئالماسنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ـــ قەدىرلىكىم، مەن سىزنىڭ ئايالىڭىز، شۇڭا ئۇنچە تۇزۇت قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، جۇرئەت بىلەن ئۈمىد بىزنىڭ ئوغلىمىز، ئۈمىد بىز بىلەن بىللە تۇرسا ئەلۋەتتە خۇش

بولىمىز، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەممىنى قىلىشقا تەييار، قاچان كېلىدىكەن؟

— ئالدىمىزدىكى ھەپتە يولغا چىقىدىكەن.

— ئۈمىد سىزنىڭ ئىزىڭىزنى بېسىپتۇ، — دېدى زۇلفىيە مەمنۇن بولغىنىچە، — دادىسىمۇ تاشكەنتتە ئوقۇغان، ئوغلىمۇ بۇ يەردە ئوقۇيدىكەن، قالتىس ئىش بوپتۇ. ئاپىسى بۇ ئىشقا قوشۇلارمۇ؟

— مەن ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئىشلارنى ئەتراپلىق، توغرا بىر تەرەپ قىلغانىدىم، ئۇ كىمنى تاللىسا، كىم بىلەن تۇرۇشنى خالىسا ئۇنىڭ ئەركىنلىكى، ئەمما مەن ئۇنى تەربىيەلەش، يېتەكلەش، ئوقۇتۇش ئىشىنى ئۈستۈمگە ئالغانمەن. ئۈمىدنىڭ مىجەز - خۇلقىمۇ ئوبدان، ناھايىتى قائىدە - يوسۇنلۇق يىگىت بولدى، مەن ئىشىنىمەن، ئۇ ھەرگىز سىزگە ئېغىرىنى سالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشچان، ئېغىر - يېنىك ئىشلارغا ياردەملىشىدۇ.

— پەرزەنت تەربىيەسى بىزنىڭ بۇرچىمىز، ئۇنى چوقۇم ياخشى ئوقۇتۇپ، بىلىملىك، كېرەكلىك ئادەم قىلىپ چىقىشىمىز كېرەك، خاتىرجەم بولۇڭ.

— رەھمەت، زۇلفىيە. بىز دادا - بالا بىر - بىرىمىزگە بەك ئامراق ئىدۇق، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئوقۇشقا كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇۋاتىمەن. ئۇ بەك تەلەيلىك ئىكەن، ئۇ مەندىن ئايرىلىپ قالسا بويىنى قىسىلىپ قالارمىكىن دەپ غەم قىلاتتىم، سىز بولغاندىكىن كۆڭلۈم توق تۇرىدىغان بولدى، — دېدى خۇشاللىق بىلەن.

— پەرزەنتلەر بىزنىڭ كەلگۈسىمىز، مىللەتنىڭ ئۈمىدى، دۆلەتنىڭ بايلىقى. بىر ئەۋلاد يەنە بىر ئەۋلادنى بېسىپ چۈشەلمىسە قانداق بولىدۇ، ناھايىتى ئاز ساندىكى باللار ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىزىنى باسالايدۇ، يەنە بىر قىسىم باللار ئۇلاردىن ئۆتۈپ كېتىدۇ، قالتىس شۆھرەت قۇچىدۇ، بىزنىڭ

ئوغۇللىرىمىز كۆكتە شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلىپ، بىزنى بېسىپ چۈشىدىغان ئادەم بولسا نەقەدەر ياخشى ـ ھە! خۇدا خالىسا ئۇنى ئۆز تەربىيەمگە ئالىمەن، كېيىنكى ئوقۇشىدا مەن بار، ياخشى ئورۇنلاشتۇرىمىز، خاتىرجەم بولۇڭ.

— سىزگە ئۆزۈمگە ئىشەنگەندىنمۇ ئارتۇق ئىشىنىمەن، زۇلفىيە، ئەمىسە ئۈمىدنى سىزگە تاپشۇردۇم.

ئىككىيلەن ئۈمىدنى تىلغا ئېلىش بىلەن چەكلەندى، ھەر ئىككىسى ئۇنىڭ ئانىسىنى تىلغا ئېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئالماس ئايرودۇرۇمغا چىقىپ ئۈمىدنى كۈتۈۋالدى. ئاتا ـ بالا بىر ـ بىرىگە قېنىشماي چىڭ قۇچاقلاشتى.

— قانداق ئوغلۇم، ئوبدان تۇرغانسەن؟ — دەپ سورىدى ئالماس تاكسىدا كېتىۋېتىپ.

— دادا، نېمە دېسەم بولار، سىزدىن ئايرىلغان كۈندىن باشلاپ روھىم چۈشۈپ كەتتى، ئاپامنىڭ شۇنچە چىرايلىق گەپلىرىگىمۇ، كۈتۈشلىرىگىمۇ خۇشال بولالمىدىم، سىزدىن زادىلا ئايرىلىپ باقمىغاچقا ناھايىتى قىممەتلىك نەرسەمنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك بولۇپ قالدىم، بۇ يەرگە مېڭىش ئالدىدا ئاپام بىچارە بەك پايپېتەك بولۇپ كەتتى. ئۇ بىردەم كۈلۈپ، بىردەم يىغلاپ مېنى ئۇزاققىچە قۇچاقلاپ ئۇزىتىپ قالدى، ئاپامنىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە، خۇشخۇي چىرايىغا قاراپ ئاپامغىمۇ چىديالمىدىم. ئاپام مېنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىكەن، مەنمۇ ئاپام ۋە سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى چۈشەندىم، — دېدى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ.

— شۇنداق، ئوغلۇم، بالا دېگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈرىكى، ئاپاڭ ياخشى ئايال، ئۇ ئائىلىگە، بىزگە كۆيۈمچان، مېھرىبان ئىدى. ئۇ ئەمدى سېنى كۆرگۈسى كېلىپ يىغلامدىكىن. سەن دېگەن ئوغۇل بالا، يۈرىكىڭنى توق تۇتۇپ، سەۋرچانلىق بىلەن ياشايسەن. مەن زۇلفىيە ئاپاڭ بىلەن سېنىڭ ئىشىڭ توغرىسىدا

سۆزلەشتىم، ئۇ سېنى تۇغمىغان بولسىمۇ، ھېچقاچان سېنى ئۆگەيلىمەيدۇ، مەن ئۇنى چۈشىنىمەن، ئەگەر خالىساڭ ئۇنى ئاپا دېگىن، دېگۈڭ كەلمىسە ھەدە دېسەڭمۇ مەيلى. جۇرئەت ئاكاڭ توي قىلدى، ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئوبدان ئۆتكىن، مەن ھازىرچە ئىككى دۆلەت ئارىسىدا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىمەن، سەن خاتىرجەم ئوقۇشۇڭنى ئوقۇيسەن، زۇلفىيە ئاپاڭ موسكۋاد ئوقۇساڭ ئوقۇشۇڭغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سەنمۇ بۇ يەرگە ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالىسەن، بالام.

— مەن چوقۇم ئۇلار بىلەن ئوبدان ئۆتىمەن، سىز خاتىرجەم بولۇڭ.

ئۇلار ئۆيگە كەلدى، زۇلفىيە يۈگۈرۈپ ئالدىغا چىقىپ:

— كەلدىڭمۇ قوزام، بىر يىل ئىچىدە بويۇڭ ئۆسۈپلا كېتىپتۇ، ماشا ئاللا، — دېدى ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

— زۇلفىيە ئاپا، سىزنى يەنە كۆرگىنىمگە بەكمۇ خۇش بولدۇم، ياخشى تۇرۇپسىز، — دېدى ئۇ جاۋابەن.

ئىچكىرىكى ئۆيدىن رەيھان ئانا چىقىپ:

— پاھ بۇ يىگىت كىممۇ ـ ھە؟ — دەپ كۆرۈشتى، ئۈمىد رەيھاننى كۆرمىگەن بولسىمۇ، زۇلفىيەنىڭ ئاپىسى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا:

— چوڭ ئاپا، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ — دەپ ئېسىلىپ كۆرۈشتى.

ئۇلار شۇنداق خۇشال ـ خۇرام دىدارلىشىپ تاماق يەۋاتقاندا، جۇرئەت ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۈمىدكە قاراپ:

— ئۇكام ئەجەب ئوبدان ۋاقتىدا كەپسەن، ئوقۇشقا كەلگىنىڭنى ئاڭلاپ ئالدىراپ كېلىشىم، — دەپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى.

— ئاكا، سىلەرنى بۇ يەردە بار دەپ يۈرىكىمنى توق تۇتۇپ ئوقۇشقا كەلدىم، — دېدى ئۈمىدمۇ.

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ئائىلىگە يېڭى ئەزا قوشۇلدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ ئۇنى خۇش قىلىشۋەتتى.

ئۇمىد مەكتەپكە ئورۇنلاشتى. كەچقۇرۇنلىرى جۇرئەت ۋە سۇتلانا بىر يەرلەرگە بارسا ئۇنى بىللە ئېلىۋالاتتى. ئۇلار بىللە يۈرگەچكە ئۆيدىكىلەرمۇ خاتىرجەم ئىدى.

بىر كۈنى كەچ ئەلياتقۇدا تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ ھەممەيلەننى ئويغىتىۋەتتى. ئالماس يۈگۈرۈپ قوپۇپ تېلېفوننى ئالدى، تېلېفوندا ئۇمىد جىددىيلىشىپ سۆزلەۋاتاتتى، ئالماسنىڭ تېلېفون تۇتقان قولى سەل - پەل تىترەپ، كۆزلىرى چەكچەيدى، ئۇ گەپنى ئاڭلاپ بولۇپ:

— ماقۇل، بالام، ھازىر بارىمەن، — دەپلا كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ جىددىي ھالىتى زۇلفىيەنى قورقۇتۇۋەتتى.

— نېمە بوپتۇ، نەگە بارىسىز؟ — دېدى زۇلفىيە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

— ھېچ ئىش يوق، سىز ئۇخلاۋېرىڭ، ئوغۇللار ئۇرۇشۇپ قالغان چېغى، مەن بېرىپ بىر تەرەپ قىلىۋېتەي، — دېدى زۇلفىيەدىن ئەھۋالنى يوشۇرۇپ.

— كىم بىلەن كىم ئۇرۇشۇپتۇ، ئېيتىڭگە؟

— قارىغاندا، جۇرئەت بالىلار بىلەن ئۇرۇشقان ئوخشايدۇ، بولدى، سىز بارماڭ.

— ياق، بىللە باراي.

ئىككىيلەن ئالدىراش سىرتقا چىقىپ تاكسى بىلەن دوختۇرخانىغا كەلدى - دە، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىرىپ تۇرۇپ قالدى.

سۇتلانانىڭ ئاق كۆڭلىكى پۈتۈنلەي قان، جۇرئەتنىڭ ئوڭ بىلىكىدىن قان شورقىراپ ئېقىپ تۇراتتى.

— ئاپا، دادا، — دېدى سۇتلانا يىغلاپ، — بەڭباشلار بىكاردىن ـ بىكار جۇرئەت بىلەن ئېيتىشىپ، ئۇنىڭغا پىچاق سېلىشۇەتتى.

شۇ ئارىدا دوختۇر ھەممەيلەننى سىرتقا چىقىرىۋەتتى، ئالماس كارىدوردا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، زۆلفىيە بولسا كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، نېمە قىلىشىنى، ئوغلىغا قانداق ياردەم قىلىشنى بىلەلمەي تىت ـ تىت بولاتتى، قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى، ياش تۆكۈپ لەۋلىرىنى چىشلەيتتى.

— كېسەلنىڭ دادىسى كىم؟ — دېدى بىر سېستىرا چىقىپ.

— مەن، — ئالماس ئورنىدىن تۇردى.

— بۇياققا كىرىڭ.

زۆلفىيە بىچارىنىڭ قورقۇنچتىن جېنى تومشۇقىغا كېلىپ قالدى، خۇددى ئوغلىنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىد قالمىغاندەك ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى، ئۇ قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ كىرىشكە تەمشىلىۋىدى، بىر سېستىرا چىقىپ:

— خانىم، ئوغلىڭىزنىڭ ئوڭ بىقىنى يارىلىنىپتۇ، ئۇنى جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىۋاتىدۇ، بىراق قان توختىمايۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ قېنى توغرا كەلگەچكە دادىسى قان بېرىۋاتىدۇ، ئەنسىرىمەڭ، قان توختىسىلا خەتەردىن ئۆتۈپ كېتىدۇ، كىرسىڭىز بولمايدۇ، — دەپ ئىشىكنى يېپىۋالدى.

سۇتلانامۇ روھىي چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك ئىشىككە قاراپ چەكچىيىپلا قالغانىدى. بىر كېچە ئەنە شۇنداق جىددىيچىلىك ۋە ئەندىشە بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

ئالماسنىڭ ئىسسىق قېنى ئوغلىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۇ كۆز ئۈزمەي ئوغلىغا قاراپ ياتتى، تاڭ سەھەردە جۇرئەتنىڭ قان بېسىمى بىراقلا چۈشۈپ كەتتى، دوختۇرلار جىددىيلىشىپ قان ئىسكىلاتىدىن سۈرۈشتۈرۈپ مۇۋاپىق قان

تاپالمىدى، قان سىلىش كېرەك، بىراق ئالماستىن ئەمدى قان ئېلىشقا بولمايتتى.

بىر سېسترا چىقىپ، سۇتلانادىن، ئۇمىدتىن قان ئېلىپ كىرىپ كەتتى ـ دە، بىردەمدىن كېيىن چىقىپ ئۇمىدنى باشلاپ كىرىپ كەتتى.

ئۇمىد ئاكىسى جۇرئەتنىڭ كارىۋىتىغا يېقىن ياتقۇزۇلدى، ئۇنىڭ بىلىكىدىن چىقىۋاتقان ئىسسىق قان ئاكىسىنىڭ قان تومۇرىغا كىرىپ ئاقتى. تۇغۇلۇپ كۆرۈپ باقمىغان ئاكىسى جۇرئەتنىڭ ھايات قېلىشى ئۈچۈن ئىسسىق قېنىنى تەقدىم قىلالىغانلىقى ئۇمىدنى بەك خۇشال قىلىۋەتتى. بىر كېچە ـ كۈندۈز ھېچ كىشى كۆز يۇممىدى. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن دوختۇر ـ سېستىرالار ھەممەيلەننى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى، بىراق سۇتلانا پەقەت ئۇنىماي جۇرئەتنىڭ يېنىدا قالدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن جۇرئەتنىڭ رەڭگىرويى سەل ئەسلىگە كەلدى، سۇتلانا ئۇنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن جۇرئەت دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئۆيدىكىلەر جۇرئەتكە بىز قارايلى، دېگىنىگە سۇتلانا ئۇنىماي، بىر ئايلىق رۇخسەت ئالدىم، ئۆزۈم ئوبدان كۈتىمەن، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، دەپ تۇرۇۋالدى. جۇرئەتمۇ:

— ئاپا، دادا، ئەنسىرىمەڭلار، بىز ئۆزىمىزنىڭ ھالىدىن ئۆزىمىز خەۋەر ئالالايمىز، سىلەرنى جاپاغا قويۇشقا سۇتلانا ئۇنىمايدۇ، ماقۇل دەڭلار، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئۇلار ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئالماس ئۇمىدتىن سورىدى:

— بالام، سەن ھەممە ئىشنى كۆرۈپسەن، ئاكاڭغا زادى نېمە ئىش بولدى؟

— مەن، ئاكام، ئايالى بىر ئوبدان تاماق يەپ ئولتۇراتتۇق، بىرنەچچە رۇس بالىلىرى كىرىپ بىز بىلەن كۆرۈشۈپ،

يۇرۇڭلار، رېستورانغا بېرىپ توي قىلغانلىقىڭلارنى تەبرىكلەيمىز، دەپ تۇرۇۋالدى. ئاكام بىلەن ئايالى ياق دەپ تۇرۇۋالسىمۇ، ئۇنىمىغىنىمىزغا ئۇنىماي رېستورانغا ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىشتى، بىر چاغدا ھەممەيلەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ دىسكو ئوينىدۇق، توساتتىن بىر رۇس بالا ئارىمىزغا كىرىۋېلىپ سۇتلاناغا چاپلىشىۋالدى، ئۇنى ئىتتىرىۋەتسىمۇ بولدى قىلمىدى، مېنىڭمۇ چىشلىرىم غۇچۇرلاپ كەتتى، ئاخىر ئاكام ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئايالىنى ئۇنىڭدىن ئايرىپ ئېلىشىغا، بىرنەچچە بالا قاياقتىن كەلدى، ئاكامنى ئۇرۇپ كەتتى، سۇتلانا ئۇلارغا سۆزلەپ، ئاجراتماقچى بولسىمۇ كۈچى يەتمىدى، شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى رۇس يىگىت ئاكامغا ۋارقىراپ:

— مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، مېنىڭ سۆيگەن قىزىمنى تارتىۋالدىڭ، — دەپ ئاكامغا ئېتىلدى، ئاكامنىڭ دوستلىرى ئۇنى تۇتۇۋالاي دېسىمۇ زادىلا بوي بەرمەستىن كېلىپ، ئاكامغا پىچاق سېلىۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن قاتتىق سىگنال بېرىپ ساقچى ماشىنىسى يېتىپ كېلىپ، جېدەل تېرىغانلارنى تۇتۇپ، ئاكامنى قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى.

— ھە، بۇرۇن يۈرگەن يىگىتى شۇ ئىكەن ـ دە، — دېدى زۇلفىيە، — ئۆچىنى ئاپتۇ ـ دە، ئاخىر.

— ئاپا، — دېدى ئۈمىد، — ئاكامنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئۈچۈن جان بېرىدىكەن، شۇنچە كۆپ ئوغۇل بالىنىڭ ئىچىدە ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولدى، ئۇنىڭ پۈتۈن كىيىمى، يۈزلىرى قانغا بويالدى، بىراق پەرۋا قىلماستىن ئاكامنى قوغداپ قالدى بولمىغىنىدا پىچاق خەتەرلىك يېرىگە سېلىنىپ كېتەتتى ھېسابتا ئۇ ئاكامنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالدى.

— ئۇ قىز جۈرئەتنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرسە كېرەك بىز بەلكى ئۇنى چۈشەنمىگەندىمىز، — دېدى ئالماس.

جۇرئەت بىلەن سۇتلانا توي قىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا زادى ئارامچىلىق بولمىدى. سۇتلانانىڭ دادىسى ھە دېسە ئۇنى چاقىرىپ كېلىپ تانابىنى تارتتى، بۇرۇنقى يىگىتى ئىۋانمۇ ئۇنى ئارامىدا قويمىدى، بىراق ئۇلار بۇ ئىشلارنى چوڭلارغا ئېيتىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى. دەرۋەقە، سۇتلانا بۇرۇن جۇرئەت بىلەن مۇنداقلا ئارىلىشىپ ئاچچىقىنى چىقارماقچى ياكى يىگىتىدىن ئۆچ ئالماقچى بولغان بولسىمۇ، بىراق كۇندىن ـ كۇنگە ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان دەرىجىدە ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ جۇرئەت بىلەن توي قىلىپ ھەقىقەتەن خۇشال بولغان ھەم جۇرئەت بىلەن ئايرىلماي ياشاشقا ئىرادە باغلىغانىدى، بىراق ئىشلار ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايۋاتاتتى.

كارىۋاتتا خىيال بىلەن ياتقان جۇرئەت:

— قەدىرلىكىم سۇتلانا، شۇنچە يىگىتلەر، بولۇپمۇ رۇس يىگىتلىرى تۇرسا، نېمىشقا مېنى تاللىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن باشتا سىز بىلەن ئارىلاشقاندا مەقسىتىم يىگىتىمدىن ئۆچ ئېلىش ئىدى، سىز بىلەن بىللە يۈرگەنسېرى ئىختىيارىم ئەمەس سىزنى ياخشى كۆرۈشكە، چىن يۈرىكىمدىن سۆيۈشكە باشلىدىم. گويا مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ئىزدىگەن، ئارزۇ قىلغان يىگىتىمگە ئېرىشكەندەك بولغانىدىم، بۇ سۆزلىرىم راست. جېنىم جۇرئەت، سىز مەندىن كۆپ ئەقىللىق ئىكەنسىز، جىق ئىشلارنى ئالدىن مۆلچەرلىگەنىكەنسىز، دائىم ئىككىمىزنىڭ توي قىلىشى ئاسان ئەمەس، دەيتتىڭىز، بىراق مەن بۇنداق ئويلىمايتتىم، نېمە قىلسام ئۆز ئىختىيارىم، ئۆز

ئەركىنلىكىم، دەيتتىم، ھەتتا دادامنىڭ ئاچچىقىدا دېگەن تەنە سۆزلىرىنىمۇ چۈشەنمەيتتىكەنمەن. بىراق، ئۇ مۇشۇ كەمگىچە ئۆز نىيىتىدىن يانمايۋاتىدۇ، ھەر قېتىم مېنى ئۆيگە چاقىرىپ، شىرەگە مۇشتلاپ ۋارقىراپ سۆزلەيدۇ، ئاپام بىچارىنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇ قانچە قاتتىقلىق قىلسا مەن شۇنچە جاھىل قەيسەر بولۇپ كېتىۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— بىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىۋان ئارامىڭىزنى قويمايۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئۇ ساقچىخانىدىن چىققان كۈندىن تارتىپ ئىشىك ئالدىغا كېلىۋېلىپ، دېرىزىگە تاش ئېتىپ بىزنى تىنچ قويمايۋاتىدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، مەن تېخى بىز توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى بېسىلىپ قالار دەپ ئويلاپتىمەن، بىراق ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ، مەندىن ئۆتۈپ سىزگىمۇ زىيانكەشلىك قىلدى، ئۇنىڭ ئۇنچىلىك ئەسكىلىكىنى بالدۇر بىلمەپتىمەن، — دېدى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

شۇ ئارىدا تېلېفون جىرىڭلىدى، ئۇ تېلېفوننى ئالدى.

— ئالۇ، داداممۇ، ھازىرما؟ ماقۇل، كېچىكمەي باراي.

ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويدى - دە:

— دادام بۇيرۇق بېرىۋاتىدۇ، ماشىنا ئەۋەتىپتۇ، مەن بۈگۈن كېچە يەنە سوتلىنىدىغان بولدۇم، — دەپ جۇرئەتنى سۆيۈپ قويۇپ، ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

دەسلەپتە جۇرئەتمۇ سۇتلانانىڭ ئۆزىگە شۇنچە يېقىنچىلىق قىلىپ، ئېسىلىۋېلىشلىرىغا جاۋابەن، قېنى بىر مەزگىل ئارىلىشىپ، ئاندىن ئۆز يولىمىزغا ماڭمايمىزمۇ دەپ ئويلىغانىدى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ سۇتلانانىڭ يېنىدا قونۇپ قېلىپ يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ قالدى، شۇڭا ئۇ سۇتلانادىن ئايرىلىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بىراق كۈنلەر، ئايلار ئۆتكەنسېرى كۈندىن - كۈنگە ئۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، ئاپىسىنىڭ نەسىھەتلىرىنى

توغرا، ھەق دەپ قارىسىمۇ، يەنىلا قىزدىن ۋاز كېچەلمىدى. كېيىن تۇنجى قەدەمنى ـــ مۇھەببەتنىڭ تۇنجى قەدىمىنى خۇددى بوراندا يولدىن ئاداشقان يولۇچىدەك خاتا باسقانلىقىنى چۈشەنگەندە، كەينىگە يانغىلى بولمىدى. شۇڭا، ئۇنىڭمۇ بېشى ئايلانغانىدى. مانا شۇ سەۋەبتىن تاس قالدى جېنىدىن ئايرىلغىلى، ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلار؟ بۈگۈن قىزنى دادىسى چاقىرىپ كەتتى، ئۇلار يەنە نېمە دەر؟ ئىۋان بۇ ئىشنى بولدى قىلارمۇ ياكى يەنە پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتامدۇ؟

جۇرئەتنىڭ كاللىسىدىمۇ سوئاللار شۇنچە كۆپ، شۇنچە مۇرەككەپ ئىدى. توي قىلىپ، توي شادلىقىدىن خۇشال ـ خۇراملىقتا ئېرىشىش ئۇيىاقتا تۇرسۇن، كۆڭلىرى ئەندىشە، خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى. ئۆزىمۇ، قىزىمۇ زادى بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيۋاتاتتى، قىسقىسى، بۇلارنىڭ توي خۇشاللىقىنى، ئەركىنلىكىنى باشقىلار بۇزۇپ، بۇلارغا ئارام بەرمەيۋاتاتتى، ھازىر جۇرئەت چۈشىنىپ يەتتىكى، بەخت دېگەن ئەركىنلىك ئىكەن. راست، ئۇ يارىلىنىپ دوختۇرخانىغا كىرگەندە دادىسى بىلەن ئىنىسى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن ئۇنىڭغا ھاياتلىق ئاتا قىلدى، بولمىسا نېمە ئىشلار يۈز بېرەتتى ـ ھە؟ ئۇنى يارىلاندۇرغانلارنى بىر ھەپتىدىن كېيىن قويۇۋەتتى. ئۇ ئۇلار بىلەن داۋاملىق قارشىلىشىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئەمدىچۇ؟ بىچارە سۇتلانا نېمە دەردلەرنى، نېمە گەپلەرنى كۆتۈرۈپ كېلەر ـ ھە؟

تامدىكى سائەت ئون ئىككى قېتىم داڭ ئۇردى، بىراق، سۇتلانادىن تېخىچە شەپىمۇ يوق. ئۇنى كۈتۈپ خىيال بىلەن ياتقان جۇرئەتنىڭ كۆزى ئازراق ئۇيقۇغا كەتتى. بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ سۇتلانا كىردى ـ دە، جۇرئەتنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ كەتتى.

— بولدى، سۆيۈملۈكۈم، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، يىغلىماڭ، تىنچلىنىڭ، — دېدى جۇرئەت ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ.
قىز بىرھازا يىغلاپ، ئاندىن ئېغىر ئۇھ تارتىپ:
— بۈگۈن دادام ماڭا چوقۇم ئاجرىشىسەن دەپ بۇيرۇق قىلدى. بىز ئىۋانلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن بىللە موسكۋاغا كېتىدىكەنمىز، موسكۋاغا بارغاندىن كېيىن ئىۋان ئىككىمىزنىڭ توينى قىلىدىكەن. ئىۋان دادامغا، سۇتلانا ئۇن ئەرگە تەگسىمۇ ئۇنى ساقلايمەن دەپ يالۋۇرۇپتىكەن، دادام ماقۇل بوپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىمەن، مېنىڭ سىزدىن زادىلا ئايرىلغۇم يوق، زادىلا...
جۇرئەتنىڭمۇ كاللىسى ئايلىنىپ كەتتى، ئۇ ھاياتلىق مۇساپىسىدە مۇھەببەت بىلەن ھاياتلىق، ئاتا ـ ئانا ئارزۇسى بىلەن ئۆز مۇھەببىتى، ئۆز مىللىتى بىلەن يەنە بىر مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى چىڭ تۈگۈلگەن تۈگۈننى يېشىش، قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەنىدى.
ئارىدىن ئۇن كۈن ئۆتۈپ كەتتى، سۇتلانا ئاپىسىغا تېلېفون بېرىپ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ يىراق جايغا كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ قويدى. ھەر ئىككىيلەن قانداق قىلىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنى، قانداق قىلىپ رېئاللىققا يۈزلىنىشنى بىلمەيتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئۈمىد ئۈزەلمەي ئۆيگە بېكىنىۋالغانىدى. ئۇلار تولا ئويلاپ، تولا سۆزلىشىپ، ئاخىر مەجبۇرىي بولسىمۇ ئايرىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى، بىراق ئۇنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى.
بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئالماس بىلەن زۇلفىيە ئۇلارنى يوقلاپ كەلدى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:
— بالىلىرىم، سىلەر بۇ دۇنيادا بارمۇ ـ يوقمۇ؟ بۇنداقمۇ يوقاپ كەتكەن بارمۇ؟ — دېدى زۇلفىيە ئەنسىرەپ تۇرۇپ.
— بىز بار، ئاپا، — دېدى جۇرئەت بېشى چۈشۈپ، روھى سۇنغان بىر قىياپەتتە ئاستا سۆزلەپ.
— نېمە بولدى؟ بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ نېمە؟ دېگىنە

جېنىم بالام، يەنە شۇلار تەھدىت سېلىۋاتامدۇيا؟

جۈرئەت گەپ قىلىشقا ئاغزى بارمىغاندەك ئايالىغا قارىدى.

— ئاپا، دادا، بىز ئىككىمىز ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۇشكۈل كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز، — دېدى سۇتلانا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— نېمە؟ نېمە دەۋاتىسىز، قىزىم، سىلەرگە نېمە كېرەك؟ نېمە قىيىنچىلىق تارتتىڭلار، ئېيتىڭلارچۇ؟

جۈرئەت «سىز دەڭ» دېگەندەك سۇتلاناغا قارىدى.

— ئاپا، دادا، ھەممە خاتالىق مەندىن ئۆتتى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى سۇتلانا غەمكىن ھالدا، — مەن دەسلەپتە يىگىتىمدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن جۈرئەت بىلەن يۈرگەنلىكىم راست، بىراق ئۆز ئىختىيارىم ئەمەس، كېيىن جۈرئەتنى ئاجايىپ ياخشى كۆرۈپ قالدىم ھەم زادىلا ئايرىلالماي قالدىم، توي قىلىپ بەختىمنى تاپقاندىم، بىراق جۈرئەت مېنىڭ سەۋەبىمدىن يارىلانغاندا يۈرىكىم پىچاق بىلەن تىلىنغاندەك ئازابلىنىپ كەتتىم، ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەنكى، ئۇنىڭدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇم يوق، بىراق دادام مېنى ھەر كۈنى قىيىن - قىستاققا ئېلىپ، ئاپامغا زۇلۇم سېلىۋاتىدۇ، بىچارە ئاپامنىڭ كۆز يېشى قۇرۇپ قالاي دېدى. بىز بىلەن ئىۋاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر موسكۋاغا كۆچۈپ كېتىدىكەنمىز، شۇڭا دادام مېنى جۈرئەتتىن ئاجرىشىشقا قىستاۋاتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ئەقلىگە قانداق سىغىۋاتقاندۇ، بۇنى بىلەلمىدىم. مانا ئون بەش كۈن بولدى، بىز خۇددى تۈرمىدە تۇرغاندەك ئازاب بىلەن تۈرمۈش كەچۈرۈۋاتىمىز، مەن جۈرئەتنى تاشلاپ قانداق يىراققا كېتەلەيمەن؟ نېمىشقا مېنىڭدە ئەركىنلىك يوق؟ دەپ زارلىنىۋاتىمەن، جۈرئەتتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇۋاتىمەن، بىراق جۈرئەتتىن ئۆز ئىختىيارىم بويىچە ئايرىلمىسام، ئۇلارنىڭ جۈرئەتكە يەنە قەست قىلىشىدىن قورقىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىۋاننىڭ دادىسى مېنىڭ دادام

ئىشلەيدىغان مىنىستىرلىقنىڭ ئورۇنباسارى، ئۇ دادامغا بەك چوقۇنىدۇ، كەلگۈسىدە ئوغلىنىڭ شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. دادام ماڭا: «سۇتلانا، ئوبدان ئويلان، ئوقۇشۇڭنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن مىنىستىرلىقتا ئىشلەيسەن، ئىۋانمۇ شۇ، موسكۋادا ئېسىل داچا، پىكاپ، ياخشى تۇرمۇش سىزنى كۈتۈۋاتىدۇ» دەيدۇ. بىراق، بۇلارغا مەن قىزىقمايمەن، بىر كىشىلىك ئاددىي خىزمەت قىلىپ، بالىلىق بولۇپ، ئېرىم بىلەن بىللە بالىلىرىمنى بېقىپ خاتىرجەم ياشىسamla بولاتتى، بىراق ئۇلار مېنى رايىمغا قويمايۋاتىدۇ، ئەھۋال مانا شۇ. هازىر مەن ئەڭ قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كېلىۋاتىمەن.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالماس بىلەن زۇلفىيەنىڭمۇ بېشى ئايلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭمۇ يېقىندىن بۇيان سۇتلاناغا خېلى مەرى چۈشۈپ قالغانىدى. بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققۇش ئۇلارنىمۇ تەڭقىسلىقتا قويدى. ئۇلار ئالدىراپ ئېغىز ئاچالمىدى، چۈنكى ئوغلىغا كۆيۈپ ـ پىشىپ سۆزلەۋاتقان سۇتلاناغا ھېسداشلىق قىلمىسا بولمايتتى، ئۇنى ئەيىبلەشكە تىلى بارمايتتى، بىچارە ئوغلىغا قاراپ تېخىمۇ ئىچى ئېچىشاتتى.
ــ بالىلىرىم، ــ دەپ ئاخىر ئېغىز ئاچتى ئالماس ناھايىتى سىلىق بىر تەرزدە، ــ ئىنسان بولغۇسى ئىشلارنى بىلىشكە قادىر ئەمەس. ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەتلەشكەن قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى بەختلىك بولىمىز دەپ ئويلايدۇ ھەم شۇ خۇشاللىقتا توي قىلىدۇ. مۇھەببەتتەك ئۇلۇغ، ئاجايىپ ساپ ھېسسىيات يوق، ئۇنىڭ پاكلىقى هازىرغىچە ئىناق ئائىلە، پەرزەنت بەختى، قېرىنداشلىق مېھرى، ئەر ـ خوتۇنلۇق رىشتىسىنى چىڭىتىپ كېلىۋاتىدۇ، قىسقىسى، مۇھەببەتسىز هايات يوق. سۇتلانا قىزىم، سىز هازىر ئېغىر بېسىم ئاستىدا قاپسىز، شۇ تۇپەيلى ئۆزىڭىزنى تولىمۇ بەختسىز ھېس قىلىۋاتىسىز، يەنە بىر تەرىپى جۇرئەتكە كېلىۋاتقان تەھدىت سىزنى ھەم بىزنى ئەندىشىگە سالماي قالمايدۇ. بىز دۇنياغا

كەلدۇق، تېخى كۆزىمىز ئەمدىلا ئېچىلىپ، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتمەي، ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماي بۇ دۇنيادىن كەتسەك بولمايدۇ. سىزمۇ، جۇرئەتمۇ تېخى يېتىلىۋاتقان نوتا، سىلەر چېنىقىپ، تىرىشىپ، بوران ـ چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ قارىغايدەك، ئارچا ياغىچىدەك چىڭ، كۈچلۈك بولۇشۇڭلار، جەمئىيەتكە، دۆلەتكە، ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشىدىغان قۇدرەتلىك ئىشلارنى قىلىشىڭلار كېرەك. مۇھەببەت، تۇرمۇشنىڭ يوللىرىمۇ ئىنتايىن كەڭ، گەپ سىلەرنىڭ تاللىشىڭلاردا، راستىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ بۇ ئىشتا ئېغىز ئېچىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، مەن ئىشىنىمەن، سىلەر چوقۇم بىخەتەر، توغرا يول تاللىيالايسىلەر. سۇتلانا، ئىنسان ئۆز مۇھەببىتىنى يۈرىكىدە ساقلاپ، ئاسراپ، باشقا بىرى بىلەن بىللە ياشىسا ئەلۋەتتە زور بېسىم ھەم زۇلۇم تارتقاندەك ھېس قىلىدۇ، بىراق مۇھەببەت سۆزدە ئەمەس، بەلكى چىن يۈرەكتە، يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئۆز يارىنى يادلاپ، سېغىنىپ، ئۆز يۈرىكىدە ساقلاپ ياشاشمۇ بىر ھۇزۇر، ئۇنداق مۇھەببەت غايىۋى، رومانتىك بولىدۇ. بالىلىرىم، سىلەرگە تاشلىنىپ تۇرغان يول تاللاش قىيىن، زور روھىي بەدەل تۆلەيدىغان يول ئىكەن، ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭلار ياخشى ئويلىنىپ ھەل قىلىڭلار، ھەرقانداق روھىي بېسىم، كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئىشلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنىلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ. ھەر ئىككىڭلار ئۆزۈڭلارنى ئەمەس، قارشى تەرەپنىمۇ، زىددىيەتلىك تەرەپلەرنىمۇ ئويلاڭلار...

ئالماس ھەقىقەتەن ئاتا يوللۇق نەسىھەت قىلدى.

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتتى، سۇتلانا ئامالسىز جۇرئەت بىلەن خوشلاشتى.

— جۇرئەت، سېنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، موسكۋاغا بېرىپلا ساڭا تېلېفون قىلىمەن، سەن بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىمەن، خالىساڭ سېنىڭدىن بىر بالىلىق بولۇپ، ئۇنى بېقىپ

ئۆستۈرىمەن، ئۇنى كۆرگەن كۈنلىرىمدە ھامان سىنى كۆرگەندەك بولىمەن، مەيلى مەن توي قىلاي، مەيلى سەن توي قىلغىن، بەربىر بىر - بىرىمىزنى يۈرىكىمىزدە ساقلايمىز، سىنى سۆيىمەن، مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، سەنمۇ ماڭا ۋەدە بەرگىن.

— مەنمۇ سىنى سۆيىمەن، سۇتلانا.

— رەھمەت ساڭا جۇرئەت، مەن سىنى ئەبەدىي سۆيىمەن ھەم ياد ئېتىمەن. ئالماس دادام، زۇلفىيە ئاپام، موماملارغا چۈشەندۇرۇپ قويارسەن. تىببىي ئىنستىتۇتنى پۈتكۈزۈپ موسكۋادا ئوقۇغىن، سەن چوقۇم ئەڭ كاتتا دوختۇر بولالايسەن، ئەزىزىم، جېنىم، — دەپ ئۇنى ئاخىرقى قېتىم قۇچاقلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇنى سىرتتا دادىسى، يىگىتى كۈتۈۋاتاتتى.

## 54

ئالماس بىلەن زۇلفىيە ئوغلى جۇرئەتنى ساناتورىيەگە ئەكەتكەندىن كېيىن رەيھان ئانا ئۆيدە يالغۇز قالدى. ئۇ ئۆزى بىر قوللۇق بېقىپ چوڭ قىلغان بۇ نەۋرىسىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلەتتى. بۇ قېتىم تويىنىڭ ئالدى - كەينىدە بولغان كۆڭۈلسىزلىك ۋە نەۋرىسىنىڭ يارىلىنىشى تاس قالدى ئۇنىمۇ تەڭ يىقىتقىلى.

«جېنىم بوتام، جېنىم، — دەپ پىچىرلىدى رەيھان كۆزىگە ياش ئېلىپ، — كىچىككىدىن تارتىپ دادىسىز چوڭ بولۇپ، ئەمدىلا داداڭنى تېپىپ خۇشال بولغىنىڭدا ئەجەب كېلىشمەسلىك كەلدىغۇ ساڭا. سەن قانداق قاۋۇل، كۈچلۈك، كېلىشكەن يىگىت ئىدىڭ - ھە، مانا ئەمدى كېسەللىك ئازابى ھەم ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتىسەن، شۇڭا ياداپ كەتتىڭغۇ جېنىم

بالام... مەن ئۆمرۈمدە ئازاب، رەنجىش، خاپىلىقلارغا چىدىغانىدىم، بىراق سېنىڭ تارتقۋاتقان ئازابىڭغا چىدىيالماي قالدىمغۇ...»

دۇنيادا شۇنداق ئانىلار باركى، ئۇلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرى كىشىلەرگە نەمۇنە بولالايدۇ، بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ ياشىغان ئادەمنىڭ ھەممىسى باتۇر، قەيسەر بولالمايدۇ، بەلكى تىكەنلىك، چاتقاللىقلاردىن يول ئېچىپ ماڭغانلار، جاپا ـ مۇشەققەتنى يېڭىپ ياشىغانلار، ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىق ئاچىلىغا كەلگەندە ھاياتنى قەدىرلەپ، ياشاش يولىنى تاللىغان كىشىلەر باتۇر بولالايدۇ.

توغرا، رەيھان ئانا مىجەزى يېقىشلىق، ئىشچان، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنسانىي خىسلەتنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ مىجەزى چۇسراق، جاھىلراق بولغاچقا دېگىنىنى قىلماي قالمايدۇ. ئۇنىڭدا ئاجايىپ قەيسەرلىك بار، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇمايدۇ، كەلگۈسىگە بەكمۇ ئۈمىدۋار، زايە بولۇپ كەتكەن گۈزەل ياشلىقىنى تولىمۇ سېغىنىدۇ، ئەسلەيدۇ. ئۇ ھېچقاچان ئۆزى دۇچ كەلگەن ئوڭۇشسىز تەقدىر، قارا كۈنلەردىن زارلىنىپ ئۆزىنى يوقاتقان، قەددى پۈكۈلگەن ئەمەس، بەلكى بېشىغا كەلگەن قارا تەقدىرنى مەنسىتمىگەن، ھەربىر قەدەمدىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنى قوبۇل قىلالىغان ھەم ئۇنى بويسۇندۇرالىغان قەھرىمانغا مۇناسىپ ئانا.

رەيھان ئانا يەتتە يېشىدا ئانىسىدىن ئايرىلغان، دادىسى ھەسەنجان بىلەن قېلىپ ئۆزگە يۇرتتا چوڭ بولغان، يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، مومىسى ۋە ھەسەنجاننىڭ ۋەتەن دەپ زار قاقشىغان سۆزلىرى ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر قىلغان بولغاچقا، ۋەتەن مۇھەببىتى ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس ئەقىدىگە ئايلانغان. ئۇ ئۆز ھاياتىدا كاتتا ئىشلارنى قىلالمىغان بولسىمۇ، تۆككەن بىھېساب تەرلىرى نەزەرگە ئېلىنىپ ئۆزبېكىستان بويىچە «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ

www.uyghurkitap.com

مۇكاپاتلانغان. قىسقىسى، ئۇ زېھنىي ــ قۇۋۋىتىنى ۋەتەن پەرزەنت ئۇچۇن تەقدىم قىلغان ئۇلۇغ ئىنسان. ئۇ پۈتۈن ياشلىقىنى ناھايىتى قىممەتلىك بەدەل سۈپىتىدە ئاشۇ يىللارغا بېرىۋەتكەن، ئۇ گويا يوپۇرماقلىرى تۆگەل تۆكۈلۈپ كەتكەن قاقشال دەرەخكە ئوخشاپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چىرايىدىن تارتقان جاپاسىغا تۇشلۇق شان ــ شەرەپنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنى بېشىغا كەلگەن تالاي قىسمەتلەر ئەكسىچە تېخىمۇ غەيرەتلىك قىلىپ يېتىشتۈردى.

ئىنسان ھەرقانچە چىدامىلىق، قەھرىمان بولسىمۇ ئۇنىڭمۇ يۈرىكى ئېزىلىدىغان، يىغلايدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ. ئۇ نەۋرىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاپ بولۇپ، ئېرىنى سېغىنىپ يىغلىدى ــ دە، بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭدى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ باغچە تۈسى ئالغان، دەل ــ دەرەخلەر ياشىرىپ، ھەممە ئەتراپ گۈل ــ گىياھقا پۈركەنگەن قەبرىستانلىققا كېلىپ يۈرىكى مۇجۇلدى. ئۇ ھالسىزلىنىپ كەتكەن، ناھايىتى ئاستا كېتىۋاتاتتى، قەبرە ئالدىغا كېلىپلا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

ــ سىز مېنى تاشلاپ كەتتىڭىز، ــ دېدى ــ يۇ، كۆزىگە قاپسالغان يېشىنى توختىتالماي ئۆكسۈپ ــ ئۆكسۈپ يىغلاپ، ئاندىن رەھمەتلىك ئېرىگە كۆڭلىدىكىنى تۆكتى، ــ قىزىمىز زۇلفىيەنىڭ ئېرى ئالماس ئۆيىمىزگە كەلدى، زۇلفىيەمۇ، مەنمۇ بەك خۇش بولۇپ كەتتۇق، سىز بولغان بولسىڭىز چوقۇم خۇش بولاتتىڭىز، ئەمما بۇ شادلىق كۈنلەر سىزگە نېسىپ بولمىدى. نەۋرىڭىز جۈرئەت توي قىلغانىدى، بىراق باشقىلار زىيانكەشلىك قىلىپ قويدى، ئۇ تاس قالدى بىزنى ھەسرەتتە قالدۇرۇپ ئۇ دۇنياغا كەتكىلى، خۇداغا شۈكۈر، يامان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ ھازىر ساناتورىيەدە دەم ئېلىۋاتىدۇ. بىلەمسىز، شۇ تاپتا ئۆزۈم ئۆسكەن يېزىغا، ئاتا ــ ئانامنىڭ ئاياغ ئىزى قالغان يۇرتقا بارغۇم، ئۇلار ياشىغان،

ئۈزۈمگە غۇۋا كۆرۈنىدىغان ئاشۇ يۇرتنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ.
ئېسىڭىزدىمۇ، ئىككىمىز بىللە بارايلى دېگىنىڭىز، ئەمدى مەن
سىز بىلەن بىللە بارالمىساممۇ، يىراق سىزنىڭ روھىڭىزنى
بىللە ئېلىپ كېتىمەن، مەندىن خاتىرجەم بولۇپ، تىنچ ياتىڭ،
ۋەتەندىن قايتىپ كېلىپلا سىزنى يوقلاپ كېلىمەن...

ئۇ ھەر قېتىم ئېرىنىڭ تۇپراق بېشىغا كېلىپ
كۆڭلىدىكىلىرىنى ئالا قويماي سۆزلەپ ئۆزىگە تەسەللى تېپىپ
كېتەتتى.

ئۇ ھاياتىدا ھېچقانداق بىر ئەمگەكتىن، جاپادىن قاچمىدى،
بىر تەرەپتىن پەرزەنت ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئېرى ئۈچۈن
ھەممىنى قىلىشقا تەييار تۇردى، بىر ئۆمۈر مۇھەببەت بىلەن
ھىجران ئارىلىقىدا ياشىدى، ئۆمرى مانا مۇشۇنداق ئۆتۈپ
كەتتى، ئۇرۇش تۈگىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە نۇرغۇن
جاراھەت ئىزلىرىنى قالدۇردى.

ئۇ تەستە ئورنىدىن تۇردى، ھالسىرىغان يۈرىكىنى تۇتۇپ
ماشىنىغا چىقىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ـ دە، دېمىنىمۇ
ئالماستىن ئىشكاپتىن پاسپورتىنى ئېلىپ كونسۇلخانىغا
ماڭدى، چۈنكى ئالماس ئەكەلگەن چاقىرىق قەغىزى بار ئىدى.
ئۈچ كۈندىن كېيىن پاسپورتىغا مۆھۈر باستۇرۇپ، ئازراق پۇل
بىلەن كىچىككىنە سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى ـ دە،
يېنىپ كىرىپ بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن
ئايرودرومغا قاراپ ماڭدى.

تاشكەنتتىن چېگراغا قاراپ ئۇچقان ئايروپىلان قوزغالدى،
ئۇ قاراملىق قىلىپ ھېچكىمگە مەسلىھەت سالمايلا يولغا چىققاز-
لىقىنى ئويلاپمۇ قويمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى، ئەس -
يادى ۋەتەنگە بېرىشلا ئىدى، ئايروپىلان كۆك قەرىدە گۈرۈلدەپ
ئۇچماقتا ئىدى. ئۇ بىردىنلا بەدىنىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى، يۈ-
رىكىنىڭ تىنىمسىز سوقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى ـ دە، كۆز
ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. يېنىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان يى-

گىت بۇنى سېزىپ:
— ئانىجان، سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا خۇددى نەۋرىسى جۇرئەتنىڭ ئاۋازىدەك بىلىنىپ كەتتى ـ دە، ئىتتىك يىگىتكە قارىدى، ئۇمۇ نەۋرىسى دېمەتلىك، ئاقپىشماق، سېرىق چاچ يىگىت ئىدى.
— كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ، يۈرىكىم سەل بىسەرەمجار بولۇۋاتىدۇ، — دېيەلىدى ئارانلا.
— كۇتكۇچى، دوختۇر بارمۇ؟ — دەپ توۋلىدى يىگىت.
شۇ ئەسنادا كۇتكۇچى قىز كېلىپ ئانىغا بىر ئىستاكار سۇ بىلەن بىر تال تابلېتكا ئەكېلىپ:
— بۇنى ئىچىۋېلىڭ، گاھىلارنىڭ ئايروپىلاندا بىئارام بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال، — دېدى.
ئانا دورىنى ئىچكەندىن كېيىن سەل ـ پەل ئوڭشىلىپ قالدى ـ دە، يەنە كۆز ئالدىغا ئۆزى ئۆسكەن يېزىسى ۋە غەمسىز باللىق دەۋرى كەلدى...
باھار پەسلى. مەجنۇنتال ۋە سۆگەتلەرنىڭ يۇمران شاخلىرىنى ئېلىپ، پوستىنى سىيرىپ بوستان چاچ قىلىپ ئارقىسىغا تاشلاپ يۈگۈرۈشلىرى، بىر ـ بىرىنىڭ چاچلىرىنى سىلىشىپ كۈلۈشكەنلىرى، يازدا ئازغان مونچىقىنىڭ قىپقىزىل دانلىرىنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ مارجان قىلىپ ئېسىشلىرى، يوپۇرماقلاردىن ئاش ئېتىپ، چالما ـ كېسەك پارچىلىرىدا ئۆي تىزىپ ئولتۇرۇشلىرى، يېزا يوللىرىدا يۈگۈرۈشۈپ، ئوينىشىپ تېلىقىپ كۈلۈشلىرى... ھېيت ـ بايراملاردا پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ، باشلىرىغا دوپپىلارنى كىيىپ ئۆيمۇئۆي ھېيتلاپ، ھېيتلىق پۇللىرىغا گازىر، لەڭپۇڭ ئېلىپ يېگەن چاغلىرى، كۆزدە سارغىيىپ پىشقان جىگدىلەرنى تېرىپ يېگەن غەمسىز، بەختىيار چاغلىرى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. كېيىنچۇ؟ دادىسى ھەسەنجان بىلەن ناتونۇش بىر ئاق ئۆيگە كەلگەنلىكى، ئىشىك ئالدىدا بەكمۇ تۇكلۇك ئىككى ئىت بولغاچقا

ئۆيدىن تالاغا چىقالماي ئولتۇرغانلىقى، ئاندىن كېچىسى دادىسى ھەسەنجاننىڭ ئۇنى يۇدۇۋېلىپ ماڭغانلىقى خىرە ـ شىرە يادىغا كەچتى... توغرا، بىر يەرگە بارغاندا رومال ئارتقان بىر موماينىڭ (مامۇتقارىنىڭ ئاپىسى تىللا خېنىم) ئارقىسىغا قايتىپ كېتىپ، يەنە ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىۋاتقاندا يۇگۇرۇشلىرى، ئاق روملىنىڭ قانغا بويىلىپ يەرگە يىقىلغان ۋاقتى، مامۇتقارىنىڭ ئۇنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، كۆزىنى ئېتىۋالغانلىقىنى ئەسلىدى. كېيىن ھەممەيلەن يىغلىدى. دادىسى ھەسەنجان بىلەن تاغىسى مامۇتقارى مومايىنى بىر يەرگە كۆمۈپ قويدى، شۇ چاغدا ئۇ قورققىنىدىن غال ـ غال تىترەپ كەتكەنىدى...

شۇ ئىشلارنى خىيال قىلىپ رەيھاننىڭ كۆز ياشلىرى مونچاقتەك تۆكۈلدى...

— سىزگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ ـ ھە؟ — دېدى يېنىدىكى يىگىت ئەنسىرەپ.

— ھېچ ئىش يوق، ۋەتەنگە يېقىنلاپ كەلگەنسېرى يۈرىكىم ھاياجاندىن تېز ـ تېز سېلىپ كېتىۋاتىدۇ.

— بۇ ياشقا كەلگەندە ئەجەب يالغۇز يولغا چىقىپسىزغۇ؟

— شۇنى دەڭە، ئېسىمنى يوقاتقاندەك ئىش قىپتىمەن، قىزىمغىمۇ تىنمايلا يولغا چىققىنىمنى دېمەمسىز.

— ئۇنداقتا ئۆيىڭىزدىكىلەر نېمە بولۇپ كەتتى دەڭە، ئۇلار تازا جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقاندۇ. نېمە ۋەجىدىن شۇنداق قىلغانسىز، ئۆيدە تېلېفون بارغۇ ـ ھە؟

— بار، ئەلۋەتتە تېلېفون بار.

— ئۇنداقتا نومۇرىنى ئېيتىپ بېرىڭ، ئايروپىلان خادىملىرىغا ئىلتىماس قىلايلى، ئۇلار چوقۇم ياردەم قىلىدۇ، ماقۇلمۇ؟

— چېگراغا بارغاندا ئۇلارغا ئۆزۈم تېلېفون قىلىمەن، — دەپ رەيھان جىم ئولتۇرۇۋالدى، ئاندىن، — ئوغلۇم، — دېدى يىگىتكە قاراپ، — ۋەتەننى سېغىنىدىم، سېغىنغاندىمۇ

تاقەتسىزلەرچە سېغىنىپ كەتتىم. بىلمىدىم، ۋەتەننى ئويلاپ تۇرۇپ، بىر ئوت بېشىمدىن كىرىپ، تاپىنىمدىن چىقىپ كەتتى، زادى نېمە بولغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلەلمىدىم. بەلكى يۈرىكىم ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغاندۇ ياكى ئۇزاق يىللىق ھىجران ئازابى ئىچىدە قان ـ زەردابقا ئايلانغاندۇ، شۇڭا ئۆزۈمدىنمۇ قاتتىق ئەنسىرىدىم ـ دە، ھايات بولسام ۋەتىنىمنى كۆرەي ۋەتەنگە بېرىپ ئۆلۈپ قالسام، ئاشۇ ئەزىز تۇپراققا كۆمۈلەي دەپ ئويلىغىنىمنى بىلىمەن. ھازىر كاللام قۇپقۇرۇق، ھېچ نەرسىنى بىلەلمەي قالدىم، پەقەت ۋەتىنىمنىڭ ئوتى ـ پىراقى يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ، ھىجران، ئايرىلىش ئازابى جاننى قىيناۋاتىدۇ.

يىگىت ئېغىر بىر تىنىپ، ئۆزى بېرىپ كۈتكۈچىنى چاقىرىپ كەلدى ـ دە، ئانىغا بىر ئىستاكان مېۋە سۈيى ئىچۈردى. ئۇ ئانىنىڭ ۋەتەن ئىشقىدا مۆڭلانغان كۆزلىرىگە ۋەتەنگە تەلپۈنگەن سىياقىغا قاراپ قاتتىق تەسىرلەندى.

ئانا ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سېلىۋاتقان بۇ قېتىمقى سەپىرى بىلەن ئىچىدە يىغىلىپ قالغان دەرد ـ ئەلەملىرىنى، ئۆزىنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدىكى چەككەن ئىزتىراپلىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بىللە ئەكېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

توغرا، ئۇنىڭمۇ خۇشال ئۆتكەن كۈنلىرى، ئۇنتۇلماس توي كېچىسى بولغان. ئۇ قىزلىق ھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئوتتەك، ئاتەشتەك چاغلىرىدا ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئېرى ئۇرۇشقا كېتىپ ئون يىلدىن كېيىن ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ: «سېنى ئەبەدىلئەبەد سۆيىمەن، سېنى ئۇنتۇمىدىم، ماڭا ئىشەنگىن» دەپ يىغلىغان ۋاقتىدا ئۇ ناھايىتى خۇش بولغان، ئېرى ياشلىقىنىڭ يېنىپ كەلمەيدىغان چاغلىرىنى تولۇقلاشقا تىرىشقان، بارلىقىنى ئۇنىڭغا ۋە قىزىغا بېغىشلىغانىدى.

ئانىنىڭ ھاياجانلىق ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى، ئۇ بېشىدىكى رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن قاپاقلىرى سەل ئىششىغان كۆزلىرىنى سۈرتتى، يەرگە چۈشۈشكە ئالدىرىدى. ئايروپىلان

دىرىلداپ توختىدى، ئىشىك ئېچىلدى، كۈتكۈچى قىز بىلەن يېنىدىكى يىگىت ئانىنى يېتىلەپ، ئۇنىڭ كېچىككىنە سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، يەرگە بىللە ئېلىپ چۈشتى.

ئانا ئۆزى سەزمىگەن بىر جەسۇرلۇق، ھاياجان بىلەن ئىككىيلەننىڭ قولىدىن ئاجراپ، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاق چېكىم - چېكىم كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى شامالدا بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشەتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى ۋەتەن ئۈچۈن قاتتىق سوقتى، كۆزى ۋەتەن تۇپرىقىنى كۆردى. ئەنە ۋەتەننىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغلىرى، ئەنە ۋەتەننىڭ ئىپتىخارى قىزىل بايراق كۆكتە لەپىلدىمەكتە، ۋەتەن ئۇنى ئۆز باغرىغا چىللىماقتا. ھازىر ئۇ چېگرادىن ئۆتسىلا زارىقىپ كۈتكەن ۋەتەن قوينىدا ئۆزىنى كۆرەلەيدۇ، ئەپسۇس، ئۇ بىردىنلا يەرگە يىقىلدى.

ئايروپىلان خادىملىرى جىددىيلىشىپ كەتتى، تېزدىن دوختۇر چاقىردى. ئۇنى جىددىي قۇتقۇزۇش باشلاندى، ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىڭشىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى سېلىشتىن توختىغاندەك قىلاتتى، بىراق دوختۇر ئۈمىدسىزلەنمىدى، يۈرەك قوزغاتقۇچنى ئىشقا سالدى، ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا يوغان ئېچىلىپ نەيزە بويى ئۆرلىگەن كۈن نۇرىدا شۇنچە نۇرلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ يەنە يۇمۇلدى، دوختۇر قايتا تەۋەككۈل قىلماقچى بولدى، يۈرەك قوزغاتقۇچنى ھەرىكەتكە سالدى. ئانا كۆزىنى لەپپىدە ئېچىپ كۈلۈمسىرىگەندەك، پىچىرلىغاندەك قىلدى، توغرا، ئۇ «ۋەتەن» دېگەنىدى.

بۇ بىچارە ئانا بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشمايلا كېتىپ قالارمۇ؟ ئەجەبا ھەر - ھەر جاپالارنى مەنسىتمىگەن، ھېرىپ - چارچاشنى بىلمىگەن، ھەرقانداق زەربىگە كۆكرىكىنى تۇتۇپ بېرىدىغان بۇ ياشانغان ئانا ئۆلۈم نۆۋىتى كەلگەندىمۇ، قىزىنى ئاياپ، ئۇنىڭغا كۆرۈنمەي يەر قوينىغا كىرىپ كېتەي دېگەنمىدۇ؟

ئەتراپتا تۇرغانلاردىن ھېچكىم مىدىر - سىدىر قىلماي ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، ئۇلار بۇ ئانىنىڭ قايتا كۆزىنى ئېچىشىنى، يۈرىكىنىڭ قايتا سوقۇشىنى ئۈمىد بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

پارقىراپ چىققان كۈن نۇرى ئۇنىڭ سولغۇن، سارغايغان چىرايىنى يورۇتتى، ئۇ ئاستا - ئاستا ناھايىتى پەس تىنىغاندەك قىلدى، يۈرىكى قايتىدىن سالدى، ئاھ، ۋەتەنىنىڭ ھىدى ۋەتەنىنىڭ توپىسى، ۋەتەنىنىڭ يېنىك شامىلى ئۇنىڭغا شىپالىق بېرىپ قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلدى. تېلېفونلار تەرەپ - تەرەپكە بېرىلدى، جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى كېلىپ، ئۇنى ئېلىپ ماڭدى.

## 55

زۇلفىيە بىلەن ئالماس دوختۇرخانىدا مىدىرلىماي تۇرغىنىغا ئۈچ كۈن بولدى، ئانا جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىدە بولغاچقا ھېچكىمنى كىرگۈزمەيتتى، ئۇلار ھەربىر مىنۇت - سېكۇنتنى ساناپ دېگۈدەك دەككە - دۈككىدە ئۆتكۈزدى.

ئالماس ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىن تارتىپ رەيھان ئانىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ كۆرگەن، ئۇنىڭ مەززىلىك تامىقىنى كۆپ يېگەن، مانا مۇشۇ ئانا زۇلفىيە بىلەن ئىككىسىنىڭ بېشىنى قېتىپ، تويىنى قىلىپ قويغان، شۇڭا يۈرىكى قايناق مېھىرگە تولۇپ، ئۆمۈرۋايەت بۇ ئانىنى ئاسراشنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ، ئۇنىڭغا كۆيۈ ئوغۇللۇقنى يەتكۈزمەكچى بولغانىدى، بىراق ئۇ مۇرادىغا يېتەلمىدى. قېنى ئاشۇ ئانىغا قىلغان سۆزلىرى؟ قېنى ئاشۇ ۋەدىلىرى؟ ئانىغا خىزمەت قىلىش، ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولۇش ھەم دەردىگە

دەرمان بولۇش ئورنىغا ئۆلارغا ئازاب ئېلىپ كەلدى. توغرا، ئۇمۇ بونداق بولارنى ئويلىمىغانىدى، ئۇ توي قىلغاندىن كېيىن ئوتتەك يۈرەكتىكى سەمىمىي ئىستەكلەر، ياخشى نىيەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان ۋەدىلەر، ئىچكەن قەسەملەرنىڭ ھېچبىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى، ئەكسىچە ئۇلارغا ھىجران ئازابى، كۆڭۈل ئازابى كەلتۈردى. شۇڭا، ئۇ ئانىنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ ياتقان كۈنلىرىدە يېنىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەي، ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولۇپ، يۇم - يۇم يىغلاۋاتقان زۇلفىيەگە كۆپ تەسەللىي ئېيتتى. بىراق، ئۆزىنىڭ يۈرىكىمۇ ئازابتىن تولغانىدى، ئىچىدە: «ئانا ئورنىدا باقىقان ئانام سىز، باغرى كاۋاپ ئانام سىز، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، ئانا» دەپ كۆپ نىدا قىلدى. ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، ئۆلارغا سۆز قىلىشىنى، يەنە بىللە ئۆتۈشكە نېسىپ بولۇشىنى خۇدادىن تىلىدى.

ئىككىيلەن ئورۇندۇقتا خىيال، ئۇمىدسىزلىك ۋە قايغۇ بىلەن ئولتۇراتتى، دوختۇرخانا شۇنچىلىك جىمجىت ئىدىكى، بىرەر كىشىنىڭ ئاياغ تىۋىشىمۇ يوق ئىدى. زۇلفىيە بىردەم كۆزىنى يۇمۇۋېلىش ئىستىكىدە ئالماسىنىڭ غولىغا بېشىنى قويۇپ ياتتى. ئۇ شۇنچىلىك تاتلىق ئۇخلىدىكى، ھەتتا يېنىك خورەكمۇ تارتىپ قويدى. ئالماس ئايالىنى ئويغىنىپ كەتمىسۇن دەپ مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇردى.

ئىشىك ئېچىلىپ سىمىز، پاكارغىنە سېسترا ئايال چىقتى، ئىككىيلەن چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— خانىم، ئانىڭىز ھوشىغا كەلدى، كىرسەڭلار بولىدۇ.

ئىككىيلەن خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئانىنىڭ يېنىغا كىردى.

— ئاپا، جېنىم ئاپا!

ئانا نۇرسىز كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ بىر زۇلفىيەگە، بىر ئالماسقا قارىدى، سەل تۇرۇۋېلىپ ناھايىتى زەئىپ ئاۋازدا:

— بۇ دوختۇرخانىمۇ؟ مەن قاچان كەلدىم؟ — دەپ

سورىدى.

— ئاپا، ھەرنېمە بولسا ھوشۇڭغا كەلدىڭ، بىزنى بەك قورقۇتۇۋەتتىڭ جۇمۇ، ئاپا، سەن بولمىساڭ بىز قانداق قىلاتتۇق، بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى دوختۇرخانىغا كەلگىلى، — زۇلفىيە ياشلىق كۆزلىرىنى سۈرتكەنسېرى ياشلىرى شۇنچە كۆپ ئېقىۋاتاتتى، ئۇ كۈلۈپ تۇرسىمۇ ياشلىرى تاراملاپ توختىمايۋاتاتتى، ئاخىر يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپتەك چېھرى نۇرلىنىپ كەتتى، ئۇ ئاپىسىنىڭ چېكە چاچلىرىنى تۈزەپ مەڭزىنى سىلاپ، ئۇنىڭغا تويماستىن قارىدى، ئانىنىڭ چېھرىدىكى تەبەسسۇم، قىزىغا ھەۋەس بىلەن كۆز ئۈزمەي قاراشلىرى ئالماسنى ئاجايىپ خۇش قىلىۋەتتى.

— جېنىم ئاپا، ئانىجان.

— مەن خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن، قىزىم دوختۇرلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتىمەنۇ، بىراق ئۆزۈم ناھايىتى يىراق بىر جايدا تۇرغاندەك، ئۇلارنىڭ سۆزىگە جاۋاب قىلالمىدىم، سۆزلەي دەپ شۇنچە ئىنتىلىپ كۆردۈم ـ يۇ، بىراق ئاۋازىم زادىلا چىقمىدى. نېمە بولغانلىقىمنى بىلەلمىدىم، — دېدى ـ دە، ئالماسقا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

ئالماس ئانىغا يېقىن كېلىپ قولىنى چىڭ تۇتۇپ لەۋلىرىگە ئاپىرىپ سۆيدى.

— ئاپا، بىز سىزنىڭ ياخشى بولۇپ قېلىشىڭىزنى تىلىگەندۇق. سىزنىڭ ساقلىقىڭىز بىزنىڭ بەختىمىز، مانا ھازىر خۇشاللىق ئىچىدە ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمىز، — دېدى ئۇ خۇشلۇقىنى يوشۇرالماي.

ئانا قىزى زۇلفىيە بىلەن ئالماسنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى چۈشىنەتتى، ئۇلارنىڭ پاك مۇناسىۋەتلىرى، ئالماسنىڭ زۇلفىيەگە بولغان قىزغىن، ئوتتەك مۇھەببىتى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇلار ئايرىلغان چاغلىرىدا قىزىغا قاراپ يۈرىكى ئازابتىن تولغانغان، ھەسرەت

چەككەن، قىزى ئۈچۈن ئازابلىق يىللارنى ئۆتكۈزگەندى.

مانا ئەمدى ئايرىلىش، ھىجران ئازابىدىن كېيىن ئۇلار ۋىسال شادلىقىغا چۆمۈلگەن، بەختنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىپ، بەختلىك كۈنلەرنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقانىدى. شۇڭا، ئۇ بىر قىزىغا، بىر ئالماسقا قاراپ ئاجايىپ بىر خىل شادلىق، بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدى. ئانىغا قاراپ تۇرغان ئالماس ئازابلىق خىياللارنى سۈرمەكتە ئىدى، ئۇ:

— ئاپا، مېنى ئەپۇ قىلىڭ، مەن سىزگە، زۇلفىيەگە ئۇزاق يىل ئازاب كەلتۈردۈم، دىلىڭىز كۆپ ئازار يېدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىڭىزگە ئېلىپ، ئۆي، نەۋرىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتىڭىز، ھالاۋەت كۆرۈشكە تېگىشلىك چاغلاردا ھالاۋەت كۆرمىدىڭىز، ئىنتايىن قەيسەرلىك بىلەن ياشىدىڭىز، بۇلار كۆڭلۈمگە ئايان. مەنمۇ تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى، ھايات، رېئاللىقنىڭ بىز ئويلىغاندەك بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندىم، بىز ياش ۋاقتىمىزدا تۇرمۇشنى خۇددى بىز كۆرگەن كىنولاردىكىدەك بولىدۇ دەپ پەرەز قىپتۇق، ھازىر بىلسەك، كىنو دېگەننى يازغۇچى يازسا، رېژىسسور فىلىمغا ئېلىپ، كېسىپ، ئۇلاپ چىقىرىدىكەن، بىراق تۇرمۇشنى ئۇنداق قىلغىلى بولمايدىكەن، ھاياتلىق سەپىرىدە ھەربىر ئادەم سىنىلىدىكەن، ئەگرى - توقاي يوللاردىن، تاغ - داۋانلاردىن ئاشىدىكەن، شۇڭا رېئال تۇرمۇش ئىنتايىن رەھىمسىز بولىدىكەن. نېمىلا بولسۇن بىز خېلى يىللار تۇرمۇش، ھايات تەجرىبىسىگە ئىگە ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇپ قالدۇق، مېنىڭ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا كەچۈرۈڭ ئانا دېيىشتىن باشقا ئامالىم يوق، زۇلفىيە ئالدىدىمۇ شۇنداق دېيەلەيمەن. زۇلفىيە پۈتۈن ئۆمۈر مەن ئۈچۈن ياشىدى، بىراق مېنىڭ تىلىم قىسقا، بۇلارنى دېمىسەممۇ چۈشىنىسىز ئاپا، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ياشلىقتىكى ۋەدىلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، مەڭگۈ سىلەردىن ئايرىلمايمەن. ماڭا ئىشىنىڭ،

زۇلفىيە ئەمدى ھەرگىز قىيىنچىلىق تارتمايدۇ، سىزنى، زۇلفىيەنى بارلىق كۈچۈم بىلەن كۈتىمەن، — دېگىنىچە ئانىنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتتى، كۆز چاناقلىرىدا لىغىلداپ تۇرغان ياش كۆز ئالدىنى غۇۋالاشتۇردى.

— بولدى، ئوغلۇم، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئىشلارغا سىزمۇ، زۇلفىيەمۇ سەۋەبچى ئەمەس، بەلكى ۋەزىيەت سەۋەبچى، چېگرا ئېتىلمىگەن، يوللار ئوچۇق بولغان بولسا بۇنچە رىيازەت چېكىشنىڭ يولى يوق ئىدى. سىزمۇ، زۇلفىيەمۇ، جۇرئەتمۇ ئوخشاشلا ياش تۆكۈپ، ھىجران ئازابى تارتتىڭلار، مانا ئەمدى ياخشى كۈنلەر كەلدى. راستىنى ئېيتقاندا، بىر ئۆمۈر رىيازەت چېكىپ مۇنداق كۈنلەرگە ئېرىشەلمىگەنلەر، بىر ئۆمۈر بەخت پەيزى سۈرەلمىگەنلەرمۇ ياشايدۇ، گاھىبىر بىتەلەي، شور پېشانە كىشىلەر پۈتۈن ئۆمرىنى يوقسۇزلۇق، ئاچلىق بىلەن ئۆتكۈزىدۇغۇ، خۇداغا مىڭ مەرتەم شۈكۈر، بىز ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۇق. مەيلى دادام ھەسەنجان بولسۇن، زۇلفىيەنىڭ دادىسى بولسۇن، مەن بولاي، زۇلفىيە ياكى سىز بولۇڭ ئۆزىمىزنىڭ ھايات مۇساپىسىدە ئىز قالدۇرغۇدەك ئىش قىلدۇق، قىسقىسى، ئادەمدەك ياشىدۇق. بىز بۇ كۈنلەرنى قەدىرلەيلى، چۈنكى ئىنسان ھاياتى خۇددى چاقماقتەك ئۆتۈپ كېتىدىكەن، مەن تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىمگە ئاغرىنمايمەن، چۈنكى مانا مۇشۇنداق ياشاش ئارقىلىق ھاياتنى، تۇرمۇشنى چۈشەندىم، مېنىڭ ھاياتتىن ئالغان ئىككى چۈشەنچەم بار، بۇنىڭ بىرى ياشلىق — ئاھ، تېپىلماس ئالتۇن دەۋر، خۇددى باھار پەسلىدەك شۇنچە گۈزەل، شۇنچە ئېسىل ئىكەنۇ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك ئۆتۈپ كېتىدىكەن، بۇ ۋاقىتلاردا بىز سادda، ئىش كۆرمىگەن بولغاچقا قەدرىگە يەتمەيدىكەنمىز، ئەمما ياشلىقنى سېغىنىۋالغىلى، قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدىكەن، شۇڭا بۇنى قەدىرلەش كېرەك ئىكەن؛ يەنە بىرى سالامەتلىك — ئادەم ساق ۋاقتىدا ئۆزىنى دائىم شۇنداق

ياشايدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ قالىدىكەن، ئاھ تەڭرىم، ئۇنى ئالتۇنغىمۇ تېگىشكىلى بولمايدىكەن، ساغلام تەندە ساپ ئەقىل بولىدىكەن، كېسەل دېگەن ئادەمنىڭ ئۆمرىنى تۈگەشتۈرىدىكەن، ئادەم ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتىدىكەن، مەنغۇ ئۇزاق يىللاردىن ئۇنداق قاتتىق ئاغرىپ قالمىغانىدىم، بىراق...

— ئاپا، جېنىم ئاپا، بىز سەندىن قانچىلىك ئەنسىرەپ كەتتۇق، بىلەمسەن، بىراق سەن خۇددى كىچىك بالىدەك ئىش قىپسەن ئەمەسمۇ؟

— راست، شۇنداق بوپتۇ. ئادەم قېرىغاندا ئاجايىپ بولۇپ قالىدىكەن، بىلمىدىم، داداڭنىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتىم، قايتىپ كەلدىم ـ دە، بۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرۇشقا رايىم يوق، شۇنداق قىپتىمەن. تەلىيىم بولسا ۋەتەن تۇپرىقىنى سۆيەي، شۇ يەردە ياشاي، بولمىسا ئۆلۈكۈم بولسىمۇ ئاشۇ تۇپراققا كۆمۈلسۇن دەپ ئويلاپتىمەن، ئىچىمدىكى بىر ئوت گۈلخان بولۇپ يېنىپ، مېنى شامالدەك ئۇچۇردى ـ دە، بىردەمدە خۇددى پەيدەك يەرگە چۈشتۈم، قالغىنىنى بىلمەيمەن.

— ئاپا، سەن ناھايىتى كىچىكلا بۇ زېمىنغا كەلگەن تۇرۇقلۇق، نېمىشقىدۇر ئاغزىڭدىن ۋەتەن دېگەن سۆز چۈشمەيدۇ، بۇ ھېسسىياتىڭنى مەن چۈشىنەلمىدىممۇيا؟

— توغرا، قىزىم، مەن بەك كىچىك ۋەتەندىن ئايرىلغان، ۋەتەن زېمىنى ماڭا ئاش، نان، سۇ، يەر، بايلىق، بارلىق نەرسىلەرنى بەردى، مېنى تەربىيەلەپ ئۆستۈردى، مېنى ئۆز قوينىدا بەختلىك قىلدى، ئاشۇ سەببى، كىچىك چاغلىرىمدىكى كۆرۈنۈشلەر كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئۇ ئوت مەن ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ يۈرىكىمدە يېلىنجاپ زادىلا ئۆچمىدى، شۇڭا ۋەتەنگە بېرىپ ئاتا ـ ئانام تۇرغان يۇرتنى، خەلقنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ كەتتىم، شۇ ۋەجىدىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم، زادىلا تۇتۇۋالالمىدىم...

ئانىسىنىڭ ياشلىرى ئېقىپ، يول ـ يول قورۇق چۈشكەن،

سولاشقان ئالمىدەك يۈزىنى نەمدىدى.

— ئاپا، ياخشى داۋالىنىپ دوختۇرخانىدىن چىققىن، ئاندىن سېنى ۋەتەنگە بىز بىللە ئېلىپ بارىمىز، بولامدۇ؟

ئانىنىڭ چىرايىغا بەختىيارلىق كۈلكىسى يۈگۈردى.

زۇلفىيە بىلەن ئالماس ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، جۇرئەت بىلەن ئۈمىد چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئاپا، دادا، چوڭ ئاپام قانداقراق؟ — دەپ سورىدى ئەندىشە بىلەن.

— ياخشى، بالىلىرىم، چوڭ ئاپاڭلار ياخشى بولۇپ قالدى. كەچتە سېستىرالار ئۆزلىرى قارايدىكەن.

— بىز تېخى ھازىر دوختۇرخانىغا بىرىپ چوڭ ئاپامنى كۆرۈپ كېلەيلى دېيىشىۋاتقانىدۇق، — دېدى ئۈمىد.

— بولدى، ئەتە بېرىڭلار، بالىلىرىم.

ئىككى ئوغلى بىر - بىرىگە قاراپ، يەنە ئاپىسىغا مەنىلىك قاراپ كېتىشتى، ئۇلارنىڭ قانداقتۇر بىرەر گېپى باردەك قىلاتتى، شۇڭا زۇلفىيە ئىككى ئوغلىغا قاراپ تۇردى.

— ئاپا، ئۈمىد ئىككىمىز موسكۋاغا بىرىپ كېلەيلى دېگەنىدۇق، — دېدى جۇرئەت.

زۇلفىيە بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىددىيلىشىپ كەتتى. سۇتلانا بۇ يەردىن كەتكىلى ئەمدى بىر ئاي بولغان تۇرسا، يەنە شۇنى ئىزدەپ بارامدىغاندۇ؟ ئۇ يەرگە بارسا يەنە نىمە ئىشلار بولۇپ كېتەر - ھە؟! ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەمدىلا ياخشىلانغان تۇرسا، نىمىشقا تاسادىپىي بۇ گەپ چىقىپ قالىدۇ، دېگەنلەر چاقماق تېزلىكىدە كۆڭلىدىن كەچتى.

— ئاپا، نىمە بولدى؟ — دەپ سورىدى جۇرئەت.

— موسكۋاغا بىرىش خىيالىدا قاپسەن، بالام، مىنى ئەنسىرىتىدىغان ئىشنى قىلمىساڭ بولمامدۇ.

— ئاپا، نىمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ. بۇ مۇنداق ئىش، ھېلى

مەۋلان خوجايوف بوۋام تېلېفون بېرىپ ئۇمىد بىلەن مېنى، موسكۋاغا كېلىڭلار، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ياشلارنىڭ زور پائالىيىتى بار، ئۈچ كۈن پائالىيەتكە قاتنىشىپ، ئاندىن ئويناپ كېتىڭلار، دېدى. گەپ شۇ، ھېچبىر ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق، شۇڭا سىلەردىن مەسلىھەت سورايلى دېيىشتۇق، — دېدى خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— ياخشى گەپ ئىكەن، — دېدى ئالماس، — بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتتى، ئۇخلايلى، قېنى ئەتە بىرنېمە دېيىشەرمىز، — دېدى ئۇ زۇلفىيەگە قاراپ.

— شۇنداق قىلايلى، بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئىككىمىز تۇزۇكرەك كۆز يۇممىدۇق، سىلەرمۇ ئۇخلاڭلار، — دەپ ئىككىيلەن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى، بىراق ھەر ئىككىسىنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ كەتتى.

— زۇلفىيە، — دېدى ئالماس غەمگە چۆمۈپ، — جۇرئەتنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدۇق، مەۋلان خوجايوف تاغىمىزنىڭ ياخشى كۆڭلى ھەم شۇ باھانىدە ئۇلار بىلەن كۆرۈشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمىدنىڭمۇ موسكۋانى ئوتتەك كۆرگۈسى بار، بىراق ئەنسىرەيدىغىنىم، جۇرئەت سۇتلانا بىلەن كۆرۈشمەي قالمايدۇ، بىرەر چاتاق چىقمىسا بولاتتىغۇ دەيمەن.

— شۇ ئەمەسمۇ، مەنمۇ موسكۋانىڭ گېپى چىقىشى بىلەن شۇنى ئويلاپ كەتتىم دەڭە.

— قانداق قىلساق بولار؟

— ھازىر ئۇنىڭ يۈرىكى ئازابتىن تولغىنىۋاتقان، قىزغا چىدىيالمايۋاتقان پەيتتە دىلى تېخىمۇ نازۇك بولۇپ كەتتى، مەن سۆزلىشىپ باقاي، — دەپ زۇلفىيە كىيىمىنى ئارتىپ چىقىپ كەتتى.

— جۇرئەت، ئۇخلىدىڭمۇ، ئوغلۇم.

— ياق، ئاپا، گەپ بارمىدى؟

— قېشىمغا چىققىنا، بالام.

— ماقۇل، — جۇرئەت كىچىلىك كىيىمى بىلەنلا دەرھال ياتاق ئۆيدىن چىقتى.

— كېلە، ئوغلۇم، بىردەم پاراڭلىشايلى. زادى موسكۋاغا بارغۇڭ بارمۇ؟

— بارغۇم بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمىدنىمۇ ئويىنىتىپ كېلەي دەپ ئويلىغانىدىم، مەندىن ئەنسىرەۋاتامسەن نېمە؟

— راست، بالام، موسكۋادا...

— بولدى، ئاپا، موسكۋا دېگەن شۇنچە چوڭ شەھەر تۇرسا، سۇتلانا بىلەن ئۇچرىشىپمۇ قالماسمەن، — دېدى بىر قىسما بولۇپ تۇرۇپ.

— بىلىپ تۇرۇپتىمەن، ئۇنى سېغىنىۋاتىسەن، كۆرگۈڭ كېلىۋاتىدۇ، شۇنداققۇ؟

جۇرئەت ئېغىر ـ ئېغىر تىنىپ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى ـ دە:

— ئاپا، ساڭا راستىنى ئېيتاي، مۇشۇ بىر ئايدىن بېرى ئۇنى ئەسلىمىگەن، ئويلىمىغان، سېغىنمىغان كۈنۈم يوق. ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى قىز ئىدى، مېنى شۇنچىلىك سۆيەتتى، ماڭا شۇنداق كۆيەتتى. بىچارە مېنىڭدىن ئايرىلىپ قانچىلىك ئازاب چېكىۋاتقاندۇ، دېگەنلەرنى ئويلىغىنىمدا، سېنى دادام بىلەن شۇنچە ئۇزاق يىل ئايرىلىپ قانداق چىدىغاندۇ؟ قانچە ئازابلانغاندۇ؟ دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ ساڭا بەك ئىچىم ئاغرىپ كەتتى، جېنىم ئاپا. مۇھەببەت دېگەن ئاجايىپ بىر پاك تۇيغۇ ئىكەن، ئۇ مىللەت ئايرىمايدىكەن، دۆلەت ئايرىمايدىكەن، بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرگەندىن كېيىن يۈرەكنىڭ تومۇرىمۇ بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كېتىدىكەن، مېنىڭ بىر ئايدىن بېرى يېگىنىم ئاش ئەمەس، دۇنيا مەن ئۈچۈن قاراڭغۇ، ئۇ تېلېفون نومۇرىنى ئېيتىپ بەردى، تېلېفون قىلسام ئېلىپلا يىغلايدۇ، گەپمۇ قىلالمايدۇ، مەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تۇتۇپ ئېغىر ـ ئېغىر تىنىمەن... مەن ساڭا يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتتىم، ئاپا، راستىنى ئېيتسام، ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالسام، ئۇنىڭ بىلەن

خوشلىشىۋالسام ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ، مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ئارام تاپىدۇ، ئاندىن بىز بىر ـ بىرىمىزنى ئۇنتۇشقا مەجبۇر بولىمىز، چۈنكى ئۇ توي قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بىچارىنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى چۈشىنىمەن، ئاپا.

— جېنىم ئوغلۇم، كەل، يېنىمغا كەل.

جۈرئەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئاپىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلاپ، شۇنداق ئېچىنىشلىق بىر هالدا يىغلاپ كەتتى. زۇلفىيە ئوغلىنىڭ يېشىنى سۈرتۈۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭمۇ كۆزلىرى ياش بىلەن نەمدەلدى. كېچە هەر ئىككىسى ئۇخلىيالمىدى...

زۇلفىيە ئوغلىنىڭ كۆڭۈل ئازابىغا زادىلا چىدىيالمىدى. ئۇ، ئادەم نېمە ئۈچۈن بۇ دۇنياغا كېلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلالمايدۇ؟ ئەركىنلىكى شۇنچە كۆپ چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ؟ مەن ئوغلۇمغا ئازار بەردىممۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ سۇتلانا بىلەن يۈرگىنىنى دەسلەپتىلا قوبۇل قىلالمىغان، تويىغىمۇ قوشۇلمىغانىدى، شۇنداق بولسىمۇ تويىنى قىلىپ قويغان، ئەمدىلىكتە ئوغلى يەنە شۇ تەرەپكە ئېغىۋاتىدۇ. ئۇ شۇ قىز سەۋەبىدىن ئېغىر يارىلانغان، هاياتى خەۋپكە ئۇچرىغان ئەمەسمىدى؟ هازىر ئۇ قىز توي قىلغان بولسا جۈرئەتنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشى تېخىمۇ يامان ئاقىۋەت كەلتۈرمەمدۇ؟ چاتاقنىڭ چوڭى چىقارمۇ؟

«ئاھ، — دەپ پىچىرلىدى زۇلفىيە، — قانداق قىلاي؟ بۇ تەرەپكە قارىسام ئوغلۇمنىڭ مۇھەببەت دەردىدە يۈرىكى پارە، ئۇ تەرەپكە قارىسام ئۇ مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغىمۇ ئاللا جۈرئەتنىڭ كۆيۈك ئوتىنى سالغان، ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشقا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ. مەنمۇ ئۇزاق يىل كۆيۈك دەردىنى، هىجران ئازابىنى تارتقانىدىم، كۆز ياشلىرىم دەريا بولۇپ ئاققانىدى، ئوغلۇمنىڭ دەردىگە دەرمان بولاي، ئۇ پەقەت ئۇ قىز بىلەن خوشلىشىۋالاي دېدىغۇ، بوپتۇ، تەڭرىم، ئوغلۇمنى ئۆز پاناهىڭدا ساقلىغىن،

ئىككى ياشنىڭ دىلىغا ئازار بېرىشتىن قورقتۇم، ئۇمىد موسكۋاغا بېرىپ، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى قىلسۇن، مۇرادىغا يەتسۇن ئىلاھىم ...»

كىتاب تورىيكتى www.uyghurkitap.com

## 56

جۇرئەت بىلەن ئۇمىد موسكۋاغا يېتىپ كەلدى. بۇ دېكابىر ئايلىرىنىڭ ئاخىرى بولۇپ، هاۋا قاتتىق سوغۇق، شىۋىرغاندا قار ئۇچقۇنلاپ تۇراتتى. ئۇلار چامادانلىرىنى كۆتۈرۈپ تاكسى توسماقچى بولۇپ تۇرغاندا، يېنىغىلا بىر پىكاپ كېلىپ توختىدى-دە، بىر دەستە گۈل كۆتۈرگەن سۇتلانا پىكاپتىن چۈشتى.

جۇرئەت ئۇنىڭ قارشى ئالغىلى چىققانلىقىغا شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كەتتىكى، ئىختىيارسىز چامادانىنى تاشلاپلا ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى.

— سۇتلانا، سۇتلانا، مەن سېنى سۆيىمەن، — دېدى ئۇ هاياجان بىلەن. سۇتلانامۇ:

— قەدىرلىكىم، سېنى تۆت كۆز بىلەن كۈتكەنىدىم، مانا ئاخىر كەلدىڭ، سېنى قارشى ئالىمەن، — دەپ ئۆزىنى يىگىتنىڭ باغرىغا ئاتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە قايتا - قايتا قارىشىپ، قىزغىن قۇچاقلاشتى. هەر ئىككىسى خۇشاللىقنى باسالماي قالدى.

سۇتلانا ئارقىدىن ئۇمىد بىلەنمۇ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— نەگە بارىمىز؟ — دەپ سورىدى جۇرئەت سەل - پەل تېڭىرقاپ.

— مېهمانخانىدىن ياتاق ئېلىپ قويدۇم.

ئۇلار پىكاپقا چىقتى، جۇرئەت پىكاپ هەيدەۋاتقان سۇتلانادىن كۆز ئۈزەلمەيتتى، قىزمۇ ئۇنىڭ چىرايىغا زوق بىلەن قاراپ

كۆلۈمسىرەيتتى. خۇشاللىققا، مۇھەببەتكە تولغان ھاياجانلىق مىنۇتلار داۋام قىلماقتا ئىدى.

ئۇلار پىكاپ بىلەن يېرىم سائەت ئەتراپىدا ماڭغاندىن كېيىن كۆپ قەۋەتلىك بىر مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ پىكاپتىن چۈشتى. سۇتلانا ئۇلارنى باشلاپ مېھمانخانىنىڭ زالىغا كىرىپلا، ئىككى ئاچقۇچنى ئېلىپ لىفىت بىلەن يىگىرمە تۆتىنچى قەۋەتكە چىقتى. ياتاق ئۇنچە چوڭ ئەمەس، ئىككى كىشىلىك كارىۋات قويۇلغان ئىدى. ئۇمىد تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، بىر - بىرىنى سېغىنىپ، كۆرۈشۈشكە تەشنا بولۇپ كەتكەن جۈرئەت بىلەن سۇتلانا قۇچاقلاشتى، بىر - بىرىنىڭ ھىدىنى قانماي پۇراشتى.

— مەن سېنى سۆيىمەن، جۈرئەت، — دېدى ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن كۆلۈمسىرەپ، — مېنى سېغىندىڭمۇ؟

— مەنمۇ سېنى سۆيىمەن، سۇتلانا، سەن كەتكەندىن كېيىن ھوش - كاللامنى يوقاتتىم، ھىجران ئازابىغا زادىلا چىدىيالمىدىم. ئۆزۈڭچۇ؟ قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟ — دېدى ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپ.

— ھەي، نېمىسىنى دەيسەن، مەجبۇرىي ئايرىلغان تۇرمۇش، يەنە مەجبۇرىي قىلىنىدىغان توي قانداق بولماقچىدى، كۈنلىرىم سېنى ئويلاش بىلەن ئۆتىۋاتىدۇ، يېڭى يىلدىن كېيىن ئىۋان بىلەن تويىمىزنى قىلماقچى، شۇڭا ئۇلار توي تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش، مەن بولسام بەخىرامان يۈرۈپتىمەن. سېنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكە تەشنا بولغانىدىم، مانا سېنى كۆردۇم، بۇ مېنىڭ بەختىم، خۇشاللىقىم...

ئۇمىد تازىلىق ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىن، جۈرئەتمۇ يۇيۇنۇپ چىقتى - دە، ئارقىدىن تاماققا چىقىشتى.

تاماقخانا شۇنداق چوڭ بولۇپ، لىققىدە ئادەم بولسىمۇ، شۇنچىلىك جىمجىت، ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن خالىي، ۋىلكىلارنىڭ

ئاۋازىمۇ، تاماق يەۋاتقان كىشىنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى. ئۇلا ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى، ھەربىر كىشىنىڭ ئالدىغا پەتنۇستا بىر پارچە بولكا، بىر توخۇ پاچىقى، سۇدا پىشۇرۇلغان توخۇم، مايدا قورۇلغان ياڭيۇ، بىر ئىستاكان پەمىدۇر قىيامى كەلتۈرۈلدى. ئۇلار تاماقتىن كېيىن مەۋلان خوجايوفنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولدى.

— ئۇنداقتا كەچ سائەت بەش بىلەن سىلەرنى ئالغىلى بارىمەن، — دېدى سۇتلانا، بىز بۈگۈن كەچتە «ئۆزبېكىستان رېستورانى»غا بېرىپ ئوينايمىز.

ئۇمىد ئىتتىك جۇرئەتكە قارىدى. جۇرئەت سۇتلانانى چەتكە تارتىپ:

— بىرەر چاتاق چىقىپ قالماس ـ ھە؟ — دېدى ئەندىشە بىلەن.

سۇتلانا زەڭگەر كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ:

— ئۇلار لېنىنگرادقا كەتكەن، بىر ھەپتىگىچە كەلمەيدۇ خاتىرجەم بولغىن، — دېدى.

— ئاتا ـ ئاناڭچۇ؟

— ئۇلار بىلمەيدۇ، بولدى، ئەندىشە قىلما، كەچتە كۆرۈشەيلى، — دەپ سۇتلانا ئۇلارنى مەۋلان خوجايوفنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى.

ئۇلار كەچتە «ئۆزبېكىستان رېستورانى»غا كەلدى رېستوراننىڭ بېزىلىشى، تاماقلىرى ئادەمگە خۇددى تاشكەنتتە ئولتۇرغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

رېستوران سەھنىسىدە ئولتۇرغان ئۆزبېك، رۇس سازەندىلىرى ئاۋۋال ئۆزبېكچە، تۈركچە ناخشىلارنى ئېيتىشتى ئاندىن رۇسچە ناخشىلارنى ئېيتىپ، ئولتۇرغانلارنى ئورنىدىن قوزغىۋەتتى، ھەممەيلەن قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال دېمەستىن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشتى. رېستوران قاينام ـ تاشقىنلىققا

چۈمدى.

ئۈمىد سۇتلاناغا دىققەت قىلدى، ئۇ بۇرۇنقىدەك تاماكا چەكمىدى، ھاراقمۇ بۇيرۇتمىدى. جۇرئەت:

— سۇتلانا، قىزىل ھاراق بۇيرۇيما؟ — دېيىشىگە، ئۇ:

— ياق، مەن ھاراق، تاماكا تاشلىدىم، بوپتۇمۇ؟ — دېدى.

— بەك ياخشى بوپتۇ، — دېدى جۇرئەت خۇش بولۇپ.

سۇتلانا جۇرئەتنى سىرتقا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى، ئىككىسى بىللە سىرتقا چىقتى، پۈتۈن ئەتراپ قېلىن قار بىلەن قاپلانغان، ئاق قېيىن، ئارچا، قارىغاي شاخلىرى قار گۈلىگە پۈركەنگەنىدى. بۇ ئىنتايىن گۈزەل كېچە بولۇپ، تولغان ئاي، كوچا چىراغلىرى سىرتنى كۈندۈزدەك يورۇتقانىدى.

بۇ بىر جۈپ ياش شۇنچىلىك خۇشال بولۇشۇپ، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قېلىشتى، ئىككىسى دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن يۈگۈرۈشۈپ بىر - بىرىنى تۇتاتتى، ھېلى بولسا مۆكۈنۈۋېلىپ ئىزدىشەتتى، ئۇلار ئون مېتىر يىراققا بېرىپ، بىر - بىرىگە كەڭ قۇچاق ئېچىپ يۈگۈرۈپ كېلەتتى - دە، بىر - بىرىنى چىڭ قۇچاقلىشاتتى، يەنە ئاجراپ، يەنە مۆكمۆكىلەك ئوينايتتى. ئاجايىپ تىنچ بۇ گۈزەل كېچىدە ئىككى ياشنىڭ كۈلكىسىدىن، خۇشال تىنىشلىرىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى. گويا كەڭ زېمىن، دەل - دەرەخ، ئاپپاق قارلارمۇ ئۇلار ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتقاندەك ئىدى. قار كۈمۈش تۆشەك بولسا، تىنچ كېچە بۇلارغا زور ھەۋەس، ئىشق ئوتى بېغىشلايتتى. ئۇلار يەنە كۈلۈشكىنىچە قۇچاقلاشتى - دە، سۇتلانا قارغا يىقىلىپ ئولتۇرۇۋالدى، جۇرئەت ئۇنى تۇرغۇزاي دېگۈچە سۇتلانا ئۇنى تارتىپ قارغا ياتقۇزدى. ئۇلار قار ئۈستىدە يۇمىلاقلىشىپ ئويناشتى، شۇنچە سوغۇق ھاۋا، نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان شىۋىرغان بۇلارغا قىلچە تەسىر قىلمايتتى، ئۇلار ئوت - كاۋاپ بولۇپ، بىر - بىرىگە ئۆزىنى تاشلايتتى، قۇچاقلىشىپ،

سۆيۈشۈپ يۇرەكلىرىگە لەززەت، چاڭقاق لەۋلىرىگە ھۆزۈر بېرىشەتتى.

— جۇرئەت، ئېسىڭدىمۇ، بىز يېڭى مۇھەببەتلەشكەن ۋاقتىمىزدا موسكۋاغا كېلىپ، مانا مۇشۇنداق خۇشال - خۇرام ئوينىغانىدۇق، مەن قار ياغسىلا شۇ كۈنلەرنى ئەسلەيمەن سەنچۇ؟

— ئاھ، سەن بىلمەيسەن، تۇنجى مۇھەببەتلەشكەن قىز تۇنجى سۆيۈشۈش ئۇنتۇلماستۇر.

— سەن ماڭا بىزنىڭ توي قىلىشمىز تەسكە توختايدۇ دەيتتىڭغۇ؟

— شۇنداق، مەن شۇنداق دېگەنىدىم، بىراق سەن بۇ سۆزگە ئېتىبار قىلمىدىڭ.

— شۇنداق، مەن سېنىڭ سۆزۈڭگە پەرۋا قىلمىغانىدىم.

ھەر ئىككىسى ھەسرەتلىك تىنىپ جىمىپ كەتتى. يەنە ئېغىر ئېچىشتىن قورقۇشتى، چۈنكى مۇشۇنداق خۇشال ھاياجانلىق مىنۇتلارنىڭ داۋاملىشىشىنى خالايتتى.

— جۇرئەت، — دېدى قىز ئۇنىڭ باغرىغا باش قويۇپ، — مەن ئائىلىنىڭ بىر تال قىزى، سەنمۇ بىر تال ئوغۇل. شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ تويىمىزغا قوشۇلمىدى، مەن دادام بىلەن جىق ئېيتىشىپ، ئۇنىڭدىن بەك رەنجىگەنىدىم. دادام ئۇزاق يىل ئۆزبېكىستاندا خىزمەت قىلغاچقا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنى ئۆرپ - ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا بەك ھۆرمەت قىلىدىكەن ئۇ ماڭا: «قىزىم، سەن مەندىن بەك رەنجىپ يۈردۈڭ، مەنمۇ ياشلىق، مۇھەببەتلىك دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن، سىلەر نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمەيسىلەر، ھازىر بولسىمۇ سۆزۈمگە قۇلاق سال، مېنىڭ تويغا قوشۇلمىغىنىم ئۇ يىگىتمۇ ئۆيىدە بىر تال ئەتىۋارلىق ئوغۇل ئىكەن. يىگىت تېخى سەندىن كىچىك ھە ناھايىتى ئەقىللىق بىر ئىستۇدېنت ئىكەن. ئۆزبېكىستاند

نۇرغۇن مۇسۇلمان مىللەتلىرى بار، ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى، مەدەنىيەت ۋە سەنئىتى، تۇرمۇش ئادەتلىرى بار، تارىختا ئاجايىپ شۆھرەتلىك دەۋرلىرى بولغان، ئېتىقادى، دىنىي ئاساسى كۈچلۈك. بۇرۇن بىر قىسىم ياشلار بىردەملىك ھېسسىياتقا تايىنىپ توي قىلغان بولسىمۇ، بىر ئائىلىگە كىرگەندىن كېيىن ئۆي تۇتالمىغان. رۇس مىللىتى بەك ئەركىن، مۇسۇلمان قىزلىرى ئىنتائەتمەن، ئۇلار ئۆي، پەرزەنت ئۈچۈن جان بېرىدىغان خەلق. سېنى ئېيتسام، ئۆز بېشىم، ئەركىن، ھەتتا مېنى، ئاپاڭنىمۇ پوش دېمەيسەن، سەن جۈرئەت بىلەن توي قىلدىڭ دەيلى، بالاڭ چوڭ بولىدۇ، ئۇمۇ ئۆز مىللىتىمگە بېرىمەن ياكى شۇلاردىن قىز ئالىمەن دەيدۇ، تەبىئىيكى سەنمۇ شۇنداق ئويلايسەن، ھەتتا سىلەرنىڭ بالاڭلارمۇ مۇشۇنداق قىيىن تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ، ئەڭ قىيىن كۈنلەر شۇ ۋاقىتتا باشلىنىدۇ، شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى تويۇڭلارنى توسقاندىم. خەيرىيەت، سىلەر توي قىلدىڭلار، مەن سىلەرنى مەجبۇرىي ئاجراشتۇرۇۋەتتىم. يىگىتنىڭ ئاپىسىمۇ ئوغلىنىڭ سەن بىلەن توي قىلىشىنى توسقان بولۇشى ۋە ياكى ئۇنى قايىل قىلالماي، سېنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئوغلىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن توي قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. توي يىگىتنىڭ ئېغىر يارىلىنىشى بىلەن خۇلاسىلەندى، ھەتتا ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرىدى. مېنىڭ يۈرىكىممۇ تاش ئەمەس، مېنىڭ نۇرغۇن مۇسۇلمان دوستلىرىم، يېقىنلىرىم بار، ئۇ يىگىتنى يوقلاشنى، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى ئويلىغان بولساممۇ، ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋالدىم. شۇنداق قىلمىغان بولسام سەن ئۇنىڭدىن ئايرىلمايتتىڭ. موسكۋاغا كۆچۈپ كېلىشىممۇ شۇ سەۋەبتىن تېز بولدى. ھەرنېمە بولسا ئەمدى ئىش ياخشى بىر تەرەپ بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر دوست، ساۋاقداش سۈپىتىدە ئىزدەشسەڭلار بولىدۇ، قىزىم» دېدى.

مەنمۇ كۆپ ئويلاپ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدۇم. گەرچە بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ئىنتايىن تەبىئىي، ساپ، چىن يۈرەكتىن چىققان مۇھەببەت بولسىمۇ، بۇنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىمىز يوق. چىقتى، بىراق چىدىماق بەك تەس ئىكەن، — دېدى ئۇ جۇرئەتنى چىڭ قۇچاقلاپ.

جۇرئەت بۇ مەسىلىنى ئۇنچە چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىگەندى. بۇنى پەقەت يۇقىرى - تۆۋەنلىك، ئالىي تۇرمۇش بىلەن ئادەتتىكى تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ پەرقى دەپ قارىغانىدى. شۇڭا ئاپىسىنىڭ يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ دېگەن سۆزلىرى قۇلىقىغا كىرمىگەن، ئاڭلاشنىمۇ خالىمىغانىدى.

— گەپ قىلە جۇرئەت، نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى سۇتىلان ئۇنىڭ قۇدۇقتا چۆشكەن تاشتەك جىمىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ.

— سۇتلانا، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى جۇرئەت ئېغىر تىنىپ، — بىز ياشلار چوڭلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە، ياخشى كۆڭۈل بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايدىكەنمىز، راستىنى ئېيتسام مەنمۇ دەسلەپتە سېنى بۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم، سەندىن ئايرىلىپ بىر ئايدىن بېرى ئىنتايىن ئازابلىنىپ، سېنىڭ يېنىڭغا كېلىشكە ئالدىرىغانىدىم، مانا كەلدىم، بىز ئەمدى ئاق - قارىنى پەرق ئەتكەندەك قىلىمىز. گەرچە ئايرىلىش ئازاب بولسىمۇ، نېمە ئىلاجىمىز بار، بۇ ئىشلارنىڭ ئەۋلادىمىزغا تەسىر يەتكۈزۈشىنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن، سەن راستتىنلا بۇ ئىشلارنى كۆڭلۈڭدىن ئۆتكۈزدۈڭمۇ؟

— ھەئە، مەيلى سەن ياكى مەن توي قىلايلى، بىراق يۈرىكىمىزنىڭ بىر يېرىدە ئىككىمىزگە تەئەللۇق بۇ مۇھەببەتنى ساقلايلى، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىساڭ، سەن ئالدى بىلەن توي قىل، ئۇ ۋاقىتتا ماڭا سەل ئاسان بولىدۇ، ئۇ توي قىلىمىسەكتى دەپ كۆڭلۈم جايىغا چۈشىدۇ.

— بولمايدۇ، مېنىڭ ئوقۇشۇم بار، ئەمدى خېلى چاغقىچە توي قىلالمايمەن، سېنى ئەسلەپ بىر مەزگىل ياشايمەن.
ئىككىيلەن چىڭ قۇچاقلاشتى.
— ئۈمىد يالغۇز قالغان، كىرىپ كېتەيلى، — دېدى جۇرئەت قىزغا.
— مېنىڭ مەيلىمچە بولسا بىر كېچە مۇشۇنداق ئولتۇرغان بولساق دەيمەن، — دېدى سۇتلانا تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ.
ئۇلار بىر ھەپتىنى ياشلار بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇرغان پەن - تېخنىكا كۆرگەزمىسى، لېكسىيە ئاڭلاش، ھەر خىل كۆرگەزمىلەرنى كۆرۈش بىلەن مەۋلان خوجايوف ئائىلىسىدە مېھمان بولۇپ ئۆتكۈزدى - دە، قايتىش تەييارلىقىنى قىلدى.
مېڭىش ئالدىدىكى ئاخشىمى بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق يەنە ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. ئۇ كۈنى قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. ئۇلار كوچىدا بىر - بىرىنى قولتۇقلاپ پىيادە كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا قار غىچىرلايتتى. ئىككىسىنىڭ سۆزى، بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببەتلىك قاراشلىرى تۈگىمەيتتى. ئۇلار قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتقان بىلەن يۈرىكى، باغرى ئازابتىن تولغىناتتى. ئارىلاپ كەينىدىن، گاھ ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان تاكسى شوپۇرلىرى ئۇلارغا قاراپ سىگنال بېرەتتى، گاھى مەست يىگىتلەر ئۇلارغا قاراپ ئىسقىرتاتتى، كۈلۈشەتتى، بىراق ئۇلارنىڭ پەرۋايى پەلەك، ھەر ئىككىسى يۈرەكتىكى سۆزلىرىنى ئاغزىدىن چىقارماستىن، خۇددى بىر - بىرىگە تەسەللى، كۈچ - قۇۋۋەت بېرىۋاتقاندەك مېڭىشاتتى...
— توڭلاپ كەتتىم، — دېدى سۇتلانا ياش تۆكۈپ تۇرۇپ.
جۇرئەت ئىستولبا يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى، قىزنىڭ يۈزىدە ياشلىرى قېتىپ قالغانىدى. ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، يۈزلىرىنى سىلىدى،

مەڭزىنى ـ مەڭزىگە يېقىپ ئۇمۇ ياش تۆكتى. ئىككىسىنىڭ يۈرىكى بىر ـ بىرىگە تۇتاش بولۇپ كەتكەندەك ياشلىرىمۇ قېتىلىپ كەتتى.

ـــ جۇرئەت، سەن مېنىڭ قەلبىمدە، يۈرىكىمدە، باغرىمدا ياشايسەن، بىلەمسەن، مېنىڭ ھازىر كۆڭلۈم شۇنداق يورۇق بولۇپ كەتتى، نۇرغۇن ئىشلار كۆڭلۈمدىن ئۆتتى.

ئۇ تاس قالدى، سىنىڭ بالاڭ مېنىڭ قورسىقىمدا، ئۇنى تۇغۇپ چوڭ قىلىمەن، ئۇنى كۆرسەم سېنى كۆرگەندەك بولىمەن، دېگىلى. بىراق، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، جۇرئەتنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم ئۆتسۇن دەپ، چەكسىز خۇشاللىقىنىمۇ ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئۇ بىرنەچچە كۈن بۇرۇن دوختۇرغا بېرىپ كۆرۈنۈۋىدى، دوختۇر ئۇنىڭ قورسىقىدا بالىسى بارلىقىنى، قىرىق كۈندىن ئاشقانلىقىنى ئېيتقان، ئۇ بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا قىن ـ قىنىغا سىغماي كەتكەنىدى.

ـــ مەنمۇ شۇ، مەنمۇ سېنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن، مانا بىز ئايرىلىدىغانغا يەنە نەچچە سائەتلا ۋاقىت قالدى، نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ، زادى نېمىشقا ـ ھە؟ بىز بۇگۈن بىر كېچىنى بىللە بىر يەردە ئۆتكۈزمەي نېمىشقا كوچا ئارىلاپ يۈردۇق ـ ھە؟ مەن بەك ئەخمەق ئىكەنمەن، بۇ پەقەت ئاخىرقى كېچىمىز بولسىمۇ مەيلى ئىدى، ـــ دېدى جۇرئەت ھەسرەت چېكىپ.

ـــ مېنىڭمۇ ئۇتتەك قىزغىنلىقىم، ھەۋىسىم بار، جۇرئەت، بىراق ئۇنداق قىلساق بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلالمايمىز، ئۇنداق قىلساق ئازاب ئۇستىگە ئازاب بولىدۇ، شېرىن خىياللار بىزنى قىينايدۇ، بىز ۋەدىلەشتۇق، ئەمدى ۋەدىمىزدە تۇرايلى، بىز دوست بولۇپ ئۆتەيلى، ماقۇلمۇ؟

ـــ قىزىق گەپ بولدى، بىز مۇھەببەتلىشىپ ئەر ـ خوتۇنمۇ بولدۇق، ئەمدى قانداق دوست بولۇپ ياشىيالايمىز، بۇ قېتىم سېنى كۆرمىسەم بوپتىكەن.

— بولدى، ئازابلانمىغىن، بىز ئايرىلىش ئازابىغا چىدايمىز دېدۇقـقۇ. ئاھ قەدىـرلىكىـم، مېنى ئـاخىرقى قـېتىم بـاغرىڭغـا بېسىپ، يۈرىكىم قانغۇدەك سۆيۈپ قويغىن.

— ئـىككىمـىز ئەمـدى كـۆرۈشەلمـەيمىز، نـېمـدېگـەن ئېچىنىشلىق ئىش ـ ھە! مېنىڭ سۆيگەن قىزىم، يارىم، ئاياـلىم ئەمدى باشقا كىشىنىڭ بولۇپ كېتىدۇ، باشـقا كىشـىنىڭ، مـەن قانداق چىداي؟!

جۇرئەت بـۇ ئازابقا بـەرداشلىق بـېرەلمـىدى، ئىستـولىبـىغا يۆلىنىپ ئازابتا تۇرۇپ قالدى.

— تاكسى، تاكسى، — دېدى سۇتلانا بىر تاكسىنى توسۇپ.

بىر تاكسـى ئىتتىـك بۇرۇلۇپ، بـۇلارنىڭ ئالـدىغا كەلـدى، سۇتلانا جۇرئەتنى يۆلەپ تاكسىغا چىقىرىپ، يول بويى يالۋۇرۇپ ـ يـىلـىنـىپ مېـھـمانخـانـىغـا ئـەكـەلدى. تـاڭ ئـاتـقانـدا ئـۇلارنـى ئايرودۇرۇمغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، يىغلاپ تۇرۇپ خوشلاشتى.

جۇرئەت بـىلـەن ئۇمـىـد تاشكەنـت ۋاقتى كەچ سـائەت ئالتـە بىلەن ئۆيگە يېتىپ كەلـدى. ئاپىسـى، دادىسى، چوڭ ئـاپىسى ئـۇ ئىككىسىنى شۇنداق قـىزغىن قـارشى ئېلـىپ، باغرىـغا باستـى. زۇلفىيـە ئوغلى جـۇرئەتنىـڭ روھىي ھالـىتىگـە قاراپ يۈرىـكـى خېلى جـايىغـا چـۈشتى. چـۈنكى، ئوغـلـىدىكـى چـۈشكۈنـلـۈك، غېرىبـلىق، مـىسكىنـلىكنىڭ ئورنـىـنى بـىـر خـىل خۇشـلـۇق ئىگىلىگەنىدى. جۇرئەت ئۆيئىچىگە سەپسېلىپ:

— نېمە، سىلەر سەپەر تەييارلىقى قىلىۋاتامسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، ئوغلۇم، چـوڭ ئاپاڭ ۋەتەنـگە بېرىـشقا تەقـەززا بولۇپ كۈنلەرنى سـانـاپ ئۆتكـۈزۈۋاتـىدۇ، شۇڭـا سـومكـىلارنـى تەييارلاپ قويدۇق. ئىككى يىگىت ئوقۇشۇڭلارنى ئوقۇپ، تاماقنى مەكتـەپتىن يـەپ تۇرارسىلـەر، — دېدى زۇلفـىيە يېقـىملـىق كۈلۈمسىرەپ.

www.uyghurkitap.com

— ئوھوي، — دېدى جۇرئەت كۆزىنى قىسىپ، — ئەمدى ئۆي، تاشكەنت بىزگە ئۇنچە قاپتۇ، ئۇكام، ئالە شەرىڭنى جاھاننىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان بوپتۇق - دە ! — دېيىشىگە ئۆيدە كۇلكە كۆتۈرۈلدى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئارزۇيۇمغا يېتىدىغان بولدۇم، باللىرىم، — دېدى مومىسى ھاياجىنىنى باسالماي، — بىز ۋەتەنگە بېرىپ يۇرتىمىزنى، شۇ يەردىكى ئاتا - ئانىمىز كۆرگەن خەلقنى كۆرۈپ كېلەيلى، يۇرتنىڭ توپىسىنى كۆزىمىزگە سۈرتۈپ، سۇلىرىنى قانغۇدەك ئىچىپ، تازا يايراپ كېلەيلى، ئاشۇ ئەزىزلىرىمىزنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلايلى.

— بەك ياخشى بوپتۇ، مېنىڭمۇ ئوقۇشۇم تۈگىگەندە ئۇمىد ئۇكام مېنى ۋەتەنگە باشلاپ بارىدۇ - ھە، — دېدى جۇرئەت ئۇمىدكە كۆز قىسىپ.

ئۇ كۈنى كېچىچە بۇلار مىڭ بىر كېچىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتقاندەك مۇڭدىشىپ سەھەرگە يېقىن كۆزىنى يۇمۇۋېلىشتى - دە، چايدىن كېيىن ئايرودرومغا قاراپ مېڭىشتى.

مانا، ئۇلار ئولتۇرغان ئايروپىلان — ۋەتەنگە ئۇچقان ئايروپىلان — گۈركىرەپ كۆككە كۆتۈرۈلدى.

2009 - يىلى 9 - ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# ۋەتەن سۆيگۈسى


ئاپتورى: تۇرسۇنئاي يۇنۇس

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار ئەخەت

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: زەمىرە پىدائىي، رەناگۈل ئابلىمىت

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: زۇلقەر ئېلانچىلىق شىركىتى

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

تېلېفون: 0991 - 2827472

پوچتا نومۇرى: 830001

باسقۇچى: سىچۈەن شىنخۇا رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 17.25

نەشرى: 2012 ـ يىلى 11 ـ ئاي 2 ـ نەشرى

باسمىسى: 2012 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى: 1 — 3000

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 16084 - 6

باھاسى: 43.00 يۈەن